دەيۋىد بروفى

# ئۇيغۇر مىللىتى

## رۇسىيە - خىتاي چېگراسىدىكى ئىسلاھات ۋە ئىنقىلاب

www.uyghurkitap.com

دەيۋىد بروفى

# ئۇيغۇر مىللىتى

## رۇسىيە - خىتاي چېگراسىدىكى ئىسلاھات ۋە ئىنقىلاب

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇۋەلى ئايۇپ

مۇھەررىرى: م. ئىبراھىم

بۇ كىتاب خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 2016-يىلدىكى ئىنگلىزچە نەشرىگە
ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى

**بۇ كىتابىمنى ئاتا-ئانامغا بېغىشلايمەن.**

**(ئوقۇلغۇ ھەقىقىدىكى ئىزاھاتلار ئىنگلىز ئوقۇرمەنلەرنى كۆزدە تۇتۇپ يېزىلغاچقا قىسقارتىلدى)**

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

تەرجىماندىن.................................................................4
كىرىش سۆز.................................................................9
بىرىنچى باب. خىتايغا تەۋە تۈركىستاننىڭ زېمىنى ۋە خەلقى.............................42
ئىككىنچى باب. بىر مۇستەملىكىنىڭ شەكىللىنىشى.............................90
ئۈچىنچى باب. تۈركىستان ۋە تۈركىيە ئارىسىدا ئىمپېرىيەۋى ۋە ئىسلامى ئىسلاھات.............138
تۆتىنچى باب. ئىمپېرىيەنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ۋە مىللەتلەردىكى ئۆزگىرىش.............177
بەشىنچى باب. ئىسيان، ئىنقىلاب ۋە ئىچكى ئۇرۇش.............................221
ئالتىنچى باب. پارتىيەدىن مىللەتكە قاراپ.............................262
يەتتىنچى باب. خىتايدىكى ئىنقىلاب ۋە ستالىن ئىنقىلابى ئارىسىدا.............................307
سەككىزىنچى باب. شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن كۈرەشلەر.............................351
خاتىمە.............................399

## تەرجىماندىن

«ئۇيغۇر مىللىتى» دېگەن بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى كاندەك يېپيېشىپ جاھىلانە بىر ئىشتىياق بىلەن تۈگەتتىم. كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئاخبارات، تەتقىقات ۋە تۇرمۇشقا بەنت بولۇپ ئالدىراش ئىشلەۋاتقان 2018-يىلىنىڭ ئاخىرى ھاياتىمنىڭ قاتىلاڭ چاغلىرىدا قولدىن چىقاردىم. چۈنكى كىتابتا ئۇيغۇرلار بىلمىسە بولمايدىغان، بولۇپمۇ مۇشۇ پاجىئەلىك كۈنلەردە بىلىشى كېرەك بولغان تارىخ، قىسمىتىمىزگە سەۋەب بولغان دۇنياۋى مۇھىت ھەققىدە تەھلىللەر، ئىبرەتلىك، پاجىئەلىك ھادىسىلەردىن چىقىرىلغان قىممەتلىك پىكىرلەر، مۇلاھىزىلەر بار ئىدى.

كىتاب رۇس، خىتاي، ئىنگلىز، ئۇيغۇر ۋە تۈرك تىللىرىدىكى مەنبەلەرنى ئاساس قىلىپ يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇچۇر مەنبەسى ھەققەتەن مول ئىدى. بولۇپمۇ رۇس تىلىدا يېزىلغان ئاتالغۇ ۋە سۆزلەرنى ئۆرۈش مەندەك رۇسچە بىلمەيدىغان ئادەمگە قىيىن ئىدى. كىتاب ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرىنى خىتاي، ئوسمان ۋە رۇس ئىمپېرىيەلىرىنىڭ زىددىيەتلىرى ئىچىگە قويۇپ بايان قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇرەككەپ مۇھاكىمە ۋە تەھلىللەر بىلەن بېزەلگەن ئىدى. شۇڭا ھەر قانچە كۈچىسەممۇ ئىنگلىزچە مەنە بىلەن ئۇيغۇرچە تەرجىمەم بويلىشالماي، ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇرچە گېپى ئۆزۈمگە يارىماي قالاتتى.

تەرجىمە مەندەك دوراشقا ئۆچ، ئەينەن تەكرارلايدىغان گەپلەردىن ئاسانلا زېرىكىپ قالىدىغان ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس ئىكەن، دەپ ۋاز كەچكىدەك بولدۇم. ئاخىرىدا بىر چارە تاپتىم. ئىنگلىزچە كىتابنى ئۇيغۇرچىلاپ ئاياللىم ۋە ئىنى ئاغىنەم قۇربانجانغا ئوقۇپ بەردىم. ئۇلارنىڭ چىرايدىن دەرھال بىر مەمنۇنلۇق، ھەيرانلىق ۋە ياكى ئېچىنغانلىق ئەكس ئەتسە تەرجىمەمگە جەزم قىلدىم، ئۇلار ئاڭقىرالمىسا راۋان بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۈزەتتىم. نەتىجىدە بىر مەزگىلدىن كېيىن كىتابتىكى ياغاچتەك ھاكاۋۇر يات ئىنگلىزچە سۆزلەر پىلىكتەك يۇمشاپ ئانا تىلىمغا باش ئەگدى.

مەن بۇ كىتابنى ئۇيغۇر تارىخىدا بەرھەق دەپ قوبۇل قىلىنغان بەزى قاراشلارنى تارىخى ئىسپاتلار بىلەن رەت قىلغانلىقىنى كۆردۇم. مەسىلەن، كىتابتا ئىسپاتلىنىشىچە ئۇيغۇرلۇق كىملىكى قانداقتۇر بىرەر رۇس تىلشۇناس ياكى سىياسەتچىلىرىنىڭ شاپائىتىدە ياساپ چىقىلغان ئەمەس، بەلكى زامانىۋىلىققا يۈزلەنگەن ئۇيغۇر كوممۇنىستلار ۋە جەدىتچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى جەريانىدا تىرىلدۇرگەن.

www.uyghurkitap.com

مەن بۇ كىتابتىن ئۇيغۇرلۇقىمىزنىڭ تارىختا ھەر خىل ئىسىملارنىڭ قېتىغا مۆكۈنۈپ قالغانلىقىنى بىلىۋالدىم. ئۇيغۇر كىملىكى تارىمدىكى بوستانلىقلار ۋە تەڭرىتاغنىڭ ئىككى قانىتىدا ئىزچىل كۈچلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولۇپ ھېچ قاچان پۈتۈنلەي ئۆچۈپ كەتكەن ئەمەس، پەقەت «يەرلىك، مۇسۇلمان، ئالتە شەھەرلىك، تارانچى» دېگەن ناملارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىكەن.

2013-يىلى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئۆلۈم يۈسۈنلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تۈرك دوكتور مەندىن «باشقا تۈركىي مىللەتلەردە ئۆلۈمدە قارا كىيىدۇ، نېمىشقا ئۇيغۇردا ئەرلەر ئاق باغلايدۇ، ئاياللار ئاق رومال سالىدۇ؟» دەپ سورىغاندا جاۋاب بېرەلمىگەن ئىدىم. بۇ كىتابنى ئوقۇپ جاۋابىنى تاپتىم.

مەن ئۇيغۇر تۇپراقلىرىغا ۋاھابىيلىقنى 90-يىللاردا كىرگەن دەپ قارايتتىم، كىتابتىن بۇ قاراشلارنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىۋالدىم. شامى داموللام شۇ يۈز يىل بۇرۇن ئارىمىزدا بۇ مايىسنى كۆچۈرۈپ قەشقەردە ئۆستۈرۈشكە كىرىشكەن ئىكەن.

كىشىلىرىمىزنىڭ 90-يىللاردا ئەرەبىستاندىن كەلگەن، كېيىنچە پاكىستاندىن ئېقىپ كېلىپ يۇرتىمىزدا پەيدا بولغان، 2000-يىللاردا تۈركىيەدىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىكى «ماشائاللاھ، ئىنشائاللا» دېگەن مۇبارەك سۆزلەرگە ئالدىنىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ يېڭىلىق ئەمەس ئىكەن. 1900-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئەرەبىستاندىن ۋە تۈركىيەدىن كەلگەن بىر قىسىم ئاتالمىش «پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى» دېيىلگەنلەرنىڭ بىزنىڭ ياركەنت، كۇچالاردا ئالدامچىلىق قىلىپ يۈرگەن ئىكەن. بۇنى ئوقۇپ تارىختىن ئىبرەت ئالمىغان كىشىلەرنىڭ تارىخى خاتالىقلارنى قايتا قايتا سادىر قىلىدىغانلىقىغا ئىشەندىم.

كىتابتىن ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ بېيجىڭ بىلەن بىرلىشىپ غەربكە تاقابىل تۇرۇش پىلانىدىن تاكى چىڭ ئىمپېرىيەسى پۈتۈنلەي خارابلاشقىچە قانداق ۋاز كەچمىگەنلىكىنى ئۆگەندىم. سۆيۈملۈك ئۇيغۇرلارنىڭ ئەكسىچە ئوسمان ئىمپېرىيەسى ئۈچۈن ئالتۇن كۈمۈش يوللاپ، ئۇرۇشلاردا جانلىرىنى پىدا قىلىپ ئالدىنقى سەپكە قانداق ئاتلانغانلىقىنى ئوقۇدۇم.

كىتابتا بۈگۈنكى بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىن پەرقلىق ھالدا خەلقىمىزنىڭ يۈز يىل بۇرۇنقى ئوي خىيالىنىڭ ئۆچۈرلىرى بار ئىكەن. بۇندىن يۈز يىل بۇرۇنغا قايتساق خەلقىمىزنىڭ «مۇسۇلمان» دېگىنى ئۇيغۇر دېگىنى، ياخشى ئادەم دېگىنى ئىكەن. كۇپپار دېگىنى خىتاي دېگىنى، قاباھەتچى مەلئۇن دېگىنى ئىكەن. ئۇلارنىڭ «قەشقەرلىك» دېگىنى شەرقى تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرنى كۆرسىتىدىكەن. «تارانچى» دېگەنلىك

ۋەتەننىڭ شىمالىدا بولۇپمۇ ئىلى ۋادىسىدا ياشايدىغان ، ھەمدە شۇ دىياردىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرنى كۆرسىتىدىكەن.

كىتابنىڭ ئىسمى «ئۇيغۇر نەيشىن» بولۇپ بۇ يەردىكى نەيشىن ئۇيغۇر تىلىدىكى مىللەت دىگەن سۆزنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇيغۇر تىلىدا مىللەت دىگەن بۇ سۆز ھەم دۆلەت ھەمدە شۇ دۆلەتكە پۇقرا بولغان بارلىق خەلق دىگەن مەننى بىلدۈرەتتى. بۇ سۆزنىڭ سۈپەت شەكلى «مىللى» بولۇپ دۆلەت تەۋەلىكى ، دۆلەتلىك دىگەن مەننى بىلدۈرەتتى. شۇ سەۋەبتىن 1944-يىلى قۇرۇلغان قۇرۇلغان دۆلەت ئارمىيەمىز مىللىي ئارمىيە دىيىلگەن ئىدى. دۆلەتنىڭ يىللىق كىرىمى مىللىي دارامەت دىيىلگەن. ئۇ چاغدا دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى مىللىي مەنپەئەت دىيىلەتتى. ئەمما بۈگۈن ئۇيغۇرچە مىللەت سۆزىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى دىگەن مەنىسىمۇ ، دۆلەتلىك دىگەن مەنىسىمۇ يوق. ھالبۇكى بۇ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان مىللەت سۆزىنىڭ دۆلەتنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا بۇ كىتابنىڭ نامىنى ئۇيغۇر دۆلىتى دىيىشكىمۇ ، ئۇيغۇر مىللىتى دىيىشكىمۇ ، ۋەياكى تۈركچە بويىچە ئاتىساق ئۇيغۇر ئۇلۇسى دىيىشكىمۇ بولار ئىدى. ئەمما كۆنگەن ئاتالغۇ بولغان مىللەت دىگەن سۆز بويىچە ئاتاشنى قارار قىلدۇق.

كىتابتا ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنى  تارىختا قانداق ئاتالغان بولسا شۇنداق يازغان. 1882-يىلدىن كېيىنكى مەزمۇنلار ھەققىدە توختالغاندا ئاپتور شەرقى تۈركىستانغا شىنجاڭ دىگەن سۆزنى ئىشلەتىپتۇ. بىز بۇ سۆزنى دەسلەپتە پۈتۈنلەي شەرقى تۈركىستان دەپ ئېلىشنىمۇ ئويلاشقان ، ھەم تەرجىمە شۇنداق قىلغان. كىتاپنى قايتا تەھرىرلىگەن م. ئىبراھىم بىلەن كېڭەشسەك ، خاتالىق كۆپ چىقىدىكەن. مەسىلەن ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دۇبەنى شىڭ شىسەي دىيىلگەن جۈملىدە شىنجاڭ دىگەن سۆزنىڭ ئورنىغا شەرقى تۈركىستان دىسەك ئوقۇرمەنلەرگە خاتا بىر مەنە بېرىپ قويىدىكەن. جۈملىلەرنىڭ ئۈزانىدىن قارىغاندا كىتابتىكى شىنجاڭ دىگەن ئاتالغۇلارنى ئۆزگەرتىش كىتابتىكى مەننى قالايمىقان قىلىپ ، تارىخنى بۇرمىلاشقا ئېلىپ بارىدىكەن.

كىتابنى ئوقۇپ ئۆگەنگەن بىلگەنلىرىم ھەققەتەن كۆپ ، بايقىغان ئىبرەتلىرىمنىمۇ يازسام ئۇزۇن بىر ماقالە چىققۇدەك ئۇزۇن ، شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ مەن ئېرىشكەن بىلىشنىڭ ھۇزۇرى ، تەپەككۇر قىلىشنىڭ شادلىقىغا ئۆز مەيلىچە ، مۇستەقىل ئېرىشسۇن دەپ گېپىمنى مۇشۇ يەردە چېكىتلەي.

ئاخىرىدا بۇ كىتابنى تەرجىمىگە تەۋسىيە قىلغان ۋە نەشىردىن چىقىشقا مەدەتكار بولغان ئابدۇجېلىل تۇران ئاكىمىزغا ، ئۇيغۇر پروجەكت فوندىغا ، شۇنداقلا كىتابنى ئىنگلىزچە نۇسخا بىلەن قۇرمۇ-قۇر

سىلىشتۇرۇپ چىققان دوستۇم م. ئىبراھىم ئەپەندىگە چىن يۈرەكتىن رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇنىڭ تەھرىرلىكى بولمىغان بولسا كىتابتىكى سەۋەنلىكلەر تۈزەشسىز قالغان، مۇگدەك باسقاندا يېزىلغان خەتلەرنىڭ ئوڭ تەتۈرى ئارىلىشىپ كەتكەن بولاتتى.




19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ياۋرو-ئاسىيا.

ئۇيغۇر كتاب تور
ئۇيغۇرچە كتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## كرىش سۆز

بۇ كتاب شنجاڭ (ئەسلى كتابقا سادىق بولۇش ئۈچۈن شەرقى تۈركستان ئەسلى كتابتكى بويىچە شنجاڭ دەپ ئېلىندى - تەرجماندىن) دا ياشايدىغان تۈركي تىللىق مۇسۇلمانلار ، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ هازىرقى زامان تارىخى هەققىدىكى تەتقىقاتتۇر. بۇ ، كەچمىشى ختاي ۋە رۇسىيە ئىمپېرىيەلىرىنىڭ چېگرالىرىدىن هالقىپ ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە قەدەر تۇتاشقان بىر مىللەتنىڭ نەزىرىدە تۇرۇپ يېزىلغان تارىخ بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىمپېرىيەچى ، مىللەتچى ۋە ئىنقىلابچى هاكىمىيەتلەرنىڭ سىياسەتلىرىگە قارشى قايتۇرغان جانلىق ئىنكاسلىرىنىڭ خاتىرىسىدۇر. تارىختا يۇقىرىقى ئۈچ ئىمپېرىيەنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىدا بىر بوشلۇق شەكىللەنگەن بولۇپ ، بۇ بوشلۇق ئىمپېرىيەلەر ۋە ئېتىقادقا بولغان ساداقەت ، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان ۋە چېگرادىن سىرتقى ئورگانلار ، شۇنداقلا باشقۇرغۇچى ۋە باشقۇرۇلغۇچىلار ئارىسىدىكى سۈلهى-سالالار بىلەن رەڭلەنگەن. بۇ كتابتا مەن شنجاڭ تارىخىنى20-ئەسىردىكى ئىمپېرىيەۋي ۋە ئىسلامى ئىسلاهات دائىرىسىگە قويۇپ بايان قىلدىم. هەمدە بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان شنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ رۇسىيە ئىنقىلابىغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن قانداق قوزغىتىلغانلىقى هەققىدىكى تەپسىلاتلارنى شەرهلىدىم. بۇ ئارقىلىق 1920-يىللاردا سوۋېتتا ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ قانداق يۈكسەلگەنلىكى ۋە شنجاڭغا سىڭىپ كىرگەنلىكى ئوچۇقلاندى.

ئۇيغۇر مىللىتى دېگەن بۇ ئۇقۇم بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنى 16 ۋە 17-ئەسىرلەردە خاتىرىلەردىن ئۆچكەن ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرىكى تارىخىدا شانلىق ئىزلارنى قالدۇرغان بىر مەدەنىيەتلىك قەدىمكى قەۋمگە باغلايدۇ. ئۇيغۇر مىللىتى دېگەن سۆز 1920-يىللاردىكى بىر ئىجادىيەت بولۇپ ، مەنە دائىرىسى شۈبهىلىك ئىدى. بۇ نام 1930-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندىلا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ختاينىڭ شنجاڭ ئۆلكىسى دائىرىلىرى تەرىپىدىن رەسمىي

ئېتراپ قىلىنغان. ئۇيغۇر مىللىتى دېگەن ئۇقۇمنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى سوۋېت مىللەتلەر سىياسىتىگە باغلاش ئادەتكە ئايلاندى. ئەمما، بۇنى تېخىمۇ كەڭرەك بىر نەزەردە كۆزىتىدىغان بولساق، 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدا يۈز بەرگەن مىللەت يارىتىشنىڭ بىر مىسالى قاتارىدىن ئورۇن بېرىشكە ھەقلىقمىز. مىللەت يارىتىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان، ئەمما بۇ يارىتىشتىكى غايە شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنى خىتايدا چېكىنىۋاتقان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي بېسىملاردىن خالاس قىلىشلا بولغان بولسا نەتىجە كۆڭۈلدىكىدەك چىققان بولمايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر گەرچە نۇرغۇن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ يەردىكى مۇستەقىل مىللەتلەر، مەسىلەن ئۆزبېك ۋە قازاقلار ھېچ بولمىغاندا بىزگە سوۋېتتىكى مىللەت يارىتىشنىڭ بەزى ساۋاقلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرغا مىللەت ۋە دۆلەت يارىتىش پىلانىنىڭ نەتىجىسى كۆنىمىزگىچە ئېنىقسىز.

شىنجاڭدا يۈز بېرىۋاتقان توقۇنۇشلار سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلار مەن دەسلەپتە بۇ كىتابنى يېزىش ئۈچۈن ئىزدىنىشنى باشلىغان چاغدىكىدىن كۆپ تونۇلۇپ كەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ھازىر ئون مىليوندىن ئاشتى. خىتايدا ئەڭ چوڭ مىللەتلەرنىڭ بىرى دەپ ئېتىراپ قىلىندۇ، ئەمما، بۇ يەردىكى مىللەت (民族) دېگەن سۆز خىتايدا بۇرۇن ئىنگلىزچە nationality دەپ ئېلىنغان بولسا ھازىر كۆپرەك ethnic group (ئېتنىك گورۇپپا) دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا بولغان تارىخى ئىگىدارلىقىنى خىتاي چەكلىك يوسۇندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ ئېتىراپ قىلغان. خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار يەنە خىتاينىڭ دۇنياغا ئانچە تونۇلمىغان غەربىي چېگراسىدا، بۇرۇن رۇسىيە ئىمپېرىيەسىگە تەۋە بولغان ھازىرقى مۇستەقىل قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ مەھەللە-كوينلىرىدا ياشايدۇ. رۇسىيە ئىنقىلابى مەزگىلىدە بۇلارنىڭ سانى تەخمىنەن يۈز مىڭ بولۇپ شىنجاڭدىكى قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا سېلىشتۇرغۇسىز ئاز. ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە ئۇلار كۆپ بولمىغاچقا، رەسمىي تارىخلارغا چالا-بۇلا كىرگۈزۈلگەن ۋە ھازىرمۇ مۇھىم بولمىغان بىر گورۇپپا خەلق ھالىتىدە تۇرۇۋاتماقتا. ئەمما ئۇلار شىنجاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلىرنى ئىسلام ۋە سوۋېت دۇنيالىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى كۆۋرۈكلۈك رولنى ئوينىغىنى ئۈچۈن كىتابىمىزدا ئېيتىلماقچى بولغان ۋاقىئەلەر ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىمدۇر.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سۈنئىي ئايرىلغان ئىككى بۆلىكىدە (بۇ كىتابتا خىتاي تۈركىستانى ۋە رۇسىيە تۈركىستانى دەپ ئېلىنىدۇ) ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىمۇ ئىككىگە ئايرىلىپ كەتتى. بەزى شىنجاڭ تەتقىقاتچىلىرى ئادەتتە «سوۋېت ئۇيغۇرلىرى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئايرىيدۇ. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تارىخىنى باشقىلار سىزغان سىياسىي چېگرالار ئىچىدە بىلىشكە مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. 20-ئەسىردە سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارغا بولغان قېرىنداشلىق مېھرىنى ئىپادىلىشى ئىجازەتلىك (سىياسىي ۋەزىيەت رۇخسەت قىلغان دائىرىدە) ئىدى ، ئەمما بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈۋاتقانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئىدى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ، خىتايدا ھەر بىر مىللەت جۇڭخۇا ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارىلىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلار ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن خەلقئارالىق رىشتىسىنى ئۇلاشقا ئىمكانسىز ۋەزىيەتتە.

شۇنداق بولسىمۇ كىتابىمدا چېگرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كەچمىشىنى بىر يىپقا تىزىشقا تىرىشتىم. بۇنىڭ ئۇيغۇر تارىخىغىلا ئەمەس ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئومۇمى تارىخىغا نىسبەتەنمۇ پايدىلىنىش قىممىتى بار دەپ ئىشىنىمەن. پەرقلىق ساھەلەردىكى نۇرغۇن تەتقىقاتلاردا بۇنداق چېگرىنىڭ ئىككىلا تەرىپىگە تەڭلا ئەھمىيەت بەرگەن ئىش كەم ئۇچرايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخچىلىرى ، بولۇپمۇ غەربتىكىلەر بۇ رايوننى تەتقىق قىلغاندا ئادەتتە كونا رۇسىيە ۋە خىتايدىكىلەردىن بىرىنى تاللايدۇ ، مەندەك «قوشنا باغقا ماراپ» قويىدىغانلار بەك ئاز ئۇچرايدۇ. گەرچە ھازىر دۆلەتلەرنى ھالقىغان تەتقىقات ۋە سېلىشتۇرما تارىخ تەكىتلىنىۋاتقان بولسىمۇ ، ئىككى تۈركىستاننىڭ تارىخىنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىپ باققانلار كۆپ ئەمەس. تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ قارايدىغان بولساق ، بۇ رايونلار شىنجاڭغا قارىتىلغان تەتقىقاتتا باغلىنىدۇ ، بولۇپمۇ خىتاي بىلەن رۇسىيە ئارىسىدىكى سودا تارىخى ۋە رۇسىيە\سوۋېتنىڭ شىنجاڭغا نىسبەتەن تاشقى سىياسەتلەردە شۇنداق. كىتابىم بۇ تەتقىقاتلار بىلەن بىر نەچچە جەھەتتىن

كېسىشىدۇ. ئەمما كىتابتا يەرلىك نۇقتىئىنەزەرنى چىقىش قىلىپ بۇ ئىككى رايون ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىقتىسادى باغلىنىش ۋە دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتلەرنى يەرلىك تۈركى مىللەتلەردىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە سىياسىي غايە بىلەن باغلىدىم.

مېنىڭ مەقسىتىم سوۋېت ئۇيغۇر تارىخى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر تارىخىنى ئاددىيلا بىرلەشتۇرۇش ئەمەس ، بەلكى بۇ ئىككى كاتېگورىيەگە ئايرىشقا نېمىلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى تېپىپ چىقىشتۇر. بۇ نۇقتىدا مۇھىم بولغىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىككى بۆلىكى ئارىسىدا كېزىپ يۈرگەنلەرنىڭ تارىخىنى يورۇتۇشتۇر. بۇنداق كىشىلەر سوۋېتلار ئىتتىپاقىدا ئاكتىپ خىزمەت قىلغان بولسىمۇ ، خىتاي پۇقرالىقىنى ۋە شىنجاڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالغان. شىنجاڭنىڭ 20-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى تارىخىدا ھېچ بىر تارىخى شەخس سوۋېتتىن مۇستەسنا ئەمەس ، ئەمما ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىسىدە ئىلمىي ئاساستىن بەكرەك رىۋايەتلىك ئاساس كۈچلۈك. سوۋېتتا ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ھەققىدە توختالغاندا شىنجاڭدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار نەزەرگە ئېلىنمىغان ، پەقەت رۇسىيە ياكى سوۋېت زېمىنىدا تۇغۇلغان ئۇيغۇرلارغىلا ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ ، ستالىننىڭ مىللەت نەزەرىيەسى ئۆلچىمى بويىچە ئۇيغۇرلار بىر سوۋېت مىللىتى سۈپىتىدە ئايرىپ چىقىلغان. كىتابىمدا ئۆتكۈنچى خىتاي پۇقرالىرى ھېسابلىنىدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ ھېكايىسىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش ئارقىلىق ، شەكىللىنىۋاتقان بىر مىللەت ھەققىدىكى بايانلارنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلماقچى.

نۇرغۇن تەتقىقاتچىلارغا مەلۇمكى ، سوۋېتتا مىللەت بولۇش دۆلەتنىڭ مىللەتكە ئايرىشى ۋە مىللەتلەر سىياسىتىگە باغلىق. مەن بۇ كىتابتا شۇنى شەرھلەيمەنكى ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى باشقا بىر يەردىن باشلانغان. مەن بۇنى ئىككى پەرقلىق ھېكايىنىڭ بىرلەشتۇرۇلۇشى دەپ قارايمەن. بۇنداق بىرلەشتۇرۇلۇشنى يۈز بېرىشتىن ساقلانغىلى بولمايتتى دېگىلى بولمايدۇ ، مەلۇم نۇقتىدىن ئالغاندا  يۈز بېرىشمۇ ناتايىن ئىدى. بۇ ھېكايىنىڭ بىرى ، ئوسمان ئىمپېرىيەسى مەتبۇئاتلىرى ۋە رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى بىلەن باغلىنىشى بولغان زىيالىيلار قاتلىمىدا تۈركلۈك تارىخىنىڭ قايتا بايقىلىشىدۇر. بۇ ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە «جەدىتچىلىك»

ئەنئەنىسىنى ئۆزگە ئۇلگە قىلغان، ئۆزلىرىنى يېگىلىقچى دەۋالغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى بولدۇ. بۇ ھېكايىنىڭ يەنە بىرى رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىشىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى مىراسلىرى بۇ ئىككى ھېكايىنى بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، بۇنىڭ سىياسىي ئەھمىيىتى، مىللىي ۋە ئېتنىك جەھەتتىكى مۇھىملىقىنى بېسىپ چۈشتى. بۇ بىر مۇرەككەپ جەريان بولۇپ كۆپىنچە سوۋېتنىڭ سىياسەتلىرىدىن ھالقىپ كېتەتتى. بۇ جەھەتتە ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى دەۋىتىنىڭ مەقسىتى ۋە ئۇنى "ئىمپورت" قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە نۇرغۇن خاتا كۆز قاراشلار مەۋجۇت.

بۇ كىتابتا تەسۋىرلەنگەن بەزى ھەرىكەتلەر مىللەتچىلىكنىڭ ۋەكىللىك ئېنىقلىمىسىغا ئۇيغۇن بولۇپ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدۇ، ئەمما كۆپىنچىسى بۇ ئېنىقلىمىغا ئۇيغۇن ئەمەس. تارىختىن قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تۈرلۈك مىللىي بايانلارغا ھەم ماس كەلدى ھەم رىقابەتتە بولدى. تارىختىكى پارلاق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قايتا بايقىلىشى ئىككى خىل بايانلارغا يول ئاچتى: بۇنىڭ بىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىكى بۇ ئالتۇن دەۋرىنى بارلىق تۈركى تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مىراسى دەپ قاراش ئىدى؛ يەنە بىرى بولسا بەزى كىشىلەر ۋە زېمىنلارغا (بۇ يەردە ئاپتور ھازىرقى شەرقى تۈركىستاننى ۋە ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى كۆزدە تۇتىدۇ — تەرجىماندىن) تارىختىكى ئۇيغۇرلارغا ئىگە چىقىش ئىمكانىيىتىنى ئاتا قىلىش بولدى. «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ سۆز ئورتاق بىر نەسەبنامىگە مەنسۇپ بولغىنى ئۈچۈن، ھەم پانتۈركىزمگە ھەم ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىگە مەنبە بولدى. ئۇيغۇر ھەققىدىكى بۇ ئىككى خىل پىشلىمە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىر-بىرى بىلەن دىئالوگتا بولۇپ تۇردى. مەزكۇر كىتابتا ئۇيغۇر تارىخىنىڭ بۇ خىل كەڭ دائىرىدىكى ئىشلىتىلىشىنى تار مەنىدىكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى ئۇقۇمىغا سىقىپ كىرگۈزۈشنىڭ ئورنىغا مەن ئۇلارنى «ئۇيغۇرپەرۋەرلىك» (Uyhurist) سىياسىتىنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى دەپ ئاتىدىم. ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ سوۋېت ۋە خىتاي دائىرىلىرى ئېتىراپ

قىلغان نۇسخىلىرىنى بىرلەشتۇرۇپ قارىغاندىمۇ ئۇيغۇر تارىخىنى يېشىش ئۈچۈن پانتۇركىزملىق ۋە يەرلىك بايانلار ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

شۇنى دېيىش مۇمكىنكى، ئۇيغۇر ئاتالغۇسى تېخى بىر مىللىي كىملىك بولۇپ ئومۇملاشماي تۇرۇپلا سىياسىي بىرلىكنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالدى. ئەلۋەتتە، ئاممۋى كىملىك يارىتىشتا سىياسىي كۈچ ئۇل بولماي قالمايدۇ. گەرچە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى مەۋجۇت بايانلاردا ئۇيغۇر مىللىتى ئۇقۇمىنىڭ 1920-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ مەۋجۇت ئامىللىرى ئاساسىدا مەيدانغا چىققانلىقى نەقىل كەلتۈرۈلسىمۇ، بۇنداق مىللەت نامىنى رادىكاللارچە قايتا بېكىتىشنىڭ بۇ مىللەت ئەزالىرىنى بىرلەشتۈرۈشلا ئەمەس يەنە پارچىلاش مۇمكىنچىلىكىنى كۆپ سانلىق كىشىلەر ئېتىراپ قىلمايدۇ. 1920-يىللاردا ئۆزىنى شىنجاڭلىق مۇسۇلمانلارغا تەۋە دەپ قارايدىغان كىشىلەرگە ئۆزىنى ئۇيغۇر دېگۈزۈش ئاسان ئەمەس ئىدى. سوۋېتنىڭمۇ ئۇيغۇرلارغا كىملىكىنى تونۇتۇش نىيىتى ۋە كۈچى يوق ئىدى. سوۋېتنىڭ سىياسىي ۋە مىللەتشۇناسلىق جەھەتتىكى مەقسىتىمۇ بىر مىللەتنى ئىجات قىلىش ئەمەس، بەلكى ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئېنىقلاش ۋە تۈرلەرگە بۆلۈش ئىدى. ئوتتۇرىدا ئاسىيادىكى باشقا مىللەتلەر، مەسىلەن، قازاقلارنىڭ مىللەت بولۇپ ئايرىلىشىدا ئۇلارنىڭ بۇرۇن مۇشۇ ناملاردا ئاتالغانلىق ئەھۋاللىرى بولغان. گەرچە بۇ ناملار ھەققىدە تالاش — تارتىشلار بولغان، ياكى بۇ نامىلارنىڭ ئۇلارنىڭ مىللىي كىملىكىدىكى ئاساسلىق نۇقتا بولغانلىقى ناتايىن بولغان بولسىمۇ. ئەمما، ئۇنتۇلغىلى ئۇزۇن بولغان «ئۇيغۇر» دېگەنگە ئوخشاش بىر نامنىڭ تىرىلىشىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەش ھەرگىز سوۋېتلار سىياسىتىنىڭ مەقسىتى ئەمەس ئىدى.

بۇنداق مىللەت نامىنىڭ بېكىتىلىش مەسىلىسىنى چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى مانجۇ نامىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغىمۇ سېلىشتۇرۇش مۇمكىن. 1635-يىلى قون تەيجى پەرمان چىقىرىپ مانجۇ دېگەن مىللەت نامىنى بېكىتتى. بۇ نام خىتايغا تاجاۋۇز قىلغان شۇ كىشىلەرنىڭ سىياسىي بىرلىكى بولۇپ خىزمەت قىلدى. مانجۇلارنىڭ يېڭىدىن نامىلىنىشىنىڭ ئىمپېرىيەنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدىكى مانجۇ مىللىتى ۋە دۆلىتى ھەققىدىكى ئەھمىيىتى توغرىسىدا چىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇلالىسى تارىخچىلىرى داۋاملىق مۇنازىرە قىلىشۋاتقان بولسىمۇ، ئىمپېرىيەنىڭ كۈچى بولمىسا قون تەيجىنىڭ بېكىتىپ قويۇشى بىلەن كىشىلەر مانجۇ بولۇپ قالمايتتى ئەلۋەتتە. مېنىڭچە ئۇيغۇر نامىنىڭ تىرىلىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. رۇسىيە ئىنقىلابى نەتىجىسىدە بۇرۇن مەۋجۇت بولغان ئىجتىمائىي كاتېگورىيەلەر پارچىلاندى ۋە قايتىدىن تۈزۈلدى. پىتېر خولكۇستىنىڭ دون كازاكلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا ئىچكى ئۇرۇش ۋە ئىنقىلاب مەزگىلىدە دۆلەتكە تەۋە بولمىغان تارماقلار، سىياسىي ئورگانلار بىلەن مىللەتلەرنىڭ چېگراسى غۇۋالىشىدۇ، ھەمدە سىياسىي ھەمكارلىق ئىجتىمائىي كىملىكنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا ئەينى چاغدىكى شارائىتنى كۆزدە تۇتقاندا، 1920-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى سوۋېت مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ تەسىرىدىن خېلىلا بۇرۇن پائالىيەتچىلەر ئۇيغۇرپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى خىتاي تۈركىستانىدا بىخلاندۇرۇپ بولغان دېيەلەيمىز.

تۆۋەندە مەن قاراشلىرىمنى تارىخ تەتقىقاتىدا بىز دائىم تىلغا ئالىدىغان ئۇيغۇر مىللىتى ياكى ئۇيغۇر كىملىكى دېگەن ئۇقۇمدىن ئايرىپ بايان قىلىمەن. ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئىلمىي ئەمگەكلەردە بۇ خىل كاتېگورىيەلەرگە ئىلتىجا قىلىنىدۇ ۋە تارىم ۋادىسىدا ياشىغان مۇسۇلمانلارنىڭ كىملىكى ۋە پەرقلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان تارىخى يۈزلىنىش ئۈستىدە، شۇنداقلا، ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكى، داۋاملاشقانلىقى ۋە خىتاي زۇلۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتا قانداق رىغبەتلىك كۈچ بولغانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىلىدۇ. بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي كىملىكىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى شىنجاڭدىكى تارىخى خاتىرىلەردىن تېپىش مۇمكىن. ئەلۋەتتە، 20-ئەسىرنىڭ ئالدىدىكى ئاۋامنىڭ بايانىمۇ بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ئەمما مېنىڭ تەتقىقاتىمچە ئۇيغۇر كىملىكى بۇ خىل مىللىي كىملىككە دائىر سىمۋوللارنىڭ ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئەمەس. بۇ يەردىكى خەلقلەر دىنى ئېتىقادى ۋە بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن خىتايدىكى مۇسۇلمانلار دەپ شەرھلەنگەن. شۇڭا، بۇ زېمىندىكى خەلقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى فورمۇلىسىغا خىتاي تۈركىستانىدىكى "بىز" دېگەن مىللىي كاتېگورىيەگە مەنسۇپ بولمىغان بەزى خەلقلەرمۇ

كىرگۈزۈلگەن. ئەڭ مۇھىمى ، بۇ كاتېگورىيە خىتايچە سۆزلەيدىغان مۇسۇلمانلار ، يەنى خۇيزۇ ياكى تۇڭگانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا ئۇيغۇر كاتېگورىيەسى ئورتاق مىللىي سىمۋوللار بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ، ئەمما بۇ خىل مىللەتلىشىش جەريانىنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە قولىمىزدا يېتەرلىك ئېنىق مەلۇمات يوق. مۇشۇ سەۋەبتىن ، مەن كىتابىمدا ھەر خىل تارىخى شەخسلەرنىڭ بۇ كاتېگورىيەدە ئوينىغان سىياسىي رولىنى ھەمدە بۇ خىل سىياسىي رولنىڭ قانداق قىلىپ رۇسىيە – خىتاي چېگراسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر ، تەشكىلاتلار ۋە دۆلەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنغانلىقىنى مەركىزى ئورۇنغا قويۇپ بايان قىلدىم.

## كىرىشكەن ئىمپېرىيەلەر ۋە شىنجاڭنىڭ سودا ئېغىزلىرى

ھەر قانداق مىللەتنىڭ تارىخىدىكىگە ئوخشاش ئۇيغۇر تارىخىدىمۇ مىللىي سىمۋوللارنىڭ جەلپكارلىقى ھەققىدە بىر ئىلمىي ھېكايە سۆزلىنىدۇ. بىرىنچى بابتا ، ئەسلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئوخشىمىغان قاتلام ، كۆز قاراش ۋە ئارقا كۆرۈنۈشتىكى ئالىملار ، ھۆكۈمدارلار ۋە ئىسلاھاتچىلارنىڭ بۇ تارىخقا يۈكلىگەن مەنىسى ئەسكە ئېلىپ ئۆتۈلدى. بۇ نۇقتىدىن باشلاپ مېنىڭ قىزىقىشىم شىنجاڭ رۇسىيە چېگراسىدىكى سىياسىي مەسىلىلەر ، بۇ جەرياندا شەكىللەنگەن دىئاسپورا جامائىتىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر تەبىقىدىكى شىنجاڭلىق مۇسۇلمانلارنىڭ رۇسىيە ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى كەچمىشلىرى قاتارلىقلاردا بولىدۇ. بۇ تۈزۈلمىلەر ۋە ئادەتلەر زامانىۋىلىق يولىدىكى ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە ئىنقىلابلار نەتىجىسىدە بارلىققا كەلدى. ۋەھالەنكى ، بۇلار بىز سۆزلىمەكچى بولغان تارىخنىڭ بىر يادروسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

19-ئەسىردىكى نۇرغۇن كىشىلەر چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاققا بارمايدۇ دەپ قارايتتى. 1820-يىلى رۇسىيەلىك پراۋوسلاۋىيە دىنى موناخى (راھىبى)،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ختايشۇناس نىكولاس بىچۇرىن «بۇ رايوننى ختاي تۈركىستانى (جەنۇبى تۈركىستان) دېيىش خاتا، چۈنكى شەرقى تۈركىستان مەڭگۈ ختاي ئىشغالىدا قالمايدۇ»-دېگەن. ئاسىيادىكى ئىمپېرىيەلەرنىڭ رىقابىتى كۈچەيگەنسېرى، چىڭ ئىمپېرىيەسى ئىچكى ئىسيان سەۋەبىدىن خاراب بولۇش ھالىغا كېلىپ قالغان ئىدى. تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنى (1854-1864) باستۇرغان چىڭ خاندانلىقى ئۇزاق ئۆتمەي غەربى شىمالدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ ئىسيانىغا دۇچ كەلگەن. 1860-يىللاردىكى بۇ قوزغىلاڭ شىنجاڭغىچە كېڭىيىپ يەرلىك ھاكىمىيەتلەر تىكلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەردىكى ياقۇپ بەگ (1877-يىلى ئۆلگەن) دۆلىتى ئۇزاقراق داۋاملاشقان بولۇپ، ئېتراپ قىلىنىش ۋە دەستەك ئېلىش ئۈچۈن ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە يېقىنلاشقان. شىمالدا قۇرۇلغان مۇستەقىل ئىلى سۇلتانلىقى كەڭرى زېمىننى تەسەررۇپىغا ئالغان بولۇپ رۇسىيە ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغان ۋە زېمىنى 1871-يىلدىن 1882-يىلغىچە رۇسىيەگە قاراشلىق بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدە گەنسۇدىكى سوپىلىق تەرىقىتىگە تۇتىشىدىغان بىر تۇڭگان ھۆكۈمران بولغان. شۇنداق قىلىپ، بېيجىڭ مەركەزلىك ھاكىمىيەتنىڭ ئالدىدا ئۈچ كۈچ ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ بۇ شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ھاكىمىيەتنىڭ مۇمكىنچىلىكىدىن بېشارەت بېرەتتى: بىرى، شىنجاڭنىڭ قەشقەرنى مەركەز قىلغان، ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە بەيئەت قىلغان مۇستەقىل بىر ئىسلام دۆلىتى بولۇشى؛ يەنە بىرى، شىمالدىكى رۇسىيەنىڭ يېڭى مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىشى؛ ئۈچىنچىسى بولسا، بۇ رايوننىڭ شەرق تەرەپتە ئۆز ئاپتونومىيەسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان تۇڭگانلارنىڭ پانا جايى بولۇشى ئىدى.

1870-يىللاردىكى خۇلاسە شۇ بولدىكى، بۇ ئېھتىماللىقنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەلگە ئاشمىدى. زو زوڭتاڭنىڭ خۇنەن ئارمىيەسى شىنجاڭنى قايتا ئىستىلا قىلىشتا غەلىبە قىلدى: ختاي تۈركىستانى (جەنۇبى تۈركىستان) داۋاملىق ختاينىڭ بولۇپ قالدى. ئەمما يۈز بەرگەن قوزغىلاڭلار ۋە رۇسىيەنىڭ ئىستېلاسى بۇ يەردە زور ئىزلارنى قالدۇردى. رۇسىيە چېكىنىپ

چىقىش جەريانىدا ئىلى دىيارىنىڭ مۇسۇلمان ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. بۇ ئاھالىلەر كېيىنكى رۇسىيە يەتتەسۇ تەۋەسىدىكى تارانچىلار ۋە تۇڭگانلارنىڭ ئاساسىنى سالدى. 1881-يىلدىكى سانت-پېتىربۇرگ شەرتنامىسى رۇسىيەنىڭ ئىلى تەۋەسىدىن چېكىنىپ چىقىشىنىڭ ئىككىنچى نەتىجىسى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن رۇس ماللىرى خىتاينىڭ غەربى شىمالىغا ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى ۋە چار پادىشاھلىقى شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇسۇلمانلارنىڭ سودا گۇرۇھلىرىنى قوغداش ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

بۇرۇنقى چىڭ ھاكىمىيەتلىرى بۇ زېمىنلارنى ئىستىلا قىلغاندا يىراقتىكى بېقىندى چېگرا رايون دەپ قاراپ پاسىللارنى ئېنىق ئايرىشقا كۈچىمىگەن. كېيىنكى چىڭ ھۆكۈمدارلىرى بۇ خىل ھالەتنى ساقلاشقا ئامالسىز قالغان. رۇسىيە تۈركىستانى رۇسىيەنىڭ، ھىندىستان ئەنگلىيەنىڭ بولۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى ئىمپېرىيە شىنجاڭنى ئۆز مۇستەملىكىسىنىڭ چېگرا رايونى دەپ قارىغان. چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ شىنجاڭنى ئىلكىدە تۇتالىشىغا رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى كاتتا ئويۇندا بۇ ئىككى رەقىبنىڭ بىر بىرىگە يول قويىماسلىقى ۋە شىنجاڭنى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئايرىلماس بىر زېمىنى دەپ ئەمەس، بەلكى ئارا رايون قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇپ بىر بىرىگە يېگۈزمەسلىكى سەۋەب بولغان. شۇنىڭ بىلەن مىللىي خاسلىققا ئىگە بۇ رايوندا كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ سودا مەركەزلىرى بارلىققا كەلگەن. چەتئەللىك سودىگەرلەر خىتاينىڭ مانجۇرىيە ۋە دېڭىز بويىدىكى رايونلىرىدىكىگە ئوخشاش ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولغان. زو زوڭتاڭ شىنجاڭنى قايتا ئىشغال قىلغاندىن كېيىن بۇ يەرنىڭ مەركەز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە بۇ زېمىننى ھەقىقىي بىر خىتاي ئۆلكىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا تۇتۇش قىلدى. ئەمما ئۇزۇنغا قالماي ئەمەلدارلار ئۆلكە قۇرۇشنىڭ كەينىدىكى بۈيۈك پىلانلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. خىتاينىڭ جۇمھۇرىيەت دەۋرىدە شىنجاڭدا سىياسىي رەھبەرلىك ئورنىغا چىققان مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا بۇ مەزگىلنى «ئىككى يېرىم ھاكىمىيەت» دەپ ئاتىغان، بۇ تولىمۇ دەل كەلگەن ئاتالغۇ بولۇپ ئىككى ھاكىمىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەنگلىيە ۋە رۇسىيەنى كۆرسەتسە ، يىرىمى چىڭ ئىمپېرىيەسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى تەتقىقاتچىلار «يىرىم مۇستەملىكچىلىك» دەپ ئاتايدۇ.

مەن ئۆز بايانىمنى مانا مۇشۇ نۇقتىدىن باشلىدىم. بۇنىڭدا مەن يېقىنقى ۋاقىتلاردىكى ئىنگلىز تىلىدىكى شىنجاڭ ھەققىدىكى تەتقىقاتلار تاشلاپ قويغان ، كۆپ قىسمىنى ئاتالمىش يېڭى چىڭ تارىخىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراشقا بولىدىغان ۋاقىتتىن باشلاپ قول سالدىم. تەتقىقاتچىلار چىڭ تارىخى تەتقىقاتىدا «خىتاي مەركەزلىك چىڭ تارىخى» كۆز قارىشىدىن ئىمكان قەدەر ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ خاندانلىقنى «ئىمپېرىيەلەر ئىچىدىكى ئىمپېرىيە» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇنىڭدا ئىمپېرىيەنىڭ ئورگانلىرىغا ۋە «ئوخشىماسلىق» نى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىلىپ ، بۇ ئارقىلىق ئىمپېرىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنىڭ قانداق يۈرۈشتۈرۈلگەنلىكى ئېچىپ بېرىلىدۇ. بۇ كىتابتا مانجۇلارنىڭ ئىمپېرىيە قۇرۇش جەريانىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بۇ خىتاينىڭ مەركىزى ئىقتىسادى رايونلىرىنى ئوبيېكتى قىلىدىغان «خىتاي مەركەزلىك چىڭ تارىخى» دىن روشەن پەرقلىنىدىغان بولۇپ ، مەن بۇنى «چىڭ مەركەزلىك چىڭ تارىخى» دەپ ئاتىدىم. نەتىجىدە ، چىڭ سۇلالىسىنى ياۋروپا-ئاسىيا دۆلەت قۇرۇش ئۇسۇللىرىنى شۇ دەۋردىكى رۇسىيەگە ئوخشاش قۇرۇقلۇقتىكى ئىمپېرىيەلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ھالەتتە ئۆزلەشتۈرگەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر چوڭ سىياسىي گەۋدە قاتارىدا كۆرۈشكە ۋە ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى شىنجاڭغا ئوخشاش مۇستەملىكە قىلىنغان زېمىننى تەتقىق قىلىشقا ئىمكان تۇغۇلدى. بۇ خىل «چىڭ مەركەزلىك» نۇقتىئىنەزەر شىنجاڭنىڭ 18-ئەسىردىكى ۋە 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا مۇۋاپىق كەلسىمۇ ، شىنجاڭنىڭ ئۆلكىگە ئايلانغاندىن كېيىنكى تارىخىنى بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن مانجۇ ۋە موڭغۇل ھەربىي ئەمەلدارلىرى ، مۇستەملىكچى ھۆكۈمدارلار ۋە خىتاي كۆچمەنلىرىنىلا ئاساس قىلىپ تەتقىق قىلىش يېتەرلىك بولمايدۇ. چىڭ خاندانلىقىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئېيتقاندا شىنجاڭ ئۆلكىسى يەنىلا ئۆلارنىڭ بىر «يېڭى چېگرا رايون» ى بولسىمۇ ، بۇ رايوننى ئاددىيلا مەركەز ۋە چەت-ياقا رايون نۇقتىئىنەزىرى بىلەن تەتقىق قىلغىلى بولمايتتى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، «چىڭ

مەركەزلىك» تارىخ چىڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدىكى شىنجاڭغا نىسبەتەن تولىمۇ خىتاي مەركەزلىك بولۇپ قالاتتى ۋە ماس كەلمەيتتى. شىنجاڭنى ئەتراپتىكى ئىمپېرىيەلەر بىلەن تۇتاشقان بىر خىتاي ئۆلكىسى دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق، بۇ بىزدىن يېڭى مۇھىتتا ئىگىدارچىلىق ۋە ھوقۇقنىڭ ھەر جەھەتتىن تەسىر كۆرسەتكەنلىك ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

چېگرا رايونلار تارىخى گەرچە خىتاي بولمىغان رايونلار تەتقىقاتى ئۇچۇن كۆپ ھەسسە قوشقان بولسىمۇ ئەمما بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ بۇ رايوننى خىتاينىڭ مەركىزى رايونلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ تاشلاش مايىللىقى كۈچلۈك بولۇپ، چېگرا رايون تارىخى مۇتەخەسسىسلىرىگە خاس بولغان ئانالىز ۋاستىلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدا ئوخشىمىغان سوئاللار سورىلىدۇ ۋە بىزنىڭ چېگرا رايونلارنى خىتاي تارىخىغا كىرگۈزۈش ئىقتىدارىمىزنى چەكلەيدۇ. ئەگەر مەن ئوتتۇرىغا قويغاندەك، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن كېيىنكى شىنجاڭنى خىتاينىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى زامانىۋى شەھەرلىرى ۋە ئىچكى رايونلىرى بىلەن ئىجابىي يوسۇندا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن، دەپ قارىساق، ئۇنداقتا شىنجاڭنىڭ خىتاينىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ھەققىدە باشقىچە يوسۇندا پىكىر يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل نۇقتىئىنەزەرنىڭ قىيىن يېرى شۇكى، بىز بۇنىڭدا مۇسۇلمانلار ئاھالىسىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆز تەتقىقاتىمىزغا كىرگۈزۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇنى خىتاي مەنبەسىگە تايىنىپلا ئېلىپ بېرىش ناھايىتى قىيىن، ئەمما بۇنى شىنجاڭ ئۆلكىسىدە يېزىلغان بىر نەچچە مۇستەملىكىچىلەر ئارخىپلىرى ۋە يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ مەنبەسىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

بۇ خىل شەرتنامە پورتلىرى نۇقتىئىنەزىرى بىزنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللى تارىخىدىكى تونۇش تېمىلارغا باشلاپ كېلىدۇ. سىرتقى تېررىتورىيە ھوقۇقىنىڭ ئاقىۋەتلىرى، دۆلەت تەۋەلىكى كاتېگورىيەسىنى كونترول قىلىش، ياكى شەرتنامە پورتلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تەتقىق قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم پايدىلىنىش نۇقتىلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، بىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەنە تەيپىك ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ياڭزىجاڭ (چاڭجياڭ) دەرياسى دېلتىسىنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىدىن ئالغان ساۋاقلارنىمۇ ئويلىشىشىمىز لازىم. بۇنىڭدا بۇرۇن ئەمەلدارلارلا ئالغان رولنىڭ ئورنىغا يەرلىك پۇقرالارنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. خۇددى ئىمپېرىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ياڭزى دېلتىسى بويىغا ئوخشاشلا شىنجاڭدىمۇ دۆلەت قوللىشىدىكى كەسپدارلىق ۋە يەرلىك ئاپتونومىيە تەشەببۇسكارلىقى نەتىجىسىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدىكى بيۇروكراتلار بىلەن ھەمكارلاشقۇچى كۆزگە كۆرۈنەرلىك باي سودىگەرلەر قاتلىمى بارلىققا كەلگەن ئىدى. ئەمما، بۇ بايلار ھەققىدىكى بايانلار شىنجاڭنىڭ خىتاي بيۇروكراتلار ئارخىپىدا بەكمۇ ئاز كۆزگە چېلىقىدۇ. شۇڭا، بۇ بايلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمران قاتلىمى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى خىتايچىدىن باشقا مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە بۇ خىل ئۇسۇل كېيىنكى چىڭ سۇلالىسى تارىخىنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا بايان قىلىشقا، يەنى، ئادەتتە بىر- بىرىدىن ئايرىپ تەتقىق قىلىنىدىغان رايونلارنى ھەقىقىي تۈردە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا يول ئېچىپ بېرىدۇ.

بۇ خىل ئۇسۇل بىزدىن خىتاي تارىخىدىكى بىزگە تونۇشلۇق بولغان بەزى كاتېگورىيەلەرنى قايتىدىن ئويلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى چېگراغا بولغان كۈچلۈك كونتروللۇققا روشەن سېلىشتۇرما ھالەتتە ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى شىنجاڭدا چېگرادىن ئۆتىدىغان ئادەملەر ۋە ماللار بارغانچە ئېشىپ بارغان ئىدى. بۇ خىل كۆچمەنلەرنىڭ بەزىلىرى خىتاي تېررىتورىيەسىدىن مەڭگۈگە ئايرىلغان سىياسىي سۈرگۈنلەر بولسا، يەنە بەزىلىرى ئىمپېرىيە بويىچە كۆچمەن بولغان، كېيىنچە «جۇڭگو مۇھاجىرلىرى» دەپ ئاتالغان كۆچمەن سودىگەرلەر ۋە ئىشلەمچىلەردىن ئىبارەت ئىدى. شىنجاڭنىڭ شەرتنامە پورتلىرىنى بۇ خىل مۇھاكىمىگە ئېلىپ كىرىش بىزدىن ئاتالغۇلىرىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىزنى ۋە بۇ تارىخ ھەققىدە چېگنىڭ قول ئاستىدىكى خەلقنىڭ چەتئەللەردىكى سەرگۈزەشتىلىرى نۇقتىئىنەزىرىدىن چىقىپ تۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا، كۆچۈشنىڭ سەۋەبلىرى ھەرخىل ۋە پەرقلىق

ئىدى. مەن بۇ كىتابتا 19- ئەسىردىكى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقان قوزغىلاڭ سەۋەبىدىن مىگلىغان چىڭ سۇلالىسى ئاھالىسىنىڭ رۇسىيە تۈركىستانىغا كۆچمەن بولۇش ئەھۋالىنى ؛ شۇنىڭغا ئوخشاشلا سىياسىي تۈس ئالغان، 1880- يىللاردا چار پادىشاھ بىلەن چىڭ ئىمپېرىيەسى ئارىسىدىكى پېتېربورگ شەرتنامىسىدىن كېيىن رۇسىيەنىڭ كونتروللۇقى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆچۈش ئەھۋالىنى ؛ بۇندىن باشقا نوپۇسنىڭ تەبىئىي ئېقىشى نەتىجىسىدە رۇسىيە تەۋەسىدە سودىگەرلەردىن ئۇيۇشقان بىر قەشقەر جامائىتى شەكىللەنگەنلىكى ؛ كۆچمەن ئىشلەمچىلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەمگەكچىلەرگە بولغان ئېھتىياجى سەۋەبلىك يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەنلىكى قاتارلىقلارنى مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتىمەن. باشقا چىڭ دىئاسپوراسىغا ئوخشاشلا، بۇنىڭدا سىياسىي سەۋەب بولغاندىن باشقا شەخسنىڭ تاللىشىمۇ ئاساسلىق قوزغاتقۇچ رول ئوينىغان بولۇپ، ئىچكى جەھەتتە پەرقلىق بولغان دىئاسپورا جامائىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئەلۋەتتە، خىتاينىڭ قۇرۇقلۇقتىكى ۋە دېڭىز بويىدىكى شەرتنامە پورتلىرى ئوتتۇرىسىدا پەرقلەر بار ئىدى. شىنجاڭ، چەتئەل كۈچلىرىنىڭ «چوڭ ئىمپېرىئالىزمى» چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ «كىچىك ئىمپېرىئالىزمى» بىلەن ئۇچراشقان چىڭ ئىگدارچىلىقىدىكى بىر قانچە چېگرا رايونلارنىڭ بىرى ئىدى. شىنجاڭدىكى چىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە رۇسىيە كونسۇللىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ بىر- بىرى بىلەن ئوخشاشلىقى ئۇلارنى باشقۇرۇۋاتقان خىتاي ۋە رۇسلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. دىن ياكى مىللەت ئەمەس، بەلكى ئىمپېرىيەلەرگە بولغان بېقىندىلىق يەرلىك ۋە چەتئەللىكلەرنى ئايرىيدىغان سىزىق بولۇپ، بۇ سىزىقنى كىشىلەر ئوڭايلا ئاتلاپ ئۆتەلەيتتى. بېقىندىلىق (پۇقرالىق) كاتېگورىيەسى ھەققىدىكى مۇجمەللىك (بۇ «پۇقرالىق مەسىلىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) چىڭ ۋە خىتاي جۇمھۇرىيىتى مەزگىلىدىكى ئەمەلدارلار ئۈچۈن دائىملىق بىر قىيىن مەسىلە بولۇپ كەلگەن، ھەتتا 20-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغىچە قەدەر داۋاملاشقان ئىدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ يەردىكى ئىككىنچى پەرقلىق ئامىل مۇستەملىكىلىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ دىئاسپورادىكى جامائەت ئىچىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى ئىدى. چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى پۇقرالىقىدىكى مۇسۇلمانلار رۇسىيەنىڭ چىڭ بىلەن بولغان شەرتنامىلىرىنىڭ ماددىلىرىدىن ئورۇسلار بىلەن ئوخشاش ئىمتىيازدا بەھرىمەن بولغان ئىدى. ئەمما بۇ مۇسۇلمانلار رۇسىيە كونسۇلى ئەمەلدارلىرى بىلەن يەنىلا مۇستەملىكىلىك مۇناسىۋىتىدە ئىدى. نەتىجىدە، رۇسىيەنىڭ شىنجاڭدىكى مەۋجۇتلۇقى رۇسىيە تۈركىستانىدىكىگە ئوخشاش بولغان يەرلىك ئاپتونومىيەنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى. بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر ئامىل سودا باشلىقى يەنى ئاقساقاللىق ۋەزىپىسى بولۇپ، ئاقساقاللار رۇسىيە، چىڭ ۋە سودىگەرلەر جامائىتىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ قىرلىق مۇناسىۋەت ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرگۈچىلىك رولىنى ئوينايتتى. ئاقساقاللار گەرچە رۇسىيە ۋە چىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھېچقانداق بىر شەرتنامىدە تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىلا قۇدرەت تېپىپ قالماستىن، يەنە چەتئەللەردىكى سودىگەرلەر جامائىتىنى باشقۇرۇشتىكى مۇھىم بىر غەيرىي-ئەنئەنىۋى قورالى بولۇپ قالغان ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا خىتاي سىياسىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان ئىدى.

مەن، ئاقساقاللارغا ئوخشاش ئورگانلارنىڭ تارىخى بىزنىڭ بۇ چېگرا رايوندىكى ھەرخىل پەرقلىق سىياسىي ھاكىمىيەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم دەپ قارايمەن. بۇ، تارىخچىلارنىڭ شەرقى جەنۇبى ئاسىيادىكى خىتاي دىئاسپوراسى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىغا ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ يەنە بىزنىڭ تارىخ تەتقىقاتىدىكى ئىككى خىل خاتالىقتىن ساقلىنىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ: بىرى، بۇ زېمىندىكى پۇقرالارنى رۇسىيە — خىتاي توقۇنۇشىدىكى پىچكا ھالىتىدە كۆرۈش؛ يەنە بىرى بولسا بۇ مۇسۇلمان قوۋمنى رۇسىيە — خىتاي زىددىيىتىدىن پۈتۈنلەي مۇستەسنا بولغان، دۆلەتتىن ئۆز ھەرىكەتلىرىنى يوشۇرىدىغان ھەرىكەتچان ۋە قاچقۇن بىر گۇرۇھ قاتارىدا كۆرۈش. شىنجاڭنى مىسالغا ئالساق، بۇ خىل ئۇسۇل خىتاي مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىلغان تەتقىقاتلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ، قەشقەرىيە بايلىرىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە ھېچقانداق بىر

مەلۇمات بەرمەيدۇ. بۇ خىل بىر تەرەپلىمىلىككە تۈزىتىش بېرىلگەندە ، شىنجاڭ ئۆلكىسى ۋە ئۇنىڭ بازارلىرى خىتاينىڭ دېڭىز بويىي رايونلىرىدىكى  شەرتنامە پورتلىرى جەمئىيەتلىرىگە بارغانچە ئوخشاش بولۇپ كۆرۈنىدىغان بولۇپ ،  يەرلىك يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى بىلەن بيۇروكراتلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنىڭ بارغانچە كۈچىيىشى ۋە چېگرا سىرتىدىكى مۇستەملىكە دىنامىكىسى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ كىتابتا ، بۇ خىل سودىگەرلەر جامائەتنىڭ چېگرا ئاتلىغان سياسىي لايىھەلەرنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قېلىشىنىڭ ھەرخىل سەۋەبلىرى ۋە  قەشقەر بايلىرىنىڭ مەدەنىيەت قوغدىغۇچى سالاھىيىتىدە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. ئاقساقاللار ھەم سودا ۋەكىلى ھەم جامائەت ۋەكىلى سۈپىتىدە بۇ بايانلاردا باشتىن – ئاخىر مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## خىتايدا بىلەن رۇسىيەدە مىللەت ۋە جەدىتچىلىك

مەن بۇ يەردە خىتاي بىلەن رۇسىيە ئارىسىدىكى دىپلوماتىيە ۋە ئىقتىساد جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى كۆپرەك تەكىتلەپ ئۆتتۈم. لېكىن ، مانجۇ ئىمپېراتورلىرى ئۆز ھاكىمىيتى ئەڭ كۈچلەنگەن دەۋردىمۇ ئۆز قول ئاستىدىكى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن رۇسىيەنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى مۇسۇلمانلارغا قىلغان مۇئامىلىسىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق مۇئامىلە قىلغان ئىدى. رۇسىيە ئوسمان ئىمپېرىيەسى بىلەن چېگرىداش بولۇپ ئۇلارنىڭ توقۇنۇشى قارا دېڭىز ، كاۋكاز ۋە بالقان يېرىم ئارىلىدا پات-پات يۈز بېرىپ تۇراتتى. رۇسىيە ئوسمان ئىمپېرىيەسى بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتتە ئۆزىنى سلاۋيان مىللەتلىرىنىڭ ۋە پروۋسلاۋىيە مەزھىپىنىڭ پاسىبانى دەپ قارايتتى ، شۇڭلاشقا  مۇسۇلمان پۇقرالىرىنى ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر پارچىسى دەپ قاراپ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ساداقىتىدىن گۇمان قىلاتتى. چىڭ ئىمپېرىيەسى ئىسلامغا پەرقلىق قارايتتى. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسى شەرقشۇناسلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئاشقۇن ۋە تۇرغۇن دەپ مۇلاھىزە قىلىدىغان بايانلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان. چىڭ ھاكىمىيتى مۇسۇلمانلارنىڭ تەھدىتىنى ئوسمان ئىمپېرىيەسىدىن ، ھەج ئىبادىتىدىن ئەمەس ، سوپى پىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇستازلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىدىغان ئادىتىدىن كېلىدۇ دەپ قارايتتى. بۇ خىل مۇھىتتا ، چىڭ ئەمەلدارلىرى گەرچە تۇڭگانلاردىكى سوپى قېرىنداشلار تەشكىلاتلىرىنى يېقىندىن نازارەت قىلسىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن ئوسمان سۇلتانىنى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى دەپ بەيئەت قىلىشى ، ھەتتا جۈمە كۈنلىرىدىكى جامائەت نامازلىرىدا خەلىپىگە دۇئا قىلىشى قاتارلىقلارنى خەتەرلىك دەپ قارىمايتتى.

1880-يىللاردىن باشلاپ چىڭ ئىمپېرىيەسىدىكى ئەمەلدار ۋە ئىلمدارلار شىنجاڭدا ئەل قىلىش سىياستى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى ۋە ختاي مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىنى يەرلىك مۇسۇلمانلارغا سىڭدۈرۈشكە تىرىشتى. شىنجاڭنىڭ ئۆلكە قىلىپ تەسىس قىلىنىشى ۋە شۆتاڭ (كۈڭزىچە مەكتەپ) دېيىلىدىغان ختايچە باشلانغۇچ مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى بۇ خىل ختايلاشتۇرۇش سىياستىنىڭ مىساللىرى ئىدى. ئەمما بۇ سىياسەت 1911-يىلدىكى ئىنقىلاب ھارپىسىدا چىڭ ئىمپېرىيەسىگە ئوخشاشلا ئەمەلدىن قالدى. جۇمھۇرىيەت قۇرغان ختاي ئىنقىلابچىلىرى بايرىقىغا شۇ ۋاقىتتىكى ختاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان 18 يۇلتۇزنى سىزغان بولۇپ ، 19-ئۆلكە بولغان شىنجاڭ بۇ يېڭى دۆلەتنىڭ نەزىرىدە بۇرۇنقى ئىمپېرىيەنىڭ مۇستەملىكىسى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ، ھەتتا بەزىلەر بۇ يۈكتىن قۇتۇلۇش ئويىدىمۇ بولۇشقان. ئەمەلىيەتتىمۇ شىنجاڭغا كەلگەن ختاي جۇمھۇرىيەتچىلىرى تولىمۇ چەكلىك پائالىيەت بوشلۇقىغا ئېرىشكەن. شىنجاڭنىڭ جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىكى تۇنجى ھۆكۈمدارى ياڭ زېڭشىن (1864-1928) كونسېرۋاتىپ سىياسەت يۈرگۈزگەن بولۇپ ، ختاي بولمىغان سەرخىللەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئېھتىيات بىلەن تەگشەپ ، ئۆزى بىلەن رىقابەتتىكى ملىتارىستلار ۋە ختاي مىللەتچىلىرىنىڭ چېگرا رايوننى مۇستەملىكە قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش چاقىرىقىغا تاقابىل تۇرۇشقا تىرىشقان.

چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ زەئىپلىكى ۋە ئىسلامغا ئارىلاشماسلىق سىياستى سىرتقى ئىلمى ئېقىملارنىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىرىنى كېڭەيتىشكە قولايلىق تۇغدۇرغان. بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنىڭ ھەر خىل يوللىرى بار ئىدى. بۇ يوللار ختايىنى ئىسلام

دۇنياسى بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان ئەنئەنىۋى دىنى ۋە ئىلمى مۇناسىۋەت تورلىرى ۋە بۇ تورلارنىڭ گېزىت-ژۇرناللار ئارقىلىق كۈچلىنىشى، شىنجاڭدا ياشاپ ۋە خىزمەت قىلىۋاتقان نۇرغۇن رۇسىيەلىك مۇسۇلمانلار ۋە بىر قىسىم ئوسمان ئىمپېرىيەسى مۇسۇلمانلىرىنىڭ بولۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خىتايدىكى بۇ خىل باغلىنىشنىڭ كۈچىيىشىگە يول قويغان ئامىللارنى كۆرگەن چەتئەللىك مۇسۇلمانلار بۇنى رۇسىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ چەكلىنىۋاتقانلىقىغا سېلىشتۇرۇپ ئەجابىي باھالايتتى. چۈنكى بۇنداق بىپەرۋالىقى شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئىسلام دۇنياسىدىكى كىرىزىس ۋە چۈشەنچىلەردىن بىخەۋەرلىكى، زامانىۋىلىققا چاقىرىدىغان سادالارنىڭ بۇ يەردىكى ئاۋامنىڭ قۇلاقلىرىغا يېتىپ بارالمايدىغانلىقىدىن بولغان بولسا كېرەك. ھالبۇكى، شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئاللىقاچان رۇس ۋە ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ سىياسىي مەنپەئەت دائىرىسىگە كىرگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ دىيارغا كۆز تىككىلىك ئىدى.

رۇس ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان بېسىمى نەتىجىسىدە زامانىۋىلىققا مايىل ھەرىكەت بولغان جەدىتچىلىك ئوتتۇرىغا چىقتى. دەسلەپتە باشلانغۇچ مائارىپنى ئۇسۇلى جەدىت (يېڭى ئۇسۇل) بويىچە ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان جەدىتچىلىك تەرغىباتى جەمئىيەتنىڭ باشقا قاتلاملىرىغىمۇ سىڭىپ كىردى. جەدىتچىلىك - مۇستەملىكە دەۋرىدە كەڭ تارقالغان تۆۋەندىكى ئارزۇ-ئۈمىدنىڭ بىر خىل يوسۇندا ئىپادىلىنىشى ئىدى: يەنى، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۇلار بىلەن ئوخشاش سەۋىيەدىكى بىلىم ۋە مەدەنىيەت بىلەن قوراللىنىش ئىدى. ئەدىب خالىد دېگەن تەتقىقاتچىنىڭ بايان قىلغىنىدەك، جەدىتچىلار ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنى مائارىپ ئىسلاھاتى يولى ئارقىلىق زامانىۋىلىققا قاراپ يول ئېلىشقا تەشەببۇس قىلاتتى. شىنجاڭ دۇنيادىكى رۇسىيەدىن سىرت جەدىتچە مەكتەپلەر ۋە مەدەنىيەت ئاقارتىشى ئېلىپ بېرىلغان يەنە بىر رايون ئىدى. بىز بۇ كىتابتا بۇ خىل مەدەنىيەت تارقىلىش جەريانى ھەققىدە ئىزدىنىش ئارقىلىق جەدىتچىلىكنىڭ تارىخىنى بىر بالداق يۇقىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆتۈرىمىز. ئىلى ۋادىسى رۇسىيەنىڭ يەتتەسۇ ئۆلكىسى بىلەن شىنجاڭنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر رايون سۈپىتىدە تاتار جەدىتچىلىكىنىڭ تارقىلىش يولىغا ئايلانغان بولسا، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى پېداگوگىكىلىق تەجرىبە — سىناقلار بۇخارا ۋە ئوسمانىيە يۇزلىنىشلىرىدىن ئۆلگە ئالغان ئىدى.

شىنجاڭ تارىخى ھەققىدە يېزىلغان خىتايچە مەنبەلەردە ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ تەسىرى دائىم سىياسىيلاشتۇرۇلىدۇ. خىتاي تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئانالىزچىلىرى  نۆۋەتتىكى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بولغان تەھدىتنىڭ مەنبەسىنى دائىم پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم دەپ تەبىرلەيدۇ. ئۇلار پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمنى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بۇ دىياردا خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلگە ئوخشاش ئەۋج ئالدى دەپ بايان قىلىدۇ. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيە ۋە رۇسىيە ئۆزلىرىنىڭ ئاسىيادىكى مۇستەملىكىلىرىگە بولغان تەھدىت دەپ قارىغان پانئىسلامىزم ۋە ئوسمانلىلارنىڭ تەسىرىنى قاتتىق نازارەت قىلغان بولۇپ، بۇ تەھدىتلەر بەزىدە خىتاي تۈركىستانىدىكى خەلقلەرگىمۇ ئاندا-ساندا باغلىناتتى. ئەمما، بۇ خىل تەھدىت بايانلىرى ھەققىدە گۇمانى نەزەردە بولۇشقا ھەقلىقمىز.  گەرچە دۆلەتتىن ھالقىغان مۇسۇلمان ۋە تۈرك كىملىكى ئاساسىدىكى ھېسسىي باغلىنىشنى يۈتۈنلەي ئىنكار قىلالمىساقمۇ،  يېقىنقى تەتقىقاتلاردىن ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ھېچقانداق بىر ئاكتىپ پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم سىياستىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم بولمىدى. مايكىل رېينولدزنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا سىياستى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئىستانبۇل سىياسەتچىلىرى بەزىدە دۆلەتتىن ھالقىغان جامائەت كۆز قارىشىنى قانۇنى كۈچكە ئىگە بىر ۋاستە دەپ قارىسىمۇ، ئەمما ھەر ۋاقىت ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان ئىدى. ئوخشاشلا، جەيمىس مايېرمۇ  ئەڭ دەسلەپكى پانتۈركىستلەر دەپ تەرىپلىنىدىغان يۇسۇف ئاقچۇراي قاتارلىق كىشىلەر ئۈستىدىكى بايانلىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ كىرىزىس مەزگىلىدىكى ۋەزىيىتىگە ئەمەلىي

مۇئامىلە قىلغان بولۇپ تۈرك دۇنياسىغا بىر سىياسىي پروگرامما بەلگىلىگەن ئەمەسلىكىنى يازىدۇ.

ھازىر خىتايدا پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم بۆبۈش (ئالۋاستى) كۆرسىتىلىۋاتىدۇ — بۇ بىر پۈتۈنلەي خاتالاشقانلىق. ئەينى چاغدا ئىستانبۇل ۋە قازاندىكى مۇسۇلمانلار چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قاراتقان سىياسىتىنى ئەنگلىيە ۋە رۇسىيەنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈستىدىكى زۇلۇملىرىغا سېلىشتۇرۇپ نارازىلىق پوزىتسىيەسىدە بولمىغان. دەسلەپتە يېڭىلىقچى مۇسۇلمان زىيالىيلار خىتايغا شەرقشۇناسلارنىڭ قارىشى بويىچە مۇسۇلمان دۇنياسىدىن پەرقلىق بىر مەدەنىيەت سۈپىتىدە سەلبىي مۇئامىلە قىلغان. بۇ ئەلدە مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىقى بىلىنگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ سانى ۋە سىياسىي ئورنىنى كۆپتۈرۈپ شەرقتە ئىسلامنىڭ جانلىنىشىدىكى ئۈمىد دەپ قارىغان. 1904-1905-يىللىرىدىكى رۇسىيە-ياپونىيە ئۇرۇشى بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ خىل ئاسىيا كىملىكى مەيدانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىگە تۈرتكە بولغان بولۇپ ، نەتىجىدە خىتاينى ئىمپېرىئالىزمنىڭ قۇربانى دەپ قاراپ بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار خىتاينى غەرب مۇستەملىكىچىلىرىدىن قوغدىشى كېرەك دەيدىغان كۆز قاراش بازار تاپقان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى رادىكال مۇھىت تېخىمۇ كۈچلۈك ئىرقى تۈركچىلىك سىياسىي كۆز قاراشلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ ، نەتىجىدە مۇسۇلمانلار ۋە پانتۈركىست زىيالىيلار ئارىسىدا ئاسىيا كىملىكى جانلىنىپ خىتاينىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئىتتىپاق بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان. شۇڭا پەرقلىق ئىدىئولوگىيەلەر ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلگەندە پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي يەنە پان-ئاسىياچىلىق ھەققىدىمۇ توختىلىش كېرەك. رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ۋە ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە مەنسۇپ مۇسۇلمانلار شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە زامانىۋىلىققا يۈزلىنىشنى تەرغىب قىلغاندا ، ئۇلار پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ خىتايلار بىلەن بىرلىشىپ خىتاينى ياۋروپا ئىمپېرىئالىزمىنىڭ تاجاۋۇزىدىن قوغداشنى پىلان قىلىشقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئوسمان ئىمپېرىيەسىدىكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى يېڭىچە يۈزلىنىش شىنجاڭدىكى ئاز ساندىكى مۇسۇلمان زىيالىيلار ئىچىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بۇ زىيالىيلار شۇ ۋاقىتتا ياكى ئوسمان ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدە ياشاۋاتقان ۋە ياكى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى قىيىن — مۇشەققەتچىلىكتىكى ئەھۋالىنى يىراقتىن كۆزىتىۋاتقان ئىدى. جامال ئايدىنىنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، سۇلتان ئابدۇلھەمىدخان (1876-1909) مەزگىلىدە پانئىسلامىزمغا تەرەپدارلىق سىياسىتىنىڭ ھاكىم ئورۇنغا ئۆتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى غەربنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە يېتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلارنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنىڭ بىر ئالامىتى ئىدى. كېيىنچە بۇنىڭ ئورنىنى زىيالىيلار، بولۇپمۇ سۇلتان ئابدۇلھەمىدنىڭ مۇستەبىتلىكىگە قارشى كۈچلەرنىڭ تۈركچىلىك ئىدىيەسىنى قورال قىلىپ مەيدانغا چىقىشى ئالغان ئىدى. بۇ مەلۇم جەھەتتە ئوسمان ئىمپېرىيەسى ۋىلايەتلىرىدىكى تۈرك-ئەرەب توقۇنۇشىنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن شەرقشۇناسلارنىڭ موڭغۇلىيە ۋە خىتايلاردىكى ئېكسپېدىتسىيەسى نەتىجىسىدە تۈركلەرنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدىكى يېڭى بايقىلىشلار سەۋەبىدىن بولغان ئىدى. بۇ خىل تۈركچىلىك ئىدىيەسى نەتىجىسىدە تۈركىستاننىڭ ئورنى تۈركلەرنىڭ ئاتا ماكانى سۈپىتىدە يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈلدى ۋە ئۇيغۇرلار تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ بايراقدارلىرى دەپ تەرىپلەندى.

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈركچىلىك رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا قىسمەن قوللاشقا ئېرىشكەن، مەسىلەن، تاتار زىيالىيسى ئىسمائىل غاسپىرالى ئۆز تەھرىرلىكىدىكى «تەرجىمان» گېزىتى ئوقۇرمەنلىرىگە بارلىق تۈركلەرگە ئورتاق بولغان بىر ئەدەبىي ئۆلچەم قوللىنىش ھەققىدە چاقىرىق قىلغان. غاسپىرالىنىڭ تۈركچىلىكى رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىكى بۇلغار ۋە تاتارلار كىملىكىنىڭ ئايرىلىشىنى مەركەز قىلغان بۇرۇنقى مۇنازىرىگە قول تىقىش بولغان ئىدى. بۇ خىل كۇلتۇرال (مەدەنىي) پانتۈركىزم 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى ئون يىلىدا يېڭى بىر ئەۋلاد رۇسىيە مۇسۇلمان زىيالىيلىرى ئارىسىدا بازاردىن قالدى. بۇ يېڭى ئەۋلاد زىيالىيلار قازاننى مەركەز قىلغان

تېررىتورىيە ئاساسىدىكى تاتار مىللەتچىلىكى نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئۇيۇشقان ئىدى. تەتقىقاتچىلار تاتار مىللەتچىلىكىنىڭ باش كۆتۈرۈشىنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە ئامىللارغا يىغىنچاقلايدۇ: ۋولگا دەرياسى بويىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىتنىك پەرقلىرىگە مۇناسىپ ئېلىپ بېرىلغان دىن تارقىتىش پېداگوگىكىسىنىڭ تەسىرى؛ پانئىسلامچى ۋە پانتۈركىست كۆز قاراشلارنىڭ سىياسىي ئىناۋىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى؛ ئىجتىمائىي دارۋىنىزم نەزەرىيەسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى، قاتارلىقلار. خۇددى مايكىل فرېدرىك تەكىتلەپ ئۆتكەندەك، رۇسىيەنىڭ كونسېرۋاتىپ 3-دۇماسى مەزگىلىدە (1907-1912)، مائارىپ سىياستى جەھەتتە فىنلاندىيەلىكلەرگە ئوخشاش «غەربىي» مىللەتلەر بىلەن مۇسۇلمانلار كەبى قالاق «شەرقىي» مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرىدىغان يىگى بىر «مۇكەممەل دۆلەت ئەدەبىياتى» بەرپا قىلىش ھەققىدە چاقىرىق قىلىنغان ئىدى. ئاز سانلىق بولغان رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىغا نىسبەتەن، بۇ خىل مۇھىت ئۇلارنىڭ مەدرىسلەردە ئىشلىتىلىدىغان تىل — يېزىق ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى سەھرا تىلىنى ئاساس قىلغان تاتار ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىنى تېزدىن بەرپا قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇ جەرياندا تاتار مىللەتچى ئاۋانگارتلىرى ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى رۇس بولمىغان باشقا خەلقلەرنىڭ ئۆز مىللىي تارىخىنى بەرپا قىلىشى ئۈچۈن بىر ئەندىزە يارىتىپ بەردى.

بىر-بىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بۇ جەريانلارنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتساق، ئاناتولىيەدىكى «تۈركچىلىك» ۋە رۇسىيەدىكى «تاتارچىلىق» شىنجاڭدىكى مىللىي كىملىك يارىتىشقا ئىنتىلىۋاتقان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر تاللاش پۇرستى يارىتىپ بەردى. رۇسىيە ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدە ياشاۋاتقان شىنجاڭلىقلار تاتار ئۇسلۇبىدىكى مىللىي مەدەنىيەت ۋە كىملىككە قىزىققان بولسا، ئىستانبۇل ۋە شىنجاڭدا ياشاۋاتقانلار مۇسۇلمانلىقتىن تۈركلىككە كۆچۈشنى قوللاي كۆرگەن ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى سادىق جەدىتچىلار بولسا، يەنە بەزىلىرى جەدىتچى مەدەنىيەت سىياستىنىڭ ئاقارتىش قابىلىيىتىدىن گۇمانلانغانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقى بولسا جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ تۆۋەنلىكىدە ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ كېيىنچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جامائەت ئىچىدە رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىشقا سەۋەب بولغىنى ئۇلارنىڭ ئىدىيەسى بولماستىن بەلكى رۇسىيە ئىنقىلابى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان سىياسىي بوشلۇق ئىدى.

## كارۋانلار ۋە كوممۇنىستلار

ئىسلاھاتتىن ئىنقىلابقا يۈزلىنىش كۆپ ئۇچرايدىغان تارىخىي مۇساپە. ئەمما، سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدا مۇھىم ئورۇنغا چىققانلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا جەدىتچىلىك ئارقا كۆرۈنۈشى يوق ئىدى. ئىنقىلابى تۈركىستاننىڭ تارىخىنى پەقەتلا ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكى تاماملانمىغان جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ داۋامى دەپ قاراش خاتا بولىدۇ. رۇسىيە ئىنقىلابىنى تەتقىق قىلىدىغان تارىخچىلارغا مەلۇم بولغىنىدەك، رۇسىيە رادىكاللىرىنىڭ ئىچىدىكى تەشۋىقاتچىلار ۋە نەزەرىيەچىلەرنى ئۇلارنىڭ سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى ۋە ئېلان قىلغان ماقالىلىرى ئارقىلىق تەتقىق قىلىش ئاسانراق، ئەمما جاپا-مۇشەققەتلىك يەر ئاستى خىزمەتلىرى ئارقىلىق ئالاقە تورلىرىنى قۇرۇپ چىققان، ئانچە كۆزگە كۆرۈنمىگەن ئىنقىلابچىلارنى تەتقىق قىلىش تەسرەك توختايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدىتچىلار مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغانلىق تارىخى ئىزىنى قالدۇرۇپ كەتتى. تارىخى تەكىپۈكلۈكنى ساقلاش ئۈچۈن مەن بۇ جەدىتچىلەرنى باشقا بىر گۇرۇپپا كىشىلەر بىلەن، يەنى رۇسىيە بىلەن خىتاي ئارىسىدا چېگرا ئاتلاپ سودا ۋە ئەمگەك بىلەن مەشغۇل بولىدىغان بىر قىسىم قەشقەرلىكلەر بىلەن بىرگە قويۇپ بايان قىلدىم. بۇ قەشقەرلىكلەر كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان قەشقەر دىئاسپوراسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، 1920-يىللارغا كەلگەندە جەدىتچىلەرنىڭ شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىكى رەھبەرلىك ئورنىغا رىقابەتچى بولۇپ قالغان ئىدى.

گەرچە رۇسىيە ئىنقىلابى بۇ بىر گۇرۇپپا زىيالىيلار ۋە سودىگەرلەرنى ھەمكارلىققا ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە چوڭ بىر ئىجتىمائىي ھاڭ بار ئىدى. رۇسىيەدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان جەدىتچىلار ئۆزلىرىنى زور كۆپچىلىكى دېھقان بولغان بىر جامائەتنىڭ

ئالىي دەرىجىلىك ۋەكىللىرى دەپ قارايتتى؛ بۇ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى سوۋېت يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئىجابىي نەتىجىسىگە قاراشلىق ئىدى. قەشقەرلىكلەر بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە ۋاقىتلىق تۇرىدىغان سودىگەرلەر ۋە ئىشلەمچىلەر بولۇپ، باشقىچە مەقسەتلىرى بار ئىدى. ھەر ئىككى گۇرۇپپا بەزىدە سوۋېت ئەمەلدارلىرىنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشكەن بولۇپ، بۇ تېررى مارتىن تىلغا ئالغان «تاغ ئېتىكى پىرىنسىپى» نى ئېسىمىزگە سالىدۇ. يەنى، نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا باشقا بىر خەلقنىڭ مىللىي جۇمھۇرىيىتى ئىچىدىكى كىچىك ۋە ئەرزىمەس بىر ئاز سانلىق مىللەت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئورنىغا ختايغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىنقىلابى ھەرىكەتنىڭ ئاۋانگارتى بولۇش تېخىمۇ ياخشى ئىدى. لېكىن بۇ پرىنسىپ ئەمەلىيەتتە باشقىچە ئوتتۇرىغا چىقتى: سوۋېت مۇھاجىرلىرى بولغان بۇ گۇرۇپپىنىڭ ختاي سىياستى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋتى بولمىغىنى ئۈچۈن ئۇلار شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان مىللىي بىرلىكنى ئۇيغۇرلۇق ھالىتىدە بىرىنچى ئورۇنغا قويغان ئىدى. بۇ جەدىتچىلار مۇھاجىرلار ئىچىدىكى مىللىي كىملىك سىياستى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ كۈچ چىقارغان بىر گۇرۇھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئىشلاردىن بىخەۋەر قېلىشى بۇنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن ئىدى. قەشقەرلىك سودىگەرلەرگە نىسبەتەن ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى بولغۇسى ئىنقىلابقا باغلىنىشى ئۈچۈن مىللىي كىملىكنىڭ بولۇشى ھاجەت ئەمەس ئىدى: قەشقەر ئۇلارنىڭ ماكانى بولۇپ، ئۇلار بۇ يەرنىڭ سىياسىي ئەھۋالىنى تولۇق بىلەتتى. نەتىجىدە، ئۇيغۇر مەسلىسى بىر گۇرۇپپا جەدىتچىلار ۋە قەشقەرلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى: جەدىتچىلار ئۈچۈن ئۇيغۇردىن ئىبارەت بۇ يېڭى مىللەت ئۇقۇمى بەكمۇ مۇھىم بولسا، قەشقەرلىكلەر بۇنىڭ ئەكسىچە مىللىي كىملىك ھەققىدە مەدەنىيەت جەھەتتىن ئىزدىنىشكە پەرۋاسىز بىر ھالەتتە مۇئامىلە قىلغان ئىدى.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ئورنى مەسلىسى كۆنتەرتىپكە كېلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىككى خىل ئىستراتېگىيەلىك يۆنىلىش شەكىللەنگەن بولۇپ ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئايرىم چاقىرىقلىرى ۋە بەلگىلىك قوللىغۇچىلىرى بار ئىدى. بۇنىڭ بىرى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سوۋېت ئەللىرى ئارىسىدا بىر زېمىن ھازىرلاش ؛ يەنە بىرى سوۋېت ئىنقىلابىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدا سىياسىي ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. پارتىيە ئەزالىرى ۋە جەدىتچى كوممۇنىستلار سوۋېتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ئۆزگىرىشتە بەكمۇ سەزگۈر ئىدى. ئەمما ئۇلار خىتايدىكى تۈركى تىلدا سۆزلەيدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنقىلابى يوشۇرۇن كۈچىنى قانچە تەكىتلىگەنسېرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان رەھبەرلىك ئورنىنى شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئارىسىدا قاتراپ تۇرىدىغان، سوقۇۋاتقان ئايرىم چوتلىرى بولغان يەنە بىر ئىنقىلابى گۇرۇھ- قەشقەرلىكلەرگە بېرىپ قويااتتى. بۇ قەشقەرلىكلەر تېز نەتىجىگە ئېرىشىشنى خالايدىغان بولۇپ، لېنىنىزم نەزەرىيەسىنىڭ تەپسىلاتى بىلەن ئىشى يوق ئىدى؛ كۆپىنچىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان قىزىقىشى بولشېۋىكلەرنىڭ سىياسىتىدىن خەۋەردار بولغانلىقىدىن بولماستىن، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر، بولۇپمۇ تۈركىيە بىلەن بولغان دوستلۇقى سەۋەبىدىن ئىدى. گەرچە شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىكى ئىستانبۇلپەرەس تۈرك مىللەتچىلىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يانداپ ئۆتۈپ شىنجاڭغا تارقالغان دەپ يېزىلسىمۇ، بىراق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق تارقالغانلىقى بىر ئەمەلىيەت.

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى سوۋېتتىكى باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىق ھالدا مىللەت بەرپاچىلىقى ۋە ئىنقىلابى ئىنتېرناتسىئونالىزم دېگەن ئىككى نۇقتىدىن كۆزىتىشكە بولىدۇ. بىرىنچىسى، ستالىننىڭ مىللەت تەبىرى بويىچە، يەنى «ئورتاق تىل، تېررىتورىيە، ئىقتىسادىي ھايات ۋە ئورتاق پسىخىكا ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئورتاق مەدەنىيەت» دېگەن ئېنىقلىمىغا دەل ماس كېلىدىغان ئۇسۇل بويىچە مىللەتنىڭ بەرپا قىلىنىش جەريانىدۇر. ئىككىنچىسى، شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ بولشېۋىك ئىنقىلابىنىڭ مۇستەملىكە دۇنياسىغا تارقىلىشىدىكى بىر نۇقتا بولغانلىقىدۇر. بۇ ئىككى خىل نۇقتىئىنەزەرنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە مىسال بولىقدەك تەتقىقاتلار ياكى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى كەم ئەمەس. ئەمما، ئۇيغۇر مىللىتى مەسىلىسىنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرىدىغان مۇھىم نۇقتا

شۇكى، ئۇيغۇرلار ئۇستىدە تەھلىل ئېلىپ بارغاندا بىز چوقۇم بۇ ئىككى جەرياننى بىر-بىرى بىلەن دىئالوگ ئۇستىدىكى بەزىدە بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە بەزىدە بىر-بىرىگە زىت بولغان پاراللېل جەريانلار دەپ قارىشىمىز شەرت.

1921-يىلدىكى تاشكەنت قۇرۇلتىيى يۇقىرىقى ئىككى جەرياننى تۇنجى قېتىم كېسىشتۇرگەن ئىدى. «قەشقەر ۋە جۇڭغارىيە ئىشچىلىرى قۇرۇلتىيى» شىنجاڭدىكى تۈركى تىللىق مۇسۇلمان خەلقىنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىنى قوبۇل قىلىشىنىڭ باشلىنىشى دەپ قارىلىدۇ. مەنچە بۇ بىر خاتا چۈشىنىشتۇر. تاشكەنت قۇرۇلتىيىدا شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مىللىي نامىنى بېكىتىش مۇلاھىزە قىلىنمىغان. رەسمىي يوسۇندا ئۇ بىر مىللىي مۇنبەر ئەمەس، بەلكى سوۋېت تۈركىستانىدا ياشاۋاتقان خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئىدى. قاتناشقۇچىلارنىڭ مەقستى ئىنقىلاب جەريانىنىڭ سوۋېتتىكى مۇھاجىرلارغا بولغان تەسىرى ۋە خىتايدىكى تەسىرى ھەققىدە قارار ئېلىش ئىدى. قۇرۇلتايدىن بىر قانچە ئاي بۇرۇن باكۇدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يىغىنى چاقىرىلىپ شەرقتىكى خەلقلەرگە مۇستەملىكچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەققىدە مۇراجىئەت ئېلان قىلىنغان ئىدى. بۇخارا ۋە خىۋادا بۇرۇنقى چار رۇسىيەگە بېقىندى بولغان خانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئەمدى ئىنقىلابى كېڭەش قولغا ئالغان ئىدى. موڭغۇلىيەگە قېچىپ بارغان ئاقلار ئارمىيەسىگە قارشى قىزىل ئارمىيە ۋە موڭغۇل پارتىزانلىرى ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ئۇرگا (ھازىرقى ئۇلانباتور) نىڭ كونتروللۇقىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى شىنجاڭغا كىرىپ ئۇ يەردىكى ئاقلارنى تازىلاش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. يىراق شەرقتە بولسا خىتاي كومپارتىيەسىنى قۇرۇش ئۈچۈن شۇ يىلى ئىيۇلدا شاڭخەيدە مەخپىي ھالدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىقى باشلاندى. مانا مۇشۇنداق ئىنقىلابى تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشتە، ھەممەيلەننىڭ مەقستى ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ۋە ياكى رۇسىيە ئىنقىلابى ياراتقان بوشلۇقتىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئەڭ ئۈنۈملۈك بولغان بىر ھەمكارلىق ئورنىتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1920-يىللىرى پىلانلانغان ئىنقىلابىي ئىستراتېگىيەدە شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن ئۈچ ئېھتىماللىق پىلانلانغان. بىرى، سوۋېت ۋە تۈركىيەنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن ھەم ھىندىستانغا تۇتاشقان بىر كۆۋرۈك سۈپىتىدە ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر پارچىسى بولۇش. ئىككىنچى، ختاي چېگرا رايونىدىكى بىر ئايرىم مىللەت بولۇش ۋە پۇرسەت پىشقاندا موڭغۇلىيەگە ئوخشاش ختاي مۇستەملىكىچىلىكىدىن ئازاد بولۇش. ئۈچىنچى، ختاي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئارقىلىق غەلىبە قىلىش بولۇپ شۇ چاغلاردا مىللەتچى ختايلار بىلەن كوممۇنىست ختايلار سوۋېتنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بىرلەشكەن ئىدى. ئەمما، بۇ پىلانلارنىڭ ھېچ بىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ رايوندىكى يېتەكچىلىك مەسىلىسى ھەل قىلىنمىغان، ئەمما ئۇلارغا تەشكىللىنىش ۋە خەلققە خىتاب قىلىش شارائىتى يارىتىلغان.

1921-يىلىدىكى شىنجاڭلىق مۇھاجىرلارنىڭ قۇرۇلتىيىدا يۇقىرىقىدەك بىرەر مەقسەت يوق ئىدى. ئەمما بۇ يىغىن كىچىك بىر گۇرۇپپا جەدىتچىلەرنىڭ قەشقەرلىكلەر دۇكان ئاچىدىغان بازار ۋە ئىشلەيدىغان ئېتىزلاردىن يىراق بولغان يەتتەسۇدا يېتىشتۇرگەن ئۇيغۇرلۇق چۈشەنچىلىرىنى ئاممىغا تېخىمۇ كەڭرى تارقىتىشى ئۈچۈن بىر سورۇن ھازىرلاپ بەردى. 1920-يىللارنىڭ باشلىرىدىكى داۋالغۇشلۇق بىر مۇھىتتا، كىشىلەر بۇ ئاتالغۇدىن پايدىلىنىپ سوۋېت سىياسىتىدىن مەنپەئەتلىنىشنى داۋاملاشتۇردى. بۇ دەسلەپكى مەزگىل ئۇيغۇر مىللىتى ھەققىدە سۆز ئېچىشقا ئاساس سالغۇچى بىر مۇھىم دەۋر بولۇپ، نەتىجىدە 1924-يىلى سوۋېت تۈركىستانى يەرلىك مىللەتلەرگە ئايرىلغان چاغدا ئۇيغۇر مىللىتى مىللەت ئايرىشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكەن ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەر قايسى مىللەتلەر ئۈچۈن جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى سوۋېت دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسى دەپ قارىلىدۇ. دەل مانا شۇ مەزگىلدە شىنجاڭلىق مۇسۇلمانلار ستالىننىڭ مىللەت ئېنىقلىمىسىغا تولۇق ئۇيغۇن بولغان، ھەقىقىي مەۋجۇت بولغان بىر ئۇيغۇر مىللىتى سۈپىتىدە پىكىر قىلىشقا باشلىغان. گەرچە مىللەتلەرگە ئايرىش ئۇيغۇر مىللىتى سۈپىتىدە سۆزلەش ئۈچۈن بىر پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، بۇ يەنە بۇ ئىدىيە نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ئاجىز ھەمكارلىققا تەھدىت سالغان ئىدى. چۈنكى،

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېڭى سىياسىي چېگراسى شىنجاڭلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى بۆلۈنۈشنى چوڭقايتىۋەتكەن ئىدى.

سوۋېتلار سىياسىتىنىڭ دۆلەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا قېلىپلاشقان بىر فورما يارىتىپ بەرگەنلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا شارائىت ھازىرلىغانلىقى بىر ئەمەلىيەت بولۇپ، سوۋېتلار ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ پروجېكتقا پىلانلىق قاتناشقانلىقى ياكى تۈرتكە بولغانلىقىغا ئائىت ھېچ بىر ئىسپات يوق. سوۋېت رەھبەرلىرى شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا بولۇۋاتقانلار ئىشلاردىن ئاساسەن خەۋەرسىز بولۇپ ئۇيغۇر مىللىتىنى ئېتىراپ قىلىش مەسىلىسىدىمۇ ھېچ بىر پوزىتسىيە بىلدۈرگەن ئەمەس. بۇندىن باشقا سوۋېتتىكى شەرقشۇناسلار ۋە مىللەتشۇناسلارنىڭمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىش مەسىلىسىگە ئاربلاشقانلىقىغا دائىر مەلۇمات يوق. ئەگەر شەرقشۇناس بارتولدتىن ئۇيغۇر ھەققىدە مەسلىھەت ئېلىنغان بولسا ئۇ ئۇيغۇر مىللىتى دېگەن ئۇقۇمنى مەسخىرە قىلغان بولاتتى. 1925-يىلى ئۇ ئۇيغۇر دېگەن ئاتالغۇ ھەققىدە «ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەڭ ئۇقۇمۇشلۇقلىرىمۇ ئۆز يۇرتىنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە غۇۋا چۈشەنچىدە» دەپ يازغان. 1930-يىلى سوۋېت تۈركولوگلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيتى ھەققىدە باھا بېرىشكە چاقىرىلغاندا ئۇيغۇر ئاتالغۇسى ئالللقاچان قوبۇل قىلىنىپ بولغان ئىدى. ئۇيغۇر نامىنى تىرىلدۈرۈشتە ئەڭ قىزغىن پىكىردە بولغانلار ۋە ھەمكارلاشقانلار مۇھاجىر مۇسۇلمان قېرىنداشلار بولۇپ، ۋولگا رايونىدىكىلەر بەكرەك پىداكارلىق كۆرسەتكەن. سوۋېتتە مىللەتلەرنىڭ ئايرىلىشىدا ئىلىم ئەھلىنىڭ تۆھپىسى ۋە سىياسەتنىڭ تۈرتكىسىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا بۇلاردىن پۈتۈنلەي پەرقلىق بىر يولنىڭ بولغانلىقىنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئىنقىلابى دۇنيادىكى شىنجاڭ

سوۋېتنىڭ شىنجاڭغا قىزىقىشى ئىنقىلابى ئېھتىياج ئۈچۈن بولغانلىقى پاكىت ، ئۇندىن باشقا ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشمۇ ئەلۋەتتە مۇھىم بىر مەقسەت ئىدى. دەسلەپدە ، ئۇلار يەتتەسۇدىكى ئاچارچىلىقنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرىغا ئېھتىياجلىق بولدى ؛ 1920-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بولسا چەتئەل رىقابەتچىلىرىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن سوۋېت ماللىرى شىنجاڭدا تۆكمە قىلىپ سېتىلدى. ئون نەچچە يىلغا قالماي سوۋېت باشقا رىقابەتچىلىرىنى يېڭىپ شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ جان تومۇرىنى ۋە بايلىقلىرىنى كونترول قىلدى ۋە بۇ ئارقىلىق مۇستەملىكىچىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىلماقچى بولغان ھۇجۇمىغا تەييارلىق كۆردى. سوۋېتلەر ختاي چېگراسىدىكى پائالىيەتچىلەر، دىپلوماتىك ئىتتىپاقداشلار ۋە سودا شېرىكلىرىنى تېپىش ئارقىلىق ئۆز ھۆكۈمىتىنى مۇستەھكەملىمەكچى ئىدى. ئۇلار بۇ ئېھتىياج بىلەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋەدە قىلغان يېڭى ئىنقىلابى كېڭەيمىچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك ھالەتنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئىدى. بۇ جەريان پائالىيەتچىلەردىن پارتىيەنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان قارارلىرىغا تېخىمۇ قاتتىق ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. نەتىجىدە بەزىلەر بۇيرۇق ساقلاپ كۈتۈپ ئولتۇردى ، يەنە بەزىلەر مۇستەقىل ۋە تەشكىلسىز ئىنقىلابى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

1920-1930-يىللاردا شىنجاڭ ئاھالىسى سوۋېت بىلەن چېگرىلىنىدىغان باشقا بىر قانچە يەرلەردىكى كىشىلەرگە ئوخشاش بولشېۋىكلەر ئىنقىلابى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئۆزگىرىشلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلغان ۋە ئۇلار بىلەن بىر سەپتە بولۇش ياكى بولماسلىقنىڭ پايدا - زىيىنى ھەققىدە بەس-مۇنازىرە قىلغان ئىدى. ئۇيغۇر كىملىكى مەسىلىسى بۇ خىل چوڭقۇرراق سىياسىي مەسىلىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان بولۇپ ، تاكى 1949-يىلى شىنجاڭ ختاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئۆتكەنگە قەدەر ھەل بولمىغان ئىدى. رۇسىيە بىلەن ئىنقىلابتىن بۇرۇن مۇناسىۋەت ئورناتقان شىنجاڭدىكى بەزى كىشىلەر ئۈچۈن سوۋېتلار بىلەن

ماسلىششتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. چېگرا ئاتلاپ تۇرىدىغان سودىگەرلەر شىنجاڭدىكى سوۋېتپەرەسلەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەنلىرى ئىدى. 1920-يىلى ئامېرىكىلىق تەۋەككۇلچى ئوۋېن لەتتىمور تۇرپاندا بىر پاختا سودىگىرى بىلەن ئۇچراشقان (بەلكىم مەخسۇت مۇھىتى بولۇشى مۇمكىن)، ھەمدە رۇسچە بىلىدىغان ۋە ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ قارايدىغان بىر ياشنى كۆرگەن (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بولۇشى مۇمكىن). بۇ ئۇيغۇر مىللەتچىسى بولمىش ياش شۇ يىللاردا رۇسىيەنىڭ نىژنى - نوۋگورد شەھرىدىكى سودا يەرمەنكىسگە ئىككى قېتىم قاتناشقان ۋە شۇ يەردىن بىر جۇپ ئۆتۈك ئېلىپ، تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىپ قايتىپ كەلگەن.

شۇ دەۋردىكى شىنجاڭدا بۇنداق تەرەققىيپەرۋەرلەر تولىمۇ ئاز ئىدى. سوۋېتلار ئىتتىپاقىنىڭ مىللەت بەرپا قىلىش سىياستى بىلەن مۇناسىۋەتى بولمىغان شىنجاڭدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەرگە نىسبەتەن 1920-يىللاردا «ئۇيغۇر» دېگەنلىك كوممۇنىست دېگەن گەپ ئىدى.

شىنجاڭنىڭ سوۋېتلىشىپ كېتىشىدىن ساقلانماقچى بولغانلارنىڭ تاللىشى ئادەتتە خىتاي بىلەن ئورتاق سىياسىي مەپكۇرىگە ئىگە بولۇش بولاتتى. خىتاينىڭ ئىمپېرىيەدىن جۇمھۇرىيەتكە كۆچۈشى تولۇق بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ قالدۇقلىرى 1920-يىللىرى يەنىلا مۇسۇلمانلار ئاپتونومىيەسىنىڭ قورغىنى سۈپىتىدە قارىلاتتى. شىنجاڭدىكى ۋاڭلارنىڭ كۈچى گەرچە 18-ئەسىردىكى يېڭىدىن بەرپا بولغان ۋاقتىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا پايتەخت بىلەن باغلىنىشى بولغان يۇقىرى قاتلام مۇسۇلمانلىرىغا تەۋە ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا پايتەختتە «مۇسۇلمانلار» نىڭ خىتايدىكى 5 ئىرقنىڭ بىرى سۈپىتىدىكى ئورنى ھەققىدە تالاش — تارتىشلار بولۇۋاتقان ئىدى. بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە، شىنجاڭدىكى تۈركچە سۆزلەيدىغان مۇسۇلمانلار بىلەن خىتايچە سۆزلەيدىغان مۇسۇلمانلار (تۇڭگانلار) نىڭ ھەمكارلىشىش مۇمكىنچىلىكى ئىدى. بەزىلەر بۇ

خىل ھەمكارلىقنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر بىۋاستە ھالدا ئىچكىرى خىتايدىكى گومىنداڭچىلار بىلەن ئالاقە باغلاشنى، بۇ ئارقىلىق جەدىتچىلەرنىڭ خىتاي جۇمھۇرىيەتچىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش نىشانىنى قايتىدىن يولغا قويۇشنى ئىستەيتتى. بۇ خىل ئىدىيەدىكى كىشىلەر سوۋېتتىكى ئۇيغۇر كىملىكىگە قارشى بىر مەيداندا بولۇپ، ئۇلار تۈركى تىللىق مىللەتلەرنىڭ بىرلىكىنى تەكىتلەيدىغان پانتۈركىزملىق ئىدىيە بىلەن سۈن جوڭسەننىڭ خىتايدىكى مۇسۇلمانلارنى «ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركلەر» دېگەن كۆز قارىشىنى بىرلەشتۈرگەن ئىدى. ئۇندىن باشقا شىنجاڭ يەنە سوۋېت زۇلۇمىدىن قېچىپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن پاناھ جايلىق رولىنىمۇ ئوينىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى تۈركچىلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار ئىدى. شىنجاڭدىكى بۇ مۇھاجىرلار ئارىسىدا سوۋېتچە مىللەت ئۇقۇمىنى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن بىر قىلتاق دەپ قارايدىغان بىر توپ كىشىلەر بار ئىدى (مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، ئىيسا ئالىپتېكىن ۋە مەسئۇد سەبرى بايقوزى- تەرجىماندىن). بۇ خىل كۆز قاراش 1940-يىللاردا گومىنداڭ بىلەن ھەمكارلاشقان مۇسۇلمانلارنىڭ تەشۋىقاتىدا كەڭ ئورۇن ئالغان ئىدى.

رۇسىيە ئىنقىلابى بىلەن كۈنتەرتىپكە كەلگەن شىنجاڭ مەسىلىسى 1930-يىللاردا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭ سەۋەبلىك كۆزگە تېخىمۇ چېلىقتى. مەن بۇ ۋەقە ھەققىدە كىتابىمنىڭ ئاخىرقى بابىدا توختىلىمەن. بۇ قوزغىلاڭ شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى قۇمۇلدىن باشلىنىپ دەسلەپ گەنسۇدىكى تۇڭگانلارنىڭ، كېيىن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋە ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قول تىقىشى بىلەن ئاياغلاشتى. بىر نۇقتىدىن قارىغاندا بۇ ئىنقىلاب مۇسۇلمانلارنىڭ چىڭ ئىمپېرىيەسىدىن قالغان قىسمەن ئاپتونومىيەسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىركىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزىلەر بۇنى مىللىي ئازادلىق يولىدىكى كۆرەشنىڭ باشلىنىشى دەپ قاراشقا مايىل. بۇ ئىنقىلابنىڭ نەتىجىسى بولغان قىسقا ئۆمۈر كۆرگەن شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىر زامانىۋى ئىسلام چۈشەنچىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمەلگە ئېشىشى بولۇپ، يا سوۋېتنىڭ ياكى خىتاي جۇمھۇرىيەتچىلىرىنىڭ قېلىپلىرىغا

چۇشمەيتتى. بۇ ھەقتىكى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ۋە شىنجاڭدىكى ئەسلىملەردە تىلغا ئېلىنىدىغان بايانلارغا چوڭقۇرراق ئاساس بولىدىغان قولىمىزدا يەرلىك مەنبەلەردىن ھۆججەتلەر بولمىغىنى ئۈچۈن تەپسىلاتىغا ئامالسىز قالدۇق. ئەمما ، سوۋېت ئارخىپلىرىنىڭ ئېچىلىشى 1931-1934 -يىللاردىكى ۋاقىئەلەر ھەققىدە بىزنى ئوخشىمىغان يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەرگە ئىگە قىلدى ، بولۇپمۇ بۇ قوزغىلاڭ ھەققىدىكى سىياسىي بيۇرو ، ئارمىيە ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئىككىلىنىشلىرى ھەققىدە يېڭى مەلۇمات بەردى. مەن كىتابىمدا بۇ ماتېرىياللارنى گەرچە بىرىنچى بولۇپ ئىشلەتمىگەن بولساممۇ ، ئەمما بۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر سىياستى نۇقتىسىدىن تۇرۇپ ئانالىز قىلدىم ، ھەمدە سوۋېت سىياستى بىلەن ئۆكتىچى ئۇيغۇر كوممۇنىستلار ۋە شىڭ شىسەي دەۋرىدە ئىشلىگەن ، سوۋېتتا تەربىيەلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئىزدەندىم. مەن يەنە موڭغۇلىيە ئارخىپلىرى ئارقىلىق قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قانداق ھەمكارلىقلارنىڭ بولغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تىرىشتىم.

ئۇرۇمچىدە سوۋېت قوللىغان ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ، ئۇيغۇرلارنىڭ 1934-يىلى شىنجاڭدا مىللەت بولۇپ رەسمىي ئېتىراپ قىلىنىشى بىلەن بۇ كىتاب ئاياغلىشىدۇ. شۇ چاغدا شىڭ شىسەي ئۇيغۇرلارغا مەدەنىيەت جەھەتتە ھوقۇق بېرىش ئارقىلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن قوزغىلاڭ تەھدىتىدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن ھەمكارلىشىدۇ. بۇ شىنجاڭدىكى مۇشۇ خىل بىر يۈرۈش سىياسەتنىڭ تۈنجىسى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى بۇ سىياسەت خۇددى ھازىرقى ۋەزىيەتكە ئوخشاشلا زىددىيەتلەر بىلەن تولغان ئىدى. ئۇيغۇر مىللىتى ئۇقۇمى يا سوۋېتنىڭ ياكى خىتاينىڭ ئوتتۇرا قويغان پىلانلىق سىياستى ئەمەس ئىدى. بۇ ئۇقۇمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش جەريانىنى بۇلار پۈتۈنلەي كونترول قىلغانمۇ ئەمەس ئىدى. سوۋېتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مىللەت ئۇقۇمى ھەم رەسمىي قانۇنلار بىلەن ھەم 1930-يىللاردا ئۆكتىچى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنىگە قېچىپ كېلىشى بىلەن شىنجاڭغا تارالغان. سوۋېتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مىللەت ئۇقۇمى شىنجاڭدا مۇسۇلمانلارنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىشى ، قارشىلىق كۆرسىتىشى ، شۇنداقلا

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ باشقا مىللەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە سىياسىي نوپۇز بىلەن قىلغان مۇرەسسەلىرى جەريانىدا ئەمەلگە ئاشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتلىشىشى ياكى دۆلەت تەرىپىدىن تەستىقلانغان تىپىك بىر مىللەتلىشىش ھەرىكىتى ئەمەس ، ۋە ياكى مۇستەملىكە دۇنياسىدىكى مىللىي ئازادلىق كۆرىشى ئەمەس بولۇپ ، ئۇيغۇرلار ھەر ئىككىلا جەھەتتە ئاسىياغا قارىتىلغان كوممۇنىستىك نىشان بىلەن سوغۇق بىر مۇناسىۋەتتە بولغان ئىدى.

## بىرىنچى باب.

## خىتايغا تەۋە تۈركىستاننىڭ زېمىنى ۋە خەلقى

20-ئەسىردىكى ئۇيغۇرلۇق چاقىرىقى بىر ئۇزاققا سوزۇلغان ، يوقىتىلغان ۋە قايتا تېپىۋېلىنغان مىللەتلىشىشنىڭ ھېكايىسىنى يېزىپ چىقتى. ئۇيغۇرلۇق ھەققىدىكى بۇ قىسسە تارىخى ۋە ئەدەبىي مىراسلار ئارقىلىق بېيىپ ، ئۆزىنى پارلاق بىر مەدەنىيەت دەۋرىگە تۇتاشتۇرىدۇ ، شۇنداقلا ئاخىردا ئاۋامنىڭ ئىناقسىزلىقى ۋە مۇستەملىكە سەۋەبلىك مەھرۇملۇققا چۈشكەنلىكى بىلەن خۇلاسە قىلىنىدۇ. بۇ شەكىلسىزكى بىر بۈيۈك قايتا تەبىرلەش ھەرىكىتىدۇر. بۇ ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويغان ئاۋانگارتلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلارنىڭ تارىخى چۈشەنچىلىرى پاكىت بولۇپ ، مەۋجۇت رېئاللىقتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق مەنبەلىكى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرغا مەلۇم جەھەتتىن ماس كېلەتتى. شۇڭا بۇ تەتقىقاتنى تۈنجى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى بىر ئەسلەپ چىقىش ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى خىتايغا تەۋە تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ بايانلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش بىلەن باشلاش كېرەك. ئۇيغۇرلۇق كىملىكى ھەققىدىكى بايانلار يۇقىرىدىن ۋە تۆۋەندىن ، باشقۇرغۇچى بىلەن باشقۇرۇلغۇچىنىڭ ئۆز-ئارا تەسىرىدىن ، ھەمدە خىتايغا تەۋە تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ تەسىرىدىن ئەمەلگە ئاشقان دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر كىملىكى گەرچە شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئىسلام ئەنئەنىسى ئاساسىغا بەرپا قىلىنغان بولسىمۇ ، ئۆزىنى يېقىندىن جانلىنىۋاتقان تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئىچىگە ناھايىتى ئەپچىل جايلاشتۇرغان. بىز بۇ خىل ئۆزگىرىشنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى شەرقشۇناسلار ۋە تۈركولوگلارنىڭ تۈركلەرنىڭ تارىخىنى قانداق يېزىپ چىققانلىقىغا قاراپ باقايلى.

خىتايغا تەۋە تۈركىستان ھەققىدىكى تارىخى مەنبەلەردە دۆلەتنىڭ پۇقرالارنى كۆچۈرۈش ، ئايرىش ۋە بېكىتىش ئىقتىدارى ، دىنىنىڭ ئالمىشىشى سەۋەبلىك يۈز بېرىدىغان مەدەنىيەتتىكى ئۆزگىرىش ، ئىلمىي ئەنئەنە ئەۋزەللىكى ۋە ئىزچىللىقىنىڭ خەلقلەر ۋە زېمىنلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەرقلەندۈرىدىغانلىقى قاتارلىقلارغا دۇچ كېلىمىز. شىمالنى (جۇڭغارىيە) تاغ ۋە ئوتلاقلار قاپلىغان، جەنۇبىدىكى (تارىم ئويمانلىقى) بوستانلىقلىرىدا ئولتۇراق ئاھالىلەر ياشايدىغان، ھازىر شىنجاڭ دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ دىيار ئۇزۇندىن بېرى تېرىمچىلار (دېھقانلار) بىلەن چارۋىچىلارنىڭ قوشۇلۇش بەلۋېغى بولۇپ كەلگەن. بۇ يەردىكى بوز قىرلاردىن يۈكسەلگەن ۋە يىقىلغان خانلىقلار بۇ زېمىننىڭ تارىخىدا بەلگىلىك ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتساق ئۈچ مۇھىم مەزگىل ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ: بىرى موڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خاراب بولۇشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشى؛ يەنە بىرى بۈيۈك ئۇيغۇر ئېلىنىڭ (ھازىر تارىخ كىتابلىرىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دېيىلمەكتە، ئەمما ئەسلى ئۇيغۇرچە مەنبەلەردە مەزكۇر ئەل بۈيۈك ئۇيغۇر ئېلى دېيىلگەن - تەرجىماندىن) چىڭگىزخاننىڭ دۇنياۋى ئىمپېرىيەسىگە تەۋە بولۇشى؛ ئۈچىنچىسى 17-18-ئەسىرلەردىكى جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئىبارەت. بۇ ھاكىمىيەتلەرنىڭ قالدۇق باشقۇرۇش شەكلى ۋە خەلق ئىچىدە قالدۇرغان تەسىرى تاكى 1750-يىلى چىڭ سۇلالىسى بېسىۋالغۇچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقى قىسمى بولغان بۇ رايوننىڭ قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغان ئىدى.

## بوزقىردىن ئېكىنگىچە: ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇرىستان

مىلادى 6-ئەسىردە ئۇيغۇر ئىسىملىك بىر چارۋىچى خەلق تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈرك ئىمپېرىيەسى ئارىسىدىكى تۇپراقلارنى ئىستىلا قىلغان بىر نەچچە خەلقلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە تارىخ بېتىگە كىرىپ كەلدى. ئۇلار تۈركلەر بىلەن ئورتاق تىل ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە خەلقلەرنىڭ بىرى ئىدى. 8-ئەسىردە تۈرك ئىمپېرىيەسى غۇلىغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا پۇرسەت كەلدى ۋە موڭغۇل دالاسىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ بىر ئىمپېرىيە قۇرۇپ چىقتى. خىتاي تارىخنامىلىرىدە بۇ دۆلەتنىڭ «ئىچكى» قەبىلىگە مەنسۇپ سەرخىللاردىن تەشكىللىنىپ «تاشقى» قەبىلىلەرنى ئەتراپىغا توپلىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەل (كونفېدېراتسىيە) بىر ئەسىر ئەتراپىدا مەۋجۇت بولغان بولۇپ ئاخىرىدا شىمالدىن كەلگەن تاجاۋۇز سەۋەبلىك تارمار بولغان. شۇنىڭ بىلەن

ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبقا قېچىپ تاڭ سۇلالىسى تۇپراقلىرىغا يەرلەشكەن، قالغانلىرى گەنجۇ (كەڭسۇ)، قۇمۇل ۋە تۇرپان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خىتاي ئارىسىدىكى «ئادەمسىز رايون» دىكى بوستانلىقلارغا ئورۇنلاشقان. بۇ ئۇيغۇر خانلىقلىرى قوشنا ئەللەر (ئىران ۋە خىتاي) نىڭ بۇددىزمنى قوبۇل قىلىپ ئۆزاققا قالماي بۇ يەرلەردە گۈللەنگەن ۋە مىللىيلاشقان بىر تۈرك بۇددىزم مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇرىستان دېگىنىمىز مۇسۇلمان جۇغراپىيە ئالىملىرى بۇ رايونغا قويغان بىر ئىسىم بولۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى دېگەن مەنىدە.

ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى غەربتە كۇچادىن تاكى بۈگۈنكى قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆل ئەتراپىغىچە كېڭەيگەن. خىتايچە مەنبەلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىتتىپاقىغا ئەزا قارلۇق قەبىلىسىگە ئوخشاش پامىرغا قەدەر يېتىپ بارغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ دائىرىدە قاراخانىيلار خانلىقى بۇ خىل قەبىلىلەر ئارىلاشمىسىدىن مەيدانغا چىققان بولۇپ، بۇ سىياسىي گەۋدە 20-ئەسىردە شەكىللەنگەن بىر مۇسۇلمان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى ئۈچۈن ئۇيغۇرىستانغا ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. قاراخانىيلار تۇنجى بولۇپ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ۋە تۈرك ھاكىمىيەت ئەنئەنىسىنى داۋام قىلغان خانلىقتۇر. قەشقەر ۋە ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى بالاساغۇننى قوش پايتەخت قىلغان بۇ خانلىق تەكلىماكاننى بويلاپ ھۇجۇمنى باشلاپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئىسلاملىشىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. 11-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە قاراخانىيلار بۇددىزم دۆلىتى بولغان خوتەننى ئالغان ۋە ئۇيغۇرىستانغا يېقىنلاشقان. ئۇيغۇرىستان (تۇرپان ۋە بەشبالىقنى قوش پايتەخت قىلغان خانلىق - تەرجىماندىن) بىلەن بولغان كۈرەش داۋام قىلغان، ئەمما قىتانلارنىڭ بېسىپ كىرىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى چىڭگىز ئىستېلاسى بىلەن بۇ ماجىراغا چېكىت قويۇلغان. خوتەن ۋە ئۇيغۇرىستان بۇددىستلىرىغا قارشى كۈرەشنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە تارىم ئويمانلىقىدا يەرلىك ئەۋلىيالار ئەنئەنىسى ۋۇجۇدقا كېلىپ، غازاتچىلار ۋە ئۆزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا باغلايدىغان شېھىت ئىماملارنىڭ ساختا قەبرىسى ئالقىشلىق زىيارەتگاھ بولۇپ ساقلىنىپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاراخانىيلار خانى سۇتۇق بۇغراخان (950-930 يىللىرى دەۋر سۈرگەن) نىڭ ئارتۇچنىڭ سىرتىدىكى ھەقىقىي قەبرىسى بولسا ئەسىرلەر ئۆتكەنچە تېخىمۇ ئاۋاتلاشقان.

ئۇلتۇراق شەھەر ھاياتى ئۇيغۇرىستان ئاھالىسىگە ھەم بەخت ياراتتى ھەم ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كەلدى. 13-ئەسىرنىڭ بېشىدا موڭغۇللار ئۇيغۇرلارنىڭ ساۋاتلىق ھالىتىگە بەكمۇ قول قويغان ۋە نەتىجىدە ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل ئوردىلىرى ۋە ئارمىيەسىدە ئۇيغۇر پۈتۈكچىلەرنى ئىشلىتىپ، ئۇلارنى ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ قىرغاقلىرىغىچە تارقاتقان ئىدى. ئۇيغۇر يېزىقى ئىمپېرىيەنىڭ دۆلەت يېزىقى سۈپىتىدە موڭغۇللارنىڭ ئايىغى تەگكەنلىكى يەرلەرگە يېتىپ باردى. ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىقلىرى يۈەن سۇلالىسى (1368-1271) مەزگىلىدە ئەمەلدار ۋە ئىلمدارلىق سالاھىيىتىدە ئەتىۋارلاندى. خانلىق يىمىرىلگەندىن كېيىن بۇنداق ئىلمدار ۋە ئەمەلدار بولغانلارنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇرىستانغا قايتقان، يەنە بىر قىسمى كورېيەگە كەتكەن. بەزىلىرى خىتاينىڭ جەنۇبىدا تۇرۇپ قالغان ۋە كېيىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ بۈگۈنكى تۇڭگانلارنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان. ئۇيغۇرلاردىن چىڭگىزخاننىڭ تۇنجى ئوغلى جوچىنىڭ يۇرۇشلىرىگە قاتنىشىپ بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە رۇس تۇپراقلىرىغا كەتكەنلەر نەچچە ئەسىردىن كېيىن ئۆزبېك نامىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى قاتارىدا تۈركىستانغا قايتىپ كەلگەن. يەنە بەزىلىرى بولسا ئىراندىكى ئىلخانلار ۋە ئاناتولىيەدىكى سالجۇقلار زامانىدا گەۋدىلىنىپ شۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. 14-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا موڭغۇللارنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى ھاكىمىيىتى يىمىرىلگەندىن كېيىنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان دۇنياسىدا تەسىرى ساقلانغان، مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردىن ئاناتولىيە تۇپراقلىرىغا كەلگەنلەر ئەرەتنا **ئۇيغۇر** دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققان.

جاي-جايلارغا چېچىلىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى بىر مىللەت دەپ قارىغانلىقى ياكى ئۆزىنى مۇھاجىرەتتە بىللە ياشىغان جامائەتنىڭ بىر پارچىسى دەپ قوبۇل قىلغانلىقى ھەققىدە ھۆكۈم چىقارماق ئاسان ئەمەس. يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە خىتايغا بارغان ئۇيغۇر ئالىم ۋە سىياسىيونلىرىنىڭ بالىلىرىغا ئۇيغۇرچە ئىسىم قويغانلىقى ۋە ئۇيغۇرىستان بىلەن ئالاقىسىنى

ساقلاپ قالغانلىقى ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىتاي زىيالىيلار قاتلىمىغا ماسلاشقانلىقى مەلۇم. ئەمما ئۇيغۇرىستاننىڭ ئۆزگىچە سىياسىي ۋە دىنى كىملىكى يوقالغانلىقى تۈپەيلىدىن مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇرىستان ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى قاراشلىرىدا ئاجىزلاش بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. موڭغۇل ئىمپېرىيەسى يىمىرىلگەن مەزگىلدە ئۇيغۇرىستان چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي نامى بىلەن ئاتالغان چاغاتاي ئۇلۇسى بىلەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان ئىدى. سەمەرقەنتتىكى ئەمىر تۆمۈر ئوردىسىغا كەلگەن مىڭ سۇلالىسى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ مەلۇماتىچە تۇرپان ، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە ياشىغان. چېن چېڭ (1365-1457) دېگەن ئەلچىنىڭ مەلۇماتىچە ، بۇددىست ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تىلى ئوخشاش بىر تۈرك تىلى بولسىمۇ دىنى ۋە بىر قىسىم ئادەتلىرى پەرقلىق بولغان. مەسىلەن ، مۇسۇلمان ئۇيغۇر ئەرلەر چېچىنى قىرقىپ يۈرسە بۇددىستلار ئۇزۇن قويۇۋەتكەن ؛ مۇسۇلمان ئۇيغۇر ئاياللار ئاق كىيىنسە ، بۇددىست ئاياللار قارا ياغلىق ئارتقان.

15-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىڭ ئوردىسى ئۆزىنىڭ ھەربىي بازىلىرىنى ئۇيغۇرىستان دائىرىسىگە كېڭەيتىش جەريانىدا ئۇيغۇرلاردىكى بۇنداق پەرقلەرنى ھېسابقا ئالغان بولۇپ ، 1406-يىلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى قۇمۇلدىكى چاغاتاي نەسلىدىن بولغان بىر بۇددىست ئاقسۆڭەككە ساداقەتمەن ۋە ئىتائەتچان خان (جوڭ شۇن ۋاڭ) دېگەن ئاتاقنى ھەدىيە قىلغان. بۇ خان قۇمۇلدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ۋە خالا خۇي (بەلكىم موڭغۇللار بولۇشى مۇمكىن )(خۇددى سېرىق ئۇيغۇرلار دېيىلگەندەك قارا ئۇيغۇرلار بولۇشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە بۇ يەردىكى قارا رەڭ مەنىسىدە ئەمەس-تەرجىماندىن) دېيىلىدىغان كىشىلەرگە ھامىيلىق قىلىدىغان ئۈچ ھەربىي ئەمەلدارنى باشقۇرىدىغان ئورۇندا بولغان. گەرچە بۇ ئۈچ گۇرۇپپا كىشىلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەتتىكە مەنسۇپ پەرقلەر تەدرىجىي ئېرىشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما تەشكىلى پەرقلەر سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىم بىر جامائەت شەكلىدە ساقلىنىپ قالغانلىقى بولۇپمۇ خىتاي مەنبەلىرىدە تەكىتلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

16-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۈچى خاراب بولغان، ئۇيغۇرىستان مۇسۇلمان بولغان چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ قولىغا قالغان دەۋر ئىدى. مىڭ سۇلالىسى بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش جەريانىدا بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى گەنسۇ كارىدورىغا قېچىپ كەتكەن ۋە سۇجۇ (ھازىرقى جاڭ يې)، گەنجۇ قاتارلىق چېگرا بازارلىرىغا ماكانلاشقان. چاغاتاي غازاتچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى غەلىبىسىدىن كېيىن سوپى تەرىقەتچى دىن تارقاتقۇچىلار ئۇيغۇرىستاننى كېزىپ يۈرۈپ قېلىپ قالغان دىنسىزلارنى ئىمانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈچىگەن. مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئاخىرقى بايان 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى سەمەرقەنتتىكى نەقشىبەندى تەرىقىتىگە مەنسۇپ سوپى ئىسھاق ۋەلىنىڭ تەزكىرىسىدە ئۇچرايدۇ. تەزكىرىدە دېيىلىشىچە ئەۋلىيانىڭ بىر مۇرىتى يەكەندىن سۇجۇ (ھازىرقى جاڭ يې) شەھىرىگە سەپەر قىلىپ يولدا خوجا ئابدۇساتتار ئىسىملىك بىر قازىنىڭ ئۆيىدە قونىدۇ. ئۇنىڭ قىزى ئېغىر كېسەل بولۇپ، ئىسھاق ۋەلى بىر كارامەت كۆرسىتىپ يىراقتىكى يەكەندىن نامايان بولىدۇ ۋە قىزنى داۋالايدۇ. دەل شۇ چاغدا بۇ كارامەت سەۋەبىدىن خوجا ئابدۇساتتارنىڭ ئەتراپىغا توپلاشقان ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق كاپىر ئۇيغۇر مۇسۇلمان بولىدۇ ۋە مۇقەددەس ئەۋلىيا ئىسھاق ۋەلىگە قول بېرىپ مۇت بولىدۇ.

ئىسلامغا تولۇق ئېتىقاد قىلىش ئۇيغۇرلارنى تۈرك تىللىق مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ شەرقى چېگراسىغا ئايلاندۇرغان بولۇپ، ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي مەركىزى ياركەنتتە ئىدى، ئەمما مەدەنىيەت جەھەتتە ئۈلگە تىمۇرىلەر ئوردىسى جايلاشقان سەمەرقەنت ۋە بۇخارادىن ئېلىناتتى. يېڭى ئېتىقاد نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تىلىمۇ چاغاتاي دېيىلىدىغان بىر يېڭى دەۋرگە كىردى، سوپىزملىق شېئىرىيەت ۋە تەزكىرىچىلىك گۈللەندى. بۇ جەرياندا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قېلىپ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىق ئومۇملاشتى، تىلدىمۇ يۇغۇرۇلۇش بولۇپ، يەرلىك ئۇيغۇر دىئالېكتى تارىم ئويمانلىقى ئۆلچەملىك تىلى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىندى. 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە مىڭ ئوردىسىدىكى تۇرپان ۋە قۇمۇللار بىلەن ئالاقە قىلىش ئۈچۈن تىل يېزىلىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگەنگەن

تەرجىمانلار ئۆزىنىڭ بۇ يېزىقتىكى ئىقتىدارىنىڭ مودىدىن قالغانلىقىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇرۇن تېخىمۇ يىراق غەربتىكى مۇسۇلمان ئەللەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان «مۇسۇلمانلار بۆلۈمى» گە تەقسىم قىلىنغان. بۇ تەرجىمە بۆلۈملىرى نەشر قىلغان تىل قوللانمىسى كىتابلىرىدا يېزىقنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىققا ئۆزگەرتىلگەنلىكى ئەكس ئەتكەن. «مۇسۇلمانلار بۆلۈمى» ئىشلەتكەن سۆزلۈكلەردە تۇرپان ۋە ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ ختاي تىلىدىكى ئىسمىمۇ ئۆزگەرگەن شەكىلدە ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، تىل تۇركي دەپ خاتىرىلىنىپ يەر تۇركستان دېيىلگەن.

## تۇرك- موڭغۇل ئەنئەنىسى

چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە بۇ زېمىن دىنى ئىسلام، تىلى تۇركچە بولغان موغۇل سەرخىللەرنىڭ نامىغا ئۇيغۇن موغۇلستان دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن ئۇيغۇرستان دېگەن بۇ سىياسىي بىرلىكمۇ تارىخ سەھنىسىدىن يوقىلىشقا باشلىغان. چاغاتاي ئۇلۇسى دەسلەپ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى مەركەز قىلغان بولۇپ موغۇلستان دېگەن سۆزمۇ تەڭرىتاغلىرى ۋە بۈگۈنكى جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى رايونلارنى كۆرسەتكەن. بۇ رايون ئەسلى ئەنئەنىنى ساقلىغۇچى موغۇللار ياخشى كۆرىدىغان زېمىن بولۇپ، بۇ چاغدا ئۇلارغا نەۋرە كېلىدىغان تىمۇرىلەر ماۋەرەئۇننەھرگە (سىر ۋە ئامۇ دەريا ئارىسىدىكى رايون) ھۆكۈمدار ئىدى. دەسلەپ تارىم ۋادىسىغا كۆچكەن موغۇللار ئۆزىنى موغۇلستاندىن ئايرىلىپ قالغاندەك ھېس قىلىشقان. چاغاتايلار 16-ئەسىرنىڭ بېشىدا تارىم ۋادىسىدىكى يەكەندە ئوردا قۇرغاندىن كېيىن موغۇلستان دېگەن نام بۇ جايلارنىمۇ كۆرسىتىدىغان بولغان. بۇ چاغدا كۆچمەن موڭغۇللار ئاللىقاچان ئۇيغۇرلىشىپ ئەسلى كىملىكلىرىنى يوقاتقان بولسىمۇ موغۇلستان دېگەن بۇ نام ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بولۇپمۇ يازما ئەسەرلەردە داۋاملىق يادلىنىپ تۇرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چاغاتايلار تارىم ۋادىسىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىسلاملىشىشىغا ئەسكەرلەر ۋە سوپى شەيخلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن رەھبەرلىك قىلغان. خوجا دەپ ئاتىلىدىغان بۇ سوپىلارنىڭ بەزىلىرى يەرلىك بولسىمۇ كۆپىنچىسى بۇخارا تەرەپتىن كەلگەن نەقشىبەندى تەرىقىتىگە مەنسۇپ كىشىلەر ئىدى. دەۋىن دېۋىز ئېيتقاندەك ، ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىش ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كىشىلەرنىڭ ئاممۋى كىملىكىگە ئاساس ياراتتى. تارىم ۋادىسىدىكى مەشھۇر خوجىلار ۋە مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلار ئۆزىنى بۇ زېمىندىكى ئىسلامى ھاكىمىيەتنىڭ ۋارىسلىرى قىلىپ ئىسپاتلاش ئۈچۈن قاراخانىيلار بىلەن چاغاتايلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى ھاكىمىيەت ئەنئەنىسىنى بىرلەشتۈرمەكچى بولۇشاتتى. بۇنداق بىرلەشتۈرۈش جەريانىغا ئەڭ چوڭ تۆھپە قوشقان كىشى 16-ئەسىردە ئۆتكەن خوجا مۇھەممەد شەرىپ بۇزرۇكۋار دېگەن كىشىدۇر. بۇ كىشى تارىم ۋادىسىنى كېزىپ بۇ زېمىندا ئىسلامنى يايغان قاراخانىيلار خانى سۇتۇق بۇغراخان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قەبرىسىنى بايقىغان ۋە ئۇلارنى يەكەن ئوردىسىدىكى چاغاتاي نەسىللىك شاھلار بىلەن باغلىغان ، ئۆزىنى بۇ باغنى ئۇلىغۇچى دەپ ئاتىغان. بۇنىڭ ئىچىدە دېمىسىمۇ ئۆز-ئارا نىكاھلىنىش ۋە شەجەرىلەردىكى خاتالىقلار ئىشەنچلىك مەنبەلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىگە يول ئاچقان بولۇپ ، نەتىجىدە خانلار ، ئەمىر (بەگ) لەر ۋە شەيخلەردىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان ھۆكۈمران سىنىپ ئۆزلىرىنى ئۆز-ئارا باغلانغان بىرلىك دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. 18-ئەسىردىمۇ بۇنداق بىرلەشتۈرۈش داۋام قىلغان بولۇپ ، شىنجاڭدىكى نەقشىبەندى خوجىلاردىن ئۆزلىرىنى تارىختىكى شانلىق چاغاتايلار ياكى قاراخانىيلارنىڭ ۋارىسلىرى ھېسابلاپ ، ئۆزىنى «خان خوجا» دەپ ئاتىغانلار بولغان.

ئىسلامغا كىرىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتراپىدىكى جامائەتلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشىنى تېزلەتكەن ۋە بۇ جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ تارىخى خاتىرىسىنى پۈتۈنلەي ئۆچۈرەلمىگەن. گەرچە غەيرىي دىنلار بىلەن باغلىنىشلىق بولسىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ بەزى بۆلىكىدە ئالاھىدە ھۆرمەتلىك ئورۇندا تۇرغان بولۇپ ، بولۇپمۇ مۇسۇلمان تۈرك ھۆكۈمدارلار ئىرانلىقلارنىڭ مەدەنىيەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە دۈچ كەلگەندە

ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە تايىنىپ تاقابىل تۇرغان. مەسىلەن ، سەمەرقەنتتىكى تىمۇرىلەر ئوردىسىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى 15-ئەسىردە قايتىدىن كەڭرى قوللىنىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. گەرچە زامانىمىزدىكى بەزى تىلشۇناسلار بۇددىزىم دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلار تىلىنى چاغاتايلار دەۋرىدىكى تىلدىن پەرقلىق ، دەپ قارىسىمۇ ، ھەممىسىلا ئارىدا كەسكىن بىر ئۈزۈلۈش بار دەپ قارىمايدۇ. مەسىلەن ، 15-ئەسىردىكى ئاپتور قىدىرخان ياركەندى دىۋانىنىڭ كىرىش قىسمىدا لۇتفى ، سەككاكى قاتارلىق چاغاتاي دەۋرىدىكى ئەدىبلەرنى «ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ ئۇستىسى ، تۈرك تىلىنىڭ كامىللىرى» دەپ مەدھىيەلىگەن. نەتىجىدە سىياسىي سەھنىدىن ئۆزاقلاشقان ئۇيغۇرىستان ئاتالغۇسى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەتتىكى ئۇستۇنلۈكى سەۋەبلىك داۋاملىق ساقلىنىپ قالغان. 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىدا بەلخلىق تارىخچى مەھمۇد ب. ۋەلى پۈتۈن يەكەن چاغاتاي خانلىقىنى «ئۇيغۇرىستان» دەپ ئاتىغان. شۇندىن بىر يېرىم ئەسىر كېيىن سەمەرقەنتتە ياشىغان قەشقەرلىك ئىلىم ئەھلى مۇھەممەد سادىر قەشقەرىمۇ ئەسىرىدە «ئۇيغۇرىستان» ئاتالغۇسىنى ئىشلەتكەن. ئۇيغۇرلار ئۆزىلا ئەمەس ، باشقا چەتئەللىكلەرمۇ بۇ ئىبارىنى ئىشلەتكەن ، مەسىلەن ، 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خىۋە خانلىقىغا كەلگەن ئىران ئەلچىسى رىزا قۇلىخان ساياھەتنامىسىدە «قەشقەر تۈركىستانىدىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئالتىنچى ئىقلىمغا تەۋە مەشھۇر بىر شەھىرى ، ھەمدە شۇ رايوننىڭ پايتەختىدۇر» دەپ يازغان.

مۇسۇلمانلاشقان تۈركىستاندىكى خەلقنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى ئالقىشلىق رىۋايەتلەردە ئىسلامچە يارىتىلىش ھېكايىلىرى ، تۈرك ۋە موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ شەجەرىلىرى ، ئىران داستانچىلىق ئەنئەنىلىرى بىرلىشىپ كەتكەن. بۇ ھېكايىلەر دۇنيا خەلقى ھەققىدىكى قىسقارتىلغان بىر تارىخ بولۇپ دۆلەتلەر ، قەبىلىلەر ۋە سۇلالىلەرنى شەخسلەشتۈرۈپ ، ئۇلارنى نەسەب جەھەتتە باغلانغان دەپ قارايدۇ ، ھەمدە جەڭلەر ، كۆچۈشلەر ۋە باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىش قاتارلىقلارنى ئائىلە ماجىراسى سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ. ئىلخانلار خانلىقىنىڭ ۋەزىرى ۋە تارىخچى راشىدىددىننىڭ 14-ئەسىردىكى «جامىئۇل تەۋارىخ» كىتابىمۇ ئاشۇنداق ئەسەردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقى رىۋايەتلەردىكى مۇھىم بولغان شەخسلەرنىڭ بىرى ئوغۇزخان بولۇپ، ئۇ تۈركلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى تۇنجى قوبۇل قىلغان خانى دەپ قارىلىدۇ. راشىدىددىنىنىڭ كىتابىدا ئوغۇز رىۋايىتى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئوغۇزخانىنىڭ ئۆز ئاتىسى قاراخانغا قارشى تۇرۇپ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشىدا ئوغۇزخانغا ئەگەشكەن بىر قەبىلە دەپ بايان قىلىنىپ، «ئۇيغۇر» نامى خەلق ئېچىدىكى ئېتىمولوگىيەلىك مەنبە بويىچە «ئۇيۇشقان، بىرلەشكەن» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ، دەپ ئىزاھلانغان. ئۇنىدىن كېيىنكى باشقا ئەسەرلەردىن ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ 17-ئەسىردە يازغان «شەجەرەئى تۈرك» دېگەن كىتابىدا تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ مەنبەسىنى يافەسكە باغلىغان. نوھنىڭ ئوغلى يافەس، يافەسنىڭ ئوغلى تۈرك بولۇپ ئۇنىڭ تاتارخان ۋە موغۇلخان دېگەن ئوغۇللىرى بولغان. بۇ خىل شەخسلەشتۈرۈلگەن قەبىلىلەر تاكى چىڭگىزخاننىڭ جەمەتىگە تۇتۇشىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەجەرىسى چىڭگىزخاندىنمۇ ئۆتۈپ قەشقەر ۋە يەكەندىكى چاغاتاي خانلىقى ۋە ئۇلارنى قوللىغان موغۇل قەبىلىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، شەجەرىلەر كىشىلەرگە كىملىك تۇيغۇسى بەخش ئەتكەن، ئۇلارنى بىرلىككە باشلىغان. ئەنگلىيەلىك روبېرت شاۋ ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسىدە، قەشقەر خەلقىنىڭ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاشلا ئۆزلىرىنى يافەسنىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدىغانلىقىدىن خۇشال بولغانلىقىنى يازغان. شاۋدىن كېيىن بارغان ۋولتېر بەلۇۋمۇ 1880-يىللارنىڭ بېشىدا ئارتۇچتىكى ياقۇپ بەگدىن ئايرىلىپ مانجۇلارغا ياردەملەشكەن بىر ھۆكۈمدارنىڭ، ئۆز قىلغانلىرىنى ھەقلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن، «تۈرك، موغۇل، مانجۇ، ختاي ھەممىمىز تاتار» دېگەنلىكىنى خاتىرىلىگەن.

يەنە بىر جەھەتتىن، يۇقىرىقى كېلىپ چىقىش ئەپسانىسى يەنە شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنى پارچىلاشقا ئېلىپ بارىدىغان بەزى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان كىملىك بايانلىرىنى كۈچلەندۈرگەن. خوتەن بوستانلىقى بۇنىڭغا روشەن بىر مىسال بولالايدۇ. بۇددىست خوتەن خەلقى، 11-ئەسىردىكى ئىسلام ئاچقۇچى قاراخانىيلارغا قارشى جەڭ قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئاساسى ئېقىم بويىچە قاراخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئوغۇزخان ھېكايىتى بويىچە ئەمەس، بەلكى

تۈركنىڭ نەۋرىسى ، چىنىنىڭ ئوغلى ماچىن جەمەتىدىن دەپ بايان قىلىنغان. چىن ۋە ماچىن دېيىش ئەسلى خىتاي ھەققىدىكى مۇسۇلمان بايانلىرىدىن كېلىپ چىققان بىر جۇغراپىيەلىك ئاتالغۇ بولۇپ ، بۇنىڭدىكى ماچىن ئاتالغۇسى ئەسلى سانسكرىت تىلىدىن كەلگەن ۋە «كەڭ دائىرىدىكى خىتاي» زېمىنىنى كۆرسىتەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ، بۇ ئاتالغۇ يەرلىكلەر تەرىپىدىن تەدرىجىي ھالدا تارىم ئويمانلىقىنى كۆرسىتىدىغان قىلىپ قوللىنىلدى. خوتەن رىۋايەتلىرىدە ، چىنىنىڭ ئوغلى ماچىنىنىڭ خوتەن خەلقىنى يۇڭ ئېگىرىشكە ۋە يىپەك توقۇشقا ئۆگەتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. بۇ بەلكىم يىپەك توقۇش تېخنىكىسىنىڭ خىتايدىن خوتەنگە تارقالغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ ئەكس ساداسى بولسا كېرەك. نەتىجىدە ، خوتەن مۇسۇلمانلىرىدا ئۆزلىرىنى ماچىن خەلقى دەپ ئاتاپ ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئىسىملىرىنىڭ كەينىگە يۇرت نامى (نسبە) قىلىپ ئىشلىتىش ئومۇملاشتى. 18-ئەسىردىكى ئىران ئارخىپچىلىرى قالدۇرغان مەلۇماتلاردا خوتەن خەلقىنى «ماچىن ئەھلى» دەپ ئاتىغان بولۇپ ، خوتەنلىك لەتىفخان ماچىنى دېگەن بىر كىشى تىلغا ئېلىنغان.

خوتەنىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يەرلىك ئۆرپ-ئادەتلىرى تاكى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان. رۇسىيەلىك تەۋەككۇلچى نىكولاي پېرژېۋالىسكى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى لوپنۇردىن خوتەنگىچە قىلغان سەپىرىدە يول بويىدىكى خەلقنىڭ ئۆزلىرىنى ماچىنى دەپ ئاتايدىغانلىقىنى يازغان ، ھەمدە بۇنداق دەيدىغانلارنىڭ بەك ئاز ئىكەنلىكىنى ۋە تۈگەۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. بۇرۇن شەرقتىكى كاپىر مىللەت دەپ ئاتالغان ماچىن مۇسۇلمانلىرى ئىسلامى بايانلارنى ئۆز دۇنيا قارىشىغا خىزمەت قىلدۇرۇپ ، ئۇنى تارىم ئويمانلىقىغا پاتقۇدەك قىلىپ كىچىكلەتكەن ئىدى. ئىران قەھرىمانلىق داستانى «شاھنامە» دىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن رىۋايەتلەردە ، خوتەن تۇراننىڭ ئەڭ قەھرىمان شاھلىرىدىن بىرى بولغان ئەفراسىياپنىڭ پايتەختى ، تۈركلەرنىڭ زېمىنى دەپ تونۇلغان. بۇ خىل يۆتكىلىش نەتىجىسىدە ، ماچىن زېمىنى ئىران جۇغراپىيەسى بويىچە تارىم ئويمانلىقىدىكى باشقا شەھەرلەرنىمۇ كۆرسىتىدىغان بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پېرژېۋالسكىنىڭ يېزىشىچە ، ماچىن خەلقى ئاقسۇ ۋە كۇچانى ئەردەبىل ، شەرقى شىمالدىكى تۇرپان بوستانلىقىنى خۇراسان دەپ ئاتىغان ئىكەن.

## جۇڭغارلارنىڭ مۇلۇك سىستېمىسى

17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ بىرلەشمىسى بولغان جۇڭغارلار موغۇلىستاندىكى چاغاتايىنىڭ تۈركلەشكەن ئەۋلادلىرىنى تەختتىن چۈشۈرۈپ يېڭىدىن زورايغان چىڭ سۇلالىسى بىلەن موڭغۇلىيە ۋە تىبەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تالاشقۇدەك ھالغا كەلدى. جۇڭغارلار تارىم ۋادىسىنى يەرلىكلەرنى ئىشلىتىپ باشقۇرغان بولۇپ بەلگىلىك مىقداردا رەخت ۋە تىللا تاپشۇرۇش شەرت قىلىنغان ، ئەسكەر كۆپ ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان. جۇڭغارلار گەرچە جەنۇبنى قاتتىق قول بىلەن باشقۇرمىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئالتاي ۋە ئىلىدىكى ھەربىي لاگېرلىرىغا تۈركىستاندىن ئادەم يۆتكىگەن. بولۇپمۇ بۇ خىل گۆرۈگە ئېلىش سىياسىتى ئارقىلىق ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ سانى ئالاھىدە كۆپ بولغان. بۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مۇسۇلمان ھۆكۈمدار ئائىلىلەرنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، بۇلارنىڭ ئىچىدە يەكەندىكى چاغاتاي خانلار ، قەشقەردىكى سوپى پىرلار ۋە بىر بۇخارالىق شاھزادىمۇ بولغان. 1800-يىللاردىكى بىر مۇسۇلمان تارىخچىسىنىڭ يېزىشىچە سېۋاك رابدان (1697-1727 يىلغىچە دەۋر سۈرگەن) ئوردىسى پىشكەنتنىڭ خانلىرى ، تاشكەنت زەردارلىرى ۋە بەدەخشاننىڭ پادىشاھلىرى يىغىلىدىغان يەرگە ئايلىنىپ قالغان. 1720-يىلى جۇڭغارلارغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن رۇسىيەلىك پېتىر ئۇنكوۋسكىمۇ سېۋاك رابدان ئوردىسىدا يۇقىرىقى مەنزىرىگە شاھىت بولغان. «بۇگۇنگە قەدەر ئەركە خان ، نۇرغۇن بەگلەر ۋە بۇخارالىق ( قەشقەرلىك) ئېسىللار بۇ يەردە تۇتقۇن بولۇپ يۇرمەكتە» دەپ يازغان. [ئەينى چاغدا رۇسىيەلىكلەرنىڭ نەزىرىدە جۇڭغار ئوردىسىغا بارىمتاي (گۆرۈدە تۇتۇلغان شاھزادە) بولغان

مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى «بۇخارالىق» ئىدى. ئەگەر قەشقەر بىلەن بۇخارانى ئايرىشقا توغرا كەلسە ، قەشقەر كىچىك بۇخارا دېيىلەتتى.]

جۇڭغارلار كۆچۈرۈشتە نوپۇزلۇق شەخسلەرنىلا ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن بىر مەھەللىنىمۇ ئۆزىگە تەھدىتلىك بىر كۈچكە ئىگە دەپ قارىغان ھامان كۆچۈرۈۋېتەتتى. بۇ خىل كۆچۈرۈش بۇ زېمىننىڭ بوستانلىق جەمئىيىتىگە ئېغىر تالاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن. مەسىلەن ، 1720-يىللاردا تۇرپان جۇڭغارلار بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئۆز-ئارا تالىشىدىغان بىر سەزگۈر جەڭگاھ رايونغا ئايلانغان. جۇڭغارلار تۇرپاننى چىڭ سۇلالىسىگە تارتتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ، بۇ يەردىكى بىر قىسىم ئاھالىنى جەنۇبتىكى ئۈچ دېيىلىدىغان بىر شەھەرگە كۆچۈرۈۋېتەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۈچ دېگەن بۇ شەھەر ئۈچتۇرپان دەپ ئاتالغان ھەمدە ئۇلار ئۆزىنىڭ تۇرپان ئەتراپىدىكى پىچان ، لۈكچۈن دېگەن يەر ناملىرىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئۈچتۇرپانغا يەرلەشتۈرگەن. ئەلۋەتتە ، جۇڭغارلارنىڭ بۇنداق چوڭ دائىرىلىك مەجبۇرىي كۆچۈرۈشلىرى جازانىمۇ مەقسەت قىلغان. تۇرپان خەلقى كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي تارىم ئويمانلىقىدا جۇڭغارلارغا قارشى قوزغىلاڭ پارتلىغان. قوزغىلاڭچىلار چىڭ ئىمپېراتورى يوڭجېڭدىن سېۋاڭ رابدانغا قارشى ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان. جۇڭغارلار قوزغىلاڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۈچتۇرپان شەھرىنى كۆيدۈرۈپ تۈزلىۋەتكەن ۋە ھايات قالغان ئاھالىدىن يۈز ئائىلىلىكنى ئىلىغا كۆچۈرگەن.

جۇڭغارلار موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان ، «ياسۇ (سۆڭەك دېگەن مەنىدە)» دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈردى ۋە بۇلار «تۆت ئويرات» دەپ ئاتالدى. ئەمەلىيەتتە ئىتتىپاققا كىرگەن موڭغۇللار تۆتتىن كۆپ ئىدى. بۇلار تۇرغۇت ، خوشۇت ، چوروس قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ بۇنىڭدىن يەنە ئوتوگ دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك بىرلىكلەرگە بۆلۈنگەن. كىرىستوفېر ئاتۋۇد ئوتوگلارنى «ئىككىلەمچى مىللەت» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئوتوگلارنىڭ كۆپلىرىنىڭ كۈچلۈك قەبىلىۋى كىملىكى بار ئىدى ، ئۇلار قەبىلىسىنىڭ ئىسمىنى رېئاللىق ياكى رىۋايەتلەردىكى ئەجدادلىرىغا باغلايتتى. بىراق بەزى ئوتۇگلار مەركىزى «ياسۇ» نىڭ سىرتىدا قالاتتى. ئۇلارنىڭ قەبىلە نامى ۋەزىپىسىگە قاراپ ئاتالغان بولۇپ ، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ جۇڭغار

www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقىغا قوشۇلغان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن  بولمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇلار كىشىگە بىر مىللەتتەك ئەمەس بەلكى ، هۇنەرۋەن (ئۇرات) ، زەرگەر (ئالتاچىن) ، قورشاۋۇل (چېگرا قاراۋۇلى) قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن بىر مۈلكىيەتتەك تۇيۇلاتتى.

جۇڭغارلار شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنى تەسەررۇپىغا ئالغاندىن كېيىن يۇقىرىقىدەك سىستېمىنى قوللانغان. بەزى مۇسۇلمانلار جۇڭغار ئارمىيەسىگە ئوقچى بولۇپ قاتناشتۇرۇلغان بولۇپ «فۇچىن» دەپ ئاتالغان. يەنە بەزىلىرى ئۇزاقتا سوزۇلغان كارۋانلارغا باشچىلىق قىلغان، بەزىدە ھەتتا دىپلوماتىيە بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ بېيجىڭ ۋە موسكۋالارغا ئەلچى تەرىقىسىدە ئەۋەتىلگەن بولۇپ بۇنداق سودىگەرلەر «بازارغان (سودىگەر)» ياكى «كارۋانىيە (كارۋانچىلار)» دەپ ئاتالغان. نەتىجىدە بۇلار باشقا ئوتوگلارغا ئوخشاش ئۆز ئالاھىدىلىكى بار بىر ئىجتىمائىي قاتلام بولۇپ شەكىللەنگەن. جۇڭغارلارنىڭ تارىم ۋادىسىنى ئىستىلا قىلىشى ھەققىدە كىتاب يازغان مۇھەممەت ئەمىن قەشقىرى ، كارۋانچىلارنى باي مىرزا ۋە ئەمىرلەردىن تەشكىل تاپقان بىر تائىپە دەپ ئاتىغان.

يۇقىرىقى يېڭى ئوتوگلار ئىچىدە ئەڭ چوڭ ۋە تارىختا ئەڭ مەشھۇر بولغان ئوتوگ-تارانچىلاردۇر (تارانچى- دېھقان دېگەن مەنىدە). ئۇلار شىمالغا يۆتكەلگەن مۇسۇلمان تۇتقۇنلار بولۇپ جۇڭغارلارغا ئاشلىق تېرىشقا مەسئۇل ئىدى. ئالتاي ئەڭ دەسلەپ تارانچى يۆتكەلگەن يەر ئىدى. 1639-يىلى بىر رۇسىيەلىك تەكشۈرگۈچى ئېرتىش دەرياسى بويىدا «بۇخارالىق(قەشقەرلىك)» لارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. 1654-يىلى چاررۇسىيەنىڭ ئەلچىسى بايكوۋ بېيجىڭغا ماڭىدىغان يولدا يەنە شۇ يەرلەردىن ئۆتكەندە بۇخارالىقلارنىڭ تېرىم بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. مانا بۇ سىياسەت غەربىي موڭغۇلىيەدىكى خوتۇن دېيىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بولۇپ ، ئۇلار 18-ئەسىردە كۆچۈرۈلۈپ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىگە خىزمەتكە سېلىنغان. 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇڭغارلار جەنۇبقا يۆتكەلدى ۋە ئىلىغا ئېخىمۇ كۆپ تارانچى يۆتكىدى. 1720-يىلى رۇسىيەلىك ئۇنكوۋسكى كونتەيشى (قون تەيجى) تەسەررۇپىدا بۇخارالىقلارنىڭ

بۇغدايلىق ۋە باغلارنى بەرپا قىلغانلىقىنى بايان قىلغان. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى كۆپلىگەن تارانچىنى تارىم ئويمانلىقىدىن كۆچۈرگەن ، ئاز بىر قىسمىنى تېخىمۇ غەربتىكى پەرغانە ۋادىسىدىن كۆچۈرگەن. ئىلى ۋادىسىدىكى تۈركىي تىللىق كىچىك بىر گۇرۇپپا كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە 18- ئەسىردە پەرغانە ۋادىسىدىن كۆچۈرۈلگەنلىك ھەققىدىكى ئەسلىمىلەر ھېلىمۇ ساقلىنىپ قالغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى بەزى نۇقتىلاردىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى مىللەتلەر مەلۇم كەسىپي تەبىقىدىن تەرەققىي قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن ، «سارت» دېگەن سۆز بۇنىڭ ئەڭ كلاسسىك مىسالىدۇر. بۇ سۆز ئەسلى سانسكرىتچىدا سودىگەر دېگەنلىك بولۇپ كېيىنچە ئولتۇراقلاشقان تېرىمچى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى شۇنداق ئاتالغان. جۇڭغارلارنىڭ بۇ خىل كەسىپي تەبىقىلىرىنىڭ قاچان ۋە قانداق بولۇپ مەدەنىيەت ۋە تارىخى جەھەتلەردىن روشەن شەرھلەنگەن بازارغان ، تارانچى دېگەندەك ئورتاق گەۋدە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىغا ئېنىق بىر نېمە دېمەك تەس. تارانچىلار گەرچە ئۆز ئىچىدە كېلىپ چىقىش جەھەتتىكى پەرق تۈپەيلى ئايرىلىسىمۇ ئەمما ئورتاق سۈرگۈن ھايات ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئورتاقلىق ۋە بىرلىكنى پەيدا قىلغان. مۇسۇلمان تۇتقۇنلاردىكى بەزى سەرخىللەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئارىسىدا ئىلىدىكى بۇددىست جۇڭغارلارنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ماسلىشىش سەۋەبىدىن ئۇلار بىلەن جەنۇبتىكى قېرىنداشلىرى ئوتتۇرىسىدا يېڭى بىر بۆلۈنۈش پەيدا بولغان.

جۇڭغارىيەگە چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى ھەققىدىكى تارىخى بايانلار ئىلى مۇسۇلمانلىرىدىكى يۇقىرىقى ماسلىشىشلارغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. چىڭ 1750-يىللىرى جۇڭغارلارنىڭ بازىسىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن تۇرغاق بولۇپ ياتقان نەقشبەندى شەيخلىرىدىن بۇرھانىددىن خوجا بىلەن خوجاجاھاننى جەنۇبتىكى تارىم ۋادىسىغا ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ ۋەكىلى قىلدى. بۇ خوجىلار ئۆزىگە سادىق ئىلىدىكى مۇسۇلمانلارنى باشلاپ قەشقەر ۋە يەكەنلەرنى ئالدى. بۇ دەۋردە ياشىغان مۇھەممەد سادىق قەشقىرى «تەزكىرەئى ئەزىزان» (تەخمىنەن 1780-يىللىرى) دېگەن ئەسىرىدە بۇ ئىلىدىن كەلگەن خوجىلارنىڭ كىشىلەردە قانداق ھەيرانلىق پەيدا قىلغانلىقلىرىنى بايان قىلغان. كىتابتا يېزىلىشىچە ، تارىم ۋادىسىدىكى ئۇلۇسلار رەھبەرلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىلىدىن كەلگەن پېشۋالارنىڭ ئالدىغا چىققاندا ئۇلارنىڭ قىلىقى، گەپلىرى، ئەخلاقى قاتارلىقلارنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقىغان. ئۇلاردا خوجا بىلەن مۇرىتلار، مۇرىتلار بىلەن مۇرىتلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، گەپ-سۆز، سالاملىشىش، مۇئامىلە قاتارلىقلاردا چوڭ پەرق كۆرۈلگەن. ئاپتور ئۇلارنىڭ سالاملىشىشلىرىنى ۋىدالاشقانغا ئوخشاتقان. بۇنىڭدىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، چىڭ ئىمپېرىيەسى شىنجاڭنى قولغا ئالغان مەزگىلدە شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا جەنۇب-شىمال پەرقى روشەن بولۇپ، ئىككى خوجىلارنىڭ قىسقا مەزگىللىك ھاكىمىيىتى شۈبھىسىزكى بۇ پەرقنى تېخىمۇ چوڭايتقان. بىر قەشقەردىن كەلگەن خەۋەرچىنىڭ ئېيتقانلىرىغا كۆرە «خوجا جاھان قەشقەر ۋە يەكەندىكى پېشۋالارغا غۇم ساقلىغان ۋە تارانچىلار، بازارغانلار ۋە ئويراتلارغا تايىنىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن». ئۇزاققا قالماي خوجىلار چىڭ خاندانىغا قارشى چىققان ۋە تارىم ۋادىسىنىڭ چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ چېگەنلۇڭ خانى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تاجاۋۇزغا ئۇچرىشىغا ۋە بۇ رايوننى قوشۇۋېلىشىغا سەۋەب بولغان.

## سەللىلىك مۇسۇلمانلار كىم ئىدى؟

چىڭ ئىمپېرىيەسى شۇ ۋاقىتلارغىچە تۈركى تىللىق مۇسۇلمانلارغا مۇئامىلە قىلىشتا تەجرىبىسىز ئىدى. ئۇلار جۇڭغارلارنىڭ تېررىتورىيەسىنى قولغا ئېلىش جەريانىدا مۇسۇلمانلارغا موڭغۇللارنىڭ بىر تۈرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش خاھىشى بار ئىدى. چۈنكى چىڭ ئوردىسى تارىم ئويمانلىقىدىكى مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلارنىڭ چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇلار بۇرۇن جۇڭغارلار ئەۋەتكەن، موڭغۇللارنىڭ تىل ۋە ئادەتلىرىنى بىلىدىغان مۇسۇلمان ئەلچىلەر ياكى كارۋان بېشىلىرى بىلەن ئۇچراشقان ئىدى. چىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلغان مەزگىلدە تۈركىستاندا بولۇپمۇ شىمالدا موڭغۇلچە ۋە تۈركچە ئىككى تىللىق مۇسۇلمان يۇقىرى قاتلام كىشىلەر بار ئىدى. چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى كاڭشىنىڭ يېقىن دوستى، كاتولىك مىسسىئونېر ژاڭ فرەنسوۋا ژېربىيون تۇرپان ۋە قۇمۇلدىكى «تاتارلار» ھەققىدە كاڭشىغا يازغان مەكتۇپىدا: «بۇ تاتارلارنىڭ تىلى ئۆزبېكلەرنىڭ تىلىغا ئوخشاپ كېتىدىغان

بولۇپ ، موگغۇللارنىڭ تىلى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئەمما بۇ ئىككى مىللەتتە سودا تىجارەت مەۋجۇت بولغاچقا ئارىلىرىدا بىر بىرىنىڭ تىلىنى ئاساسەن چۈشىنىدۇ» دېگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن ، كاڭشى پادىشاھ «مۇسۇلمانلار ئۆرپ-ئادەت جەھەتتىن موگغۇللاردىن پەرقلەنمەيدۇ» دەپ جاكارلىغان ۋە چىڭ ئوردىسىدا تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلىنغان تۇرپان ۋە قۇمۇل ئاقسۆڭەكلىرى موگغۇللاردەك مۇئامىلىگە ئۇچرىغان.

تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار بىلەن چىڭ ئوردىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت موگغۇلىيەدىكى بوزقىر يوللىرى ئارقىلىق بولغاچقا ، چىڭنىڭ مۇسۇلمانلارغا موگغۇللارغا قارىغان نەزەردە قارىشىنىمۇ تەبىئىيلىك دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ، جۇڭغارلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنى يېقىندىن كۆزىتىۋاتقان گەنسۇدىكىلەر بۇ رايون ھەققىدە باشقىچە كۆز قاراشقا ئىگە ئىدى. بۇ يەردىكى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى خېشى كارىدورىنىڭ غەربى چېتىدىكى سۇجو ۋە گەنجۇ ئەتراپىغا 15-ئەسىرلەردە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنى بىلەتتى. بۇ چىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش دەپ قارايدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. مەسىلەن ، 1779-يىلىدىكى گەنجۇ تەزكىرىسىدە شىنجاڭنى ئىستىلا قىلىشنى تەسۋىرلىگەندە ، 1750-يىللاردىكى چىڭغا قارشى قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىرى بولغان بۇرھانىدىن ۋە خوجا جاھانلارنى «ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبىرى» دەپ ئاتىغان.

چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن ، بۇ زېمىندىكى يېڭىدىن چىڭغا ئەل بولغان خەلق پەقەت خۇيزى (مۇسۇلمانلار) دەپلا ئاتالغان. ئەمما ، بۇ چىڭنىڭ بۇ خەلقنىڭ دىنى ئېتىقادىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئەمەس ئىدى. گەرچە چىڭ ئەمەلدارلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ ئۇلارغا بىر ئايرىم دىنى جامائەت قاتارىدا مۇئامىلە قىلمايتتى. چىڭ ئوردىسىنىڭ نەزىرىدە تارىم ۋادىسىدىكى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى بولغان قازاق ۋە قىرغىزلاردىن پەرقلىنەتتى. ھەتتا كۆپ ھاللاردا قازاق ۋە قىرغىزلار مۇسۇلمانلار كاتېگورىيەسىگىمۇ كىرگۈزۈلمەيتتى. خىتايچە سۆزلەيدىغان مۇسۇلمانلار بىلەن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن چىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوردىسى شىنجاڭدىكى بۇ مۇسۇلمانلارنى «چەنتو خۇيزى» ، يەنى سەللىلىك مۇسۇلمانلار دەپ ئاتىغان. چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ سىياسىي جۇغراپىيەسى بويىچە شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنى بىر تېررىتورىيەگە باغلانغان جامائەت دەپ قاراش ئۇلار ياشاۋاتقان تارىم ۋادىسىنى «مۇسۇلمانلار زېمىنى» يەنى خىتايچە «خۇيبۇ(回部)» دەپ ئاتاش بىلەن بىردەك ئىدى.

«مۇسۇلمانلار زېمىنى» دېگەن بۇ نام پىتىر پېردۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ «چېگرا رايوندىكى خەلقنى پەرقلىق كىملىك ئارقىلىق پەرقلىق جايلارغا ئورنىتىش» ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلەتتى. ئەمەلىيەتتە تارىم ۋادىسىدىكى مۇسۇلمانلارمۇ ئۆزىنى شۇنداق پەرقلەندۈرەتتى. ئىسلام دىنى گەرچە بۇ مۇسۇلمانلارنى چىڭ سۇلالىسى چېگراسى سىرتىدىكى مۇسۇلمانلار جامائىتىگە باغلاپ تۇرغان بولسىمۇ ، ئۇلارنى ئۇ چاغلاردا ئۆزلىرىنى ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر پارچىسى دەپ قارايتتى دېيىش توغرا ئەمەس. خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خىتايچە سۆزلەيدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز كىملىكى ھەققىدىكى بايانلاردا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامنىڭ ئەسلى تۇپراقلىرىدىن كەلگەنلىكىنى تەكىتلەيتتى. ئەمما شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلاردا بۇنىڭغا ئوخشاش مۇقەددەس زېمىندىن كەلگەنلىك ھەققىدىكى رىۋايەتلەر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئىسلام تارىم ۋادىسىغا سىرتتىن كەلگەن ۋە يەرلىك خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسى بىلەن يۇغۇرۇلغان ، ئۆزىگە خاس چۈشەنچە ۋە يوسۇنلار بىلەن بىيىغان ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. بۇ خىل مۇسۇلمان جامائىتى تۇيغۇسى مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» دېگەن ئەسىرىدە ئەكس ئەتكەن بولۇپ ، كىتابتا تارىم ئويمانلىقى جەمئىيتىنىڭ تارىخى يەرلىك خوجا جەمەتلىرىگە بېغىشلانغان نۇقتىدىن بايان قىلىنىپ ، يەرلىك ئۇلۇسلارنىڭ پائالىيەتلىرى ، قىرغىز ۋە قازاق قوشنىلارنىڭ تەھدىت ۋە تالان-تاراجلىرىنىڭ دىنسىز جۇڭغار موڭغۇل باسمىچىلىرىغا ئوخشاش شىددەتلىك بولغانلىقى كۆزگە تاشلىنىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا يەرلىك ئاپتورلار تۈرك تىللىق مۇسۇلمانلارنى مۇسۇلمان دېسە ، شىنجاڭدىكى خىتاي تىللىق مۇسۇلمانلارنى تۇڭگان دەپ پەرقلەندۈرۈپ يېزىشقان.

ئەدىب خالىد قاتارلىق تەتقىقاتچىلار رۇسىيە تۈركىستانىدىكى يۇقىرىقىغا ئوخشاش مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلغاندا رۇسىيەدە قەيەرلىك ئىكەنلىكى بىلەن پەرقلىنىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ مىللەت بولۇپ ئۇيۇشۇشىدا دۆلەتنىڭ رولىنىڭ چوڭ بولغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ھالبۇكى، چىڭ تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مىللەت بولۇش يولىدا دۆلەتنىڭ بۇنداق رولى بولغانلىقى كۆرۈلمەيدىغان بولسىمۇ، ئەمما چىڭ سۇلالىسىنىڭ خەلقلەرنى تۈرگە ئايرىشى بىلەن يەرلىك كىملىك قارىشى بىر-بىرىنى ئۆز-ئارا تولۇقلىغان ئىدى. بۇ يەردىكى خەلقنىڭ تىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە مۇقىم بىر زېمىنغا باغلىنىشلىق بولغان مۇسۇلمان كىملىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا شاھىت ئىدى. «مۇسۇلمان» دېگەن ئۇقۇم «يەرلىك» دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش بولۇپ ئۆزگىرىۋاتقان ئىدى. مەسىلەن، بېيجىڭدىكى چىڭ ئوردىسىدىكى تەرجىمانلار تارىم ۋادىسىدىكى مۇسۇلمانلار تىلىغا ئېلىنغان ۋەسىقىلەردە «يەرلىك» دېگەن سۆزنى قوللانغان ھەمدە «خۇيبۇ» دېگەن سۆزنى «يەرلىك ئايماق» دەپ تەرجىمە قىلغان. بىز يەنە شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز تىلىنى «يەرلىكچە» دەپ ئاتىغانلىقىنى كۆرىمىز. 1850-يىللاردا چاررۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن تارىم ۋادىسىغا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىلگەن رۇسىيەلىك ئوفتسېر چوقان ۋەلىخانوۋ ئۆز دوكلاتىدا يەرلىكلەرنى قەشقەرلىكلەر بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىشلەتكەن، ئەلۋەتتە قەشقەرلىكلەر دېگەن بۇ نام رۇسىيەدىكى تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قوشنىسى بولغان شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارغا قويغان نامى ئىدى.

يۇقىرىقى پاكىتلارغا ئاساسەن، چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى «يەرلىك» ياكى «مۇسۇلمان» دېگەن ناملارنى بىر مىللىي بىرلىكنىڭ ئىسمى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما مەن يەنە چىڭ مەزگىلىدىكى مۇسۇلمان\يەرلىك كىملىكىگە ئېنىق ئىچكى ۋە تاشقى پاسىللارنى تەتبىقلاشتىن ئىككىلىنىمەن، چۈنكى بۇ بىر يۈرۈش كاتېگورىيەلەردىكى مۇجمەللىكلەر بىزنى «يەرلىك» كىملىككە ئالاھىدە كۈچەپ تۇس بېرىشكە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. 1880-يىلى رۇسىيەلىك تەۋەككۇلچى گرىگورى پوتانىن قۇمۇلدا زىيارەتتە بولغاندا كىشىلەردىن قۇۋمىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە سورىغان. بىر قۇمۇللۇق كىشى، يۇرتىدا داۋام قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي پەرقىنىڭ كېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقىشىغا سەۋەب بولغان تۆت ۋەھىينى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇنداق جاۋابنى بەرگەن: «خۇدايىم بىر ئەر ۋە ئايال يارىتىپتۇ. ئۇلاردىن كۆپىيىپ ئادەملەر بارلىققا كېلىپتۇ. خۇدايىم يەنە تۆت پەيغەمبەر يارىتىپتۇ ۋە ئۇلارنى پەرقلىق مىللەتلەرگە يولغا سېپتۇ. خۇدايىم تۆت كىتاب يارىتىپتۇ ۋە بۇ كىتابلارنى ھەر قايسى ئەللەرگە ئەۋەتىپتۇ: ئىنجىل رۇسلارنىڭ قانۇنى ئىكەن؛ زەبۇر داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ بولۇپ قالماقلارنىڭ قانۇنى ئىكەن؛ تەۋرات مۇساغا بېرىلگەن بولۇپ خىتايلارنىڭ قانۇنى ئىكەن؛ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان بېرىلگەن بولۇپ يەرلىكلەرنىڭ قانۇنىدۇر». پۈتانىن ئەسلىدە مۇسۇلمانلار كىملىكىنى پەقەت دىنى ئەقىدە نۇقتىسىدىن چۈشەنگەن بولۇپ، ئۇ بۇ بايانلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ كىملىك چۈشەنچىسىنىڭ مۇجمەللىكىنى ئويلاپ قالغان. بۇ قومۇللۇق كىشىنىڭ يەرلىك دېگىنى مۇسۇلمان دېگىنى ئىدى. بۇنداقتا ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننى يەرلىك دەپ قاراشقا بولاتتى. پۈتانىن بۇنىڭدىن ئۇ قومۇلدا كۆرۈشكەن رۇسىيەدىن كەلگەن تاتار، قازاق قاتارلىقلارنىڭمۇ يەرلىك دېيىلىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان.

مۇسۇلمانلار رايونى (خۇيبۇ) دېگەن بۇ جۇغراپىيەلىك ئاتالغۇ بىر رايوننىمۇ، بىر قانچە رايوننىمۇ كۆرسىتىدۇ. «مۇسۇلمانلار رايونى» دەپ بىرلىك ھالىتىدە ئىشلىتىلگەندە بۇ چىڭنىڭ نەزىرىدە موڭغۇلىيە، تىبەت دېگەنلەرگە ئوخشاش يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنى دېگەننى بىلدۈرەتتى. «مۇسۇلمانلار رايونلىرى» دەپ كۆپلۈك ھالىتىدە ئىشلىتىلگەندە بولسا بۇ ئۇقۇمنىڭ ئالاھىدە مەنىسى بار بولۇپ، چىڭ ئىستېلاسىدىن كېيىن يەرلىك ھەمكارچى ئاقسۆڭەكلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن بەلگىلىك رايونلارنى كۆرسىتەتتى. تارىخچى موللا مۇسا سايرامىنىڭ بايانىچە چيەن لوڭ (1736-1796 يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن) مۇسۇلمانلار رايوننى يەرلىك مۇسۇلمان ئاقسۆڭەكلەرگە ھەتتا مانجۇ ئەمەلدارلارغىمۇ ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان مىراس سۈپىتىدە بۆيرۈپ بەرگەن. سايرامى تۇرپاندىن قەشقەرگىچە بولغان يولدىكى بىر بۇتخانا ھەققىدە يازغان. بۇتخانىغا بىرىنچى ئەۋلاد مۇسۇلمان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ رەسمى ۋە بىر خان پەرمانى ئېسىلغان بولۇپ: «مەن بۇ كىشىلەرنى (تارىم ۋادىسىدىكى) يەتتە شەھەرنىڭ پاسىبانى قىلدىم. بۇنىڭدىن

كېيىن بۇ يەتتە شەھەرگە خىزمەتكە كەلگەنلەر بۇ يەرگە كېلىپ ئۇلارغا چوقۇم ھۆرمەت بىلدۈرۈشى كېرەك!» ، دەپ يېزىلغان ئىكەن. بۇ ۋاڭلار دەپ ئاتىلىدىغان ئاقسۆڭەكلەر چىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىلەن ئىسلام قائىدىلىرى ئارىسىدا بىر يول تېپىشقا تىرىشقان. تۇرپان ۋاڭلىرى ئۆزىنىڭ جەمەتىنى خوجا مۇھەممەت شەرىپكە ، شۇ ئارقىلىق چاغاتايلار ۋە قاراخانىيلارغا باغلايدۇ. مەسىلەن ، 1760-يىللاردا يەكەندە ھاكىمىيەت سۈرگەن تۇرپان ۋاڭى ئىمىن خوجا ئۆزىنى ۋاڭخان دەپ ئاتىغان ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە نەۋرە ئوغۇللىرى ۋاڭ دېيىلمەستىن شاھ دېيىلگەن.

جۇڭغارلارغا ئوخشاش ، چىڭ ئىمپېرىيەسىمۇ ئىلى ۋادىسىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مۇھىملىقىنى تونۇپ ، بۇ يەرگە تارىم ۋادىسىدىن مۇسۇلمان دېھقانلارنى كۆچۈرۈشنى داۋاملاشتۇرغان. جۇڭغارلاردىن پەرقلىق بولغىنى بۇ تارانچى دېھقانلار ئاقسۆڭەكلەرگە قۇل قىلىپ بېرىلمىگەن ، بەلكى چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىلىدىكى بىر يۈرۈش دېھقانچىلىق رايونلىرى قىلىپ بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇنىڭ تەركىبىدە مۇھاپىزەتچى قىسىملارنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى ، يۆتكەپ كېلىنگەن جىنايەتچىلەر رايونى ، پۇقرالار ئولتۇراق رايونى ۋە تارانچىلار يېزىسى قاتارلىقلار بولغان. ئىلىدىكى بۇ تارانچىلار سەللىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئالاھىدە بىر بۆلىكى قاتارىدا ساقلىنىپلا قالماي ، بەلكى ئۇلارنىڭ نوپۇسى 1765-يىلى ئۇچتۇرپاندا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ سەۋەبلىك ئىلىغا كۆچۈرۈلگەنلەر بىلەن تېخىمۇ كۆپەيگەن. 1770-يىللارغىچە تارانچىلارنىڭ سانى ئالتە مىڭ ئائىلىدىن ئاشقان ، 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە بولسا سەككىز مىڭ ئائىلىدىن ئاشقان. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يەرلىك ھاكىم بەگلەرگە ئىشلىگەن بولسا ، قالغىنى سەككىز تارانچى رايونلىرىغا بۆلۈنۈپ ، شاڭبېگى ياكى غەزنەچىلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

چىڭ ئىمپېرىيەسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ كىملىكى ۋە مەنبەسى مەسىلىسى موڭغۇل ۋە مانجۇلارنىڭكىدەك ئىزدىنىلىپ يورۇتۇلمىغان. قاراشلار پەرقلىق بولۇپ ، ھەر بىرى ئوخشىمىغان نەزەرىيە ۋە پاكىتلاردىن ئوزۇقلانغان. مىللەتلەر ھەققىدە يېزىلغان مۇنداق تەزكىرىلەر بۆگۈنكى كىشىلەرنى ئۆتكەن دەۋرلەردىكى بەزى زىددىيەتلىك پرىنسىپلار بويىچە يېزىلغان سۇلالىلەر

www.uyghurkitap.com

تارىخىدىكى كىشىلەرگە باغلايدۇ. جۇغراپىيەلىك ۋارىسلىق يۇقىرىقى پرىنسىپلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇرۇن بۇ رايوننى ئىگىلىگەن خەلقنىڭ ئەۋلادلىرى مەزكۇر رايوننىڭ ۋارىسلىرى دەپ تونۇلىدۇ. ئېتنوگرافىك (مىللەتشۇناسلىق) جەھەتتىكى ئوخشاشلىق بۇ پرىنسىپلارنىڭ يەنە بىرى بولۇپ، بۇنىڭدا خەلقلەرنى تۇرمۇش شەكلىدىكى ئورتاقلىق بىر- بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ. ئۇندىن باشقا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ شەجەرىسىگە مۇراجىئەت قىلىش مۇمكىن بولغاندا ئۇمۇ نەزەرگە ئېلىنغان. «مەنبەگە تايىنىپ ئىسپاتلاش» مېتودى ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن فىلولوگىيەلىك ئۇسۇللارغىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ئۇسۇللار يەر ناملىرى ۋە مىللەت ناملىرىنى بىر-بىرىگە كېلىشتۈرۈش ۋە تارىخى مەنبەلەرنى دەلىللەشتە قوللىنىلغان. بۇلار چىڭ ۋە خىتاي تەتقىقاتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كىملىكىنى بېكىتىشتىكى ھەر خىل نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا مۇھىم مەنبە بولۇپ قالغان.

تىل خانلىقتىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بېكىتىشتە ئانچە چوڭ رول ئوينىمىغان. «تۈركچە سۆزلىشىدىغان خەلق» دېگەن ئۇقۇم بۇ رايون ئۈچۈن غەربچە ئۇقۇم بولۇپ، چىڭ دەۋرىدىكى خىتايدا مۇلاھىزە قىلىنمىغان. كۆپ ھاللاردا چىڭ تارىخچىلىرى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنى تارىختىكى ئۇيغۇرلار بىلەن باغلىمىغان، بەلكى خىتايچە سۆزلەيدىغان تۇڭگانلار بىلەن باغلىغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى ئىلىم ئەھلى گو يەنۇۋ (1613-1682)، خىتايچە سۆزلەيدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ خۇي خۇي دېگەن نامىنىڭ ئۇيغۇر (خۇيخۇ) دېگەن سۆزدىن كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھەمدە تاڭ سۇلالىسىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن خۇي (تۇڭگان - خىتاي تىللىق مۇسۇلمانلار) ئارىسىدا تارىخى باغلىنىش بار دەپ قارايدۇ. بىراق ئۇ يۈەن ۋە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخنامىلەردە تۇڭگانلار بىلەن ئۇيغۇرىستاندا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىق ئىككى خەلق ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇ «شۇنىڭ بىلەن خۇيخۇ (ئۇيغۇر) بىلەن خۇيخۇي (تۇڭگان) لار ئىككى پەرقلىق خەلق دەپ قارالدى» دەپ يازىدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ناملارنىڭ خۇيخۇ > خۇيخۇي > خۇي بولۇپ ئۆزگىرىش

نەزەرىيەسى خېلىلا قايىل قىلارلىق بولۇپ ، ھەتتا توغرا بولۇشمۇ مۇمكىن ئىدى. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارمۇ خۇي دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ نەزەرىيەنى ئۇلارغىمۇ كېڭەيتكىلى بولاتتى.

بۇنداق ئېپىستمولوگىيەلىك پەرەزلەر مىللەتلەرنىڭ تەزكىرىلەردىكى ئوخشاشلىق پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. خانىداندا خاتىرىلەنگەن تارىخنى ئاساس قىلغاندا ، ئۇيغۇرلار تارىختىكى بوز قىرلاردا دەۋر سۈرگەن بىر يۇرۇش كۆچمەن چارۋىچى خەلقنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ ، بۇلارنىڭ بىر ئۈچى تارىختىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھونلارغا بېرىپ تاقىلىدۇ ھەمدە يەنە بىر ئۈچى چىڭ دەۋرىدىكى موڭغۇللارغا كېلىپ توختايدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ زىتلىقلارغا قانداق مۇرەسسەدە بولۇش ئويى بار بولۇپ ، 1759-يىلى چىڭ سۇلالىسى ئارمىيەسى تارىم ۋادىسىغا كىرىش ھارپىسىدا ئۇ رېخى دېگەن يەردە يازلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە ئىسلامچە خەت نەقىشلەنگەن بىر مىس قاچىنى بايقىغان. بۇنداق دەل كېلىپ قېلىشتىن سۆيۈنگەن چىڭ سۇلالىسى قولىغا موي قەلەم ئېلىپ بۇ قاچا ئۈچۈن بىر بېغىشلىما يازغان. بېغىشلىمىدا ئۇ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كىملىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن. گۇ يەنۋۇنىڭ ئۇيغۇرلار (خۇيخۇ) ۋە مۇسۇلمانلار (خۇي) نىڭ ئوخشاشلىقى ھەققىدىكى قارىشىغا جاۋابەن چىڭ سۇلالىسى تارىخچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار نىڭ ھونلارغا تۇتىشىدىغانلىقىنى شەك — شۈبھىسىز كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، موڭغۇللارنى ھونلارنىڭ ئەۋلادى دەپ قارىغان ھەمدە گۇ يەنۋۇ ۋە كاڭشىلارنىڭ نەزەرىيەسىگە تۆۋەندىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قارشى چىققان: «(شىنجاڭدىكى) مۇسۇلمانلار موڭغۇل ئەمەس ، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئايرىم دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ». ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ دەۋرىدە ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر بىر ئاتلىق ھۇجۇمچى خەلق ئىكەنلىكى ، «مۇسۇلمانلارنىڭ بۇنداق قىلىشقا قادىر ئەمەسلىكى» نى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئۇ خۇلاسە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «پەقەت خۇيخۇ ۋە خۇيخۇي دېگەن سۆزلەر ئاھاڭ جەھەتتىن ئوخشاپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا كىشىلەر سەللىلىك مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى بىر-بىرىگە باغلايدۇ». بىراق چىڭ سۇلالىسى بۇ تېمىدا بىر قارارغا

كېلىشتىن يەنىلا يىراق بولغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن پەرقلىق پىكىرلەر داۋاملىق تارقىلىپ يۈرگەن.

چىك ئەمەلدارلىرى يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ شەجەرىسى ھەققىدە ئاخبارات توپلىغان بولۇپ بۇنى دوكلات سۈپىتىدە ھەمدە نەشر قىلىش ۋە پايدىلىنىش ئىستىكىدە جەملەپ چىققان. ئۇلارنىڭ توپلىغانلىرى خىتاي مەركەزلىك قارىشىدىن پەرھىز تۇتۇلغان ئاساستا يېزىلغان تارىخ بولۇپ، شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنى خىتاي تارىخى ئەنئەنىلىرى كاتېگورىيەسى بويىچە ئىزاھلاشتىن ساقلىنىپ، ئۇلارنى غەربتىكى قوشنىلىرىغا بولۇپمۇ بۇخاراغا باغلاپ ئىزاھلىغان. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ھەققىدە ئەڭ بۇرۇن يېزىلغان بىر باياننامىدە: «ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بۇخارادىن كەلگەن» دەپ

يېزىلغان. خىتاي تارىخچىلىقىدىكى بۇ قاراش رۇسلاردىمۇ بار بولۇپ ئۇلارمۇ پۈتكۈل تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى بۇخارالىقلار ، تارىم ۋادىسىنى بولسا كىچىك بۇخارا دەپ ئاتىشاتتى. ئەمما خىتاي ۋە رۇسىيەنىڭ بۇ قاراشلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى پەرقلىق ئىدى. رۇسىيەنىڭ تۈركىستان بىلەن ئۇزاق دىپلوماتىك ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى بولغاچقا بۇخارانىڭ ئورنى ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن. ئەمما چىڭغا نىسبەتەن بۇخارانىڭ سىياسىي ئورنى غۇۋا ھالەتتە ئىدى. مېنىڭ قارىشىمچە ،




قۇمۇلدىكى بىر تەيجى بەگ. بۇلار مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ مانجۇچە كىيىنىشىگە رۇخسەت قىلىنغان. 1890-يىلى.

چىڭنىڭ نەزىرىدىكى بۇخارا بىلەن بولغان باغلىنىش شىنجاڭدىكى نەقشبەندى خوجىلارنىڭ شەجەرىسىنىڭ بۇخاراغا تۇتىشىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ چىڭ بىلەن بۇ خوجىلار بەزىدە ھەمدەم ۋە بەزىدە رەقىب بولغان بولۇپ، خوجىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى نەقشبەندى مەزھىپىنىڭ بەرپاچىسى باھاۋۇددىن نەقشبەندى دەپنە قىلىنغان زېمىن بولغان بۇخاراغا بېرىپ ئۇلىناتتى.

شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ چىڭ تارىخى بىلەن تونۇشلۇقى كۆپ بولمىغان دېيەلىسەكمۇ ئەمما پۈتۈنلەي ناتونۇشمۇ دېيەلمەيمىز، چۈنكى بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلىغانلىقى ئېنىق. مەسىلەن، 1890-يىللاردىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھۆكۈمدارى تاۋ مو (1835-1902) قۇمۇل ۋاڭىغا مەكتۇپ يېزىپ ئۇلارنىڭ ئائىلە شەجەرىسىنى سورىغان. جاۋاب خەتتىن قۇمۇل ۋاڭىنىڭ چىڭ ئوردىسىدىكى ئۆز يۇرتىغا دائىر بايانلار بىلەن تونۇش ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. بىز بۇرۇن ئېيتىپ ئۆتكەندەك، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلدا ئۇيغۇرلار، مۇسۇلمانلار ۋە خالاخۇي دەپ ئاتالغان سىرلىق بىر قەۋممۇ ياشىغان. قۇمۇل ۋاڭى مىڭ دەۋرىدىكى بۇ مۇسۇلمان دەپ ئاتالغان قوۋمنى پەقەت خىتايچە سۆزلەيدىغان مۇسۇلمانلارنى (تۇڭگانلارنى) كۆرسىتىدۇ دەپ چۈشەندۈرۈپ، قۇمۇلدا ياشاپ كەلگەن سەللىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئۇيغۇرلار ۋە خالا خۇيلار بىلەن باغلىغان. ئۇ: «خالا خۇيلار ۋە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئىشىنەتتى ئۇلارنىڭ كېيىنكىسى ئىلرىمۇ بىر خىل ئىدى. دەسلەپتە ئۇلار ئاق لاتىدا سەللە ئورىۋالغان، شۇڭا ئۇلار ئاق سەللىلىك مۇسۇلمانلار دەپ ئاتالغان. كېيىن باشقا رەڭدە سەللە ئورايدىغانلارمۇ چىققان ۋە قىزىل سەللىلىك مۇسۇلمانلار دەپ ئاتالغان. بىراق خۇددى دەريانىڭ جەنۇبى (جىياڭ نەن) ۋە دەريانىڭ غەربىي (جىياڭ شى) بويلىرىدا ياشايدىغانلارنىڭ ھەممىسى خەن دەپ ئاتالغاندەك، سەللىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى سەللىلىك مۇسۇلمانلار دەپ ئاتالغان» دەپ يازغان. قۇمۇل ۋاڭى ئۆزىنىڭ جەمەتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە: «جەمەتىمىز ئەسلى ئاق سەللىلىك مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن مۇسۇلمان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى» دېگەن.

ھالبۇكى بۇنىڭغا ئوخشاش پىكىر ئالماشتۇرۇشلار بەكمۇ ئاز بولۇپ، مەيلى مانجۇ ياكى خىتاي ئەمەلدارلار بولسۇن، ھېچ بىرى شىنجاڭدىكى يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرگەن ئەمەس. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار خىتايلاردەك فامىلە قوللانمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەلدارلار بۇلارنىڭ جەمەتىنى بىلىشتىن مەھرۇم قالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە خانىدانلىق ئەمەلدارلاردىن ھەر قايسى ناھىيەلەردە قانداق تۈردىكى كىشىلەرنىڭ ياشاۋاتقانلىقى ھەققىدە يېڭى يەرلىك تەزكىرە تۈزۈپ مەلۇمات بېرىشنى تەلەپ قىلغان. شىنجاڭدىن كەلگەن ئىنكاسلار ھەر خىل بولۇپ، بۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە قارىغاندا مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە جۇغراپىيەلىك پايدىلىنىش نۇقتىسىغا نىسبەتەن يۇقىرى دەرىجىدىكى سەزگۈرلۈكنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئەمما بىر ئىزچىللىق بولمىغان. بۇ مەلۇماتلاردا شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنى ئادەتتە ئاددىيلا قىلىپ يەرلىك (تۇجۇ) دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇنداق مەلۇمات يوللىغۇچىلارنىڭ بىرى گەنسۇدا ياشايدىغان تۇڭگانلارنى شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالە دەپ قارىغان، سەللىلىك مۇسۇلمانلارنى بولسا جۇڭغارلارنىڭ قالدۇقى دەپ قارىغان. مەلۇماتلارنىڭ كۆپىنچىسى مىللىي باغلىنىش ھەققىدە قىسمەن چۈشەنچە بەرگەن بولۇپ، بەزى مەلۇماتلاردا ئۇلار ئەرەب تېپىدىن دېيىلسە، يەنە بەزىلىرىدە پارسلار تۈرىدىن دېيىلگەن، ھەتتا بەزىلىرىدە سەللىلىك مۇسۇلمانلارنى ئەنجانلىق دەپ ئاتالغان بولۇپ بۇ ئادەتتە چەتئەللىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمى ئاتىلىشى ئىدى.

## ئەنجانلىقلار ۋە قەشقەرلىكلەر

شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ھەققىدە توختالغاندا مۇجمەل كىملىك بولغان «يەرلىك» ئاتالغۇسى بىلەن يۇرتۋازلىقنى ۋە شىنجاڭلىقلارنى ئۆزلىرىنى ياشاۋاتقان يۇرتى بىلەن باغلاپ چۈشىنىدۇ دەيدىغان ئىدىيەنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. 19-ئەسىردىن باشلاپ شەرقشۇناسلار ۋە

www.uyghurkitap.com

پائالىيەتچىلەر ئۆز نەزىرىدىكى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىدىكى بۇنداق يەرلىك تار دائىرىچىلىكنى سەلبىي جەھەتتىن تەبىرلەپ، بۇنى ئۇلارنىڭ قالاقلىقى ۋە بىكىنمىچىلىكىنىڭ ئىپادىسى دېيىشكەن. بۇ خىل قاراشنى ھازىرقى شىنجاڭغا تەتبىقلىغان جاستىن رۇدېلسون مىللەتكە ئەمەس ئۆز يۇرتىغا بولغان مۇنداق ساداقەتنى ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ ئاجىزلىقى دەپ قارىغان. ئەمما شىنجاڭ تەتقىقاتچىلىرى ئارىسىدىكى يېقىنقى يۈزلىنىش بۇ ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە 19-ئەسىردىكى شىنجاڭدا كۈچلۈك بىر ئىپتىدائىي مىللىي كىملىكنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى ۋە بۇگۈنكى دەۋردە بولسا كۈچلۈك ۋە ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان ئۇيغۇر كىملىكى مەۋجۇت بولۇپ، كۈندىلىك قارشىلىقلاردا ھەم مىللەتچىلىك شوئارلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان دەپ قارايدۇ. مەن ئىككىنچى قاراشقا قوشۇلىمەن، ئەمما ئەينى چاغدا بىر قەشقەرلىك مۇسۇلمان ئۆزىنى ئەنجانلىق مۇسۇلماندىن بەكرەك قۇمۇللۇق مۇسۇلمانغا يېقىن ھېس قىلغان، دېگەن ئىدىيەگە قوشۇلالمايمەن.

تارىملىقلار ۋە شىمالدىكىلەردە مەۋجۇت بولغان كۈچلۈك يۇرت چۈشەنچىسى ئادەتتە يۇرتلار ئارىسىدىكى بىكىنمىچىلىككە باغلىنىدۇ. مېنىڭچە بۇ يەنە يۇرتلار ئارا ئۆز- ئارا ئالاقىنىڭ سەۋەبىدىنمۇ شەكىللەنگەن. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسى تارىم ۋادىسىنى ئىستىلا قىلىش جەريانىدا تۇرپان ۋە قۇمۇلدىن ئاقسۇغىچە كەلگەنلەرنى قەشقەر ۋە يەكەنگە ئەۋەتىپ باشقۇرغۇزغان، نەتىجىدە ئۇيغۇرلاردا شىمال-جەنۇب بۆلۈنۈشى بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەينى چاغدىكى شىنجاڭدىكى سودىگەرلەر قوۋمىنى نەزەرگە ئالغاندىمۇ ئۇلار خۇددى خىتاي تىجارەتچىلەرگە ئوخشاشلا يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتى ئۈستىگە  قۇرۇلغان ئالاقە تورلىرى ئارقىلىق سەپەر قىلاتتى. خۇددى سىچۈەن، تيەنجىن، شەنشىلىكلەر قۇرغان يۇرت ئاساسىدىكى كارۋان سارايلىرىغا ئوخشاش، يەرلىك سودا كارۋان سارايلىرىمۇ شۇ يەرگە چۈشكەنلەرنىڭ نامى بىلەن مەشھۇر بولغان. مەسىلەن، 1870-يىللىرىدىكى ئاقسۇنى بايان قىلغان بىر ھۆججەتتە، خوتەنلىكلەر، قەشقەرلىكلەر، ئەنجانلىقلار، يەكەنلىكلەر ۋە تۇڭگانلارنىڭ ئايرىم كارۋان سارايلىرى بارلىقى خاتىرىلەنگەن. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇنداق سودا يوللىرىدا ئاقساقاللارنى بېكىتكەن

بولۇپ ئۇلار رەسمىيەتلەرنى ۋە كەلگەن ماللارنى تەكشۈرۈش ، باج يىغىش قاتارلىقلارغا مەسئۇل بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئۈرۈمچى ھەققىدىكى مەلۇماتلاردا بازارلار ئىككىگە ئايرىلغان بولۇپ ، بىر بازار يەنى خىتاي بازىرىدا شەنشى ، تيەنجىن قاتارلىق يەرلەردىن كەلگەن خىتايلارنىڭ يەرلىك ئۇيۇشمىسى بارلىقى ، مۇسۇلمان بازىرى بولغان يەنە بىر بازاردا بولسا ، ئاقسۇ ، تۇرپان ، قەشقەر قاتارلىق يۇرتلاردىن بولغان يەرلىكلەرنىڭ ئايرىم ئاقساقاللىرى بولغانلىقى بايان قىلىنغان. گەرچە تىجارەت ۋە ئالاقە جەريانىدا نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالىساقمۇ ، لېكىن سودىدىكى رىقابەت ۋە دۈشمەنلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش قاتارلىق ئامىللار سەۋەبلىك يەرلىك مۇسۇلمانلار ئۆز يۇرتداشلىرى ئەتراپىغا جۇغلاشقان.

شىنجاڭنىڭ سىرتىدا يۇرتۋازلىق ئىچىدىكىدەك گەۋدىلىك ئەمەس بولۇپ ، قوشنا رايوندىكى كىشىلەر ئۇلارنى پەقەت ئۆزىگە ئەڭ يېقىن يۇرتنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتايدۇ. مەسىلەن ، يەكەندىن چىقىپ تاغلاردىن ئېشىپ لاداق ۋە ھىندىستانغا يېتىپ بارغانلار يەكەنلىكلەر دەپ ئاتالغان. يەكەننىڭ غەربىگە جايلاشقان قەشقەر تارىم ۋادىسىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھەممە بىلىدىغان ئەڭ چوڭ ۋە مۇھىم شەھەر بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ۋادىدىكى مۇسۇلمانلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قەشقەرلىكلەر دەپ ئاتالغان ئەھۋالمۇ بار. بۇ يەرگە قوشنا رايونلار تارىم ۋادىسىنى ئادەتتە «قەشقەر ئۆلكىسى» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ ، رۇسىيە تەتقىقاتچىلىرى ئىشلىتىدىغان «قەشقەرىيە» ئاتالغۇسى مۇشۇ سەۋەبتىن بارلىققا كەلگەن ئىدى. تارىخى خاتىرىلەردە ئىسلام دۇنياسىدىكى نۇرغۇن ئالىملار ۋە شەيخلەرنىڭ «قەشقىرى» تەخەللۇسى ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم بولۇپ ، بۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن 11-ئەسىردە ئۆتكەن تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇنىڭغا ئوخشاشلا ، شىنجاڭنىڭ قوشنىسى بولغان قوقەن خانلىقىدىكى مۇسۇلمانلار بۇ خانلىقتىكى شىنجاڭغا ئەڭ يېقىن بولغان ئەڭ مۇھىم شەھەر ئەنجان نامى بىلەن «ئەنجانلىقلار» دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ كىتابنىڭ ئاساسى ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان قەشقەردىن غەرب تەرەپكە ماڭىدىغان يوللار تارىختا نۇرغۇن كۆچمەنلەرگە گۇۋاھ بولغان ئىدى. بىر ئىنسانشۇناسنىڭ مەلۇماتىچە، پەرغانە ۋادىسىدا 60 نەچچە يەرنىڭ ئىسمىدا قەشقەر سۆزى بار ئىكەن. قەشقەر نامى غەربكە ماڭغاندىلا ئەمەس جەنۇبقا ماڭغان تاغلىق يوللاردىمۇ ئۇچرايدىغان بولۇپ، ھەتتا بىر قىسىم تاجىك جامائەتلىرى ئۆز ئەجدادىنى قەشقەرگە باغلايدۇ. 17-ئەسىردىن باشلاپ قەشقەر كۆچمەنلىرى پەرغانە ۋادىسىغا كېلىشكە باشلىغان. 18-ئەسىردە تارىم ۋادىسىدىكى چىڭ سۇلالىسىگە قارىتا تۇرلۇك قارشىلىق ھەرىكەتلەر نەتىجىسىدە يەنە بىر تۈركۈم تارىملىقلار پەرغانە ۋادىسىغا كەلگەن ۋە قوقەن خانلىقى ھاكىمىيىتىگە كىرگەن. تارىم ۋادىسىدىكى بىر-بىرىگە دۈشمەن سوپى گۇرۇھلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگە — جېدەلنىڭ نەتىجىسىدە قەشقەردىكى مەشھۇر خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتى، مۇرىتلىرىنىڭ پەرغانە ۋادىسىدا تېپىلمىغان ۋاقتى بولمىغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى ئىستىلا قىلىشى نەتىجىسىدە كۆچمەنلەرنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپەيگەن. ئىسلامى مەنبەلەردە بۇ كۆچمەنلەرنىڭ سانى كۆپتۈرۈپ ئېيتىلغان بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ تەسىرى ھەقىقەتەنمۇ زور بولغان. بىر مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، تۇنجى كۆچۈش بولغان 1759-يىلى خوجا باھاۋۇددىن ۋە خوجا جاھان ئەگەشتۈرۈپ كەتكەن كىشىلەرلا 12 مىڭ ئائىلىدىن ئاشقان بولۇپ ئۇلاردىن پەقەت توققۇز مىڭلا پامىر تاغلىرىدىن ئېشىپ بەدەخشانغا يېتىپ بارالىغان.

18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئەنجانلىقلار قوقەن بىلەن تارىم ۋادىسى ئارىسىدىكى سودىنى مونوپول قىلغان مۇھىم بىر كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، بۇ كۈچ چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ دىققىتىنى تارتقان. ئەنجانلىقلارنىڭ ئىقتىسادى كۈچى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوقەن بىلەن سىياسىي جەھەتتىن مۇرەسسە قىلىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى. چىڭ ئەمەلدارلىرى دەسلەپتە ئەنجانلىقلارغا خۇددى چىڭ ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدىكى باشقا يەرلىك ۋە چەتئەللىك سودىگەرلەر ئارىسىغا ئاقساقال تەيىنلىگەندەك مەسئۇل بېكىتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان. ئەمما كېيىنچە قوقەن خانلىقى بۇ ھوقۇقنى ئۆز قولىغا ئېلىۋالغان. شۇنىڭ

بىلەن بىللە شىنجاڭدىكى چەتئەللىكلەردىن تاموژنا بېجى ئېلىش ۋە ئايرىلاش ئەنجانلىق ۋە قەشقەرلىكلەر ئائىلىلىرىدىن ئائىلە بېجى ئېلىش ئىشلىرىمۇ قوقەنلىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئەنجان ئەنجانلىق ئاقساقاللار باج يىغقۇچىلار بولۇپ، ئۇلار قوقەن ئوردىسىغا ھەر يىلى مۇقىم مىقداردا پۇل تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى. قەشقەردىكى ئەنجانلىق ئاقساقاللار  تارىم ۋادىسىدىكى ھەر قايسى شەھەرلەردە ۋاكالەتچى تەيىنلەيتتى. ھەر قايسى شەھەرلەردىكى ۋاكالەتچىلىك ئۈنۋانى شۇ يەردىكى سودا — تىجارەت ئەھۋالىغا قاراپ مەلۇم مىقداردىكى پۇلغا سېتىلاتتى.  دەسلەپتە ئاقساقاللار پەقەت تىجارەتچىلا بولۇپ كېيىنچە كۆچەيگەن ۋە نەتىجىدە قوقەنلىك  ئەسكەرلەر قاتلىمىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. قەشقەردىكى قوقەنلىك ئاقساقاللار خۇددى رەسمىي كونسۇللارغا ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، باج يىغىش، مالىيە ۋە تالاش-تارتىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل ھەر تۈرلۈك خادىملىرى بولغاندىن باشقا ھەتتا ساقچىنىڭ رولىنىمۇ ئۆتەيدىغان ئورگانلارنى بەرپا قىلغان. چىڭنىڭ قوقەنگە مۇرەسسەلىك مۇئامىلە قىلىشىمۇ ئەنجانلىقلارنىڭ چېگرادىن سىرتقى ھوقۇقنى كېڭەيتىۋەتكەن: ئاقساقاللارنىڭ قوقەنلىك پۇقرالارنىڭ ئىشلىرىنى شەرىئەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىدىغان دىنى خادىملىرى بار بولۇپ، ئاقساقاللار ئىمكان بولسىلا قوقەنلىكلەرنى چىڭ ئوردىسىنىڭ يوسۇنلىرىغا ئەمەل قىلماسلىققا دەۋەت قىلغان. ئەنجانلىقلار بىلەن يەرلىك خەلق ئارىسىدىكى زىددىيەتلەر دائىملىق بولۇپ،  1840-يىللاردىكى بىر قېتىملىق ماجىرادا ئەنجانلىقلار قەشقەر خەلقىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ ئۆيى ئەتراپىنى قاشارغا ئالغان.

شىنجاڭدا كۆپ ساندىكى ئەنجانلىقلارنىڭ ۋە قوقەندە كۆپ ساندا قەشقەرلىكلەرنىڭ بولۇشى 19-ئەسىردە شىنجاڭدا پات-پات يۈز بېرىپ تۇرىدىغان خوجىلار رەھبەرلىكىدىكى قارشىلىق ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن شارائىت ياراتقان. لائۇرا نيۇبى بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالغان ئىدى. قەشقەردىكى قوقەنلىك ئاقساقاللار ئىككى قېتىملىق خوجىلار ئىسيانى ۋە قوقەن خانلىقىنىڭ بېسىپ كىرىشىگە ۋاستىچى بولغان ھەمدە خوجىلار ھاكىمىيىتىدە مۇھىم ئەمەللەرگە قويۇلغان. 1820-يىلى خوجا باھاۋۇددىننىڭ نەۋرىسى خوجا جاھانگىر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىڭ زېمىنىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرىنچى قېتىم كىرگەن، نەتىجىدە قوقەن خانى مۇھەممەد ئەلىخان (1842-يىلى ئۆلگەن) قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلغان. خوجا جاھانگىرنىڭ مەغلۇپ بولۇشى يەنە بىر نۆۋەتلىك قان ياشلىق كۆچمەنلىك دولقۇنىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. جاھانگىر مەغلۇپ بولۇپ مۇھەممەد ئەلىخان چېكىنگەندە يەنە بىر تۈركۈم كۆچمەنلەرنىڭ قەشقەردىن قېچىشىغا سەۋەب بولغان. بىر مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا مۇھەممەد ئەلىخاننىڭ زورلىشى بىلەن قاچقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 70 مىڭدىن ئارتۇق بولغان. مىرزا شەمسى بۇخارى 1830-يىلدىكى ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭغا قاتناشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە شۇ ۋاقىتلاردا قەشقەرلىك 12 مىڭ كىشى قوقەن تەۋەسىگە يەرلەشكەن. چوقان ۋەلىخانوۋمۇ ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن 70 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ قوقەن تەۋەسىگە كۆچمەن بولۇپ خوجەند، قوقەن ۋە تاشكەنت ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقىنى يازغان. يەنە 1847-يىلدىكى يەتتە خوجا ئىسيانىدا 20 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر چىڭ تېررىتورىيەسىدىن ئايرىلغان. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قېچىش يولىدا كېسەللىك ۋە ئاچلىق سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى تاغ يوللىرىدا نەچچە يىللارغىچە تۇرغان. ئەڭ ئاخىرىدا 1856-يىلدىكى ۋەلىخان تۆرە ئىسيانىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن يەنە 15 مىڭدىن ئارتۇق كىشى مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتكەن.

رۇسىيەگە تەۋە تۈركىستاندا مۇھاجىرەتتىكى بۇ جامائەتنىڭ شەكىللىنىش مەسىلىسىدە چوقان ۋەلىخانوۋ ئەسەرلىرى ئەڭ مۇھىم مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ يېزىشىچە، 1860-يىللاردا پەرغانە ۋادىسىدا 50 مىڭدىن ئارتۇق «قەشقەرلىك» (ئۇيغۇر) ئائىلىسى بولغان. مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ بەزىلەر 19- ئەسىردە قوقەن تەۋەسىدە 300 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ياشىغانلىقىنى يازىدۇ. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى قوقەن ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى تەشكىل قىلاتتى. 1877-يىلى ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى چىڭ تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلار غەربتىكى ئوش (قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىدىكى بىر شەھەر) قا قاراپ سەلدەك ئاققان بولۇپ، چار رۇسىيە ئەمەلدارلىرى ئۇلارنىڭ يېرىمىنى ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرغىلى

بولىدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇشىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى رۇسلارنىڭ ئىشغالىدىن بۇرۇن كۆچۈپ كەلگەن قەشقەرلىك سارتلار (ئۇيغۇرلار) تەشكىل قىلغانلىقىنى دوكلات قىلغان.

يەرلىك ۋە كۆچمەن ئاھالىلەر ئارىسىدا مەلۇم جەھەتتە مەدەنىيەت پەرقلىرى بار ئىدى. چۇقان ۋەلىخانوۋنىڭ كۆزىتىشىچە، قەشقەرلىكلەر ماھىر سازەندە دەپ قارىلاتتى. ئۇلارنىڭ




ئوش بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدىكى يولدىكى كارۋان سارىيى. 1915-يىلى.

ئىسىملىرى كەينىگە دائىم ئاخۇن سۆزى ئۇلانغانلىقى ۋە بىر بىرلىرىنى داۋۇت ئاخۇن، تۇردى ئاخۇن دېگەندەك ئاتىغانلىقلىرى ئۈچۈن، يەرلىكلەر تەرىپىدىن ئاخۇنلار دەپ ئاتالغان، بۇنداق ئاتاش ئۇ يەرلەردە (پەرغانە ۋادىلىرىدا) ھېلىغىچە مەۋجۇت. بۇ پەرقلەر قەشقەرلىكلەرنىڭ يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن سىڭىشىپ كېتىشىگە تەسىر كۆرسەتمىگەن. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەشقەردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغان. چىك سۇلالىسى شىنجاڭ دەپ ئاتىغان ئۇ رايوندا قارشىلىقلار داۋاملاشقان بولۇپ قوقەندىكى قەشقەرلىكلەر ئۆزلىرىنى غازىلار دەپ ئاتاشقان ۋە شۇ سەۋەبتىن نام قازانغان. چوقان ۋەلىخانوۋ 1850-يىلى «ئوتتۇرا ئاسىيانى قەشقەرلىكلەر قاپلاپ كەتتى. ئۇلار چىك سۇلالىسىنىڭ زۇلۇملىرىنى، دۆلىتىنىڭ بەختسىزلىكىنى، دىنسىز زالىملارنىڭ دىنىنى چەكلىگەنلىكىنى، قىز ئاياللىرىنى دەپسەندە قىلىپ، يۇرت-ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنى ئاشۇرۇپ سۆزلىشىدۇ. قەشقەرلىكلەر ھازىر ھەممە يەردە ھۆرمەتلىنىدۇ» دەپ يازغان. جىھادتا شېھىت بولغانلار ئۈچۈن يېگىدىن مازارلار سېلىنغان ھەمدە قەشقەرلىك ئەۋلىيا ئاپئاق خوجا بىلەن باغلىنىشلىق دىنى مۇراسىملار بۇ ئۆرپ – ئادەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرغان. مۇساپىرلار ئىچىدە خۇشھال غېرىبى تەخەللۇسلۇق بىر كىشى، ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى پاجىئەدىن ھايات قالغان خۇشاللىقى ۋە سۆيۈملۈك ۋەتىنىدىن جۇدا بولغان ھەسرىتىنى قەلەمگە ئالغان. ئۇ مۇنداق يازغان:

ئازابقا مۇپتىلادۇرمەن،
ئانا يەردىن جۇدادۇرمەن.
قەشقەرىم دۆلىتىم شانىم،
ئاتا مىراس ماكانىم،
ۋەتەن چۆكتى زالىملارغا تىزىنى،
مەھكۇم قىلدى سانسىز ئوغۇل قىزىنى.

(مەزكۇر شېئىرنىڭ ئەسلى ئۇيغۇرچىسى بېرىلمىگەن، ئىنگلىزچىسىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىلدى - تەرجىماندىن.)

قوقەن تەۋەسىدە ھېچ بىر خۇشاللىق تاپالمىغان شائىر ئۆزىنى شەرق داستانلىرىدىكى مەجنۇنغا ئوخشىتىپ، يوقاتقان، ئىزچىل تەلپۈنىدىغان ۋەتىنىنى لەيلىگە ئوخشاتقان ۋە داۋاملىق ۋەتىنى بىلەن جەم بولۇشنى ئىستىگەن.

گەرچە خۇشهال غېرىبىنىڭ ساداسى يالغۇز بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قەشقەردىن چىقىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇساپىر بولۇپ ياشاۋاتقان خەلقنىڭ غېرىب كەچمىشى ۋە كۆرەشچان تارىخىنى ئەكس ئەتتۇرگەن ئىدى. بۇ كىشىلەر شۇ كەچمىش ، قانلىق خاتىرىلىرى بىلەن قوشنىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇراتتى.

1860 ۋە 1870-يىللاردا قوقەن خانلىقى رۇسلارنىڭ ئىستېلاسىغا ئۇچرىدى ، شۇنىڭ بىلەن قەشقەرلىكلەرنىڭ كاپىرلارغا قارشى تاپانچ كۈچ دېگەن نامىنىڭ بازىرى زامانغا كۆرە سۇغا چىلاشتى. چار پادىشاهلىقى بۇ كۆچمەنلەرنى يەرلىك خەلقتىن ئايرىپ مۇئامىلە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى هېس قىلمىغان بولۇپ ، بۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ سارت دەپ ئاتىغان. ئەگەر رۇس ئارخىپلىرىدا قەشقەرلىك دېگەن ئاتالغۇ تىلغا ئېلىنسا بۇ ئېنىقكى چىك سۇئالىسى پۇقرالىرىنى كۆرسىتىدۇ. 1897-يىلدىكى چاررۇسىيە پۈتۈن ئىمپېرىيە تەۋەلىكدە ئېلىپ بارغان نوپۇس تىزىملاش نەتىجىسىدە پەرغانە ۋادىسىدا قەشقەرلىك دەپ تىزىمغا ئېلىنغان كىشى 14،915 بولۇپ يۈز مىڭلىغان قەشقەرلىك دېيىلىدىغان كۆچمەن ئۇيغۇرلار ئۇچۇن تولىمۇ ئاز بىر سان هېسابلىنىدۇ. ئەمما بۇ نوپۇس تەكشۈرۈشنى چۈشەندۈرمەك ئاسان ئەمەس ، چۈنكى بۇنىڭدا ئانا تىلنىڭ قايسى ئىكەنلىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ جاۋابىغا ئاساسەنلا بېكىتىلگەن. ئەمما بۇ ستاتىستىكلار پەرغانە ۋادىسىدىكى ئىقتىسادى پۇرسەتلەرنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ كۆچمەن نوپۇسنىڭ تەدرىجي كۆپەيگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: مەسىلەن ، 1904-يىلدىكى نوپۇس 47 مىڭ 388 ، بولۇپ 1906-يىلى 50 مىڭ 238 گە كۆپەيگەن. بۇ سانلىق مەلۇماتلار چىڭ هۆكۈمىتىنىڭ ۋاقىتلىق نوپۇس هەققىدىكى پەرەزلىرىگىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. بىر كىشىنىڭ قەشقەرلىك ياكى ئەسلى قەشقەرلىك بولغان سارت ئىكەنلىكىنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قولىدىكى چىڭ پاسپورتى بولغان. (لېكىن چىڭ سۇلالىسى مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا پاسپورت بولغانمۇ يوق ، ئويلىشىپ باقىدىغان مەسىلە ، ئاپتورمۇ پاكىت كەلتۈرمەپتۇ- تەرجىماندىن).

## شەرقشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇر كىملىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ دەسلەپكى مۇلاھىزىنى يەكۈنلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، مەن غەربنىڭ ئىلمى ئەنئەنىسىگە دىققىتىمنى ئاغدۇرىمەن. ئۇلارنىڭ ئىلمى ئەنئەنىسى ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ كىملىكى ۋە تارىخى ھەققىدىكى خەلقئارادىكى كۆز قاراشلاردا تەدرىجىي ھالدا ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتتى. ياۋروپادىكى شەرقشۇناسلار 17-ۋە 18-ئەسىرلەردە خەلقلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشلىرى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە تەتقىقاتلار يۈرگۈزدى. بوزقىرلاردىكى ئۇيغۇرلار ۋە كېيىن بوزقىرلارنى تاشلاپ شەھەر ھاياتىغا كۆچكەن، شەھەرلەشكەن ئۇيغۇرىستاندا مول تارىخى ئىزلارنى قالدۇرغان ئۇيغۇرلار شەرقشۇناسلارغا يىراقتىكى مەۋھۇم دۇنياغا كىرىشتىكى بىر ئىشىكتەك تۇيۇلغان ئىدى. خۇددى جون پوكوك مۇلاھىزە قىلغاندەك، مەدەنىي ياۋروپالىقلارنىڭ بوزقىرلاردىكى كۆچمەن خەلقلەرگە قىزىقىشى ئۇلارنىڭ خرىستىئان ياۋروپاسى تارىخىدىكى ياۋايىلىق ۋە مەدەنىيەت ھەققىدىكى ئۇقۇملارغا بولغان قايتا قىزىقىشىنى ئەكس ئەتتۈردۇ. ئەسلى تەتقىقاتچىلار ئۆزى ئۇچراشقان خەلقلەرنىڭ تارىخى ۋە كىملىكىنى ئايان قىلماقچى بولغان ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ مەقسىتى تارىختىكى تاجاۋۇزلارغا ۋە ياۋروپا ئىلىم ئەھلىنىڭ دۇنيا تارىخى ھەققىدىكى پەرەزلىرىگە پاكىت ئىزدەش بولغان ئىدى. 19-ئەسىردە شەرقشۇناسلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە تارىخشۇناسلىقتا سىېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ قوللىنىلىشى نەتىجىسىدە تارىخىي بىر خەلق بولغان ئۇيغۇرلار دىققەت تارتىشقا باشلىدى.

فرانسىيە تەتقىقاتچىلىرى بىلەن خرىستىئان دەۋەتچىلىرى ئاسىيا تەتقىقاتىنىڭ باشلامچىلىرى بولۇپ بەزىدە ئىسلام ۋە بەزىدە خىتاي مەنبەلىرىگە مۇراجىئەت قىلاتتى. 13-ئەسىردىكى فرانسىيەلىك سەيياھ فرايار ۋىلىيام رۇبرۇك ۋە ئىتالىيەلىك سەيياھ ماركوپولونىڭ موڭغۇللارنىڭ ئۇلۇغ خان ئوردىسىغا بولغان زىيارىتىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن تۇنجى غەربلىك كىشى بارتېلېمى ھېربېېلوت بولۇپ ئۇنىڭ «بىبلوتېك ئورىئېنتال» (1697) دېگەن ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئىگۇر، ئايگۇر شەكلىدە ئۇچرايدۇ. ھېربېلوتنىڭ شەرقتىكى خەلقلەر ۋە زېمىنلار ھەققىدە ئۆزگىچە يېزىلغان بۇ كىتابىدىكى مەلۇماتلىرى ئوسمان ئىمپېراتورلۇقىنىڭ سىياسەتچى ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىدىن بولغان كاتىپ چەلەبىنىڭ جۇغراپىيە

ھەققىدىكى يازمىلىرىدىن پايدىلانغان ئاساستا يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى بايانلىرىمۇ ئىسلامى مەنبەلەردىكى كۆز قاراشلارنى ئەكس ئەتتۇرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى بايانلار ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» دېگەن ئەسىرىگە باغلىنىدىغان بولۇپ مەزكۇر ئەسەر ئۇزۇنغا قالماي لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى خىتايچە مەنبەلەر ياۋروپا ئىلىم ساھەسىگە 1730-يىللاردا ئانتونى گوبىلنىڭ چىڭگىزخان ھەققىدىكى تەرجىمىھال ئەسىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرۇلغان. گوبىل تۈرپاندىكى ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ چىڭگىزخانغا قانداق تەۋە بولغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن. ئۇندىن كېيىن 1750-يىللاردا جوسىف دې گۇئىگنىس ئۆزىنىڭ «ھونلار، تۈركلەر، موڭغۇللار ۋە باشقا غەربىي تاتارلارنىڭ ئومۇمى تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە بوزقىرلاردىكى ئۇيغۇرلارنى مۇلاھىزە قىلغان. ئەمما ئىسلام ۋە خىتاي مەنبەلىرىدىكى ئۇيقۇلارنىڭ قانداق باغلىنىدىغانلىق مەسىلىسى ئۇلارغا ئايدىڭ ئەمەس ئىدى. ھېربېبلوتىنىڭ كىتابىنىڭ كېيىنكى نەشرىگە مىسسىئونېر (دىن تارقاتقۇچى) ۋىسدېلونىڭ ئەسىرى تولۇقلىما قىلىنغان. ۋىسدېلو «بىبلوتېك» كە خىتايشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئىزاھات يازغان. ئۇنىڭ ئىچىگە «تاتارلارنىڭ تارىخى» مۇ قوشۇلغان بولۇپ، بۇنىڭدا ۋىسدېلو شۇ ۋاقىتتا مەلۇم بولغان تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى بوزقىر ئۇيغۇرلىرى ھەققىدىكى ھەممە مەنبەلەرنى كىرگۈزگەن، ئەمما تەڭرىتاغنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختالمىغان.

ئۇيغۇرلارغا ئائىت پەرقلىق مەنبەلەرنى بىرلەشتۈرگەن كىشى داڭلىق تىل-يېزىق ئالىمى جۇلىئۇس كلاپروت (1783-1835) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى كلاسسىك مەنبەلەر بىلەن تونۇشلۇق بولۇپ، 1805-1806-يىللىرى رۇسىيەنىڭ خىتايدىكى ئەلچىخانىسىدا ئىشلەش جەريانىدا ئۇ تارىختىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئىزدەپ تاپماقچى بولغان. ئۇ خىتاي — رۇسىيە سودا بازىرى بولغان كياختا دېگەن يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلاردىن تارىخ كىتابلىرىدا نامى كۆرۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بار- يوقلىقىنى سورىغان ۋە ئۇلارنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى تۇرپان ئەتراپىدا ياشايدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. ئەپسۇسكى ئۇ

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان جايلارغا بارالمىغان ، ئەمما ئۇ ئۇست كامپنوگورسك دېگەن يەردە ياشاۋاتقان بىر تۇرپانلىق ئۇيغۇرنى تېپىپ ئۇنىڭدىن بىر قىسىم ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى خاتىرىلىۋالغان. كلاپروت پارىژغا قايتقاندىن كېيىن ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت مانجۇچە ، خىتايچە ۋە ئىسلامى مەنبەلەرنى رەتلەپ 1811-يىلى ئۆز بايقاشلىرىنى ئېلان قىلغان. كلاپروت خىتايچە مەنبەلەردە خۇيخۇ دەپ تىلغا ئېلىنغان كىشىلەر بىلەن ئىسلامى مەنبەلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر خەلق ئىكەنلىكىنى ، ئۆز ۋاقتىدا تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا ياشاۋاتقان تۈركى تىللىق كىشىلەرنىڭ تارىختىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىمۇ ئانالىز قىلىپ ، بۇ يېزىقنىڭ ئەسلى قەدىمكى سۈرىيە يېزىقى بولۇپ سوغدىلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا تارقالغانلىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يېزىقنى مۇكەممەلەشتۈرۈپ موڭغۇل ، مانجۇ خەلقلىرىگە ئۆگەتكەنلىكىنى بايان قىلغان. كلاپروتنىڭ بايقىشى ياخشى ئېتراپقا ئېرىشتى ۋە داڭلىق خىتايشۇناس ، ياۋروپادىكى تۇنجى خىتايشۇناسلىق باش پروفېسسورى ئابېل رېموساتنىڭ تەتقىقاتىغا كىرگۈزۈلدى. 1820-يىلى نەشر قىلىنغان «تاتارلارنىڭ تىلى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ئۇلۇغ ئەسىردە رېمۇسات ئۇيغۇرلار ھەققىدە كلاپروتقا ئوخشاش خۇلاسىگە كەلگەن ۋە قۇمۇلدىن قەشقەرگىچە بولغان رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ تىلىنى ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتىغان.

كلاپروتنىڭ ئەسىرى ئىلىم دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالدى ، ئەمما قايىل بولمىغانلارمۇ بار ئىدى. خىرىستىئان دىن تارقاتقۇچىسى ، موڭغۇلشۇناس ئىساك جاكوپ شمىت (1779-1847) ئاشۇنداقلارنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇ 1818-يىلى بىر ماقالە يېزىپ كلاپروتنىڭ خۇلاسىسىگە قارشى چىققان. ئۇ شۇ چاغدا سانت پېتىربۇرگ شەھرىدە 17-ئەسىردىكى موڭغۇل تارىخى قولىيازمىسى بولغان ساگان سېچەننىڭ «گۆھەر يىلنامە (ئېردېنى يىن توبچى)» دېگەن ئەسىرى ھەققىدە تەتقىقات قىلىۋاتقان بولۇپ ئۇنىڭ تەتقىق قىلىۋاتقان ئېتنىك تىل-يېزىق سۆزلۈكلىرى غەربى ياۋروپالىق شەرقشۇناس كەسپداشلىرىنىڭكىدىن پەرقلىق ئىدى. «گۆھەر يىلنامە» دىكى موڭغۇل يېزىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەققىدىكى بايانلار كلاپروتنىڭ ئىسلامى مەنبەلىرىنىڭكىدىن كۆپ پەرقلىق بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلار تىبەتلەرگە ئوخشايدىغان ئىسىملىرى بار ، بۇددا دىنىدىكى

كۆچمەن چارۋىچىلار قاتارىدا تىلغا ئېلىنغان. شىمىت بۇنىڭغا ئاساسەن كلاپروتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىي كىملىكى ھەققىدىكى خۇلاسىسىنى رەت قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى تاڭغۇتلار بىلەن، يەنى چىڭخەي ئېگىزلىكىدىكى تىبەتچە سۆزلەيدىغان خەلق بىلەن ئوخشاش دەپ تەشەببۇس قىلغان. ھەتتا ئۇ كلاپروت رەتلەپ چىققان «ئۇيغۇر ھەرپلىرى» جەدۋىلىنى زاڭلىق قىلىپ، ئۇنى «خاتا يېزىلغان موڭغۇلچە» دەپ قارىغان ۋە كلاپروتنىڭ بۇ يېزىقنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى بايانلىرىنى پۈتۈنلەي ئويدۇرما دەپ ئىنكار قىلغان.

ئۇيغۇر ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلار 19-ئەسىر تىل-يېزىق تەتقىقاتىنىڭ سالىيوتىغا ئايلانغان. كلاپروت قاراشلىرىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئاساسلارغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن كىتابىنىڭ يېڭى نەشرىنى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تەرجىمە قوللانمىلىرىدىن ئېلىنغان تىل ماتېرىياللىرىنى قوشۇپ ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ پايدىلانغان مىڭ سۇلالىسى تەرجىمە قوللانمىلىرىنى بېيجىڭدىكى دىن تارقاتقۇچىلار تەمىنلىگەن ئىدى. ئىساك جاكوپ شىمىت ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىي تىللىق مىللەت دېيىلىشىنى بىر چۆچەك دەپ قاراشتا چىڭ تۇرغان. ئۇ كلاپروت پايدىلانغان مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوللانمىنىڭ راستلىقىدىن گۇمانلانغان. ئۇ كلاپروت نەقىل كەلتۈرگەن مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى بولغان رەشىدىدىن تىلغا ئالغان ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتنى يالغانغا چىقىرىپ ئۇنى موڭغۇلچە مەنبەلەرنى خاتا ئوقۇپ قالغان دەپ قارىغان. ئۇنىڭغا جاۋابەن، كلاپروت بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقى جەھەتتىن تۈركىي مىللەت ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئۆزىنىڭ «ھەل قىلغۇچ ئىسپاتى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىساك جاكوپ شىمىتنىڭ قاراشلىرى ۋە خۇلاسىسىدىكى مەنتىقسىز تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن. جاكوپ شىمىت بۇنىڭغا تەن بەرمەي، 1826-يىلى بىر كىتاب يېزىپ ئۆز قاراشلىرىنى شەرھلىگەن ۋە كلاپروتنىڭ قاراشلىرىنى تەنقىد قىلغان. 1828-يىلى بۇ ساھەدە ئۇيغۇرلارنى تۈركىي مىللەت دەپ قارايدىغان ئاساسى ئېقىم ۋە ئۇيغۇرلارنى تىبەت دەپ قارايدىغان تارماق ئېقىم شەكىللەنگەن بىر ئەھۋالدا، رۇسىيەلىك پروۋسلاۋىيە دىنىدىكى موناخ بىچۇرىن ئۈچىنچى بىر قاراشنى، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى موڭغۇللار ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شۇندىن كېيىن كلاپروتنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە باشقا يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ھەپىلىسى قالمىغان، بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتمۇ ئاستىلىشىپ قالغان. گەرچە 1820-يىللىرى كۆتۈپخانىلاردا ئۇيغۇر يېزىقلىرى ھەققىدىكى قولىيازما ئەسەرلىرى بايقالغان بولسىمۇ يېرىم ئەسىر نەشر قىلىنماي تۇرۇپ قالغان. ئۇيغۇر تەتقىقاتىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق زىلزىلە 1870-يىلى مەيدانغا چىققان بولۇپ، بۇ چاغدا ۋېنگرىيەلىك ئالىم ئارمىنئۇس ۋامبېرى 11-ئەسىردىكى قاراخانىيلار دۆلىتى ئوردىسىدا يېزىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن دىداكتىك ئەسەرنى نەشر قىلدۇرغان. كىتابنىڭ چىقىشى ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدە بىر يېڭىلىق بولۇپ تونۇلغان، چۈنكى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تارىخى ھەققىدە ياۋروپالىقلارنىڭ بىلىدىغىنى ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىنمۇ ئاز ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ھەر قانداق بىر ئەسەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجادىيىتى دەپ قارىغان. شۇڭا، ۋامبېرى شەرقشۇناسلارغا «قۇتادغۇ بىلىك» نى «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمي ۋە ئۆزگىچە بولغان تىل جەھەتتىكى ئابىدىسى» دەپ تونۇشتۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى بۈگۈنكى گەنسۇدىن تاكى سەمەرقەنتكىچە ياشىغان دەپ تەسۋىرلەپ، سەمەرقەنتنى ئۇيغۇرلار بەرپا قىلغان دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما ۋامبېرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ داۋاملىشىشى مەسىلىسىدە كلاپروتقا قارىغاندا ئېھتىياتچان بولغان بولۇپ، كلاپروتنىڭ «تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى سۆزلەيدۇ» دېگەن قارىشىنى تەنقىد قىلىپ، «ئوقۇمۇشلۇق كلاپروت بۇندىن 40 يىل ئىلگىرى بۈگۈنكى تۇرپاندا ياشايدىغان بىر ئۇيغۇرنىڭ تىلىدىن خاتىرىلىۋالغان سۆزلۈكلەر ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ھەقىقىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتەلمەيدۇ» دەپ يازغان. ئۇنىڭ بۇ كۆز قارىشى بۈگۈنكى تىلشۇناسلارنىڭكىگە خېلىلا يېقىن، يەنى، «ماۋرەئۇننەھىر خەلقلىرىنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى تەسىرى» شىنجاڭغا ئەرەب-پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىغان بىر تۈركى تىلنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ تىل قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن فونولوگىيە ۋە سۆزلۈكتە زور پەرقلىنىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

## تۈركولوگىيەنىڭ غەلىبىسى

بەزىلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئويلىنىشلىرى پەقەت تەتقىقات ئۈچۈنلا ئەمەس ئىدى. 1860-يىللاردا خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدا چىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوزغالغان كەڭ كۆلەملىك مۇسۇلمانلار ئىسيانى بۇ قوۋمنىڭ كىملىك مەسىلىسىنى دىققەتلەرنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن رۇسىيە بۇ ھەقتە تەتقىقات قىلىشقا باشلىدى. 1867-يىلى خىتايشۇناس ۋاسىلى ۋاسىلىيېۋ سانت پېتربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا «خىتايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدە» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى. لېكسىيەدە، ۋاسىلىيېۋ مۇسۇلمانلار ئىسيانىنىڭ ئىسلامنىڭ خىتايدا ئاساسى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەمما پاسسىپ ھالەتتىكى كوڭزىچىلىق ۋە بۇددىزىم مەدەنىيىتىگە قارىغاندا ھاياتى كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ يەنە خىتاينى بىر مۇسۇلمان دۆلەتكە ئايلىنىدۇ، دەپ قارىغان. بۇ قاراش كېيىنچە فرانسىيە ۋە برىتانىيە ئىلىم ساھەسىنىڭ خىتايدىكى ئىسلام تەتقىقاتىغىچە كېڭەيگەن.

ۋاسىلىيېۋ بېيجىڭدا رۇسىيە پراۋوسلاۋىيە دىنى جەمئىيىتى ئۈچۈن ئۇزۇن يىللار خىزمەت قىلغان بولۇپ ئۇنىڭ خىتاي ھەققىدىكى قاراشلىرى خىتاي ئىلىمدارلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش (考证 كاۋ جېڭ) ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ خىتايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كىملىك مەسىلىسىدە دەسلەپ خىتاي زىيالىيسى گو يەنۋۇنىڭ قاراشلىرى بويىچە «ئۇيغۇر» نامى بىلەن شۇ ۋاقىتدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ خىتايچە نامى بولغان «خۇيخۇي» ياكى «خۇي» لار ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بار دەپ قارىغان ھەمدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مىللەت نامى ھەققىدىكى مۇجمەللىكنى ئايدىڭلاشتۇرماقچى بولغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئانچە مەشھۇر بولمىغان ئۇيغۇر دېگەن بۇ خەلقنىڭ نامى ئىساك جاكوپ شمىت ئېيتقاندەك تاڭغۇت دېگەن نام بىلەن ئوخشاش ئىكەن. ئۇ تۈرك تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىلىدا تۇڭگان دېيىلىدىغان خىتاي تىللىق مۇسۇلمانلارنىڭ نامىنى تارىختىكى تاڭغۇت دېگەن مىللەتنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن دېگەننى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ تىبەت تىللىق تاڭغۇتلارنىڭ خىتايلارنىڭ زېمىنى بىلەن غەربتىكى زېمىنلار ئارىسىدا بىر مەزگىل كۈچەيگەنلىكىنى پاكىت قىلىپ، خىتايدىكى مۇسۇلمانلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر\تاڭغۇتلاردىن ئىسلام دىنى قوبۇل قىلغانلار ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كۆچۈپ كەلگەنلەر بولۇپ ، بۇ كۆچمەنلەر تاڭغۇت زېمىنىدىن ئۆتكەندە تاڭغۇت\تۇڭگان دېگەن نامدا ئاتىلىپ قالغان ، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ يەنە ، بۇ مۇسۇلمانلار تاڭغۇت پادىشاھلىقىنىڭ خىتايچە نامى بولغان داشىيا بىلەن ئەرەبىستاننىڭ خىتايچە نامى بولغان داشى نىڭ ئوخشاشلىقىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ ، ئۆزلىرىنىڭ تاڭغۇتلاردىن كېلىپ چىققانلىقىنى قەستەن يوشۇرغان ۋە ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھۆرمەتكە ئىگە بولغان ئەرەبلەرنىڭ ئەۋلادى دەۋالغان ، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ فورمۇلىسى بويىچە تاڭغۇت=تۇڭگان=خۇيخۇي=ئۇيغۇر بولۇشى كېرەك. مانا بۇ رۇسچە ئىلىمدارلىقنىڭ «ئۇتۇقى» ئىدى.

ۋاسىلىيېۋنىڭ قارىشىچە بولغاندا ئۇيغۇر تارىخىدا تۈرك ئامىللىرى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بۇ خۇددى جاكوپ شىمىتنىڭ كۆز قارىشى بىلەن بىردەك ئىدى ، ئەمما بۇ شۇ ۋاقىتلاردىكى ئىلمى يۈزلىنىش بىلەن قارشى ئىدى. دەل شۇ چاغلاردا تۈرك تىللار تەتقىقاتىدا سېلىشتۇرما مېتودىنى قوللىنىپ ، بۇ تىللارنىڭ رېئال ۋە تارىخى بىرلىكىنى ئىزدىنىدىغان تۈركولوگىيە ئىلمى مەيدانغا چىقتى. تۈركولوگىيە -- تۈركى تىللار ۋە تۈركى تىللىق مىللەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان بىر ئىلىم بولۇپ ، شەرقشۇناسلىق ۋە تارىخى تىلشۇناسلىقنىڭ باشقا ساھەلىرىگە قارىغاندا كېيىنرەك گۈللەنگەن ئىدى. 1850-يىللاردا گېرمان مىللىتىدىن بولغان ۋاسىلى رادلوف (ۋىلھېلم رادلوف) رۇسىيە تۇپراقلىرىدا ئىلمي تەكشۈرۈش قىلىپ تۈركى تىللار ھەققىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى ۋە يېڭى رۇس تۈركولوگىيەسىنىڭ ئۇلىنى قۇرۇپ چىقتى. 1860-يىللاردا ئالتايدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ يۈرگەن رادلوف ياز ۋاقتىنى رۇسىيەدىكى تۈركچە سۆزلەيدىغان خەلقلەرنى زىيارەت قىلىش ۋە خەلق ئېچىدىكى چۆچەك ۋە داستانلارنى خاتىرىلەپ توپلاش بىلەن ئۆتكۈزگەن. بۇ جەرياندا ئۇ 1862- يىلى غۇلجىغىمۇ كەلگەن. رادلوف توپلىغان ماتېرىياللار زور مىقداردا بولۇپلا قالماي ، يەنە ئەدەبىي جەھەتتىن سۈپەتلىك بولۇپ ، رۇسىيەدە نۇرغۇن تۈركى تىللاردا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ «مىللىي ئەدەبىياتى» نى يورۇقلۇققا چىقىرىشقا ئاساس سېلىپ بەرگەن.

ختايدا مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن ، 1868-يىلى ۋەزىيەت كەسكىن بىر مەزگىلدە رادلوف غۇلجىغا ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن بارغان. بۇ ۋاقىتتا غۇلجىدا ئۇرۇش تېخى داۋام قىلىۋاتاتتى. ئۇ بۇ سەپەردىن كېيىنكى خۇلاسىسىدە بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بوز قىردىكى «شىمال ئۇيغۇرلىرى» ۋە قۇمۇل ۋە تۇرپانلاردىكى «جەنۇب ئۇيغۇرلىرى» دىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى مۇنازىرىلەرگە خاتىمە بەرگەن. ئۇ ئۆزىدىن بىر ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن ۋىسدېلوغا ئوخشاش قۇمۇل ۋە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادىنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇشى (ھازىرقى ختايچە ئوقۇلۇشى چېشى) غا باغلاپ ، ختاي تىللىق تۇڭگانلار ۋە تۈركى تىللىق «كىچىك بۇخارا ( قەشقەر) تاتارلىرى» نى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ قارىغان. بىراق رادلوف كلاپروتنىڭ ئەكسىچە بۇ رايوندىكى كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەن. ئۇ باشقا ئالىملارغا ئوخشاش شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىن پەرقلەندۈرۈپ يېڭى ئۇيغۇرچە دەپ ئاتىمىغان ، بەلكى ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر تىلىغا تارانچى دىئالېكتى دەپ ئىسىم قويغان.

رۇسىيەدە تۈركلەرنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر مۇسۇلمان ئالىملار بىلەن رۇس تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن. رادلوف مۇسۇلمان ئىسلاھاتچىلار بىلەن چار ھاكىمىيىتىنىڭ رۇسىيەدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا رۇسچىلاشقان مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەشتە مۇھىم رول ئوينىغان. يەتتەسۇغا قىلغان ئىككىنچى سەپىرىدىن كېيىن ، 1871-يىلى رادلوف قازاندىكى تاتار ، باشقىرت ، قازاق مەكتەپلىرىنىڭ مۇپەتتىشى قىلىپ ئەۋەتىلگەندە تاتار زىيالىيلار ئارىسىدىكى مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەپدارلىرى بىلەن ھەمكارلاشقان. نەتىجىدە قازاندا تاتار ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بىر ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش ئىنستىتۇتى قۇرۇلغان بولۇپ بۇ شەرقشۇناسلىق ۋە ئەنئەنىۋى ئىسلام تەتقىقاتىنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ، شۇنداقلا يەنە تاتار ۋە بۇلغارلارنىڭ ملليي تارىخى رۇسىيە مەنبەلىرى بويىچە يېزىلىشقا پىلانلانغان. بۇ پىلانلار رادلوفنىڭ تۈركى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئەرەب-پارس تەسىرىدىن قۇتقۇزۇش مۇھىم دېگەن قارىشىغا ، شۇنداقلا قازاندىكى تىلشۇناسلارنىڭ  ئېغىز تىلىنىڭ قۇرۇلمىسى مىللەتنىڭ كىملىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ، دەيدىغان مەسلىكىگە ماس كېلەتتى. رۇسىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن يەرلىك زىيالىيلار ئارىسىدىكى بۇ خىل ھەمكارلىق باشقا يەرلەردىمۇ بولغان. مەسىلەن ، غۇلجىغا ئەۋەتىلگەن چار رۇسىيە ئەمەلدارى نىكولاي پانتۇسوف نۇرغۇن يىللار سەرپ قىلىپ غۇلجا ۋە يەتتەسۇدىكى تارانچىلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلىغان ۋە تارانچى ھەمدە قەشقەرلىك ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇرغان.

1884-يىلى رادلوف قازاندىن ئايرىلىپ سانت پېتېربۇرگدىكى ئاسىيا مۇزېيىغا مۇدىرلىق ۋەزىپىسى بىلەن ئىشقا چۈشكەن ۋە بۇ ۋاقىتتا قامۇسسىمان ئەسەر «تۈرك دىئالېكتلىرى» (1911-1888-يىللىرى نەشر قىلىنغان) لۇغىتىنى ۋە «قۇتادغۇبىلىگ» (1910-يىلى) نى نەشر قىلدۇرغان. ئۇ سانت پېتېربۇرگقا ئەسىر ئاخىرىدىكى تۈركولوگىيەنىڭ تازا گۈللىنىشكە باشلىغان بىر ۋاقىتىغا ئۇلگۈرۈپ يېتىپ كەلگەن بولۇپ ، بۇ دولقۇن موڭغۇلىيەدىن نامەلۇم بىر رۇنىك يېزىقىدىكى ئۇيغۇر-تۈرك تىلىدىكى تاش ئابىدىلەرنىڭ تېپىلىشى بىلەن باشلانغان ئىدى. رادلوف بۇ تېكىستلەرنى يېشىپ چىقىشقا كىرىشكەن بولۇپ ، ئۇ دانىيەلىك ئالىم ۋىلھېلم تومسېن بىلەن بۇ جەھەتتە رىقابەتتە ئىدى. بۇ  رىقابەت رۇسىيە بىلەن غەربىي ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇللىرىدىكى پەرقنى نامايان قىلغان ئىدى. بېرلىن ۋە پارىژدىكى ئالىملار ئۆزلىرىدە ئەڭ ياخشى مۇزېي ، مول ماتېرىياللار ۋە ئەڭ ئىلمىي ئۇسۇللارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن پەخىرلىنىشەتتى ، شۇڭا ئۇلار بۇ تاش ئابىدىلەر پۈتۈكلىرىدىكى ھەر قانداق تىل ۋە تارىخ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشەتتى. رۇسىيە ئالىملىرى بولسا ئۆزىنىڭ دالا تەكشۈرۈش ئىمكانلىرى ، تۈرك تىللىق مەنبەلەرگە ساھىب ئىكەنلىكى بىلەن ئۆلۈك تىللارنى چۈشىنىشتە ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى. رادلوف ۋە ئۇنىڭ سانت پېتېربۇرگتىكى خىزمەتداشلىرى مۇزېيدا تارىخ بىلەن بۈگۈننى باغلاش ئىمكانىغا ئىگە ئىدى. ئەسىر ئالماشقان مەزگىلدە خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى قۇمغا كۆمۈلگەن شەھەرلەر ۋە تارىخى ۋەسىقىلەرنى قېزىش ئېكسپېدىتسىيەسى دولقۇنىدا رۇسىيە تۈرك تىللىق

مىللەتلەر ئارىسىغا ئارخېئولوگ ، جۇغراپىيەچىلەرنى ئەۋەتىپلا قالماي بەلكى دالا تەكشۈرگۈچى تىلشۇناسلارنىمۇ ئەۋەتكەن ئىدى. نىكولاي كاتانوۋ شۇلارنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ ، ئۇ رۇسىيە ئاكادېمىيەسىدىكى مەشھۇر يەرلىك ئالىملاردىن بىرى ئىدى ، ئۇ 1889-يىلدىن 1892-يىلغىچە غەربىي موڭغۇلىيە ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە ئۈچ يىل تەكشۈرۈشتە بولغان. ئۇ يەنە تۇرپان ۋە قۇمۇلدا تىل تەكشۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولغان تۇنجى ئالىم ئىدى.

رۇسىيە ئالىملىرى بىلەن غەربىي ياۋروپا ئالىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرقۇن ئابىدىلىرىنىڭ سىرىنى ئېچىشتىكى رىقابەتتە تومسىن رادلوف ئۇستىدىن ئۇتتۇپ چىققان بولۇپ ، 1893-يىلى ئۇ مەڭگۈ تاشلاردىكى يېزىقنى غەلىبىلىك ئوقۇپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى. 1896-يىلى ئۇ مەڭگۈ تاشلاردىكى يېزىقنىڭ ئوقۇلۇشىنى تەرجىمىسى بىلەن قوشۇپ ئىلىم دۇنياسىغا ئېلان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىتاينىڭ غەربىدىكى چۆللۈكلەردە بايقاشلار داۋاملاشقان بولۇپ ، دىققەت مەڭگۈتاشلاردىن قولىيازمىلارغا ، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن گەنسۇ ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىگە يۆتكەلگەن. گېرمانىيەلىكلەر تۇرپان ۋادىسىغا بولغان تۇنجى تەكشۈرۈشنى باشلىغان مەزگىلدە ئاۋرېل ستەيىن ئەنگلىيە كونتروللۇقىدىكى ھىندىستاندىن يولغا چىقىپ ئۆزىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى قۇمغا كۆمۈلگەن شەھەرلەر ھەققىدىكى كۆپلىگەن ئېكسپېدىتسىيەسىنىڭ تۇنجىسىنى باشلىغان. ستەيىننىڭ ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرى 1906-1908-يىللىرى تەشكىللەنگەن بولۇپ بۇ قېتىم ئۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ، تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىكى مىڭ ئۆيلەر ۋە بۇتخانىلارغا قاراپ يولغا چىقىپ ، دۇنخۇاڭدىكى نۇرغۇن زامانلار ئىلگىرى پېچەتلىۋېتىلگەن بۇتخانا كۇتۇپخانىسىدىن نۇرغۇن قولىيازمىلارنى بايقاپ قولغا چۈشۈرگەن. تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تام رەسىملىرى ، قولىيازمىلار ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەرنىڭ پارچىلىرى بۈددىزم دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى يورۇتۇشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ قالغان ، شۇنداقلا تىلشۇناسلارنىڭ قابىلىيىتىنى سىنايدىغان قىيىن سوئاللارنى قويغان.

رادلوف پېتىربۇرگدىكى رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات كومىتېتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن خىتايغا قارىتىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشنىڭ پىلانلىغۇچىسى ۋە

يېتەكچىسى ئىدى. ئۇ دالا تەكشۈرۈشىنىڭ تارىخى تىلشۇناسلىق ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىگە پايدىلىق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇ كومىتېتىنىڭ 1910-يىلىدىكى بىر يىغىنىدا تەڭرىتاغنىڭ ئىككى يېقىدىكى بوستانلىقلاردىن بايقالغان ئەسەرلەر ھەققىدە رادلوف: «بۇ ئەسەرلەرنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى بۆگۈنگىچە ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى دىئالېكتلار ھەققىدىمۇ ئوخشاشلا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش لازىم» دېگەن. بۇ يەردىكى دىئالېكتنىڭ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەس، بەلكى گەنسۇدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى كۆرسىتىدىغانلىقى شۈبھىسىز ئىدى. بۇ تەتقىقات ئۈچۈن رادلوف ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىسى سېرگېي ئېفىموۋىچ مالوۋنى بېكىتكەن.

مالوۋ 1909-1911-يىلغىچە تۇنجى قېتىم، 1913-يىلدىن 1915-يىلغىچە ئىككىنچى قېتىم خىتاينىڭ غەربىگە سەپەر قىلغان ۋە نەتىجىدە خىتايدىكى مەۋجۇت تۈركى تىللار ۋە تۈركى خەلقلەر ھەققىدە مول مەلۇماتلىق نوپۇز ئىگىسىگە ئايلانغان. ئۇنىڭ سەپەرلىرى رادلوفنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھايات ۋارىسلىرىنى خىتاينىڭ غەربىدىن تاپماقچى بولغان ئارزۇسىنى يوققا چىقارغان. گەنسۇدىكى تاغلىق رايوندىن ئۇستازىغا يازغان بىر قېتىملىق خېتىدە مالوۋ: «بەلكىم ئۈمىدسىزلىنەرسىز، ئەمما ھازىرقى ئۇيغۇر دىئالېكتىدىكى سۆزلەر بەكمۇ پەرقلىق بولۇپ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستلەردىكى نائېنىق نۇقتىلارنى يورۇتۇشقا پايدىسى بولىدىغاندەك ئەمەس» دەپ يازغان. ھالبۇكى بۇ سەپەر يەنە زور ئۇتۇقلارغىمۇ سەۋەب بولغان بولۇپ ئىلىم دۇنياسىغا سېرىق ئۇيغۇر ۋە سالار دېگەن بۇرۇن بايقالمىغان ئىككى تۈركىي تىلنىڭ تۇنجى ئۈرنەكلىرىنى تەقدىم قىلغان. مالوۋ يەنە خىتاي تۈركىستاندىكى ئۆزى «تۈرك دىئالېكتى» دەپ ئاتىغان شېۋىلەر ھەققىدە كۆپلىگەن تىل پاكىتلىرىنى خاتىرىلىگەن ۋە ئاۋازغا ئالغان. ئۇ تارىخى قولىيازمىلارنى توپلاش جەھەتتىمۇ چوڭ نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن: ئۇ ئۇرۇمچىدىكى بىر خىتاي كىتابچىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە قەدىمكى تۈركچە يېزىقتا يېزىلغان قولىيازمىلارنى قولغا چۈشۈرگەن. گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ بۇتخانىلاردىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستلەرنى تاپقان.

سانت پېتربۇرگدىن كەلگەن بىر تەتقىقاتچىنىڭ شىنجاڭدىكى سەپىرى شىنجاڭدىكى رۇسىيە پۇقرالىرى ئۈچۈن ئالاھىدە بىر چوڭ ئىش بولغان بولۇپ ، مالوۋ ئۆز زىيارىتى داۋامىدا يەرلىك كونسۇللار ۋە رۇسىيە پۇقرالىقىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەتتە بولغان. مالوۋ ئىككىنچى سەپىرىدە ئۈرۈمچىدە شۇ چاغلاردا شىنجاڭ ۋە گەنسۇدا تىجارەت قىلىدىغان قازاندىن كەلگەن تاتار سودىگەر بۇرھان شەھىدى بىلەن ئۇچراشقان. بۇرھان خۇددى باشقا رۇسىيەلىك مۇسۇلمان تىجارەتچىلەرگە ئوخشاش تۈركولوگىيە ھەۋەسكارى ئىدى. ئۇ مالوۋنىڭ سىرىق ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىنى ئورۇنبۇرگدا چىقىدىغان تاتار تىلىدىكى «ۋاقىت» گېزىتىدە ئېلان قىلغان. 20-ئەسىردىكى شىنجاڭنىڭ تارىخىغا نىسبەتەن بۇ ئۇچرىشىش دىققەتكە سازاۋەر بىر ۋەقە ئىدى: كېيىنكى نەچچە ئون يىللاردا بىرى ئىلىم يەنە بىرى سىياسىي ساھەدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان بۇ ئىككى شەخس ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ كۈچىيىشىگە شاھىت بولغان ئىدى. بۇ يەنە شەرقشۇناسلارنىڭ رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىكى ئاممۇۋى تەسىرىنىڭ بىر مىسالى ئىدى. بۇ مەسىلە ھەققىدە كېيىنكى بابلاردا مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

---

مۇسۇلمانلارنىڭ كىملىكى ھەققىدىكى چىڭ ئوردىسىغا ۋە 19-ئەسىر ھەمدە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شەرقشۇناسلارغا مەنسۇپ بايانلار تارىخى ۋەقەلەر ۋە مىللىي نامىلارنىڭ قوشۇلۇپ كەتكەن يۇغۇرۇلمىسى ئىدى. 1910-يىلى ئەنگلىيەدە چىقىدىغان «دەۋر(تايمىس)» گېزىتى مۇخبىرى جورج موررىسون ئات بىلەن تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئىككى قانىتىنى ئايلىنىپ چىققان. ئۇ دېپلوماتلار ، خرىستىئان دەۋەتچىلىرى ۋە خىتاي ئەمەلدارلىرىنى زىيارەت قىلىپ ئىچى سىقىلغان ۋە «مەن ئۆمرۈمدە مىللەتلەر ھەققىدىكى مۇنداق پەرقلىق قاراش ۋە مۇجمەل تونۇشلارغا دۇچ كېلىپ باقمىغان ئىكەنمەن» دەپ بايان قىلغان. ئەگەر ئۇ يەرلىك خەلقلەر بىلەن پاراڭلىشىپ باققان بولسا ، بىر قىسىم ئەتراپلىق يېتىشكەن ، خىتاي تارىخىدىن ۋە ئىسلامدىن مەلۇماتلىق كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشقان ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدىغانلىقىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شاھىت بولغان بولاتتى. بىراق مۇنداق قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ سانى شىنجاڭدىكى ئومۇمى مۇسۇلمانلار ئىچىدە كۆپ ئەمەس ئىدى.

ھالبۇكى، شىنجاڭدىن يىراق يەرلەردە ئۇيغۇرغا ئائىت مىراسلار كۆپلەپ يورۇق كۆرۈپ، تۈرك تارىخىنى يېڭىلاشنىڭ ئاچقۇچلىق رولىنى ئويىنىماقتا ئىدى. شەرقشۇناسلار بۇ مىراسلارنىڭ ئىگىسىنىڭ خىتاينىڭ غەربىدىكى جايلاردا تېخىچە ھايات تۇرۇۋاتقانلىقىغا ئىشىنىشەتتى. بۇ يەردە مۇشۇ نىيەتنى كۆڭلىگە پۈككەنلەر ئۈچۈن شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنى تارىختىكى ئۇيغۇرلارغا باغلىنىدىغان بىر مىللەت (خەلق) قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ ھۇلى بار ئىدى. ئەمما بۇ چىقارغىلى بولىدىغان بىردىن — بىر خۇلاسە ئەمەس ئىدى. گەرچە تىل جەھەتتىكى ئۈزلۈكسىزلىك ھەققىدە بەزى مۇجمەللىكلەر ساقلانغان بولسىمۇ، تۈركولوگىيەنىڭ ئالتۇن دەۋرىدىكى ئىشتىراكچىلىرى تارىختىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بۇ يەردىكى ھازىرقى خەلقنىڭ بىۋاستە باغلىنىشى بار ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېغىز ئېچىشنى خالىمايتتى. بىز چىڭ سۇلالىسىنىڭ كىملىك ھەققىدىكى كاتېگورىيەسىنى، ياكى ئىلمى رومانتىزمنى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بىر ھالەتتە مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولدى دەپ قاراشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم. بىز بايان قىلماقچى بولغان ۋاقىئەلەر كۆپ مۇرەككەپ بولۇپ، بۇلارنى ئاددىيلا قىلىپ ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بەرپا قىلىنىشى ياكى ئۇيغۇر مىللەت نامىنىڭ ئىلمى تارىخى دەپ بايان قىلالمايمىز. بۇ ئىككىلا كۆز قاراش گەرچە مۇھىم بولسىمۇ ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن يېتەرسىزلىكلىرى بار بولۇپ، ۋەقەلەرنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلمەيدۇ. بولۇپمۇ مىللىي كىملىك جەھەتتىكى بايانلار راۋاجىنىڭ خىتاي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار بىلەن قانداق باغلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى بىز بۇ نۇقتىدىن باشلاپ ئۆزىمىزنى بۇ بايانلاردىن بىر چەتكە ئېلىپ، مۇستەملىكىدىكى تۈركىستاننى سىياسىي جەھەتتىن ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغان ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي شارائىتلارغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرىمىز.

## ئىككىنچى باب.

## بىر مۇستەملىكىنىڭ شەكىللىنىشى

1850-يىللارنىڭ ئاخىرىدا چىڭ ئەمەلدارلىرى ئىمپېرىيەنىڭ غەربىي چېگرالىرىنى يۈز يىل بۇرۇن چىيەن لوڭ زامانىسىدىكى گېنېراللار بېسىۋالغان يېڭى تۇپراقلارنىڭ ئۆزى دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم ئۇلارنىڭ خىيالىدا چىڭ ئىمپېرىيەسى مۇتلەق ئۈستۈن ھالەتتە بولۇپ، ئەتراپتىكى قازاق سۇلتانلار، قوقەن خانلىرى، بەدەخشان ھاكىملىرى، ھەتتا ئافغانىستان پادىشاھلىرىمۇ ئۇلارنىڭ تەڭرىنىڭ ئوغلى دەۋالغان مانجۇ شاھىغا ئولپان تاپشۇرۇپ باش ئەگكەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇنداق خالىغانچە يېزىۋېلىنغان بايانلار تەپسىلىي ئىزدىنىشلەرگە پايلىمايدۇ. بىر قانچە قېتىملىق قوقەننىڭ تاجاۋۇزى ۋە يەرلىكلەرنىڭ ئىسيانىدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى چېگرا قاراۋۇلخانىلىرىنى كۆچەيتكەن بولسىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا دىپلوماتىيەسىگە ئارىلىشىپ بولالماس ھالغا قالغان. چىڭ ھۆكۈمىتى ئەنجانلىق تىجارەتچىلەرنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى نۇرغۇن سودا ئىمتىيازلىرىدىن بەھرىمەن قىلغان بولۇپ بەزىلەرنىڭ تەبىرىچە بۇ خىتاي تارىخىدىكى تەڭسىز شەرتنامىلەرنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئەلۋەتتە بۇ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدە چەت چېگرا رايوندىكى سىياسىي گەۋدىلەرگە قىلغان شاپائەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. چىڭ ئىمپېرىيەسى قوقەن بىلەن بولغان مۇئامىلىسىنى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىنكى «شەرتنامە سىستېمىسى» نىڭ قاتارىدا دەپ ئويلاشمىغان ئىدى.

يىگىرمە يىلدىن كېيىن ۋەزىيەت پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆزگىرىپ كەتكەن. 1864-يىلى بۈيۈك مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى بولۇپ، 1877-يىلى تەڭرىتاغنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇسۇلمانلار رايونلىرى قايتا ئىستىلا قىلىنغان ۋە بۇ رايون 1880-يىللىرى چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ يېڭى بىر ئۆلكىسى بولۇپ قۇرۇلغان. بۇ ۋاقىتتا رۇسىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىمۇ تازا كۈچەيگەن بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەزكۇر رايوننى بىر ئۆلكىسىگە ئايلاندۇرۇپ خىتايچە ئىدارە قىلىشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئورنىتىشى بىلەن رۇسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشى بىر ۋاقىتقا توغرا كەلگەن. بۇ ھادىسىلەر خىتاي ۋە رۇسىيە تۈركىستانلىرىنى يېقىن بىر ھالەتتە بىر-بىرىگە باغلىغان بولۇپ، ئىككى تۈركىستان ئارىسىدا نوپۇسنىڭ ئېقىشى كۆچىيىپ رۇسىيە چىڭغا قاراشلىق تۈركىستاندىكى، چىڭ سۇلالىسى رۇسىيەگە قاراشلىق تۈركىستاندىكى ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ساداقىتىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. ھالبۇكى، ئەزەلدىن ئىزچىل مۇناسىۋىتى بولۇپ باقمىغان يات مەدەنىيەتتىكى ئىككى ئىمپېرىيەنىڭ مەدەنىيەتتە ئورتاق ئەنئەنىگە ئىگە بۇ خەلقلەرگە ھۆكۈمران ھالەتتە بىرى-بىرى بىلەن ئۇچرىشىشى خىتاينىڭ دېڭىز بويىدىكى شەرتنامە پورتلىرىغا بەزى جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدىغان بىر چېگرا رايون جەمئىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن، ئەمما بۇلارنىڭ ئۆزگىچە شارائىتى سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن دۆلەت سىرتى ھوقۇقلىرى بار ئىدى. رۇسىيە كونسۇللىرى ۋە ئەنجانلىق سودىگەرلەر شىنجاڭنى رۇسىيەنىڭ چەت — ياقىدىكى مۇستەملىكە زېمىنلىرىغا باغلاش جەھەتتە ئۆز — ئارا ھەمكارلاشقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى يەنىلا رۇسىيە مۇستەملىكىسى تۈزۈلمىسى تەرىپىدىن مۇرەسسە قىلىنغان ئىدى. نەتىجىدە، بۇ زېمىندا خىتاينىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىدا بولۇپ باقمىغان ئاقساقاللىق تۈزۈمى بارلىققا كەلدى.

## شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسيانى

1864-يىلى خىتايچە سۆزلەيدىغان مۇسۇلمانلار گەنسۇ، شەنشى قاتارلىق يەرلەردە ئىسيان كۆتۈرۈپ تەسىرىنى غەربىي شىمالغىچە كېڭەيتتى ۋە چىڭ ئەمەلدارلىرىنى باستۇرۇشتا ئامالسىز قويدى. كورېيەلىك تارىخچى كىم خودۇڭنىڭ قارىشىچە ئېغىرلاشقان باج ۋە باشقۇرۇشتىكى ناچارلىق قوزغىلاڭغا سەۋەب بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ تۇڭگانلىرى ئارىسىدا تارالغان توڭجى (1861-1875) خان چىڭ ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلارنى قىرىپ تاشلاش ھەققىدە مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈرگەنمىش، دېگەندەك مىش- مىش گەپلەر مۇسۇلمانلارنى قوزغاتقان. كۇچا، ئۈرۈمچى، خوتەن، قەشقەر ۋە يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى قوزغىلاڭلار

يەرلىك سوپى ۋە موللىلارنىڭ باشچىلىقىدا غەلىبىلىك بولغان بولۇپ، يىراقتىكى قوقەنمۇ بۇ خەۋەردىن مەھرۇم قالمىغان ۋە ۋەزىيەتكە قىزىققان. 1860-يىللاردىكى قوزغىلاڭ نەتىجىسىدە شىنجاڭ ئۇچكە بۆلۈنگەن بولۇپ، 1867-يىلى قوقەنلىك ياقۇپ بەگ ئىسىملىك بىر ئوفىتسىر شىنجاڭنىڭ جەنۇبىنى پۈتۈنلەي كونتروللۇقىغا ئېلىپ، قەشقەرنى پايتەخت قىلغان ياقۇپ بەگ دۆلىتىنى قۇرغان بولسا، شىمالدا غۇلجىنى مەركەز قىلغان ئىلى سۇلتانلىقى ۋە ئۈرۈمچىدىكى تۇڭگانلارنىڭ ھاكىمىيىتى قۇرۇلغان.

ياقۇپ بەگنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇزى قوقەندە مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان قەشقەرلىك خوجىلارنىڭ چىڭغا قارشى تولا تەكرارلانغان ئىسيانلىرىنىڭ داۋامى بولۇپ، پەقەت ياقۇپ بەگ ۋەكىل بولۇۋالغان ھەمدە ئۆزى بىلەن بىرگە مۇھاجىرەتتىكى قەشقەرلىك خوجىلار خانىدانىنىڭ يېڭى ۋەكىللىرىنى ئېلىپ كەلگەن. ئەسلى ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزىمۇ قوقەننىڭ بارغانسېرى ناچارلاشقان ئەھۋالى ۋە رۇسيەنىڭ تاجاۋۇزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۆزىنىڭ قازاق دالاسىدىكى بىر يۈرۈش قورغانلىرى ئارقىلىق بارا-بارا جەنۇبقا ئىلگىرىلىگەن چار پادىشاھ ئارمىيەسى 1865-يىلى تاشكەنتنى بېسىۋالغان، خىۋە خانلىقى ۋە بۇخارا ئەمىرلىكى رۇسلارغا بېقىندى بولۇشقا مەجبۇر بولغان. تاشكەنت ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان بىر قىسىم ئەسكەرلەرنىڭ بېشى بولغان ياقۇپ بەگ، قوشۇننى باشلاپ قەشقەرگە كېلىپ قوزغىلاڭنىڭ سېپىگە قوشۇلغان ۋە قوقەن ئۇسلۇبىدا بىر ئىسلامى دۆلەت قۇرۇپ چىققان. ياقۇپ بەگ ئۆزىگە قاراشلىق قوقەن ۋە قەشقەرلىك ئەسكەرلەر، شۇنداقلا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇپ قوزغىلاڭدىن ئامان قالغان بىر قىسىم خىتايلاردىن تەركىب تاپقان قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ھەرقايسى قوزغىلاڭ بازىسى بولغان شەھەرلەرنى ئۆز كونتروللۇقىغا كىرگۈزگەن. ئۇ ئاۋۋال قەشقەر، يەكەن قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرنى قولغا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ خوتەننى ئالغان ۋە كۇچانى بويسۇندۇرغان. تەسەررۇپىغا ئۆتكەن يەرلەرگە ئۆزىگە ئەگىشىپ كەلگەن ھەربىي ئەمەلدارلاردىن تەركىب تاپقان كىشىلەردىن باج يىغقۇچى ئەمەلدارلارنى تەيىنلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەنۇبنى ئىستىلا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ياقۇپ بەگ كۆزىنى شىمالدىكى ئۈرۈمچىگە تىككەن. ئۈرۈمچىدە داۋۇت خەلىپە (تو مىڭ) ئىسىملىك بىر سوپى تۇڭگان ھاكىمىيەت قۇرغان بولۇپ شىنجاڭدىكى تۇڭگانلارنىڭ ساداقىتىگە ئېرىشكەن. ئۇ 1865-يىلى كۇچا ئەسكەرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۈرۈمچى ۋە ئەتراپتىكى باشقا شەھەر يېزىلارنى قولغا كەلتۈرگەن ھەمدە ئۆزىنى مۇسۇلمان پادىشاھ (چىڭجېن ۋاڭ) دەپ ئاتىغان. بەزى تەتقىقاتلاردا ئۇنى شەنشى ۋە گەنسۇلاردا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن جەھرىيە تەرىقىتىگە مەنسۇپ دېگەن قاراشلار مەۋجۇت. ئەمما ئۈرۈمچى قوزغىلاڭچىلىرى شەرقتىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان. ياقۇپ بەگنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالمىغان داۋۇت خەلىپە 1869-يىلى چار پادىشاھلىقىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ مەكتۇپ يازغان ۋە چار رۇسىيەگە ئەل بولۇشقا ۋەدە بەرگەن. ئۇ خېتىدە: «بىز ئىككى خەلق بىر ئائىلە بولۇپ قېتىلىش ئارقىلىق پەقەت بىرلىششىنىلا ئىستەيمىز ۋە ئورتاق مەقسەت ۋە بىرلەشكەن كۈچ ئارقىلىق دۈشمىنىمىزنى يوقىتىپ، تىنچ ۋە دوستلۇقتا ياشاشنى ئارزۇ قىلىمىز» دەپ يازغان. ئەمما رۇسىيەدىن بۇنىڭغا جاۋاب بولمىغان ۋە 1872-يىلىغا كەلگەندە ياقۇپ بەگنىڭ قوشۇنلىرى بىر نەچچە قېتىملىق ھۇجۇم ئارقىلىق ئۈرۈمچىنى ئىستىلا قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلى ۋادىسىدا قوزغالغان تارانچىلار ئىچىدىن ئەبۇ ئەلا ئىسىملىك بىر كىشى تەدرىجىي رەھبەرگە ئايلىنىپ مۇستەقىل ئىلى سۇلتانلىقى قۇرۇلغان. جەنۇبتا قۇرۇلغان ياقۇپ بەگ دۆلىتىنىڭ ئەكسىچە ئىلى سۇلتانلىقى تەۋەسىدىكى مۇسۇلمان بولمىغان پۇقرالار ئىمان ئېيتىشقا زورلانمىغان. ئىلى سۇلتانلىقى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكىگە ئوخشاش بەگلەر بىلەن باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ساقلاپ قالغاندىن باشقا ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە ئوخشاش قىلىپ قازى ئەسكەر (ئەسكىرى سوتچى) تۈزۈمىنى يولغا قويغان. تارانچى سۇلتان چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇراسىملىرىدا ئىشلىتىدىغان ساۋۇت ۋە دۇبۇلغا كىيگەن. سۇلتاننىڭ تامغىسى ئۇيغۇرچە، خىتايچە ۋە مانجۇچە ئۈچ خىل يېزىقتا بولۇپ، ئوردىسىغا مانجۇلارنىڭ ئەل بولغان بايراقلىق قوشۇنىنىڭ ۋەكىللىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەن ۋە ئۇلارغا چىڭ ئۇسلۇبىدىكى ھەربىي

ئەمەل ئۈنۋانلىرىنى بەرگەن. ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ بۇ تەدبىرلىرى بىر قارىسا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىنى ئۆزلەشتۈرۈشتەك تۇرغان بىلەن يەنە بىر قارىسا سۇلتانلىقىنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. 1870-يىلى ياقۇپ بەگ ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلغاندا ئىلى سۇلتانلىقىغا مەكتۇپ يېزىپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشنى تەكلىپ قىلغان. ئەبۇ ئەلا ھەمكارلاشمايلا قالماستىن تۆگگان شاھىغا مەكتۇپ يېزىپ ئۆلارنى مۇداپىئەنى كۈچەيتىشكە چاقىرغان ھەمدە ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بەختكە قارشى، بۇ خەت يەنە ياقۇپ بەگنىڭ قولىغا چۈشكەن. نەتىجىدە مۇناسىۋەتكە ياراشتۇرغۇسىز دەز كەتكەن. ياقۇپ بەگ بىلەن ئىلى سۇلتانلىقى ئارىسىدا پارتلاش ئېھتىماللىقى بولغان ئۇرۇش رۇسلارنى سەل ئەندىشىلەندۈرگەن.

ئالتاي ۋە تارباغاتايلاردىمۇ ئىسيان چىققان بولسىمۇ بىرەر مەركىزى ھاكىمىيەت بارلىققا كەلمىگەن. 1865-يىلى چاغاندا تارباغاتايدىكى تۆگگانلار خىتاي ئەمەلدارنى مەسچىتكە سۆھبەتكە چاقىرىپ پىستىرما قويۇپ ئۆلتۈرگەن. ئىسيانچىلار ئاندىن بىر چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قەلئەسىنى قورشىۋالغان. 1866-يىلى قەلئەنى قولغا كەلتۈرگەندە قاراۋۇللارنىڭ ئاساسەن قېچىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان. تۆگگان ئىسيانچىلار قازاقلارنىڭ قوللىشى بىلەن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ ماناسنى بېسىپ ياتقان داۋۇت خەلپە قوشۇنلىرىغا قوشۇلغان. چىڭ ئەمەلدارلىرى بۇ پۇرسەتتە بوش قالغان تارباغاتايغا بېسىپ كىرگەن ۋە يېڭىدىن موڭغۇل قوشۇنلىرىنى تەشكىللەپ ئالتايدىكى قازاقلارغا ۋە جۇڭغارىيەدە يۈرگەن تۆگگان قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلغان. ھالبۇكى، ۋەزىيەت يەنىلا تىنچلانمىغان. 1875-يىلى تارباغاتايدا چىڭ ئوردىسى شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلغان خىتاي جىنايەتچىلەر تەرىپىدىن ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن.

ياقۇپ بەگ دىپلوماتىك ياردەمگە ئېرىشىش ئۈچۈن رۇسىيە ۋە بىرىتانىيە بىلەن سۆھبەتلەشكەن، ئەمما ئۇنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ئاخىردا مەغلۇپ بولغان. 1872-يىلى ياقۇپ بەگ رۇسىيە بىلەن سودا كېلىشىمى ئىمزالىغان، رۇسىيەمۇ ئۇنىڭ قەشقەرىيەدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. ئەمما ياقۇپبەگ ئۆز دۆلەت تەۋەسىگە كىرىپ چىقىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كارۋانلارغا چەك قويغانلىقتىن مۇناسىۋەت توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 1874-يىلى ياقۇپ بەگ برىتانىيەگە تەۋە ھىندىستان بىلەنمۇ سودا كېلىشىمى ئىمزالىغان، ۋەكىللەر ئەۋەتىلگەن. ياقۇپ بەگ بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھىندىستاندىن ئازراق مىقداردا قورالغا ئېرىشكەن بولسىمۇ گەۋدىلىك بىر ياردەمگە ئېرىشەلمىگەن.

ياقۇپ بەگنىڭ خىتايدا بىر مۇستەقىل مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرۇپ چىقىشى ئوسمان ئىمپېرىيەسىدە قىزىقىش پەيدا قىلغان. 1872-يىلى ياش ئوسمانلار ئېقىمىغا مەنسۇپ نامىق كامال «بۇندىن يىگىرمە يىل بۇرۇن قەشقەردە مۇسۇلمان بارلىقى بىلىنمىگەن ئىدى» دەپ تەنە بىلەن ئېيتىدۇ. ئۇ يەنە: «ئەمدى ئاممىۋى پىكىر ئېقىمى ئۇ يەر بىلەن بىرلىشىشنى ئىستەيدۇ» دەيدۇ. ئوسمان ئىمپېرىيەسى سۇلتانى ئابدۇلئەزىز (1861-1876) ياقۇپ بەگنى قوللىغان. بۇنىڭدىكى سەۋەب پانئىسلامىزم قىزغىنلىقى ئەمەس، بەلكى بۇ بۇخارا خانلىقىنى رۇسىيە بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنى قوغداپ قالالمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان سەلبىي جامائەت پىكرىگە بېرىلگەن جاۋاب بولۇشى مۇمكىن. قەشقەردە ئىسلامى دۆلەت قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي ياقۇپ بەگنىڭ ۋەكىللىرى ئىستانبۇلغا يېتىپ بارغان. ئوسمان ئىمپېرىيەسى مەتبۇئاتلىرى بۇ ۋەقەلەرنى يېقىندىن خەۋەر قىلىپ تۇرغان. 1873-يىلى ياقۇپ بەگ رۇسىيە ۋە برىتانىيەدىن كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن رەسمىي يوسۇندا ئوسمان ئىمپېرىيەسى سۇلتانىغا بەيئەت قىلغان. ئوسمان ئىمپېرىيەسى ياقۇپ بەگنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بىر قىسىم قورال ۋە ئوفىتسېر ئەۋەتكەن. نەتىجىدە، ياقۇپ بەگنىڭ ئەمىرلىكى تاكى يىمىرىلگۈچە قەدەر قەشقەردە سۇلتان ئابدۇلئەزىزخان نامىغا خۇتبە ئوقۇتقان ۋە سوققان پۇلغا سۇلتان ئابدۇلئەزىزخاننىڭ نامى كىرگۈزۈلگەن.

قەشقەر-ئىستانبۇل مۇناسىۋىتىدە ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ مەدەتتە بولۇشى مۇھىم بىر ۋاقىئە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما قەشقەرىيە چىڭ ئارمىيەسىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان مەزگىلدە بۇ ياردەم ياقۇپ بەگ ئەمىرلىكىنى ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىك سانغا ۋە سۈپەتكە ئىگە بولمىغان. 1877-يىلى زو زۇڭتاڭنىڭ خۇنەن ئارمىيەسى باركۆل ۋە قۇمۇلنى ئالغاندا ياقۇپ بەگ

تۈيۈقسىز ۋاپات بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئارمىيەسى پىتراپ ھاكىمىيەت يىمىرىلگەن. نەتىجىدە چىڭ ئارمىيەسى تارىم ۋادىسىنى ھېچقانچە ئۇرۇش قىلمايلا قولغا چۈشۈرگەن. زوزوڭتانىڭ ئەمەلدارلىرى تارىم ۋادىسىدىكى ھۆكۈمرانلىقنى قايتا تىكلەۋاتقان ۋاقىتتا، ئوسمان ئىمپېرىيەسى بىر قىسىم قېچىپ چىققان قەشقەرىيە ۋەكىللىرىگە باش-پاناھ بولغان بولسىمۇ، چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئاشكارا قارشى چىقمىغان.

## رۇسىيەنىڭ ئىلىغا تاجاۋۇزى

ئەينى ۋاقىتتا رۇسىيەنىڭ مۇسۇلمان پۇقرالىرى شىنجاڭ بازارلىرىغا كۆنۈك ئىدى. 1851-يىلىدىكى شىنجاڭنىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان رەسمىي سودىغا ئېچىۋېتىلىشىدىن خېلىلا بۇرۇن رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى، بولۇپمۇ ۋولگىلىق، سىبىرىيەلىك تاتارلار تارباغاتاي ۋە غۇلجا بازارلىرىغا كېلىپ-كېتىپ تۇرغان ئىدى. بۇرۇن ئادەتتە رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئۆزىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تەۋەسىدە دېيىشەتتى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا سودا قىلىشىغا يول قويۇلاتتى. 1820-يىللاردىكى بىر باياندا، قازاق سۇلتانلىرىنىڭ بۇ خىل ئالدامچىلىققا قۇلايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «بىزنىڭ سودىگەرلىرىمىز غۇلجىدا ئۆز ئىسمى بىلەن تۇرالمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى يالغاندىن ئەنجانلىق، يەنى تاشكەنتنىڭ پۇقرالىرى دەپ ئاتايدۇ، بۇنىڭغا قازاق سۇلتانلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ. قازاق سۇلتانلىرىنىڭ خېتىدە كارۋاننىڭ قازاق ھاكىمىيىتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېيتىلىپ، خىتاي ھاكىمىيىتىگە بولغان چوڭقۇر ساداقىتىنى جاكارلايدۇ. شۇنداقلا ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن كارۋانلار بىلەن سوغا — سالاملار ئەۋەتىلىدۇ». بۇ خىل ئالدامچىلىق ئەمەلىيەتتە چىڭ ئەمەلدارلىرىغا ئاشكارا بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭغا شېرىك ئىدى. 1845-يىلى بىر رۇس ئەلچىخانا خادىمى ئۆزىنى تۈركىستانلىق مۇسۇلمان دەپ نىقابلاپ غۇلجا ۋە تارباغاتايغا كەلگەن. ئەمما كېلىپلا ئۆز سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىغان. ئەمما چىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ رۇسىيەلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش تۈگۈل تېخىمۇ ئىززەت كۆرسەتكەن، ھەمدە چېگرادىن ئوتتۇرا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاسىيالىق قىياپىتىدە كىرسىلا رۇسىيە سودىگەرلىرىنى داۋاملىق قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

1851-يىلدىكى غۇلجا كېلىشىمى بۇ خىل بۇرۇندىن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان سودىنى قانۇنىيلاشتۇرغان. بۇ موڭغۇلىيەدىكى كىئاختا — مەيمەيچېڭ چېگرا ئارا سودىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، ئارىدىكى پەرق شىنجاڭدا باجنىڭ ئېلىنماسلىقى بولغان. سودا مالغا مال ئالماشتۇرۇش شەكلىدە بولۇپ مارتتىن دېكابىرغىچە داۋام قىلغان ھەمدە پەقەت غۇلجا ۋە تارباغاتايدىكى بەلگىلەنگەن سودا رايونلىرىدىلا ئېلىپ بېرىلغان. ھەتتا رۇسلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنىڭمۇ چىڭ تۇپراقلىرىدا قېلىشىغا بولمايتتى: ئۆلۈكلەر يەنە بىر كارۋان رۇسىيەگە يولغا چىققۇچە ئارىلىقتا ۋاقىتلىق دەپنە قىلىنىپ، كېيىنكى كارۋان بىلەن يولغا سېلىناتتى. . 1860-يىلدىكى رۇسىيە بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى بېيجىڭ شەرتنامىسىگە ئاساسەن بۇ خىل چەكلىمىلەرنىڭ بەزىلىرى يېنىكلىتىلگەن ھەمدە رۇسىيە سودىگەرلىرى ۋە دىن تارقاتقۇچىلىرى پۈتۈن خىتاي تەۋەسىدە يۈرەلەيدىغان بولغان. بۇ شەرتنامىگە ئاساسەن رۇسىيە يەنە قەشقەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلالايدىغان بولغان. 1861-يىلى قەشقەردىكى يەرلىك ئەمەلدارلار قىزىل دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىر پارچە يەرنى رۇسىيەنىڭ ئەلچىخانا سېلىشىغا ئاجرىتىپ بەرگەن. ئەمما، رۇسلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى ئۈچۈن پەقەت قوقەن خانلىقى تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان يول بىلەن سەپەر قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇ يەردىكى سىياسىي مۇقىمسىزلىق تۈپەيلىدىن رۇسىيە ۋاقتىنچە كونسۇل ياكى سودا ئۆمىكى ئەۋەتىشكە ئامالسىز قالغان.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسيانى سەۋەبلىك رۇسىيە كونسۇلىنى چېكىندۈرۈپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن سىرت، رۇسىيەنىڭ غۇلجا ۋە تارباغاتايدىكى تىجارىي رايونلىرىنىڭ قولدىن چىقىپ كېتىشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ سودا مەنپەئەتى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان. قەشقەردە رۇسىيەنىڭ دۈشمىنى بولغان قوقەن بىلەن باغلانغان بىر ئىسلامى ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى رۇسىيەنى ئەندىشىگە سالغان بولۇپ، يەنە ئەنگلىيەنىڭ ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ھىندىستان چېگراسىنى شىمالغا كېڭەيتىۋېلىشى مۇمكىنچىلىكىدىن ئىبارەت ئەندىشىسىمۇ بار

ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قازاق چارۋىچىلار ھۆكۈمەتسىزلىكتىن پايدىلىنىپ رۇسىيەنىڭ چىڭ تېررىتورىيەسىگە قاراپ يولغا چىققان كارۋانلىرىنى بۇلاپ كېتىۋاتاتتى. شىنجاڭدىكى ۋەزىيەتكە رۇسىيە ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇزاق مۇددەتلىك مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن باھا بېرەتتى. ئىلى ۋادىسى قۇرغاق يەتتە سۇ بوزقىرلىرىدىكى بىر ئاشلىق بازىسى بولۇپ رۇسىيە تۈركىستانىنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجىنى قامدايتتى. رۇسىيە ئەمەلدارلىرى ئۆزىنىڭ «مەدەنىيلەشتۈرۈش» بۇرچى بارلىقىنى، چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ يەرلىك مۇسۇلمانلارغا بۇنى قىلىپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قازاق دالالىرىغا تۇتىشىدىغان تىنچسىز جۇڭغارىيە، رۇسىيە ئۈچۈن بىر چېگرا رايونغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. رۇسىيە كۆچمەنلىرى ئىلىنىڭ شىمالىدىكى تاغلاردا ئولتۇراقلىشىپ بولغان بولۇپ، رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەربىي ۋە جۇغراپىيە ساھەسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر رۇسىيەنىڭ خىتايغا تەۋە تۈركىستانىنىڭ قىسمەن ياكى پۈتۈن زېمىنىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشى پەقەت بىر ۋاقىت مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت، دەپ قارايتتى.

1871-يىلى رۇسىيە ئۆزىگە تەۋە بىر قاتىللىق گۇماندارى بولغان قازاق پۇقراسىنىڭ ئىلى سۇلتانلىقى تېررىتورىيەسىگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ تاجاۋۇزنى باشلىدى. گېنېرال كالپاۋۇسكى كازاك ھۇجۇمچى ئەسكەرلىرى ۋە رۇسىيەگە قېچىپ چىققان موڭغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ ياردىمىدە ئىلىغا ھۇجۇم قىلدى. ئالتە ھەپتە داۋام قىلغان ئۇرۇش جەريانىدا ئانچە قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. 3-ئىيۇل كۈنى كېچىسى تەختتىن چۈشكەن ئىلى سۇلتانى ئەبۇئەلاخان غۇلجا مۇسۇلمان شەھىرىنىڭ تۆت دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىنى، قىلىچىنى، يىپەك كۇنلۇكنى ۋە ئۈچ تىللىق تامغىسىنى كالپاۋۇسكىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. كالپاۋۇسكى توپلاشقان خەلققە ئۆزىنىڭ ئىلى ۋادىسىدىكى داۋاملىق ئۇرۇشۇپ تۇرىدىغان خەلقلەر ئارىسىدا تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى جاكارلىغان. رۇسىيە دۇنياغا بولسا چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنىڭ قالغان بۆلەكلىرىدە بولۇۋاتقان ئىسيانلارنى تىنچىتقان شارائىتتا ئاندىن ئىلىدىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. بۇ كىشىلەرگە ئەمەلگە ئاشماس رېئاللىق بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆيۈلاتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئون يىللارغا سوزۇلغان ئىلىدىكى رۇس ئىستېلاسى دىپلوماتىيە تارىخىدا «ئىلى كرىزىسى» دەپ مەشھۇر بولدى.

رۇسىيە ئىلى سۇلتانى ئەبۇئەلانى ئىلى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى ئالمۇتاغا سۈرگۈن قىلىپلا قالماي ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئىچىدىن ئۆزىگە شېرىكمۇ تېپىپ بولغان ئىدى. تاجاۋۇزدىن بۇرۇن رۇس ئەلچىسى تۆرە ۋون كولبارس ئىلى سۇلتانلىقى ئوردىسىدا دىپلوماتىيە پائالىيىتىنى باشلىۋەتكەن ئىدى. ئوردىدا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغۇچى كىشى بۇشرى جەللوۋ بولۇپ كىشىلەر ئۇنى «بۇشرى خەۋپ» دەپ ئاتىشاتتى. بۇشرى ئىلى سۇلتانلىقى ئوردىسىدا ئىمتىيازلىق شەخس بولۇپ چوڭ باي ئىدى. (ئىلى قوزغىلىڭى ھەققىدىكى بىر خاتىرىدە ئۇنى شۇ ۋاقىتتىكى بايلارنىڭ باشچىسى دەپ ئاتىغان). كولبارس ئىلىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا بۇشرىغا «دۈشمەننى يىراقتىن كۆرۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن» بىر دۇربۇن ھەدىيە قىلغان. بۇشرى دۇربۇننىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن. ئالتە ئايدىن كېيىن چاررۇسىيە ئارمىيەسى سۈيدۈڭنى بېسىۋېلىپ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييار بولغاندا بۇشرى سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئۆزىنى گېنېرال كولپاۋوسكىغا مەلۇم قىلىپ شەھەرنىڭ مۇداپىئەسىز قالغانلىقىدىن ۋە تارانچىلارنىڭ تەسلىم بولۇشقا ئاز قالغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. رۇسلار ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمىنى تاپقان.

چاررۇسىيە ئىلىنى ئالغاندىن كېيىن ئەلاخان سۇلتاننىڭ ئورنىغا ھاكىمىيەت تىكلىگەن. ئۇلار ئىلىنى رايونلارغا بۆلۈپ چار رۇسىيە ئۇسلۇبىدىكى «ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش» سىستېمىسىنى ئورناتقان. ھەر بىر رايوننىڭ باشلىقلىرى (يەرلىكچە بولۇس دەپ ئاتالغان) ئۈچ تارانچى رايونلىرىغا مەسئۇل بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى ھەر بىر يېزا قىشلاقلاردىن ئاقساقاللارنى تەيىنلەپ تارانچىلارنى باشقۇرغان. بۇ خىل ئۇسۇل ئىلى ۋادىسىدىكى تۇڭگان، قازاقلار ۋە باشقا مىللەتلەرنى باشقۇرۇشتىمۇ قوللىنىلغان. چىڭ سۇلالىسى زامانىدىن قالغان كىيىنىشلەر ئۆزگىرىپ ئەرلەر سائەت تاقايدىغان، ئاياللار مېدالئون ئاسىدىغان بولغان. مۇسۇلمانلارنىڭ باللىرىغا رۇس تىلىدىن دەسلەپكى ساۋات بېرىش مەقسىتىدە بۇرۇنقى سۇلتان ئەلاخاننىڭ ئوردىسىدا يىگىدىن بىر خىتايچە، رۇسچە ۋە تارانچى تىلدا (ئۇيغۇرچە) دەرس بېرىدىغان مەكتەپ قۇرۇلغان بولۇپ،

بۇ مەكتەپكە يەرلىك ئوقۇغۇچىلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئىلىنىڭ چوڭ قازىسىنىڭ دۇئاسىنى ئالغان. ئەمما ، بۇ خۇددى رۇسىيەدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۆپلىگەن مەكتەپلەرگە ئوخشاشلا ئانچە كۆپ ئوقۇغۇچىلارنى جەلپ قىلالمىغان.

غۇلجا ئاقساقال ئارقىلىق باشقۇرۇلغان بولۇپ، نامدا ئاقساقاللار سايلام ئارقىلىق تەيىنلىنىشى كېرەك ئىدى. ئەمما غۇلجىنىڭ رۇسىيەگە يارايدىغان ئاقساقال نامزاتىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى: رۇسىيە كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، بۇشرى غۇلجىنىڭ ئاقساقىلى دەپ جاكارلانغان ۋە تاكى رۇسىيە ئىشغالى ئاياغلاشقۇچە دەۋران سۈرگەن. ئۇ تېخى ياش بولۇشىغا قارىماي كوچا ۋە بازارلاردا نوپۇزىنى تىكلىگەن. 1873-يىلى ئۆزىنىڭ غۇلجا سەپىردە بۇشرى بىلەن كۆرۈشكەن ئامېرىكىلىق دىپلومات يۇجىن شۇيلېر «ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ھېيىققان ۋە قورققان ھالدا مۇئامىلە قىلىدىكەن» دەپ يازغان. يۇجىن شۇيلېرنىڭ



1880-يىلدىكى غۇلجىدىن بىر كۆرۈنۈش. رەسىمنىڭ ئالدىدا كۆرۈنگىنى غۇلجىدىكى چوڭ تارانچى مەسچىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساياھەتنامىسىگە بۇشرى ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ كىشىگە تەھدىتلىك كۆرۈنىدىغان بىر پارچە سۈرىتى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن غۇلجا شەھەر باشلىقى بولغان بۇشرى خېلىلىنىڭ، بۇشرى خەۋپ دېگەن نامغا لايىق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇشرى بەلكىم ئەينى چاغدا غۇلجىغا كەلگەن باشقا چەتئەل دىپلوماتلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇشرى شۇ ۋاقىتتا كۆرگەن — بىلگەنلىرى كۆپ، نەزەر — دائىرىسى كەڭ بىر كىشى بولغانلىقى بىلىنىدۇ. ئۇ شۇيلېرنى بىر ئاخشىمى تارانچى ئۇيغۇر ۋە خىتاي مۇزىكىلىرىدىن بەھرىلەندۈرگەن. كازاك ئوفىتسېر كوروشكىنغا خىتاي چاكچىلىسىنى راۋان تەرجىمە قىلىپ بەرگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يېڭى چىقارغان داڭقىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشقا پۇرسەت تاپقان بولۇپ، ئۇ زو زوڭتاڭنىڭ بېسىپ كېلىۋاتقان ئارمىيەسى بىلەن رۇسىيە رەۋەندىلىرى (ئاشلىق سودىگەرلىرى) ئارىسىدا بېدىك بولغان.

## چېگرا سودىسى ۋە بايلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشى

چىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن باشلانغان رۇسىيە ئىستېلاسىدىن كېيىن جەنۇب ۋە شىمال ئارىسىدىكى ئالاقە كۈچەيدى. يەرلىك سودىگەرلەر جەنۇب ۋە شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈلۈپ قالغان تىجارەتنى جۇڭغار موڭغۇللىرى دەۋرىدىكى ھالغا كەلتۈردى. تاكى 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تارىم ۋادىسىدىكى تىجارەتچىلەر جەنۇب شىمال سودىسىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن بولۇپ، چىڭ زېمىنى، رۇس تېررىتورىيەسى ۋە جۇڭغارلار كونترول قىلىپ تۇرغان رايونلارنى بىر بىرىگە باغلىغان. بىراق 1750-يىللاردىكى جۇڭغارلارنىڭ ئىچكى ئۇرۇشى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ تاجاۋۇزى سەۋەبلىك بۇ نەپلىك سودا زاۋاللىققا يۈزلەنگەن. رۇسىيە تاموژنىسىنىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا 17-ۋە 18-ئەسىردە تۈركىستاندىن رۇسىيەگە ئېكسپورت قىلىنغان ئەڭ ئالقىشلىق مەھسۇلات يەكەننىڭ مەھسۇلاتى بولغان ئىركەتچىن دەپ ئاتىلىدىغان توقۇلما بولۇپ 1747-يىلى 150 مىڭ تاي ئىركەتچىن سىبىرىيەگە

توشۇلغان. براق 1752-يىلى 90 پىرسەنت قىسقىرىپ 15 مىڭ تايغا چۈشۈپ قالغان. 1753-يىلىغا كەلگەندە ئېكسپورت پۈتۈنلەي توختىغان.

چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ تاجاۋۇزىدىن كېيىن يەرلىك تىجارەتچىلەر ئاشلىق سودىسىدىكى بوشلۇقنى ۋە پۇرسەتنى بايقىغان. براق چىڭ ئارمىيەسى شىنجاڭدا جايلىشىپ بولۇپلا ئۆز ئېھتىياجىنى خىتاي ۋە تۇڭگان سودىگەرلەرنىڭ سودا-تىجارەت تورىنى گەنسۇ ۋە موڭغۇلىيەدىن شىنجاڭغا كېڭەيتىشكە يول قويۇش ئارقىلىق قامدىدى. بىر قىسىم ئاقسۆڭەك مۇسۇلمان تىجارەتچىلەر ئولپان تاپشۇرۇش باھانىسىدە بىر قىسىم مەھسۇلاتلىرىنى چىڭ پايتەختى بېيجىڭدا ساتالايتتى. براق بۇنداق ئولپانغا يانداشقان سودا كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ تاللىشى ئەمەس ئىدى. 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كۆچلەنگەن خەۋپسىزلىك ئەندىشىسى سەۋەبلىك شىنجاڭدىن غەربكە ماڭغان كارۋانلار قاتتىق تەكشۈرۈلەتتى. شۇڭا ئۇيغۇرلار شەرققە يۈزلەنگەن سودىدا تۇڭگانلار بىلەن، غەربكە يۆنەلگەن تىجارەتتە ئەنجانلىقلار بىلەن رىقابەتلىشەلمەيتتى. 1850-يىللاردا قەشقەرگە كەلگەن رۇسىيە ئىشپىيونى چوقان ۋەلىخانوۋ تىجارەت ئەھۋالىنىڭ خارابلىقىنى يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەلۇماتىچە شىنجاڭدا ئايرىم بىر سودىگەرلەر تەبىقىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن ۋە شۇ چاغدا قەشقەرىيەدىكى ئەڭ باي كىشى ئارتۇچتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنىڭ شەيخى ئىكەن. ئۇنىڭ بايلىقى كىشىلەرنىڭ زاكات، ئۆشرە ۋە سەدىقىلىرىنى مەنبە قىلىدىكەن.

ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر چىڭغا قارشى ئىسياندىن خېلى زور پايدىغا ئېرىشكەن بولۇپ رۇسلار شىمالدا بەرپا قىلغان ھەربىي بازىلار ۋە شەھەرلەر، مەسىلەن، ئالمۇتا (ۋېرنىي، 1854-يىلى قۇرۇلغان) ۋە كوپال (1847-يىلى قۇرۇلغان) لار ئارقىلىق تىجارىتىنى رۇسىيەگە تەۋە نوۋگورود ۋە ئىربىتلاردىكى سودا يەرمەنكىلىرىگىچە كېڭەيتكەن. 1874-يىلى ياقۇپ بەگنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەن برىتانىيە دىپلوماتى دوگلاس فورسىت ئەنجانلىقلارنىڭ قەشقەر بازارلىرىدا ئاساسى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، ئەمما قەشقەرلىك رىقابەتچىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى بايقىغان. شۇ ۋاقىتتا ئەنگلىيەلىكلەر تۈزۈپ چىققان قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بايلارنىڭ تىزىملىكىدە 15 كىشى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئونى ئەنجانلىق بەشى قەشقەرلىك بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر نەچچەيلەن تىجارىتىنى رۇسىيە دائىرىسىگە كېڭەيتكەن بولۇپ شۇ يەردىن خادىم ياللاپ ئىشلەتكەن. شىنجاڭدىن ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماللارنىڭ كۆپ قىسمى توقۇلما بۇيۇملار بولغان. رۇسلارنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا قەشقەرىيەدىن ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئاساسلىق مال ماتا دەپ ئاتىلىدىغان بىر توقۇلما بولۇپ، 1876-يىلى گەرچە ياقۇپ بەگنىڭ ئاجىزلاشقان دەۋرى بولسىمۇ رۇسىيەگە يۆتكەلگەن مال 890 مىڭ رۇبلى قىممىتىدە بولغان. 1870-يىللاردا رۇسىيەدە پۈت دەسسەپ تۇرالىغانلىقى قەشقەر بايلىرىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. فورىست قەشقەردە كاپىتالى (پۇل-مېلى) 100 مىڭ سەردىن ئاشىدىغان ئەڭ چوڭ باي بولغان ئاخۇنبايلار جەمەتىنى بايقىغان. بۇ جەمەتنىڭ شىركىتى ئېكسپورت-ئىمپورت سودىسىدا 60 يىلدىن ئارتۇق دەۋران سۈرگەن بولۇپ يەرلىكنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى.

تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا رۇسىيە مەھسۇلاتلىرى يەرلىكلەرنى سودا پۈرستى بىلەن تەمىنلىگەن. يەرلىك سودىگەرلەر چىڭ ئارمىيەسى بىلەن رۇسىيە شىركەتلىرى ئوتتۇرىسىدا سودا قىلىپ كۆتۈرۈلگەن. 1875-يىلى چىڭ ئارمىيەسى گەنسۇدىكى تۇڭگانلارنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن ئورنىدا شىنجاڭغا قاراپ يۈرۈش قىلامدۇق ياكى چەكلىك مەبلەغنى خىتاينىڭ دېڭىز مۇداپىئەسىگە سەرپ قىلامدۇق دېگەن تېمىدا بىر «چوڭ مۇنازىرە» بولغان. بۇ چاغدا يىراق غەربى شىمالدىكى لەنجۇدا تۇرۇۋاتقان زو زوڭتاڭ ئارمىيەسىنى ئوزاق مۇددەتلىك قامداشتا قىيىنچىلىقتا قالغان ئىدى. ئەينى چاغدا شەنشى ۋە ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرى قۇرۇقدىلىپ قالاي دەپ قالغان بولۇپ، ئۇ يەرلەردىن گەنسۇغا ئاشلىق يۆتكەشكە ۋاقىت جىق كەتكەننىڭ ئۈستىگە قىممەت توختايتتى. زو زوڭتاڭ ئورنىدا ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ھەققىدە ھەر قانچە مۇنازىرە قىلىپ ئۇرۇنۇپ كەتكەن بىلەن قوشۇننىڭ تەمىنات مەسىلىسى بۇنىڭغا يول قويمايدىغانلىقنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. دەل شۇ چاغدا كىشى ئويلاپ باقمىغان بىر يەردىن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى چىقىپ قالدى:

رۇسىيەنىڭ بىر ئىلمى ۋە سودا ئۆمىكى گەنسۇ ئارقىلىق سىبىرىيەگە ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئۆمەكنىڭ يېتەكچىسى پودپولكوۋنىك سوسنوۋسكى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى خىتاينىڭ غەربىدە يېڭى سودا يوللىرىنى چارلاپ چىقىش ئىدى. بۇ ئۆمەكنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ ئىچىدە سىبىرىيە سودىگەرلىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇسى رۇسىيەنىڭ ئىلىدىكى بازىسىدىن پايدىلىنىپ خىتاينىڭ باشقا ئىچكى رايونلىرىغا كىرىش ئىدى.

ئەنە شۇ ۋاقىتتا رۇسىيە ئۆمىكىنىڭ باشلىقى سوسنوۋسكىنىڭ تىرىشچانلىقى بىكارغا كېتىپ رۇسىيەگە قۇرۇق قول قايتىش ئالدىدا تۇراتتى. سىبىرىيەدە بولسا مەبلەغ سالغۇچىلار ئۇنىڭ يولىغا تۆت كۆزلىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن سوسنوۋسكى بىر خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ ھەمراھلىرىدىن يوشۇرۇن ھالدا لەنجۇدا زو زوڭتاڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى قارار قىلدى. ئۇ زو زوڭتاڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ 1875-يىلى مىڭ تونىنا ئاشلىق، 1876-يىلى شۇنىڭ يېرىمىچىلىك ئاشلىقنى سېتىپ بېرىدىغان بولدى. بۇ تەمىناتنى تۆلەش ئۇچۇن زو زوڭتاڭ ئۆزىنىڭ شاڭخەيدىكى مالىيە خادىملىرىنى ئىشقا سېلىپ خوڭكوڭ-شاڭخەي بانكىچىلىق شىركىتى بىلەن بىر يۇرۇش قەرز كېلىشىمى ئىمزالىدى. سوسنوۋسكى بۇ توختامدىن مەمنۇن بولدى. زو زوڭتاڭمۇ ھەر بىر دەن (يۈز جىڭ، ياكى ئەللىك كىلوگرام) ئاشلىقنىڭ 7.5 سەر باھادا بولغانلىقىدىن خۇشال بولدى. ئەمما، بۇ توختامنىڭ تېزلا ئىمزالىنىشى ۋە سىياسىي تەسىرى رۇسىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى باشقا خادىملارنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇلار بۇنىڭ نەتىجىسىدە خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ، ئاخىرىدا رۇسىيەنىڭ تېخى يېقىندىلا قولغا كەلتۈرگەن ئىلىنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىنچىلىكىنى تەخمىن قىلىشتى. ئۆمەك رۇسىيەگە قايتقاندىن كېيىن ئۆمەك تەركىبىدىكى بىر ئىلمى خادىم «خىتايغا بولغان بىر مەغلۇبىيەتلىك تەكشۈرۈش سەپىرى» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلىپ سوسنوۋسكىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ماقالىسىنى سوسنوۋسكىنىڭ زو زوڭتاڭ بىلەن تۈزۈلگەن توختامنىڭ كوپىيەسى بىلەن تاماملىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ توختام ئىشدا سوسنوۋسكىغا ئاساسلىق ھەمدەم بولغان كىشى تومسكلىق بىر سودىگەر بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىسمى ئىۋان فېئودوروۋىچ كامېنسكى ئىدى. ئۇ سوسنوۋسكىنىڭ خىتاينىڭ غەربىگە يۈنەلگەن سودا يولىنى ئېچىش پىلانىغا قىزىققان ئىدى ۋە دەسلەپدە بۇنىڭ نەتىجىسىدىن بەكمۇ ئۈمىدۋار ئىدى. 1876-يىلى فېۋرالدا ئۇ رۇسىيەگە تەۋە تۈركىستاندىكى ئەمەلدارلارغا: «خىتاي ئارمىيەسىنىڭ پۈتۈن لىنىيەدىكى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ھوقۇقى مېنىڭ قولۇمدا» دەپ يو ئاتقان ئىدى. ئۇ ئاشلىقنى يوللاشتىن بۇرۇن رۇس ھۆكۈمىتىدىن چىك سۇلالىسىنى سودىدا يول قويۇشقا قىستاشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ: «ئۆتتۈۋاتقان ھەر بىر كۈن زور تارىخى پۇرسەتنىڭ قولىمىزدىن كېتىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. مۇشۇ ئايدىن باشلاپ ئەگەر رۇسىيە چىڭ سۇلالىسىنى كېلىشىمگە كەلتۈرەلمىسە سودىمىز ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرايدۇ» دېگەن.

كامېنسكى ئۇنچە ئۇزۇنغا ئىشەنگەن بىلەن سىبىرىيەدە ئېھتىياجغا لايىق ئاشلىق بولمىغانلىقى ئۈستىگە جۇغراپىيەدىكى تۆگىگەن باندىتلىرى يولغا پىستىرما قويۇپ تونجى ئاشلىق يۈكلىگەن كارۋاننى بۇلاپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاشلىق مول بولغان غۇلجا بازىرىغا كۆز تىككەن. غۇلجىدىكى بۇشرى ئاقساقالنىڭ ياردىمى بىلەن ئاشلىق بازىرىغا كىرگەن ، شۇنداقلا يەنە شۇ ۋاستە بىلەن قەشقەر سودىگەرلىرىدىن ۋەلى باي (يولداشېۋ ، يەنە ۋەلى ئاخۇنمۇ دېيىلىدۇ) بىلەن شېرىكلەشكەن. كامېنسكى ، بۇشرى ۋە ۋەلى باي ماناستا بارگاھ قۇرۇپ ئاچ قالغان چىڭ ئەسكەرلىرىگە ئاشلىق سېتىپ ۋە توشۇپ كاتتا بايلىققا ئېرىشكەن. ئۇلار يەنە زو زوڭتاڭنىڭ مانجۇ كوماندىرى جىن شۈن (1831-1886) بىلەن يېڭى توختام تۈزۈپ 5 مىڭ تونىنا ئاشلىق ساتقان بولۇپ ھەر دەننى (ئەللىك كىلوگرامنى) 4 سەردىن كېلىشكەن. بۇ قېتىم گەرچە بۇرۇنقى توختامدىكىدىن ئەرزان سېتىلغان بولسىمۇ غايەت زور نەپكە ئېرىشكەن. بىر مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا ، كامېنسكى يەرلىك بازاردىن ئاشلىقنىڭ ھەر بىر پۈتىنى (16.4 كىلوگرام) 10-15 كوپەككە (بىر رۇبلى يۈز كوپەككە تەڭ) سېتىۋېلىپ ماناستىكى چىڭ ئارمىيەسىگە ھەر بىر پۈتىنى سەككىز رۇبلىدىن سېتىپ ، نەتىجىدە 6 مىڭ پىرسەنت پايدا

ئالغان. غۇلجا ئاشلىق بېيىش يولىنىڭ ھەل قىلغۇچ ۋاستىچىسى بولغان ۋەلى بايمۇ شۇ چاغدا شەھەر بويىچە ئەڭ كاتتا بايغا ئايلانغان.

## رۇسىيە- چىڭ كېلىشىمى ۋە ئىلىنىڭ قايتۇرۇلۇشى

چىڭ ئارمىيەسىنىڭ تاجاۋۇزى نەتىجىسىدە مۇساپىرلارنىڭ رۇسىيە تەۋەسىگە ئېقىپ كىرىش مەسىلىسى كېلىپ چىقىپ، ئىككى ئىمپېرىيەنىڭ سىياسىي مۇناسىۋەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرگەن. 1877-1878-يىللىرى قىش مەزگىلى مىڭلىغان قەشقەرلىك مۇساپىرلار ۋە ياقۇپ بەگكە ئەگىشىپ كەلگەن قوقەنلىكلەر رۇسىيە تەۋەسىگە ئېقىپ كىرگەن. يېڭى كەلگەن قەشقەرلىكلەر پەرغانە ۋادىسىدىكى بۇرۇن كۆچۈپ بارغان قېرىنداشلىرى ئارىسىغا قېتىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە 1860-يىللاردىن باشلاپ چىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئىسيان قىلىپ كەلگەن شەنشى ۋە گەنسۇلۇق تۇڭگان كۆچمەنلەرمۇ بار ئىدى. بۇلاردىن بىر بۆلىكى جەھرىيە تەرىقىتىگە مەنسۇپ بولۇپ چىڭغا قارشى ئىسياننىڭ ئومۇرتقىسى سانىلاتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاقسۇدىن بەدەل داۋىنىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي بويلىرىدىكى قاراقول (پېرژېۋالسك) غا قاراپ يول ئالغان. يەنە بىر بۆلىكى جەنۇبقا مېڭىپ قەشقەرگە كېلىپ بۇ يەردىن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ رۇسىيەگە كەتكەن: ئاز بىر قىسمى ئەركەشتامنىڭ يولى بىلەن مېڭىپ ئوش ۋە پەرغانە ۋادىسىغا كەتكەن؛ ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق شەنشىلىك تۇڭگانلاردىن تەشكىللەنگەن ئەڭ چوڭ بىر بۆلەك تورغات ئېغىزىدىن ئۆتۈپ نارىنغا، ئاندىن ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىدىكى چۇ دەرياسى ۋادىسىغا ماكانلاشقان. زو زوڭتاڭ قوزغىلاڭچىلارنى قوغلاپ چېگراغا يېتىپ كەلگەن ۋە رۇس ھۆكۈمىتىدىن ئۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلغان. زو زوڭتاڭ بولۇپمۇ شەنشى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى باي يەنخۇ (1881 – يىلى ئۆلگەن) نىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىدىن ئىزا-ئاھانەت ھېس قىلغان. بىراق رۇسىيە چىڭغا قارشى بۇ مۇساپىرلارنىڭ ئۆز چېگرا رايونلىرىدا بولۇشىنى ئۆزىگە پايدىلىق دەپ قاراپ، قايتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلغان.




1900-يىللاردىكى رۇسىيە-خىتاي چېگراسى

چىڭ ئارمىيەسى تارىم ۋادىسىدىكى شەھەرلەرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن رۇسىيەدىن گېپىدە تۇرۇپ ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. رۇسىيە پايتەختىدىكى كاتتىلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇنداق قىلىشقا قارشى بولۇپ، دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي دائىرىلەر ئارىسىدا ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىش-بەرمەسلىك مەسىلىسىدە قاتتىق مۇنازىرە بولغان. قايتۇرماسلىق تەرەپدارلىرى ئىلىنىڭ ختاي بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك بىر تەبىئىي چېگرا ئىكەنلىكى، تەبىئىي بايلىقلارغا موللىقى ۋە مۇنبەت ئېكىنزارلىقى، بۇ جەھەتلەردە رۇسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا بېسىۋالغان باشقا رايونلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى قاتارلىق ئامىللارنى سەۋەب قىلىشقان. ئەمما ئەگەر رۇسىيە سۆزىدە تۇرمىسا ئېغىر دىپلوماتىك، ھەربىي ۋە سىياسىي توقۇنۇش كېلىپ چىقىش مۇمكىنچىلىكى بار بولۇپ، بۇ ۋەجىدىن رۇسىيەنىڭ خىتايدىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقى تەبىئىي ئىدى. ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىش تەرەپدارلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمى ئىلىنى قايتۇرۇشتىن بۇرۇن چىگىدىن زور كاپالەت ۋە تۆلەم ئېلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. كۆپ سانلىقلار بولسا زېمىن قايتۇرۇشنى ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەت ۋە ئىلىدىكى مۇسۇلمانلارنى رۇسىيەنىڭ ئادەمسىز يەتتەسۇ بوزلۇقلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش بەدىلىگە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. قاتتىق تالىشىشلاردىن كېيىن، چار رۇسىيەنىڭ سۆھبەتلەشكۈچىلىرى 1879-يىلى چىڭ دىپلوماتلىرى بىلەن ئۆزىگە پايدىلىق بولغان لىۋادىيا (قىرىمدىكى بىر شەھەر) كېلىشىمىنى ئىمزالىغان. چىڭ دىپلوماتلىرى كېلىشىم بويىچە ئىلى ۋادىسىنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنلىرىنى رۇسىيەگە بۆلۈپ بېرىشكە، قالدىسىغا تۆلەم ئۈچۈن 5 مىليون رۇبلى بېرىشكە قوشۇلغان. رۇسلارنى ھەيران قالدۇرۇپ چىڭ ئوردىسى كېلىشىمنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان. 1880-يىلدىن كېيىن ئىككى تەرەپ دۈشمەنلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن.

رۇسىيە بىلەن چىڭ ئىمپېرىيەسى ئارىسىدىكى دىپلوماتىك تالاش-تارتىشنى كامىنېسكىنىڭ غۇلجىدىكى ئاشلىق سودىسى جىددىلى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. چىڭ ئارمىيەسىنىڭ قولىدا پۇل يوق بولۇپ، دەسلەپكى تۆلەمنى خەنكودىكى تاموژنا بانكىسىنىڭ پۇل تېگىشىش تالونى ئارقىلىق بېجىردى. كامېنسكىمۇ ئاشلىقنى پەقەت بۆلۈپ-بۆلۈپ يەتكۈزۈپ بېرەلەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېمەك ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ نارازىلىقلىرىنىڭ سەۋەبى بار ئىدى. چىڭ ئارمىيەسى بۇ ۋاقىتتا ئاشلىقنىڭ باشقا بىر ئامالىنى قىلغان بولۇپ رۇسىيەگە ئازراق تايىنىدىغان بولغان ئىدى. غۇلجىدا كامېنىسكىنىڭ چىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئاشلىق سودىگەرلىرى (رەۋەندىلەر) ئارىسىدىكى بېدىكلىكى ئاشلىق باھاسىنى ئۆستۈرۈپ ، قەھەتچىلىك پەيدا قىلدى. 1878-يىلى مارتتا بۇ مەسىلىگە غۇلجىدىكى رۇس ئەمەلدارلىرى ئارىلىشىپ چىڭ ئارمىيەسىگە ئاشلىق ئېكسپورت قىلىشنى چەكلىدى. پەرىشان بولغان كامېنىسكى پېتېربۇرگقا ئەرز قىلىپ بېرىپ ئاقتۇرالمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي چىڭ ئەمەلدارلىرى دېيىشكەن ئاشلىقنى ئالالماي ئالمۇتاغا بېرىپ يا ئاشلىقنى بېرىش ، بولمىسا پۇلنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

1880-يىلى ئىلىنى قايتۇرۇشقا مەسئۇل تۈركىستان باش گوبېرناتورى كونستانتىن ۋون كوفمان ئىلىدىكى رۇسىيە مۇلۇكلىرى ۋە كامېنىسكى مەسىلىسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن غۇلجىغا بىر ئۆمەك ئەۋەتتى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ، كامېنىسكىنىڭ ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان بىرەر ئاۋازغا ئېرىشىشى تەس ئىدى. رۇس ئەمەلدارلىرى ئىچىدىكى ئىلى ۋادىسىنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىش تەرەپدارلىرى كامېنىسكى مەسىلىسىنى كېلىشىمگە توسالغۇ دەپ قارىغان ، بۇنىڭغا قارشى مەيداندىكىلەر بولسا كامېنىسكىنىڭ چىڭ ئارمىيەسىگە ئاشلىق يۆتكىشى ئۇلارنىڭ جۇڭغارىيەگە تېز سۇرئەتتە بېسىپ كىرىشىگە سەۋەب بولغان دەپ قاراپ ، بۇ مەسىلە سەۋەبلىك رۇسىيەنىڭ ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى تەكىتلەشكەن. نەتىجىدە تەكشۈرۈش ئۆمىكى كامېنىسكىنى ئەيىبلەيدىغان بىر دوكلات يوللىغان. كېيىنكى يىلى شەرقتىكى بايغا ئايلىنىش چۈشىنى كۆرۈپ يۈرگەن كامېنىسكى قەرز ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە پىشپەكتە (ھازىرقى بىشكەك) جان ئۈزگەن. رۇسىيە خەزىنىسى 40 مىڭ رۇبلى چىقىرىپ چىڭ ئارمىيەسىگە كامېنىسكىنىڭ قەرزىنى تۆلەپ بەرگەن. بىر قانچە ئايدىن كېيىن پېتېربورۇگ شەرتنامىسى ئىمزالانغان.

كامېنىسكى قوزغىغان ۋەيرانچىلىق ئۇنىڭ ۋەلىباي ۋە بۇشرى باي دېگەن ئىككى شېرىكىنىمۇ بوش قويمىغان. رۇسىيەدىن ئىلىغا كەلگەن ئۆمەك بۇ ئىككىيلەننى چاقىرىپ

كۆرۈشكەن. نەتىجىدە، بۇشرى بايىنىڭ كامېنىسكى بىلەن تۈزۈلگەن توختامنى تولۇق ئورۇنلىمىغانلىقى ئاشكارىلانغان. كامېنىسكى بولسا ۋەلىبايىنىڭ ھارۋىلىرىغا قەرز بولۇپ قالغان ئىكەن. ئەمما، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ئىككى باي بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتىن سالامەت قۇتۇلۇپ چىققان. ئۆز-ئارا دۈشمەن ئىككى ئىمپېرىيە ئىلى ۋادىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ساداقىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن مۇسابىقىگە چۈشكەن بىر ۋەزىيەتتە، ۋەلى باي بىلەن بۇشرى باي رۇسىيە ئۈچۈن كامېنىسكىغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە قىممەتلىك ئىدى.

لىۋادىيا كېلىشىمىنىڭ ئۈچىنچى ماددىسىدا ئىلىدىكى خەلق رۇسىيە ۋە چىڭ ئىككى دۆلەت تېررىتورىيەسىنىڭ قايسىدا ياشاشنى خالىسا بىر يىل ئىچىدە ئەركىن تاللاشقا ھوقۇقلۇق دېيىلگەن. خىتاي تارىخچىلىرى بۇنى چاررۇسىيەنىڭ ئىلى ۋادىسىدىكى ئاھالىنى كۆچۈرۈش ھىيلىسى دەپ ئىزاھلاشقا ئامراق، ئەمما ئېرىك لور مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكەندەك، شۇ دەۋردىكى دىپلوماتىيە ساھەسىدە بۇ خىل تالاش — تارتىشتىكى رايونلاردىكى پۇقرالارنىڭ ئۆزىنىڭ كەلگۈسى سىياسىي ساداقىتىنى تاللاش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش پىرىنسىپى ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشكەن ئىدى. مەسىلەن، چار رۇسىيەنىڭ ئىلى ۋادىسىغا بولغان بۇ خىل سىياستى ئۇنىڭ 1878-يىلى ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە مەنسۇپ كارس بىلەن ئارداھان ئۆلكىلىرىنى يۇتۇۋالغاندا يۈرگۈزگەن سىياستى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇ ۋاقىتتىمۇ رۇسىيە پۇقرالارغا تاللاش ئەركىنلىكى بەرگەن: بۇ يەردىكى ئوسمان ئىمپېرىيەسى پۇقرالىقىدا قېلىشنى خالايدىغانلارغا كۆچۈپ كېتىشى ئۈچۈن بىر مەزگىل مۆھلەت بېرىلگەن؛ ئوسمان ئىمپېرىيەسى پۇقرالىقىدا قېلىشنى خالىمايدىغانلار بولسا ئاپتوماتىك ھالدا رۇسىيە پۇقرالىقىغا ئۆتكەن. بۇ ئىككىلا كېلىشىم رۇسىيە مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. كارس ۋە ئارداھان كېلىشىمىدە ئوسمان ئىمپېرىيەسى تەۋەسىگە كۆچۈپ كەتكەنلەرنىڭ رۇسىيە تەۋەسىگە قايتىپ كېلىشى يۇتۇنلەي چەكلەنگەن. لىۋادىيا كېلىشىمى بويىچە بولسا ئىلىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ رۇسىيە پۇقراسى بولغاندىن كېيىن شىنجاڭغا قايتىپ كېتىش ئەركىنلىكىمۇ بار، شۇنداقلا قايتىپ كەتكەنلەر ئۇ يەردىكى رۇسىيە پۇقرالىرىغا ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە بولىدۇ، دېيىلگەن. لىۋادىيا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېلىشىمدىكى بۇ ماددىلارغا چىڭ ئوردىسى قارشى چىققان بولۇپ ، كېيىن 1881-يىلدىكى پېتىربۇرگ شەرتنامىسىدە بۇ ماددىلار چىقىرىۋېتىلگەن. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن يېڭىدىن چاررۇسىيە پۇقراسى بولغان كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتى نائېنىق بىر ھالدا قالغان. ئەمما پۇقرالارنىڭ خالىغان بىر دۆلەتنى تاللىشىغا ھوقۇق بېرىلىدىغانلىقى ۋە بۇ قارارنى بىر يىلغىچە چىقارسا بولىدىغانلىقى ئېتىراپ قىلىنغان.

رۇسىيە ۋە سوۋېت تەتقىقاتچىلىرى تارانچىلارنىڭ كۆچۈشىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورققانلىقتىن بولغان ، دەپ قارايدۇ. ئەلۋەتتە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يېقى كەلگەن چىڭ ئارمىيەسىدىن قورقۇش مەۋجۇت ئىدى. بەش يىل بۇرۇن زو زوڭتاڭ قوماندان جىن شۇننىڭ ماناستىن تارتىپ غۇلجىنىڭ شەرقىگىچە ئاۋامنى قانلىق قىرغانلىقىنى ئەيىبلىگەن. ئەمدى بولسا "چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ غۇلجىنى خالىغانچە تالان — تاراج ۋە بۇلاڭ — تالاڭ قىلىشىغا رۇخسەت باركەن ، ئەسكەرلەر بۇ ئارقىلىق ئۆز ئېھتىياجىنى قامدايدىكەن" ، دېگەن گەپلەر خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ قورقۇنچ پەيدا قىلغان. ئەمەلىيەتتە ، ئىلى خەلقىنىڭ كۆچىدىغان يېرى ئىلى دەرياسىنىڭ ئاياق قىسمىدىكى قۇرغاق بوزلۇق بولۇپ ئامالسىز قالمىغان تارانچى دېھقانلىرىنى غۇلجا ئەتراپىدىكى مول ھوسۇللۇق يەرلەرنى تاشلاپ ئۇ يەرلەرگە بارىدۇ دېيىش ھېچ ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. خىتاي تارىخچىلىرى تاكى ھازىرغا قەدەر چار رۇسىيەنى تارانچىلارنى ئۆز مەيلىگە قارشى كۆچۈشكە مەجبۇرلاش بىلەن ئەيىبلىشىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تارىخچىلىرى بۇ مۇنازىرە بىلەن بولۇپ ، شۇ يەرنىڭ يەرلىك سىياسىي ئەھۋالىغا ئوبدان دىققەت ئاغدۇرمىدى. غۇلجىنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ ئېيتساق ، يەتتەسۇ تەرەپكە كۆچۈش بىر ئوپچە قارار بولۇپ ، بۇ قارار 1881-يىلى يۇرت كېڭەش ئۆتكۈزۈپ تارانچى ئۆلىمالارنىڭ رىياسەتچىلىكى بىلەن ئېلىنغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن كۆچ-كۆچنىڭ تارىخىنى بۇشرى ۋە ۋەلىبايغا ئوخشاش تەسىرى چوڭ كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن قايتىدىن قاراپ چىقىشقا ئەرزىيدۇ.

1879-يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئېلان قىلغاندىن تارتىپ تاكى 1883-يىلى كۆچمەنلىك مۆھلىتى توختىغۇچە قەدەر غۇلجىدىكى سىياسىي ۋەزىيەت ھەر خىل گۇمان ۋە تالاش — تارتىشلارغا ئورۇن ھازىرلاپ بەردى. بۇ ۋاقىتتا ئۇچۇرلار ئىنتايىن ئاز بولۇپ ئۇلارنى كونترول قىلغۇچى بۇشرى بايغا ئوخشاش كىشىلەر ئىدى. بۇشرى ئالمۇتا بىلەن غۇلجا ئارىسىدا قاتناپ رۇسىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن دائىم كۆرۈشۈپ تۇرغان. 1880-يىلى يەرلىك كىشىلەر بۇشرى ئاقساقال ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. بۇ ئەرزدە بۇشرى باينىڭ رۇسىيەلىكلەرگە قارشى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ «رۇسىيە كۆچمەن سىياستىنى بىكار قىلىپ پۈتۈن خەلقنى چىگىغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ» دەپ ئۆسەك سۆز تارقاتقانلىقى ئېيتىلغان. ئەرزدە ئېيتىلىشىچە، بۇشرى باينىڭ قارىشىچە تارانچىلار چىڭ ئارمىيەسىنىڭ قولىدا ياشىسا تېخىمۇ خاتىرجەملىككە ئېرىشەلەيمىش. ۋەلى باي بۇ مەزگىلدە ئۆزىنىڭ سودىسىنى كېڭەيتىش ھەققىدە ئىزدەندى. 1880-يىلى ئۇرۇش بولۇشى مۇمكىنلىكى ھەققىدىكى مىش-مىش گەپلەر ئېقىپ يۈرگەندە، ۋەلى باي رۇسىيەنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرى بىلەن ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان رۇس ئارمىيەسىنىڭ تەمىناتى ھەققىدە توختام تۈزگەندىن باشقا، ئىلىغا كەلگەن خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى ھەققىدە ئىلىدىكى سودا ئالاقەداشلىرى ئارقىلىق ئۇچۇر تىڭتىڭلىغان. ئۇرۇش ھەققىدىكى گەپلەر پەسەيگەندە ۋەلى باي ئاشلىقلىرىنى چىڭ ئارمىيەسىگە ساتقان. بۇ پۇرسەتتە ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ مەبلەغ سېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، رۇسىيەدىن رۇسىيە كونتروللۇقىدىكى ئىلىنىڭ غەربى قىسمىدىكى بىر قىسىم يەرلەرنى سېتىۋالغان. ئۇ يەنە چىڭ ئارمىيەسى بىلەن كىيىم — كېچەك ۋە يەم-خەشەك تەمىنلەش توختامى تۈزگەن. چىڭ ئارمىيەسىنىڭ بۇ تەمىناتلارنى تۆلەشكە قۇربى يوق بولۇپ، پۇللارنى تيەنجىن ۋە شاڭخەيدىكى بانكىلار ئارقىلىق تۆلەشنى خالىمايتتى. چۈنكى بۇنداق قىلسا چىڭ ئوردىسىنىڭ قولىقىغا يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. نەتىجىدە چىڭ ئارمىيەسىنىڭ ئىلىدىكى قوماندانى جىن شۈن ۋەلىبايغا ئېغىر قەرزگە بوغۇلغان: جىن شۈن 1882-يىلى مارتتا ئۆزىنىڭ ۋەلىبايغا يىرىم ملىيون سەر تىللا قەرز ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جىن شۇن ئۆلگىغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندا قايتا ئىستىلا قىلىنغاندىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ چېگرا دائىرىسى تېخى مۇقىملاشمىغان ئىدى. ئۇ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىغا ئوخشاش يەرلىكلەر ئىچىگە هاكىمبەگ قويۇپ تارانچىلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرماقچى بولغان. گەرچە غۇلجىدا بۇرۇنقى هاكىمبەگ جەمەتىگە مەنسۇپ كىشىلەر بولسىمۇ ئۇلار 1860-يىللاردىكى قوزغىلاڭغا رەهبەرلىك قىلغاچقا چىڭ ئارمىيەسى باشچىلىرىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن جىن شۇننىڭ كۆزى ۋەلىبايغا چۈشۈپ ئۇنى هاكىم بەگ قىلماقچى بولىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭدىن يەرلىكلەرنى رۇسىيەگە كېتىشتىن توسۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. جىن شۇننىڭ بۇرۇن چىڭغا خىزمەت قىلىش تارىخى بولمىغان بىر كىشىنى هاكىمبەگلىككە تەكلىپ قىلىشى چىڭ هاكىمىيىتىدىكى ئۆزگىرىشتىن دېرەك بېرەتتى — بۇ ئۆزگىرىش ئۇزۇنغا قالماي شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىش ۋە بەگ سىستېمىسىنى پۈتۈنلەي بىكار قىلىشقا ئېلىپ بارغان ئىدى. ۋەلىباي بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىشتا ئېھتىيات قىلغان، چۈنكى بۇنداق بولغاندا ئۇ غۇلجىدا ئاشلىقنى چىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ بېكىتكىنى بويىچە يەنى بازار باھاسىدىن كۆپ تۆۋەن سېتىشقا بۇيرۇلاتتى. شۇڭا ۋەلىباي جىن شۇننىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىغان. خۇددى ئۇنىڭ دېگىنى توغرا چىققاندەك، جىن شۇن تەيىنلىگەن هاكىم بەگ ئاشلىقنى بازار باھاسىدىن تۆۋەن باھادا، يەنى ھەر پۇتنى (پۇت — ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، 16.38 كىلوگرامغا تەڭ كېلىدۇ) 15-20 كوپەك (سىنت) ئەتراپىدا ساتقان. بۇ سەۋەبتىن ۋەلىباينىڭ قىزىقىشى رۇسىيەگە تەۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈزلەنگەن بولۇپ ئۇ يەردە تۇرۇپ چىڭ بىلەن سودىدا پايدىلىق ئورۇندا تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان.

## تارانچىلارنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈشى

تارانچىلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى بولغان ئون مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە رۇسىيە كونتروللۇقىدىكى هازىرقى يەتتەسۇ تەۋەسىگە كۆچۈشكە تىزىملاتقان بولۇپ، 1800 ئائىلە قېلىپ قالغان. رۇس ئەمەلدارلارنىڭ قارىشىچە ئىلىدىن ئايرىلىش ھەققىدە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە

كەلگەن گومانلارنى ۋەلى باي يوقاتقان. ۋەلى باي يەنە بۇ قېتىملىق كۆچمەن دولقۇنىدا ئەمەلىي رول ئوينىغان. چۈنكى شۇ چاغدا نۇرغۇن كىشىلەر ۋەلى بايغا قەرزدار بولۇپ، بەزىلەر ئەگەر ئىلىنىڭ ھاكىمىيىتى چىڭغا ئالماشسا بۇرۇنقى قەرزىدىنمۇ قۇتۇلىمىز دەپ ئويلىشاتتى. بۇ ئويدىكى تارانچىلارنى رۇسىيەگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن 1882-يىلى ۋەلىباي نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەرزىنى كۆتۈرۈۋەتكەن ھەمدە تېخى ئىلىدىن كۆچمىگەن تارانچىلارنىڭ قاتناش ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئېھتىياجى ئۈچۈن جەمئىي 30 مىڭ رۇبلىدىن ئارتۇق ياردەم پۇل سەرپ قىلغان. كېيىنكى يىلى ئۇ يەنە سەپتىن چۈشۈپ قالغان يۈزلىگەن ئائىلىلەر ئۈچۈن لازىملىق ھارۋىلارغا مىڭلاپ پۇل خەجلەپ كۆچۈشكە قولايلىق ياراتقان.

تارانچىلارنىڭ كۆچۈشى سلاۋيانلارنىڭ رۇسىيەدىكى كۆچۈشلىرىگە ئوخشايدۇ. كۆچۈشتىن بۇرۇن ئىلىدىكى تارانچى ۋە تۇڭگان رەھبەرلىرى رۇسىيەنىڭ يەتتە سۇ رايونىغا كېلىپ كۆچمەكچى بولغان جايلارنى پەملەيدۇ. تارانچىلار يەتتە سۇ ئۆلكىسىنىڭ ئالمۇتا ۋە رۇسىيە يېڭىدىن قوشۇۋالغان ياركەنت قاتارلىق ئىككى رايونغا ئۈچ توپتىن بولۇپ جايلىشىدۇ. دېھقانلار ياخشى تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەندە باي تىجارەتچىلەر ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكى مولللار ياركەنت شەھىرىگە ئورۇنلاشتى. بۇ يەر بۇرۇن سامار دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، شىبە ۋە سۇلۇن ئەسكەرلىرى گازارما قىلغان جايلار ئىدى. 1866-يىلى تارانچى قوزغىلاڭچىلار بۇ يەرلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەن ئىدى. ئۇلار رۇسىيە يۇقرالىقىغا ئۆتكەندىن كېيىن بۇ يەرلەرنى رۇسىيە پۇقرالىقىدىكى تارانچىلار جامائىتىنىڭ مەركىزى قاتارىدا يەنە ئۆزلىرى ئاۋات قىلىشقا باشلىدى. كۆچمەنلىك غۇلجا تارانچىلىرىنىڭ جامائەتچىلىكىنى ئۆزگەرتمىدى. ئۇلار نەدىن كۆچۈپ كەلگەن بولسا شۇ يەرنىڭ ئىسمىلىرىنى يېڭى مەھەلللەرگە قويۇشتى، مەسىلەن، ناغرىچى، قازانچى دېگەندەك. تارانچىلار يەنە بەزى بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەرگە ئورۇنلىشىش جەريانىدا قازاق ۋە كازاك ئاھالىنىڭ يەكلىشىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر بازاردىن يەنە بىر بازارغا ۋە ئالمۇتا ئەتراپىدىكى مەھەلللەرگە كۆچۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولدى. ھەتتا بەش يېرىم مىڭدەك تارانچى ۋە تۇڭگانلار رۇس مەھەللىلىرىگە جايلاشتى. يەنە نۇرغۇنى مۇقىم بىر يەرگە يەرلەشمەي ، سەييارە كېزىپ يۈرىدىغان ئىشلەمچىلەرگە ئايلاندى.



1880-يىلىدىكى ياركەنتنىڭ خارابىسى.

كۆچۈپ كەلگەن تارانچىلارنى يەتتە سۇدا جايلاشتۇرۇشتىكى بىر قىيىنچىلىق ئۇلارنىڭ قانۇنى سالاھىيىتىنىڭ بىنورماللىقى ئىدى. رۇس كۆچمەنلىرىنىڭ قازاق بوزقىرلىرىدا بارا-بارا كۆپىيىشى بىلەن چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى يەتتە سۇدىكى خەلقنى قازاقلارنىلا كۆرسىتىدىغان «يەرلىكلەر» ۋە بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان سلاۋيانلارنى بىلدۈرىدىغان «كۆچمەنلەر» دەپ ئىككىگە ئايرىغان ئىدى. خىتاي تېررىتورىيەسىدىن كۆچۈپ كەلگەن تارانچىلار يا يەرلىك قازاقلارغا ياكى سلاۋيان «كۆچمەنلەر» گە مەنسۇپ ئەمەس بەلكى يات ئەلدىن كەلگەن مۇسۇلمان كۆچمەنلەر سانىلاتتى. 1881-يىلدىكى «بوز قىر بەلگىلىمىسى» گە ئاساسلانغاندا

خرىستىئان بولمىغانلار ۋە يەرلىك بولمىغانلارنىڭ يەتتە سۇدا زېمىنلىق بولۇشى چەكلەنگەن ئىدى ، شۇ سەۋەبلىك تارانچىلارنىڭ يەرلىشىش ئىشى سوئاللارغا دۇچ كەلدى. 1890-يىللىرى چار رۇسىيە سلاۋيانلارغا پايدىلىق كۆچمەنلىك سىياستىنى يولغا قويدى. سلاۋيانلار ۋە كازاكلارنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلار ئۆزىنى ئوپئوچۇق يات ۋە ئاز سانلىق ھېس قىلىشتى. 1899-يىلى رۇسىيە پەرمان چىقىرىپ تارانچىلارنى يەرلىك باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش يەرلىك پۇقرا دەپ ئېتىراپ قىلدى. يەنى ، ئۇلار «يەرلىكلەر» قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك ئىدى. ئەمما بەزى كەمسىتىشلەر يەنىلا ساقلىنىپ قالدى. مەسىلەن ، ئۇلار يەتتە سۇنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك پارلامېنت سايلىمىدا بىلەت تاشلاش ھوقۇقىغا ئېرىشەلمىگەن.

تارانچىلار ئۆزىنى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن سىزىلغان مەمۇرى خەرىتىنىڭ مىللىي كاتېگورىيەسىنىڭ پۈچۈق گىرۋەكلىرىگە جايلاشقان ئېتىبارسىز بىر قوۋم دەپ ھېس قىلىشاتتى. يەتتە سۇدا تارانچىلار بەلگىلەنگەن تارانچى مەھەللىسىدە ، تۇڭگانلار تۇڭگان مەھەللىسىدە ، قازاقلار «قىرغىز» تېررىتورىيەسىدە ، سلاۋيانلار بولسا سلاۋيان دېھقانلار رايونىدا ياشايتتى. 1902-يىلدىكى ستاتىستىكىدا يېزىلىشىچە ، تارانچىلارنىڭ ئائىلە بويىچە ئوتتۇرىچە يېرى 35 گېكتار بولۇپ ، نوپۇسىغا سېلىشتۇرغاندا بۇ يەر سلاۋيانلار (87 گېكتار) ۋە كازاكلار (230 گېكتار) نىڭ يېرىدىن كۆپ ئاز ئىدى. شۇڭا بىر بۆلەك تارانچىلارنىڭ غۇلجىغا قايتىپ كېتىشمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. نۇرغۇن جەھەتلەردە شىنجاڭدا قالغان تارانچىلارنىڭ ئەھۋالى رۇسىيە تۇپراقلىرىغا كەتكەنلەرنىڭكىدىن ياخشى ئىدى. 1884-يىلى خىتايغا تەۋە تۈركىستاندا شىنجاڭ دېگەن نامدا بىر ئۆلكە قۇرۇلغاندا يەرلىك دېھقانلارنىڭ ھاكىم بەگلەر ئۈچۈن ئىشلەپ بېرىشى ئەمەلدىن قالغان شۇنداقلا باج سېلىقى تۆۋەنلىتىلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىلىدىكى تۇغقانلارنى سېغىنىش ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇش ئىستىكى قاتارلىق ئامىللار يىلىغا مىگلىغان تارانچىلارنىڭ چىك تەۋەسىگە قايتىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان. ستاتىستىكىلارغا قارىغاندا شىنجاڭغا كۆچۈپ كېتىش 1906-يىلى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان بولۇپ ، شۇ يىلى يەتتەسۇدىكى تارانچىلاردىن ئون مىڭى ئازلاپ كەتكەن. 1909-يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ستاتىستىكچى پ. پ. رۇمىئانتىسىۋ يەتتە سۇدىكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە تەپسىلىي سانلىق مەلۇمات يىغقان بولۇپ يەتتە سۇدىكى تارانچى يۇرتلىرىدا يەرلەرنىڭ تاشلىنىپ كىشىلەرنىڭ كېتىپ قالغانلىقى بايقالغان. ئەينى چاغدا يەتتە سۇ تارانچى ئاھالىسىنىڭ 10 پىرسەنتى غۇلجىدا ياشاۋاتقان بولۇپ بۇ ياركەنت ئاھالىسىنىڭ 20 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى.

چاررۇسىيە ھاكىمىيىتى تارانچى جەمئىيىتىدىكى ھادىسىلەرگە كۆزىنى يۇمىۋالاتتى، نەتىجىدە ۋەلىبايغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ تارانچىلار بىلەن ھاكىمىيەت ئارىسىدا بىدىكچىلىك قىلىشىغا ئوبدان پۇرسەت ياراتقان ئىدى. رۇسىيە چىڭ ئىمپېرىيەسى بىلەن چېگرىلىنىدىغان رايونلاردا تارانچىلارغا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كەنت قۇرۇلمىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەرلىك ھوقۇقلارنى بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭ مىسالى، كەتمەن رايونىدىكى ئاقساقاللارنىڭ مىڭبېشى، يۈزبېشى دېگەندەك ئەمەل ناملىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىدى. بۇ يەتتە سۇنىڭ باشقا رايونلىرىدا يوق ئىدى. رۇسىيە چېگىدىن تارتىۋالغان بۇ يەرلەرنىڭ كۆپى ۋەلىباينىڭ ئىلكىدە بولۇپ، چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ بۇ يەرلەرگە داۋاملىق ئىگە بولۇشىغا ۋە تارانچىلارنىڭ ئۇنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ زېمىنىدا تۇرۇشىغا يول قويغان ئىدى. ۋەلىباي ئىجارىكەش تارانچىلارنىڭ ھوسۇلىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ياكى يېرىمىنى يىغىپ ئالاتتى ۋە بۇنىڭدىن دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان باجنىمۇ ۋەلىباي ئۆزى تاپشۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا چاپارمەنلىرى بولۇپ سۇ ئىنشائات ۋە ھوسۇل يىغىشقا مەسئۇل ئىدى. تارانچىلار جايلاشقان يەر يەتتە سۇنىڭ مەركىزى ئالمۇتادىن يىراق بولغىنى ۋە ۋەلىباينىڭ ئالمۇتا بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولغىنى ئۈچۈن چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى ۋەلىباينىڭ بۇ ئىشلىرىغا گەپ قىلمايتتى.

ۋەلىباي چىڭ ئارمىيەسىگە چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ داۋاملىق توختام بويىچە ئاشلىق سېتىپ تۇراتتى. غۇلجىغا توشۇيدىغان ماللىرىغا قولايلىق ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ۋەلىباي پۇلشالىق سۇرگۇن ئىنژېنېر پوكلىۋېسكى كوزېلنى بۇيرۇپ ئەنگلىيەدىن پار بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان كېمە سېتىۋالغان ۋە تۈركىستاندىكى دەريالارغا سالغان. بۇ مۇشۇ زېمىندىكى

تۆنجى پار كېمىسى ئىدى. بۇ كېمە 1883-يىلى قاتناش باشلىغان بولۇپ ئۇنىڭغا كالپاكوۋىسكى دەپ ئىسىم قويۇلغان. بۇ كىشى رۇسىيەنىڭ ئىلىنى بېسىۋېلىشىغا يېتەكچىلىك قىلغان بولۇپ كېيىن يەتتە سۇنىڭ ھۆكۈمدارىغا ئايلانغان. ۋەلىباي بايلىقنى كۆپەيتىشتىمۇ تەدبىرلىك ئىدى. ئۇ غۇلجىنىڭ ئەتراپىدا تۆگمەن چۆرۈگەن ، ئۇ بۇغدايدىن باشقا كېۋەزچىلىككىمۇ قىزىققان بولۇپ ئامېرىكىنىڭ بىر كېۋەز سورتىنى ياركەنتنىڭ قۇرغاق كلىماتىغا ئۆزلەشتۈرگەن. ۋەلىباي يەنە كۆمۈر كانچىلىققىمۇ بېرىلگەن بولۇپ رۇسىيە ئەمەلدارلىرى ئۇچۇن غۇلجىنىڭ مول تەبىئىي بايلىقنى ئېچىشتا مەسلىھەتچى بولغان. ۋەلىباي مۇشۇ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق باشقىلارغا قارىغاندا ھەددىدىن ئارتۇق بايلىق توپلىغان. 1899-يىلىدىكى ياركەنتتىكى سايلىغۇچىلارنىڭ تىزىملىكىدە ۋەلىباينىڭ شەخسى بايلىقىنىڭ 40 مىڭ رۇبلى ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن بولۇپ ، ۋەلىباينىڭ مۈلكى تىزىملىكتىكى قالغان ئون بىر باينىڭ ئومۇمى مۈلكىدىنمۇ كۆپ بولغان.

## «شىنجاڭ» ئۆلكىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

رۇسىيەگە كۆچكەن تارانچىلار يېڭى ھاياتقا كۆنگىلىۋاتقاندا چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدىكى ، جۈملىدىن ئىلىدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتمەكتە ئىدى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدىكى كونتروللۇقنى تەيپىڭ تىيەنگودىن كېيىن 1860-يىللاردىكى قايتا قۇرۇش ئورگانلىرىنى ئۈلگە قىلغان ئاساستا تەسىس قىلىنغان «قايتا قۇرۇپ چىقىش مەھكىمىسى (شەنخوۋ جۈ)» ئارقىلىق ئېلىپ بارماقتا ئىدى. ئىلىدا يېڭى سېپىللار ، مەمۇرىي بىنالار قوپۇرۇلغان ، ئۆستەڭلەر چېپىلغان ۋە تاشلاندۇق يەرلەر ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ئىدى. كاتائۇكا كازۇتادانىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك ،  بۇ قۇرۇلۇشلار قايتا قۇرۇپ چىقىش ئىدارىسى ۋەدە قىلغان دېھقانچىلىق پۈرستى بىلەن ئالدانغان خىتاي كۆچمەنلەرگە ۋە زو زوڭتاڭنىڭ خۇنەنلىك ئەسكەرلىرىگە  تاپشۇرۇلغان ئىدى.

شىنجاڭدا ئىمپېرىيە نوپۇزىنىڭ خاراب بولۇشى چىڭ ئەمەلدارلىرىنى كەسكىن ئىسلاھات بولمىسا ھۆكۈمەتسىزلىك خەۋپىگە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىغا ئىشەندۈردى. زو زوڭتاڭ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ختاي ئاقىللىرى شىنجاڭنى قايتا قۇرۇشتا ختايلارنىڭ يېتەكچى بولۇشىنى بەكرەك مۇناسىپ كۆرەتتى. ئۇلار شىنجاڭدا چىڭغا قارشى كەيپىيات ۋە قوزغىلاڭغا سەۋەب بولغان ئامىلنى يەرلىكلەرگە بېرىلگەن ھوقۇقنىڭ كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىدىن كۆرەتتى ، شۇڭا بۇرۇن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بۇنداق ھوقۇقلارنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قارشى ئىدى. شۇنداقلا ئۇلار يەنە بۇرۇن مەركەزدىن ئەۋەتىلگەن ئالىي رەھبەرلەرنىڭ پەقەت موڭغۇل ياكى مانجۇ بولۇپ كەلگەنلىكىگىمۇ نارازى ئىدى. زو زوڭتاڭ يەنە يەرلىكلەرنى مەدەنىيەت جەھەتتە مەركەزگە بېقىندۇرۇشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ۋە يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە كۇڭزىچە باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇشنى تەكىتلىگەن. ئوردىغان بېرىلگەن بۇنداق تەكلىپلەر ۋە قارشى تەكلىپلەرنى مۇزاكىرە قىلىش نەتىجىسىدە ، 1884-يىلى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئۆلكىگە ئايلاندۇرۇش ، بۇ زېمىننى يېڭى بىر يۇرۇش ختاي ئەمەلدارلار ئارقىلىق باشقۇرۇش قارار قىلىنغان.

يۇزەكى قارىغاندا ، «شىنجاڭ» ئۆلكىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ختاي كونتروللۇقىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر ۋەقە بولۇپ ، تەتقىقاتچىلار بۇ ئۆلكىلەشتۈرۈش سىياسىتىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈش ۋە بىر گەۋدە بولۇش رولىغا مەركەزلىك ھالدا نەزەر ئاغدۇرۇپ كەلدى. مەسىلەن ، تەتقىقاتچى كاتائوكا بۇ سىياسەتنى «ختايلاشتۇرۇش» دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇنى پەرقلىق تەرەپلەردىن ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ، ختايلارنىڭ بۇ زېمىندىكى تۇرلۇك مۇستەملىكە تەدبىرلىرى ئارزۇدىكىدىن تەتۈرىچە نەتىجىلەنگەن. كۆچمەن جەلپ قىلىش تەسلىشىپ كەتكەن ، يەرلەر تېرىقسىز قالغان ، خاراب بولغان يامۇللار تاكى 1880-يىللارغىچە ئەسلىگە كەلمىگەن. ئىقتىسادمۇ لىگشىپ قالغان بولۇپ ، بازاردا يېتەرلىك كۈمۈش ۋە مىس پۇل بولمىغانلىقى ئۈچۈن ياقۇپ بەگنىڭ كۈمۈش تەڭگىلىرى تاكى يىغىۋېلىنىپ

ئېرىتىۋېتىلگەنگە قەدەر نۇرغۇن يىل ئىشلىتىلگەن. ئۇندىن كېيىن رۇسىيەنىڭ رۇبلىسى شىنجاڭنىڭ ئەڭ مۇقىم پۇلى بولۇپ قالغان. خىتايلاشتۇرۇش ئۇقۇمى يەنە يەرلىك مەمۇرىيەتتە داۋاملىشىۋاتقان يەرلىك ئاپتونومىيەگە قارىتا ئېتىبارسىز قارايدۇ. بۇرۇنقى بەگلەر ئەمدى خىتايچە نامدا شاڭيولار دەپ ئاتىلىپ داۋاملىق رەۋىشتە يەرلىك جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە مۇھىم كېلىشتۇرگۈچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. گەرچە خىتاي مەمۇرلار يېڭى مەمۇرىي بىرلىكلەرگە مەنسەپكە تەيىنلەنگەن بولسىمۇ پۈتۈنلەي مۇسۇلمانلاردىن تەركىب تاپقان بۇ كەڭ زېمىننى باشقۇرۇشتا يەنىلا يەرلىك بەگلەرنىڭ ياردىمىگە تايانغان. بەزىلەرگە نىسبەتەن بۇ خىل رېئاللىق شىنجاڭ ئۆلكىسى دېگەن بۇ ئاتالغۇغا بولغان مەسخىرە ئىدى. 1891-يىلى شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ھۆكۈمدارى تاۋ مو نىڭ ئوغلى تاۋ باۋلىيەن بۇ سىياسەت ھەققىدە ئۆز كۆز قارىشىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ: «بەگلەرنى بىكار قىلىپ شاڭيولارنى قويدۇق، ئەمما مۇسۇلمانلار ئۇلارنى يەنىلا بەگ دەپ ئاتايدۇ؛ خىتاي ئەمەلدارلار يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ تىلىنى ياكى يېزىقىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا يەنىلا يەرلىك بەگلەر بىلەن شېرىكلىشىدۇ. بىز ۋىلايەت، ناھىيە ۋە يېزا تەسىس قىلىشتىن بۇرۇن كىشىلەر ئۆز تائىپىسىدىكى ئۆزلىرىنى قاڭقىر قاقشاتقان بەگلەرگە ئۆچ ئىدى، مانا ئەمدى خىتاي ئەمەلدارلار ئاۋامنى ئېزىدىغان كۈچلەرنىڭ پاسبانى بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن خەلق خىتاي ئەمەلدارلىرىغا قارشى چىقىۋاتىدۇ»- دېگەن.

شىنجاڭنىڭ پەقەت ئاتاقتىلا بىر ئۆلكە ئىكەنلىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ قارىشى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىز شىنجاڭنىڭ ئۆلكە قىلىنىشىنى خىتاينىڭ بىۋاستە كونتروللۇقىغا يۈزلىنىشىنىڭ ئالامىتى دەپ قاراشتىن ئۆزىمىزنى تارتىشىمىز لازىم. شىنجاڭ - پۈتۈن چىڭ ئىمپېرىيەسى بويىچە يەرلىك ھاكىمىيەتنى ئىسلاھ قىلىش دولقۇنىدا ئۆلكە بولغان بولۇپ، بۇ ئىسلاھاتتا تەيپىڭ تىيەنگونى باستۇرۇش جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان تەدبىرلەردىن ئۆلگە ئېلىنغان ۋە بۇ تەدبىرلەر ئۇرۇشتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش مەزگىلىدە ئەمەلىيلەشتۇرۇلگەن ئىدى. چېچىلىپ كەتكەن ئاز ساندىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ختاي ئەمەلدارلارغا تايىنىشىنىڭ ئورنىنى سەھرادىكى مۆتىۋەرلەر ۋە شەھەرلىك تىجارەتچىلەر ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي كۈچلەرنى ئاساس قىلغان يەرلىك ئاپتونومىيە شەكلى ئالغان ئىدى. بۇ ئىجتىمائىي كۈچلەر ئاۋام پائالىيەتچىلىرى ۋە جامائەت رەھبەرلىرى رولىنى ئۆتەيتتى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ختايلاردىن تەشكىللەنگەن يەرلىك مەمۇرىيەتكە مۇسۇلمانلارنىڭ قاتنىشىشى ئۆلكە مودېلىغا قارشى ئەمەس، بەلكى ئۇنى قۇۋۋەتلەيتتى. شۇ چاغلاردا مۇسۇلمان زىيالىيلىرى بىلەن ختاي مەمۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدە ختاي مەنبەلىرىدە ماتېرىيال يوق، شۇڭا تەتقىقاتچىلار ئۆلكىلىشىشنىڭ بۇ نۇقتىسىغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەي كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، قەشقەر ۋە يەكەندىكى ختاي ئەمەلدارلار دۆلەت قۇرۇش جەھەتتە يەرلىك بايلاردىن سۇجۇ ۋە گۇاڭجۇدىكى بايلاردەك ۋەتەنسۆيەرلىك ۋە قىزغىنلىق بىلەن مەمۇرىيەتكە ماسلىشىپ بېرىشىنى كۈتمەيتتى. ئەمما، ئۆلكە قۇرۇش تەشەببۇسچىلىرى پۇقرالارنىڭ بۇ خىل غەيرىي – رەسمىي ھالدا دۆلەت قۇرۇشقا قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. 1882-يىلى زو زوڭتاڭنىڭ ئىككىنچى قول يارەدەمچىسى لىيۇ جىنتاڭ بەگلەرنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى باي تۆرىلەر شەكلىدە ۋەكىللىك رولىنى يەنىلا داۋام قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان، ئەمما ئەمەلىيەتتە بۇ رولنى ئۈستىگە ئالغۇچىلار يەرلىك بايلار تەبىقىسى بولغان.

## شىنجاڭدىكى سودا ئېغىزلىرى ۋە رۇسىيەلىك ئاقساقاللار

رۇس ئىمپېرىيەسىنىڭ چىڭ خاندانلىقىنىڭ غەربىي دەرۋازىسىغا قەدەم باسقانلىقىنىڭ ئەڭ تېز تەسىرى ئەزەلدىن چاررۇسىيە بىلەن مۇناسىۋەتسىز ياشاپ كەلگەن ئەنجانلىقلاردا بولدى. رۇسىيە قوقەن خانلىقىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن تارىم ۋادىسىدىكى بۇ خانلىققا مەنسۇپ پۇقرالارغا، جۈملىدىن ئەنجان مۇھاجىرلىرىغا ھەمدە چىڭ زېمىنىدا سودا قىلىۋاتقان بۇخارالىقلارغىمۇ ئۆز پۇقرالىرىدەك باش پاناھ بولۇشقا باشلىدى. قۇمۇلدىن تارتىپ خوتەنگىچە تارقالغان، تېخى يېقىندىلا چاررۇسىيەنى دۈشمەن، رۇس سودىگەرلىرىنى رەقىب دەپ

بىلدىغان مىگلىغان ئەنجانلىقلار تۇساتتىنلا تۈركىستاندا «ئاقخان» دېيىلىدىغان چار پادىشاھنىڭ پۇقراسى بولۇپ قالدى.

زو زوڭتاڭنىڭ ۋەكىلى لىيۇ جىنتاڭ رۇسىيەنىڭ بۇ ئەنجانلىقلارنى پۇقرا سانىشىنى چەكلەيتتى ۋە بۇنىڭغا جېنىنىڭ بارىچە قارشى ئىدى. ئۇ ئەنجانلىقلارنى «نېمىلا دېگەن بىلەن ھەقىقىي رۇسىيەلىك ئەمەس» دەپ قارايتتى. 1870-يىللارنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا لىيۇ جىنتاڭ ياقۇپ بەگنى قوللىغان دېگەن گۇمان بىلەن يۈزلىگەن ئەنجانلىقنى قوغلاپ چىقارغان، ئائىلىسى ۋە زېمىنى بولغانلىرىنى چىڭ پۇقرالىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئەمما 1881-يىلدىكى پېتىربۇرگ كېلىشىمى سەۋەبلىك بۇنداق قاتتىق پوزىتسىيەنى داۋام قىلالمىغان. كېلىشىمگە ئاساسەن رۇسىيە كونسۇلخانىلىرىنى غۇلجا ۋە تارباغاتايدىن باشقا قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىلەرگە كېڭەيتكەن، شۇنداقلا ئەگەر زۆرۈرىيەت تېپىلسا تېخىمۇ كېڭەيتىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. 1882-يىلى چاررۇسىيە دىپلوماتىيەسىنىڭ سادىق ئىجراچىسى نىكولاي پېتروۋىسكى قەشقەرگە كەلگەن، باشقا كونسۇللارمۇ ئىشقا چۈشكەن. كېلىشىم بويىچە رۇسىيە پۇقرالىرىدىن تىجارەت ۋە چېگرا بېجى ئېلىنمايدىغان، ئۇلار تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ئەركىن كېزەلەيدىغان بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئەنجانلىقلار تېزلا شەرقىي تۈركىستاندا بازارنى ئىگىلەپ رۇسىيە شىركەتلىرىنىڭ ۋاكالەتچىلىرىگە ئايلانغان. بۇ مەنىدە ئەنجانلىقلار سوۋېت شەرقشۇناسى روستوۋىسكىنىڭ تەبىرى بويىچە «رۇسىيە كاپىتالىزمىنىڭ بېدىكلىرى» گە ئايلانغان.

لىيۇ جىنتاڭغا ئوخشاش كىشىلەر گەرچە باج تاپشۇرمايدىغان ئالاھىدە ھوقۇقلۇق رۇسىيە پۇقرالىرىنىڭ بولۇشىدىن ۋە ئۇلارنى قوغدايدىغان كونسۇلنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىدىن بىئارام بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇنقىدەك تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلارغا تارالغان نۇرغۇن ئاقساقاللار بىلەن مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ يەرلىك خەلقنى «كۈشكۈرتۈش» غېمىدىن قۇتۇلغىنىغا مەمنۇن ئىدى. ئەمما لىيۇ يەنىلا ئەنجانلىقلار ئىچىدە ئاق ساقاللار تويىنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغا قارشى ئىدى ۋە بۇ جەھەتتە دىپلوماتىيەلىك ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى..

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پېتربۇرگ كېلىشىمى بويىچە كونسۇللار يەرلىككە ئۆزىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىشكە بولاتتى، ئەمما كېلىشىمدە دائىملىق ئاقساقاللار ئەۋەتىلىدۇ دەپ يېزىلغان ئىش يوق ئىدى. ئەمما پېتروۋسكىنىڭ كېلىشى بىلەن ئۆزىنى ئاقساقال دەپ يۈرىدىغان ئەنجانلىقلارنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلىغان. 1884-يىلى لىيۇ جىنتاڭ تۈركىستان ھۆكۈمدارىغا خەت يېزىپ كېلىشىمدە ئاقساقاللار ھەققىدە ماددا يوقلۇقى، رۇسىيەنىڭ ئاقساقاللارنى قايتۇرۇپ كېتىشى لازىملىقى، پەقەت كونسۇللارنىڭلا رۇسىيە پۇقرالىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىشلىرىغا جاۋابكار ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

1884-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇچتۇرپانغا ھېلىم ئىسىملىك بىر ئەنجانلىق ئاقساقال تەيىنلەنگەندە ۋەزىيەت كەسكىن بولغان. ھېلىمنىڭ پېتروۋسكىغا يوللىغان دوكلاتىدا، چىڭنىڭ قايتا قۇرۇش مەھكىمىسى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلغانلىقى ئېيتىلغان. ھېلىم شەھەردىكى رۇسىيەلىك تىجارەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ماللىرىنى تىزىملاپ چىققان. ئەمما چىڭ ئەمەلدارلىرى بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي باج يىغقان. ھېلىم بۇ ئەھۋالنى قەشقەردىكى پېتروۋسكىغا مەلۇم قىلغان. باج تاپشۇرغان بايلار قاتارىدىكى ئابدۇرېھىم ئىسىملىك مەرغىلانلىق بىر تىجارەتچى ئۆزىنىڭ باج تاپشۇرغانلىق تالونىنى كۆرسىتىپ ھېلىمگە شىكايەت قىلغان. ھېلىم تالوننى پېتروۋېسكىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. چىڭ ئەمەلدارلىرى بۇ سەۋەبتىن ئابدۇرەھىم باينى چاقىرىپ سوراق قىلغان ۋە ئۇنىڭ نېمىشقا بۇ ئىشنى چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئېيتماي ھېلىمگە يوللىغانلىقىنى سورىغان. ئۇندىن كېيىن ئۇلار ھېلىمنى چاقىرتىپ كېلىپ، ھېلىمنىڭ ئالدىدا ئابدۇرېھىم باينىڭ رۇسىيە پۇقراسى ياكى چىڭ پۇقراسى ئىكەنلىكىنى سورىغان. ئابدۇرەھىم ھېلىمنى ئۆزىنى خاتا تىزىملاپ قويغانلىقتا ئەيىبلەپ ئۆزىنى چىڭ پۇقراسى دەپ تۇرۇۋالغان.

چىڭ ئەمەلدارلىرى ھېلىمدىن تۆۋە قىلىشنى ۋە ئابدۇرەھىمنى خاتا تىزىملاپ قويغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ھېلىم پېتروۋسكى رۇخسەت قىلمىغان ئەھۋالدا ھەر قانداق ئېتىراپتا بولمايدىغانلىقىنى دېگەن. چىڭ ئەمەلدارلىرى بۇ ۋاقىتتا پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ

ئۇنڭغا «بىز سېنى ياخشى ئادەم دەپ بىلىمىز ۋە بۇندىن كېيىن سېنىڭ بىلەن ئىشلارنى مۇۋاپىق تۈردە مۇزاكىرە قىلىمىز... پەقەت پېتروۋسكىغا نېمە يوللاپ تۇرغىنىڭدىن بىزنى خەۋەردار قىلساڭلا بولىدۇ» دېگەن. ئاقسۇدا زىيارەتتە بولۇۋاتقان رۇسىيە پۇقرالىرى بۇ ھەقتە ئاقسۇدىكى ئەنجانلىق ئاقساقالغا مەلۇمات يەتكۈزگەن بولۇپ ، بۇ ئاقساقال ئابدۇرېھىم باينى ئاقسۇ دوتيىى بىلەن كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلغان. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇرەھىم باي ھېكايىسىنى ئۆزگەرتىپ ئۆزىنىڭ رۇسىيە پۇقراسى ئىكەنلىكىنى ، چىڭ ئەمەلدارلارنىڭ تەھدىتى بىلەن ئۆزىنى چىڭ پۇقراسى دېگەنلىكىنى ئېيتقان.

مەسىلە ھەل بولۇپ تىجارەتچىلەرنىڭ سالاھىيىتى ئېنىق بولغان ، ئەمما ھېلىم ئاقساقال چىڭ ئەمەلدارلىرىدىن رازى بولمىغان. ئۇزاق ئۆتمەي چىڭ ئەمەلدارلىرى نار مىرزا ئىسىملىك بىر ئەنجانلىقنى ئۇچتۇرپانلىق ئەنجانلىقلارغا ئاقساقال قىلىپ تەيىنلىگەن. نار مىرزا دەسلەپتە پېتروۋسكىنىڭ ئاچچىقىدىن قورقۇپ رەت قىلغان ، ئەمما 1885-يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇنىڭ ئۇچتۇرپاندا ھەممە يەرلەرنى تىمىسقىلاپ رۇسىيە پۇقرالىرىنىڭ تىزىملىكىنى توپلاۋاتقانلىقى ۋە ھېلىم ھەققىدە يامان گەپلەرنى تارقىتىۋاتقانلىقى مەلۇم بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇچتۇرپاندا بىرى رۇسىيە تەرەپتىن يەنە بىرى چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ئىككى ئاقساقال پەيدا بولغان. نار مىرزا ئاخىرى بۇ جەڭدە ئۇتۇپ چىققان. ئۇ ئۆزىنىڭ چىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ پېتروۋېسكىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرگەن ، نەتىجىدە ئۇ ھېلىمنىڭ ئورنىغا ئۇچتۇرپاندىكى رۇسىيە پۇقرالىرىنىڭ ئاقساقىلى قىلىپ بېكىتىلگەن.

بۇنداق توقۇنۇشلار تارىم ۋادىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ ، ئاقساقاللار مەسىلىسى چىڭ بىلەن بولغان كېلىشىمدە رۇسىيەنىڭ قايسى چەككىچە بارالايدىغانلىقىنى ئۆلچەيدۇ دەپ قارىلىدۇ ، ئەمما بۇ يەردە نەزەردىن ساقىت قىلىنغان مۇھىملىقلارمۇ بار. دىپلوماتىيە تارىخچىلىرى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى مۇنداق بىر يۈزلىنىشنى ، يەنى ئەلچىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە سودا گۇرۇھىنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا ياردەمچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بايقىغان. بۇنىڭغا خىتايدا تەسىس قىلىنغان سودا ئېغىزلىرى دەلىل قىلىنىدىغان بولۇپ، برىتانىيە شەرقى ھىندىستان شىركىتىنىڭ ئورنىغا كېيىن ئەلچىخانا ئالماشقانلىقى بۇنىڭ بىر مىسالى قىلىنىدۇ. ئەمما بۇنداق بىۋاستە ئالمىشىش شىنجاڭدا يۈز بەرمىگەن. شىنجاڭدا ئۇچراشقان چىڭ، ئەنگلىيە ۋە رۇسىيە ئىمپېرىيەلىرى گەرچە مۇسۇلمانلارنى باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ئۇلار بىلەن مەدەنىيەت ۋە تىل ئورتاقلىقىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. مۇستەملىكە قىلىنغان بۇ رايونلاردا يەرلىك ئاپتونومىيە (يەرلىك نوپۇز) قاتلىمى مەۋجۇت بولۇپ بۇلار ئىمپېرىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن يەرلىك خەلق ئارىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايتتى. رۇسىيە تۈركىستاننى ئالغاندىن كېيىن يەرلىكتىكى تەجرىبىلىك پېشقەدەملەردىن ئاقساقال سايلىنىدىغان تۈزۈمنى ئورناتتى ۋە ئۇنى خەلقنىڭ مۇستەملىكە ھالەتتىكى «ئۆزىنى ئىدارە قىلىشى» دا قوللاندى. رۇسىيەدىكى بۇ ئۇسۇل شىنجاڭدا كونسۇللارنىڭ دەخلىسىزلىكى بىلەن بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە نورمالسىز بىر ئەھۋال مەيدانغا چىقتى: يەنى، چىڭ ئەمەلدارلىرى شىنجاڭدىكى رۇسىيە پۇقرالىرىنى رۇسىيە كونسۇلىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى، نەتىجىدە بۇ رۇسىيە پۇقرالىقىدىكى مۇسۇلمانلار خۇددى رۇسىيە تېررىتورىيەسىدىكىگە ئوخشاش بولغان ئالاھىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر ئەھۋال كېلىپ چىقتى.

شىنجاڭدىكى رۇسىيە كونتروللۇقىدىكى ئاقساقاللار ئىككى ئورگاننىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ باقتان، بىرى قوقەنلىك كاتتىۋاش سۈپىتىدە چىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قۇرغان، يەنە بىرى رۇسىيە تۈركىستانىنىڭ ئاقساقىلى سۈپىتىدە چارپادىشاھ بىلەن مۇئامىلە قىلغان. ھېلىمىنىڭ كەچۈرمىشىدىن مەلۇمكى، ئاقساقاللار ئۆز دۆلىتى ۋە ساھىبخانا دۆلەت ئارىسىدىكى رىقابەتنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغاندىن باشقا يەنە ئۇلار رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى نىسپىي مۇستەقىللىقىنى ئىككى ئىمپېرىيەگە ھېس قىلدۇرۇش رولىنىمۇ ئوينىغان. مەسىلەن، قەشقەردىن يىراق بولغان ئۇچتۇرپاننىڭ ئاقساقىلى ھەلىمدەكلەرنى قەشقەردىكى پېتروۋسكى ئۆزى تەيىنلەيدۇ ۋە ئەمەلدىن قالدۇرالايدۇ. ئەمما، قەشقەردىكى كونسۇلخانىغا

يېقىن يەردە ئولتۇرۇشلۇق رۇسىيەلىك مۇسۇلمانلارمۇ كونسۇل بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت قىلىشنىڭ ئورنىغا ئاقساقال تەيىنلەشنى مۇۋاپىق كۆرگەن. تارباغاتايدىكى چەتئەل پۇقرالىرى ئاساسەن رۇسچە سۆزلەيدىغان تاتارلار بولۇپ ئۇلارنىڭ مەسچىت ، دۇكان ، مەكتەپلىرى كونسۇلخانا بىلەن يېقىن ئىدى. يەرلىك بىر ئىمامنىڭ دېيىشىچە ، 1892-يىلى ئۇلار تۇنجى قېتىم ئاقساقال سايلىغان بولۇپ يەتتە يىلغىچە ھېچقايسى تەرەپنىڭ ئېتىراپىسىز ئىش يۈرۈشتۈرگەن ، ئاخىرىدا چاررۇسىيە ۋە چىڭ تەرەپنىڭ ئېتىراپىغىمۇ ئېرىشكەن.

مەۋجۇت سودا تورىنىڭ تەشكىللىگۈچىلىرىنى كونسۇل قىلىپ تەيىنلەش بىرىتانىيەچە يوسۇنلار جۈملىسىدىن. 1870-يىلى ئەنگلىيەلىك تۆرە دوگلاس فورسىتنىڭ ئۆمىكى قەشقەر ۋە يەكەننى زىيارەت قىلغاندا ئۇلار كەشمىرلىك ، بەدەخشانلىق سودا گۇرۇھى ئىچىدە ئاقساقاللارنى بايقىغان. 1891-يىلى بىرىتانىيەلىك راج قەشقەردە بىرىتانىيە پۇقرالىقىنى بېرىش ئىمتىيازىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇ تارىم ۋادىسىدىكى بۇرۇندىن بار بولغان ئاقساقاللارنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان. شىنجاڭدا بىرىتانىيە پۇقرالىقىغا ئېرىشكەن كىشىلەر باشقا-باشقا مىللەتلەرگە ۋە كەسىپلەرگە مەنسۇپ بولغاچقا ئۇلارنى بىرلا ئاقساقال بىلەن باشقۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇزۇن مۇددەت ئولتۇراقلاشقان ھىندىستانلىقلار بار بەزى يەرلەردە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دېھقانچىلىق ۋە بەزىلىرى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغاچقا ھەر كەسىپتىن پەرقلىق ئاقساقاللارنى تەيىنلەيدىغان ئادەت بارلىققا كەلدى. 1918-يىلى يەكەندە بىر قېتىملىق ئاقساقال سايلىمى بولغان بولۇپ ، پۇشتۇ ، ھىندى ، كەشمىرى ، ۋاخى ۋە بالتى مىللەتلىرىنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن بولۇپ جەمئىي بەش كىشى بىر ئاقساقاللار كېڭىشىنى بىكىتىپ چىقىشقان.

ئاقساقاللار ئىمپېرىيە ئەمەلدارلىق پىرامىداسىنىڭ ئۇلىغا مەنسۇپ بولۇپ ئۆسۈش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئەمما چىڭ پۇقرالىرى بىلەن ئىمپېرىيە پۇقرالىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئۇلار بىردىنبىر رولنى ئوينايدىغان بولۇپ مەلۇم تەسىرگە ئىگە ئىدى. ئادەتتە ئاقساقاللىق ئورنىنى تەلەپ قىلىدىغانلار باي سودىگەرلەر بولماستىن ئوتتۇراھال تىجارەتچىلەر بولاتتى. غۇلجىدىكى تاتار باي فەزلۇللا (يەنى فازىلجان) يۈنچ ئەسلى ھېچ قانچە چوڭ باي

www.uyghurkitap.com

ئەمەس ئىدى. دەسلەپ ئۇ ئىلىغا كەلگەن يەتتە سوۋلۇق تىجارەتچىلەرگە ياللىنىپ كەلگەن بولۇپ تەدرىجىي ھالدا شىنجاڭدىكى تاتارلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ ۋە تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بايلاردىن بىرى بولۇپ قالغان. رۇسىيەلىك ئاقساقاللار مائاشنى تىجارەتچىلەردىن يىغىۋالغان ھەقلەر ئىچىدىن چىقىرىپ ئالىدىغان بولۇپ، يەنە رۇسىيە كونسۇلىدىنمۇ قوشۇمچە مائاش ئالاتتى. تارباغاتايدىكى ئاقساقال يىلىغا ئالتە يۈز رۇبلىدىن مىڭ رۇبلىغا قەدەر مائاش ئالسا، قەشقەردىكى ئاقساقال ئېيىغا تەخمىنەن ئىككى يۈز رۇبلى كىرىم قىلىغان. ئاقساقاللاردىن رۇسىيە تەرىپىدىن تەيىنلەنگەنلەردە رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ گېربى چۈشۈرۈلگەن تامغا بولسا، برىتانىيە تەرىپىدىن تەيىنلەنگەنلەر ئۆيلىرىگە برىتانىيە بايرىقىنى ئاساتتى. قەشقەر ۋە ئاقسۇدىكى چىڭ ئەمەلدارلىرى كېلىشىملەردە ئاقساقاللىق ھەققىدە ھېچبىر مەزمۇن يوق ئىكەنلىكىنى دېيىشىپ قارشى تۇرسىمۇ ئۆزلىرىدىن يىراق بولغان تارىمدىكى بوستانلىقلاردا ئۇلارنىڭ رولىنى ئىنكار قىلالمايتتى؛ يەرلىك ئەمەلدارلار بولسا ئاقساقاللار بىلەن پۇت تېپىشىشنىڭ ئورنىغا ئۇلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە تىرىشاتتى، ھەتتا بۇنداق ئاقساقال بولغانلاردىن چىگدىن مۇكاپات ۋە ئۇنۋان ئالغانلارمۇ بولغان. بىر برىتانىيەلىك ئاقساقال كۈچاغا كەلگەندە يەرلىك ياموۇلدا كاتتا كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن.

رۇسىيە بىلەن برىتانىيە ئارىسىدىكى «كاتتا ئويۇن» دەپ ئاتالغان تەسىر دائىرىسى تالىشىش كۆرۈشىدە ئاقساقاللار مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ ئۇلار يەرلىكتىن ئاخبارات توپلاش، گومانلىق چەتئەللىكلەرنى نازارەت قىلىش ۋە ئۆزىدىن بولغان ھېرىپ — ئېچىپ كەلگەن تەكشۈرگۈچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇلار يەنە يەرلىك «بايلىق ئىزدىگۈچىلەر» قولغا چۈشۈرگەن بۇيۇملارغا بېدىكلىك قىلىش، ئاسارە - ئەتىقىلەرنى توشۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، 20-ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئۇلۇغ يىپەك يولى ئارخېئولوگىيە دولقۇنىنى ئۇلغايتقان. مەسىلەن، خوتەنگە قويۇلغان رۇسىيە پۇقرالىرىنىڭ ئاقساقلى ئابدۇساتتار رۇسىيە كونسۇلى پېتروۋسكىغا شۇ يەردىكى قۇمغا كۆمۈلگەن بىر شەھەردىن چىققان ئاسارە-ئەتىقىلەر ھەققىدە تۇنجى بولۇپ مەلۇمات بەرگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي،

خوتەندىكى برىتانىيە ئاقساقىلى بولمىش بەدرىددىن خان دېگەن ئافغان كىشى قەشقەردىكى برىتانىيە ئەلچىسى جورج ماكارتنىغا يەرلىكلەر قازغان قولىيازمىلار، تام رەسىملىرى ۋە باشقا قېزىلمىلارنى تەقدىم قىلغان. بەدرىددىنخان كېيىن يەنە ئاۋرىل ستەيىننىڭ دەندان ئۆيلۇك خارابىسى، نىيە خارابىسىنى قېزىپ تەكشۈرۈش ئېكسپېدىتسىيەسىگە تەمىنات جەھەتتە ياردەم قىلغان بولۇپ، مۇشۇ تۆھپىلىرى بىلەن خان ساھىب ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋە ستەيىننىڭ دوكلاتىدا ماختالغان.

## دەخلىسىزلىك ئىمتىيازى ۋە پۇقرالىق مەسىلىسى

شىنجاڭدىكى پۇقرالار بىلەن رۇسىيە كونسۇلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دەخلىسىزلىك ئىمتىيازىنى بەكمۇ مۇرەككەپلەشتۈرەتتى. رۇسىيە ۋە چىڭ پۇقرالىرى ئارىسىدىكى قانۇنى زىددىيەتلەر پەرقلىق يوللار بىلەن ھەل قىلىناتتى. گەپتە تارىم ۋادىسىدىكى مۇسۇلمان پۇقرالارنىڭ چىڭ قانۇنىغا بويسۇنۇشى كېرەك بولسىمۇ، ئەمەلدە قانۇنى جەھەتتىكى كۆپ تەرەپلىملىك ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، قازىخانىلار ھەق — تەلەپ جەھەتتىكى ئەرزلەرنى شەرىئەت بويىچە كېسىم قىلىش ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرغان ئىدى. چىڭ سۇلالىسى پۇقرالىرى بىلەن رۇسىيە پۇقرالىرى ئارىسىدا ئېغىر جىنايى مەسىلە كۆرۈلسە رۇسىيە تەرەپ بىلەن چىڭ دۆلىتى تەرەپ دېلونى كونسۇلخانا ئىچىدە بىرلىكتە بىر تەرەپ قىلاتتى، بۇ خۇددى چېگرا پورتلىرى بىرلەشمە سوتىغا ئوخشاش بىرلىكتە بىر تەرەپ قىلىناتتى. ئەگەر ئادەتتىكى مەسىلە بولسا ئاقساقاللار يەرلىك تەرجىمانلار بىلەن ھەل قىلاتتى. شىنجاڭنىڭ بەزى بازارلىرىدا رۇسىيەلىك ئاقساقاللارنى نازارەت قىلىدىغان دىپلوماتىك ئاقساقاللار بولغان بولۇپ، بۇلار 1924-يىلى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بۇيرۇق بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئىككى تەرەپ پۇقرالىرىغا ئائىت دېلولاردا ئەگەر لايىق كۆرۈلسە قازى شەرىئەت بويىچە بىر تەرەپ قىلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن رۇسىيەمۇ ئۆز پۇقرالىرى ئىچىدىن قازى قويغان. رۇسىيە پۇقرالىرىنىڭ دەخلىسىزلىك ئىمتىيازى قازاقلار ئارىسىدىمۇ بولغان. 1884-يىلىدىكى تارباغاتاي كېلىشىمى

بويىچە رۇسىيەنىڭ ۋە چىڭنىڭ قازاق پۇقرالىرى ئىچىدىكى سودىيەلەر (قازاقچە بىيلار) ئەدلىيە قالدۇرۇق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەر بىر نەچچە يىلدا بىر قېتىم تارباغاتاي ۋە غۇلجىدا قۇرۇلتاي ئاچقان. بەزى ئايلاپ سوزۇلۇپ كەتكەن دېلولارغا رۇسىيە ۋە چىڭ مەمۇرلىرى قاتناشقان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ رولى نازارەتچىلىك بولۇپ كېسىمگە ئارىلاشمىغان. بۇ خىل سىستېما مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغىنى ئۈچۈن ئەمەلدارلار بۇ ئىشنى 1904-يىلى قەشقەرگىچە كېڭەيتكەن.

قەشقەرلىك ۋە ئەنجانلىق سودىگەرلەر زىددىيەتلەرنى ئاقساقاللار ياكى قازىلار ئارقىلىق ئىسلام بويىچە ھەل قىلغاچقا چىڭ سۇلالىسى دېگىز بويى رايونلىرىدا دۇچ كەلگەن چىڭ قانۇنى بىلەن غەرب قانۇنلىرىنىڭ توقۇنۇشۇپ قېلىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقمىغان. بىراق شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مۇھىتى تۈپەيلى چەتئەل پۇقرالىرىنىڭ دەخلىسىزلىك ئىمتىيازى ئېچىتقۇلۇق قىلغان ھادىسىلەرمۇ بولۇپ تۇرغان. چىڭنىڭ دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەردە كىشىلەر دەخلىسىزلىك ئىمتىيازىغا ئېرىشىش ئۈچۈن خرىستىئان بولۇۋېلىپ ساختىلىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى چەتئەللىك دەۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قەشقەردە بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرمىگەن، ئەمما بۇ يەردە دىنى، تىلى، ئۆرپ-ئادىتى، كىيىم-كېچەك ۋە قىياپىتى ئوخشاش بولغان يەرلىك خەلق بىلەن ئەنجانلىق رۇسىيە پۇقرالىرىنى ئايرىش قىيىن ئىدى.

نەزەرىيە جەھەتتە رۇسىيە پۇقرالىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئاسان ئىدى، چۈنكى رۇسىيە شىنجاڭغا كەلگەن ئۆزبېك تەۋە ئەنجانلىقلارغا قوش تىللىق پاسپورت ۋە تاموژنا ئىسپاتى چىقىرىپ بەرگەن. شىنجاڭدىكى سودا ئېغىزلىرىدا چىڭ ھۆكۈمىتى سودا ئىدارىسى (توگشاڭجۇ) قۇرۇپ ماللارنىڭ باشقا جايلارغا توشۇلۇشى ئۈچۈن باجدىن خالىيلىق رەسمىيىتى چىقىرىپ بەرگەن. نەتىجىدە، ئۇلار خىتايچە لىجىن دەيدىغان ھاكىمىيەتكە تاپشۇرۇلىدىغان بىر ھەقتىن قۇتۇلۇپ قالغان. لىجىن 1850-يىللىرىدىكى تەيپىڭ تيەنگو ئۇرۇشى جەريانىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مالىيەسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان. 1878-يىلى زو زوڭتاڭ بۇ ئۇسۇل بىلەن شىنجاڭدىن ئۆتكەن تاۋارلاردىن لىجىن (ھەق) ئالغان، ئەمما دەسلەپتە

ئىزچىللاشمىغان. ئەسلى لىجىن ئا رايوندىن ب رايونغا يۆتكەلگەن ھەر قانداق مالدىن ئېلىنىشى كېرەك ، ئەمما لىيۇ جىنتاڭ پەقەت شەرقتىن كەلگەن ماللاردىنلا ئالغان. ئۇ گۇچۇڭ ۋە قۇمۇلدا ئاچال قۇرۇپ موڭغۇلىيە ۋە گەنسۇ كارىدورىدىن كەلگەن ماللاردىن لىجىن ئالغان.

شىنجاڭنىڭ غەربىدە سودا ئىدارىسى ۋە شەرقدە لىجىن ئورگانلىرى بولغان بىلەن بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر مۇرەككەپ بوشلۇق بار ئىدى. رۇسىيە پۇقرالىرى باجسىز ئېلىم-سېتىم قىلىپ ، بازاردىن بازارغا كېزەتتى ، چىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە رۇسىيە كونسۇلىنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا ئىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ رۇس پۇقرالىقىنى ۋە ماللارنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى پەقەت ئاقساقاللار يېزىپ بەرگەن باغاقچە بىلەنلا ئىسپات قىلاتتى. بۇ باغاقچىلار يا رۇسچە ياكى خىتايچە ئەمەس ، بەلكى پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە بولۇپ خىتاي ئەمەلدارلار ئوقۇيالمايتتى. يەرلىك تىجارەتچىلەر رۇسىيە پۇقراسى سالاھىيىتىدە ياكى باغاقچىنىڭ كاپالىتى بىلەن ماللاردىن ئېلىنىدىغان لىجىن ۋە باجدىن قۇتۇلۇپ قالاتتى. باغاقچىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەۋزەللىكى نەتىجىسىدە بىر قاراڭغۇ بازار شەكىللەنگەن. يەرلىك تىجارەتچىلەر رۇس ماللىرى ئۈچۈن تەييارلانغان ئاق باغاقچىنى سېتىۋېلىپ ئۆز ماللىرىنى رۇس مېلى قىلىپ ئۆتكۈزۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ لىجىن كىرىمى شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ كەتكەن. 1877-يىلى لىيۇ جىنتاڭ لىجىننى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا رۇخسەت سورىغان. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ پۈتۈن چىڭ ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدىكى لىجىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بىردىن بىر ئۆلكە بولۇپ قالغان.

بۇ قارار يەرلىك ئەمەلدارلارنى مەمنۇن قىلغانلىقى مۇقەررەر بولۇپ ، ئۇلار ئاقساقاللار تورىنىڭ ئالدىدا ئۆز ھوقۇقلىرىنى تۈزۈك يۈرگۈزەلمەي كېلىۋاتقانلىقىغا ئامالسىز بىر ھالەتتە بولۇپ كەلگەن ئىدى. سودىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن رۇسىيەنىڭ ئەنجانلىق ۋە تاتار پۇقرالىرى بېيىغان ۋە يەرلىك كىشلەرنى ياللاپ بازارنى تېخىمۇ كېڭەيتكەن. ئۇلار چىڭ قانۇنىنىڭ ئەمەس ، ئاقساقاللارنىڭ قوغدىشىغا بەكرەك تايانغان. 1898-يىلى قەشقەردە تۇرۇشلۇق رۇس كونسۇلى ئاقساقاللارغا تەۋەلىك بويىچە ھەق ئېلىشنى بۇيرۇغان ، بۇنىڭغا ئەنجانلىقلاردىن

باشقا يەنە نۇرغۇن قەشقەرلىكلەرمۇ ئاۋاز قوشقان. نەتىجىدە بۇ كىشىلەر ئاقساقال سايلىمىغا قاتناشقان ، ئەلۋەتتە بۇ رۇس پۇقراسى بولۇشنىڭ قەدەملىرىدىن بىرى ئىدى.

چىڭ ھاكىمىيىتى ئۆز ئېلىدە ياشاۋاتقان نوپۇسىنىڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدە بولۇپمۇ ، چەتئەللىكلەرنىڭ سالاھىيىتى ۋە سانى ھەققىدە روشەن بىر مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدى ، بۇ پۇقرالىق مەسىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. بۇ مەسىلە چىڭنىڭ ئاخىرقى ئون يىلىدا ، يەنى ئاساسى قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمىگە ئۆتكەندە بىر تەرەپ قىلىشقا تۇتۇش قىلغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ ئوردىسى پۈتۈن چىڭ تەۋەلىكىدىكى ھەر قايسى ئەمەلدارلارغا ئۆز تەۋەلىكىدە تەزكىرە تۈزۈپ چىقىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن بولۇپ ، شىنجاڭدا بۇ تەزكىرىلەر ھەر بىر ناھىيەدە تۇرۇۋاتقان چەتئەللىكلەرنىڭ تەخمىنى سانى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. 1908-يىلى چىڭ ، ئىمپېرىيە بويىچە نوپۇس تەكشۈرمەكچى بولغان ۋە شىنجاڭدا نوپۇس ئېنىقلاش ئىدارىسى قۇرۇلغان.

نوپۇس تەكشۈرۈش پەرمانى شىنجاڭدىكى يەرلىك ئەمەلدارلار ئارىسىدا قاتتىق ئىنكاس قوزغىغان ، ئۇلار نوپۇس تەكشۈرۈش شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ئەھۋالىغا ماس بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان. 1909-يىلى ئاقسۇغا قويۇلغان دوتەي ئەمەلدار پەنجېن (1851-1926) ئوردىغا مەكتۇپ يوللاپ پۇقرالىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان. ئۇ تەكلىپ بېرىپ رۇسىيە ۋە برىتانىيە پۇقرالىرىنى تىزىمغا ئالغاندا ئەستايىدىل بولۇش ، ئۆزىنى چەتئەل پۇقراسى دېگەنلەرنىڭ چىڭ پۇقرالىق سالاھىيىتىنى ئەتكەس قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن. مۇشۇ سىياسەت بويىچە چەتئەل پۇقرالىرىنىڭ قانۇنسىز مۈلكى مۇسادىرە قىلىناتتى ۋە شۇ ئارقىلىق ئىقتىساد تولىناتتى. ئەمما ئوردىنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بۇ تەكلىپ شىنجاڭدا يېڭىدىن قۇرۇلغان كېڭەش ئىدارىسىدىكى ئۆلكە ئەمەلدارلىرىنىڭ ماقۇللۇقىغا قويۇلدى. نەتىجىدە ئۇلار پەنجېننىڭ تەكلىپىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. گەرچە ھەممەيلەن چەتئەللىكلەرنىڭ نوپۇسى توغرىسىدا ئوبدانراق مەلۇماتقا ئىگە بولۇشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ بۇنداق بىر نوپۇس ئېنىقلاش پىلانى رۇسىيە ۋە برىتانىيەنىڭ ماسلىشىشى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشاتتى ، ئەمما ئۇلارنىڭ

ماسلىشىپ بېرىشى ناتايىن ئىدى. پۇقرالارنىڭ كىملىكىنى بېكىتىش يەنە ئاقساقاللارسىزمۇ ئەمەلگە ئاشمايتتى.

بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا ئەڭ ئالدىدا ماڭغىنى غۇلجا بولۇپ ، يەتتە سۇدىن قايتىپ كەلگەن تارانچىلار ئىچىدە ئۇنىۇملۇك بولغان. ئۇلار يېرىدىن ئايرىلغان باشقىلارغا ئىشلەيدىغان ئوتاقچىلار ۋە يېرىنى قايتۇرۇپ ئالغانلار دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. رۇسىيە دەسلەپتە ئۆزىدىن قېچىپ  كەلگەن تارانچىلارنى قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولغان ؛ ئەمما ، تارانچىلار غۇلجىدىكى رۇسىيە كونسۇلخانىسى ئارقىلىق باج تاپشۇرۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن بەزىلەر كۆچۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ، دەپ قارىغان. بۇلار قوش باج تۆلەپ تۇرۇۋاتقان بولۇپ ھەم چىڭغا ھەمدە رۇس كونسۇلىغا باج تۆلەشكە مەجبۇر ئىدى. ئەگەر ئۇلارغا پۇرسەت بېرىلسە چىڭلىقنىڭ كۆپىنچىسى رۇس پۇقرالىقىدىن ۋاز كەچكەن بولاتتى. چۈنكى شۇ چاغلاردا 1906-يىلى ئىلى ۋادىسىنى زىيارەت قىلىپ ئۇيغۇرلارنى تەكشۈرگەن چاررۇسىيە قارمىقىدىكى فىنلاندىيەلىك ئوفتسېر كارل ماننېرھېيىم «رۇسىيە پۇقرالىقى كىشلەرنى قىزغاندۇرىدىغان ئەمەس ، قىنايدىغان ئىش» دەپ يازغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئىككى تەرەپ كېلىشىپ چىڭ پۇقرالىقىغا ئۆتمەكچى بولغانلارغا ئىجازەت بەرگەن. 1908-يىلى يەرلىك جۇغراپىيە رىسالىسىدە (تەزكىرىسىدە) ئۈچتىن ئىككى قىسىم رۇسىيە پۇقراسىنىڭ چىڭ پۇقرالىقىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى يازغان. كېيىنچە بۇ پىلان تېخىمۇ كۆپ قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. قازاقلارنى تىزىملىغانلار ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىنى خەتلىگەن ، تارانچىلارنى بولسا پەقەت ئائىلە باشلىقىنىڭ ئىسمى بىلەنلا خەتلىگەن. بۇ يوچۇق سەۋەبلىك رۇس دائىرىلىرى پەقەت ئائىلە باشلىقىنىڭ چىڭ پۇقرالىقىنى ئېتىراپ قىلىپ قالغان كىشلەرنى ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ، باللىرى ۋە نەۋرىلىرىنىمۇ رۇس پۇقراسى دەپ تۇرۇۋالغان.

## قەشقەرلىك ئىشلەمچىلەرنىڭ كۆچۈشى

رۇسىيە بىلەن تارىم ۋادىسى ئارىسىدىكى يېڭى كارۋانلار تورى قەشقەرلىك بايلارنى رۇسىيەدە پۇت دەسسەپ تۇرغىدەك شارائىتقا ئىگە قىلغاندىن باشقا، يەرسىز، نامرات دېھقانلارنىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە ئىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىگەن. رۇسىيەگە تەۋە تۈركىستاندا قەشقەرلىكلەر دەسلەپ ئانچە كۆپ بولمىغان، بولۇپمۇ ۋېرنىيدە (ھازىرقى ئالمۇتا) 1869-يىلى قەشقەرلىك 69 كىشى بولغان. 1870-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەرلىك مەتبۇئاتلار قەشقەردىن كەلگەن كارۋانلارغا ئەگەشكەن نۇرغۇن ياش يىگىتلەرنىڭ ۋېرنىي، قاراقول، توقماق قاتارلىق يەرلەرگە كەلگەنلىكىنى، بۇ يەردىكى ئىش ھەققىنىڭ قەشقەردىكىدىن ئون




19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئەنجان بازىرى.

ھەسسە يۇقۇرى ئىكەنلىكنى يازغان. نوپۇسنىڭ بۇنداق ئېقىشىنى توسۇش ئۈچۈن ياقۇپ بەگ چىقىۋاتقان كارۋانلار ۋە ئىشلەمچىلەرگە چەك قويغان ، ئەمما ئۈنۈمى بولمىغان.

رۇسىيە شىنجاڭدا كونسۇلخانا قۇرغاندىن كېيىن يەتتە سۇ ۋە پەرغانە ۋادىسىغا چىقىدىغان ئىشلەمچى مەسىلىسى قېلىپلاشقان. ئىشلەمچىلەردىن ئاۋۋال ئۆزى تەۋە يۇرتتىن ئىجازەت ئېلىشى تەلەپ قىلىنغان. ئىشلەمچىلەر ئاندىن قەشقەرگە بېرىپ چىڭ ئەمەلدارلىرىدىن پاسپورت (يولخەت) ئالاتتى. يولخەت خىتاي ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا يېزىلاتتى. يولخەتكە ۋىزا بېرىلىپ ، رۇس كونسۇلى ئىمزا قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئىشلەمچى ھەققىدىكى مەلۇمات رۇسچىغا تەرجىمە قىلىناتتى. ئىشلەمچى رۇسىيەگە بارغاندىن كېيىن ماتېرىياللىرىنى تاپشۇرۇپ ئالتە ئايلىق ۋاقىتلىق ئىجازەتكە ئېرىشەتتى.

بۇنىڭغا كېرەكلىك چىقىملار قەشقەردىكى نامرات بىر دېھقان چىقىرالىغۇدەك دەرىجىدىن كۆپ يۇقىرى بولۇپ ، ھەر يىلى كىرىپ چىقىش ئۈچۈن قەرز ئالىدىغانلارمۇ بولاتتى. 1904-يىلى چىڭ پاسپورتىغا 0.4 تىللا كەتكەن. رۇسىيە ۋىزىسى دەسلەپتە بىكارلىق بولۇپ ، 1894-يىلدىن كېيىن بىر يېرىم رۇبلى يەنى تەقرىبەن 15 تىللا ھەق ئېلىنغان ۋە بۇ ھەق تەدرىجىي كۆپەيگەن. بۇنىڭ ئەكسىچە چىڭ ئەمەلدارلىرى رۇسىيە پۇقرالىرىدىن ھەق ئالالمىغاچقا ئىچىدە غۇم ساقلاپ كىشىلەرگە پاسپورت بېرىشنى رەت قىلاتتى. چىڭ يامۇلى ياكى رۇسىيە كونسۇلى ئالىدىغان باشقا غەيرىي رەسمىي ھەقلەرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا پاسپورت ۋە ۋىزىنىڭ جەمئىي چىقىمى بەش رۇبلى (50 تىللا) بولغان. بۇ ئىشتا رۇسىيەدىمۇ مۇنازىرە بولغان ، 1906-يىلى ھۆرىيەتچى پىكىردىكى «رۇسىيە تۈركىستانى» دېگەن گېزىتتە يۇقىرىقى چىقىملار تەنقىد قىلىنىپ ، بۇ سەۋەبلىك ئىشلەمچىلەرنىڭ ئازلىغانلىقى يېزىلغان. نىكولاي پېتروۋسكى قەشقەرلىكلەرنىڭ بىر پەسلدە 50-60 رۇبلى پۇل تاپىدىغانلىقىنى دېيىش ئارقىلىق سىياسىتىنى ئاقلىغان. چېگرادىن چىقىدىغان ھەقلەر ئېشىپ كەتكەن بولغاچقا كىشىلەر باشقا ئامالّلارنى تېپىشقان ۋە قانۇنسىز يوللار بىلەن چېگرادىن چىقىشقا مەجبۇر بولغان. بەزى يولخەتسىز ئۆتكەن قەشقەرلىكلەر تەكشۈرۈشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تاغلارنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلارغا

ياللىنىپ يەر تېرىغان. بەزىلىرى تەۋەككۇل قىلىپ باشقىلارنىڭ پاسپورتى بىلەن تۇرۇش رۇخستى (ئىقامەت) ئېلىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسەتلەر ئانچە قاتتىق ئىجرا قىلىنماي رەسمىيەتسىز تۇتۇلۇپ قالغان كىشىلەر شىنجاڭغا قوغلانمىغان. 1908-1909-يىللاردا تۈركىستاننى تەكشۈرۈشكە كەلگەن ئالاھىدە كونسۇل كائۇنت پاھلىن يەتتەسۇ ۋالىسىنىڭ قانۇنسىز تۇرۇۋاتقان قەشقەرلىكلەرگە يۇقىرىلىق بېرىۋاتقان ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان.

يېڭى ئەسىر باشلىنىشى بىلەن قەشقەرلىك كۆچمەنلەرنىڭ سانى كۆپىيىپ مەلۇم كۆلەمنى ھاسىل قىلغان ۋە قەشقەرلىك ئەمگەك كۈچلىرى رۇسىيەگە تەۋە تۈركىستاننىڭ تەرەققىياتىدا سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر ئامىل بولۇپ قالغان. 1894-يىلى چىڭ دىپلوماتى شۇ جىڭچېڭ ھەر يىلى قەشقەردىن رۇسىيەگە چىقىدىغان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئالتە، يەتتە مىڭدىن ئاشىدىغانلىقىنى يازغان. بۇ بايانلار 1903-يىلى ئاۋغۇستقىچە پېترووۋسكىنىڭ ئالتە ئاي ئىچىدە ئالتە مىڭ ۋىزا تارقاتقانلىقى بىلەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ ئىشلەمچىلەرنى جەلپ قىلغىنى رۇسىيەدىكى يۇقىرى ئىش ھەققىلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭدىكى ئىقتىسادى ئىمكانلارنىڭ تارىيىپ كېتىشىدۇر. مەسىلەن، يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ بىرىنچى يىللىرى يەر ئىجارىسى ئىككى ھەسسە ئۆرلەپ كەتكەن. شۇڭا كۆچمەنلەرنىڭ سانى تەدرىجىي ئېشىپ بارغان: 1905-يىلى 13مىڭ، 1906-يىلى 16 مىڭ، 1908-يىلى 28 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. بىر تەتقىقاتچىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشىچە، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغۇچە بولغان ئارىلىقتا يىلىغا ئەللىك مىڭدىن ئارتۇق ئادەم سەپەر قىلغان. بۇنداق سەپەر دولقۇنىنىڭ تەسىرى قەشقەردە ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. تاتار زىيالىيلىرى چىقارغان «ۋاقىت» گېزىتىدە يېزىلىشىچە قەشقەر يازدا تاشلاندۇق شەھەرگە ئايلىنىپ قالىدىغان بولۇپ، بايلار شەھەر سىرتىغا، كەمبەغەللەر ئەنجانغا كېتىپ پەقەت ياشانغانلار ۋە قىز-ئاياللارلا قالىدىكەن.

گەرچە شىنجاڭ (يېڭى چېگرا) دېگەن بىر ئۆلكە تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ لېكىن ختاي بىلەن باغلىنىش ئەمەلگە ئاشماي، رۇسىيە بىلەن ئالاقە راۋاج تاپقان. 1888-يىلى كاسپى دېڭىزىدىن ئۆتىدىغان تۆمۈر يول ئاۋۋال بۇخارا ۋە سەمەرقەنتكە، 1899-يىلى ئەنجان ۋە تاشكەنتكە تۇتاشتۇرۇلغان. 1906-يىلى ئېچىلغان ئورېنبۇرگ-تاشكەنت تۆمۈر يولى تۈركىستان بىلەن رۇسىيەنى تېخىمۇ بىۋاستە باغلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سىبىرىيەدىن ئۆتىدىغان تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى باشلانغان بولۇپ، بۇ يول مانجۇرىيە ئارقىلىق بېيجىڭغا تۇتىشاتتى. نەتىجىدە، قەشقەردىن بېيجىڭغا ئەڭ تېز بارىدىغان يول مۇشۇ رۇسىيە تۆمۈر يول لىنىيەسى بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ يوللار سودىگەرلەرنى مەنپەئەتدار قىلىپلا قالماي، رۇسىيەنىڭ شىنجاڭ ئېكسپورت سودىسىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملىگەن. ھەتتا ختاي ماللىرىمۇ بۇ يوللار بىلەن شىنجاڭغا توشۇلغان. قەشقەرلىك سودىگەرلەر شاڭخەيدىن يۆتكەيدىغان مالنى ئاۋۋال قارا دېڭىزدىكى باتۇمغا توشۇپ، ئۇ يەردىن تۆمۈر يول بىلەن ئەنجانغا، ئاندىن كارۋان ئارقىلىق قەشقەرگە توشۇپ كېلەتتى. بۇنداق مال يۆتكەشنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن رۇسىيە مالىيە مىنىستىرلىقى 1904-يىلى پەرمان چىقىرىپ ختايدىن رۇسىيە ئارقىلىق شەرقى تۈركىستانغا توشۇلىدىغان قىممەت تاۋارلاردىن باج ئالماسلىقنى بەلگىلىگەن. شەرقى تۈركىستانغا قايتا بېسىپ كىرگەن چىڭ ئىمپېرىيەسى سىياسىي بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرغان، ئەمما ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇيغۇرلار يەنىلا غەربكە تەلپۈنەتتى.

رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى مۇسۇلمان مىللەتلىرىنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇراتتى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى تارانچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاللىقاچان يەتتە سۇ تەۋەسىدىكى رۇسىيە پۇقرالىرىغا ئايلىنىپ كۆچمەن قازاق دالاسىدا تېرىمچىلىق ھاياتىنى داۋام ئەتمەكتە ئىدى. رۇسىيەنىڭ سودا مۇستەملىكىسى بولغان غۇلجا ۋە تارباغاتايدا خېلى كۆپ تاتار مۇھاجىرلىرى بولۇپ ئۇلار سودا يولى بىلەن قازان ۋە ئوفادىكى مۇسۇلمان زىيالىرى ۋە ئۇ يەردىكى ئىجتىمائىي ھايات بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى. جەنۇبتا رۇسىيە قوقەن خانلىقنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۇ يەردىكى قەشقەر مۇساپىرلىرى رۇسىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پۇقرالىرىغا ئايلانغان، قەشقەردە ياشاۋاتقان ئەنجانلىق كىشىلەرمۇ رۇسىيەگە تەۋە بولغان. بۇنداق شىمال-جەنۇب پەرقى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى يېڭى مەدەنىيەت يۈزلىنىشى جەھەتتە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتمەي قالمىغان. شىنجاڭ شۇندىن باشلاپ تارىختىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن پەرقلىق ھالدا رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەدەنىي دۇنياسى بىلەن باغلانغان، بولۇپمۇ تاتار مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۈركىستانغا ئېلىپ كەلگەن تەسىرىدىن ئۆز ئۈلۈشىنى ئېلىشقا باشلىغان. رۇسىيەنىڭ تۆمۈر يوللىرى ۋە پاراخوتلىرى تارىم ۋادىسىنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيەسى بىلەن باغلىنىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. رۇسىيە بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىدىن ئەڭ كۆپ پايدا ئالغىنى رۇسچە فامىلە قوللانغان شىنجاڭلىق سودىگەرلەر بولۇپ، ئۇلار شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ چار پادىشاھنىڭ ئىستانبۇلدىكى دۈشمىنى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچلەندۈرۈپ تۇراتتى.

## ئۈچىنچى باب.

## تۈركىستان ۋە تۈركىيە ئارىسىدا ئىمپېرىيەۋى ۋە ئىسلامى ئىسلاھات

ئەسىر ھالقىيدىغان پەيتلەردە ، ئۈچ ئەسىر ياشىغان بىيجىڭ ، پېتىربۇرگ ۋە ئىستانبۇلدىكى خانىدانلىقلار زامانىۋىلاشتۇرۇش خىرىسىغا دۇچ كەلگەن. ئۈچ ئىمپېرىيەنىڭ كېيىنكىسى ئۇقتىسىغا جايلاشقان شىنجاڭ ياۋروپا - ئاسىيا ئىسلاھات سىياسەتلىرىنىڭ ئۆز — ئارا قانداق بىرلەشكەنلىكىنى ۋە يەرلىك مەنپەئەتلەرنى قانداق ماسلاشتۇرغانلىقىنى بايقاشقا پۇرسەت ياراتقان ئىدى. رۇسىيەگە تەۋە تۈركىستان بىلەن خىتايغا تەۋە تۈركىستاننى باغلاپ تۇرغان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت سەۋەبلىك رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا يۈز بېرىۋاتقان يېڭى مەدەنىيەت يۈزلىنىشى ، مەسىلەن ، 1905-يىلدىكى رۇسىيە ئىنقىلابىغا ئوخشاش زور ۋەقەلەرنىڭ تەسىرى ئۆز نۆۋىتىدە شىنجاڭغىمۇ يېتىپ بارغان ئىدى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى خىتاي چېگراسىدا بولسىمۇ ئۆزىنى ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە باغلىنىشلىق ھېس قىلاتتى. بۇ باغلىنىش نە تۆمۈر يول ، نە تېلېفون سىمى بىلەن ئەمەس ، بەلكى دىن بىلەن قۇرۇلغان ئىدى. ئوسمانلىلار بۇ دىنى باغلىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرى ئانچە ياخشى قوغدىيالمايۋاتقان زېمىنلىرىنى ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى پايدىلىنىشتا بەكمۇ ماھىر ئىدى. سۇلتان ئابدۇلئەزىزنىڭ ۋارىسى سۇلتان ئابدۇلھەمىدخانII (1876-1909) بۇ ماھارەتنى ۋايىغا يەتكۈزگەن ۋە خەلىپە ئۇقۇمىنى ياشارتىپ ئۆزىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا بولغان رەھبەرلىك ئورنىنى كۈچەيتكەن.

بۇ ئىسلاھاتنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى باشلانغۇچ مائارىپ ئىسلاھاتى ئىدى. مەكتەپلەردە ئادەتتە قۇرئان يادلاش ، ئەقىدىدىن سوئال-جاۋاب ۋە سوپىزم شېئىرىيىتى دەرسلىك قىلىنىدىغان بولۇپ ، بۇ خىل ئەھۋال ئىككىلا تۈركىستانغا ئورتاق ئىدى. ئەينى چاغدا يەنە ھۆكۈمران مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرىدىغان بىر قىسىم مەكتەپلەر ئېچىلغان. مەسىلەن ،

www.uyghurkitap.com

رۇسىيەگە تەۋە تۈركىستاندا رۇس مەدەنىيىتى ۋە تىلىنى ئۆگىتىدىغان مەكتەپلەر، شىنجاڭدا 1880-يىللىرى قايتا بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن قۇرۇلغان خىتاي تىلى ۋە يوسۇنلىرىغا سادادقەتمەنلەرنى تەربىيەلەيدىغان مەكتەپلەر (يەنى شۆتاڭ) بار ئىدى. يا كونا مەكتەپلەردىن يا رۇسچە مەكتەپلەردىن رازى بولمىغان رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئوسمان ئىمپېرىيەسىدىكى ئىسلاھاتتىن ئىلھام ئېلىپ يېڭىچە مائارىپ (ئۇسۇلى جەدىت) قا قەدەم قويغان ۋە ئۇلار ئەرەبچە تېكىستلەرنى يېڭىچە ئۇسۇلدا ئوقۇتۇشنى باشلىغان. جەدىتچىلىك دېيىلگەن بۇ ھەرىكەتتە مەكتەپلەردە دىنى ئىلىملەر يېڭىچە ئۇسۇلدا ئۆتۈلگەندىن باشقا جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، تارىخ، ئانا تىل قاتارلىق دەرسلىكلەرمۇ ئوقۇتۇلغان. بۇ يېڭىچە مەكتەپلەر يەنە بايلارنىڭ بەتخەجلىكى، سوپى — ئىشانلارغا چوقۇنۇش قاتارلىق جەمئىيەتتىكى قالاق ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىدىغان كەڭ مەنىدىكى جەدىتچىلىك ھەرىكىتى بىلەنمۇ باغلىنىشلىق بولغان. تەتقىقاتچىلار رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ۋە ئوسمانىيە مائارىپ ئىسلاھاتى ھەققىدە كۆپ تەتقىقاتلار ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما چىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتى ئاستىدىكى جەدىدىزىم تارىخى ھازىرغىچە ئانچە ئېنىق ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلاھات پىلانى چىڭ ئىمپېرىيەسىدە كۆتۈرۈلگەن غەربچە مائارىپقا كۆچۈش ئېقىمىغا دۇچ كېلىشكە باشلىغان ئىدى.

## ئوسمانىيە ۋە خىتايدىكى مۇسۇلمانلار

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن مۇساپىرلار ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار بىلەن ئىمپېرىيەنىڭ ئالاقە ئاساسى قوزغىلاڭ مەزگىلىدە تۇرغۇزۇلغان ئىدى. چىڭ دائىرىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە ئوسمان ئىمپېرىيەسى ئىككى ھەرەمنىڭ پاسبانى بولغانلىقى بىلەن ئىمتىيازلىق ئىدى. ھەر يىلى يۈزلىگەن مۇسۇلمانلار چىڭ تېررىتورىيەسىدىن ھەج ئۈچۈن مەككىگە قاراپ يولغا چىقاتتى ۋە يولدا ئىستانبۇلدا توختاپ ئۆتەتتى. ئۇ يەردە سوپىلار ھامىيلىقىدىكى تەككە-دەرگاھلاردا تۇراتتى ۋە

ھەج مەزگىلىدە سۇلتان ئۆيۈشتۇرغان مەجلىسلەرگە داخىل بولۇشاتتى. 1906-يىلى يېزىلغان بىر پارچە خەتتە تۇرپان ۋە قۇمۇلدىن كەلگەن ئۆلىمالار «شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ھەجدىن بۇرۇن ھۈزۈرىڭىزدا بولۇشنى خۇددى ھىجازغا سەپەر قىلغاندەك مۇھىم دىنى ۋەزىپە دەپ بىلىدۇ، خەلىپىمىزنىڭ پايتەختىنى زىيارەت قىلىش ھەجنىڭ مۇكەممەل بولۇشىدا زۆرۈردۇر»، دېيىلگەن. سۇلتاننىڭ ئورنى ئىسلامنىڭ مۇقەددەس مىراسلىرىنى قوغداش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يادنامىسىنى (مەسىلەن، ئۇنىڭ ساقىلىنى) مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن كۈچىيىپ باراتتى. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تال ساقىلى ياركەنتتىكى ۋەلىباينىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكەن بولۇپ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە ئۆزلىرىگىمۇ مۇشۇنداق ھەدىيە بېرىلىشى ھەققىدە ئەرز سۇنغان. 1906-يىلى ئۇيغۇر تارىخىنى يېزىپ چىققان موللا مۇسا سايرامى ئەسىرىگە «تارىخى ھەمىدى» دەپ ئات قويۇشتا ئابدۇلھەمىدخاننىڭ ئىسمىنى كۆزدە تۇتقان ۋە ئۇنى موغۇلىستان (شەرقى تۈركىستان) زېمىنى ۋە خەلقىنىڭ سۇلتانى دەپ تەرىپلىگەن.

خىتايدىن ئەرەبىستانغا بېرىش مۇشەققەتلىك بىر سەپەر ئىدى. خىتاي مۇسۇلمانلىرى يولدا رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىغا ئوخشاش مۇلازىمەتكە ئېرىشەلمەيتتى. قەشقەرلىك «ھاجى باشى» لىرىنىڭ رۇسىيە چېگراسىدىن ئايلىنىپ ئۆتكەنلىكىگە دائىر دەلىللەر بار. ياقۇپبەگ دەۋرىدە قەشقەر بىلەن مۇناسىۋەتى بار بىر نەقشبەندى ئۇستاز ئىستانبۇلدا ئىشىك باقار ۋەزىپىسىدە بولغان بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئۇستىگە ئېلىپ دىپلوماتلىق رولىنى ئوينىغان ۋە ئىستانبۇلدا قەشقەرىيەلىك ھاجىلارنىڭ ئېھتىياجلىرىغا ياردەمدە بولغان. ناگاناۋا نورىھىرونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەنبەلىك ھەج ھەققىدىكى تەتقىقاتىچە، ھاجى باشى دېگەن ئەمەل تىرىلدۈرۈلۈپ تۇرۇلغان. 1893-يىلى بۇ ئىش ئۈچۈن ئىلتىماس سۇنۇلغان. 1906-يىلى مۇسا جالالدىن ئىسىملىك بىر كىشى ئۆزىنى شەيخۇل ھۇججاج (ھاجىباشى) دەپ جاكارلاپ چىڭ ئوردىسى تەستىقلىغان دەۋالغان. چىڭ كونسۇللىرىنىڭ دىپلوماتىك ياردىمى بولمىغىنى ئۈچۈن شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى رۇسىيە ۋە ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىشقا مەجبۇر

بولغان. رۇسىيە ئارقىلىق ئىستانبۇلغا يېتىپ بارغانلار ئۇ يەردىكى رۇسىيە دىپلوماتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىجازەت ئېلىپ ھىجازغا يېتىپ بارغان. ئوسمان ئىمپېرىيەسىمۇ رۇسىيەنىڭ شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى قوغداش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان. جىددە شەھرىدىكى رۇسىيە كونسۇلى ئۇيغۇر ھاجىلاردىن ئاغرىنىپ ، ئۇلار كىرىزىس چىققان مەزگىلدە ، مەسىلەن ، بىرەر ھاجى ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇنىڭ ياردىمىنى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىنى ، ئەمما ئۇلار كونسۇلنىڭ نازارىتىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچماقچى بولغاندا توساتتىنلا ئۆزلىرىنىڭ چىن پۇقراسى ئىكەنلىكىنى يادىغا ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقان. لالە جاننىڭ بايان قىلىشىچە ، تاۋاپ جەريانىدا ھاجىلار مەمۇرى ۋە ئىقتىسادى قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ئۆزىنى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ مەنىۋى پۇقرالىرى دېيىشىپ ياردەمگە ئىلتىماس قىلىشاتتى.

گەرچە ئوسمان ئىمپېرىيەسى ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنى قوللىغان بولسىمۇ چىڭ دۆلىتى ئۇنى شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەتكە تەھدىت ھېسابلىمايتتى. چىڭ مۇسۇلمانلىرى ئەگەر ھاكىمىيەتكە قارشى چىقمىسىلا ئۆزىنى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ مەنىۋى پۇقرالىرى دېسە بولاتتى. 1893-يىلى بىر تۈرك ساياھەتچى تيەنجىندە تۇڭگانلارنىڭ خۇتبىسىدە سۇلتان ئابدۇلھەمدخاننىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ ، خۇتبىنىڭ ئۇنىڭغا بېغىشلانغانلىقىنى ئاڭلىغان. 1906-يىلى ھىندىستاندا 16 يىل ئوقۇغان مۇھەممەد ئابدۇراخمان ئەپەندى ئىسىملىك بۇخارالىق كىشى چىڭ پايتەختىدە مۇسۇلمانلارغا تەبلىغ قىلىپ ئۇلارنى گۇرۇھۋازلىق قىلماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان ۋە سۈننەتكە خىلاپ ئۆرپ – ئادەتلەردىن توسقان. ئۇ قايتىشتىن ئاۋۋال سوغا سۈپىتىدە شۇ ۋاقىتتا مەككە ، مەدىنىدە ئوقۇلۇۋاتقان خۇتبىنى ئۇلارغا ئۆگەتكەن بولۇپ ، بۇ خۇتبىدە سۇلتان ئابدۇلھەمد ئۈچۈن پاتىھە ئوقۇلغان. بۇنى رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. چۈنكى رۇسىيە دائىرىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇنداق قوش ساداقەتتە بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. مەسچىتلەردىكى خۇتبىلەرنى نازارەت قىلاتتى. ھەتتا ئۇلار شىنجاڭدىمۇ رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى كۆپرەك بارىدىغان مەسچىتلەرگە قۇلاق ئەۋەتىپ تىڭ تىڭلايتتى.

ئوسمان ئىمپېرىيەسى خىتايدىكى مۇسۇلمانلارنى چىك سۇلالىسىگە قارشى قوزغىتىپ ھېچ نېمىگە ئېرىشەلمەيتتى. سۇلتان ئابدۇلھەمىد دەۋرىدىكى تەرەققىيپەرۋەر، پانئىسلامچى زىيالىيلار خىتايدىكى كاپىرلارنىڭ قولىدا ئېزىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىغا ھېسداشلىق قىلىش ئورنىغا چىڭ ئىمپېرىيەسى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۆزى دۇچ كەلگەن تەڭسىز شەرتنامە ۋە تەسلىمچىلىك ئىچىدىن قۇتۇلۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئوسمان ئىمپېرىيەسى ۋە رۇسىيەدىكى مۇسۇلمانلار خىتايدىكى ئىسلامنى شەرقشۇناسلار ۋە خىرىستىئان دەۋەتچىلىرى نىڭ بايان قىلغىنى بويىچە چۈشىنەتتى ۋە ئىسلامنى خىتايدا يوكسىلىۋاتقان كۈچ دەپ قارايتتى. بۇ قاراشلارغا ئاساسەن، خىتايدىكى مۇسۇلمانلار ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ يېتەكلىشىگە ئېھتىياجلىق بولمايلا قالماي، بەلكى ئۇلارغا بۇ مۇسۇلمانلار خىتايدىكى ئىنقىلابتا مۇھىم رول ئوينايدىغاندەك بىلىنگەن ئىدى. بۇنداق قاراشلارغا ئاساس بولغىنى 1860-يىلى ۋاسىلى ۋاسىلىيېۋنىڭ ئىسلام خىتاينىڭ دۆلەت دىنى بولىدۇ، دېگەن پەرىزىدۇر. ۋاسىلىيېۋنىڭ ئەسەرلىرى 1890-يىللاردا ئاۋۋال ئىستانبۇلدا پانئىسلامىزمچىلار ئارىسىدا مۇزاكىرە قىلىنغان ۋە كەڭ تارقالغان. 1913-يىلى ئۇنىڭ خىتايدىكى ئىسلام ھەققىدىكى تەسىرچان يورۇشلۇك لېكسىيەلىرى ئىسلامچىلار چىقىرىدىغان «توغرا يول (سەبىلۇررەشاد)» دېگەن ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان.

ۋاسىلىيېۋنىڭ پەرىزىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقان كىشىلەر ئىچىدە خىتايدىن كەلگەنلەر ئىنتايىن ئاز بولۇپ ئابدۇلئەزىز غۇلجالى (يەنى، غۇلجىلىق ئابدۇلئەزىز) شۇنداقلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ كىشى نەقشبەندى سوپىلىرىدىن بولۇپ ئوسمان ئىمپېرىيەسى سارايلىرىدا ئەرەبچە دەرس بېرەتتى. ئۇ 1899-يىلى خىتايدىكى مۇسۇلمانلار ھەققىدە ئوسمانىيە مەتبۇئاتلىرىدا يورۇشلۇك ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشقا باشلىغان بولۇپ كىتابخانلارغا خىتايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ خىللىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ سالارلار، تۇڭگانلار ۋە شەرقى تۈركىستاندىكى تۈركلەر ھەققىدە توختالغان. غۇلجالىنىڭ نەزىرىدە ئوسمانلى ئۇسلۇبىدىكى زامانىۋىلىقنى ئەڭ قوللايدىغان كىشىلەر سالارلار بولغان. 1891-يىلى بىر سالار كىشى قاھىرە ۋە ئىستانبۇلدا ئوقۇپ خىتايغا قايتىش يولىدا غۇلجىغا چۈشۈپ ئۆتكەندە مەكتەپلەرنى ئىسلاھ قىلىش، ھىندىستان ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىستانبۇلدىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش، كىتاب ۋە ژۇرنال نەشر قىلىش ئۈچۈن باسما ماشىنىسى ئىمپورت قىلىش قاتارلىق چاقىرىقلارنى قىلغان. غۇلجالى ياۋروپا مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى بىر قىسىم خاتالىقلارنى تۈزىتىشتە ئۇلارنىڭ چىڭ ئوردىسى ئىسلام دىنىغا ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ، دېگەن پىكىرنى ياقىلىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، بېيجىڭدىكى خان سارىيى جايلاشقان قەلئەنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان شىنجاڭدىن كەلگەن بىر قىسىم مۇسۇلمانلار بۇ جەھەتتە تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ كۆزىدە بۇنىڭ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر پاكىتلىقىنى، بۇ تۈرك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ خان سارىيىدا ئۆز نامى (يەنى ئۇنىڭ قارىشىچە ختايچە تۈرك مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان چەنتۇ نامى) بىلەن مەۋجۇتلۇقىنىڭ مۇھىملىقىنى تەشەببۇس قىلغان.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ۋەقەلەر چىڭ سۇلالىسى ئىسلامغا يېقىن دەيدىغان كۆز قاراشنى ئىسپاتلىغاندەك كۆرۈنەتتى. 1898-يىلى ھىندىستان ۋە تۈرك گېزىتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ختايدا مۇھىم دەپ ئېتىراپ قىلىنغانلىقى، چىڭ ئوردىسىنىڭ ئۇلارغا تايىنىپ ياۋروپاغا تاقابىل تۇرۇشنى قارار قىلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تارقاتقان. بۇ ئەملى ئەھۋال بۇرمىلانغان بىر خەۋەر ئىدى: ئەسلى چىڭ ھۆكۈمىتى گەنسۇ مۇسۇلمانلىرىدىن 1895-يىلدىكى ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن «گەنسۇ باتۇرلىرى» (گەنجۇن) دەپ بىر قوشۇن تەشكىللىگەن بولۇپ، ئۇلار 1898-يىلى بېيجىڭ قىسىملىرىغا قوشۇۋېتىلگەن. ئىستانبۇلدا چىقىدىغان «ئىقدام» (جاسارەت) گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى نەجىپ ئاسىم ماقالە ئېلان قىلىپ، بۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ختايدىكى ئۇتۇقلىرىدىن پەخىرلەنگەن ۋە «بىزنىڭ يىراقتىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۇ يەردە ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئىجتىھاتچان ۋە باتۇر بىر تەبىقىنى تەشكىل قىلغانلىقى تەبئىيكى بىزنى خۇرسەن قىلىدۇ» دەپ يازغان. 1900-يىلدىكى يىخېتۇەن ھەرىكىتى جەريانىدا گەنسۇ باتۇرلىرى چەتئەل ۋاكالەتخانىلىرىغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن بۇنداق خەۋەرلەر پەس كويغا چۈشكەن. گېرمانىيەلىك كايسەر ۋېلخېلىم تۈرك ئەمەلدارلار ۋە ئۆلىمالاردىن بىر ئۆمەك تەشكىل قىلغان بولۇپ ختايدىكى مۇسۇلمانلارنى تىنچىتىش ئۈچۈن خەلىپە سۇلتان ئابدۇلھەمىدخاندىن دۇئا

ئېلىپ يولغا چىققان. ئۇلار بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن گەنسۇ باتۇرلىرى قوشۇنىنىڭ مۇسۇلمان دەپ قارىلىپ قالغان خىتاي رەھبىرى دوڭ فۇشياڭ بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلغان.

1901-يىلى يىخپتۈەن ھەرىكىتىدىن كېيىن ئوسمان ئىمپېرىيەسى سۇلتانىنىڭ ياۋروپالىق ياردەمچىلىرى پىلانلىغان تۈنجى ئەلچىلەر ئۆمىكى خىتايغا ئەۋەتىلگەن. ئابدۇلھەمىدخان ئۆزىنىڭ خىتايدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى مۇستەقىل بىر ھەرىكەت قىلىشتا ۋاستە ئەمەس، بەلكى بۇ ئىناۋەتنى ياۋروپا بىلەن سودىلىشىشتا پىچكا قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. 1908-يىلى سۇلتان ئابدۇلھەمىدخان خىتايدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشكە كونكرېت قەدەم ئالغان ۋە بېيجىڭلىق بىر مەشھۇر ئىمامنىڭ ئىستانبۇل زىيارىتىدىن كېيىنلا بېيجىڭ كالا كوچىسى(نىيۇجېئې) جامەسىدىكى مەدرىسىگە ئېلى رىزا ۋە ئۇنىڭ داغىستانلىق ياردەمچىسى تاھىر ئەپەندىنى مۇدەررىسلىككە ئەۋەتكەن. دەسلەپتە بۇ ئىككىيلەن سۇلتان تاپشۇرغان بويىچە ئىشلىگەن ۋە ئوردىدىن مائاش ئېلىپ تۇرغان، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي ئوردىنىڭ قىزغىنلىقى تۆۋەنلەپ كەتكەن. 1908-يىلدىكى ياش تۈركلەرنىڭ ئىنقىلابى ۋە 1909-يىلى سۇلتان ئابدۇلھەمىدنىڭ ئورنۇن بوشىتىشى بىلەن بۇ ئىككى مۇدەررىسنىڭ ئىمپېرىيە بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن. 1911-يىلى ئېلى رىزا ئىستانبۇلغا يازغان خېتىدە «بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار خەلىپىنى ئىنتايىن بەك ياخشى كۆرىدۇ ۋە ياقلايدۇ، بەيئەت قىلىدۇ، ئەمما خەلىپىلىك بۇنى چۈشىنىدىغاندەك ئەمەس» ، دەپ قاخشىغان.

ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى پائالىيەتلىرى مۇشۇ دەمدە باشلانغان بولۇشى مۇمكىن. 1879-يىلى برىتانىيەنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى چىڭ ئوردىسىنى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ قەشقەرگە مەخپىي ۋەكىل ئەۋەتكەنلىكى بىلەن ئاگاھلاندۇرغان. بۇ خىل ئەيىبلەش كۆپ قېتىم بولۇپ تۇرغان. گەرچە بۇنىڭ ھېچ بىر ئىسپاتى بولمىسىمۇ، برىتانىيە بىلەن رۇسىيە ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى پائالىيەتلىرىنى تەقىب قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇلارنىڭ ئەنسىرىشى چىڭ دۆلىتىنىڭ ئەمەس بەلكى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىدى. 1904-يىلى رۇسىيە كونسۇلى قەشقەردە سودا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىۋاتىمەن دېگەن ئىلياس ئەپەندى ئىسىملىك بىر گۇمانلىق تۈركنىڭ بارلىقى ھەققىدە چىڭ ئوردىسىغا ئاگاھلاندۇرۇش يوللىغان. كونسۇل يەنە بۇ كىشىنىڭ چىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكى ، رۇسىيە پۇقرالىقىدىكى بىر تۇڭگان مۇسۇلماندىنمۇ ياردەم قوبۇل قىلغانلىقىنى قەيت قىلغان. كونسۇلنىڭ يەكۈنىچە ئوسمانلىلار قەشقەردە چىڭ ئەمەلدارلىرى مەدەتكار بولغان ، سىياسىي ۋە تىجارىي ئىشلارنى بىجىرىدىغان بىر يەر ئاستى ئورگان قۇرۇپ چىققان ، ئەمما بۇ يەكۈننى ئىسپاتلىغۇدەك ھېچبىر ئەھۋال كېيىنكى چاغلاردىمۇ ئوتتۇرىغا چىقمىغان.

چىڭ بىلەن ئوسمان ئىمپېرىيەسى ئارىسىدا رەسمىي ئالاقە بولمىغان بولۇپ ، مۇناسىۋەتلىك باياناتلار ئارىدىكى بوشلۇقتا پەيدا بولغان شەخسلەرنىڭ كەچۈرمىشىدىن ئىبارەت ئىدى. ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە بولغان مايىللىق كىشىلەرنى ئىستانبۇلدىن دىنىدا ئوقۇپ كەلگەنلەرنىڭ ئاغزىدىكى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ دىنى نوپۇزىغا ئىشەندۈرەتتى. چىڭ ھۆكۈمىتى مەسچىتلەرنى بەك نازارەت قىلىپ كەتمەيدىغان بولغاچقا مۇساپىرلارنىڭ جۈمە خۇتبىلىرىگە ئىشتىراك قىلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى ۋە يەرلىكلەر تەرىپىدىن قارشى ئېلىناتتى. تۈرك مۇسۇلمانلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سوپىلار ئىچىدىمۇ قارشى ئېلىنىپ بەيئەت قىلىنىش مۇمكىنچىلىكىمۇ مەۋجۇت بولۇپ ، 1917-يىلى بىر بۆلەك تۈرك ئوفىتسېرلىرى قۇمۇلدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغاندا بۇرۇن ئىستانبۇلدىكى ئاياسوفىيا جامەسىنىڭ مەزىنى بولۇپ ئىشلىگەن بىر مەزىننىڭ بارلىقىنى بايقىغان. ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرىدا تارىخچىلار مۇسۇلمانلاردىن ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى (سەييىد) دەپ سانايدىغانلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى خاتىرىلىگەن. بۇنداق ئىشلار شەرقىي تۈركىستاندىمۇ كۆرۈلگەن بولۇپ كۇچادا ئوسمان ئىمپېرىيەسى پۇقرالىرىدىن بىر قانچە تۈرك ئائىلىسى ۋە يەكەندە بىر قانچە ئەرەب كۆچمەنلەر ئۆزلىرىنى سەييىد دەپ ئاتىۋېلىشقان ، ھەمدە يەرلىكلەر تەرىپىدىنمۇ پەيغەمبەر ئەۋلادى دېيىلىپ ئىززەتلەنگەن.

ئوسمان ئىمپېرىيەسىدىن شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ بەزى نومۇسسىزلىرى يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئوسمانلارغا بولغان ئىخلاسىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ نەپكە

ئېرىشكەن. ھەتتا يالغاندىن سۇلتان نامىدا پۇل يىغىشمۇ يۈز بەرگەن بولۇپ ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار ئىدى ۋە بۇنداق ئىشلارنى توسۇشقا تىرىشاتتى. 1906-يىلى بىر رۇسىيەلىك مۇسۇلمان ئۆزىنى سۇلتانىنىڭ ئوفتسېرى قىلىپ كۆرسىتىپ سۈيدۈك خەلقىدىن بەش مىڭ تىللانى سوقۇۋالغان. 1910-يىلى بىر كىشى غۇلجا كوچىلىرىدا ھەربىي كىيىم بىلەن ئىئانە يىغىپ ئۆزىنى ئىستانبۇللۇق پاشا (گېنېرال) دەۋالغان ۋە بۇ پۇلنى كونسۇلخانا قۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغانلىقىنى دېگەن. گۇمانلانغان يەرلىك كىشلەر ئىستانبۇلغا تېلېگرامما يوللاپ ئۇنداق بىر ۋەكىل ئەۋەتىلمىگەنلىك جاۋابىنى ئالغان. ھېلىقى كىشى ئەسلى فىرانسىيەلىك بىر ئالدامچى بولۇپ ئىككى مىڭ رۇبلىنى ئالداپ قېچىپ كەتكەن. بۇنداق قىينچىلىقلار سەۋەبلىك چىڭ مۇسۇلمانلىرى بېيجىڭ بىلەن ئىستانبۇل ئارىسىدىكى دىپلوماتىيەلىك مۇناسىۋەتنىڭ كۈچىيىشىنى زۆرۈر دەپ قارايدىغان بولغان. دېمەك، شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى چىڭغا قارشى تۇرماستىن بەلكى چىڭ ۋە ئوسمان ئىمپېرىيەسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى بولۇشىنى، نەتىجىدە چىڭنىڭ دۇنياۋى ئورنىنى كۈچەيتىشىنى ئىستىگەن.

## ئىلىدىن ئىستانبۇلغىچە

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋەلى باي ئىلىكىدىكى يەر ۋە تىجارەتلىرى بىلەن رايوندا ئەڭ چوڭ باي ئاتالغان. بىز بۇ ھەقتە ئىلگىرى توختالغان ئىدۇق. ئۇ رۇس ئەمەلدارلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۆلگىلىك شەخس بولۇپ، ياركەنتتىكى «شەرەپلىك پۇقرا» دېگەن ئاتاقنا ئېرىشكەن ئاز بىر قانچە كىشلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ يەنە ۋېرنىي (ئالمۇتا) دا تۇنجى تىجارەتچىلەر ئۇيۇشمىسىغا قوبۇل قىلىنغان ئىدى. 1896-يىلى ۋەلى باينىڭ ئەڭ پارلاق چاغلىرى بولغان. شۇ يىلى ئۇ يەتتە سۇ خەلقىگە ۋەكىل بولۇپ موسكۋادا چار پادىشاھ نىكولاي ئىككىنچى نىڭ تاج كىيىش مۇراسىمىغا تەكلىپ قىلىنغان. مۇراسىمغا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ياۋروپادىكى باش ۋەكىلى لى خوڭجاڭمۇ قاتناشقان بولۇپ، بىر چاغلاردىكى كارۋانچى تەدرىجىي زورىيىپ دۆلەت ۋەكىللىرى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇپ قوپالايدىغان ھالغا يەتكەن. ۋەلى باي ۋە لى خوڭجاڭ مۇراسىم جەريانىدا كۆرۈشكەن بولۇپ ، چىڭ ئوردا ئەھلى ئىچىدە رۇسىيەپەرەسلىكى بىلەن مەشھۇر بولغان لى خوڭجاڭ ۋەلى بايغا مانجۇ خانلىقىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن مېدال تەقدىم قىلغان. ۋەلى باي موسكۋادىن يەتتەسۇغا قايتىش يولىدا بۇخارا ئەمرىنى زىيارەت قىلغان ۋە شەرەپ ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ۋەلى باي يەرلىك مەدەنىيەتنى ئاكتىپ قوغدىغۇچى رولىنى ئۆتەپ ئۆزىنىڭ مال-مۈلكىنىڭ بىر بۆلىكىنى خەير-ئېھسان ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىشلىرىغا ئاتىغان ئىدى. 1887-يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىغا كۆچۈشى تاماملانغاندىن بىر نەچچە يىل كېيىن ، كىشىلەر ۋەلى بايدىن بىر مەسچىت سېلىشقا ياردەمدە بولۇشنى تەلەپ قىلغان. نەتىجىدە شەھەر مەركىزىدە بۈگۈنگىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كاتتا بىر مەسچىت پۈتۈپ چىققان بولۇپ ، بۇ مەسچىت ۋەلىباي مەسچىتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مەسچىتنىڭ ئادەمنىڭ دەرھال دىققىتىنى تارتىدىغان يېرى ئۇنىڭ ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئارىلاشمىلىقىدۇر: مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدا بولۇپ ئۇستىگە تۇڭگانچە راۋاق چىقىرىلغان. بۇ يېرى غۇلجىدىكى ئاساسلىق تارانچى مەسچىتلىرىنىڭ بىرىگە تەقلىد قىلىنغان. غۇلجىدىكى ئۇ مەسچىتنىڭ ئۇسلۇبى قەشقەر ياكى يەكەندىكى مەسچىتلەرگە قارىغاندا گەنسۇ تۇڭگانلىرىنىڭ مەسچىتلىرىگە بەكرەك ئوخشىتىپ سېلىنغان. بۇ غۇلجا ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەنۇبتىكى قېرىنداشلىرىدىن پەرقلىق ھالدا خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغانلىقىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. تارانچىلار گەرچە ئەمدىلەتىن رۇسىيە پۇقراسى بولغان بولسىمۇ يەتتە سۇدا سېلىنغان بۇ مەسچىتنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاتار ياكى باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلچىمىدە سالماي غۇلجىدىكى تۇڭگان ئۇسلۇبىنى ساقلىشى بۇ تەسىرنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

ۋەلىباينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى رۇسىيەدىكى باشقا مۇسۇلمانلاردىن ئايرىپ ساقلاپ قېلىش ئىستىكى روشەن ئىدى. يەتتە سۇدىكى كەسكىن ئىجتىمائىي چېگرالار تارانچىلارنى باشقا توپلۇقلاردىن پەرقلەندۇرۇپ تۇراتتى. غۇلجىدىن يەتتە سۇغا كۆچمەن بولغانلارنى كۆزەتكەن بىر رۇسىيەلىك ئەمەلدار غۇلجىدا بىر قازىخانىغا بارىدىغان قازاق ، تۇڭگان ۋە تارانچىلارنىڭ يەتتە



ياركەنتتىكى ۋەلىباي مەسچىتى ، 1911-يىلى. مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى قارا
چاپانلىق كىشى ۋەلىباينىڭ ئۆزى بولۇشى مۇمكىن.

سۇغا كۆچكەندىن كېيىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى يازغان. ئەينى چاغدا تارانچىلاردىن ئوقۇغانلار
ۋە ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك رۇسىيەگە كۆچۈپ چىققان بولۇپ بۇ دەسلەپتە ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت جەھەتتىكى كىملىكنى قوغداشتا مۇھىم رول ئوينىغان. ئەمما تارانچىلارنىڭ باشقا رۇسىيە مۇسۇلمان توپلۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ تۇرۇشى ئۇلىمالىرىنىڭ تەدرىجىي ئازىيىشى بىلەن مۇمكىن بولماي قالغان. بۇ ۋەزىيەتتە ۋەلىباي باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەر ئارىسىدىن ئۆلىما ئىزدەشكە مەجبۇر بولغان. تاتارلار ئەڭ مۇۋاپىق نامزات بولۇپ ئۇلار قازاق بوزقىرلىرى ۋە يەتتە سۇدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش بىلەن تونۇلغان ئىدى. ۋەلىباينىڭ تەسرى مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالارنى قايرىپ قويالىغۇدەك دەرىجىدە بولغاچقا ئۇ بۇ تاتار ئۆلىمالارنىڭ يەتتە سۇغا ئېلىپ كەلگەن ئۇسۇلى جەدىت (يېڭى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى) بويىچە ئوقۇتۇشنى ئاشكارا ھالدا تەشەببۇس قىلدى. ۋەلىباي ئۆزى سالدۇرغان مەسچىتكە مەنسۇپ مەدرىسىگە تاتار ئۆلىما گابدۇراخمان داموللا بىن گاتاۋۇللا مۇھەممەدى (1909-يىلى ۋاپات بولغان) نى تەكلىپ قىلغان. بۇ كىشى بىر تاتار مەدرىسە مۇئەللىملىرى جەمەتىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇخارا ۋە قازاندىكى ئالىملار بىلەن ئالاقىسى قويۇق ئىدى. ئۇ تارانچىلار ئارىسىدا ئۇسۇلى جەدىتنى تەرغىب قىلغانلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە يەتتە سۇدىكى تارانچى ۋە تۇڭگان بالىلىرى بولۇپلا قالماي يەنە غۇلجىدىنمۇ كېلىپ ئوقۇيدىغانلار بولغان.

تاتارلار رۇسىيەدە ئاچقان مەكتەپلەر تورى يەتتە سۇغا كېڭىيىپ، تەدرىجىي شىنجاڭدىكى رۇسىيەلىك مۇھاجىرلارنىڭ بولۇپمۇ تارباغاتاي ۋە غۇلجىدىكىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان. 1890-يىللارنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى داڭلىق تاتارلار رۇسىيەدىكى مائارىپ ئىسلاھاتىغا ئاۋاز قوشقان، مەسىلەن، غۇلجىدىكى ئاقساقال فازىلجان يۇنىچ شەمەيدىكى ئىسلامى ۋەخپىگە ئىئانە يىغقان. شىنجاڭدا ئۇزاققا قالماي تۇنجى جەدىتچە مائارىپ بارلىققا كېلىپ رۇسىيە پۇقرالىقىدىكى بالىلارنى قوبۇل قىلغان. 1900-يىلى تارباغاتايدا شەمەيلىك ئىمامنىڭ ئوغلى ئاچقان بىر جەدىتچە مەكتەپنىڭ بارلىقى «تەرجىمان» گېزىتىدە خەۋەر قىلىنغان.

شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدە دەسلەپ جەدىتچە مائارىپقا قىزىققان كىشىلەر مۇسابايېۋلار جەمەتى ئىدى. ئۇلار ئەسلى ئارتۇچتىن بولۇپ كېيىنكى يىللاردا غۇلجىدا ئۆزىنىڭ ئىگىلىكىنى قۇرۇپ چىققان. مۇسابايىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى ئانچە ئېنىق ئەمەس. بىر

مەنبەگە كۆرە ، ئۇ 1880-يىلى چەتئەلدىن قايتىپ كېلىپ ئىلدا بىر خورۇم كارخانىسى قۇرغان. مۇساباي بۇ كارخانىنى كېيىن ئوغۇللىرىدىن باھاۋۇددىن ۋە ھۈسەيىنگە  ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. 1903-يىلغا كەلگەندە مۇسابايلار كارخانىسى 300 مىڭ رۇبلىغا يارايدىغان ھالغا كەلگەن. رۇسىيەنىڭ ئۆلچىمىدە بۇ كىچىك كارخانا ھېسابلانسىمۇ يەرلىك رىقابەتچىلىرىدىن ئۈچ ھەسسە چوڭ ئىدى. سۈپەت جەھەتتە مۇسابايلار كارخانىسى يەتتەسۇدىكى باشقا كارخانىلارنى بېسىپ چۈشكەن بولۇپ رۇسىيەنىڭ خورۇم بازىرىدىكى رىقابەتكە تاقابىل تۇرالايتتى. ئاكا ئۇكا مۇسابايلار زەنجىرسىمان دۇكانلارنى غۇلجىدىن چېگرا ئاتلىتىپ ياركەنت ۋە شەمەيگە قەدەر كېڭەيتكەن. مۇساباينىڭ غۇلجىدىكى كارخانىسىدا ئاساسەن قەشقەردىن چىققان ئۇيغۇرلار ئىشلىگەن بولسىمۇ بوغالتىر ۋە دۇكان باشقۇرغۇچىلىرى تاتارلاردىن بولغان. بۇ ئارقىلىق مۇسابايلار رۇسىيە بوزقىرلىرىدا  تاتارلار ئاچقان سودا تورىغا تايانغان ئىدى.

مۇسابايۇلار جەمەتىنىڭ مەدەنىيەتكە ھامىيلىق قىلىش تارىخىنى 1894-1895-يىللارغا سۈرۈشكە بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردىكى ئەڭ داڭلىق بولغان خانلىق مەدرىسە بۇ جەمەت تەرىپىدىن يېڭىلانغان. «ئۇيغۇر تارىخىنىڭ مۇقەددەس يوللىرى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى رىئان تۇمنىڭ يېزىشىچە بۇ جەمەت يەنە «مەتبەئىي خۇرشىد» (قۇياش نۇرى مەتبەسى) دېيىلگەن تۇنجى نەشرىياتنىڭ قۇرۇلۇشىغىمۇ ھەمدەم بولغان. ئۇلار تىجارىتىنى غۇلجىغا يۆتكىگەندىن كېيىن يېڭىچە ئوقۇتۇشقا تۈرتكە بولىدىغان بىر ئىجتىمائىي مۇھىتقا ئېرىشكەن. ئىمپورت سودىسىدا ئاكتىپ ھېسابلىنىدىغان مۇسابايۇلار جەمەتى رۇسىيەدىن ئىمپورت قىلىنغان ئۈسكۈنىلەرنى ئىشقا كىرىشتۈرۈش ئۈچۈن يەرلىك ئۇستىلارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلغان ۋە 1898-يىلى جەدىتچە مائارىپنى سىناشنى قارار قىلغان. بۇ سىناقنىڭ مېۋىلىرىدىن بىرى بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان شەخس بولۇپ يېتىشكەن مەسئۇد سەبرىدۇر. مەسئۇد ئەپەندى 1940-يىلىدىكى ئەسلىمىسىدە بىر كۈنى مەكتەپتىن چاقىرىلىپ ماتېماتىكا ۋە جۇغراپىيە كىتابى تارقىتىلغانلىقى ۋە ئالتە ئايدىن كېيىن بۇ پەنلەردىن ئىمتىھان ئېلىنغانلىقىنى يازىدۇ. نەتىجىدىن مەمنۇن بولغان مۇسابايۇ مەزكۇر مەكتەپنى 1900-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىلى مەخسۇس جەدىتچە مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتكەن. مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا ۋەلىبايىنىڭ ياركەنتتە ئاچقان مەدرىسىسىدىكى جەدىتچى گابدۇراخمان داموللامنىڭ ئوقۇغۇچىسى مۇھەممەت مەسۇم ئەپەندىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەن.

ياركەنت بىلەن بولغان بۇ باغلىنىش بىزگە جەدىتچىلىكنىڭ تاتارلاردىن چاررۇسىيەگە تەۋە ياركەنت ئۇيغۇرلىرىغا ئاندىن شىنجاڭغا كىرگەنلىكىنى بىشارەتلەيدۇ. مەسئۇد سەبرىنىڭ بايانىغا كۆرە، ھۇسەيىن مۇسابايىۋقا يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇش ئىلھامى ئورۇنبۇرۇگتا جەدىتچە ھۇسەينىيە مەدرىسىسىنى ئاچقان ئەخمەتباي (1837-1906) ھۇسەينوۋدىن كەلگەن. مۇسابايىۋلار بۇ مەدرىسگە بىر جۇپ ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەن. يېڭى باشلانغان باشقا جەدىتچە مەكتەپكە ئوخشاش مۇسابايىۋلار غۇلجىدا ئاچقان يېڭىچە مەكتەپنىڭمۇ پېداگوگىكىلىق ئاساسى كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان مۇھەممەت مەسۇم ئەپەندى پەقەت بىر يىللىق ئوقۇتقۇچى پىلانى بويىچە تەربىيەلەنگەن ئىدى. تاتار رىقابەتچىلەردىن مۇستەقىل يول تۇتۇشنى ئويلاشتىمۇ ياكى ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە باغلىنىپ تۇرۇشنى خالاپ قالدىمۇ ئېنىق ئەمەس، 1902-يىلى ھۇسەيىن مۇسابايىۋ مەسۇم ئەپەندىنى ئىستانبۇلغا داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. ئىستانبۇلغا ماڭغان مەسۇم ئەپەندى يولدا قىرىمدا توختاپ باغچە ساراي شەھرىدە جەدىتچە مائارىپنىڭ ئۇلىنى سالغان ئىسمائىل غاسپىرالى بىلەن كۆرۈشكەن. ئىككىيلەن جەدىتچە مەكتەپ ۋە شىنجاڭدا جەدىتچە ئوقۇتۇش ئەھۋالى ھەققىدە سۆھبەت قىلغان. مەسۇم ئەپەندىنىڭ غاسپىرالىغا دېيىشىچە ختاي ھاكىمىيتى رۇسىيەنىڭ ئەكسىچە جەدىتچە مائارىپنى قوللىغان. مەسۇم ئەپەندى ئىلى دوتېيىنىڭ جەدىتچە مائارىپنى قوللاپ پەرمان چىقارغانلىقىنى ۋە جەدىتچە مەكتەپلەرنى قوللايدىغانلىقى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلغانلىقىنى ئېيتقان.

1904-يىلى ئىستانبۇلدىكى ئىمپېرىيەلىك ئاممۋى باشقۇرۇش مەكتىپىدە ئوقۇغان مەسۇم ئەپەندى غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن. ھۇسەيىن مۇسابايىۋ ئۇنى سۇلتان ئابدۇلھەمىدخان ۋە ئۆزىنىڭ نامى بېرىلگەن «مەكتەبي ھەمىدى — ھۇسەينىي» مەكتىپىگە مۇدىر قىلىپ تەيىنلىگەن.

1910-يىلدىكى بايانلارغا قارىغاندا مەكتەپ ئىستانبۇلدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئۇسۇلىدا ئوقۇتۇش قىلغان ۋە بوغالتىرلىق، رۇسچە، خىتايچە ئۆگەتكەن. مەكتەپنىڭ يېنىغا بىر قىرائەتخانا قۇرۇلغان بولۇپ رۇسىيەدىكى قەرەللىك گېزىت ژۇرناللار قويۇلغان. مەسۇم ئەپەندى ئىستانبۇلدىن غۇلجىغا قايتىپلا مۇسابايلارنى ئىستانبۇلغا ئوقۇغۇچى چىقىرىشقا دەۋەت قىلغان. ئۇ دەسلەپ تۆت ئوقۇغۇچى ئۈچۈن سۇلتانغا تونۇشتۇرۇش خېتى يازغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى مەسئۇت سەبرىمۇ بولغان، بۇ تۆت بالا ھەمدىيە تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغان. كېيىنكى يىللاردا بۇ ئىشلار داۋام قىلغان ۋە 1913-يىلدىكى بالقان ئۇرۇشى پارتلىغانغا قەدەر شىنجاڭدىن كېلىپ ئىستانبۇلدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچى جەمئىي 15 بولۇپ، بۇلارنىڭ ئالتىسى ھەربىي مەكتەپتە، تۆتى گالاتاسارايى لىسەسىدە، بىرى ئىمپېرىيەلىك سەنئەت مەكتەپتە ئوقۇغان. بۇنىڭ ئىچىدە بىرى مەشھۇر ئىمپېرىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىبابەت كەسپىدە ئوقۇغان بولۇپ مەسئۇد سەبرى بولۇشى مۇمكىن.

## 1905-يىلدىكى ئىنقىلاب ۋە تارانچىلار

1905-يىلى رۇسىيەدە يۈز بەرگەن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى، ئىش تاشلاش ۋە ئىسيانلار چار پادىشاھلىقنى ھالاكەت گىرداۋىغا سۆرەپ باردى. گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ شەھەرلەردە دېموكراتىك ھەرىكەتلەر، يېزىلاردا قوراللىق پائالىيەتلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئاساسلىقى رۇس ئاھالىسى ئارىسىدا بولغان ئىدى. بۇ ئىنقىلابنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئەڭ چوڭ پايدىسى، چار پادىشاھ نىكولاي II ئېلان قىلغان 17-ئۆكتەبىر بايانامىسى بولۇپ، بۇ بايانامىدە رۇسىيە پۇقرالىرىغا يېڭى ھوقۇقلار بېرىلگەن ئىدى. بۇنىڭ تۈركىستاندىكى ئىنكاسى سۈپىتىدە ئەركىن مەتبۇئاتلار ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئوتتۇرىغا چىققان. كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا تەرەققىيات ۋە ئەركىنلىك پاراڭلىرى كۆپىيىشكە باشلىغان ۋە يىراق يەتتەسۇغا قەدەر كېڭەيگەن. بۇنداق ئەركىن شارائىتتا جەدىتچىلىك ھەرىكىتى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتقا دائىر غايىلىرىنى يېيىشقا ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلاپ ئۆزىنى ئۆتمەي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. جەدىتچىلەر

ئىقتىسادىي مەنبە جەھەتتە دەل مۇشۇ مۇتەئەسسىپ بايلارنىڭ قوللىشىغا تاييناتتى. بۇ جەدىتچىلىك ھەرىكىتىدە ئىچكى زىددىيەت بارلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

بۇ مەزگىللەردە يەتتەسۇدا ۋەلىبايىنىڭ دىكتاتورلۇق ئورنىغا قارشى نارازىلىقلار باش كۆتۈرۈپ ئۆكتىچىلەر ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇلار ۋەلىبايىنىڭ رۇسىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرلىشىپ يۈرگۈزگەن مۇستەبىتلىكىگە ئۆچمەنلىك قىلاتتى. بەزى تارىخچىلار شۇ چاغدا ئالمۇتا ياكى بىشكەكتە (ئەينى ۋاقىتتا پىشپەك دەپ ئاتىلاتتى) بىر قىسىم ئۆزىنى «ئىلغارلار» دەپ قارايدىغان كىشىلەرنىڭ بولغانلىقىنى يازىدۇ. ياركەنتتە ئۇلار تارانچىلاردەك تون ئەمەس رۇس پاسونىدا كالتە چاپان كىيگەنلىكى ئۈچۈن «كالتە چاپانلار» دەپ ئاتالغان. كالتە چاپانلارنىڭ كۈچى ئاجىز بولۇپ ۋەلىبايىغا قارشى تۇرۇشتا ئىجتىمائىي ئاساسى ئاجىز ئىدى. 1905-يىلى چارپادىشاھنىڭ بايانامىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بىر رۇسىيە ھۆرىيەتچى گېزىتى ۋەلىباي ھەققىدە بىر ھەجۋىي رەسىم ئېلان قىلغان. ياركەنتتە كەڭ تارقالغان بۇ رەسىمدە ۋەلىبايىنىڭ ئوڭ يانچۇقىغا كوماندىر، سول يانچۇقىغا يەرلىك ئاقساقال سېلىنغان بولۇپ، ۋەلىباي چىقىپ كېتىشكە تىرمىشۋاتقان ئىككىيلەنگە «جىم ئولتۇرۇڭلار، بىزنىڭ يانچۇق ئىسسىق، تەپتىشلەرنىڭ يانچۇقى سوغۇق، چىقساڭلار مۇزلايسىلەر» دەپ مەسلىھەت بېرىۋاتقان ھالىتى سىزىلغان.

1906-يىلى گابدۇراخمان داموللا مۇھەممەدى ياركەنتتە مائارىپنى قوللاپ- قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن بىر ئىسلام جەمئىيىتى (جەمئىيەتى ئىسلامىيە) قۇرۇش نىيىتىنى بىلدۈرگەن. ئۇ ۋولگىلىق بىر باشقىرت ۋە قوقەنلىك بىر سارتنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن بىر قىرائەتخانا ئېچىپ قانۇن بويىچە بىر نىزامنامە ئېلان قىلغان. بۇ گەرچە بىر كىچىك باشلىنىش بولسىمۇ ئىسلاھاتچىلار ئۈچۈن بىر بۆسۈش نۇقتىسى بولۇشى مۇمكىن ئىدى، بۇ ئەھۋال ۋەلىبايىنى ئەنسىرىتەتتى. ئۇ ئۆزىنى جەدىتچىلىكنىڭ ھامىيسى دەپ قارايتتى ۋە بۇ سەۋەبلىك رۇسىيە مۇسۇلمانلار مەتبۇئاتىدا ماختالغان ئىدى. ئەمما بۇ قوللاشلار ئەلۋەتتە ۋەلىباي قۇرغان مەدرىسە ۋە مەسچىتنى مەركەز قىلغان بولۇپ، تەبىئىيكى بۇ ئۇنىڭ كۆچمەن تارانچىلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىكى مەركەزلىك ئورنىنىمۇ گەۋدىلەندۈرەتتى. ۋەلىباي ئۆزىدىن باشقا ھەر قانداق مەنىۋى ۋە مەدەنىي نوپۇزنىڭ

پەيدا قىلىنىشقا نارازى ئىدى. گابدۇراخمان داموللا ۋە ئۇنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەھدىتىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۇ گابدۇراخمان داموللا ۋە ئۇنىڭ ئىككى شېرىكىنى ئىلتىماس يېزىپ يۇرتتىن قوغلاپ چىقاردى ، يەتتەسۇ دائىرىلىرىمۇ بۇنىڭغا ماسلىششقا مەجبۇر بولدى.

شۇنىڭ بىلەن گابدۇراخمان داموللا ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇش ئۈچۈن ئالمۇتاغا كەلدى. جەمئىيەتنىڭ تۇنجى يىغىنى ئالمۇتادىكى تاتار مەھەللىسىدە ئېچىلىپ يېڭى تۈركىستان دىن كېڭىشى ئېچىش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلىندى. بۇ ئىلتىماس ھەر قايسى جامائەتلەرنىڭ ئاپتونومىيەسىگە سەزگۈر مۇئامىلىدە بولغان بولۇپ ، بۇ يەتتەسۇنىڭ سىياسىي ھاياتىدا تېپىك ئىدى. ئىلتىماس قىلغۇچىلار بۇ كېڭەشتە قازاق ، قىرغىز ، سارت ، نوغاي ، قالماق ، تارانچى ، تۇڭگان قاتارلىق ھەر بىر مۇسۇلمان قوۋمىنىڭ قازىسىغا بىر ئورۇن بېرىلىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلغان. (بۇ تاشكەنت ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىنىڭ ئەكسىچە ئىدى: تاشكەنت ئۆلىمالىرى تۈركىستاندىكى سارت ، نوغاي ، قازاق ياكى قىرغىز بولغان بارلىق مۇسۇلمانلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىرلا دىنى كېڭەش قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى). ئۇلارنىڭ قارىشىچە يەتتەسۇ مۇسۇلمانلىرى قازاق ، قىرغىز ، سارت ، نوغاي ، تارانچى دېگەن بەش تۈرگە بۆلۈنگەن بولغاچقا يېڭى دۆلەت مەجلىسىگە بىردىن ۋەكىل بەلگىلىشى كېرەك ئىدى.

تارانچىلاردىكى دىنى كۈچنى ياركەنتنىڭ سىرتىغا يۆتكەش ۋەلىباي ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا تەھدىت شەكىللەندۈرەتتى. ئۇلار تارانچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ كونتروللۇقىدا بولمىغان ھەر قانداق دىنى ئورگانغا تەۋە بولۇشنى خالىمايتتى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ۋەلىباي يۇقىرىقى كېڭەشكە جاۋاب ئورنىدا يەتتەسۇغا كۆچمەن بولۇپ كەلگەن تارانچى ، قازاق ۋە تۇڭگانلارنى يىغىپ بىر كېڭەش ئاچتى. ۋەلىباي كېڭەشنىڭ پەخرى رەئىسى بولۇپ ، تارانچى ئۆلىمالىرىنىڭ ئىچىدىكى يېتەكچىلەردىن تەشكىل تاپقان كاتىپلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. شۇ مەزگىلدە رۇسىيە دۆلەت مەجلىسىگە ياركەنتتىن ئىككى كىشى ۋەكىل بولىدىغانلىقى ئېلان قىلىنغان بولۇپ بىرى شەھەردىن يەنە بىرى يېزىدىن سايلىنىشى كېرەك ئىدى. يىغىن ئەھلى

سايلامسىزلا ۋەلىبايىنى ياركەنتنىڭ ۋەكىلى دەپ جاكارلىدى. بۇ قېتىمقى كېڭەشنىڭ قارارى خىتاي كونتروللۇقىدىكى تۈركىستاندىن كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ ئېتىقاد جەھەتتە چارپادىشاھ ھاكىمىيىتىدىن ئەمەس، رۇس مۇسۇلمانلىرىدىن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر ھۆججەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھۆججەتتە «بىز يەتتەسۇدىكى تارانچى، تۇڭگان ۋە ياركەنتتىكى قازاقلار 200 يىل خىتاينىڭ ھاكىمىيىتىدە ياشىغان بولساقمۇ ئېتىقادىمىز ئۆز قولىمىزدا ئىدى. ئۆزىمىزنىڭ قازى، مۇپتى ۋە ئاخۇنلىرىنى ئۆزىمىز قوياتتۇق. بىز گەرچە رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئوخشاش دىندا بولساقمۇ ئايرىم بىر مىللەت بولغىنىمىز ئۈچۈن ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شەكىللەنگەن ئايرىم قائىدە-يوسۇنلىرىمىز بار.» دەپ يېزىلغان.

گەرچە بۇ قارار خىتايدىن كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ ئارىسىدىكى مىللىي پەرقنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىكى پائالىيەتچىلەر تەرغىب قىلىۋاتقان مەركەزگە يىغىش چاقىرىقىغا توسالغۇ بولۇۋاتقىنى يالغۇز مىللەت پەرقىلا ئەمەسلىكى ئېنىق ئىدى. مەسىلە بۇ مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرگە ئوخشاش مىللەت بولغانلىقى ئەمەس، بەلكى خىتايدىن كەلگەنلىكى ئىدى. مەلۇم بولغىنىدەك، 1905-يىلى رۇسىيەدە بولغان ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىدە بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بىر مىللەت ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا ئىدى. ئەكسىچە ۋەلىباي خىتايدىن كۆچۈپ كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئايرىم بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى تەرغىب قىلماقتا ئىدى. بۇ كېڭەشنىڭ قارارى ياركەنتتىكى ۋەلىباي مەسچىتىنىڭ ئۇسلۇبىنى يازما ھالەتتە ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدى: يەنى، ئۇلار گەرچە رۇسىيە تۇپراقلىرىدا چار رۇسىيە پۇقراسى بولۇپ ياشاۋاتقان بولسىمۇ ئۆزىنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆلچەملىرىنىڭ چىڭ پۇقراسى بولۇپ ياشاۋاتقان دەۋردە شەكىللىنىپ بولغانلىقىنى داۋا قىلىشاتتى. بۇ بىر ئىستراتېگىيەلىك چاقىرىق بولۇپ ۋەلىباينىڭ مۇھاجىرەتتىكى تارانچىلار ئارىسىدا مەركەزلىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلدىغان بىر چاقىرىقتۇر.

ۋەلىباي بىلەن ئۇنىڭغا قارشى كىشىلەر تىغمۇ تىغ ھالەتتە تۇراتتى. 1907-يىلى تاشكەنتتىكى جەدىتچىلەرنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «تەرەققىي» دە ۋەلىبايغا «تارانچىلار» دىگەن ئىمزادا بىر

ئوچۇق خەت ئېلان قىلىنىپ ھۇجۇم قىلىنغان. خەتتە ۋەلىباينىڭ يەرلىك سايلامنى كونترول قىلغانلىقىنى ۋە ياركەنتتىكى قىرائەتخانىنى تاقاپ تەرەققىياتقا قارشى تۇرغانلىقىنى تەنقىد قىلغان. خەتتە يەنە ۋەلىباينىڭ شەخسى مەنپەئەتى ئۈچۈن تارانچىلارنى غۇلجىدىن يەتتەسۇغا كۆچۈشكە مەجبۇرلىغانلىقى، ئەمەلدارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ زېمىن ئىگىلەپ كىشىلەرنى كەمبەغەللەشتۈرگەنلىكىنى قەيت قىلغان. نوپۇزى بۇرۇن بۇنداق ھۇجۇمغا ئۇچراپ باقمىغان ۋەلىباي بىسەرەمجان بولۇپ رايون مەسئۇلى قەييۇمبەگنى ئەۋەتىپ ياركەنت كوچىلىرىدا سېتىلىۋاتقان «تەرەققىي» گېزىتىنى يۆتكىلەي سېتىۋالغان. ئاندىن ئۇ رايوندىكى قازى ۋە ئاقساقاللارنى يىغىنغا چاقىرغان. بىر كۈنلۈك مەسلىھەتتىن كېيىن ئۇلار خەتنى كالتە چاپانلارنىڭ يازغانلىقى مۇقەررەر دېگەن قارارغا كەلگەن. ئۇلار نىشانىنى گابدۇراخمان داموللىنىڭ شاگىرتى، ئالمۇتادىكى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يىغىنغا قاتناشقان مەمۇر ئەپەندىگە قاراتقان. مەمۇر ئەپەندى ياركەنتتىن قوغلانغان، ۋەلىبايغا مۇناسىۋىتى يېقىن بولغان رايون ھەربىي كوماندىرىنىڭ ياردىمىدە ئۇنى قوللايدىغان كالتە چاپانلارمۇ ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈلگەن. 1905-1910-يىللار ئارىسىدا سوئال-سوراقلار داۋام قىلغان بولۇپ يەرلىك تۈرمىگە قىرىق تارانچى قامالغان. مەمۇر ئەپەندى ياركەنتتىن قوغلانغاندىن كېيىن غۇلجىغا قېچىپ بېرىپ ئىمام بولغان.

ۋەلىباينىڭ ئورنى بۇرۇنقىدەك بىخەتەر داۋام قىلغان. 1908-يىلى چارپادىشاھنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى گراف پەھلېن تۈركىستان سەپىرىدە ياركەنتكە چۈشكەن. ۋەلىبايدىن ئازار يېگەن بىر تۈركۈم كىشىلەر گرافقا بىۋاستە ئەرز قىلماقچى بولغان بولسىمۇ يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغان. ۋەلىباي پەھلېننى ھەشەمەتلىك بېزەلگەن يىپەك چېدىردا كۈتۈۋالغان، ھەمدە داستىخانغا ئۆز پىچىقى بىلەن كېسىپ تونۇر كاۋىپى تارتقان. پەھلېن تۈرمىلەرنى چالا-پۇلا كۆزدىن كەچۈرۈپ «چاتاق يوق» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن ۋە يولنى داۋام قىلغان. گراف تارانچىلار ئارىسىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ياخشى نامزات بولۇشى ناتايىن ئىدى. پەھلېن كېيىن بۇ سەپىرى ھەققىدە يازغان خاتىرىسىدە ئۆزىنىڭ يەتتەسۇ تارىخىدىن قانچىلىك چالا ساۋات ئىكەنلىكىنى چاندۇرغان ۋە ۋەلىباينى «يەتتەسۇ قازاقلىرىنىڭ تارانچى قەبىلىسىدىن

چىققان مۆتىۋەر» دەپ ئاتىغان. ئۇ ھەتتا ۋەلىبايىنى قازاقلارنىڭ ئىچىدىكى چىڭگىزخانغا تۇتىشىدىغان تۆرىلەرگە ئوخشىتىپ قويغان. ۋەلىبايىنىڭ ياركەنت جامائىتى ئىچىدىكى مۇتلەق نوپۇزىدىن قارىغاندا بۇنى بەك خاتا دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى ئەلۋەتتە.



يەتتەسۇدىكى مۇسۇلمان يۇرت چوڭلىرى، 1899-يىلى. ئولتۇرغان رەتتىكى سولدىن 3-كىشى ۋەلىباي بولىدۇ. ئۇنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدىكىسى تۇڭگان مەھەللە باشلىقى.

## قەشقەردىكى سودىگەرلەر ۋە خىتاي ئەمەلدارلار

رۇسىيە بىلەن خىتاي بۇ مەزگىلدە ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمگە ئۆتۈۋاتقان بولۇپ پەرقلىق سۈرئەت ۋە يۆنىلىشتىكى مىسلىسىز ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى. يەتتەسۇدا

ئىلغار بايلار ئۆزىنى جەدىتچىلەرنىڭ سېپىدە دەپ قارايتتى. 1905-يىلدىكى رۇسىيە ئىنقىلابى جەدىتچىلەرنىڭ تەشەببۇسچىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ھىمايىچىلىرى ئارىسىغا زىددىيەت پەيدا قىلدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئىسلاھات يېڭىلىقچى ئىدىيەدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا جەدىتچىلىكنى شىنجاڭنىڭ شىمالىدىن جەنۇبىغا قاراپ كېڭەيتىشكە شارائىت يارىتىپ بەرگەن ئىدى. 1907-يىلدىن باشلاپ قەشقەر ئەنئەنىۋى مائارىپنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ تۇچكىسىغا ئايلانغان. مەيلى ئۇيغۇرلار ئاچقان دىنى مەكتەپلەر ياكى ھۆكۈمەت ئاچقان شۆتاڭ (خىتايچە مەكتەپ) بولسۇن، بۇلار بىر — بىرىنى تولۇقلايدىغان ھەرىكەتلەر ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، بۇلاردىكى مەكتەپ ئىسلاھاتى مەسىلىسىنى خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى يېڭى سىياستى (شىن جېڭ 新政) رامكىسىغا قويۇپ تەھلىل قىلىش مۇھىم.

يېڭى سىياسەت چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، نەتىجىدە بۇ بىر يېڭى ئاساسىي قانۇننىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان. چىڭ ئوردىسىنىڭ يېڭىلىق تەرەپدارى ئەلەم ۋە قەلەم ساھىبلىرىدىن بولغان يۈەن شىكەي ۋە جاڭ جىدوڭ بۇ سىياسەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان. 1902-يىلى جاڭ جىدوڭ خۇبېيدا يېڭى ئارمىيە قۇرۇپ چىققان، 1908-يىلى بۇ ئارمىيەنىڭ بىر بۆلىكى ئىلى ۋادىسىغا ئورۇنلاشقان. جاڭ ئۆزىمۇ 1904-يىلى ئېلان قىلىنغان يېڭى مائارىپ پەرماننىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن بىرى ئىدى. خىتايدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولغان ئىمتىھان (كېجۇ) تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى شەرقى تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بەك چوڭ ئۆزگىرىش ھېسابلانمايتتى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى ئىمپېرىيە دائىرىسىدە شۆتاڭ دېيىلىدىغان كۆڭۈلچىلىق ئاساس قىلىنغان مەكتەپلەردە زامانىۋى دەرسلەرنىڭ كىرگۈزۈلۈشى ئىدى. شىنجاڭغا شۆتاڭ مائارىپى 1907-يىلى كىرىپ كەلگەن بولۇپ ئۆلكىلىك مەكتەپ مەمۇرىيىتى باشقۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1908-يىلدىكى چىڭ ئاساسى قانۇندا مەسلىھەت كېڭەشى قۇرۇشنىڭ پىلانى قوبۇل قىلىنغان. بۇنىڭغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك مەسلىھەت ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغان. ئۇندىن باشقا ئۆلكىدىكى باشقا جايلاردا يەرلىك ئاپتونومىيە (ئۆزىنى- ئۆزى باشقۇرۇش) پىرىنسىپى بويىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىياسىي ئىشلارغا يەرلىك مۆتىۋەر كىشلەرنى كۆپرەك ئىشتىراك قىلدۇرماقچى بولغان. گەرچە مەبلەغ قىس بولسىمۇ ئەمەلدارلار ئۆزلىرىگە يېتىپ كەلگەن بۇيرۇقنىڭ ئۆز خېتى بويىچە ئەمەس ، روھى بويىچە ھەرىكەت قىلىشقا تىرىشقان.




شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەسلىھەت ئىشخانىسى. 1910-يىلى ، ئۈرۈمچى.

شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئىقتىسادىدىكى مۇستەقىللىق ۋە باج تەدبىرلىرى يەرلىك مۆتىۋەرلەر بىلەن چىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرغان. بولۇپمۇ لىجىن دەپ ئاتىلىدىغان يەرلىك توشۇش بېجىنىڭ مەجبۇرىي يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئەمەلدارلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ

ئالاقىسى كۈچەيگەن، ئۇلار خامچوتنىڭ نەقلىشىشى ئۈچۈن ھەمكارلىشاتتى. ئىككىنچى بابتا مۇلاھىزە قىلىنغاندەك، لىيۇ جىنتاڭ شىنجاڭدىكى لىجىننى كىشلەرنىڭ رۇسىيە پۇقرالىقىغا ئۆتۈۋېلىشىدىن قورقۇپ ئەمەلدىن قالدۇرغان ئىدى. بىراق 1901-يىلىدىكى يىخېتۇەن ھەرىكىتىدىن كېيىن بېيجىڭنىڭ بېرىدىغان ياردىمى ئازلاپ كەتكەنلىكتىن يەرلىك ئەمەلدارلار ئامالسىز لىجىننى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغان. قەشقەر ئەمەلدارلىرى يەنىلا يەرلىك كىشلەرنىڭ رۇسىيە پۇقرالىقىدىكى ئاقساقاللارنىڭ ھىمايىسىگە كىرىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، شۇڭا دەسلەپتە لىجىننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قارشى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن لىجىن ئىدارىلىرى پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە كۈچەيگەن بىر ۋاقىتتا، قەشقەر دائىرىلىرى مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن رۇسىيە تەۋەسىگە چىقىپ ئىشلەيدىغان كىشلەردىن پاسپورتقا ئېلىنىدىغان ھەقنى كۆپەيتكەن ۋە خىتاي چېگراسىدىن سىرتقا توشۇلىدىغان ھايۋانلاردىن يول پۇلى ئېلىشقا باشلىغان. ئىككى يىللىق سىناقتىن كېيىن بۇ چارىنىڭ ئاقمايدىغانلىقى مەلۇم بولغان ۋە لىجىن دېگەن باج ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. ئۆلكىنىڭ باشقا يېرىگە ئوخشىمايدىغان بىر يېرى، قەشقەردە لىجىننىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى بىلەن يەرلىك سودىگەرلەرگە باجنى كۆتۈرە ئېلىش پۇرستى تۇغۇلغان.

ئاخۇنباي ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن كېرەم ۋە ئۆمەر قەشقەر كوناشەھەرنى كونترول قىلاتتى. ئاخۇنبايىۋلار ئاساسەن يۇڭ ۋە پاختا سودىسى قىلىدىغان بولۇپ بۇلارغا ئەسىر ئالماشقان شۇ ۋاقىتلاردا دۇنياۋى مىقياستا ئېھتىياج كۈچەيگەن ئىدى. سېتىۋالغۇچىلارنىڭ تورى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا شەكىللىنىپ بولغان بولۇپ، پاختا يەرلىك دېھقانلاردىن، يۇڭ قىرغىز مالچىلاردىن ئېلىناتتى. ماللار قەشقەردە قاچىلىنىپ كارۋانلارغا يۈكلىنەتتى، ئىسسىق كۆلگە يەتكەندىن كېيىن كېمە ۋە تۆمۈر يوللار بىلەن رۇسىيەگە توشۇلاتتى. ئادەتتە سىبىرىيەدىكى ئىربىت سودا يەرمەنكىسىگە ياكى قازان بىلەن موسكۋا ئارىلىقىدىكى نىژنى نوۋگورودقا ئېلىپ بېرىلاتتى. ئۆمەر ئاخۇنبايىۋ قەشقەرنىڭ لىجىننى دوتەيدىن سېتىۋالغان بولۇپ ھەر قايسى بازارلارنىڭ يىللىق لىجىنى ئوخشىمايتتى. مەسىلەن، قەشقەرنىڭ 16 مىڭ تەڭگە بولسا، خوتەننىڭ 15 مىڭ، يەكەننىڭ 14 مىڭ، كىچىك بازارلاردىن يېڭىسارنىڭ 3 مىڭ ۋە مارالبېشىنىڭ 2 مىڭ سەر ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىجىن بىرى قەشقەر بايلىرىنىڭ بايلىق مەنبەسى بولسا ، يەنە بىرى ئۇلارنى شۇنىڭدىن مائاش ئالىدىغان يەرلىك چىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن باغلاپ تۇراتتى. ئاخۇنبايېۋنىڭ چىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە رۇس كونسۇلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىن ئىدى. بەزىدە چىڭ كاتتىلىرى بىلەن ھەمتاۋاق بولسا ، يەنە بەزىدە رۇس كونسۇلى بىلەن سۆھبەتتە بولغان ئىدى.

ئارتۇچلۇق باي سودىگەر تاشاخۇنمۇ چىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت قۇرۇش ئارقىلىق بېيىغانلارغا يەنە بىر مىسال بولالايدۇ. ئۇ قەشقەرنىڭ دوتىيى يۈەن خوگېيۇ (1841-1912) تەرىپىدىن رۇسىيەگە قەشقەرنىڭ تەڭگە قۇيمىچىلىقىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ماشىنا سېتىۋېلىشقا ئەۋەتىلگەن. تاشاخۇن بۇ پۇرسەتتە رۇسىيەنىڭ بوياش تېخنىكىسى بىلەن تونۇشقان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇ مەخپىي ھالدا زاۋۇت قۇرۇپ ، بۇ تېخنىكا بىلەن سەرگەزنى بوياپ گۈل بېسىپ «تاشاخۇن سەرگىزى» نى بازارغا سالغان. ئۇنىڭ گۈللۈك سەرگەزلىرى قەشقەردىن باشقا بازارلاردىمۇ ئالقىشقا ئېرىشىپ ، رايوندىكى ئەرلەر تون — چاپانلىرىنى رەخت بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاساسى مەنبە بولۇپ قالغان ۋە رۇسىيە رەختلىرىنىڭ سېتىلىشىنى ئازلاتقان. 1908-يىلى رۇس كونسۇلخانىسى «ھازىر قەشقەردىكى ئادەتتىكى پۇقرالار ، بولۇپمۇ شەھەر بازارلاردىكى كىشىلەر يەرلىكتە ئىشلەنگەن ئەمما رۇسىيەنىڭ پاختا رەختلىرىگە ئوخشاش سۈپەتلىك رەختلەرنى كىيمەكتە ، بۇ بىزنىڭ رەختلەردىن كۆپ ئەرزان» دەپ يازغان. تاشاخۇن دوتەي بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشى ساقلىغان بولۇپ 1909-يىلى ئارتۇچقا بەگ قىلىپ تەيىنلەنگەن.

قەشقەر كوناشەھەرنىڭ بايلىرى بىلەن ئارتۇچ بايلىرى بىر بىرىگە تەبىئىي رەقىب ئىدى. قەشقەر بايلىرى ئاساسلىق بازارلارنى كونترول قىلغان بولۇپ مىڭلاپ ، ئون مىڭلاپ خېرىدارلارغا ئىگە ئىدى. ئارتۇچ بايلىرى رۇسىيەگە قاتنايدىغان نارىن-ئىسسىق كۆل سودا لىنىيەسىنى كونترول قىلغان بولۇپ قەشقەرنىڭ ئېكسپورتى مۇشۇ يولغا تايىناتتى. 1905-يىلى مۇسابايېۋلار قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ رۇسىيە بىلەن بولۇۋاتقان سودىدىن ئۆزلىرىگە بىر يول ئاچماقچى بولغاندا ئىككى تەرەپتىكى رىقابەت كەسكىنلەشكەن. ئۇلار كىشىلەرنىڭ يۇڭلىرىغا يۇقىرى باھا قويۇپ سېتىۋېلىپ

ئاخۇنبايلارغا رىقابەت ئېلان قىلغان. ئاخۇنبايلار بۇنىڭغا قارىتا قازىنىڭ ئالدىدا بۇ ئارتۇقچىلۇق كەلگۈندىلەرنى قەشقەر بازارلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىش ھەققىدە قەسەم قىلىشقان. ئاخىرىدا ئۇنداق بولمىغان، چۈنكى ئاخۇنبايلار رۇسىيەگە قاراپ ماڭغان ماللىرىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىدىن قورققان. ئاخىرىدا بۇلار يۇڭ باھاسىنى كېلىشىپ تەڭشەش ھەققىدە پۈتۈم ھاسىل قىلىشقان. ۋاقىتىنچە مۇسابايلار نارىن-ئىسسىق كۆل لىنىيەسىنى ئاخۇنبايلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ماللىرىنى ئەركەشتام ئارقىلىق پەرغانە ۋادىسىغا يەتكۈزۈپ ئۇ يەردىن تاشكەنتكە يۆتكەشكە پۈتۈم قىلىشقان.

ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ يۇرت بويىچە ئايرىلىشى ۋە ئائىلىنى بىرلىك قىلىشى چەك سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئىقتىسادى ئىسلاھاتىنىڭ يۈنىلىشىگە قارشى ئىدى. بۇ ئىسلاھات بويىچە ھۆكۈمەت نازارىتى ئاستىدا مەبلەغ توپلاپ شىركەت قۇرۇشقا يېتەكلەنگەن بولۇپ «ھۆكۈمەت نازارەتكە، سودىگەر قۇرۇشقا» مەسئۇل بولىدىغان بىر ئەندىزە شەكىللەنگەن. ھۆكۈمەت مۇسابايۋلار بىلەن ئاخۇنبايلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىشقا كۈچىگەن بولسىمۇ غەلىبە قىلالمىغان. 1907-يىلى يەن خوگىيوۋ ھۇسەيىن مۇسابايۋنىڭ ھەج پەرزىنى تاماملىغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن چاقىرىلغان زىياپەتتە كېرەم ئاخۇنبايۋ بىلەن ھۇسەيىن مۇسابايۋقا قەشقەرنىڭ تەرەققىياتىغا بىرلىكتە ھەسسە قوشۇش، پاي قوشۇپ بىرلىكتە شىركەت قۇرۇپ، كانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ خوتەننىڭ ئالتۇن بايلىقىنى ئېچىش ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەن. قەشقەر دوتىيى تۈنجى بولۇپ ئون مىڭ تەڭگە چىقىرىدىغان بولغان ۋە شىركەتنى ئەرزان ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن رۇسىيەگە ماڭىدىغان ئىشلەمچىلەرنى توسماقچى بولغان. ئاخىرىدا شىركەتكە ئاران 12 مىڭ تەڭگە يىغىلغان بولۇپ بۇ بىر يىغىن زالى سېلىش ۋە خوتەن، تۈرپانلاردىكى كان بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بىر رۇس مەدەن مۇتەخەسسىسى ياللاشقا يەتكەن؛ بۇ مۇتەخەسسىس مۇسابايۋلارنىڭ رۇسىيەدىكى ئالاقە تورى ئارقىلىق تەكلىپ قىلىنغان. كېيىنكى يىلى چۈشكەن پەرمان بويىچە يەرلىك ئاپتونومىيەگە رىغبەت بېرىلگەن. يەن خوگىيوۋ چەك ئوردىسىنىڭ بۇ پەرمانى بويىچە قەشقەردە بىر شەھەرلىك كېڭەش تەشكىللەپ بايلارنى يېڭى سىياسەتنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە

www.uyghurkitap.com

ياردەم بەرگۈزمەكچى بولغان. برىتانىيە كونسۇلى بۇنى «مەسلىھەت كېڭىشى» دەپ ئاتسا، قەشقەرلىكلەر رۇسىيەگە ئوخشىتىپ «قەشقەر دۇماسى» دەپ ئاتىغان. يەھيا خوجىيۇ بايلاردىن يىگىرمە كىشىنى كېڭەش ئەزاسى قىلىپ تاللاپ چىقىشقا بۇيرۇپ ئۇلارغا ھۆسەيىن مۇسابايىنى سايلام قىلمايلا باش قىلىپ قويغان.

مۇسابايلار بىلەن ئاخۇنبايلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت سەۋەبلىك بۇنداق بىر بىرلىكنىڭ ئۇزۇنغا داۋام قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دوتەي «قەشقەر دۇماسى» قۇرۇش بىلەنلا قالماي يەنە لىجىن يىغىشنىڭ يېڭى شەكلىنى يولغا قويۇشقىمۇ باشچىلىق قىلىۋاتاتتى، بۇ ئارتۇچ ۋە قەشقەر بايلىرى ئارىسىدىكى رىقابەتنى يېڭى بىر مەيدان بىلەن تەمىنلىدى. لىجىن پۈتۈنلەي ئاخۇنبايلارغا سېتىۋېتىلگەچكە يەھيا خوجىيۇ قەشقەردە سودىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلالمىغان، قەشقەرنىڭ لىجىن كىرىمىمۇ تۆۋەنلەپ كەتكەن. 1908-يىلىغا كەلگەندە قەشقەرنىڭ لىجىن كىرىمى 200 يامبۇ (10 مىڭ سەر) بولۇپ قالغان. پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان مۇساباي يەھيا خوجىيۇغا يىلىغا 300 يامبۇ (15 مىڭ سەر) بېرىپ لىجىن يىغىش ھوقۇقىنى ئاخۇنبايلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالماقچى بولغان. بۇ ئىش يەھياگە رايوندىكى سودىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ئېيتىپ بەرگەن. يەھيا بۇنداق ھەرقايسى يۇرتتىكى بايلارنى بىر بىرىگە دۈشمەن قىلىپ ئويۇن كۆرۈشنىڭ ئورنىغا، شىنجاڭدىكى باشقا دوتەي مەھكىمىلىرىگە ئوخشاش لىجىن يىغىش ھوقۇقىنى خىتاي تاموژنىسىغا ئۆتكۈزۈپ ئېلىشنى قارار قىلغان. 1908-يىلى 9-ئايدا تاموژنا بېجى ئىككى قاتلانغان بولۇپ 3% تىن 6.5 پىرسەنتكە ئۆرلىگەچ، قەشقەردىكى دۇكانچىلارنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان ۋە ئۇلار ئىشىكلىرىنى قەرەلسىز تاقاپ قويغان. نەتىجىدە يەھيا خوجىيۇنىڭ پاي شىركىتى ۋە قەشقەر دۇماسى ئىش باشلىمايلا مەغلۇپ بولغان.

## شامی داموللا ۋە قەشقەردىكی مەكتەپ مەسلىسی

قەشقەردە جەدىتچە مەكتەپ قۇرۇش غۇلجىدا قۇرۇلغاندەك ئاسان بولمىغان. قەشقەردە شەرقی تۈركستاننىڭ شىمالىغا قارىغاندا كۆچلۈك بىر مەدرىسلەر توری شەكىللەنگەن بولۇپ هەممىسی ئۆلىمالارنىڭ نوپۇزی ئاستىدا ئىدی ، شۇڭا مەكتەپ مەسلىسىدە ئۇلارنىڭ پىكری تارازىغا ئۇلتۇراتتی. ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭىچە مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ نام چىقارغان تاتار مۇئەللىملەرگە قەشقەر ۋە يەكەندە قوللىغۇچی تاپماق ئوڭاي ئەمەس ئىدی. چۈنكی بۇ يەردە مۇدەررىس بولۇش ئۈچۈن چوقۇم بۇخارا ۋە ئىستانبۇلغا بىرىپ كونىچە مەدرىسەدە يىللاپ ئوقۇغان بولۇشی كېرەك بولۇپ ، ئۇلار تاتارلارنىڭ قازاندىكی زامانىۋی مائارىپىنی ئېتراپ قىلمايتتی. هۇسەيىن مۇسابايۋنىڭ غۇلجىدىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىشی بىلەن قەشقەر ۋە ئارتۇچ بايلىری ئوتتۇرىسىدىكی رىقابەت كۈچەيگەن ، ئەگەر بۇنىڭغا ئۇ ئېلىپ كەلگەن يېڭىچە مائارىپ تەشەببۇسی قوشۇلسا ئەنئەنە توقۇنۇشی كېلىپ چىقىشی ئېنىق ئىدی.

1907-يىلی هۇسەيىن مۇسابايۋ قەشقەردە ئىئانە توپلاپ بىر ساخاۋەت ئورگىنی قۇرۇش ئۈچۈن غەيرىي رەسمی يىغىلىش قىلىشقا باشلىغان ، مەقسەت غۇلجىدىكىگە ئوخشاش يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇش ئىدی. برىتانىيە كونسۇلی جورج ماكارتنی بۇ هادىسىگە ئىجابىي پوزىتسىيە تۇتقان ۋە «بۇ جايلار مۇسۇلمانلارنىڭ يىغىلىدىغان نۇقتىسی بولۇپ قېلىشی مۇمكىن» دەپ قارىغان. بۇ پىلان ئۈچۈن هۇسەيىن مۇسابايۋ ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە مەنسۇپ ئەرەب سەئىد بىن مۇهەممەد ئەلسالی (1870-؟) بىلەن هەمكارلاشقان. بۇ كىشی شەرقی تۈركستاندا شامی داموللا (يەنی سۇرىيەلىك داموللا) دەپ ئاتىلاتتی. شامی داموللا ئوسمان ئىمپېرىيەسی ۋە هىندىستاندىكی سەلەفىيلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشی بولۇپ جەدىتچىلىك هەرىكىتىنىڭ مەسئۇلی ئەمەس ئىدی. شامی داموللا ئەينی چاغدا ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە مەنسۇپ سۇرىيەنىڭ تىرىپولىدىن بولۇپ ، 1890-يىللىری شىمالی هىندىستاندا مەدرىسلەردە ئوقۇغان ۋە بىر مەزگىل هەيدەرئاباتتىكی بىر مەشهۇر مەدرىسىدە ئەرەب تىلىدىن دەرس بەرگەن. ئۇ ئەسىر ئالمىشىدىغان پەيتلەردە ئىستانبۇلغا قايتقان ۋە ئۇ يەردە بىر نەچچە ئاي «مەلۇمات» دېگەن گېزىتنىڭ ئەرەبچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇسخىسىغا مۇھەررىر بولغان. ئۇزاققا قالماي ئابدۇلھەمىدخاننىڭ ئاخبارات ئەركىنلىكىنى باستۇرۇشى سەۋەبلىك شامى داموللا مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتكەن. ئۇ ئالدى بىلەن مىسىرغا بارغان ، ئاندىن ھىندىستاندىن ئۆتۈپ 1901-يىلى شىنجاڭغا كەلگەن. تۇنجى كېلىشىدە ئۇ بەك كۆزگە كۆرۈنمىگەن ۋە قەشقەردە ھەدىس دەرسى بەرگەن. 1907-يىلى ئىككىنچى كېلىشىدە ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى بىر زامانىۋى ئىسلامنىڭ تەشەببۇسچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان.

قەشقەردىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان مەكتەپ ئىسلاھاتى تەشەببۇسى 1907-يىلى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن خىتاينىڭ يېڭى مائارىپ سىياسىتى بىلەن دەل كېلىپ قالغان. يەرلىكلەرگە بۇ ئىككى ئىش ئوخشاش بىلىنەتتى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە سوئال تاشلايتتى. يېڭى شۆتاڭ ئېيتىلىشتا مەجبۇرىي بولغان بىلەن ئىقتىساد قىيىنچىلىقى ئېغىر ئىدى. بۇ مەكتەپ مۇسابايېۋ ۋە ئاخۇنبايېۋلارغا ئوخشاش پۇلدارلارنىڭ قوللىشىغا موھتاج ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا قويغان مەكتەپلەرنىڭ باش مۇپەتتىشى ، مانجۇ دۇ توڭ (1864-1929) ئىسلاھ قىلىنغان شۆتاڭلاردا مۇسۇلمان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بولۇشىنى رەت قىلمىغان. ئەكسىچە ئۇ شىنجاڭدا مۇسۇلمان ئوقۇتقۇچىلار مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بەرسە خىتاي ئوقۇتقۇچىلارنى  شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا ئەۋەتكەندىن ياخشى بولىدۇ دەپ قارىغان. قەشقەر ئەمەلدارى يۈەن خوڭيوۇمۇ يۇقىرىقىدەك قاراشتا ئىدى. ئۇ مەكتەپ ئىسلاھاتچىلىرى بىلەن رىقابەتلىشىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى قوللاشقا مايىل بولغان ۋە مۇسابايېۋلارنىڭ ساخاۋەت جەمئىيىتىنى قوللىغان. ھەمدە مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارنىمۇ قوبۇل قىلىدىغان بىر شۆتاڭنى شۇ جەمئىيەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

قەشقەردىكى جەدىتچە مائارىپ بىر ياخشى كەلگۈسىنىڭ ، شۇنداقلا بىر ئاۋارىچىلىكنىڭ باشلىنىشى بولدى. شامى داموللام ھۈسەيىن مۇسابايېۋنىڭ ئۆز پىكىرلىرىنى ئاڭلايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما ، ئۇ قەشقەردە كۆپ كىشىلەر بىلەن كونا مەدرىسچە مائارىپنىڭ سۈپىتى ھەققىدىكى تەنقىدلىرى سەۋەبلىك دۈشمەنلىشىپ قالغان. شۇ چاغلاردا رۇس كونسۇلى بىلەن كۆرۈشكەن شامى داموللام ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى ئۆلىمالار بىلەن مۇناسىۋەتتە سىقىلىشتا

ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان. ئۇ 1908-يىلى ھېيتگاھ جامەسىدە مەكتەپ ئىسلاھاتى ھەققىدە توختىلىپ قەشقەر ئۆلىمالىرىنى ئەيىبلىگەن. ئۇ سۆزىنى تاماملاشتىن بۇرۇن شۇ مەيداندا ئۆمەر ئاخۇنبايېۋنىڭ بىر ئادىمى سەكرەپ قوپۇپ شامى داموللامغا ۋارقىرىغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بۇ جېدەل دوتەي يامۇلىغا يېتىپ بارغان ئىكەن. يەن خوگيوۇ مۇسابايلار تەرەپتە تۇرۇپ ئاخۇنبايلارنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىغان قەشقەر قازىسىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان.

زىددىيەتنىڭ تۈگۈنىگە پىكىر ئىختىلاپى ئارىلاشمىغان دېيەلمەيمىز. قەشقەر ئۆلىمالىرى نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە يېقىن بولۇپ بۇ شامى داموللا تەرغىب قىلىدىغان ھەدىس مەركەزلىك دىنى چۈشەنچىلەردىن پەرقلىق ئىدى. ئەمما شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ئەينى چاغدا قەشقەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ زىددىيەتنىڭ بۇ تەرىپىنى ئىلغا قىلالىشى تەس ئىدى. كۆپ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، جاھان كۆرگەن مۇسابايېۋلار قەشقەرنىڭ دوتىيى بىلەنمۇ، رۇسىيەنىڭ ئەلچىسى بىلەنمۇ باش قوشالايدىغان ئوسمان ئىمپېرىيەسىدىن كەلگەن گۇمانلىق بىر سەرگەردانىنى يېنىغا تارتىپ،  قەشقەرنىڭ قازىكالانىنى تارتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن ئىدى. بۇ سەۋەبتىن قەشقەر خەلقىنىڭ مۇسابايېۋلار قۇرغان ساخاۋەت جەمئىيىتىگە بولغان ھېسداشلىقى تۆۋەنلىگەن. رۇس كونسۇلىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ساخاۋەت جەمئىيىتى قۇرماقچى بولغان جەدىتچە مەكتەپنىڭ چىقىمى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا ئەزالار ئىككىلەنگەن ۋە  مۇساباي ۋە ئاخۇنبايلار زىددىيىتىدىن كېيىن مەكتەپ ئىشى سۇغا چىلاشقان. 1909-يىلى برىتانىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت كونسۇلى مۇسابايېۋلار ھەرىكىتىنىڭ  قەشقەردە تۈزۈك ئىز قالدۇرالمىغانلىقىنى بايقىغان، چۈنكى قەشقەردە بىر قانچە ئوقۇمۇشلۇق كىشىدىن باشقا ئادەم قازاندا قۇرۇلغان «جەمئىيەتى خەيرىيە» نى بىلمەيتتى، شۇڭا بۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئورگاننى قەشقەردە پەيدا قىلىش كىشىلەرنىڭ خىيالىدا يوق ئىدى. نەتىجىدە مۇسابايېۋلار قەشقەردىن چېكىنىپ يۇرتى ئارتۇچتا بىر كىچىك جەدىتچە مەكتەپ ئاچقان، دەرسلىكلەرنى قازاندا تاتارلارنىڭ نەشرىياتىدىن باستۇرۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەشقەردە مەكتەپ ئىسلاھاتى قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان دەملەردە شۋېتلارمۇ ئاقساپ قالغان. ئىئانچىلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن چىڭ ئەمەلدارلىرى مەكتەپتە ئىسلامنىڭ دەرس قىلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1909-يىلى ئۆمەر ئاخۇنبايېۋ بىلەن ھۈسەيىن مۇسابايېۋ ھەر بىرى يەرلىك شۋېتلارغا 3 مىڭ سەر تەڭگە ئىئانە قىلغان. باشقا قەشقەرلىك سودىگەرلەردىن 5 مىڭ سەر تەڭگە توپلانغان. شۋېتلار ئۈچۈن مەبلەغ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش باشقا يەرلەردە بولغاندەك ئۇنداق ئوڭۇشلۇق بولمىغان. خوتەندە ئەمەلدارلار تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەنلەردىن زورلاپ باج ئالغان بولۇپ ، بۇ ئىسلامدا ھېچ كۆرۈلمىگەن بىر ئىش ئىدى. خوتەننىڭ باش قازىسى بۇ ئىشنى دىنغا مۇۋاپىق دەپ ھۆكۈم قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما باشقا مولللار ئۇنىڭ بۇ ھۆكۈمگە قارشى پەتۋا بەرگەن ۋە ئۇنى ئىمانسىزغا چىقارغان. ئەمەلدارلار پۇقرالارنى شۋېتاك قۇرۇلۇشىغا ماتېرىيال ئىئانە قىلىشقا مەجبۇرلاپ ، ئۇلارنى تېخىمۇ قارشى بىر قۇتۇپقا ئىتتەرگەن. بۇ ھالدىن ئەنسىرىگەن برىتانىيە كونسۇلى ئۈرۈمچىگە مەكتۇپ يوللاپ ئەھۋالنى دوكلات قىلغان. ئۈرۈمچىدىن جەنۇبقا ئىككى كىشى پاكىت توپلاشقا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىلگەن. نەتىجىدە شۋېتاكقا ئۆزگىرىش كىرىپ ختايچە ئوقۇتۇشتىن باشقا موللىلارغىمۇ دەرس بېرىش پۇرسىتى بېرىلگەن. قەشقەردىكى ئەمەلدارلار بۇ ئىشتا بىر مۇرەسسەگە كەلمەكچى بولۇپ قازى بىلەن كېڭەشكەن. كېڭەشتە مەدرىسىدە ختايچە ئۆتۈش ۋە شۋېتاك بىلەن مەدرىسىنى بىرلەشتۈرۈش ئېھتىماللىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ، قازى بۇنىڭغا قارشى پىكىردە بولمىغان. ۋەھالەنكى ، پىلان جاكارلانغاندا بىر گۇرۇھ لۈكچەك قازىغا ھۇجۇم قىلىپ تامغىسىنى تارتىپ ئالغان.

قەشقەردە ئۆز نەزىرىدىكى تەرەققىيپەرۋەرلىك نىشانىغا يېتەلمىگەن شامى داموللام شىمالغا سەپەر قىلىپ شەرىئەتكە خىلاپ دەپ قارىغان ئىشلارنى توسۇشنى داۋام قىلغان. بولۇپمۇ كەڭ ئومۇملاشقان مازار تاۋاپچىلىقى ئۇنىڭ تەنقىد ئوبيېكتىغا ئايلانغان. ئۇ شىنجاڭدىكى ئەڭ مۇقەددەس بولغان مازارلارنىڭ بىرى بولغان تۇرپان تۇيۇقتىكى ئەسھابۇل كەھف ھەققىدىكى ساختا رىۋايەتلەرنى ئېچىپ تاشلايدىغان بىر ماقالە يازغان. شامى داموللىنىڭ بۇ تەنقىدلىرى موللا مۇسا سايرامىنى قايىل قىلغان بولۇپ ، بۇ ھەقتە ئۇ ئۆزىنىڭ «تارىخى ھەممىدى» ناملىق كىتابىدا

توختىلىپ ئۆتكەن. شامى داموللا شىنجاڭدىكى باشقا يەرلەردە ياخشى تەسىراتلارنىمۇ قالدۇرغان ، مەسىلەن ، ئۇ چۆچەككە بارغاندا رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىدىن بولغان قۇربانغالى خالىدى ئىسىملىك تەرەققىيپەرۋەر ئىمام كىشىنى ئۇچراتقان بولۇپ ، بۇ كىشى ئۆزى تۈزۈۋاتقان تەرجىمىھال تۈسىدىكى لۇغەتكە شامى داموللىنى «ئېسىل ، ئوقۇمۇشلۇق ۋە ئالىم كىشى ئىدى»-دەپ كىرگۈزگەن.

شامى داموللا كۇچادىن ئۆتتۈۋاتقاندا ياپونىيەلىك ھىنو تسۇيوشى ئىسىملىك بىر ئوفىتسېر بىلەن ئۇچراشقان ۋە ياپونىيەگە تەكلىپ قىلىنغان. ئۈرۈمچىدىكى رۇس كونسۇلى بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇ يىراق شەرققە سەپەر قىلىش نىيىتىدە بولغان ، بىراق ئۇ قارارىنى ئۆزگەرتىپ رۇسىيەگە تەۋە تۈركىستان ئارقىلىق ئاناتولىيەگە قايتقان ۋە يولدا ھەدىس پېشۋاسى ئىمام بۇخارىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغان. ئىستانبۇلنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىش شامى داموللامنىڭ قايتىشىغا سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. 1908-يىلى ياش تۈركلەر سۇلتان ئابدۇلھەمىدخاننى ئاساسى قانۇن ئېلان قىلىش ۋە ھوقۇقتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىغان. 1909-يىلى سۇلتان تەختتىن چۈشۈرۈلگەن. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبلىك شامى داموللامغا ئازادىلىك بولۇشى مۇمكىن ئىدى ، ئەمما غەربپەرەس ياش تۈركلەر ئەرەب مىللىتىدىن بولغان بۈرۈنقى ئوسمانىيە موللىسىنى قۇچاق ئېچىپ قارشى ئېلىشى مۇمكىنچىلىكتىن يىراق بىر ئىش ئىدى. بۇ شامى داموللامنىڭ ئىستانبۇلدا نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى خىتاي تۈركىستانىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەكىلى ، قەشقەرنىڭ شەيخۇلئىسلامنى دەپ تونۇشتۇرغانلىقىنىڭ سىرى ئىدى. بۇنداق جاھان كۆرگەن بىر موللىنىڭ بولۇشى شۇ ئەتراپتىكى دىنى جامائەتنى ھاياجانغا سالغان ، ئىسلامچى ئاتالغان «بەيانۇلھەق» (ھەقىقەتنىڭ بايانى) دېگەن بىر ئايلىق ژۇرنال ئۇنىڭ بىر نۇتقىنى ئېلان قىلغان. نۇتۇقتا ئۇ چىك سۇلالىسى پادىشاھى گۇاڭشۈيخاننىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىنى مەدھىيەلىگەن. سۇلتان مەھمەت رەشاد (1909-1918 يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن) ئۇنى ئىززەت-ئىكراملار بىلەن قارشى ئالغان ۋە ئۇنىڭغا قەشقەر مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تال ساقىلى ۋە دىنى كىتابلارنى ھەدىيە قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمما ، شامى داموللامنىڭ خەلىپە ھۆزۈرىدىكى چاغلىرى ئۇزۇنغا بارمىغان. بىر قەشقەرلىك كىشى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ساختىكار دەپ شىكايەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىنچى قېتىم ئوسمان تېررىتورىيەسىدىن قوغلانغان. ئوسمانلى تېررىتورىيەسىدە ئىككى قېتىم «قارشى ئېلىنمايدىغان ئادەم» ئاتىقىنى ئالغان شامى داموللا شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن. 1911-يىلى شامى داموللا قەشقەرگە قايتقاندىن كېيىن كىشىلەرنى توپلاپ سۇلتانغا بىر ئىمزالىق خەت يازغان ، خەتكە 165 يەرلىك مۇسۇلمانلار ئىمزا قويغان بولۇپ شامى داموللامنىڭ قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكى ئوچۇقلانغان. خەتتە سۇلتاننىڭ ھەدىيەسىگە رەھمەت ئېيتىلغان ۋە «بىز مەۋلانا سەييىد شامى داموللامنى 1910-يىلى خاندانىڭىزغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن ، بىز بۇ زات يېنىمىزدىكى چاغدا ئۇنىڭ تەلىملىرىدىن ئوزۇق ئالدۇق ، ئۇنى بىز جامائىتىمىزنىڭ ئىلغار ئەزاسى دەپ قارايمىز. يېقىندا ئاڭلىشىمىزچە بىر قىسىم بولمىغۇر ئادەملەر بۇ كىشى ئۈستىدىن ھۆزۈرىڭىزغا ئەرز قىلىپتۇ. بىز جانابىڭىزنىڭ بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەسلىكىڭىزنى سەممىي ئۆتۈنىمىز.» دېگەنلەر ئىلاۋە قىلىنغان. ئۆزىنى قامداشقا باشقا چارە تاپالمىغاچقا شامى دامولا ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە ئىئانە توپلاش ئىشىدا تولا گەپكە قالغان. 1913-يىلى بىر گورۇپپا ئەرەب ئۇنى يەرلىك ھاكىمىيەتكە چاققان ، نەتىجىدە ھۆكۈمەت توپلانغان پۇل ۋە ئۇ ئىستانبۇلدىن ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساقىلىنى تارتىۋالغان. بۇنىڭغا جاۋابەن ئۇنىڭ دوستلىرى ئوسمان سۇلتانىغا يەنە خەت يېزىپ ئۇنىڭدىن بۇ ئىشقا رۇس كونسۇلىنى ئارىغا سېلىپ ھەل قىلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. ئۇلار شامى داموللامنىڭ تەرىپىنى قىلىپ «بۇ بىر ئۇلۇغ ۋە بىلىملىك كىشى ؛ بۇ كىشى 15 يىلدىن بېرى زېمىنىمىزدا ئىلىم تارقاتتى ، ھەممىمىزنىڭ ھۆرمەت ۋە ئىشتىياقىمىزنى قوزغىدى» دەپ يازغان.

شامى دامولا يازدۇرغان بۇ گەپلەرنىڭ قانچىلىكى راست ، قانچىلىكى يالغان ، قەشقەر خەلقى زادى شۇنداق ئويلىغانمۇ يوق دېگەنلەرنى ئايرىپ بولمايدۇ. تۈركىيەدىن شىنجاڭغا كەلگەن تۈرك سەيياھلار شامى داموللامنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ نەپ ئالغان بىر ساختىپەز ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. ئەمما نېمىلا دېيىلمىسۇن ئۇنىڭ يەرلىك

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ياردەمگە ئېرىشكەنلىكى ئەمەلىيەت. بۇ ۋاقىئەلەر بىزگە شۇنى كۆرسىتىدۇكى ، ئىستانبۇل بىلەن قەشقەرنىڭ مۇناسىۋىتى پەرقلىق ئارقا كۆرۈنۈش ۋە سىياسىي كىملىككە ئىگە كىشىلەرنىڭ ۋاستىچىلىكىدە داۋام قىلغانلىقى ئۈچۈن ئوسمان ئىمپېرىيەسىدە يۈز بەرگەن سىياسىي غەلۋە — غوۋغالار خىتايغا ئوخشاش بىر يىراق يەرگىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. دىنى جەھەتتىن ياش تۈركلەرگە قارشى بولغان شامى داموللا خىتايدىكى مۇسۇلمان خەلقىنىڭ خەلىپىلىككە بولغان سۆيگۈسىنىڭ سايىسىدە ھۆرمەتكە ئېرىشىپ كەلگەن. بۇ يەردە سوراشقا تېگىشلىك مەسىلە شامى داموللامنى ئىستانبۇلدىن قوغلاپ چىقارغان ياش تۈركلەر شىنجاڭدا ئوسمان ئىمپېرىيەسىدەك قارشى ئېلىنامدۇ يوق دېگەندىن ئىبارەت.

## قەشقەرلىك جەدىتچى ئابدۇقادىر داموللا

جەدىتچىلىك ھەققىدە ھازىرغىچە بىز ئىچكى ئامىلدىن بەكرەك سىرتقى ئامىل ھەققىدە توختالدۇق ، ئابدۇقادىر داموللام دەل مۇشۇنداق ئىچكى ئامىل سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئابدۇقادىر داموللا ئارتۇچتا تۇغۇلغان ، قەشقەردىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ 1891-يىلى بۇخاراغا بېرىپ ئوقۇشتىن بۇرۇن قوقەن مەدرىسىگە كىرگەن. بۇخارادا سەككىز يىل تۇرغان. ئۆز بايانىچە ئۇ ئىبنى تەيمىيە ، ئىبنى قەييۇملارغا ئوخشاش كلاسسىك دىنى ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپلا قالماي ، زامانىۋىلىق تەرەپدارلىرىدىن جامالىدىن ئافغانى ، مۇھەممەد ئابدۇھ قاتارلىقلارنىڭ يازغانلىرىنىمۇ مۇتالىئە قىلغان. شۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇ ئىسلاھاتچىلىق پىكرىنىڭ بۇخاراچە ۋارىيانتى بىلەن تونۇشقان بولۇشى مۇمكىن. قەشقەرگە قايتقاندىن كېيىن 1906-يىلى ھەجگە ئاتلانغان ۋە مىسىردا توختاپ ئىسلام دۇنياسىدىكى دىنى ئوقۇتۇشنىڭ مەركىزى بولغان ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلغان. بۇ سەپەرنىڭ ئاخىرىدا ئۇ يېڭىچە مەكتەپلەر ئۈچۈن بىر يۈرۈش دەرسلىكلەرنى نەشر قىلدۇرۇشقا باشلىغان. بۇلارنىڭ تۇنجىسى ئەرەبچە ئۆگىنىشكە بېغىشلانغان «مىفتاھىل ئەدەپ (ئەدەبىيات ئاچقۇچى)» ، كېيىنكىسى دىنىي رىسالە «ئەقائىد جەۋھەرىيە (ئەقىدە جەۋھەرلىرى)» دۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى رۇسىيەلىك مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىققىتىنى تارتقان. بۇ كىتابلارنى ئوقۇغان بىرەيلەن بۇخارا مەدرىسىدە ئوقۇغان بىر كىشىنىڭ ئەرەبچىنى بۇ قەدەر پۇختا ئۆگەنگەنلىكىگە ھەيران قالغان. سابىرجان شاكىرجانوۋ دېگەن بىر باشقىرت مۇدەررىس ئالمۇتادا ئابدۇقادىر داموللام بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ ئەرەبچىسىنى ئاڭلاپ مىسىر ياكى سۇرىيەلىك ئۆلىما دەپ قالغان. دېمەك ، رۇسىيەلىك مۇسۇلمانلارنىڭ بۇخارا ۋە قەشقەردىكى ئوقۇتۇشقا بولغان كۆز قارىشى ئەنە شۇنداق ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللام مۇسابايلارنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن رۇسىيە تۈركىستانىدىن ئالمۇتا ئارقىلىق غۇلجىغا قايتقان. بۇ چاغدا مۇسابايلار چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرقى يىللاردا ئەمەلدارلار ۋە سودىگەرلەرنى بىرلەشتۈرىدىغان سىياسەتلىرىدىن نەپلەنمەكتە ئىدى. 1908-يىلى غۇلجىغا يېڭى ئارمىيە كېلىشى بىلەن يەرلىك سانائەتتە بىر ئىشىش كۆرۈلگەن ئىدى. يېڭى ئارمىيەنىڭ كۆن-خورۇم مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قامداش ۋە رۇسىيە بىلەن رىقابەت قىلىش ئۈچۈن ئىلىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى چاڭ گېڭ بىر يۇڭ-تېرە شىركىتى قۇرغان. بۇ بىر ھەسسىدارلىق شىركىتى بولۇپ پايىنى چاڭ گېڭ ، موڭغۇل ۋە مانجۇ ئوفىتسېرلىرى كونترول قىلغان. بۇ شىركەت مۇسابايلار بىلەن ھەمكارلاشقان بولۇپ 400 مىڭ سەر تەڭگە مەبلەغ سېلىش ھېسابىغا ئۆز زاۋۇتىنى ئىلى تېرە شىركىتىگە تەۋە قىلغان. باھاۋۇددىن مۇسابايېۋ گېرمانىيەگە بېرىپ يېڭى ئۇسكۇنە ۋە ئىنژېنېر تەكلىپ قىلىپ كەلگەن. بىرىنچى يىلى مۇسابايېۋ يېڭى ئارمىيە بەرگەن ئىككى مىڭ ئۆتۈك زاكىسىغا ئېرىشكەن ، ئىككىنچى قېتىم يەنى 1909-يىلى بەش مىڭغا چىققان. چاڭ گېڭ يەنە ئېگەر ۋە ئەسكىرىي پورما ئۈچۈن رەخت قاتارلىقلارنى مۇسابايلارغا بۇيرۇتقان.

غۇلجىدا جەدىتچىلىككە مايىللىق شەكىللەنمەكتە ئىدى. ئابدۇقادىر داموللا سۈيدۈڭدە «خىزمەتى دىن» دېگەن نامدا قۇرۇلغان بىر ساخاۋەت جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ۋە غۇلجىدىكى يەنە بىر ئىسلامى ئىلغارلىق جەمئىيىتى دەپ ئاتالغان جەمئىيەتنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان. غۇلجىنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىشتە بۇ ھالغا كېلىشىگە تاتار مۇھاجىرلىرىنىڭ ئۈلگىلىك رولىدىن باشقا شىنجاڭدىكى جۇمھۇرىيەتچى خىتايلارنىڭ پۇرسەت يارىتىپ بېرىشىمۇ سەۋەب

بولغان. غۇلجىدىكى يېڭى ئارمىيەنىڭ قوماندانى ياڭ زەڭشۈ خۇبېينىڭ ۋۇچاڭدىن بولۇپ ئىلغار كىشى ئىدى. ئۇ 1908-يىلى غۇلجىغا كېلىپ قىلغان ئەڭ كەسكىن ئىش مەتبۇئاتنى يولغا قويۇش بولۇپ ، «يىلى بەيخۇا باۋ» (ئىلى ئاۋام گېزىتى) نامدا شىنجاڭدىكى تۇنجى خىتاي تىلىدىكى گېزىتنى چىقارغان. بۇ خىتايچە گېزىت 1910-يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان. ئابدۇقادىر داموللام بىلەن ئىسلامى ئىلغارلىق جەمئىيىتىدە بىللە خىزمەت قىلىدىغان ئابدۇلقەييۇم ھىفزى دېگەن يەرلىك تاتار كىشى ياڭ زەڭشۈ نەشر قىلدۇرۇۋاتقان خىتايچە گېزىتنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى» نى چىقارغان. بۇ شىنجاڭ زېمىنىدا تۇنجى قەرەللىك جەدىتچە گېزىت بولۇشى مۇمكىن.

«ئىلى ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى» قولدا يېزىلغان بولۇپ ئىككى ھەپتىدە بىر سان چىقىرىلاتتى. ئىپتىشلارغا قارىغاندا تىلى «قازاقچە ئارىلاشقان ئۇيغۇرچە» ئىكەن. بۇ گېزىتنىڭ چىقىرىلىشى رۇسىيەگە تەۋە تۈركىستاندا مەتبۇئاتلار تاقالغان ۋاقىتقا توغرا كەلگەن بولغاچقا داڭلىق تاتارچە گېزىتلەردىن «ۋاقىت» ۋە «تەرجىمان» قاتارلىقلارنىڭ قوۋۋەتلەشلىرىگە ئېرىشكەن ، ھەمدە بەزى مۇھىم دەپ قارالغان ماقالىلەر تاللاپ ئىشلىتىلگەن. گېزىتتە خىتايچە نۇسخىدىن تەرجىمە قىلىنغان مەزمۇنلار بولغاندىن باشقا جەدىتچە مەكتەپلەر ھەققىدە ، زاماندا شەپقەت ۋە ئەركىنلىكنىڭ يېتەرسىزلىكى ، ۋە شىنجاڭدا كۆتۈپخانىلارنىڭ يوقلۇقى ھەققىدە ماقالىلەر بولغان. گېزىتتە جەدىتچە مائارىپ ئۈچۈن رۇسىيەنىڭ ئەمەس خىتاينىڭ بەكرەك مەدەتكار ئىكەنلىكى يېزىلغان. «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى» سىياسي جەھەتتە رۇسىيەنىڭ تەپتىشلىرى يول قويمايدىغان تېمىلارنىمۇ باسقان. مەسىلەن ، جاھانگىرلارنىڭ مۇسۇلمانلار ۋە سېرىق تەنلىكلەرگە زۇلۇم قىلىۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تۈركلەر خىتايلارغا ئوخشاشلا سېرىق تەنلىك ئىدى. گېزىتنىڭ تەشەببۇسىچە ، شىنجاڭدىكى ئاھالە ئىرقى بىرلىك بويىچە ئىتتىپاق تۈزۈپ رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادا يولغا قويۇۋاتقان پان-خىرىستىيان ۋە پان-ياۋرۇپاچىلىققا قارشى چىقىشى ، مائارىپ ۋە پەنگە ئۆزلىرىنى بېغىشلىشى كېرەك. گېزىتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆتىنچى ساندا يەنە «ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېگەن ھەدىس تىلغا ئېلىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ خىتاي دۆلىتى تەرەپدارى بولۇشى دەۋەت قىلىنغان.

ئەمما، غۇلجىدا ھەممە ئىشلار بۇنداق كىشىنى رىغبەتلەندۈرىدىغان ئەھۋالدىمۇ ئەمەس ئىدى. چۈنكى خىتاينىڭ باشقا يەرلىرىگە ئوخشاشلا، 1911-يىلدىكى ئىنقىلابنىڭ ھارپىسىدىكى تەرەققىيپەرۋەر سىياسەتلەر ئەيىنى دەۋردىكى بىپەرۋا ھالەتتىكى خەلققە يولۇققان ۋە گۇمانخور چىڭ ئوردىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ئىدى. 1911-يىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوردىدا مانجۇلار ئاساس قىلىنغان يېڭى كابىنېت تەشكىللەندى، شۇنىڭ بىلەن ئاران تۇرغان مانجۇلارغا قارشى خىتاي رادىكال مىللەتچىلىرى جىددىي ھەرىكەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىشتى. مانجۇلارنىڭ ئاخىرقى مەركەزلەشتۈرۈش تىرىشچانلىقى شىنجاڭدىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭ مىسالى، ئىلىدىكى ئەسكىرى كۈچلەرنىڭ موڭغۇل قوماندانى گۇاڭفۇ ئېلىپ تاشلىنىپ ئورنىغا گۇاڭ شۇ خاننىڭ كېنىزەكلىرىدىن بىرىنىڭ مانجۇ نەۋرە تۇغقىنى قويۇلدى. جى رۇي ئىسىملىك بۇ مانجۇ قوماندان چىقىپلا جۇمھۇرىيەتچىلەرگە قارشى چىقىپ، يېڭى ئارمىيەنىڭ مائاش ئىشىدا ياڭ زەنشۇ بىلەن زىددىيەتلەشتى ۋە مائاشنى تۇتۇۋالدى. جى رۇي يەنە يەرلىك مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى جەدىتچە مائارىپقا دۈشمەنلىك قىلىپ، يەرلىك ئىماملارنىڭ ئەرزى بويىچە مەسۇم ئەپەندىنىڭ جەدىتچە مەكتىپىنى تاقاپ قويىدى. ئۇندىن باشقا مەبلەغ قىس دېگەن باھانە بىلەن يېڭىلا نەشر قىلىنىۋاتقان «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى» نى توختىتىپ قويىدى. يېڭى مەتبۇئاتنىڭ ئېچىلىشى مۇمكىن بولمىدى.

ئىلىدا ۋەزىيەت كەسكىنلىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئابدۇقادىر داموللام قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. جەنۇبتا ھالەت غۇلجىدەكلا بۆلۈنۈش ئىچىدە ئىدى. ئەمما، ئابدۇقادىر داموللام شۇ يەرلىك ئىدى ۋە ئۇنىڭ بۇخارا ئۇسلۇبىدىكى جەدىتچىلىك ئىدىيەسى قەشقەرنىڭ چوڭلىرى ئۈچۈن ۋاھابى شامى داموللامغا قارىغاندا ئۇنچىلىك تەھدىتلىك ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۆمەر ئاخۇنبايېۋ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەرگە كېلىشىنى قوللىغان ۋە ئۇنىڭ كىتابلىرىغا مەبلەغ چىقارغان. بۇ كىتابلار ئىسلامنى چۈشەندۈرىدىغان تۈركى رىسالىلەر ۋە تۈركى ئىملا قائىدىسى

بولۇپ 1911-1912-يىللىرى قازاندا نەشر قىلىنغان. ئاخۇنبايېۋلارنىڭ ئابدۇقادىر داموللامنى قوللىشى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى قەشقەردىكى جەدىتچىلىك ھەققىدە توختالغاندا مەسىلىنى ئاق-قارا دەپلا چۈشەنمەسلىك كېرەك. ئەگەر شۇنداق قىلىنسا ئاخۇنبايېۋلار جەدىتچى مۇسابايېۋلارنىڭ قارشىسىغا مۇتەئەسسىپ سۈپىتىدە چىقىپ قالىدۇ. ئۆمەر ئاخۇنبايېۋ نامى ۋە بايلىقىدىن پايدىلىنىپ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ يېڭىچە مائارىپىنى قوللاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىسلاھ قىلىنغان مائارىپنى خالايدىغانلىقى ۋە تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. پەقەت بۇ مەكتەپلەر ئۇنىڭ ئاممىۋى نوپۇزى ۋە ئىقتىسادى مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىقى كېرەك ئىدى. 1912-يىلى ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە ئۆزىنىڭ تۇنجى جەدىتچە مەكتىپىنى ئېچىشقا مۇۋەپپەق بولغان. مەكتەپ تۇنجى ئوقۇغۇچىلىرىنى چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ ئىنقىلاب شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا كېڭەيگەن مەزگىلدە قوبۇل قىلىشقا باشلىغان.

---

گەرچە 20-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئون يىلى شىنجاڭدىكى يېڭى بىر ئىسلاھات روھىغا گۇۋاھ بولغان بولسىمۇ، ئومۇمى جەھەتتىن نەزەر سالغاندا، شىنجاڭدىكى جەدىتچىلىكنى پىلانلىق ئېلىپ بېرىلغان مەدىنى ئاقارتىش ھەرىكىتى دېيىلىشۋاتقان كۆز قاراشقا سوئال قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئىلىدىكى جەدىتچىلىك تاتارلارنى مەركەز قىلغان رۇسىيەدىكى مۇسۇلمانلارغا باغلىنىدۇ. مۇسابايېۋلار قەشقەردە تەرغىب قىلغان جەدىتچىلىككە ئىستانبۇل ئەندىزە تىكلەپ بەرگەن بولۇپ، مۇسابايلارنىڭ ئوسمانلى ئوردىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۇلارنىڭ ئېتىبارىنى كۈچلۈك قىلغان ئىدى. ئەمما، بۇ ئىككى ئېقىمدىكى جەدىتچىلەر ئوخشاشلا ئوسمانىيە سۇلتانىنى تەنقىد قىلىدىغان، ھىندىستاندا مەدرىسەدە ئوقۇغان شامى داموللام دېگەن ئەرەب كىشى بىلەن ھەمكارلىقتا بولۇشنى خالايتتى. رۇسىيەدىكى جەدىتچىلىك ئاساسى مائارىپتا دىنسىزلەشتۈرۈش ۋە دىندىن خالىيلاشتۇرۇشقا نىسبەتەن ئوتتۇرىغا چىققان، شامى داموللامنىڭ شىنجاڭدىكى ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى بولسا شۇ دەۋردە ئەۋج ئالغان ئىسلام دۇنياسىدىكى تىرىلىش، ھەدىس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە قۇرئانغا قايتىش ھەرىكىتىگە باغلىناتتى. ھالبۇكى بۇگۈنكى تەتقىقاتچىلارغا بۇ ئىككى ئېقىم ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا تازا دېگەندەك ئېنىق كۆرۈنمىگەندەك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەردە تەرغىب قىلغىنى جەدىتچىلىكنىڭ ئۆزگىچە بولغان تۈركىستانچە نۇسخىسى بولۇپ، ئۇنىڭ چەكلىك غەلىبىسى قەشقەر بىلەن بۇخارانىڭ تارىختىن بۇيانقى نام-ئابرۇيلۇق ئورنىنى دەستەك قىلغان.

شىنجاڭدىكى دەسلەپكى ئىسلاھاتلار شۇبھىچىلىك ۋە قىزىقماسلىق، ھەممىدە كەسكىن ئۆكتىچىلىك ئىچىدە تىرىكىشىپ، ئەڭ ئاخىردا ھېچ بىرى ئارزۇلانغان نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى بىر زىددىيەتلىك ھالغا كېلىپ قالغان. چىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاجىزلىقى، چېگرالارنىڭ بوشلۇقى ۋە مەمۇرلارنىڭ دىن ئىشلىرىدىكى بىپەرۋالىقى ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىدىيەۋى ئېقىملارنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە شارائىت ياراتقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك مۇسۇلمانلاردىن ئۆزىگە ساداقەتنى تەلەپ قىلىشى بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوسمان خەلىپىلىكىگە تەلپۈنۈشىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل ئەھۋال بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت ئىدى. دۆلەتنىڭ مالىيەسى ئاجىز بولغاچقا بېيجىڭدىن كېلىۋاتقان سىياسەت مۇسۇلمان سەرخىللەر ۋە بايلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك ئىدى، بولمىسا قۇرۇق گەپكە ئايلىناتتى. شۇڭا بۇنىڭغا دىققەت قىلىۋاتقان رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ نەزىرىدە چىڭ يەرلىك مۇسۇلمانلارغا ئاممۇۋى ئاپتونومىيە بەرگەن ھېسابلىناتتى، بۇنداق ئاپتونومىيە 1905-يىلدىن كېيىن رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىغا تېخى نېسىپ بولمىغان ئىدى. 1906-يىلى غۇلجىلىق بىر تاتار يازغۇچى «خىتايلار بىلەن مانجۇلار پەقەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا، دىن ۋە مائارىپ ئىشلىرى يەرلىكلەرنىڭ ئۆز ئەركىدە» دەپ يازغان. شۇڭا بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىغا ئوخشاش ئۇسۇل، شەكىل ۋە دەرىجىدە سىياسىي ھەرىكەتلەرگە ئىنتىلىشىنى ۋە بۇ ئەركىنلىكتىن ئۇلارغا ئوخشاش دەرھال پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىش توغرا ئەمەس ئىدى. تاتار يازغۇچىلارنىڭ چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ شاپائىتىنى

ماختاپ ، يەرلىك خەلقنىڭ نادانلىقنى تەنقىد قىلىشلىرىغا قەشقەر ئۇيغۇرلىرى «سىلەر شۇنچە تەشنا جەدىتچىلىكتىن بىزگە نېمىنى كۆرسەتتىڭلار ؟» دەپ سوئال قوياتتى.

شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى ، شىنجاڭلىق مۇسۇلمانلار چېگرا ھالقىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ مۇستەقىل بىر گەۋدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقان. ئۇلار ئوسمانىيە سۇلتانلىرىغا مۇراجىئەتتە بولغاندا ئۆزىنى چىنى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ياكى خىتاي مۇسۇلمانلىرى دېگەن. چىڭ بىلەن ئوسمان ئىمپېرىيەسى ئارىسىدا رەسمىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ كەملىكى ئۆزىنى يىراقتىكى بۇ مۇسۇلمان مىللەتنىڭ ۋەكىلى دەپ تونۇشتۇرغان شامى داموللامغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا  تۈرتكە بولغان. رۇسىيەدىكى تارانچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي شارائىتلىرى پەرقلىق ئىدى. يەتتەسۇغا كۆچكىنىگە  چارەك ئەسىر بولغان بولسىمۇ ، ئۇلار يەنىلا ئۆزىنى چىڭ دۆلىتى مۇسۇلمانلىرى دەپ قارايتتى. بۇ ۋەلىبايىنىڭ تۆگگان ئۇسلۇبى ئارىلاشقان مەسچىت سېلىشى ۋە ئۆزىنى چىڭ دۆلىتىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ رۇسىيە دۇماسىدىكى ۋەكىلى دەپ قارىشىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. يەتتە سۇدىكى بۇ خىل ئۆزىنى خىتايدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار دەيدىغان كۆز قاراش چەتئەلدىكى قەشقەر مۇھاجىرلىرىنىڭكىدىن پەرقلىق ئىدى: تارانچىلارغا نىسبەتەن بۇ ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئەمەس ، بەلكى ئۆتمۈشتىن قالغان ئورتاق مىراسىنى بىلدۈرەتتى. ۋەلىباي كۆچمەنلەرنىڭ ئۆزىنى چىڭ مۇسۇلمانلىرى دېگەن كىملىك تۇيغۇسىدىن پايدىلانغاندا ، ئۇلارنى دۇنياغا خىتايدىكى مۇسۇلمانلار دەپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى بۇ ئورتاق مىراسنىڭ ئۇلارنى ئەتراپتىكى مىللەتلەردىن پەرقلەندۈرۈپ  تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىدى.

www.uyghurkitap.com

## تۆتىنچى باب.

## ئىمپېرىيەنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ۋە مىللەتلەردىكى ئۆزگىرىش

يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ بېشىدا ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىككى ئۇچىدا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى ۋەقە يۈز بەردى. ھالبۇكى، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار بۇ كاتالىزاتورلۇق ئىككى ۋەقەدىن چەتتە قالغان بولسىمۇ يەنىلا ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يوقىلىشى بىلەن خىتاي نوپۇسى ئاز شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئورنى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. موڭغۇل ۋە تىبەتلەردىن باشقىچە، مۇسۇلمانلار يېڭى قۇرۇلغان خىتاي جۇمھۇرىيىتىنى يەرلىك مۇستەقىللىق جاكارلاش بىلەن قارشى ئالمىدى. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن شىنجاڭدىكى بىر قىسىم يەرلىك سەرخىللەر خىتاي جۇمھۇرىيەتچىلىرى بىلەن ھەمكارلىقتا بولۇش ئارزۇسىنى ئىسپاتلىغان، چىڭنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن بەزى جايلاردا بىر قىسىم ئىسلاھات تەدبىرلىرىگە جان كىرگەن. قەشقەرىيە خەلقىنىڭ بىر كۆڭگەن خۇيى بولغان ئوسمان ئىمپېرىيەسىدىن ئەقىل-تەجرىبە ئىمپورت قىلىش ئاخىرىدا ئۆزگىرىۋاتقان ئىچكى ۋە خەلقئارالىق ۋەزىيەت بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. شىنجاڭنىڭ ھەم رۇسىيە ۋە ھەم ئوسمان ئىمپېرىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى سەۋەبىدىن، 1912-1913-يىللىرىدىكى بالقان ئۇرۇشى 1914-يىلى خەلقئارالىق توقۇنۇشقا ئايلىنىپ كەتكەن شۇ ئەسنادا رۇسىيەنىڭ شىنجاڭغا بولغان ھوشيارلىقى ئاشقان. بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدا خىتاي جۇمھۇرىيەتچىلىرى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ياڭ زېڭشىن (1864-1928) ئورۇمچىدە تەختكە چىققان ۋە ئۇنىڭ ئىنقىلابقا قارشى ھاكىمىيىتى بەرقارار بولغان ئىدى.

بۇرۇنقى مەزگىللەردە شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئىسلام توپلۇمى ۋە چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ يۇقىراسى دەپ قارالغان بولسا، بۇ يىللاردا مىللەتكە مۇناسىۋەتلىك يېڭى پاراكلارغىمۇ مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان. خىتايدا يېڭى قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەت مۇسۇلمانلارنىڭ موڭغۇل، تىبەت،

مانجۇ ۋە خىتايلار بىلەن بىرلىكتە بۇ دۆلەتنى تەشكىل قىلغان  بەش مىللەتنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى ۋە مۇشۇ بەش مىللەت تېچلىقتا ياشايدىغان يېڭى بىر دەۋر ھەققىدە ۋەدە قىلدى. ئەلۋەتتە بۇ ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمىدى. خىتاي تىللىق مۇسۇلمانلار ۋە قەشقەرلىكلەرنىڭ ئارىسىدىكى مۇنەۋۋەرلەر بۇ ئۆزگىرىشنى ئۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ قوللاش ۋە سىياسىي ئاپتونومىيەگە ئېرىشىشىنىڭ پۇرستى دەپ قارىدى. مىللەت ئۇقۇمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ياۋروپادا قۇرۇلغان مىللىي دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، بۇ ئۇقۇم ئىستانبۇل ۋە رۇسىيەدىكى خىتاي پۇقرالىقىدىكى مۇسۇلمان مۇھاجىرلار ئارقىلىق كىرىپ كەلگەن ۋە شۇ دەۋردە تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان. ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئوسمان ئىمپېرىيەسىدە تۈركچىلىك ئوتتۇرىغا چىقىپ ئوسمانچىلىق ۋە ئىسلامچىلىقنىڭ قارشىسىغا ئۆتكەن ، رۇسىيەدىكى مۇسۇلمانلاردىمۇ تۈركلۈك كىملىكى تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغان. بۇ ئىككى ئېقىمنىڭ نۇرغۇن ئورتاقلىقلىرى بار بولۇپ ، ئالدىنقىسىدا تۈركلەرنىڭ بىرلىكى بىر غايە بولغان ئىدى ؛ كېيىنكىسى بولسا رۇسىيەدىكى ھەر بىر تۈركچە سۆزلەيدىغان قوۋملارنىڭ ئۆز تارىخلىرىنى يېزىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. خىتاي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار رۇسىيە ۋە ئوسمان ئىمپېرىيەسىدە ياشاۋاتقان مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرى ئارقىلىق بۇ ئىككى ئېقىملاردىن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك نېسىۋىسىنى ئالدى.

## شىنخەي ئىنقىلابى شىنجاڭدا

چىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ خىتاي جۇمھۇرىيىتىنى بەرپا قىلغان 1911-1912-يىللاردىكى شىنخەي ئىنقىلابى خىتاينىڭ غەربىي شىمالىغا كېچىكىپ كەلدى. شىنجاڭدىكى بىرىنچى ئىسيان 1911-يىلىنىڭ ئاخىرىدا يۈز بەردى. بۇ چاغدا شەرقتە خىتاي جۇمھۇرىيەتچىلىرى بىلەن چىڭ ئوردىسى ئارىسىدىكى سۈلھى ئاللىقاچان باشلىنىپ بولغان ئىدى. 1911-يىلى 28-دېكابىر كېچىسى باش ئەمەلدار يۈەن داخۇادىن يۈز ئۆرۈگەن قوشۇن ئىسيان قىلدى ، ئەمما ئالدىراپ-سالدىراپ باشلانغانلىقى سەۋەبىدىن چىڭ مۇھاپىزەتچى قىسمى تەرىپىدىن ئاسانلا

www.uyghurkitap.com

جىمقتۇرۇلدى. يۈەن داخۋانىڭ باستۇرۇشى تېز ۋە رەھىمسىز بولدى، يۈزلىگەن خۇئەنلىك ئوفىتسېرلار ۋە ئەسكەرلەر ئىنقىلابقا ھېسداشلىق قىلدى دېگەن گۇمان بىلەن قەتل قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئەنخۇيلۇق يۈەن داخۋا شەرقى تۈركىستانغا 1870-يىللىرى زو زوڭتاڭ بىلەن بىللە كېلىپ ئاساسلىق كۆچكە ئايلانغان خۇئەنلىكلەر ئارىسىدا نارازىلىق پەيدا قىلدى.



خۇيىيۈەن (يەنى غۇلجا يېڭى شەھىرى) دىكى يېڭى ئارمىيە، 1910-يىلى.

ئىلى شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدىن پەرقلىق باشقۇرۇلۇپ كەلگەن بولۇپ، بۇ يەردە جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ ئەھۋالى ياخشىراق ئىدى. بۇ يەردە ئىنقىلابى ئىتتىپاقنىڭ ئەزاسى ياڭ زەنشۈي ياخشى مەشقلەنگەن يېڭى ئارمىيەنىڭ قوماندانى ئىدى. مەغلۇبىيەتلىك ئۈرۈمچى

ئىسىياندىن ئون كۈن كېيىن ، يەنى 1912-يىلى 7-يانۋار ، ئىلىدىكى ياڭ ۋە باشقا ئىنقىلابچىلار ئەسكەرلەرنى ئىسيانغا تەشكىللەپ قوماندان جى رۇيىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن ۋە «شىنجاڭ — ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسى» (شىن-يى دا دۇفۇ) قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان ھەمدە يېڭى قۇرۇلغان ختاي جۇمھۇرىيىتىگە ساداقەت بىلدۈرگەن. يېڭى ھاكىمىيەت ئىلىدىكى مانجۇ قوشۇنىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جى رۇيدىن بۇرۇنقى سابىق قوماندان گۇاڭفۇ ئىسىملىك موڭغۇلنى ئەمەلگە چىقارغان. ئىلىدىكى باشقا مىللەتلەردىن بولغان سەرخىللارمۇ يېڭى ھاكىمىيەتكە كىرگۈزۈلگەن. ھاكىمىيەت ئورگانلىرى تەسىس قىلىنغاندا گۇاڭفۇ باھاۋۇددىن مۇسابايىنى سانائەت مەسلىھەتچىسى قىلىپ تەيىنلەپ ، ئۇنىڭ زاۋۇتىدا يېڭى تەشكىللەنگەن «پۇقرالار ئارمىيەسى» (مىن جۈن) نىڭ كىيىمىنى تىكىشكە بۇيرۇغان. 1912-يىلى مارتتا ياڭ زەنشىي تۈنجى غۇلجىنى زىيارەت قىلغاندا مۇسابايېۋلارنىڭ ئۇنىڭ شەرىپىگە بەرگەن زىياپىتىگە داخىل بولغان.

ئىلىدىكى ھاكىمىيەت تېخى مۇستەھكەم بولماي تۇرۇپ ئۈرۈمچىدىكى ئوردىغا سادىق كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن. 1912-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش تىنچىماي ، ئاخىرى بېيجىڭنىڭ بېسىمى بىلەن سۈلھى باشلانغان. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا نارازى ھالەتتىكى ختاي ئەسكەرلىرى ۋە مەخپىي جەمئىيەت ئەزالىرى چىڭ ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە كىرىشكەن. مەخپىي جەمئىيەتلەرنىڭ بىرى ئىمپېرىيەنىڭ ھەممە يېرىگە يېيىلغان گېلاۋخۇي بولۇپ بۇلارنى زو زوڭتاڭ بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن خۇنەن ئارمىيەسى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن. گېلاۋخۇيچىلار تەركىبىگە شەنشى ۋە گەنسۇلۇق كۆچمەن ختايلارنى قوشۇۋالغان بولۇپ ، ئارىسىدا ختايلاردىن باشقىلارمۇ بار ئىدى. گېلاۋخۇيچىلارنىڭ رەھبەرلىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان بولغاچقا ئەينى دەۋردىكى جەمئىيەتكە بىر دېموكراتىيە پۇرىقى ئېلىپ كەلگەن. ئۇلار قەشقەردە تاشلىنىپ قالغان «قەشقەر دۇماسى» نى قولغا ئېلىپ ئۇنى چىڭغا قارشى مۇنازىرە ۋە تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر بازىغا ئايلاندۇرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىڭ سۇلالىسىدىكى ئىنقىلاب رۇسىيەدىكى مۇسۇلمان مەتبۇئاتلىرىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان. جەدىتچىلەرنىڭ رەھبىرى ئىسمائىل غاسپىرالى «تەرجىمان» دا ماقالە ئېلان قىلىپ چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ غۇلىغانلىقىنى تەبرىكلىگەن ۋە «خىتاي تىرىلىپتۇ» دەپ ئالقىشلىغان. بىراق ئۇزاق ئۆتمەي بۇ مەتبۇئاتلار غۇلجىدىن پەرقلىق ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان بولۇپ «قەشقەردىكى مۇسۇلمانلار جۇمھۇرىيەتكە قارشى چىقىپ يېڭىدىن بىر خان جاكارلىدى» دېگەن خەۋەرنى بەرگەن. بۇنداق كونىلىق تەرغىب قىلىنىدىغان ھالەت غاسپىرالىنى بىئارام قىلغان ۋە «ئاڭلىشىمىزچە قەشقەر ۋە غۇلجىدىكى مۇسۇلمانلار جۇمھۇرىيەتكە قارشى تۇرۇپ ، مانجۇ دەۋرىنى ياقلايدىكەن» دەپ يازغان. ئۇ ، ئەگەر قەشقەر ۋە غۇلجىدىكى مۇسۇلمانلار شۇنداق قىلىۋاتقان بولسا خاتا ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولىدۇ ، دەپ قارىغان. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنى «چىڭ ئىمپېرىيەسىنى ياقلايدۇ» ، ياكى «موڭغۇللارغا ئوخشاش خىتايدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇش كويىدا» دېگەن پاراڭلار خىتاي جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان بىرىنچى كۈندىن باشلاپ تارقىلىپ يۈرگەن. بۇ پاراڭلارنىڭ بىرى 1912 — يىلىنىڭ باشلىرىدا قەشقەردىكى برىتانىيە كونسۇلىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن بولۇپ ، گەنسۇدا ئىسيان قىلغان بىر بۆلەك تۇڭگانلار چىڭنىڭ دۇەن (1856-1922) دېگەن شاھزادىسىنىڭ بىر ئوغلىنى خان قىلىپ جاكارلاپ ، گەنسۇ ، شەنشىلەرنى ۋە شىنجاڭنى بىرلەشتۈرۈپ «ئۇلۇغ غەربىي خانلىقى» ئىسىملىك بىر دۆلەت قۇرماقچى دېگەندىن ئىبارەت بولغان. بۇنداق پاراڭلارنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدا دۇئەننىڭ ئاللىقاچان شىئەننى قولغا كەلتۈرۈپ ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغانلىقى دېيىلگەن.

بۇلار گەرچە سۆز چۆچەك ھېسابلانسىمۇ ، چېگرا جايلاردا شىنخەي ئىنقىلابچىلىرىغا قارشى كۈرەشنىڭ بولغانلىقى ئەمەلىيەت ئىدى. بەلكىم جەدىتچى ئىسمائىل غاسپىرالى خاتالاشقاندۇ ، ياكى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىغاندۇ ، ئەمما خىتاي مىللەتچىلىكىنىڭ كۈچلىنىشى شۇ چاغدا ئېتىراپ قىلىنغان بەش مىللەت ئىچىدىكى مۇسۇلمانلار ، تىبەتلىكلەر ، موڭغۇللار ۋە مانجۇلارغا ياخشىلىقتىن بېشارەت ئەمەس ئىدى. غاسپىرالى ئاساسى قانۇننى ئىسلاھ قىلىش جەھەتتە خىتاي جۇمھۇرىيەتچىلىرى بىلەن بىر مەيداندا بولۇپ ، ئەگەر ئۇ ياقلىغان ئىستراتېگىيە بويىچە

بولسا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى كۈچىيىپ، كۆپ سانلىق خىتاي ئەمەس خەلقلەرگە ئاپەت بولاتتى. خىتاي جۇمھۇرىيەتچىلىرى ئېغىزىدا «بەش مىللەت جۇمھۇرىيىتى» دېگەن بىلەن ئىلىدا ئىنقىلاب غەلىبە قىلىپلا چىڭ تەرەپدارلىرى بولۇپ قالغان يەرلىك قوشۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ جامائىتى تىنچ قويۇلمىغان، ئۇلار بىر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەندىشىگە چۈشكەن ۋە بۇنىڭغا قارشى پىلان تۈزۈشكە باشلىغان. يېڭى ئارمىيەنىڭ ئىسيانىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ شىبە قوشۇنلىرىنىڭ ۋەكىلى رۇسىيەگە ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، بولغۇسى مانجۇلارغا قارشى قىرغىنچىلىق  سەۋەبلىك رۇسىيەدىن پاناھلىق تىلىگەن. ئۇزاق ئۆتمەي ئىلىنىڭ شىمالىدا تۇرۇۋاتقان چاخار موڭغۇللىرى بىلەن جۇمھۇرىيەتچى خىتاي ئارمىيەسى ئارىسىدا توقۇنۇش چىققان. نەتىجىدە يۈزلىگەن موڭغۇللار تاغلاردىن ئېشىپ رۇسىيەدىن پاناھلىق تىلىگەن. رۇسىيە ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن ئۇلار سىبىرىيە ئارقىلىق يېڭى مۇستەقىل بولغان موڭغۇلىيەدىكى بوغد خاننىڭ پاناھىغا سېغىنغان.

شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار موڭغۇل ۋە تىبەتلەرگە ئوخشاش خىتايدا قالايمىقانچىلىق چىقىشىغىلا دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتمىگەن. بۇنىڭ سەۋەبى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆلكىلەشتۈرۈش تەدبىرلىرى نەتىجىسىدە يەرلىك ھاكىمىيەت ۋە ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمىنىڭ بەربات قىلىنىشى ئىدى. ھەر قايسى يەرلىك ۋاڭلارنىڭ ئورنى ئىنقىلاب سەۋەبلىك خىرىسقا ئۇچرىغان ئىدى. ئۇلار موڭغۇللارنىڭ ئاقسۆڭەك تەبىقىسى ۋە تىبەتلەرنىڭ لاما قاتلىمىغا ئوخشاش ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولالمىدى، پەقەت خىتايدا ئوينىلىۋاتقان سىياسەتكە بىر تاماشىبىن بولۇش ۋە نەتىجە كۈتۈشتىن باشقا ھەرىكەتكە ئۆتمىدى. بايلارنىڭ ئىچىدىكى سەرخىللەر ئەزەلدىن چىڭ ئىمپېراتورلىرى بىلەن بىرەر باغلىنىشتا بولمىغان، پەقەت يەرلىك ئامباللار بىلەن ماسلىشىپ تىجارەتكە مەشغۇل بولغان ئىدى. چىڭغا قارشى ئىسيان شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەندە، قەشقەردىكى ئەمەلدارلار كەيپىياتنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن سودىگەرلەردىن ئېلىنىدىغان لىجىننى، قەشقەر بايلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. 1911-1912-يىللىرى شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان ئىسلاھاتچىلار ئاخىرى تەلەپ قويغان بولسىمۇ، بۇ تەلەپتە

ئۇلار ئىگىلىك ھوقۇقنى ئەمەس ، دىنى ئىشلاردا ئاپتونومىيەنى تەلەپ قىلغان ۋە يېڭى خىتاي جۇمھۇرىيىتى ھاكىمىيىتىدە مۇسۇلمانلارنىڭ رەسمىي يوسۇندا ئىشلىتىلىشىنى سورىغان.

1912-يىلى قەشقەردە ئېقىپ يۈرگەن 18 ماددىلىق نامسىز بىر مۇراجىئەت يۇقىرىقى تەلەپلەرگە بىر مىسالدۇر. مۇراجىئەتتە يېڭى خىتاي جۇمھۇرىيىتىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەركىنلىكى ۋە باراۋەرلىكىنى قوغداش تەلەپ قىلىنغان. مۇراجىئەتچىلەر يەنە شەيخۇل ئىسلامنىڭ يېتەكچىلىكىدە بېيجىڭدا دىنغا مەسئۇل مەركەز بولۇش تەلىپىنى قويغان. مۇراجىئەتتە بۇ مەركەزنىڭ ۋەخپە ۋە مەدرىسىلەرنى باشقۇرۇشى ، ئۇندىن باشقا دىنغا ئالاقىدار ئىشلاردا ئوسمان ئىمپېرىيەسىنى ئۈلگە قىلىشى كېرەكلىكى تەۋسىيە قىلىنغان. مۇراجىئەتتە يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ خالىغانچە مەسچىت سېلىش ، مەسچىت ئۈچۈن پۇل توپلاش ھوقۇقى ، ئۆلىمالارنىڭ مەمۇرلارغا ئوخشاشلا ھوقۇق ۋە ئىمتىيازى بولۇشى كېرەكلىكى تەلەپ قىلىنغان. مۇراجىئەتچىلەر جەدىتچە مەكتەپلەر ، قىرائەتخانىلار ۋە ساخاۋەت جەمئىيەتلىرىگە رۇخسەت قىلىش ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار شۆتاڭدا ئوقۇشنى خالىسا قوبۇل قىلىش ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەتئەلگە چىقىرىش پىلانىغا بۇلارنىمۇ قوشۇش قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلغان. ئاخىرقى ماددىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج قىلىشىغا قۇلايلىق يارىتىش ، ئۇلارنىڭ يوللاردا بىخەتەر ۋە خاتىرجەم سەپەر قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ؛ ھەجگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ، يولدا مۇناسىۋەتلىك شەھەرلەرگە كونسۇل تەسىس قىلىش ۋە ئوسمان ئىمپېرىيەسى بىلەن ئەلچى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش قاتارلىق مەسلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

## ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسىي سەھنىگە چىقىشى

شىنجاڭدىكى ئاۋانگارت كۈچلەر خىتايدىكىگە ئوخشاشلا كونا ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋە يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىقىشتا يېتەرلىك ئىجتىمائىي كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى ، شۇنىڭ بىلەن كونىچى كۈچلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ زىددىيەتلەرنى مۇرەسسەلەشتۈرىدىغان بىر تىركەشمە ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. خىتايدا چىڭ ئارمىيەسى ۋە چىڭ سىياسىي يۇقىرى

قاتلىمدىكىلەرگە سادىق بولغان يۈەن شىكەيدەك بىر ئادەم ئىنقىلابچىلار بىلەن چىڭ ئوردىسى ئارىسىدا مەككارلىق قىلىپ پرېزىدېنتلىق ھوقۇقىغا ئېرىشتى. مارتتا يۈەن بېيجىڭدا پرېزىدېنت بولغاندا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا ئىسيان چىققان ۋە داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، يۈەن داخۇانىڭ ئىستېپا بېرىشىگە سەۋەب بولدى. يۈەن شىكەي مايدا بىر قانچە نامزاتلار ئىچىدىن ئۆلكىلىك ئەدلىيە مەھكىمىسىدىكى مەھكىمە باشلىقى (تىفاشى) ياڭ زېڭشىن دېگەن ئەمەلدارنى تۇتۇق قىلىپ تەيىن قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، موڭغۇل ۋە تىبەت ئىشلىرى مەھكىمىسى چېگرا رايونلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە ئەندىشە ئىچىدە تۇرىۋاتقان يەرلىكلەرگە جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ شاپائىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن «تىنچلاندۇرۇش ۋەكىللىرى» نامىدىكى ئۆمەكلەرنى ئەۋەتتى. شىنجاڭ ۋە گەنسۇغا يوللانغان ئۆمەكنىڭ باشلىقى جىن يۈنلۈن بولۇپ گەنسۇدىكى جەھرىيە سۇلۇكىنىڭ غوللۇق ئەزاسى ئىدى. ئۇنى ئەۋەتىشتە يۈەن شىكەي بىلەن گەنسۇدىكى تۇڭگانلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەش مەقسەت قىلىنغان. ئۇنىڭغا نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ جەمەتىدىن يۈسۈپ بەگ دېگەن بىر كىشى ھەمراھ بولۇپ بارغان. ئۇلار چېگرادىن كىرىپلا قۇمۇلدىكى تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭنى تىنچلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ قوزغىلاڭچىلار قۇمۇل ۋاڭىغىمۇ ھەم ئۈرۈمچىدىكى ياڭ زېڭشىنغىمۇ تەھدىت سېلىۋاتقان ئىدى. يۈسۈپبەگ قۇمۇلدىن تۇرپانغا چۈشۈپ يەرلىك ۋاڭ بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئۇنىڭدىن جۇمھۇرىيەتنى قوللايدىغانلىقى ھەققىدە باياناتقا ئېرىشكەن.

يۈسۈپ بەگنىڭ شىنجاڭغا قايتىشىدا باشقا سەۋەبمۇ بار ئىدى. ئۇ پايتەختتە ماكانلاشقان ئاق سۆڭەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇ ۋە ئاتا-بوۋىلىرى چىڭ ئوردىسى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان (ئۇنىڭ چيەنلۇڭ خاننىڭ مۇسۇلمان كېنىزىكى بولغان ئىپارخان بىلەن تۇغقاندارچىلىقى بار ئىدى). بۇرۇن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى خانىدانلىق تەمىنلىگەن بولۇپ مانجۇ قوشۇنلىرىغا ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمەن بولغان. چىڭ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن تەميناتتىن مەھرۇم قالغان مانجۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ئۇلارغىمۇ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بېيجىڭدىن ئايرىلىشقا، ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئېلىشقا مەجبۇر بولغان. بەزىلەر بۇ پۇرسەتتە قەشقەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قايتىپ ئاپئاق خوجا جەمەتىنىڭ مازىرىنىڭ ۋەخپە كىرىمگە شېرىك بولماقچى بولغان. 1915-يىلى برىتانىيە كونسۇلى «70 ئەتراپىدا خىتايچە كىيىنىپ، ئۆرۈمە چاچ قويغان ئاچ-يالىڭاچ مۇسۇلمانلار قەشقەردە پەيدا بولدى، يەنە 80 كىشى يولدا ئىمىش. بۇ ھالدىن ھەزرەت مازىرىنىڭ كىرىمىدىن بەھىر ئېلىۋاتقان شەيخلەر بىئارام بولدى» دەپ يازغان. يۈسۈپ خوجا ئەمەلدىن قالغان غوجىلىق مەرتىۋىسىنى ئۆزىنىڭ دەپ قارىغان ۋە بۇ ئەمەلنى قايتا قولغا ئېلىش ئۈچۈن تەلەپ سۇنغان، ئەمما موڭغۇل ۋە تىبەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان.

ياڭ زېڭشىن ھوقۇقنى ئالغاندىن كېيىن شىنجاڭدا يۈەن شىكەينىڭ خىتايدا قىلغانلىرىنى تەكرارلىدى. خىتاي دۆلىتى بۇ چاغدا نامدا جۇمھۇرىيەتكە سادىق بولۇۋالغان مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان، جۇمھۇرىيەتچىلەر بولسا ھەرقانداق ئىنقىلابقا قارشى بۇ كىشىلەر بىلەن مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. 1912-يىلى ئىيۇندا ئىلى رەھبەرلىرى بىلەن ياڭ تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ياراشمىقى ئاسان ئەمەس ئىدى. غۇلجىدىكى رۇسىيە كونسۇلىنىڭ مەلۇماتىچە، ئىلىدىكى ئىنقىلابى ئىتتىپاق تاكى 1913-يىلىنىڭ باشلىرىغىچە يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلمىغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئۆزىنى يېڭى قۇرۇلغان گومىنداڭنىڭ بىر تارمىقى ھالىتىدە ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەن. ھالبۇكى ئۇلار مالىيەدە ئۈرۈمچىنىڭ يۆلىشىگە موھتاج ئىدى. چۈنكى بېيجىڭدىكى خەزىنىدىن كېلىدىغان ھەربىي تەمىنات ئۈرۈمچى ئارقىلىق تارقىتىلاتتى. بۇ تەمىناتنىڭ ياڭ زېڭشىننىڭ قولىدا بولۇشى ئۇنى مۇرەسسەدە ھالقىلىق ئورۇنغا ئىگە قىلدى. نەتىجىدە ئۇ ئالدى بىلەن ئۇلارنى مۆتىدىللەشتۈردى، ئاندىن پارچىلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىگە قارشى تۇرىدىغانلار قىرىلىپ تۈگىدى. كېيىنكى ئۈچ يىلدا ياڭ يېڭىلا مۇستەقىل بولغان موڭغۇلىيەدىن كېلىدىغان تەھدىتنى توسۇپ قالغاندىن باشقا جەنۇبتىكى مەخپىي جەمئىيەتلەرنى ئۇجۇقتۇرۇپ ھوقۇقنى مۇستەھكەملىدى.

ياڭ مىللەتارىست جۇمھۇرىيەتچىلەردىن بەكرەك كونا چىڭ مەنسەپدارلىرىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ غەربى شىمال مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا كۆپ يىللىق تەجرىبىسى بولۇپ ئۇ ئۆزىنىڭ يەرلىك مۇسۇلمانلار بىلەن سىلىق ئالاقە قۇرالىغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. گەنسۇدىكى مۇسۇلمانلار

ئارىسىدا ئىشلەپ تەجرىبىگە ئېرىشكەن ياڭ ئۇرۇمچى ۋە ئەتراپتىكى تۇڭگانلاردىن قوشۇن تەشكىللىگەن ۋە مۇسۇلمان سەرخىللەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان. 1913-يىلى ئۇچتۇرپاندىن بېيجىڭدىكى قۇرۇلتايغا بىردىن-بىر مۇسۇلمان ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىلگەن، ئۇچتۇرپان ۋاڭلىقىنىڭ جەڭگىسى (مۇئاۋىنى) بولغان ئابدۇقادىر جەڭگى بەگنىڭ پائالىيەتلىرىدىن ياڭ زېڭشىنىنىڭ مۇسۇلمان سەرخىللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە قانچىلىك ئۇتۇق قازانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئابدۇقادىر جەڭگى بەگ يىغىندا مۇسۇلمانلارنىڭ باشتىن كەچۈرۈۋاتقان مۇشەققەتلىرىنى بىر تەلەپنامە ئارقىلىق بايان قىلغان. ئۇ ئۇيغۇرچە ۋە خىتايچە تەڭ ئۆتۈلىدىغان شۆتاڭنىڭ بولۇشى كېرەكلىكى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىتايلاردىنلا ئەمەس مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ھۆرمەتكە ئىگە ئاخۇنلاردىنمۇ بېكىتىلىشى كېرەكلىكى، ئەگەر شۇنداق قىلىنسا چىقىمنى يەرلىك سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلىش ھەققىدە سۆزلىگەن. ئۇ يەنە خىزمەت رىقابىتىدە كەمسىتىش مەۋجۇتلۇقىنى تىلغا ئېلىپ، شۇ چاغدا شەرقى تۈركىستاندا خىتايچە خىزمەت قىلالايدىغان، خىتاي تىلى ۋە قانۇننى ياخشى بىلىدىغان ئەڭ ئاز بولغاندا يۈزدىن ئارتۇق مۇسۇلماننىڭ بارلىقىنى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا ئىشقا كىرەلمەيۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ يەنە پەقەت ھاكىمىيەتكە مۇسۇلمانلارمۇ ئىشقا قوبۇل قىلىنسا «بەش مىللەت جۇمھۇرىيىتى» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە ئۇيغۇن ئىش بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. گەرچە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى تەنقىد قىلغان بولسىمۇ، ئابدۇقادىر يەنە ياڭ زېڭشىننى ماختاپ شۇ دەرىجىگە بارغانكى، ئۇنىڭ يېڭى سىياسەت بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، يەر بېجىنى قىسقارتقان ئىشلىرىنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قىلغان شاپائىتىنىڭ پاكىتى دېگەن. 1914-يىلى ياڭ زېڭشىنىنىڭ قايتۇرۇپ كېتىلىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ بولغاندا ئابدۇقادىر تۇرپان ۋە قاراشەھەردىكى ئۆلىمالار نامىدىن مەكتۇپ يېزىپ، ياڭنىڭ ئۇلارنى يېڭى سىياسەت مەزگىلىدىكى جاپا-مۇشەققەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىنى مەدھىيەلەپ، «ياڭ ئاللىرى بىزگە قۇياشتەكلا مۇھىم، قۇياشسىز بولمىسا قاراڭغۇدا ھېچ نېمىنى كۆرەلمىگەن كەبى، ياڭ ئاللىرى بولمىسا بىزمۇ ھېچ ئىش قىلالمايمىز» دېگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئابدۇقادىر جەڭگىبەگ جۇمھۇرىيەتچى خىتايلار ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچ خەلق مەسلىكى» ، «بەش مىللەت جۇمھۇرىيىتى» دېگەندەك ئاتالغۇلارنىڭ ئۆز خەلقى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشىنى كۆزلەپ تەپەككۇر قىلغان بىردىن - بىر مۇسۇلمان ئەمەس ئىدى ، ئەلۋەتتە. شۇنداقلا ھەممەيلەن ياڭ زېڭشىنغا ئۇنچە مەستانە بولۇپمۇ كەتمىگەن. ئىنقىلاب بولغان مەزگىلدە بىر قىسىم مۇسۇلمانلار مىللەتلەرنىڭ باراۋەر ھوقۇقى تەرغىب قىلىنغان «بەش مىللەت جۇمھۇرىيىتى» دېگەن شوئار بىلەن ئاساسى قانۇندىكى مۇسۇلمانلارغا بولغان كەمسىتىشنى مەزمۇن قىلغان ماددىلارنى سېلىشتۇرغان. جۇمھۇرىيەتچى خىتايلار تېخىمۇ كۆپ زېمىندىن قۇرۇق قالماسلىق ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسىدىن قالغان يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئەجدادتىن داۋام قىلىۋاتقان ھاكىمىيەتلىرىگە چېقىلمىغان ، مەسىلەن ، موڭغۇللار ئاقسۆڭەكلىرى ۋە تىبەتلەرنىڭ لامالىرى دېگەندەك. خىتاينىڭ دۆلەتلىك مىللىي قۇرۇلتايىدا ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ نوپۇسقا ئاساسەن بەلگىلەنگەن ۋەكىللىرى بولغان ، ئەمما ئىچكى موڭغۇل بىلەن تىبەتنىڭ ۋەكىل سانى نوپۇسقا قاراپ ئەمەس مۇقىم قىلىپ بېكىتىلگەن. ئۇندىن باشقا تىبەت ۋە موڭغۇللار ئۈچۈن مەخسۇس ئىشخانا ئاجرىتىلغان بولۇپ ، موڭغۇل ۋە تىبەت پەرزەنتلىرى بېيجىڭدا دۆلەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە ئىدى. خىتاينىڭ ھەر قايسى ئۆلكىلىرىدە ياشايدىغان مۇسۇلمانلارنى خىتايلار باشقۇراتتى ، بۇ خۇددى ئۇلارنىڭ بەش مىللەتنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنمايۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. بۇنداق تەپەككۇر قىلغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە شىنجاڭ بەكمۇ مۇھىم بىر ئورۇننى ئىگىلەيتتى. نامدا شىنجاڭ بىر ئۆلكە بولسىمۇ ، ئەمما موڭغۇل ۋە تىبەتلەرگە ئوخشاش بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ھوقۇقلىرى ئاتا - بوۋىلىرىدىن مىراس قالدىغان ۋاڭ ۋە ھاكىمبەگلەر كەبى ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى بار ئىدى. شۇڭا ، خىتاينىڭ غەربى شىمالىدىكى بۇ مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئۆزىنى موڭغۇل ۋە تىبەتلەرگە سېلىشتۇرۇپ ھوقۇقتىكى باراۋەرلىكنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا ، ئۇيغۇر ۋاكىلىرى چىڭ خانىدانلىقى زامانىدىكىگە ئوخشاشلا بېيجىڭغا قەرەللىك زىيارەتكە بېرىپ تۇراتتى. 1914- يىلى قۇمۇل ۋاڭى شاھمەخسۇت بېيجىڭغا يوەنشىكەي

بىلەن كۆرۈشكىلى زىيارەتكە بارغان ۋە داۋۇت لى چىئەن ئىسىملىك شۇ يەرلىك بىر مۇسۇلمان بىلەن بىللە قوبۇل كۆتۈپ ياتقان. بۇ ئىككىيلەن بۇرۇن تونۇشامدۇ يوق، بۇ بىر سىرلىق مەسىلە. بىر ساختا مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، لىچىئەننىڭ قۇمۇل ۋاڭلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى 1870-يىللاردا زو زوڭتاڭ ئەۋەتكەن خۇنەن قوشۇنلىرى شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلغاندا باشلانغان ئىكەن. شۇ چاغدا لىنىڭ بوۋىسى بۇ قوشۇنغا خىزمەت قىلغانىمىش. شاھ مەخسۇتنىڭ بېيجىڭ زىيارىتىدىن كېيىن، لى جۇمھۇرىيەتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىشقا باشلىغان، ھەمدە ئۆزىنى شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ «تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى» دەپ ئاتىۋالغان. ئۇ بۇ نامنى ئىشلىتىپ جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماسلاردا بولغان، مەسىلەن، مىللىي قۇرۇلتايدا مۇسۇلمانلارنىڭ مەخسۇس ۋەكىلى بولۇش، بېيجىڭدا مەخسۇس بىر ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ مۇسۇلمانلارغا دائىر ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىقلار. لى بۇ پائالىيەتنى تاكى 1920-يىلغىچە داۋام قىلغان. ئۇ بۇ جەرياندا تارىم ئويمانلىقىنىڭ مۇسۇلمانلىق كىملىكىنى تەكىتلىگەن بولۇپ، بۇ زېمىننى «مۇسۇلمانلار زېمىنى»، «سەككىز جەمەت مۇسۇلمان دىيارى» دەپ ئاتىغان. سەككىز جەمەت دېگىنى شۇ زامانىدىكى ئۇ ۋەكىللىك قىلىمەن دەۋالغان سەككىز جەمەت ۋاڭلار بولسا كېرەك. ئۇ بىر ئىلتىماسىدا «سەككىز جەمەت مۇسۇلمانلار دىيارىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى ئون مىليوندىن ئارتۇق، زېمىنى شەرقتىن غەربكە تۆت مىڭ چاقىرىمدىن ئاشىدۇ، شىمالدىن جەنۇبقا ئۈچ مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ دىيار گەرچە نامدا شىنجاڭ ئۆلكىسىگە قارىسىمۇ، بۇ يەردىكى خەلقنىڭ مۇستەقىل تىلى، يېزىقى، تارىخى ۋە ئۆرپ ئادىتى بار» دەپ يازغان.

لى بىر خىيالپەرەس شەخس ئىدى. ئۇنىڭ جەنۇبنى مۇسۇلمان زېمىنى دېگەن تەشەببۇسلىرى ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭنى ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان، ئىلى ۋە ئالتاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆلكە قىلىپ چىقىش پىلانىغا زىت ئىدى. ياڭ زېڭشىن بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بېيجىڭدا ئۆز ۋەكىللىرىنى تۇرغۇزغان بولۇپ، ئىنىسى ياڭ زېڭبىن شۇلاردىن بىرى ئىدى. لىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى خەۋەر شىنجاڭغىمۇ يېتىپ كەلگەندە، شاھمەخسۇت ئۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com

بۇ كىشى بىلەن ھېچ بىر ئالاقىسى يوق ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان ، شۇنىڭ بىلەن لى نىڭ ئۆزىنى «تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل» دېگىنى سۇغا چىلاشقان. ئۇ ئالدامچىمۇ ، ئەمەسمۇ بىر نېمە دېمەك تەس ، ئەمما ياڭ زېڭشىن ئۇنى ساختىپەزلىكتە ئەيىبلىگەن. ئەمما لى چىئەنىڭ تۇتقان پوزىتسىيەسىنىڭ بەلگىلىك مەنتىقىسى بار ئىدى ۋە ئۇنىڭ بېيجىڭدىكى پائالىيەتلىرى مۇسۇلمان زىيالىيلارنىڭ جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدىكى ھەرىكەتلىرىدىن بىر نىشان سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالدى. مىللىي قۇرۇلتاي گەرچە ھېچ نەرسىنى ھەل قىلالمايدىغان ، نەتىجىسىز مۇنازىرە بىلەن مەشغۇل بىر ئورگان بولغان بولسىمۇ ، ئەمما 1920-يىلىنىڭ ئاخىرىدا گومىنداڭنىڭ باش كۆتۈرۈشى بىلەن بەش مىللەت جۇمھۇرىيىتى دېگەن ئۇقۇمنىڭ مەنىسى مەسىلىسى يەنە قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى.

## قەشقەردىكى ئاقساقاللار

جۇمھۇرىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان كۆپلىگەن ئىسلاھاتلار توختاپ قالغان بىلەن تاشقى ئىشلارغا دائىر بەزى يېڭىلىقلار كۆرۈلگەن. چىڭ خانلىقى مەزگىلىدە ئوردا ۋە ئەمەلدارلار چېگرادىن ئايرىلغان ھەر قانداق پۇقراغا ئۆچ ئىدى. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەمەلدارلىرى خەلقئارالىق دىپلوماتىيەگە كۆنۈشكە باشلىغان ۋە چەتئەلدىكى پۇقرالىرىنىڭ ئەھۋالىغا قىزىققان. نەتىجىدە 1893-يىلى كۆچمەنلىككە قارشى قانۇنلار ئەمەلدىن قېلىپ ، 1903-يىلى پۇقرالىق قانۇنى ئېلان قىلىنغان. 1860-يىلدىكى بېيجىڭ شەرتنامىسىگە ئاساسەن خىتاي رۇسىيەدە ۋەكىل تۇرغۇزىدىغان بولغان ، شىنجاڭدىكى خىتاي ئەمەلدارلىرى بۇنى بەكرەك ئارزۇ قىلغان ئىدى. چۈنكى بۇنداق بولغاندا چەتئەللەردىكى شىنجاڭلىقلار ئارىسىدا رەسمىي ئالاقە بەرپا قىلغىلى بولاتتى ، بۇ ئۆلكىدىكى مۆتىۋەرلەرنىڭ سودا ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلەتتى ۋە قەشقەرلىكلەرنىڭ ھەج شارائىتىنى ياخشىلاشمۇ ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن ئىدى. 1911-يىلى برىتانىيە كونسۇلىنىڭ يەرلىك سودىگەرلەردىن ئەھۋال ئىگىلىشىچە ، قەشقەر سودىگەرلىرى ئارىسىدا «رۇسىيەلىكلەرنىڭ چىنى تۈركىستاندا ۋەكىلى بار ، نېمىشقا خىتاي پۇقرالىرىنىڭ رۇسىيە

تۈركستاندا ۋەكىلى بولمايدۇ؟» دېگەن شىكايەت ئەڭ كۆپ ئاڭلىنىدىغان شىكايەتلەرنىڭ بىرى ئىكەن.

رۇسىيەدىكى قەشقەرلىكلەر پۈتۈنلەي تاشلىنىپ قالغانمۇ ئەمەس. ئۇلار رۇسىيەگە يېتىپ بارغاندا شۇ يەردىكى قەشقەرلىك ئەمەلدارلار ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بېكىتىپ بەرگەن ۋە تۇرۇش ئىجازىتى ئېلىشقا يول ئېچىپ بەرگەن. رۇسلار تۈركستاندا يەرلىكلەرگە ئاپتونومىيە بەرگەن بولۇپ يەرلىك ئەمەلدارلار سايلانغاندىن كېيىن رۇسىيە ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن تەستىقلىناتتى. 1890-يىللاردا ئالمۇتادا قەشقەرلىك ئىشلەمچىلەردىن ھەر ئون كىشىگە بىر ۋەكىل سايلىنىپ بېكىتىلگەن. 20 –ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خىتاي پۇقرالىقىدىكى ئاقساقاللار يەتتەسۇنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان. خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ كىشىلەرنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئىلى دوتىيى بىر نەچچە قېتىم يەرلىك جامائەت سايلىغان ئاقساقاللارنىڭ سالاھىيىتىنى ئىسپاتلاپ بېرىش ھەققىدە تەلەپ تاپشۇرۇۋالغان. مەسىلەن، 1906-يىلى ياركەنتتە، 1910-يىلى قاراقولدا سايلانغان ئاقساقاللار ھەققىدە ئىلى دوتەي مەھكىمىسىدىن ئىسپاتنامە ئېلىنغان. بۇنداق ئاقساقاللار پەقەت رۇسىيەدە ۋە رۇس ھاكىمىيىتىنىڭ قاتتىق كۆزىتىشى ئاستىدا بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلار رۇسىيەدە خىتاي ۋە قەشقەرلىكلەرنىڭ مەنپەئەتىگە شىنجاڭدىكى ئاقساقاللار رۇسىيە ۋە ئەنجانلىقلارغا ۋەكىللىك قىلغاندەك ۋەكىللىك قىلالمايتتى.

شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلار رۇسىيەدىكى خىتاي پۇقرالىرى بىلەن رەسمىي شەكىلدە بىر ئالاقە ئورناتماقچى بولۇپ سىناپ باققان بولسىمۇ نەتىجە قازىنالمىغان. 1895-يىلى ئالتاي دائىرىلىرى بىر قەشقەرلىك ئاقساقال ۋە بىر خىتاي باجگىرنى زايساندىكى بىر توپ چىڭ پۇقراسى بولغان تىجارەتچىلەردىن باج يىغىشقا ئەۋەتكەن، ئەمما ئۇلار بىر يىلغا قالماي چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلغان. 1904-يىلى روسىيە-خىتاي ئەدلىيە كېڭەش يىغىنى قەشقەردە ئېچىلغان. يىغىندا يەن خوڭيو رۇسىيەدە ئاقساقاللار ۋەكىللىرى تۇرغۇزۇش، ۋەكىلنى يەرلىك سودىگەرلەردىن تاللاش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغان. رۇسىيە تۈركستانىنىڭ ئالاھىدە بىر ھەربىي رايون ئىكەنلىكىنى سەۋەب قىلىپ بۇ تەكلىپنى يەنە رەت قىلغان. 1912-يىلى چىڭ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېيىن ختاي تەرەپنىڭ رۇسىيە تۈركىستاندىكى ۋەكىللىك ھوقۇقى مەسىلىسى قۇرۇق گەپ پېتى قېلىپ قالغان.

ختاي دۆلىتىنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبلىك پۇقرالىق مەسىلىسىدە رۇسىيە ئىزچىل شىنجاڭدىكى ۋەزىيەتنى كونترول قىلىپ كەلگەن. 1911-يىلى رۇسىيە كونسۇلى يەرلىك قازىنىڭ رۇسىيە پۇقراسى دەپ جەزىملىشىدىن ئۆتكەن كىشىلەرگە رۇسىيە پۇقرالىق كىنىشكىسى بېرىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ تارقاتقان. برىتانىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى رۇسىيەنىڭ قەشقەردىن پەسىللىك ئىشلەشكە بارغان كىشىلەرگىمۇ پۇقرالىق بېرىشىدىن گۇمانلانغان. 1912-يىلى برىتانىيەنىڭ خوتەندىكى ئاقساقىلى رۇسىيەلىك ئاقساقالنىڭ يەرلىك پۇقرالارغا پۇقرالىق خېتىنى ئۈچ سەر تەڭگىدىن سېتىۋاتقانلىقىنى دوكلات قىلغان. گەرچە بۇ يەردە برىتانىيە ئۆزىنى ئەخلاقلىق كۆرسەتكەن بىلەن قىلغانلىرىدا رۇسىيەنىڭكىدىن كۆپ پەرق يوق ئىدى. 1914-يىلى ماكارتنىي خوتەن ۋە يەكەن سەپىرىدە كىشىلەرنى برىتانىيە پۇقرالىققا تىزىملىغان، بۇ جەرياندا ئاتا-ئانىسى برىتانىيەنىڭ قولىدا ياشاپ باقمىغان شىنجاڭدا تۇغۇلغان ھىندىستانلىق كىشىلەرنىمۇ برىتانىيە پۇقراسى دەپ تىزىملىغان. ئەگەر بۇنداق قىلمىغاندا، بۇ يەردىكى برىتانىيە پۇقرالىرىنىڭ نوپۇسى بەكمۇ ئاز بولۇپ چىقاتتى. ئۇ، برىتانىيە پۇقرالىرىنىڭ سانىنىڭ ئاز بولۇشى«بىزنىڭ بۇ زېمىننىڭ كەلگۈسى ھەققىدە بىرەر قارار بېرىش پۇرسىتىمىز كەلگەندە بىزگە ھېچبىر ئاساسى بازا بولالمايدۇ» دەپ قارىغان. ئۇ يەنە ئافغانلارنى قوغداشنى تەلەپ قىلغان، ئۇنىڭ قارىشىچە، برىتانىيە قوللىمىسا ئافغانلار رۇسلارغا ئۆتۈپ كېتىدىكەن. نەتىجىدە بۇ مەسىلە كېيىنكى يىللاردا خۇددى رۇسىيەنىڭكىگە ئوخشاش قولىدا يالغان برىتانىيە رەسمىيەتلىرى بار كىشىلەرنى مەيدانغا چىقارغان.

1912-يىلى خوتەندىكى چىرا بوستانلىقىدا ئىسيان چىقىپ پۇقرالىق مەسىلىسى خەتەرگە يۈز تۇتقان. 1900-يىللاردا ختايدا يۈز بەرگەن يىخېتۇەن ھەققىدىكى تەتقىقاتتا يېزىلىشىچە، كىشىلەر چەتئەللىنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشىش ۋە ختاي دائىرىلىرىنىڭ ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خرىستىئان بولۇۋالغان، نەتىجىدە خرىستىئان بولمىغان قوشنىلىرى بۇلارغا دۈشمەنلىك

قىلغان. بۇنداق ۋەقە چىرىدىمۇ يۈز بەرگەن. بىر بۆلەك رۇس پۇقرالىرىنىڭ چوڭچىلىق قىلىشلىرى بىر قېتىملىق چوڭ ئىسيانغا سەۋەب بولغان. بۇنىڭ پىلتىسى بىر قېتىملىق يەر داۋاسى بولۇپ، بۇ داۋادا رۇس پۇقراسى سېيىت ھاجىنىڭ زىيىنىغا قارار چىققان. شۇنىڭ بىلەن سېيىت ھاجى رۇس پۇقرالىرىنى تەشكىللەپ، ئۆزىنىڭ زېمىنىدا ئىستىھكام قۇرۇپ رۇسىيە بايرىقىنى كۆتۈرۈپ قارارغا قارشى چىققان. يەرلىك ئۇيغۇرلار ۋە گېلاۋخۇيچىلار ئۇلارنى قورشىۋالغان ۋە ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ رۇسىيە پۇقرالىق كىنىشكىسى بار ئون نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرگەن. بۇ مۇنداقچە ئېيتقاندا شىنجاڭدىكى يېتىلىۋاتقان قوزغىلىشنىڭ ئىدى ۋە خىتاي تارىخىدا رۇس ئىمپېرىيالىزىمىغا قارشى بىر ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ خەلقئارالىق مەتبۇئاتلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ ئىككى بۆلەك ئۇيغۇر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش، خىتاي پۇقرالىرىنىڭ رۇس پۇقرالىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى رۇس پۇقرالىقىنى ئالغىلى تېخى بىر يىل بولمىغان يەرلىكلەر ئىدى. جورج ماكارتنىي ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت ئىككى رۇس پۇقراسى بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

شىنجاڭدىكى پۇقرالىق مەسىلىسىنىڭ سۇيىئىستېمال قىلىنىشى ۋە چەتئەللەردە دىپلوماتىك ئورگانلىرى بولماسلىق بىزگە خىتاي دۆلىتىنىڭ 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئېگىلىك ھوقۇقى جەھەتتىكى مۇرەسسەچى ھالىتىنى ئەسكەرتىدۇ. 1912-يىلى ئۈرۈمچى رۇس تىلى مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن جاڭ شاۋبو (1871-؟) دېگەن كىشى ئۈرۈمچىدە دىپلوماتىيەگە مەسئۇل ئالاھىدە ۋەكىل دېگەن سالاھىيەتكە ئېرىشكەن ۋاقىتتا بۇ جەھەتتىكى بېسىم ئاخىرى پارتلاپ چىققان. ئۆلكىلىك مەمۇرىيەتتىكى باشقا ئەمەلدارلارغا ئوخشاش جاڭمۇ پېتىربۇرۇگ شەرتنامىسىگە ئۆچ ئىدى. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن شەرتنامىنى ئۆزگەرتىش ئۈمىدى يوققا چىققان، چۈنكى ئاران تۇرغان يېڭى جۇمھۇرىيەت رۇسىيە بىلەن تۈزۈلگەن تەڭسىز شەرتنامىنى تۈزىتىپ تارتتۇرۇپ قويغان ھوقۇقلارنى قايتۇرۇپ ئالالمايتتى. (ئون يىلدا بىر تۈزىتىلىشى كېرەك ئىدى.) جاڭ مەۋجۇت شەرتنامىدىكى ماددىلار ئاساسىدا رۇسىيەدە ۋەكىل تۇرغۇزۇشقا ۋە شىنجاڭدىكى رۇسىيە بېكىتكەن ئاقساقاللارنى كونترول قىلىشقا ھەرىكەت قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي شىنجاڭدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ختاي دائىرىلىرى ئاقساقاللارنىڭ رولىنى چەكلەيدىغان قائىدىلەرنى ئېلان قىلغان. قائىدىدە چەتئەللىكلەرنىڭ سودا ئىجازىتىنى لىجىن ئورۇنلىرى بېرىدۇ، ئەمما بۇ ئىجازەتنى پۇقرالىق ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

دىپلومات قىلىپ تەيىنلەنگەن جاڭنىڭ كەسكىن پوزىتسىيەسى قەشقەرگە يېڭىدىن كەلگەن دوتەي چاڭ يوڭچىڭ بىلەن بىردەك بولغان. 1913-يىلى دېكابىردا چاڭ ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە مېڭىش يولىدا رۇسىيە زېمىنىدىن ئۆتكەن ۋە ناھايىتى كۆپ ختاي پۇقرالىرىنىڭ (بۇلار ئۇيغۇرلار ئىدى) ئۇ يەرلەردە تىجارەت ۋە ئىشلەمچىلىك بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇ پەرغانە ۋادىسىدا 60 مىڭدىن 70 مىڭغىچە ختاي (يەنى بۇرۇنقى چىڭ سۇلالىسى) پۇقراسىنىڭ ياشاۋاتقانلىقىنى بايقىغان. قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ رۇسىيەنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلىغا رۇسىيەدە رەسمىي تۈردە ئاقساقال تۇرغۇزۇش تەلىپىنى قويغان. ئۇنىڭ مەكتۇپى خۇددى قەشقەرلىك مۇساپىرلارنىڭ بېشىنى سىلايدىغاندەك تەلەپپۇزدا يېزىلغان بولۇپ، «غېرىب ۋە يۆلەكسىز پۇقرالارنىڭ بارىدىغان يېرى يوق» دېيىلگەن. ئۇ تەيىنلەنگەن ئاقساقاللار رۇسىيە ۋە ختاي ئەمەلدارلىرى ئۈچۈن ئوخشاشلا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇنىڭچە ئاقساقاللار جىنايەتچىلەرنى ئېنىقلاش، قەرزلەرنى نەقلەشتۈرۈش، تەرتىپنى ساقلاش قاتارلىقلاردا رۇسىيە ئەمەلدارلىرىغا ياردەمدە بولىدىكەن.

رۇس ئەمەلدارلىرى دەسلەپتە چاڭنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىغان. تاشكەنت شەھىرىدىكى باش ۋالىي تۈركىستاندا بۇنداق بىر دىپلوماتىك ئورگاننى قۇرۇشقا بولمايدۇ دېگەن بۇرۇنقى مەيدانىنى تەكىتلىگەن. پەرغانە ئۆلكىسىنىڭ ۋالىسى ئۆز تەۋەسىدىكى قەشقەرلىكلەر نامرات بولغاچقا بېكىتىلگەن ئاقساقالغا مائاش بېرەلمەيدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالغان. دەل شۇ ۋاقىتتا رۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى چاڭ شاۋبونىڭ شىنجاڭدىكى رۇسىيە ئاقساقاللار تورىنى يوق قىلماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. ئاقساقاللارسىز شىنجاڭدىكى خىزمەتلەرنىڭ يۈرۈشمەسلىكى رۇسلارنى ئەنسىرەتكەن ۋە چاڭنىڭ تەكلىپىنى ئويلاشقان. شىنجاڭدىكى ئۆز ئاقساقاللىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن رۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ختاينىڭ رۇسىيە تۈركىستانىدا

ئاقساقاللار تەيىن قىلىشقا ماقۇل بولغان. 1914-يىلىنىڭ ئاخىرىدا رۇسىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ئاقساقاللىرى بۇرۇنقى ئەمەلىي ھوقۇقىنى داۋام قىلدۇرغان، خىتايمۇ رۇسىيەدىكى خىتاي پۇقرالىقىدىكى تۈركىستانلىقلار ئارىسىغا ئاقساقال تەيىنلەيدىغان بولغان.

مۇشۇنداق سۆھبەتلەرنىڭ نەتىجىسىدە ئاقساقاللارنىڭ ئورنى خىتاينىڭ ئىمپېرىيەدىن جۇمھۇرىيەتكە ئۆتۈشى ۋە كونا شەرتنامىلەرنى تۈزىتىش تىرىشچانلىقى سەۋەبلىك ئاجىزلىمىغان، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ھوقۇقى يېڭى ساھەلەرگە كېڭەيگەن. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ئەمەلدارلارغا نىسبەتەن شىنجاڭدىكى پۇقرالىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاقساقاللارنىڭ ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش كۆڭۈلدىكىدەك چارە ئەمەس ئىدى. ئەمما، رۇسىيەگە تەۋە تۈركىستاندا خىتاي پۇقرالىرىدىن ئاقساقال تەيىن قىلىش خىتاي ئۈچۈن بىر غەلىبە بولۇپ، بۇ ئۇ يەردىكى قەشقەرلىكلەرگە ۋەكىللىك قىلىش ھوقۇقىنى رۇسلارنىڭ قولىدىن تارتىپ ئالغانغا باراۋەر ئىدى. چاڭ يوڭچىڭ بۇ غەلىبىسىدىن كېيىن ئىلىدىكى مەمۇرلارغا خەت يېزىپ يەتتەسۇدا ياشاۋاتقان خىتاي پۇقرالىرى ئارىسىغىمۇ ئاقساقال قويۇش تەكلىپىنى بەرگەن. بۇ ۋاقىتتا رۇسىيە بۇرۇنقى بار بولغان، يەرلىكلەر سايلىغان قەشقەرلىك ئاقساقاللارنىڭ بارلىقىنى باھانە قىلىپ، ئىلىدىكىلەرنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان. بۇنىڭ بىلەن خىتاينىڭ ئارزۇسى ۋاقىتىنچە ئەمەلگە ئاشقان. رۇسىيەمۇ يەتتەسۇ ئاقساقاللىرى ئۈستىدىكى كونتروللۇقىنى ساقلاپ قالغان. ئۇ يەردە قەشقەرلىكلەرنىڭ كۆپى ئاممۇۋى ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىدا ئىشلەيدىغان بولۇپ، رۇسلار ئاقساقاللار بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئەرزان ئىشلەمچىلەرنىڭ داۋاملىق كېلىپ تۇرۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. بۇلارنىڭ بىر مىسالى توقماقتىكى ئاقساقال تۇرداخۇن ئالماسبېكوۋ بولۇپ، ئۇ 1916-يىلى چۇ ۋادىسىدىكى ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن تەقدىرلەنگەن.

خىتايلار بىلەن رۇسلار ئارىسىدىكى سۆھبەتتە ئۇتقۇچى قەشقەر بايلىرى بولغان. ئىككىنچى بابتا دېيىلگەندەك ئاقساقاللار قۇرۇلمىسى ئۈچ بۇرجەكلىك بىر رىقابەتنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، يالغۇز رۇسلار بىلەن خىتايلارنىڭ مەنپەئەتىنى قانائەتلەندۈرۈپلا قالماي، بەلكى

www.uyghurkitap.com

يەرلىكلەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تىجارىي ئىشلىرىدىكى ئاپتونومىيەسىنىمۇ قولىدا تۇتاتتى. شىنجاڭدىكى رۇسىيەلىك ئاقساقاللار قەشقەر بايلىرىنى جەلپ قىلىدىغان بىر ئۈلگە بولۇپ ئۇلارمۇ ئۆزىدە شۇنداق بىر سالاھىيەتنىڭ بولۇشىنى ، ئۆزىنىڭ رۇسىيەدىكى سودا تورىنى ئۆزى كونترول قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. مانا ئەمدى رۇسىيەدە ئۇلارنىڭمۇ ئاقساقاللىرى بولغان بولۇپ ، ئۇلار بۇ ئاقساقاللارنى رۇسىيەلىكلەرنىڭكىگە قارىغاندا بەكرەك كونترول قىلالايتتى. رۇسىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ئاقساقاللىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان بولۇپ كونسۇلنىڭ مۇئاۋىنى سانىلاتتى ، ھالبۇكى خىتاينىڭ رۇسىيەدە كونسۇلى بولمىغاچقا سايلام نازارەتسىز قالاتتى. رۇسىيەدىكى قەشقەرلىك ئاقساقاللارنىڭ سايلىمى يەرلىكتە ، يەنى قەشقەردە بولاتتى. بۇ ئارقىلىق بايلار ئۆزلىرىگە سادىق ۋەكىللەرنىڭ سايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلالايتتى. بۇ مەنىدە ئاقساقاللار رۇسىيەدە ھەم كونسۇللۇق ، ھەمدە ئاقساقاللىق رولىنى ئوينايتتى. ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە خىتاي كونسۇلى بولۇشتىن بەكرەك قەشقەرلىك بايلارنىڭ ۋەكىلى بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن قەشقەر بايلىرىغا ، ئاندىن خىتاي مەمۇرىيىتىگە ، ئاخىرىدا يىراقتىكى ئۈرۈمچى ۋە بېيجىڭغا ھېساب بېرەتتى.

1914-يىلى ئاۋغۇستتا قەشقەردە ئېچىلغان بىر يىغىندا بەش كىشى ئاقساقال بولۇپ سايلانغان. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ رۇسىيەدە سودا قىلغان تەجرىبىسى بار بولۇپ ئاخۇنبايېۋلار بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى. ئۇلارنىڭ تۆتى قەشقەرلىكلەر بىر قەدەر كۆپ بولغان ئوش ، قوقەن ، تاشكەنت ۋە ئەنجان قاتارلىق سودا مەركەزلىرىگە ئەۋەتىلگەن. بەشىنچىسى قارا دېڭىز بويىدا ھازىرغىچە مۇھىم پورت سانىلىدىغان ئودېسساغا ئەۋەتىلگەن. بۇ شەھەر قول ئىلىكدە بار قەشقەرلىكلەرنىڭ ھەج ئۈچۈن شىنجاڭدىن رۇسىيەگە ، ئاندىن پويىز ئارقىلىق قارا دېڭىزغا ، قارا دېڭىزدىن پاراخوت ئارقىلىق ئىستانبۇلغا مېڭىشىدىكى مۇھىم تۈگۈن ئىدى. رۇسىيەگە ئەۋەتىلگەن بۇ ئاقساقاللار بارغان يەرلىرىگە قەشقەر دوتەي مەھكىمىسىدىن چىقىرىلغان تەيىنئامىنى يەتكۈزۈپ ، رۇسلار بېكىتكەن ، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان يەرلىك ئاقساقاللارنىڭ ئورنىغا ئالماشتى.

پەرغانە ۋادىسىدىكى چار پادىشاھ ئەمەلدارلىرى قەشقەردىن ئەۋەتىلگەن ئاقساقاللاردىن نارازى بولغان. ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى مەمۇرىيەتكە يازغان خېتىدە «ئۇلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئېنىقسىز ، ئۇلار ھەققىدە ئەرزلەر تولا ، رۇس شىركەتلىرىدىن ئالغان قەرزلىرى بار » دېيىلگەن. رۇس ئەمەلدارلارنىڭ كۆزىگە شۇنداق سەت كۆرۈنگەن بۇ ئاقساقاللارنىڭ بىرى ئەنجاندىكى ئابدۇراھمان قارىھاجى تاھىروۋ ئىدى. ئۇ ئۆزىنى كونسۇل دەپ جاكارلاپ ئەنجاندىكى قەشقەرلىكلەرنى رۇس ئەمەلدارلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشتىن توسقان. رۇس ئەمەلدارلار ئۇنى رۇسىيەگە مايىل قەشقەرلىكلەر ھەققىدە خىتاي دائىرىلىرىگە مەلۇمات يوللايدىغان جاسۇس دەپ گۇمان قىلغان. رۇسىيە دائىرىلىرى يەنە ئۇنى خىتاي پۇقرالىرى ئارىسىدىكى مەخپىي تەشكىلات گېلاۋخۇيغا ئەزا دەپ گۇمانلانغان. ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ بىر يىل بولمايلا ئاخىرى ئۇنى تۇتقۇن قىلىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەپ ھۆكۈم ئېلان قىلغان. قەشقەر دوتەي مەھكىمىسى ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئاقساقال ئەۋەتىش بىلەن ئابدۇراھمان قارىھاجىنى جازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان.

## ياش تۈركلەر ۋە ياش قەشقەرلىكلەر

شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان سەرخىللەر يېڭى قۇرۇلغان خىتاي جۇمھۇرىيىتىدە ئۆز ئورنىنى ئىزدەشتىن باشقا بالقان ئۇرۇشلىرى ئىچىدە تىركىشىۋاتقان ئوسمان ئىمپېرىيەسىگىمۇ دىققەت بىلەن نەزەر سالماقتا ئىدى. 1912-يىلى بىرىنچى قېتىملىق بالقان ئۇرۇشى ھارپىسىدا قەشقەر ۋە غۇلجىدىكى سودىگەرلەر ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە تۆت مىڭ رۇبلى ئىئانە قىلغان. بۇ ئىئانە ئارقىلىق مۇسابايلار ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرىپىگە ئېرىشكەن. 1913-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۈركىيە باش قوماندانى ئەنۋەر پاشا ئەدىرنەنى قايتۇرۇپ ئېلىپ ئىستانبۇلنى بۇلغارىيەنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قالغان. بۇ چاغدا غۇلجىدا مۇسۇلمانلار سودىنى توختىتىپ ، بازارلارنى تاقاپ كوچىلاردا بايراقلارنى لەپىلدىتىپ تەنتەنە قىلغان. باھاۋۇددىن مۇسابايېۋ يىغىلىش ئۇيۇشتۇرغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولۇپ كىشىلەر ئۇرۇشتا شېھىت بولغانلارغا دۇئا قىلىشقان ۋە يېقىندا ۋاپات بولغان تاتار شائىر ئابدۇللا توقاينىڭ ئەنۋەر پاشانى مەدھىيەلەپ يازغان نەزمىسىنى ئاڭلىغان.



باھاۋۇددىن مۇسابايېۋ غۇلجىدا ، 1910-يىلى.

جۇمھۇرىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئېنىقسىزلىقتىن پايدىلانغان قەشقەردىكى ئىسلاھاتچىلار جەدىتچە مائارىپقا كۆچەپ بەلگىلىك ئاساس ياراتقان. ئىنقىلابچىلاردىن كېلىدىغان تەھدىتنى ئازايتىش ئۈچۈن ياك زېڭشىن ئىلىدىكى ياك زەنشۇنى قەشقەرگە ئۆلكىلىك باش قوماندان (تىدۇ) ئەملى بىلەن يۆتكەپ كەلگەن ، بۇ قەشقەردىكى جەدىتچىلەرگە ئىلھام

بەخش ئەتكەن. 1913-يىلى قەشقەردىكى مۇشۇنداق جەدىتچىلەرنىڭ بىرى بولغان قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئىسمائىل غاسپىرالىغا خەت يېزىپ ياڭزەنشۇنىڭ كېلىشى بىلەن جەدىتچە مائارىپنىڭ كۆچىيىشىگە بولغان ئۈمىدىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ ياڭنىڭ قەشقەردە سۆزلىگەن تۇنجى نۇتقىدا مۇسۇلمانلارنى مەرىپەتكە چاقىرغانلىقىنى ئېيتقان. ياڭنىڭ بۇ نۇتقى جەدىتچىلەرنىڭ ئىبارىسىگە ماس كېلەتتى. ياڭ نۇتقىدا: «قانۇنغا رىئايە قىلىنسىلا، مۇۋاپىق دەپ قارالغان ئىسلاھاتلارنى يۈرگۈزۈشكە بولىدۇ، بۇنىڭغا ھېچ بىر توسقۇنلۇق يوق. سىلەر پەن ۋە مائارىپتا يۈكسىلىشىڭلار كېرەك. ئاراڭلاردىن قابىلىيەتلىك ۋە ئىختىساسلىق كىشىلەر چىقسا، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىگە قارىتا مۇۋاپىق ئورۇنغا قويىمىز، ھەتتا ئۆلكە باشلىقى ئورنىغا قويۇشىمىز مۇمكىن، نادانلىقنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، بارلىق خالايىق ۋە پۈتۈن مىللەت ئويغىنىشى كېرەك.» دېگەن.

يېڭى مۇھىتنىڭ ئەۋزەللىكى نەتىجىسىدە ئابدۇقادىر داموللا، قۇتلۇق شەۋقى ۋە بىر قىسىم يەرلىك ئۆلىمالار مۇساباييۇلار بىلەن بىرلىكتە «نەشرى مائارىپ جەمئىيىتى» دېگەن نامدا بىر ئورگان قۇرغان ۋە ئاشكارا يېڭىچە مائارىپنى تەرغىب قىلىشقا باشلىغان. ئۇلار ھەر جۈمە كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن يىغىلىش قىلىپ خۇراپاتلىقنى تەنقىد قىلغان. ئۇلار يەنە جامائەتكە پايدىلىق رىسالىلەرنى ۋە دىنى بايراملار ئۆچۈن كارتىلارنى تارقىتىپ ساۋابلىق ئىشلارنى قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقىنى يەرلىك بەزى ئۆلىمالار بىدئەت دەپ قارىغان. ئەمما، بۇ تەشكىلاتنىڭ كېيىنكى ھەرىكىتى ئەڭ چوڭ تالاش-تارتىشقا سەۋەب بولغان. ئۇلار ئىستانبۇلدىن تونۇشلىرى ئارقىلىق بىر تۈرك ئوقۇتقۇچىنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلغان بولۇپ، ئوسمان ئىمپېرىيەسى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى تەلئەت پاشا ئەخمەت كامال (1889-1966) ئەپەندىنى قەشقەرگە ئەۋەتكەن.

ئەخمەت كامال رودۇس ئارىلىدا تۇغۇلغان بولۇپ ئەدەبىياتچى، ياش تۈركلەر ئارىسىدا چاقناۋاتقان يۇلتۇز ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە مىللەتپەرۋەرلىك تېمىسى يېزىلغان بولۇپ، سلاۋيانلارنىڭ بالقاندىكى زۇلۇمىغا قوراللىق ئىسيان قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ 1914-يىلى قەشقەرگە ئىستانبۇلدا ئوقۇغان بىر قانچە قەشقەرلىك ئوقۇغۇچى بىلەن كەلگەن بولۇپ، مۇسابايلارنىڭ ئارتۇچتىكى مەكتىپىگە مەسئۇللۇققا تەيىنلەنگەن. ئۇ بارغاندىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەكتەپنىڭ ئىسمىنى «ئىتتىهات دارۇل مۇئەللىمىن» دەپ ئۆزگەرتكەن. ئىتتىهات ۋە تەرەققىيات پارتىيەسى شۇ چاغدا تۈركىيەدىكى ھۆكۈمران پارتىيە بولۇپ ياش تۈركلەرنىڭ قولىدا ئىدى. ئەخمەت كامالنى بۇ پارتىيەنىڭ ئەزاسى دېيىشكە بولاتتى. ئادىل ھېكمەت باي يازغان «ئاسىيادا بەش تۈرك» دېگەن كىتابقا قارىغاندا مەكتەپتە ئاي يۇلتۇزلۇق تۈرك بايرىقى لەپىلدەيتتى. ئوقۇغۇچىلار تۈرك ھەربىي مارشى ئوقۇيتتى، ھەتتا يېقىندىكى بىر مەسچىتكە تۈرك گېنېراللارنىڭ رەسمى ئېسىلغان ئىدى. مەكتەپ تۈركىستان ئۇسلۇبىدىكى جەدىتچە ئوقۇتۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئىمتىهان ئېلىنىدىغان كۈنى ئوقۇغۇچىلار سەمەرقەنتلىك مەھمۇت خوجا بېھبۇدىنىڭ «پەدەركۈش» دېگەن داڭلىق ئەسىرىنى سەھنىگە ئېلىپ چىقاتتى.

مەكتەپنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىنى (مەسىلەن، «ئەلىفبايى تۈركى» دېگەن ئەسەرنى) ئەخمەت كامال تۈزگەن بولۇپ مۇسابايلار قازاندا باستۇرۇپ بەرگەن. بۇرۇن ئابدۇقادىر داموللام تۈزگەن دەرسلىك كىتابلارمۇ قازاندا مۇسابايلارنىڭ ياردىمى بىلەن باستۇرۇلغان ئىدى. ئابدۇقادىر داموللا جەدىتچىلىكتە ئەرەبچە ئوقۇتۇشنىڭ ئەۋزەل ئۇسۇلىغا كۆچسە، ئەخمەت كامال ئوقۇغۇچىلاردا يېڭى، زامانىۋى ھاياتقا ئىشتىياق ئويغاتماقچى بولغان. شۇ مەقسەتتە ئەخمەت كامال ئوقۇغۇچىلارغا «سائەت»، «يانچۇق سائىتى» دېگەن سۆزلەرنى ئۆگەتكەن ۋە «ئىلغار، تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر قىلغان ھەر قانداق ئىشقا ۋاقىت بەلگىلەيدۇ» دېگەنلەرنى سىڭدۈرگەن. مىللەت تېمىسىدا بۇ ئىككى زات ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىماسلىق ئۇلار تۈزگەن دەرسلىكلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئابدۇقادىر داموللام تۈزگەن «ئەقائىدى زەرۇرىيە» دېگەن كىتابتا مۇسۇلمانلارنى بىر مىللەت دەپ قاراپ تەپرىقىتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق يازغان:

سوئال: مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولماغىنىڭ سەۋەبى نەدۇر؟

جاۋاب: ئىككى سەۋەبى باردۇر: بىرى جاھىللىق ۋە نادانلىق، يەنە بىرى ئىختىلاپ ۋە تەپرىقىچىلىقتۇر. ھەر قانداق مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشىغا نادانلىق ۋە ئىتتىپاقسىزلىق سەۋەب بولىدۇ.

ئەخمەت كامال قەشقەردىكى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ تۈرك بولغانلىقىدىن ، تۈرك مىللىتىنىڭ ئاسىيادىكى يۇرتىدە ياشاۋاتقانلىقىدىن پەخىرلىنىشكە چاقىرغان. ئۇ تۆۋەندىكى دەرسلىكتە ئوقۇغۇچى بىلەن ئوقۇتقۇچى ئارىسىدىكى سۆھبەت مۇنداق يېزىلغان:

سوئال: يۇرتۇڭ قەيەر ؟

جاۋاب: قەشقەر ئەپەندىم.

س: قەشقەر قەيەردە ، دۇنيانىڭ نەرىگە جايلاشقان دېگەنلەرنى بىلەمسەن ؟

ج: بىلىمەن ، ئەپەندىم.

س: سەن بۇلارنى قەيەردە ئۆگەندىڭ ؟

ج: مەن بۇلارنى مەكتەپتە ئۆگەندىم. مەكتەپتە مەن قەشقەر ھەققىدىلا ئەمەس ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرى ھەققىدىمۇ بىلىم ئالدىم.

س: قەشقەر ھەققىدە سۆزلەپ بېرەلەمسەن ؟

ج: ئەلۋەتتە ئەپەندىم. قەشقەر بىزگە مەنسۇپ شەھەر. چىنى تۈركىستاندىكى تۈركلەرنىڭ شەھىرىدۇر. قەشقەر ئاسىيا قۇرۇقلۇقىغا جايلاشقان ، بىز مەنسۇپ بولغان تۈرك ئىرقى ئاۋۇغان ۋە يۈكسەلگەن ئانا تۇپراقتۇر.

قەشقەردىكى نەشرى مائارىپ جەمئىيىتىدىكىلەر سادىدىلىق بىلەن يېڭىچە مەكتەپلەر ئارقىلىق خىتاي ئەمەلدارلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىمىز دەپ قارىغان. ئۇلار پەرەز قىلغاندەك ، مەكتەپنى تەنقىد قىلىدىغانلار قەشقەردىكى ئۆلىمالار ئىچىدىن چىققان. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى ئەڭ قاتتىق ئىنكاس رۇسلارنىڭ خىتايدىكى دىپلوماتلىرىدىن كەلگەن. ئۇلار ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ رۇسىيە تۈركىستانىنى قوزغىتىش سۇيىقەستى بار دەپ قارىغان. ئەخمەت كامال 1914-يىلى قەشقەردىن ئۆتكەن گۇمانلىق تۈركلەرنىڭ بىرى بولۇپ بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەسلى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ مەخسۇس خادىملىرى ئىدى. بۇلارنىڭ بەشى ئەنۋەر پاشانىڭ ئاخبارات

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قسىمغا مەنسۇپ بولۇپ تەشكىلاتى مەخسۇستا ئىشلەيتتى. ئۇلار شۇ يىلى نويابىردا قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ كېيىنكى يىلى ئاپرېلدا قوغلاپ چىقىرىلغان.

1915-يىلى ئىيۇلدا رۇسىيەنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى خىتاي ھۆكۈمىتىگە شىكايەتنامە سۇنۇپ، ئەخمەت كامال ئاچقان مەكتەپكە يول قويۇلسا خىتاينىڭ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى بىتەرەپلىكىگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن. ۋەزىيەتتىكى داۋالغۇش ئۈمەر ئاخۇنبايېۋلارنى قىيىن كۈنگە قويغان. قەشقەردىكى رۇسلارغا قارشى ھەر قانداق بىر ھەرىكەت ئۇلارنىڭ ئېكسپورت سودىسىنى زىيانغا ئۇچرىتاتتى. ئاخىردا ئۇ مەكتەپ ۋە ئاچقۇچىلار ھەققىدە خىتاي ئەمەلدارلىرىغا مەلۇمات بەرگەن. ئاۋغۇستتا ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ جەنۇبتىكى كونتروللۇقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن جەدىتچە مائارىپقا ھېسداشلىق قىلىدىغان ياڭ زەنشۈنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان. كېيىنكى ئايدا بېيجىڭ، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر ئوتتۇرىسىدىكى نۇرغۇن جىددىي تېلېگراممىلاردىن كېيىن قەشقەر دوتەي مەھكىمىسى مەكتەپنى تاقىغان. ياڭ زېڭشىن بۇنىڭغا ئۇلاپلا پەرمان چىقىرىپ چەتئەللىكلەرنىڭ ئۆلكىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشىنى چەكلىگەن ۋە شامى داموللام (شۇ چاغدا كۈچادا مەكتەپ ئېچىۋاتقان ئىدى) قاتارلىق ئوسمان ئىمپېرىيەسى پۇقرالىرىنى چېگرادىن قوغلاپ چىقارغان. بۇنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ شىنجاڭدىكى ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە مايىل قاراشلارنى تەرغىب قىلغان پۇقرالارنى باستۇرغان.

تۈركلەرنىڭ چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلىشى شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان زامانىۋىلىق تەرەپدارلىرى مېڭىۋاتقان سىياسىي يولنىڭ ئۇلارنى خىتاي ھاكىمىيىتى بىلەن توقۇنۇشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىدىن بېشارەت ئىدى. مىڭ تەستە قۇرۇلغان مەكتەپنىڭ تاقىلىشى ئىسلاھاتچى ياش قەشقەرلىكلەرنى ئاشقۇنلۇققا قۇتراتقان ۋە ئۇلارنى يېڭى سىياسىي تاكتىكا قوللىنىشقا مەجبۇر قىلغان. بىرىتانىيە كونسۇلىنىڭ مەلۇماتىچە ئەخمەت كامال قەشقەردە قامالغان مەزگىلدە بىر يېڭى تەشكىلات قۇرغان. بەلكىم بۇ كېيىنكى سوۋېت دوكلاتلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئىتتىھات ۋە تەرەققىي پارتىيەسىنىڭ قەشقەر تارمىقى بولۇشى مۇمكىن. تەشكىلاتتىكى يۈزلىگەن ئەزا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلغان بولۇپ ئەگەر مەغلۇپ بولسا خوتۇن تالاق بولىدىغان بولغان. زادى نېمىگە

مەغلۇپ بولسا شۇنداق بولىدىغانلىقى كونسۇلغا ئېنىق بولمىغاندەك ، قەسەم بەرگۈچىلەرگىمۇ قاراڭغۇ بولۇشى مۇمكىن. يالقۇنلۇق نۇتۇقلىرى بىلەن داڭلىق بولغان ئەخمەت كامال ئوقۇغۇچىلىرىغا خىتاي ھاكىمىيىتىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە بىرەر ئىستراتېگىيەگە ئۆگەتمىگەن. ئۇنىڭچە خىتاينىڭ تۈركىيەگە قارشى تۇرۇشى بىر خاتالىق بولۇپ ، تۈزىتىلىشى كېرەك ئىدى. تۈركلەرنىڭ خىتايغا تۇتقان مۇئامىلىسىدە مەقسەت ئۇلارغا قارشى چىقىش ئەمەس ، بەلكى خىتايلار بىلەن بىرلىكتە مۇستەملىكچى غەربكە تاقابىل تۇرۇش ئىدى. ياش زېڭشىنىنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغانلار تۈرمىلەردە جاق تويغان ۋە بۇلار باشقا يەردىن ياردەم كۈتۈشكە قاراپ ئاغقان. شۇڭا 1915-يىلى ئەخمەت كامالنىڭ سىنىپىدا ئوقۇغانلارنىڭ ئاخىرىدا سوۋېتقا مايىل بولغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۇلار داۋاملىشۋاتقان بۇ توقۇنۇشلارنى مەدەنىيەت ئىسلاھاتىغا ، مىللىي ئازادلىق كۆرۈشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ تەبىر بەرگەن.

## چىنى تۈركىستاننى تەكشۈرگەن رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى

بۇ مەزگىلدە رۇسىيە ۋە ئوسمان ئىمپېرىيەلىرىدىكى مەتبۇئاتلاردا خىتايدىكى ئىسلام ھەققىدە كۆپلەپ ئەسەرلەر يېزىلدى. ياپونىيەنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە 1905-يىلى رۇسىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشى بىلەن مۇسۇلمان زىيالىيلار ئارىسىدا ئاسىيانىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىدىغان يېڭى پان-ئاسىياچىلىق كەيپىياتى باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. گەرچە خىتاي ياپونىيەگە ئوخشاش زامانىۋىلىقنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتمىغان بولسىمۇ ۋاسىلىيۋ قاتارلىق شەرقشۇناسلارنىڭ نەزەرىيەلىرىدە خىتاينىڭ مۇسۇلمان بولىدىغانلىقى پەرەز قىلىنىغاچقا مۇسۇلمان زىيالىيلاردا خىتاي-مۇسۇلمان ھەمكارلىقى دېگەن بىر تەسەۋۋۇر مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. 1916-1917-يىللىرى ئۇفا شەھرىنىڭ بۇرۇنقى قازىسى رىزائۇددىن پەخرىددىن (1859-1936) «شۇرا» ژۇرنىلىغا خىتاي ھەققىدە بىر تۈركۈم ماقالىلەرنى يازدى. ئۇ ماقالىسىدە خىتاينىڭ تەرەققىياتى ھەققىدىكى ئۈچ يولنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرىنچى ، ياۋروپا مۇستەملىكچىلىرى ئافرىقا ۋە ھىندىستاننى پارچىلىغاندەك خىتاينى پارچىلايدۇ. ئىككىنچى ، خىتاي پارچىلانماسلىق ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياپونىيەگە بويسۇنىدۇ. ئۈچىنچىسى، خىتاي مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتىدۇ. بۇ ئۈچىنچىسى ئۇنىڭ نەزىرىدە خىتاينىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىشىدىكى يېگانە يول ئىدى.

سودا رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ خىتايغا كېلىشىدە ئەڭ مۇھىم سەۋەب بولۇپ، سىياسىي سەۋەبمۇ يوق ئەمەس ئىدى ئەلۋەتتە. 1908-يىلدىكى رۇسىيەدىكى بىر قېتىملىق چېكىنىش 1905-يىلدىكى ئىنقىلاب سەۋەبلىك ئېرىشىلگەن ئەركىنلىكلەرگە قارشى بولۇپ پۈتكۈل رۇسىيەنى تەۋرىتىۋەتتى. شۇڭا مۇسۇلمان ئاكتىپلارغا قارشى سىياسىي ۋەزىيەت كونسېرى ئېغىرلاشقا باشلىدى. پانئىسلامىزمغا قارشى دولقۇن سەۋەبلىك زامانىۋى مەدرىسلەر تاقىلىپ مۇدەررىس ۋە تالىپلار جەنۇبقا سۈرۈلدى. رۇسىيە تۈركىستانى ۋە شىنجاڭ ئۇلارنىڭ مەنزىلى ئىدى. 1913-يىلى غۇلجىغا كەلگەن گابدۇللا بۇۋى (1871-1922) بۇ قېتىمقى باستۇرۇشتا ئەڭ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان داڭلىقلارنىڭ بىرى ئىدى. رۇسىيە كونسۇلى ئۇنى شۇ ھامان قاماققا ئالغان بولۇپ شۇ يەردىكى تاتار مۇسۇلمانلارنىڭ كېپىللىكى بىلەن قۇتۇلغان.

شىنجاڭدىكى بىۋاسىتە كەچۈرمىش تاتار ئاپتورلاردا ھەر خىل تەسىراتلارنى پەيدا قىلغان. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى خىتايدىكى تەرەققىياتلار بىلەن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ بىر- بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، رۇسىيە پۇقرالىرى ۋە خىتاي پۇقرالىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى بايانلارنى يىغىنچاقلىغان دېيىشكە بولىدۇ. كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، رۇسىيەلىك مۇسۇلمانلار شىنجاڭدىكى بىر ئىمتىيازلىق تەبىقە ئىدى. بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە بۇنداق ئىجتىمائىي ھاڭ خىتايدىكى مۇسۇلمانلارنى رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىغا ئوخشاش ئاقارتىش يولىغا بىرلىكتە قەدەم قويۇشتىن چەكلەپ تۇراتتى. يەرلىك مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە تەنقىدىي نەزەردە باققان كىشىلەردىن گابدۇلگەزىز مۇناسىپ دېگەن تاتارنى مىسال كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇ شىنخەي ئىنقىلابى يۈز بەرگۈچە بولغان ئارىلىقتا غۇلجىدىكى بىر ئىمپورت-ئېكسپورت شىركىتىدە بەش يىل ئىشلىگەن. ئۇنىڭ قاراشلىرى 1907-يىلى ئورېنبورگتىكى «ۋاقىت» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان خىتايدىن غۇلجىغا تۆمۈر يول كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرگە بولغان ئۈمىدسىز خېتىدە ئەكس ئەتكەن. ئۇ بۇ ئىشنى ھاياجان بىلەن بايان قىلىش ئورنىغا خۇشاللىق ۋە غەم ئارىلاشقان

تۇيغۇلاردا بولغان. ئۇنىڭچە ئەگەر تۆمۈريول كەلسە بۇ يەردىكى تۈركى مىللەتلەردە ئىلگىرىلەش بولىدۇ، ئەمما ئاگاھ بولىدىغان تەرەپمۇ بار، مەسىلەن، ئەگەر تۆمۈر يولنىڭ رېلىسى ياتقۇزۇلسا، ئوقۇمۇشلۇق ئەرمەنلەر ۋە يەھۇدىيلار دۇنيانىڭ ھەر يەرلىرىدىن كېلىشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە ئىنگلىزلار ئۆزىنىڭ زامانىۋى ئۇسكۇنىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن غۇلجىلىق تارانچىلار ئىشسىز قالىدۇ. نەتىجىدە چېكىنىش باشلىنىدۇ.

1912-يىلى ئۇ قازانغا قايتقاندىن كېيىن غۇلجىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بىر رومان يېزىشقا باشلايدۇ. ئۇ يازغان «تارانچى قىزى» ياكى «ھېلىمنىڭ تۇنجى سۆيگۈنى» دېگەن ئەسەر شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىنى تەسۋىرلىگەن تۇنجى رومان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گەرچە ئۇ بۇ رومانىنى 1915-يىلى يېزىپ تامام قىلغان بولسىمۇ ئۇرۇش سەۋەبلىك تاكى 1918-يىلغىچە نەشر قىلالمايدۇ. بۇ چاغدا مۇناسىپ ئۆزىنى رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ھەربىي كېڭىشىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاتىغان ئىدى. رومانىنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى دەل مۇشۇنداق مۇھىم بىر ۋاقىتتا نەشر قىلىنىشى بۇ ئەسەرنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

«تارانچى قىزى» دېگەن بۇ روماندا قىز ئوبرازى ئارقىلىق بىر مىللەتنىڭ تەقدىرى يورۇتۇلغان. ئەينى چاغدا بۇنداق مەجاز قوللىنىش تاتار يازغۇچىلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئىدى. ئەسەردە رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىكى مۇناسىۋەت ۋە جەدىتچە پىكىرلەرنىڭ بۇ جامائەتنىڭ سىرتىدا ياشايدىغان قەشقەرلىكلەر ئارىسىغا تارقىلالمىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەقەلىك ھېكايە قىلىنغان. ئەسەرنىڭ كىرىش قىسمىدا مۇناسىپ تارانچىلارغا 1907-يىلدىكىگە قارىغاندا ئىجابىي باھا بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنى «تۈرك-تاتار مىللىتىنىڭ زېرەك ۋە مەدەنىيەت ياراتقان ئەزاسى» دەپ تونۇغان. مۇناسىپ ئەسەرنى تارانچىلارنىڭ ئۆرپ-ئادەت مۇجەسسەمى دەپ قارىغان ۋە بۇلار ھەققىدە ئېتنوگرافىيەلىك تەتقىق قىلىشنى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتتە قايتا گۈللىنىشىدە بىر قەدەم، دەپ قارىغان. ئۇنىڭچە «تارانچىلارنىڭ ھاياتى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە تارىخى ئەتراپلىق تەھقىقلىنىشى كېرەك». تارانچىلارنىڭ ئارىسىدا بۇنداق بىر مەدەنىيەت ئويغىنىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن ، ئۇ يەتتەسۇدىكى رۇسىيە پۇقرالىقىدىكى تارانچىلارغا خىتاب قىلغان بولۇپ ، ئەينى چاغدا ياركەنتتە بىر كىچىك نەشرىيات قۇرغان ھۇسەيىنبەگ يۇنۇسوۋ دېگەن كىشىگە مۇراجىئەت قىلغان. ئۇندىن باشقا ئۇ ئۇلىمالاردىن مەرۇپ مەسئۇدى بىلەن غۇلجىدىكى داڭلىق جەدىتچى مۇھەممەد ئىمىن زەينەلوۋنىمۇ ياردەمگە چاقىرغان.

مۇناسىپىنىڭ رومانىدىكى باش پېرسوناژ ھېلىم غۇلجىدىكى بىر كۆچمەن تاتار بولۇپ بىر باينىڭ خىزمەتچىسى ئىدى. (رومان ئازراق تەرجىمىھال تۇسىدە يېزىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن). ھېلىم خىزمەت ئارىلىقىدا يەتتەسۇلۇق تارانچى ئىمامدىن تۇل قالغان زەينەپ مومايىنىڭ ئۆيىگە يولۇقۇپ تۇردى ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى جىنەستە بىلەن تونۇشۇپ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. ھېلىم جىنەستىگە غۇلجىنىڭ تارىخى ئىزلىرىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ ۋە ئىككىيلەن ئاخىرىدا 1860-يىللاردىكى چىڭ ئىمپېرىيەسىگە قارشى قوزغىلاڭدا قۇربان بولغان بىر شېھىتلار قەبرىستانلىقىغا كېلىدۇ. ئىككىيلەن بۇ تارىخى مازارلىقتا تويلىشىشقا ۋەدىلىشىدۇ. ھېلىم خوجايىنى رۇسىيە سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن جىنەستە بىلەن نىكاھلىنىشقا ئىجازەت سورايدۇ ، ئەمما پاجىئەلىك ھالدا رەت قىلىنىدۇ. رەت قىلىنىپلا قالماي خوجايىن ئۇنى سودا ئىشى بىلەن ھەربىي قارارگاھ خۈييۈەنگە چىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇ يوق چاغدا زەينەپ مومايىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپ موما-نەۋرە ئىككىيلەننى قەتل قىلىدۇ. رومانىنىڭ خاتىمىسىدە ئوغرىنىڭ قەشقەرلىك خىتاي پۇقراسى ئىكەنلىكى ، كىشىلەرنى يىللاردىن بېرى بىسەرەمجان قىلىپ ئاخىرى تۇتۇلۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقى يېزىلىدۇ. ھېلىم ئادالەت ئەمەلگە ئاشقىنى ئۈچۈن سۆيۈنىدۇ ، ئەمما ئۇ ھاياتىدا تەكرارلانماس مۇھەببەتتىن مەھرۇم قالغان ئىدى.

«تارانچى قىزى» دىن قارىغاندا ، ئەينى چاغدا رۇسىيەدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن چىڭ ئىمپېرىيەسىگە مەنسۇپ مۇسۇلمانلار تەۋەلىكتىلا ئەمەس ، تەبىقە جەھەتتىنمۇ ئايرىلىپ تۇراتتى. تارانچى قىز جىنەستە بىلەن تاتار يىگىت ھېلىمنىڭ مۇھەببىتى خىتايدا ياشايدىغان ئىككى رۇسىيە پۇقراسىنىڭ قوشۇلۇشى ئىدى: جىنەستىنىڭ ئائىلىسى غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن

رۇس پۇقرالىرىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەدەنىيەت پەرقىمۇ ئاسانلا يوقىغان بولۇپ ھېلىم تارانچى شېۋىسىنى پۇختا بىلەتتى، جىنەستىنىڭمۇ تاتارچىغا تىلى كېلىپ قالغان ئىدى. «تارانچى قىزى» دېگەن بۇ روماندا تارانچىلارنىڭ 1860-يىللاردىكى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيانىدا جان بەرگەن كۈرەشچىلەرگە بېغىشلانغان بولسىمۇ، ئەمما رومانىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە ۋە ختايغا قارشى بايانى ختاي ئەمەلدارلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتقا دەخلى قىلمايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ پەقەت ئۆزىدىن بولغان ئوقەتچىلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىدىغانلىقىنى تەسۋىرلىشى نەتىجىسىدە تازا ئۆتكۈر چىقمىغان. رومانىدىكى سەلبىي پېرسوناژ تاتار- تارانچى بىرلىكىنى بۇزغۇچى قەشقەرلىك جىنايەتچى قىلىپ يېزىلغان. ئۇ ئىلى تارانچىلىرى رۇسىيەگە كۆچكەندىن كېيىن غۇلجىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان جەنۇبلۇق كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جەنۇبلۇقلارنىڭ سانى تارانچىلاردىن ئېشىپ كەتكەن، نەتىجىدە غۇلجىدىكى رۇسىيەلىك مۇسۇلمان بايلار ئۇلارنى ياقتۇرماسلىققا باشلىغان. روماندا يارىتىلغان باشقا قەشقەرلىك ئوبرازلارمۇ تۆۋەن قاتلامغا مەنسۇپ، مەسىلەن ھېلىقى ئوغرىغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلغان كىشىمۇ قەشقەرلىك. غۇلجا بىلەن خۇييۇەن ئارىلىقىدا قاتنايدىغانلارغا مۇلازىمەت قىلىدىغانلارمۇ جەنۇبلۇقلاردىن بولغان. ھېلىم ئارام ئۈچۈن چۈشكۈن قىلغاندا ئۇلارنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن چەينىكىدىن چاي ئىچىدۇ.

گابدۇلگەزىز مۇناسىپنىڭ چەكلىك مەلۇماتىچە، تارانچىلار ئارىسىدىكى تاتارلار يېتەكچىلىك قىلغان جەدىتچىلىك نۇرغۇن تەرەپلەردە جەدىتچىلىكنىڭ ئاساسى پىكرى بىلەن بىردەك ئىدى. رۇسلارنىڭ نەزىرىدە رۇسىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سىرتتىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئەمەس ئىچكى باغلىنىشىنى تەكىتلەش سىياسىي جەھەتتىن توغرا ئىدى. بىراق رۇسىيەدىكى مۇسۇلمان زىيالىيلارنىڭ كۆپى بۇنداق رۇس-مەركەزلىك قاراشقا قوشۇلمايتتى. ئۇلار ساياھەت پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ تۈرك ۋە دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ھەققىدە ئەسەرلەر يېزىشاتتى. بۇنداق ساياھەتنامىلەر چەتئەللەردە ياشاۋاتقان تۈركلەر ۋە مۇسۇلمانلارغا ئائىت ھادىسىلەردىن خەۋەر بېرەتتى. ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ ھىندىستان ۋە تۈركىستانغا قىلغان سەپىرى ھەققىدە يېزىلغان خاتىرىلەر

«تەرجىمان» دا ئېلان قىلىنغان. تاتار گابدۇرەشىد ئىبراھىم (1857-1944) بۇ ژانىردا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلاردىن بىرى. ئۇنىڭ خىتاي ئارقىلىق ياپونىيەگە بارغان ۋە كەلگەن يولدا باشتىن كەچۈرگەنلىرى 1909-يىلىدىن 1911-يىلىغىچە تاتار ۋە تۈرك مەتبۇئاتلىرىدا بىر قانچە ماقالە ۋە كىتاب قىلىپ ئېلان قىلىنغان.

گابدۇرەشىد ئىبراھىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلاردىن باشقۇرتىستاننىڭ بەلەبەي دېگەن يېرىدىن چىققان تاتار زىيالىي نۇشىرۋان ياۋشىۋ (1885-1917) (بۇرۇنقى ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىدا يائۇشۇف دەپ يېزىلغان) بار. ئۇ قازاق دالالىرىدا بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندىن كېيىن 1913-يىلى رۇسىيەگە تەۋە تۈركىستانغا قاراپ يولغا چىقىپ سەمەرقەنتكە كەلگەن. سەمەرقەنتتە ياۋشىۋ يەرلىك زىيالىيلار بىلەن تونۇشقان ۋە ئۇلاردىن يازغۇچى سەدرىدىن ئەينى ئۇنى شىنجاڭغا بېرىشقا دەۋەت قىلغان. ياۋشىۋ ئاۋۋال يەتتەسۇغا بېرىپ ئۇ يەردىن قورغاس ئاندىن ئىلى ۋادىسىغا كىرىپ كەلگەن. ئۇ يەردىن ئۈرۈمچى، تۇرپان ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ گىرۋەكلىرىدە ساياھەتتە بولغان. ئۇنىڭ يازغانلىرىدىن قارىغاندا قەشقەرگە بارغان ۋاقتى 1915-يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرى بولغان. شۇ يىلى ئۇ يەكەن، خوتەنلەردىن ئۆتۈپ 1916-يىلى ئەتىيازدا كېرىيەگىچە يېتىپ بارغان ۋە ئۇ يەردىن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ بۇ 3 يىل جەريانىدا باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى تۈرلۈك تاتار مەتبۇئاتلىرىدا ۋە تۈركىستاندىكى جەدىتچى نەشرى ئەپكارلاردا ئېلان قىلغان بولۇپ سانى 150 پارچىدىن ئاشىدۇ.

ياۋشىۋنىڭ شىنجاڭ ھەققىدە يازغانلىرى تاتار زىيالىيلارنىڭ رۇسىيە تۈركىستانى ھەققىدە يازغانلىرىغا ئوخشىشىپ قالىدۇ. چېگرادىن ئۆتۈپ خىتاي تۈركىستانىغا كىرىپ كەلگەن ياۋشىۋ غۇلجا كوچىلىرى ھەققىدە ھەيرانلىق بىلەن «بىنالار رەتسىز ۋە مەينەت، كوچىلار زىيادە پاسكىنا، كىشىلەر سۇ ئىچىدىغان ئېرىقتا ئېشەك ۋە ئىتلارنىڭ ئۆلۈكلىرى تاشلانغان» دەپ يازغان. ئۇ ئەسەرلىرىدە بۇ ئۆلكىنىڭ ناچار ھالىتىنىڭ سەۋەبچىسى سۈپىتىدە ھاكىم خىتاي ئەمەلدارلار ھەققىدە ناگاندا بىر يازغانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاساسەن قەلەمنى يەرلىك مۇسۇلمانلارغا سانجىغان. ئۇ «خىتايدا مۇسۇلمانلارغا ھەممە ئىشتا ئەركىنلىك تەييار تۇرسىمۇ

ھېچ كىم بۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەن» دەپ يازغان. ئۇنىڭ بايانىچە يەرلىك مەكتەپلەر بىر بولسا پايدىسىز، يەنە بىر بولسا مۇجمەل ئىلىملەرنى ئوقۇتۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە تۈرپان «ئىككىنچى بۇخارا» بولۇپ، كىشىگە كونىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى بىلەن مەشھۇر بولغان بۇخارانى ئەسلىتەتتى. ئاپتور ئۇرۇمچىدە رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭمۇ يېڭىچە مائارىپ مەسىلىسىدە ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكىنى كۆرگەن. ئۇ جەنۇبقا ماڭغانچە ئىشلارنىڭ بارغانچە ناچارلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغان. ئۇ ئاقسۇغا بارغاندا «بۇ يەردە كىشىلەر نېمىنىڭ مائارىپ ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، پەقەت ناماز ئوقۇش ۋە ھەج قىلىشنىلا مۇسۇلمانلىق دەپ بىلىدۇ» دەپ يازغان. شۇ چاغلاردا بۇ ئۆلكىدە مازارلارغا خۇراپىيلارچە چوقۇنۇش ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئاپتور بەزى ماقالىلىرىدە ئۇلۇغ دېيىلگەن مازارلارنىڭ سىرىنى ئېچىۋەتكەن.

ياۋشېۋنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئۇنىڭ ختايدا جەدىتچىلىك پروگراممىسىنى ئىلىپ بېرىش مۇمكىنچىلىكىگە بولغان ئىشەنچىنى سىنىغان، چۈنكى ئۇنىڭ ئىسلاھات ئىدىيەسى يەرلىكلەر ئارىسىدا ئانچە كۆپ كىشىنى قىزىقتۇرالمىغان ئىدى. 1915-يىلى ئۇ قەشقەردىن «ۋاقىت» گېزىتىگە ماقالە ئەۋەتىپ، ختاي تۈركىستانىدا رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىدا بولغانىغا ئوخشاش بىر شەرئەت ئىدارىسى («ئىدارەئى شەرئىييە») قۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىر قانچە ئايدىن كېيىن ماقالە ئېلان قىلىنغان گېزىت قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن، ئەمما جاۋاب ئىجابىي بولمىغان. ياۋشۇ «ختايدىكى مۇسۇلمانلار شەرئەت ئىدارىسىنىڭ مەنىسىنى ھېچ بىلمىگەچكە ماقالەمگە قىلچە ئېرەن قىلمىدى. ماقالەم ئېلان قىلىنغان گېزىت قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن كىشىلەر شەرئەت ئىدارىسىنىڭ نېمىلىكىنى سوراشتى» دەپ يازغان. ئۇنىڭ قارىشىچە پۇلنى توي-تۆكۈنلەردە ئىسراپ قىلىپ تۈگەتمىسىلا يەرلىك بايلار بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنى قىينىچىلىقتىن قۇتقۇزۇشقا ئامال قىلالايدىكەن. ئۇنىڭچە قەشقەر بايلىرى يەرلىك مەنبەلەردىن ياخشى پايدىلىنىش ۋە رۇسىيە ماللىرىنىڭ تۆكمە قىلىپ سېتىلىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مەبلەغنى بىرلەشتۈرۈپ بىر سودا ئۇيۇشمىسى قۇرۇشى كېرەك. ئۇ يەنە ۋەخپىلەرنى ئىسلاھ قىلىش، ۋەخپە يەرلەردىن كىرگەن كىرىم ۋە سەدىقىلەرنىڭ مازارلارغا ۋە شەيخلەرگە ئېقىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەكلىپىنىمۇ قويغان. ياۋشۇنىڭ قارىشىچە، ئەگەر ياركەنتتىكى ۋەخپىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئىجارىگە بېرىلسە شىنجاڭدىكى بارلىق مەدرىسلەرنى تەمىنلىگۈدەك مەنبەگە ئېرىشكىلى ۋە يېڭى تېخنىك مەكتەپلەرنى قۇرغىلى بولىدىكەن. ياۋشۇ خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆز تەشەببۇسلىرىغا مەدەتكار بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغان.

ياۋشۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئاساسلىق مەقسەت ساياھەتنامە يېزىش ئارقىلىق جەمئىيەتنى تەنقىد قىلىش، ئەمما بۇمۇ ئۇنىڭ سەپىرىدىكى تۈپ نىيەت ئەمەس. ئۇ ئەسلى ياۋروپا ئارخېئولوگلىرى ۋە يېزىقشۇناسلىرىنىڭ بايقاشلىرىدىن رىغبەتلىنىپ تۈركلەرنىڭ پارلاق ئۆتمۈشىنىڭ قايتا پارلىشىغا كۈچ چىقارماقچى ئىدى. ئۇ 1915-يىلى قەشقەردە «مېنىڭ چىنى تۈركىستانغا كېلىشىم، تۈركىستان تارىخىغا دائىر قەدىمكى ئەسەرلەرنى تېپىش» دەپ يازغان. ئۇ ئىلىدىكى مانجۇچە سۆزلەيدىغان شىبەلەر ئارىسىدىن بىر يۈرۈش مانجۇچە تارىخى ئەسەرلەرنى يىغقان، قاراقاش دېيىلىدىغان بىر كىچىك كەنتتىكى قازىدىن 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى يەكەن چاغاتاي خانلىرىنىڭ نەسەبنامىسىنى تاپقان. 1916-يىلىدىن باشلاپ ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەسەرلىرى «شۇرا» دېگەن ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. (ئەھمەد زېكى ۋەلىدى توغانمۇ بىرلا ۋاقىتتا تاشكەنتتىن بۇ نەسەبنامىنى تاپقان). قەشقەردە ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرىنىڭ قىممىتى ھەققىدە بىر شۋېتسىيە خرىستىئان دەۋەتچىسى بىلەن پاراڭلاشقان، بەلكىم بۇ كىشى تىلشۇناس گۇستاف رېكېت بولۇشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ياۋشۇ ئەسەرلىرىدە ئېتنوگرافىيە نۇقتىسىدىن پىكىر قىلغان. ئۇ تىلشۇناسلىق ھەققىدىمۇ توختالغان بولۇپ، ئۇيغۇرچە سۆزلۈك بىلەن شىبەچە سۆزلۈكلەرنى سېلىشتۇرغان؛ ئۇ يەنە ئاقسۇنىڭ سىرتىدىكى ئايكۆل يېزىسىدىكى بىر «روھ چاقىرىش» مۇراسىمىنى خاتىرىلىگەن، بۇ ئەينى چاغدىكى رۇس ئالىملىرى قىزىقىدىغان تېمىلار ئىدى.

ياۋشۇنىڭ بەزى يازغانلىرىدا شەرقشۇناسلاردەك تەرەپسىزلىك بولسىمۇ ئۇ تۈرك تارىخىنى قايتا يازماقچى بولغان قىزغىنلىقى بىلەن رومانتىزمغا مايىل ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭ تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ يۈرىكى بولغانلىقى بىلەن قەدىرلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مۇناسىپىنىڭ

روماندىن پەرقى ئىمپېرىيە چېگرالىرىدىن ھالقىغان بىر تۈرك بىرلىكى روھىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بولۇشىدۇر. ياۋشىۋ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ سۇلتانى ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئارتۇچتىكى قەبرىسىنى زىيارەت قىلغاندا بۇ يەردىكى شەيخنىڭ مازارغا تاۋاپ قىلغانلارنى قاقتى — سوقتى قىلغانلىقىنى تەنقىد قىلىدۇ، ئەمما ئۆزى مازارغا ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ. تاۋاپتا ئۇ ئۆزىنى ئەۋلىيا ساتۇق بۇغراخان بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. ساتۇق بۇغراخان ئۇنىڭغا تۈركلەرنىڭ شانلىق تارىخى ۋە ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆزى شاھىت بولغان خارابلىقنى سۆزلەپ بېرىدۇ. «مەكتەپ ۋە مەدرىسلەر ئەرەب، پارسچە كىتابلار، رىۋايەتلەر بىلەن تولغان، تۈرك روھى تامامەن ئۆچكەن، مىللىي ئاڭ ۋە قەھرىمانلىقنىڭ ئورنىنى دەرۋىشلىك ۋە قەلەندەرلىك ئالغان. دەۋر ئالماشقان، ئەسىرلەر ئۆتكەن، ئەمما ئۆزگىرىشلەر بۇ مىللەتكە سائادەت ئەمەس زالالەت ئېلىپ كەلگەن. ئەگەر شۇ ئۆزگىرىشلەر يېڭىلىنىش ئېلىپ كەلگەن بولسا ئىدى، بۇ شەرقلىقلەر غەربلىكلەرنىڭ ئارقىدا قالمىغان، ئەكسىچە ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى»-دەپ يازغان ياۋشىۋ كىتابىدا.

ياۋشىۋنىڭ بۇ ئەسىرى 1906-يىلى ئىسمائىل غاسپىرالى يازغان «سۇلتان بىلەن سۆھبەت» دېگەن ئەسەرگە تەقلىد قىلىنغان. بۇ كىتابتا ئىسمائىل غاسپىرالى سەمەرقەنتتىكى ئەمىر تۆمۈر مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلغاندا قەبرە يېرىلىپ تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئۇستازى سەييىد بەرەكەنىڭ چىقىپ كەلگەنلىك تەسەۋۋۇرىنى يازغان. ئەسەردە يېزىلىشىچە، بىر يىغىلىش مەيدانىغا كېلىپ ئىراننىڭ نەسرۇددىن شاھ، بۇخارانىڭ نەسرۇللاخان، مىسىرنىڭ ئىسمائىل پاشا، قوقەننىڭ خۇدايارخان ۋە قەشقەرنىڭ ياقۇپ بەگ دېگەندەك 19-ئەسىردىكى شاھلار پەيدا بولىدۇ. ئەمىر تۆمۈر بۇ شاھلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ قەدەر خارابلىقتا قالغانلىقى سەۋەبلىك سوراققا تارتىدۇ. ئۇلار باھانە تېپىش ئۈچۈن تىپىرلاپ كەتكەندە، پانئىسلامىزمچى جامالىدىن ئافغانى (1897-يىلى ۋاپات بولغان) سوراققا ئارىلىشىپ ئۇلارنىڭ ياۋروپا زامانىۋىلىقىنىڭ زوراۋانلىقىغا بېپەرۋالىق قىلغانلىقىنى ئەيىبلەيدۇ. گەرچە سۇلتان مەھمۇد ئىستانبۇلدا، ياقۇپ بەگ قەشقەردە ئىسلاھات قىلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئافغانىنىڭ قارىشىچە پەقەت كاۋكازلىقلار رەھبىرى شەيخ شامىللا ياۋروپا مۇستەملىكچىلىكىگە زەربە بېرەلىگەن.

غاسپرالىنىڭ ئۆتمۈشتىكى خانلارنى تىلغا ئېلىشى 19-ئەسىردىكى مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلارنىڭ ياۋروپانىڭ تېخنىكا ۋە سىياسىي تەرەققىياتى بىلەن تەڭ قەدەم ئالالمىغانلىقىنى تەنقىدلەش ئۈچۈن ئىدى. ياۋشۇنىڭ ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئېغىزىدىن بايان قىلىغان ھېكايە سەل پەرقلىق بولۇپ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى رۇسىيە تۈركلىرىنىڭ قوراللىق قارشىلىقلىرىغا ماس كېلەتتى. ياۋشۇنىڭ ئەسىردە ساتۇق بۇغراخان ئېغىزىدىن مۇنداق دەيدۇ: «مەغلۇبىيەت 19-ئەسىردە باشلانمىغان، بەلكى نەچچە ئەسىر بۇرۇن باشلانغان بولۇپ، قاچانكى تۈركلەرنىڭ يېڭىلىق، مەرىپەت ۋە قەھرىمانلىق روھى ئەرەب-پارس مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ بولغان تەركى دۇنياچىلىق، زاھىتلىق ۋە قەلەندەرلىككە باش ئەگدى، شۇندىن كېيىن بىز يېڭىلىشكە باشلىدۇق». ياۋشۇنى دىننى ئىنكار قىلىدىغان كىشىلەردىن دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنى تۈركلەرنىڭ خارابلىقىدا ئىسلامنىڭ خېمىرتۇرۇچى بار، دەپ قارايدۇ دېگىلى بولىدۇ. ئۇ 1917-يىلى يازغان «ئىسلامى كىملىك ۋە مىللىيلىك» دېگەن ماقالىسىدە «پارس مەدەنىيىتى تۈرۈكلۈكنىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇردى» دەپ تىغ ئۇچىنى ئىران سوپىزملىق ئەنئەنىسىگە قاراتقان. ياۋشۇ تۈركلەرنىڭ خارابلىشىش ھالىتىنى غەرب بىلەن شەرق مۇناسىۋىتى رامكىسىغا قويغان بولۇپ، شىنجاڭدىكى تۈركچىلىك نۇقتىئىنەزىرى بىلەن خىتاينى ئىچىگە ئالغان پان-ئاسىياچىلىق نۇقتىئىنەزىرىنى بىرلەشتۈرگەن ئىدى. بۇ ئارقىلىق ئۇ مۇسۇلمان تۈركلەر بىلەن خىتاي جۇمھۇرىيەتچىلىرىنىڭ ھەمكارلىقىنى تەكىتلەيدىغان تەشەببۇسلىرىنى ئاقلىغان ئىدى.

رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى خىتاي بىلەن ياكى خىتاي مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئورتاقلىق ھاسىل قىلىشى مۇمكىن، ھەتتا خىتاي مۇسۇلمان دۆلىتى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دېگەنگە ئوخشاش پىكىرلەر گەرچە ئەپسانىدەك تۇيۇلسىمۇ بەزى رۇس ئەمەلدارلىرىنى ئەندىشىگە سالاتتى. چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ بەربات بولۇشى رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىكى چېگرا ئاتلىغان ئالاقە ھەققىدىكى ئەندىشە ئەڭ كۈچەيگەن بىر مەزگىلگە توغرا كەلدى. 1912-يىلى رۇسىيە قوشۇنلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ خىتاي بىلەن بولغۇسى توقۇنۇشقا تەييارلىق كۆرگەن، مەخپىي ساقچىلارنى ھازىرلاپ ھەر قانداق داۋالغۇشقا تاقابىل تۇرماقچى بولغان. بۇ چاغدا رۇس

جاسۇسلىرى تارانچىلار ئارىسىدىكى كالتە چاپان جەدىتچىلەرنىڭ پىيىغا چۈشكەن بولۇپ ئۇلارنى ختاي بىلەن مۇناسىۋىتى بولغان بۆلگۈنچى كۈچلەر، دەپ ئەنسىرىگەن. 1912-يىلدىكى بىر دوكلاتتا «بۇ جەمئىيەت ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئۇلار ئەگەر سىرتقى ئامىل بىلەن بىرلەشسە ئاشكارا ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ» دەپ يازغان. شۇڭا يەرلىك دائىرىلەر جەدىتچىلەرنىڭ مەتبۇئاتلىرىغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتكەن. 1912-يىلىنىڭ ئاخىرىدا «شۇرا» دا ئېلان قىلىنغان ختاي تۈركىستانى تۈركلىرىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى ماقالە دائىرىلەرنى خۇددى بۇ جىنايى پىلاننىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە بىر گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال قىلغان. «توغرا» تەخەللۇسلۇق سىرلىق بىر كىشى يازغان بۇ ماقالىدە ياقۇپ بەگ قۇرغان قەشقەرىيە ئەمىرلىكى بايان قىلىنىپ، يېقىندا يۈز بەرگەن ختايغا قارشى ئىنقىلاب بىلەن خۇلاسە چىقىرىلغان. ئاپتور چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ بەربات بولغىنىغا بولغان شادلىقنى ھېچ يوشۇرمايلا قالماي، بەلكى مۇسۇلمانلارنى ختايلار بىلەن بىرگە ئويغىنىش يولىغا چاقىرغان. بۇ ئىشقا مەسئۇل ساقچى ماقالىنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرىنى خاتالىشىپ «بىزمۇ ختايلارغا ئوخشاش ئىنقىلاب قىلىشىمىز كېرەك» دەپ تەرجىمە قىلغان، نەتىجىدە توغرا تەخەللۇسلۇق بۇ كۈشكۈرتكۈچى كىشىنى ئىزدەش باشلانغان.

توغرا تەخەللۇسلۇق بۇ كىشى ئەسلى نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوۋ (؟-1951) بولۇپ غالجاتتا تۇغۇلغان تارانچى ئىدى. ئۇ كىچىك بىر تۈركۈم كالتە چاپان ئىسلاھاتچىلارنىڭ بىرى بولۇپ رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىغا شىنخەي ئىنقىلابىنى تارقاتقۇدەك بىرەر سالاھىيەت ھازىرلىمىغان ئىدى. ئۇنىڭ يېزىشىچە 1912-يىلى ساقچىلار تارانچىلار ئارىسىدىكى ئىلغار كالتە چاپانلارنى نىشانغا ئالغان. ئوقۇتقۇچىلارنى تۇتقان ۋە ياركەنتتىكى جەدىتچە مەكتەپلەرنى تاقىۋەتكەن. ئابدۇسەمەتوۋ رۇسىيەدىكى جەدىتچى مەتبۇئاتلارغا ختايدىكى مۇسۇلمانلار جامائىتى ھەققىدە ماقالە يېزىپ ئۇلارنى ختايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىدىن ۋاقىپلاندۇرغان. باشقا جەدىتچىلەرگە ئوخشاش ئابدۇسەمەتوۋمۇ ختاينىڭ ئىسلامغا قانداق مەدەنىي مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى يېزىش ئارقىلىق ۋاستىلىك ھالدا رۇسىيە دائىرىلىرىنى تەنقىد قىلغان. ئۇ 1911-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىلى «شۇرا» ژۇرنىلىغا يازغان تۈنجى ماقالىسىدە خىتاي ھەققىدە «ياۋروپادىكى ھەرقانداق بىر مەدەنىيەتلىك ئەلدە مۇسۇلمانلارغا مۇنداق ئەركىنلىك بېرىلگەن ئەمەس» دەپ يازغان. ئۇ تۈنجى ماقالىسىنىڭ ماۋزۇسىنى «چىنى تۈركىستاندىكى سارتلارنىڭ مىللىي تارىخىدىن بىر مۇراجىئەت» دەپ قويغان بولۇپ، مۇھەررىرگە يازغان خېتىدە «چىنى تۈركىستاندىكى 30 مىليون تۈرك مۇسۇلماننىڭ تارىخى نەزەردىن ساقىت قىلىنماقتا» دەپ يازغان. ئۇ يەنە «گەرچە بۈرىياتلار ۋە تۇڭگۇسلارنىڭ ئەھۋالى بىزگە مەلۇملۇق بولسىمۇ رۇسىيە ۋە چىنى تۈركىستاندىكى تارانچى تۈركلىرىنىڭ تارىخى ھەققىدە بىرەر سۆز يېزىلمىدى» دەپ ئاغرىنغان. ئۇنىڭ قارىشىچە مۇھەررىرلەر تارانچىلارنىڭ نوپۇسىدىن قانائەت ھاسىل قىلمىغان. ئۇنىڭ ھېسابلىشىچە 1860-يىللىرى 20 مىڭ تارانچى ئائىلىسى بار دېسەك، ھازىر 400 مىڭ تارانچى بار دېيىشكە بولىدىكەن. كېيىن ئۇ يەتتەسۇدىكى تارانچىلارنىڭ ئاران 55 مىڭ ئىكەنلىكىنى ئوقۇغان ۋە تارانچىلارنىڭ ئازلاپ كەتكىنىدىن ئىزتىراپ چەككەن.

گەرچە غالجات ياركەنتنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان تاغ ئارىسىدىكى بىر غېرىب بازار بولسىمۇ ئابدۇسەمەتوۋ بۇ يەردە رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەتبۇئاتلىرىدىن چەتتە قالمىغان. 1913-يىلى زارىف باشىرى (1888-1962) ئىسىملىك بىر تاتار كوپالدا بىر تارانچى باينىڭ ئاچقان مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ۋە غالجاتقا بېرىپ ئابدۇسەمەتوۋ بىلەن كۆرۈشكەن. باشىرى غالجاتنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭى دەپ تەسۋىرلىگەن بولۇپ مۇشۇنداق بىر يەردە ئابدۇسەمەتوۋغا ئوخشاش ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك بىر كىشىگە يولۇققىنىدىن ھەيران قالغان. باشىرى خاتىرىسىگە «ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەرنىڭ تارىخى ۋە ھاياتى ھەققىدە ئىزدىنىپ زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن» دەپ يازغان. بولۇپمۇ ئابدۇسەمەتوۋنىڭ تاتار ئەدەبىياتچىلىرى ئىچىدىكى زىندىيەتلىك نۇقتىلارغىچە چوڭقۇرلاپ بارالىغانلىقى باشىرىنى قايىل قىلغان. چۈنكى شۇ زىندىيەتلەر ئىچىدە ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ بار ئىدى. ئابدۇسەمەتوۋ تاتار شائىرى مەجىد غەفورىغا مايىل ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئۇنىڭ بارغانچە سولچىللىققا قاراپ كېتىۋاتقانلىقى، سولچى بولغانچە دىنىنى ئىنكار قىلىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالغان.

باشرى بلەن ئابدۇسەمەتوۋنىڭ ئۇچرىششى ئىدىيە بىرلىكىنى پەيدا قىلغان بولۇپ ھەمكارلىقنىڭ باشلىنىشى ئىدى ، بۇ ھەمكارلىق 1920-يىللارغىچە داۋام قىلغان. باشرى رۇس ئىمپېرىيەسىدىكى تۈركى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئالاھىدە قىزىققان بولۇپ ، تاتارلارنىڭ قوشنىسى بولغان چۇۋاشلارنى تەتقىق قىلىپ مۇتەخەسسىسكە ئايلانغان. ئۇ چۇۋاشلارنى تەتقىق قىلىپ ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغاندىن باشقا «چۇۋاش قىزى ئەنىسە» (1910) دېگەن رومانتىك ھېكايىنى يېزىپ چىققان. باشرى ئىمپېرىيە تەۋەسىدە ياشايدىغان تۈركىي خەلقلەر بىلەن بىرلىكنى تەكىتلەيتتى. ئەمما بۇ خەلقلەرنىڭ تۈركلۈك ئومۇمى كىملىكىگە ئەمەس خاسلىقىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرەتتى. ئەلۋەتتە بۇ تاتارلارنىڭ ئۆز مىللىي لايىھىسىگە ئۇيغۇن ئىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ تارانچىلار ئارىسىدىن خەلق كۈيلىرىنى ، قولىيازمىلارنى توپلىغان ، ھەتتا قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر مەشھۇر ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى تېپىشقا تىرىشقان. باشرى بىلەن بولغان ئالاقە داۋامىدا ئابدۇسەمەتوۋ تارانچى تارىخى ھەققىدە داۋاملىق ئىزدىنىپ ، ئىككى يۈز يىللىق تارانچى تارىخىدىن چوڭقۇرلاپ تارىم ۋادىسىنىڭ ئىسلامغا مۇشەررەپ بولۇشىغا قەدەر يېتىپ بارغان. 1913-يىلى ئۇ قاراخانىيلار پادىشاھى ساتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى ھەققىدە ماقالە يازغان. كېيىنكى يىلى ئۇ «شۇرا» ژۇرنىلىدا «قۇتادغۇ بىلىك» نى ئۇلاپ ئېلان قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن.

ئابدۇسەمەتوۋنىڭ تارىخقا يۈزلىنىشى ئۇنىڭ يېڭىچە مەكتەپنى مەركەز قىلغان ئىسلاھاتچىلار سىياسىتىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. يەرلىك مۇنەۋۋەرلەرنىڭ ئەكسىچە ئابدۇسەمەتوۋ جەدىتچە مەكتەپلەر قۇرۇلغاندا چەتتە قالغان. ئۇ بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشى بۆلۈنۈشنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىغان. ئۇ 1910-يىلدىكى قازى سايلىمىدا ئىككى تەرەپنىڭ قازىلىق تالىشىپ نۇرغۇن پارا بەرگەنلىكى ، بىراق ھەر ئىككىلىسىنىڭ يەنە تارانچى رايوندىكى مائارىپ ئىسلاھاتى ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللىرىنى داۋا قىلىشۋاتقانلىقىنى يازغان. «گەرچە ئۇلار يېڭىش ئۈچۈن نۇرغۇن ساختىلىقلارنى قىلىشقان بولسىمۇ ئەمما خەلقنى رازى قىلىش ئۈچۈن مەكتەپ سالغانلىقى خۇشاللىنارلىق ئىشتۇر». 1915-يىلى ئابدۇسەمەتوۋ ئېتىراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىپ «تارانچىلاردا يېڭىچە مائارىپ ئارتۇقچە مۇنازىرە قىلىنمايلا قوبۇل قىلىندى» دەپ يازغان. شۇنداقتىمۇ جەدىتچى كۈچلەرنىڭ تەنقىدچىسى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئابدۇسەمەتوۋ مۇشۇنداق بىر كىشى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ تارانچىلار ئارىسىدىكى ساختا ئىلغارلىققا ھۇجۇم قىلغان. مەسىلەن شۇ چاغدىكى ياركەنت مۇدەررىسى گابدۇراخمان داموللا مۇھەممىدىنىڭ جەدىتچىلىكىدە ھەر خىل خۇراپاتلارغا يول قويۇلغانلىق مەسىلىسى ئابدۇسەمەتوۋنىڭ تەنقىدىگە نىشان بولغان. بۇ تەنقىد ياركەنتتىكى بىر موللىنىڭ كۈچلۈك رەددىيەسىگە دۇچ كەلگەن. بۇ كىشى گابدۇراخمان داموللا ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى جەدىتچىلىكنىڭ ئاۋانگارتلىرى دەپ ئاقلىغان. جامائەت پىكرىنىڭ زورى بىلەن ئابدۇسەمەتوۋ دېگەنلىرىگە تۆۋە قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

1914-يىلى ئابدۇسەمەتوۋ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە بىرىنچى قول مەنبەگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاقسۇغا سەپەر قىلغان. ئۇ بۇ زېمىنغا خۇددى ياۋشۇغا ئوخشاش ئارزۇ بىلەن بارغىنى ئۈچۈن كۆزى كۆرگەن ئەمەلىيەتتىن بەك ئۈمىدسىزلىنىپ بارلىق قالاقلىقنى يەرلىك خەلققە يۈكلەپ قويغان. بىراق ئۇنىڭ بۇ ئەھۋاللارغا قاراتقان تەدبىرى جەدىتچە مەكتەپ ۋە كۇتۇپخانىلار بولمىغان. ئۇ «شۇرا» ژۇرنىلىغا يازغان بۇ ھەقتىكى ماقالىسىدە ئىلغارلىقنى ياقلىغۇچى مۇسابايلار ۋە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قىلىۋاتقان تىرىشچانلىقى ھەققىدە ئاڭلىغانلىقى، ۋە ئۆلكىدىكى باشقا ئىلغار بايلارنىڭ غەيرىتى بىلەن يېڭى مائارىپنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئۈمىدىنىڭ بارلىقىنى يازغان. ئەمما ئۇ يەنە يەرلىك كىشىلەردىكى كىملىكنىڭ مۇجمەللىكى سەۋەبلىك بۇ ئۈمىدىنىڭمۇ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان. ئۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى يۇرتلار بويىچە ئاتايدىغانلىقىنى، مىللىتىنى سورىسا «مۇسۇلمان» دەپ دىنىدىن جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ ئۆزىنى خىتاينىڭ كەمستىپ ئاتىشى بويىچە «چەنتۇ» دەيدىغانلىقىنى، قازاق ۋە قىرغىزلار بىلەن يېقىن ياشىغانلارنىڭ ئۆزىنى سارت دەيدىغانلىقىنى يازغان. دېمەك، ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. شۇنىڭ

بىلەن ئۇ شىنجاڭدىن قايتىپ كېلىپلا قوۋمغا مىللەتنى تونۇتۇش ئۈچۈن «ئۇيغۇر بالىسى» تەخەللۇسىنى قويغان.

## ئۇيغۇرلار ۋە تۈرىدىكى تۈركلەر

ئابدۇسەمەتوۋ ئۆز كىملىكىنى بۇنداق جاكارلاشتا نەدىن ئىلھام ئالغان؟ ئۇرۇش يىللىرىدا مۇسۇلمان دۇنياسى ئىمپېرىيەلەر ئىچىدە مەدەنىيەت ئىسلاھاتى قىلىشتىن مۇستەقىل مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئىمپېرىيەلەرنىڭ چېگراسىدىن ھالقىغان ھالدا تەپەككۇر قىلىشقا  يول تۇتقان. خۇددى مەن بىرىنچى بابتا توختالغاندەك، تارىختىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن قايتا بايقىلىشى شەرقشۇناسلارنىڭ تۈرك تارىخى ھەققىدىكى قېلىپلاشقان  كۆز قارىشىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. بۇ، تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئىچىدىكى مىللەتچىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئاناتولىيەدە ئەسلى تۈرك ئاتالغۇسى قالاق دېگەنلىك بولۇپ ئوسمان ئىمپېرىيەسى سەرخىللىرى ئارىسىدا چارۋىچىلار ئۈچۈن قوللىنىلاتتى. مەسىلەن، رادلوۋنىڭ تۈركى تىللار سېلىشتۇرما لۇغىتىدە ئوسمانلىچىدە تۈرك دېگەن سۆزگە «مەدەنىيەتسىز، قوپال، نادان» دەپ مەنە بېرىلگەن ھەمدە مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك «ئوسمانلىلار ئۆزىنى تۈرك دەپ ئاتاشنى ياخشى كۆرمەيتتى» دەپ ئىزاھلانغان. بۇ، تۈرك مىللەتچىلىكىنى تەشەببۇس قىلماقچى بولغانلار ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر بىر مەسىلە ئىدى.

ئەسىر ئالماشقان پەيتلەردە تۈركولوگىيە ساھەسىدە ئوتتۇرىغا چىققان نەتىجىلەر ئوسمان ئىمپېرىيەسىدىكى زىيالىيلارنى ئۇنتۇلغان ئەجدادلىرىنىڭ قايتا بايقىلىشىدىن پەخىرلەندۈرگەن. قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈتاشلارنىڭ بايقىلىشى بىلەن بۇ زىيالىيلار نەزىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تۈرك مەدەنىيىتىدىكى ئورنى تېخىمۇ يۈكسەلگەن. ئۇيغۇرلار ئوغۇزخان رىۋايىتى ئاساسىدىكى ئېتنىك بايانلاردا قىسمەن رول ئوينايدىغان ھالەتتىن ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا مەدەنىيەتنىڭ تارقاتقۇچىسى بولۇپ تونۇلغان. قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ بايقىلىشىغا تۆنجى

قېتىم ئىنكاس قايتۇرغان كىشى تارىخچى نەجىپ ئاسىم بولۇپ ئىستانبۇلدىكى بىر گېزىتتە مۇھەررىر ئىدى. ئۇ 1899-يىلى «قەدىمكى تۈرك يېزىقلىرى» دېگەن كىتابنى يازغان. ئالبانىيەلىك زىيالىي شەمسىددىن سامى نەجىپ ئاسىمنىڭ ھەمكارلاشقۇچىسى بولۇپ ئۇ بۇ يېڭى بايقىلىشلارنى 1899-يىلى تۈزگەن ئوسمانلىچە قامۇسقا كىرگۈزگەن. بۇ قامۇسنىڭ ئۇيغۇر ماددىسىغا «ماۋەرائۇننەھرنىڭ (سىر ۋە ئامۇ دەرياسى ئارىلىقى) شەرق ۋە شىمال تەرىپىدە ياشايدىغان بىر تۈرك خەلقىدۇر. ئۇلار تۈركلەرنىڭ يېزىقنى ئىجات قىلغان ۋە تۇنجى بولۇپ مەدەنىيەت ياراتقان. بۇ سەۋەبتىن قەدىمكى تۈرك تىلى ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتالغان ۋە ئۇنىڭ يېزىقى ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلار چىڭگىز ئىستېلاسىدىن كېيىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان موڭغۇللار بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن ۋە چاغاتايلار دەپ ئاتالغان» دەپ يېزىلغان. شەرقشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتى بىلەن بايقالغان ئۇيغۇرلار تۈرك مىللەتچىلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تېخىمۇ گەۋدىلەنگەن.

ئوسمان ئىمپېرىيەسى ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ئوسمانچىلىق ياكى پانئىسلامىزمدىن تۈرك مىللەتچىلىكىگە قاراپ يۈزلەنگەندە ئاناتولىيەدىكى زىيالىيلار ئۇيغۇرنى تۈركلەرنىڭ مەدەنىيەت ياراتقانلىقىغا سىمۋول قىلىپ كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىدا «ئۇيغۇر» شەھەرلەشكەن ۋە مەدەنىيەتلىك دېگەنلىك بولۇپ قايسى تۈرك خەلقى يۇقىرى دەرىجىلىك شەھەر مەدەنىيىتى ياراتسا ئۇيغۇر بولغان بولاتتى. ئۇيغۇرلارنى بۇ خىل يۇقىرى سۆپەت بىلەن تەرىپلەش، يەنى ئۇيغۇرىزم بولسا  ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدىكى تۈركچىلىك ۋە تۇرانچىلىقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى ئىدى. 1914-يىلى تۇران خىتابنامىسىنى ئېلان قىلغان ئەخمەت فەرىت تەك ئوسمان سۇلتانلىرىنى ئېسىل تەربىيە كۆرگەن ئۇيغۇرنىڭ نەسلىدىن دەپ قارىغان. ئۇ «بىز ئوسمانلىلار، ھۇنگىرلار، بولۇپمۇ فىنلار دۇنيادىكى ئەڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرمىز، بىز ئەڭ مۇكەممەل ئۇيغۇرلاردىنمىز... ئېپتىدائىي ۋە كۆچمەن تۈركلەر چارۋىچىلار بولۇپ ئادەتتىكى ئىگىلىك بىلەن مەشغۇل بولغان ...ئۇيغۇرلار شەھەرلەردە ياشايتتى ۋە بۇ ساھەدە كۆپ تەرەققىي قىلغان ئىدى.» دەپ يازغان.

رۇسيەدىكى مۇسۇلمان تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرك مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنىغا يۇقىرى باھا بېرەتتى. 1909-يىلى ھاسانگاتا گاباشى «تۈركى خەلقلەرنىڭ ئومۇمى تارىخى» دېگەن كىتابنى يازغان بولۇپ، كىتابتا ئۇيغۇرلارغا مەخسۇس بىر باب ئاجراتقان. ئۇ ئۇيغۇرلارنى خىتايلار، پارىسلارغا ئوخشاش ئۆزگىچە مەدەنىيەت ياراتقان بىر خەلق سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغۇز ئىتتىپاقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، بىرىنچى بولۇپ كۆچمەن ھاياتتىن شەھەر ھاياتىغا ئۆتكەنلىكىنى، يايلاقلارنى تاشلاپ مۇسۇلمانلار، سلاۋيانلار قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىغا كۆچۈپ بارغانلىقىنى يازغان. كۆچۈش جەريانىدا نەسەب جەھەتتىن ئۇيغۇرلار ئوغۇر-بۇلغار، باشقىرت، ماگيار ۋە ھەتتا ئاۋار ۋە فىن قاتارلىق خەلقلەرنىڭ شەكىللىنىشىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىدىكى قاراخانىيلار ۋە بۇددا دىنىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئىبارەت خانلىقلارنىڭ قۇرغۇچىلىرىدۇر. گاباشىنىڭ يۇقىرىقى بۇ قاراشلىرى تۈرك تارىخچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى قاراشلىرى بىلەن بىردەك ئىدى. ئەمما، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا تېخىمۇ تەپسىلىي ۋە ئالاھىدە ئورۇن بەرگەن. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانداق بولۇپ چاغاتاي تىلى دەپ ئاتىلىپ قالغانلىقى، ئۇلارنىڭ مىللەت كىملىكىنى يوقىتىپ يۇرت كىملىكىگە قانداق باغلانغانلىقى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانداق بولۇپ «قەشقەر تۈركچىسى» دەپ ئاتىلىپ قالغانلىقىنى ئىزاھلىغان. ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەرىيەلىكلەر بىلەن تارىختىكى ئۇيغۇرلارنى باغلىشى ئۇنى ئۇيغۇر مىللىي تارىخىنىڭ باشلامچىلىرىغا ئايلاندۇرغان.

بۇ يېزىلغانلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمى ۋە خاس مەنىدىكى تارىخى مىراسلىرىغا ئايلاندى. ئۇيغۇرىزمنىڭ بىر ۋارىيانتى بويىچە ئۇيغۇرلار تۈرك خەلقلەر تارىخىنىڭ پارلاق بىر سەھىپىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇيغۇر دېگەنلىك مەدەنىيەتلىك تۈرك دېگەن مەنىدە بولغاچقا ئەينى چاغدا ئابدۇسەمەتوۋلا ئەمەس، باشقا رۇسىيەلىك مۇسۇلمان زىيالىيلارمۇ ئۆزىگە ئۇيغۇر دەپ تەخەللۇس قويغان. ئۇيغۇرنىڭ بۇنداق كەڭ مەنىدىكى پانتۈركىست چۈشەندۈرۈلۈشى ئەڭ ۋايىغا يەتكەن دەۋر 1930-يىللاردىكى تۈركىيەدىكى تىل ئىسلاھاتىدۇر. ئاتا تۈرك تۈركچىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەرەب-پارسچە سۆزلەرنى چىقىرىپ تاشلاشتا ئەرەبچىدىكى مەدەنىيەت سۆزىنىڭ ئورنىغا «ئۇيغۇر» بىلەن مەنداش «ئۇيغار» سۆزىنى ئىشلەتكەن.

گاباشىنىڭ قەشقەرىيە تۈركلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنى بىر دەپ تونۇشى ئۇيغۇرىزىمنىڭ ئىككىنچى مەنىسىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، بۇ مەنە بويىچە شىنجاڭدىكى ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپلا ئاتاپ كەلگەن خەلق بۇ ئىسمىنىڭ مىراسخورلىرىغا ئايلانغان. شۇ چاغلاردا تاتارلار ئارىسىدا تۈركچىلىك ئاجىزلاپ تاتار مىللەتچىلىكى كۈچلەنگەن بولۇپ بۇ شۇ مۇھىتتىكى تارانچى زىيالىيسى ئابدۇسەمەتوۋغا تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تارانچى كىملىكىنىڭ سىمۋولى قىلىپ ئۇيغۇرلۇق كىملىكىنى قايتىدىن تىپىۋالغان. ئابدۇسەمەتوۋ 1919-يىلى يازغان «جاپاكەش تارانچىغا» دېگەن بىر شېئىرىدا ئۇيغۇرلارنى تۈركى ئەجدادلار بىلەن ئۆزى تەۋە تارانچى جامائىتىنى تۇتاشتۇرىدىغان بىر تارىخى شەجەرە سۈپىتىدە تىپىكلەشتۇرگەن. «بوۋاڭ ئۇلۇغ تۈرك، ئاتاڭ ئۇيغۇردۇر» دېگەن مىسرالىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرك نەسەبىنى تەكىتلەش ۋە رۇسىيەدىكى تارانچىلار بىلەن شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنى بىر خىل كىملىك ئىچىگە يۇغۇرۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن. بۇلار گەرچە ئابدۇسەمەتوۋنى ئۇيغۇر مىللەتچىسى قىلىشقا يېتەرلىك بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تارانچىلارنى بۇ كىملىكتە كۈچلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تىرىشچانلىقلىرى يېڭى ئۇيغۇرلۇق پىلانىنىڭ مۇھىم قەدەم باسقۇچلىرى بولغان ئىدى.

زىيالىيلارنىڭ مۇنداق تەپەككۇر لىنىيەسى يەتتەسۇغا مۇۋاپىق تۇيۇلغان بىلەن شىنجاڭغا ئۇيغۇن بولۇشى ناتايىن ئىدى. شىنجاڭدىكى يەرلىك مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ياكى ئوسمانلىلار بىلەن بولغان مەنىۋى رىقابەت ۋە يا خىتايدىن بولغان بىسىم ئۇلارنى ئۆزىنى ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىگە مەنسۇپ تۈركلەردىن پەرقلەندۈرىدىغان بىر ئۆزگىچە مىللىي كىملىك قۇرۇپ چىقىشقا مەجبۇرلىمىغان ئىدى. بۇرۇن توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، جۇمھۇرىيەتچى خىتاي سىياستى مۇسۇلمانلارنى قانۇندا بەلگىلەنگەن بەش مىللەتنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتكەن بولۇپ، شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىمۇ مۇشۇ سالاھىيەت بىلەن تونۇلاتتى. خىتاي سىياسىي سەھنىسىدە چىنى

تۈركىستانلىق مۇسۇلمان بىلەن چىنى تۈركىستانلىق تۈرك توقۇنۇشمايتتى. جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ دەستۇرى بولغان سۈن جۇڭسەننىڭ «ئۈچ مەسلەك» دېگەن كىتابىدا خىتايدىكى بەش مىللەت تىلغا ئېلىنغاندا سۈن جۇڭسەن مۇسۇلمانلار دەپلا بولدى قىلماي ئىسلامغا ئىشىنىدىغان تۈركلەر دەپ ئايرىم كۆرسەتكەن. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى جىددىي ۋەزىيەتتە، ئىستانبۇلدىكى قەشقەرلىكلەر (ئۇيغۇرلار) ۋە قەشقەردىكى ئەخمەت كامالغا مايىل يەرلىكلەر ياش تۈركلەرنىڭ قوراللىق قارشىلىق ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرىغا ئەگىشىشنى دۇرۇس دەپ قارىغان. پانتۈركلۈك ۋە يەتتە سۇدىكى ئۇيغۇرلۇق تەشەببۇسلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر دەسلەپتە تولىمۇ ئاز بولغان بولسا، ئۇزۇنغا قالماي بۇ پەرقلەر زورىيىپ كەتكەن. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كۆرۈلگەن كىملىك مەسىلىسى ئۇلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشنىڭ قورالىغا ئايلانغان، رۇسىيە ئىنقىلابى قەشقەرلىك ۋە تارانچى دەپ ئايرىلغان جەنۇب شىمال ئۇيغۇرلىرىنى يېڭى ھەمكارلىق يولىغا ئىتتەرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى باب.

## ئىسيان، ئىنقىلاب ۋە ئىچكى ئۇرۇش

ئىككى يىل كېسەل ئازابىنى تارتقان ۋەلىباي 1916-يىلى ۋاپات بولغان. «يەتتەسۇ ئۆلكىسى خەۋەرلىرى» گېزىتى بۇ ھەقتە «تارانچىلارنىڭ ھارۇن رەشىدى ۋاپات بولدى» دېگەن مەزمۇندا خەۋەر تارقاتقان. بۇ يەردە ۋەلىباي ئاباسىلار دەۋرىدە مىسلىسىز بايلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان خەلىپە ھارۇن رەشىدكە ئوخشىتىلغان. بىرەيلەننىڭ قەيسىدىسىدە ئۇ «مىسلىسىز بايلىق ياراتتى، يۇقىرى ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئېرىشتى، ئۆلكىدىكى پۈتۈن تارانچىلارنىڭ ۋە بىر قىسىم تۇڭگانلارنىڭ ۋەكىلىگە ئايلاندى، يەتتەسۇ تارىخىغا ۋە چېگرىداش خىتاي زېمىنى تارىخىغا نامى يېزىلدى» دەپ تىلغا ئېلىنغان. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا يۈز بەرگەن بۇرۇلۇشلاردىن بەھىر ئالالمىغانلىقى نۇقتىسىدىن بەلكىم ئۇنىڭ ئۆلۈشى مۇۋاپىق ۋاقىتتا توغرا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ۋەلىباينىڭ ئۆلۈمى خۇددى يۈز بېرىش ئالدىدىكى قوزغىلاڭلار ۋە چار پادىشاھلىقىنىڭ گۇمران بولۇشىدىكى بېشارەت بولۇپ قالدى. 1916-يىلى ئۇنىڭغا ئاتالغان قەسىدىدە ۋەلىباينىڭ ياركەنتتىكى بىر كىچىك رەڭگارەڭ كۆكۈل مەيدانىنى ئۇنىڭغا ئاتالغان جامائەت باغچىسى قىلىپ ئۆزگەرتىش ئۈمىد قىلىنغان، ئەمما بۇ ئارزۇ ئەمەلگە ئاشمىغان. ئىنقىلاب نەتىجىسىدە رۇسىيەنىڭ ئىلىنى بېسىۋېلىشى بىلەن يەتتەسۇغا كۆچكەن تارانچىلار ئىچىدىن چىققان بىر ئەۋلاد سەرخىللەر تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ، ۋەلى بايىنى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد كالتە چاپانلار ئوتتۇرىغا چىققان.

ھازىرغىچە مەن چېگرا ئاتلىغان سودا گۇرۇھلىرى ئىچىدىكى ۋەكىللىك كۈچنىڭ قۇرۇلمىسىنى، يەتتەسۇدىكى تارانچى كۆچمەنلەرنىڭ رەھبەرلىك رىقابىتىنى، شىنجاڭدا بارغانچە كەسكىن كۈچكە ئايلانغان مائارىپ ئىسلاھاتچىلىرىنى بايان قىلىپ كەلدىم. ھازىردىن باشلاپ بۇ ئايرىم بايانلار جۇغلىشىشقا باشلايدۇ. مەن بۇ جۇغلىنىش ھەققىدىكى بايانلىرىمنى 1916-يىلى

رۇسىيەگە تەۋە تۈركىستاندا پارتلىغان چارپادىشاھقا قارشى ئىسيان ، 1917- يىلدىكى ئىنقىلاب ، تاپ بېسىپ كەلگەن ئىچكى ئۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ نەتىجىسىنى تەھقىقلەش ئارقىلىق باشلايمەن. بايان ھازىرغىچە مۇلاھىزە قىلىنىۋاتقان يەتتەسۇدىكى تارانچىلار ، رۇسىيە تۈركىستانىدىكى قەشقەرلىكلەر ۋە شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلار) جامائىتى ھەققىدە بولىدۇ.

1916-يىلى ئىيۇندا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇۋاتقان رۇسىيە ئادەم كۈچى قىسلىقى سەۋەبلىك قازاق يايلاقلىرى ۋە تۈركىستاندىن ئالدىنقى سەپكە ئىشچى يۆتكەش بۇيرۇقىنى چىقارغان. بۇيرۇق بىلەن تەڭلا ئىسيان باشلىنىپ پەرغانە ۋادىسى ، شۇنداقلا ئۇ يەردىن شەرق ۋە شىمالدىكى قىرغىز ۋە قازاق رايونلىرىغا كېڭىيىپ رۇس ئەمەلدارلىرىغا ھۇجۇم قىلىنغان. چارۋىچىلارنىڭ رۇس كۆچمەنلىرىگە قىلغان ھۇجۇمىدىن كېيىن تۈركىستاندا ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىنىپ چار ئارمىيەسى ئۆچ ئېلىشقا كىرىشكەن. بۇيرۇققا ئەڭ كەسكىن قارشى چىققان قازاق ، قىرغىزلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاخىرىدا شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن. 1917-يىلىنىڭ بېشىغىچە يۈزمىڭلىغان قازاق ۋە قىرغىزلار تاغلاردىن ئېشىپ شىنجاڭغا كىرىپ ، بۇ يەردىكى خىتاي ئەمەلدارلىرىغا جىددىيچىلىك ئېلىپ كەلگەن. بۇلار تاغلاردىن ئۆتۈش جەريانىدا مىڭلارچە كىشى قىشتا سوغۇقتىن توڭلاپ ئۆلگەن ، شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن بولسا نەچچە مىڭ كىشى ئاچلىق ۋە كېسەللىك سەۋەبىدىن قىرىلىپ كەتكەن. چارۋىچىلارنىڭ ئىسيانى ۋە ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا قېچىپ كېلىشى تۈركىستاندىكى رۇسىيە ئىنقىلابى تارىخىنىڭ بىر ئاچقۇچلۇق سەھىپىسى بولۇپ ، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى مىللەتلەر تارىخىدا بۇ ۋەقەگە مۇھىم ئورۇن بېرىلگەن. بۇنىڭغا سېلىشتۇرما قىلغاندا ، كەچۈرمىشى خىتاي بىلەن باغلانغانلار ئانچە بىلىنمىگەن. يەتتەسۇدىكى تارانچىلار ۋە قەشقەرلىكلەر شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن قازاق ۋە قىرغىزلارغا ئوخشاش ھەرىكەتچان بولمىغاچقا تولۇق قېچىپ كېتەلمەي ، ئىسيانچىلار بىلەن قىساسكارلار ئارىسىغا قىسىلىپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## تارانچى پاجىئەسى

1916-يىلدىكى چار پادىشاھنىڭ ئەسكەر چاقىرىش بۇيرۇقىغا تارانچىلاردىنمۇ كەسكىن قارشىلىقلار بولغان بولۇپ توققۇز كىشى بۇنىڭغا قارشىلىق قىلغانلىقى سەۋەبىدىن قەتل قىلىنىغان. ئەمما قارشىلىقلار يەتتەسۇدىكى قازاقلاردىكىدەك كۈچلۈك بولمىغان بولۇپ ، ئەسكەر چاقىرىشقا قارشى ئىسيانلار ئازىيىشقا باشلىغاندا ياركەنتتە ئەسكەرلىككە سەپەرۋەرلىك قىلىش ئېلىپ بېرىلغان. 1916-يىلى نويابىردا ۋەلىبايىنىڭ يېقىن دوستى ، سودىگەر ھۈسەيىن بەگ يۇنۇسوۋنىڭ يالقۇنلۇق نۇتۇق ، ھۆررا سادالىرىنىڭ ئۈزۈتىشى بىلەن 600 تارانچى ئىشچىسى پويىز بىلەن ئالدىنقى سەپكە سەپەر قىلغان. كۆچمەن قەشقەرلىكلەردىن قانچىلىك كىشى ماڭدى ئېنىق ئەمەس ، ئەمما كېيىنچە قەشقەرلىك كوممۇنىستلارنىڭ جاكارلىشىچە ئون مىڭلىغان قەشقەرلىك كىشى ئالدىنقى سەپكە ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن.

يەتتەسۇدىكى رۇس ئەمەلدارلىرى تارانچىلارنى ئومۇمەن تاتارلاردەك ئۆزگە سادىق ئەمەس دەپ قارايتتى. ئىسسىق كۆلدىكى تۇڭگانلار پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ ئۇلار ھەم رۇسلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىغا ۋە چارۋىچىلارنىڭ بۇلاڭچىلىقىغا قارشى تۇرغان. كېيىن بۇ تۇڭگان كۈچلىرىنىڭ 1916-يىلىدىكى ھەرىكەتلىرى زو زوڭتاڭنىڭ خۇنەن ئارمىيەسى بىلەن شەرقى شىنجاڭغا كەلگەن خۇيپيانە گورۇھ گېلاۋخۇيچىلارغا باغلىنىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. گېلاۋخۇيچىلار شىنجاڭدا تۇرۇپ يەتتەسۇدىكى تۇڭگانلار ئارىسىدىن ئۆزىگە ئەتتىپاقداش ئىزدىگەن. 1890-يىللاردا رۇسىيە ئەمەلدارلىرى يەتتەسۇدا بىر ختاي مەخپىي تەشكىلاتىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى بايقىغان. ئەينى ۋاقىتتا رۇسىيە ئەمەلدارلىرى گەرچە گېلاۋخۇيچىلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئېھتىيات بىلەن دىققەت قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ تەشكىلاتنى مانجۇ ئىمپېرىيەسىگىلا قارشى ، رۇسىيە مەنپەئەتىگە بىۋاسىتە تەھدىت ئەمەس ، دەپ قارىغان. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇلارنىڭ سۈيىقەستى چار پادىشاھقا قارىتىلغاندەك قىلاتتى. قوزغىلاڭدىن كېيىنكى ئىسپاتلارغا ئاساسلانغاندا ، 1915-يىلى بۇ تەشكىلات يەتتەسۇنىڭ شەھەر مەركەزلىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ ختاي ۋە رۇس پۇقرالىرىدىن بولغان تۇڭگانلار ئارىسىدا تەشكىلات قۇرغان. ئۇرۇشنىڭ ئەك كۈچەيگەن مەزگىلدە بۇنداق بىر

گۇرۇپپا 1916-يىلى ئاۋغۇستتا قاراقولنى قىسقا بىر مەزگىل ئۆز كونتروللۇقىغا ئېلىۋالغان. شۇ ئايدا رۇسىيە ئارمىيەسى قاراقوڭغۇس (ھازىرقى قازاقىستان تەۋەسىدىكى ماسانچى دېگەن يەر) تىكى تۇڭگانلار ئارىسىدا تەشۋىقات قىلىۋاتقان تۆت كىشىنى قولغا ئالغان. ئۇلار «رۇسىيەگە قارشى قوزغىلاڭ قىلىش، رۇسلارنى تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقىرىپ مۇسۇلمانلاردىن بولغان كىشىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئايرىم خانلىقلارنى قۇرۇش» دېگەنلەرنى تەرغىب قىلىۋاتقان ئىكەن. بەزى تەكشۈرگۈچىلەر ھەتتا «قازاقلارنىڭ قوزغىلىڭى گېلاۋخۇيچىلار تەشكىلاتىنىڭ ھەرىكەتلىرى سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى» دەپ قارىغان. بۇ ھەرىكەتلەر بىلەن گېلاۋخۇينىڭ رۇسىيەدىكى رادىكال كۈچلەر ئارىسىدا نامى چىققان.

چار پادىشاھ ئوفىتسېرلىرى ئىسيانلارنى باستۇرۇۋاتقاندا 1917-يىلى فېۋرالدىكى ئىنقىلاب ۋە رومانوۋ سۇلالىسىنىڭ زاۋال تاپقانلىق خەۋىرى تۈركىستانغا يېتىپ كەلگەن. رۇسىيەدىكى بۇ ۋەقەلەر سەۋەبلىك يەتتەسۇدا يېڭى ۋەكىللىك ئورگانلار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان. مۇھىم سىياسىي كۈچلەردىن رايونلۇق ھۆكۈمەت كومىسسارلىرى، دېھقان ۋەكىللەر سوۋېتى، كازاك قوراللىق كۈچلىرى بار ئىدى. بۇندىن باشقا يەتتەسۇ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى ئالمۇتادا مىللەتلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك ۋەكىللىك ئورگانلىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، بۇلار قۇرۇلتاي دەپ ئاتالغان مۇسۇلمانلار كېڭەشكە قىسمەن باغلىنىشلىق ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى قازاق زىيالىيلاردىن تەشكىللەنگەن بىر كومىتېت بولۇپ، ئاپتونومىيەنى تەرغىب قىلىدىغان ئالاش ئوردا پارتىيەسى بىلەن بىر پىكىردە ئىدى. بۇ يەردە يەنە تاشكەنتنى مەركەز قىلغان ئىسلام بىرلىكى (شۇرائىي ئىسلامىيە) دېگەن تەشكىلاتنىڭ تارمىقى، يەنە دەسلەپتە بىر تارانچى باي، كېيىن تارانچى ئۆلىما مەرۇف مەسئۇدى باشچىلىقىدىكى تارانچى كومىتېتىمۇ مەۋجۇت ئىدى. 1917-يىلى يازدا بۇ كومىتېت بىر تۇڭگاننى رەھبەرلىك قاتلىمىغا قوبۇل قىلىپ ئىسمىنى تارانچى-تۇڭگان كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتكەن. بۇ ۋاقىتتا بۇ تەشكىلات پەقەت ئالمۇتا ۋە ئەتراپىتا ياشايدىغان تۇڭگان ۋە تارانچىلارغىلا ۋەكىللىك قىلالايتتى. ياركەنتتە ھۈسەيىنبەگ يۈنۈسوف رەھبەرلىكىدە يەنە بىر رەقىب تارانچى-تۇڭگان كومىتېتى مەيدانغا چىققان. ياركەنتتىكى چوڭلار ئۆزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تارانچىلارنىڭ مەركىزى دەپ بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار ئالمۇتادا قۇرۇلغان تەشكىلاتقا تەۋە بولۇشنى ئىستىمەيتتى.

يەتتەسۇدىكى شەھەرلەرنىڭ سىرتىدا يەر مەسىلىسى سىياسەتنى كونترول قىلاتتى. 1917-يىلى بۇ ئۆلكىدىكى نۇرغۇنلىغان سلاۋىيان دېھقانلار ئالدىنقى سەپكە چاقىرىلغان ئىدى. ئۇلار ھەربىي سەپتىن مۇستەملىكىچىلەردە بولىدىغان ھاكاۋۇرلۇق ، ئەسكەرلەردە بولىدىغان ئىنقىلابى جەڭگىۋارلىق بىلەن قايتىپ كەلگەن ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قازاق ۋە قىرغىزلارنىڭ 1916-يىلدىكى ئىسيانى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىش كەيپىياتى كۈچلۈك ئىدى. نۇرغۇنلىرى مۇشۇ پۇرسەتتە ئۆزۈندىن بېرى ھەل بولماي كېلىۋاتقان يايلاق ۋە ئېتىز توقۇنۇشىنى ھەل قىلىۋالماقچى ئىدى. ئۇلار قازاقلاردىن باشقا يەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ كۆپىنى ئىگىلىگەن كازاكلار ، شىنجاڭدىن كۆچۈپ كەلگەن تارانچىلارغىمۇ دۈشمەنلىك بىلەن قارايتتى. تارانچىلارغا گەرچە يەرنىڭ ناچىرى قالغان بولسىمۇ سلاۋىيان مۇستەملىكىچىلىرى ئۇلارنى خىتايدىن كەلگەن مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن سلاۋىيانلارنىڭ رىزقىغا چاڭگال سالغان كەلگۈندىلەر دەپ بىلەتتى. پۇختا قوراللانغان كازاك كۆچمەنلىرىنىڭ ئولتۇراق رايونلىرىغا سىڭىشتۇرغاندا تارانچى كەنتلىرى سلاۋىيانلار ئۈچۈن تەييار ئولجا ئىدى. شۇڭا ، تارانچىلار ئۆزىنى قوغداشتا قوراللىق كازاكلارنى كاپالەتچى دەپ قارايتتى.

1918-يىلى يانۋاردا بىشكەكتە سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. فېۋرالدا ئالمۇتادا ئىككىنچى قېتىملىق دېھقان ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى دەستەكلەش قارارىنى قوبۇل قىلدى. شۇ ئايدا ئىككى تارانچى-تۇڭگان كومىتېتى ئالمۇتادا بىرلەشمە قۇرۇلتاي ئۆتكۈزدى. يىغىندا ئەتراپتا بولۇۋاتقان ئىنقىلابقا قانداق قاراش مۇنازىرە قىلىنغاندىن باشقا ، يەر تەقسىماتىدىكى تەڭسىزلىك ، تارانچىلار دىنى ، مەنىۋى ئورگىنىنىڭ ياركەنتتە ياكى ئالمۇتادا بولۇش مەسىلىسى ، تارانچى مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلارمۇ تارتىشىلغان. ھۈسەيىنبەگ يۇنۇسوۋ باشچىلىقىدىكى بەكرەك مۇھاپىزىكار (كونىلىقنى ياقلىغۇچى) بولغان ياركەنت تەرەپ يىغىندا ئۆتۈپ ، رۇسىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى داۋاملىق قوللاش قارار قىلىنغان. شۇنداق قىلىپ تارانچى

تۆڭگان كومىتېتى مەغلۇبىيەتلىك تەرەپنىڭ تەرەپدارى بولۇپ قالغان. يىغىن تاماملىنىپ بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئالمۇتادىكى ئىككىنچى يەتتەسۇ كازاك دېۋىزىيەسى ئىسيان قىلغان، نەتىجىدە شەھەر بولشېۋىكلارنى قوللايدىغان ھەربىي ئىنقىلابى كومىتېتىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. بۇ چاغدا قۇرۇلتاي دەپ ئاتالغان مۇسۇلمانلار كېڭەشىگە مەنسۇپ بايلار ئالمۇتا بانكىسىدىكى ۋەجىنى ئېلىپ شەھەر سىرتىغا قاچقان، ھەمدە تارانچى-تۆڭگان كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن مەرۇف مەسئۇدى، ھۈسەيىنبەگ يۇنۇسوۋ قاتارلىقلار شەھەر ئەتراپىدىكى تارانچى يېزىلىرىغا قاچقان. يۇنۇسوۋ غۇلجىغا قېچىپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، مەرۇف مەسئۇدى كېيىنكى جەڭلەردە ئۆلتۈرۈلگەن.

شۇ يىلى ئاپرېلدا قىزىل ئارمىيە ياردەمچى قىسىملىرى رايوندىكى كازاكلارنى قورالسىزلاندۇرۇش، ئاشلىقلارنى مۇسادىرە قىلىش مەقسىتىدە ئالمۇتاغا ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ ئارمىيەدىكى بولشېۋىكلارغا قارشى كازاكلار تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلگەن. ئۇزاققا قالماي ئالمۇتا شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قوراللىق كازاكلار ئىسيان قىلغان ۋە شەھەرنى قورشىۋالغان. ئالمۇتا شەھىرى ئەتراپىدىكى تارانچى يېزىلىرى ئاقلارنىڭ قايتۇرما ھۇجۇم بازىلىرىغا ئايلانغان. بۇ يېزىلارنىڭ كاتتىلىرى گەپتە سايلانغان دېيىلگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە باي تارانچىلار تەرىپىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ رۇس ئەمەلدارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى 1870-يىللاردا رۇسلار ئىلى ۋادىسىنى بېسىۋالغاندا  باشلانغان ئىدى. مەسىلەن، قاراسۇ يېزىسىنىڭ باشلىقى جالالىدىن بۇشرىيېۋ رۇسلار غۇلجىنى بېسىۋالغاندا يانتاياق بولغان غۇلجا ئاقساقىلى بۇشرى جەلىلوۋنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ قاراسۇنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىككى نۆۋەت «سايلانغان» ھەمدە رايوندا مۇۋەققەت ھوقۇقنى ساقلاپ قالغان. ئۇ تارانچىلاردىن ئەمگەكچى ئەۋەتىپ قورشاۋنى كۈچەيتىشكە ياردەملەشكەن، 50 ئەتراپىدا تارانچىنى قوراللاندۇرغان. كازاكلار ئالمۇتاغا ھۇجۇم قىلغاندا بۇ ناچار قوراللانغان ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ھالدا ئالدىنقى سەپكە چىقىرىپ قالقان قىلىپ ئىشلەتكەن. نەتىجىدە بۇ تارانچىلار پۈتۈنلەي قىرىلىپ كەتكەن. بۇنداق ئىشلار قىزىل ئارمىيەنىڭ پۈتكۈل تارانچىلارنى ئاقلارنىڭ تەرەپدارى دەپ گۇمان قىلىشىغا باھانە بولۇپ بەرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

مايدا تۈركىستان مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى ۋە خەلق ۋەكىللەر كېڭىشى قىزىل ئارمىيە ئوفىتسېرى مۇرايېۋنى يەتتەسۇغا ئەۋەتىپ ئالمۇتانى قورشاۋدىن قۇتقۇزماقچى بولدى. شۇ ئايدا قىزىل ئارمىيە ئالمۇتا رايونىدىكى كازاكلارنى بويسۇندۇردى ۋە ئەتراپتىكى تارانچى يېزىلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ نۇرغۇن ئۇيغۇرنى قىرىپ تاشلىدى. كېيىن ئاقلارنىڭ دوكلاتىچە تارانچىلار پىلىموت بىلەن قىرىلىشتىن بۇرۇن ئۆزلىرىگە ئازگال كولىتىلىپ شۇ ئازگالغا كۆمۈپ تاشلانغان. بۇ زوراۋانلىق نەتىجىسىدە تارانچىلارنىڭ قېچىش دولقۇنى قوزغالغان بولۇپ، ئالمۇتا رايونىدىكى تارانچىلار غۇلجىغا ماڭىدىغان يولنى بويلاپ ختاي چېگراسىغا قاراپ قاچقان. بۇ ئىشتا ختاي ھۆكۈمىتى دەسلەپ چېگرادىن كىرگۈزمەسلىكنى قارار قىلغان، نەتىجىدە مۇساپىرلار قورغاس دەرياسى بويىغا يىغىلىپ قالغان. ئاقلار غالجاتتا قايتا تەشكىللىنىپ، ۋاقىتلىق قوماندانلىق مەركىزى قۇرغان ھەمدە تارانچى مۇساپىرلاردىن 300 دىن ئارتۇق ئەسكەر قوبۇل قىلىپ ياركەنتنى ئالماقچى بولغان. 24-ماي كۈنى كېچىدە ئاقلار ياركەنتنى ئالغان، بىراق بولشېۋىكلەرنىڭ زەربىسىمۇ يىراق ئەمەس ئىدى. ئىيۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇرايېۋ باشچىلىقىدىكى قىزىل ئارمىيە شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىپ ياركەنتنى تارتىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن تارانچىلار يەنە بىر قېتىم قارا قويۇق قىرغىنغا ئۇچرىغان. ياركەنت رايونىدىكى كۆچمەن قازاقلار خۇددى 1916-يىلىدىكىدەك ختايغا قېچىپ كىرگەن. يەرلىك تارانچىلارمۇ قېچىشقا مەجبۇر بولغان ۋە قورغاسقا يىغىلغان. ختاي ھۆكۈمىتى ئاخىرى ئۇلارنىڭ چېگرادىن كىرىشىگە رۇخسەت قىلغان ۋە ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ غۇلجىنىڭ شىمالىدىكى سايرام كۆلى بويىغا جايلاشقان يىغىۋېلىش لاگېرىغا يولغا سالغان. ئاخىرىدا بېيجىڭ بۇ ئىشقا قول سېلىپ، ئىلىدىكى ئەمەلدارلارنى مۇساپىرلارنىڭ ئىلىغا يەرلىشىپ قېلىشىغا يول قويۇشقا ۋە ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەشكە بۇيرۇغان.

يەرلىكلەرنىڭ ئېسىدە «تارانچى پاجىئەسى» ياكى «ئاتۇ (ئېتىش) پاجىئەسى» دەپ ساقلانغان بۇ قانلىق جازالاش ۋەقەسىدە قانچە كىشىنىڭ قەتل قىلىنغانلىقى نائېنىق. رۇسىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تۈركىستان كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىليا شەندرىكوۋ تۆت مىڭ ئادەمنىڭ

ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. غۇلجىدىكى ئاقلار بۇنى ئاشۇرۇپ 30 مىڭدىن ئارتۇق دەيدۇ. 1920-يىللىرىدىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى بولسا بۇ ساننى «ئون مىڭدىن ئاشىدۇ» - دېگەن. ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىن بولشېۋىكلەر «ئىنقىلابقا بايلار ئارىلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئەكسىلئىنقىلابى نەتىجە كېلىپ چىققان»- دېگەن ، ئەمما بىۋاستە جاۋابكارلىقتىن ئۆزىنى قاچۇرغان ، ۋەقەمۇ ھېچ بىر تەكشۈرۈش پۈرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن. 1960-يىللاردا سوۋېتتا بولغان ستالىنىسىزلاشتۇرۇش ھەرىكىتى داۋامىدا خەلقنىڭ تارىخى كەچمىشىگە قايتا قاراپ چىقىلغان بولسىمۇ يەنىلا چەكلىمە قويۇلغان. 1968-يىلى مەشۇر روزىبېۋ يازغان «قايتا تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى» دېگەن كىتابىنىڭ ئەسلى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا 1918-يىلىدىكى ئاتۇ پاجىئەسىنى تىلغا ئېلىپ ، قىرغىننى «يەرلىك مۇستەملىكچى بايلار قىزىل ئارمىيەچە ياسىنىپ قوراللىنىپ» يۈرگۈزگەن ، دېيىلگەن بولسىمۇ رۇسچە نۇسخىسىدا بۇ مەزمۇن قىسقارتىلغان ۋە سىلىقلاشتۇرۇلغان. تاكى ھازىرغىچە نۇرغۇن ئۇيغۇرلار مۇرايىپۇنىڭ يۈرگۈزگەن قەبىھلىكىنى ۋە «تارانچى پاجىئەسى» نى بۈگۈنگىچە ئېچىلمىغان سىر دەپ قارايدۇ.

## ئىلىدا قىزىل ۋە ئاقلارنىڭ دىپلوماتىيەسى

شىنجاڭ رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلار ئۈچۈن پاناھ جايلا بولغان ئەمەس. بۇ يەر گەرچە رۇسىيەدىكى ئىجتىمائىي دېموكراتىيە ئېقىمىنىڭ بازىلىرىدىن يىراق بولسىمۇ ، 1917-يىلىدىكى فېۋرال ئىنقىلابى ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنىڭ بۇ ئەلدە ھېسداشلىق قىلغۇچىلىرى بار ئىدى. ئانچە بىلىنمىگەن بىر پاكىت شۇكى ، رۇسىيە ئىنقىلابىنى قوللاپ قىلىنغان تۇنجى ئاممىۋى يىغىلىش خىتاينىڭ پايتەختى بېيجىڭ ، ياكى سودا مەركىزى شاڭخەيدە ئەمەس ، بەلكى شىنجاڭنىڭ چېگرا ئېغىزلىرىدا بولغان. ئىنقىلابنىڭ داۋالغۇشلىرى بۇ يەردىكى تاتار ۋە رۇس مەھەللىلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. 1917-يىلىنىڭ باشلىرىدىلا تارباغاتايدا تۇرۇشلۇق چارپادىشاھ ئەمەلدارلىرى سانت-پېتىربۇرگدىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە شىكايەت يېزىپ ، سودا رايونلىرىدىكى بولشېۋىك قۇتراتقۇلىرىنى قوغلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقىرىش ھەققىدە تەكلىپ سۇنغان. 1918-يىلى مارتتا تارباغاتايدا خەلقئارا ئاياللار بايرىمى تەبرىكلەنگەندە يەرلىك بىر تاتار ئوقۇتقۇچى ئاممىغا كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان نۇتۇق سۆزلىگەن. ئۇزاقتا قالماي ئۆزىنى «بىرلىك» دەپ ئاتىغان بىر ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ، ئاساسلىقى تاتار ياشلاردىن ئەزا قوبۇل قىلغان. 1918-يىلى غۇلجا كوچىلىرىدا تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقىتىلىپ رايوندىكى كىشىلەرنى زالىملارغا قارشى قوزغىلىشقا دەۋەت قىلغان.

1918-يىلى ئاپرېلدا موسكۋادا يېڭى قۇرۇلغان تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى چارپادىشاھ دەۋرىدە چەتئەللەردە قويۇلغان بارلىق ۋەكىللەرنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى، ئۆز ۋەكىللىرىنىڭ خىتاينىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا قويۇلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. بىراق بۇ چاغدا خىتاي ھۆكۈمىتى تېخى سوۋېت ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلمىغان بولغاچقا، چارپادىشاھنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىللىرىنىڭ داۋاملىق تۇرۇشىغا قوشۇلغان. چارپادىشاھنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلى ۋېكتور لىيۇبا ئىمپېرىيەنىڭ شىنجاڭ ۋە موڭغۇلىيەگە قويغان تەجرىبىلىك ۋە قاقۋاش دىپلوماتىيە خادىمى ئىدى. ئۇ 1918 ۋە 1919-يىللىرى داۋاملىق غۇلجىدا تۇرۇپ ئاقلارنىڭ رۇسىيەدىكى مەركەزلىرى بىلەن ئالاقىنى ساقلىغان ۋە ھۆسەيىنبەگ يۇنۇسوۋنىڭ باسمىخانىسىدا بولشېۋىكلارغا قارشى بولغان «ئەركىن دۇنيا» دېگەن گېزىتنى چىقارغان. لىيۇبانىڭ سوۋېت تەيىنلىگەن رەقىبى ئۇنىڭ بۇرۇنقى كاتىپى ئانانى پاۋلوۋىچ زىنكېۋىچ ئىدى. ئۇ قويۇلغان خىزمەتكە لاياقەتسىز ئىكەنلىكىنى ئۇزاق ئۆتمەي چاندۇرۇپ قويىدى. زىنكېۋىچ يېتىپ كېلىشىگىلا لىيۇبا ئۇنىڭغا قەستلەنمەسلىك ئۈچۈن ئۈچ كۈن ئىچىدە يوقىلىشقا بۇيرۇغان. شۇنىڭ بىلەن خىتاي ئەمەلدارلىرى زىنكېۋىچنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئادەم قوشۇپ رۇسىيە زېمىنىغا يولغا سېلىپ قويغان. لىيۇبا يەنە شىنجاڭ بىلەن رۇسىيە تۈركىستانى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ئۈزۈپ تاشلاشتىمۇ غەلىبە قىلغان. ئاۋغۇستتا ئۇ بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئىلى دائىرىلىرى بىلەن بولشېۋىكلەر ئارىسىدا خەۋەر يوللىغان غۇلجىدىكى ئىككى رۇسىيەلىك تېلېگراف خادىمى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. بىر قانچە كۈن ئىچىدە خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئۇ ئىككى كىشىنى چېگرادىن قوغلاپ چىقارغان. 1918-يىلى نويابىردا غۇلجىدا بولشېۋىكلارنى ياقلايدىغان

رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرلەش پائالىيىتى بولغان. بۇ چاغدا لىيۇبا بۇ بولشېۋىك تەرەپدارلىرىنى قولغا ئالغان ۋە ئۇلارنى رۇسىيەگە قوغلاتقان.

يەتتەسۇدىكى ئىچكى ئۇرۇش شىنجاڭ چېگراسىغا يېقىنلاۋاتقان مەزگىلدە، لىيۇباغا ئوخشاش ئاق دىپلوماتلار خىتايلارنىڭ قىزىللارغا قارشى ئاقلارغا ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. ئاق ئەمەلدارلار خىتاينىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن خىتاي بىلەن رۇسىيە ئارىسىدىكى چېگرا مەسىلىسىنى قايتىدىن ئادىل بىر تەرەپ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1918-يىلى مايدا رۇسىيەدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك كازاك ۋە مۇسۇلمان ۋەكىللەر ئۆمىكى تۇنجى قېتىم غۇلجىغا كېلىپ خىتايدىن ياردەم تەلەپ قىلغان چاغدا، ئۇلار 1881-يىلدىكى پېتىربۇرگ شەرتنامىسىدە رۇسىيە يۇتۇۋالغان 15 مىڭ كۋادرات ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان زېمىنىنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغان. خىتاي ئەمەلدارلىرى ئىچىدىكى ۋەزىيەتنى چۈشەنگەنلەر يەتتەسۇدا ياشايدىغان خىتاي پۇقرالىرى قىرغىنغا ئۇچراۋاتقاندا شىنجاڭدىكى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن بىتەرەپ تۇرىدىغانلىقىدىن بىسەرەمجان بولاتتى. بىراق ئاقلارنىڭ تەلىپىگە قارشى، يەتتەسۇدىكى خىتاي پۇقرالىرىدىن شىنجاڭدىكى خىتاي دائىرىلىرىگە كەلگەن شىكايەتلەر ھەم يەتتەسۇدىكى كازاكلار ھەم قىزىللار ئۈستىدىن ئىدى. لىيۇبانى ئۈمىدسىزلىككە قويۇپ، 1917-يىلى ئاۋغۇستتا ئىلى دوتيىي شۇ گۇجېن كۆچمەن تۇڭگانلارنى كازاكلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش تەشەببۇسىدا بولغان ئىدى.

خىتاي ۋە ئاقلار ئېلان قىلغان مەلۇماتتا خىتاي چېگراسىغا قېچىپ كىرگەن تارانچىلارنىڭ سانى 50-60 مىڭ ئەتراپىدا دېيىلىدۇ، ئەمما 1918-يىلى بولشېۋىكلەرنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئېلان قىلغان مەلۇماتىدا 20 مىڭ ئەتراپىدا دېيىلگەن. 1920-يىلدىكى سوۋېت نوپۇس ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا قاچقانلار 10 مىڭلارچە بولغان. شۇ چاغدا تىزىمغا ئېلىنغان يەتتەسۇدىكى تارانچى، تۇڭگانلارنىڭ نوپۇسى ئاران 45،547 بولۇپ 1913-يىلدىكىگە قارىغاندا 40% دىن ئوشۇقراق ئازلاپ كەتكەن. تارانچىلارنىڭ غۇلجىغا كۆپلەپ كېلىشى بىلەن تۇرالغۇ ۋە يېمەكلىك باھاسى شىددەتلىك ئۆرلەپ كەتكەن، كېسەللىكمۇ تەھدىت سېلىشقا باشلىغان. تارانچى رەھبەرلىرى لىيۇبا بىلەن ھەمكارلىشىپ تەمىنلەش كومىتېتى قۇرغان ۋە كونسۇلدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

دەسلەپكى 120 مىڭ رۇبلى پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھەمدە بۇرۇن مۇسادىرە قىلىنغان ماللاردىن بىر يۇرۇش رەختلەرنى ئىنئانە سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان. مەۋجۇتلۇق ئېھتىياجى سەۋەبلىك لىيۇبا بىلەن تارانچىلار ۋە مۇساپىرلار زىچ ئىتتىپاقلاشقان. ئەگەر كىم كونسۇل بىلەن يامانلاشسا ئىسمى ياردەم تىزىملىكىدىن چىقىرىپ تاشلانغان.

ئىلىدىكى شارائىت ناچار بولغاچقا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قىزىللار كونتروللۇقىدىكى يەتتەسۇغا قايتىپ كېتىشمۇ ھەيران قالارلىق ئەمەس ئىدى. 1918-يىلى ئىيۇلدا لىيۇبا تاشكەنتتىكى تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىغا تېلېگرامما يوللاپ ئىلىدىكى مۇھاجىرلارنىڭ قايتىپ كېتىش ئارزۇسى بارلىقىنى، ئەگەر كەتكەنلىكى سۈرۈشتۈرۈلمەي كەچۈرۈم قىلىنسا، تارتىپ ئېلىنغان مۈلۈكلەر قايتۇرۇلۇپ بېرىلسە، پۇقرانى بۇلىغان ۋە ئۆلتۈرگەنلەر جازالانسا قايتىشقا رازىلىقىنى بىلدۈرگەن. لىيۇبانىڭ جازالىنىش مەسىلىسىدە كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى مۇرايېۋ ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى بولۇشى مۇمكىن. ياركەنتتىكى يەرلىك سوۋېت رايوندىكى دېھقانلارنىڭ قىرىلىپ كەتكىنىدىن قورقۇپ كەتكەن ئىدى، شۇڭا ئۇلار بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى. ئەمما ئالمۇتا دائىرىلىرى بۇنى پىسەنتىگە ئالمىدى.

موسكۋانىڭ تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى، پەۋقۇلئاددە كومىسسار پاۋېل چېگودايېۋنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مۇرايېۋ خىتاي چېگراسىغا بولغان يۈرۈشنى داۋام قىلىپ، شىنجاڭ زېمىنىغا كىرىپ لىيۇبانى تۇتماقچى بولغان. ئۇ بۇ نىيىتىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ ئىلى دوتيىي شۇ بىلەن خۇيىيۇەندە كۆرۈشكەن. بۇ كۆرۈشمىگە ئائىت ئىككى بايان ساقلانغان بولۇپ، بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇرايېۋنىڭ مۇئاۋىنى مېلنىكوۋنىڭ نەشر قىلىنمىغان خاتىرىسىگە مەنسۇپ. بۇنىڭ بىرىدە يېزىلىشىچە، رۇس ئەمەلدارلىرى ئىلى ئاشلىق بازىرىغا ئىگە بولۇش شەرتى بىلەن يەتتەسۇدىكى خىتاي پۇقرالىرىنى قوغدايدىغان بولغان. يەنە بىر تەپسىلىراق مەلۇماتتا دېيىلىشىچە، ئەگەر ئاقلارنىڭ قوراللىرى تارتىۋېلىنىپ سوۋېت چېگراسىغا بولغان ھۇجۇملىرى توختىتىلسا بولشېۋىكلەر ئىلى دوتيىينى يەتتەسۇنىڭ ئەپيۇنى بىلەن تەمىنلەيدىغان بولغان. بۇ كۆرۈشمە بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچىدىن مەخپىي تۇتۇلغان بولۇپ خىتايچە مەنبەلەردە ئۇچرىمايدۇ،

ئەمما ئاقلارنىڭ ئىلى دائىرىلىرى ئۈستىدىن قىلغان يەتتەسۇدىن ئەپيۇن يۆتكەش ۋە بولشېۋىكلەر ئەتكەسچىلىككە كۆز يۇمۇش توغرىلىق ئەرزلىرى بۇنىڭ راستلىقىغا ئىسپات بولىدۇ. خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ رۇسىيە بىلەن سودىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىيالى بار ئىدى. ئىلى گارنىزون قوماندانى ياڭ فېيشىيا بىر خىتاي شىركىتىنىڭ پايچىكى بولۇپ، لىيۇبا بۇ شىركەت ئۈستىدىن مۇسادىرە قىلىنغان مالنى بولشېۋىكلەرنىڭ تۆلىمى سۈپىتىدە ئىگىلىۋالدى، دەپ شىكايەت قىلغان.

سوۋېتنىڭ شىنجاڭدىكى دەسلەپكى مەنپەئەتىدە سىياسەت ئەمەس، بەلكى ئىقتىساد بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، 1918-يىلىدىكى يەتتەسۇدا كۆرۈلگەن ئاچارچىلىق سەۋەبلىك تارىختا تۇنجى قېتىم ئىلىدىن ئاشلىق ئىمپورت قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئىلى تەرەپ بىلەن مۇرايېۋنىڭ بىرىنچى كۆرۈشمىسىدىن كېيىن بىر يۈرۈش سودا ئۆمەكلىرى كېلىپ تۇرغان بولۇپ، غۇلجىدا ئاشلىق سېتىۋالىدىغان دۇكانلار ئېچىلغان، ئەمما ھەر قېتىملىق ئۆمەك بۇرۇنقى كونسۇل لىيۇبانىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچ كېلىپ تۇرغان. 1918-يىلى نويابىردا مۇرايېۋنىڭ مۇئاۋىنى مېلنىكوۋ لىيۇبانىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بولۇپ، ئاخىرى ئۇ خىتايلار تەرىپىدىن چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلغان. كېيىنكى قىزىل كونسۇلمۇ ئوخشاش تۇرالماي كېتىپ قالغان. بۇ مەغلۇبىيەتلەر بىلەن بولشېۋىكلەرنىڭ قارارى تېخىمۇ چىڭىغان. 1919-يىلى فېۋرالدا ئۇلار ئىلىغا يەنە بىر تەھدىتلىك خەت ئەۋەتىپ ھېچ بولمىغاندا بىر سوۋېت سودا ۋەكىلىنىڭ ئەۋەتىلىدىغانلىقى، بۇنىڭ قوبۇل قىلىنىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلغان. شۇ ئارىدا دەرھال ئىككى ۋەكىل ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار ياركەنتنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتەلمەي قايتىپ كەتكەن. 1919-يىلى سېنتەبىردە تاشكەنتتە تۈرۈشلۈق تۈركىستان تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئىلى بىلەن ئالاقىلىشىپ، سوتسىيالىست ئىنقىلابچى پاۋېل چېگۇدايېۋنى كونسۇل قىلىپ بېكىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئىلى دوتېيى ئۇنىمۇ بېيجىڭدىن كۆرسەتمە يوقلۇقى باھانىسى بىلەن رەت قىلغان.

يەتتەسۇدىكى بولشېۋىكلەرگە قارشى كۆتۈرۈلمەكچى بولغان ئىسيان ئەمەلگە ئاشمىغان ھەم قۇتقۇزۇش مەبلىغى تۇگەشكە باشلىغاندىن كېيىن غۇلجىدىكى ئاقلارنىڭ ئۇمىدى سىبىرىيەنىڭ ئومىسكتا قۇرۇلغان كولچاك رەھبەرلىكىدىكى يېڭى رۇسىيە ھۆكۈمىتىگە يۆنەلگەن. 1919-يىلى ئومىسكقا ئىلىدىكى سابىق كونسۇل لىيۇبانىڭ كاتىپى ۋوروبچۇك باش بولغان ۋە داڭلىق تارانچى زەردار ھۈسەيىنبەگ يۇنۇسوۋدىن تەشكىللەنگەن بىر ھەيئەت ئەۋەتىلگەن. ئۇلار كولچاكنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرىغا ئىلىدىكى ئەھۋاللارنىڭ يامانلىشىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە بىر يۈرۈش دوكلات تاپشۇرۇپ، كولچاكقا تارانچىلارنىڭ تارىخى ۋە بولۇپمۇ چارپادىشاھقا بولغان ساداقىتى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە تارانچىلارنىڭ ئاق پادىشاھقا بولغان ئېتىقادى شۇنداق كۈچلۈككەنكى، بۇنى ھېچ بىر توختىتالمايمىش بۇنىڭغا ھەتتا دورىمۇ كار قىلمايمىش. مەسىلەن، 1917-يىلىنىڭ ئاخىردا ياركەنتتە سىراۋسكى ئىسىملىك بىر رۇس دوختۇر بىر تارانچى ئايالنى ئوپېراتسىيە قىلغان. ئوپېراتسىيەدىن بۇرۇن گەرچە ئاغرىق كەسكۈ (خلوروفورم) بېرىلگەن بولسىمۇ، ئوپېراتسىيە جەريانىدا ئاغرىقتىن قىينىلىپ تۇرسىمۇ ساداقەتمەن ئايال توختىماي «ۋاي بىچارە ئاق پادىشاھىم! بىچارە چار پادىشاھىم! ئاق پادىشاھىم قەيەردە؟» دەپ توختىمىغانمىش. يۇنۇسبەگ بىلەن ۋوروبچۇك مۇساپىرلار ئۈچۈن ئون مىليون رۇبلى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ ئاران ئىككى مىليونلا ئالالىغان. ئۇندىن كېيىن نېمە بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس، ئەمما ئۇلار غۇلجىغا قايتىپ كەلگۈچە بۇ ئىككى مىليون رۇبلىنىمۇ يوقاتقان. بىر مەلۇماتچە بۇ پۇلغا ئومىسكىدىن خىتايدا ساتماق ئۈچۈن مال ئېلىنغان. ئۇلار غۇلجىغا يېتىپ كەلگەندە خادىملار ئۇلارنى بولشېۋىكلەرنىڭ بۇلىۋالغانلىقىنى ئېيتقان.

گەرچە ۋوروبچۇك بىلەن يۇنۇسبەگنىڭ سەپىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقان بولسىمۇ، ئەمما غۇلجا ئاقلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ ئۇ يەردە بازا بەرپا قىلىشقا قىزىقتۇرغان. كازاك ئاتامان ئاننەنكوۋ ئەينى ۋاقىتتا شەمەينى بازا قىلىپ تۇرغان بولۇپ، ئۇ يەتتەسۇغا شىنجاڭدىن ھۇجۇم قىلماقچى بولغان. 1919-يىلى ئاپرېلدا ئۇ ۋەكىلى پولكوۋنىك سىدوروۋنى غۇلجىغا ئەۋەتكەن. گەرچە خىتاي قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئۇ بۇ يەردىكى رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىدىن بەش يۈز كىشىنى

ئەسكەرلىككە تىزىملىغان. كولچاك ھۆكۈمىتى بېيجىڭدىن خىتايدىكى رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنى ئەسكەرلىككە تىزىمغا ئېلىشقا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان ۋە لېيتېنانت گېنېرال كارتسېۋ ۋە پودپولكوۋنىك برىئانتسېۋ دىن ئىبارەت ئىككى گېنېرالنى شىنجاڭغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن. كولچاك بېيجىڭنىڭ بۇنىڭغا قارىتا رەت قىلىش جاۋابىنى ئالغاندا كارتسېۋ بىلەن برىئانتسېۋ ئالللىقاچان غۇلجا يولىدا ئىدى.

1919-يىلى ئۆكتەبىردە كولچاكنىڭ ئومسكىدىكى ئاق ھاكىمىيىتى يىمىرىلگەن ۋە ئۆزى ئېركۇتسكىغا قاچقان. ئاننەنكوۋ ئاقلارنىڭ بازىسى بولغان شەمەيدە يېڭى يەتتەسۇ ئارمىيەسى قۇرۇلىدىغانلىقىنى، خىتايدىكى پۇقرالارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن رۇسىيە پۇقرالىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىشى كېرەكلىكىنى جاكارلىغان. بۇ شىنجاڭدىكى خىتاي دائىرىلىرىنى ئەندىشىگە سالغان ۋە چار پادىشاھنىڭ 1916-يىلى ئېلان قىلغان پەرمانى سەۋەبلىك قاراقولدا كېلىپ چىققان تىنچسىزلىقنىڭ يەنە تەكرارلىنىشىدىن قورققان. ياڭ زېڭشىن «ئەگەر ئۇلار بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرسا قاراقولدا يۈز بەرگەن ئىش خىتاينىڭ ئۆز زېمىنى بولغان غۇلجىدىمۇ يۈز بېرىشى مۇمكىن، بۇ بىر ئاپەتتۇر!» دېگەن. ياڭ ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ تەلىپىگە، كولچاك ۋە ئاننەنكوۋنىڭ شىنجاڭغا كەلگەن ئادەملىرى بىلەن لىيۇبا ئوتتۇرىسىدا لىيۇبانى غۇلجىدىن يۆتكەشكە ئۇرۇنغانلىق سەۋەبىدىن زىددىيەت كۆرۈلگەن. بېيجىڭدىكى چارپادىشاھ باش ئەلچىسى شاھزادە كۇداشېۋ كولچاكقا شىكايەت قىلغان ھەمدە ئۆز كونسۇللىرىنى ئاقلارنىڭ پەرمانىغا بويسۇنماسلىققا بۇيرۇغان. ئاخىرى لىيۇبامۇ خىتاينىڭ دېگىنى بويىچە ئەسكەر قوبۇل قىلمايدىغان بولغىنىدىن سۆيۈنگەن.

چار پادىشاھ دىپلوماتلىرى بىلەن ئاق ئوفىتسېرلارنىڭ زىددىيىتى ئاقلارنىڭ رۇسىيەدىكى تەلىيىنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن بېشارەت ئىدى. ئاقلاردىكى قارشىلىقنىڭ پەسىيىشى بىلەن موسكۋادىكى بولشېۋىكلەر تۈركىستان بىلەن ئالاقە قۇرغان. 1919-يىلىنىڭ ئاخىرىدا لېنىننىڭ تۈركىستان كومىتېتى تاشكەنتكە كەلگەن. تۈركىستان كومىتېتى سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ تۈركىستاندىكى بىر تولۇق ھوقۇقلۇق ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن كەڭ دائىرىدىكى ھوقۇقلارغا

ئىگە بولۇپ، تاشقى ئىشلارغىمۇ ئارىلىشاتتى. 1920-يىلى ئاپرېلدا بۇ كومىتېتنىڭ ۋەكىللىرى قورغاس دەرياسى بويىدا ئىلى تەرەپ بىلەن ئۇچراشقان. سۆھبەتتە ئىلى دوتىيى شۇ سۆھبەتتىكى ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، ئىلىنى سوۋېت سودا ۋەكىللىرىگە ئېچىۋېتىشقا جاۋاب سۈپىتىدە سانت پېتېربۇرگ شەرتنامىسىدە بەلگىلەنگەن رۇسلارنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازىنى بىكار قىلغان. سوۋېت 1920-يىلى مايدا ئىمزالانغان بۇ ئىلى كېلىشىمىدىن پايدىلىنىپ ئاخىرى غۇلجىدا چەتئەل سودا بازىسى قۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان. باشقا چەتئەل كۈچلىرى بىلەن بولىدىغان رىقابەتتە ئۇتتۇش ئۈچۈن سوۋېت ۋەكىللىرى يەرلىك مۇسۇلمان سودىگەرلەر بىلەن توختام تۈزۈشكە باشلىغان. بۇنىڭ ئىچىدە مۇسابايېۋ ۋە بۇرۇنقى گېپى ئۆتىدىغان ئاقساقاللارمۇ بار بولۇپ، سوۋېت بۇلار ئارقىلىق چېگرا ھالقىغان ئالاقىنى كۈچلەندۈرمەكچى بولغان. بۇلارنىڭ بىرى فازىلجان يۈنىچ بولۇپ، بۇرۇن غۇلجىدا تاتار ئاقساقاللارنىڭ بىرى ئىدى ۋە شۇ چاغدا خىتاي پۇقراسى ئىدى. يەنە بىرى تۇردىئاخۇن ئالماسبېكوۋ بولۇپ تېخى شۇ يېقىنغىچە توقماقتىكى خىتاي پۇقرالىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى ئىدى، ئۇمۇ ئىنقىلاب مەزگىلىدە يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن ئىدى.

قورغاس دەرياسى بويىدىكى كېلىشىمدىن بېيجىڭ ياكى موسكۋانىڭ تولۇق خەۋىرى بولمىسىمۇ بۇ خىتاي-سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ باشلانغانلىقى، چاررۇسىيەنىڭ خىتايدىكى دىپلوماتىيەسىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنىڭ بېشارىتى بولۇپ قالغان. شۇ يىلى مايدا ئىلى كېلىشىمى ئىمزالىنىشى بىلەنلا لىيۇبا غۇلجىدىن كېتىپ قالغان. سېنتەبىردە بېيجىڭ چارپادىشاھ ۋەكىلىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىغان ۋە شاھزادە كۇداشېۋنى ئەلچىلىكتىن ئىستېپا بېرىشكە ئۈندىگەن.

## ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ۋە ئۇيغۇر كۇلۇبى

بولشېۋىكلەرگە قارشى كۈچلەر ئالمۇتادىن چېكىنگەندىن كېيىن ئۆزىنى شەھەرلىك قۇرۇلتايغا مەنسۇپ دەپ بىلىدىغان ھەر قايسى مىللىي گۇرۇپپىلارمۇ ئاجىزلىغان ياكى پارچىلىنىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن شەھەر مۇسۇلمانلىرىدا بىر يېتەكچىلىك بوشلۇقى شەكىللەنگەن. تارانچىلار ئىچىدىكى بۇ بوشلۇقنى يېڭى ئىنقىلابى گۇرۇپپىلار تولدۇرغان. ئالمۇتادىكى قازاقلار «شولا (قۇياش نۇرى)» دېگەن بىر ئۇيۇشمىنى قۇرغان. بىر تۈركىستان مۇسۇلمان گۇرۇپپىسى بولسا ئۆزىگە «تۇران» دېگەن نامنى قويغان بولۇپ، بۇ تاشكەنتتە جەدىتچى ئابدۇللا ئەۋلانى قۇرغان تۇران مەدەنىيەت جەمئىيىتىگە باغلىنىشلىق بولۇشى مۇمكىن. يەرلىك تاتارلار ئۆز جەمئىيىتىنى شائىر ئابدۇللا توقاينىڭ نامى بىلەن «توقاي» دەپ ئاتىغان. 1918-يىلى فېۋرالدا ئالمۇتادىكى تارانچىلار «ئۇيغۇر» دېگەن نامدا بىر كۇلۇب قۇرغان بولۇپ، بۇ يەتتەسۇدا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر دېگەن نامغا ئوچۇق — ئاشكارا ھالدا سىياسىي مەنە بېرىلىشى ئىدى. گەرچە ئۇنتۇلۇپ كېتىلگىلى ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ، 1920-يىللاردا كۇلۇپ قۇرۇلغان 2-فېۋرال كۈنى سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا نۇتۇقلار ۋە مەدەنىيەت كېچىلىكلىرى بىلەن تەبرىكلىنىپ تۇرۇلغان. كالتە چاپانلاردىن بولغان نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوۋ («ئۇيغۇر بالىسى») بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچى ئەزالىرىدىن بىرى ئىدى. باشقا ئەزالار يەرلىك تارانچى ئوقۇغۇچىلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئەزالارنىڭ ئىچىدە غۇلجىدا جەدىتچى تاتار مۇدەررىس گابدۇللا بۇبىدە ئوقۇغان ئىسمائىل تاھىروۋ بار بولۇپ، ئۇ نۆۋەتتە ئالمۇتادىكى ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇۋاتاتتى. ئۇندىن باشقا يەنە ئالمۇتادا رۇسچە گىمنازىيەدە ئوقۇۋاتقان مۇزەپپەر يارۇللابېكوۋمۇ بار ئىدى. بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئاز ساندىكى ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە كېيىن يەتتەسۇدىكى رادىكال تارانچىلارغا رەھبەر بولۇپ يېتىشىپ چىققىنى ئابدۇللا روزىباقىيېۋدۇر.

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ئالمۇتانىڭ شەرقىدىكى كىيىكباي دېگەن بىر كەنتتە تۇغۇلغان بولۇپ، 1900-يىلى دادىسى بىلەن ئالمۇتاغا كۆچۈپ كىرگەن. دادىسى ئەخمەت بىر مەكتەپ ئېچىۋاتقان بولۇپ ئالمۇتادىكى تارانچى مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئىدى. 1909-يىلى ئىلغار پىكىرلىك ئەخمەت يەرلىك ساخاۋەت تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى بولغان، ئىنىسى ھىدايەت بولسا كاتىپلىقنى ئۈستىگە ئالغان. ساخاۋەت تەشكىلاتلىرى دائىم چار ھۆكۈمىتىنىڭ گۇمانىنى قوزغايدىغان بولۇپ، 1913-يىلى بۇ تەشكىلات بىر ئوسمان ئىمپېرىيەسى ئوفىتسېرىغا 100 رۇبلى ئىئانە قىلغاندىن كېيىن گۇمان تېخىمۇ كۈچەيگەن. ئەخمەت باشقا جەھەتتە چار ئىمپېرىيەسىگە سادىق ئىدى. مەسىلەن، 1914-يىلى چار پادىشاھنىڭ رەسمىنى يەتتەسۇدىكى مەكتەپلەرگە ئېسىش تەلەپ



ئابدۇللا روزىباقىيېۋ (سولدىن بىرىنچى ئولتۇرغان كىشى) ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى.

قلىنغانلىقى سەۋەبى بىلەن تارانچىلار ئارىسىدا مۇنازىرە كۆتۈرۈلگەندە ئەخمەت رەسمىنى ئېسىش تەشەببۇسىدا بولغان. شۇ سەۋەبلىك ئۇ چار ئىمپېرىيەسىدىن شەرەپ تونىغا ئېرىشكەن بولسا باشقا تارانچى موللىلاردىن ئۆلۈم تەھدىتى تاپشۇرۇپ ئالغان. ئابدۇللا مۇشۇنداق بىر ئائىلىدە مۇشۇنداق زىددىيەتلەر ئىچىدە چوڭ بولغان بولغاچقا ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتىغا بۇ ئەھۋاللار تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. (كېيىنچە ئۇنىڭ سىياسىي رەقىبلىرىنىڭ ئۇنى چاررۇسىيە جاسۇسى دەپ قارىشى بەلكىم ئائىلىسىنىڭ مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشى سەۋەبلىك بولۇشى مۇمكىن.) ئابدۇللا **1914**-يىلى ئالمۇتادىكى رۇس مەكتىپىنى تۈگەتكەن ، **1916**-يىلى بوغالتىرلىق كۇرسىنى تاماملاپ شەھەردىكى بىر بانكىدىن خىزمەت تاپقان.

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ **1917**-يىلى ئالمۇتادىكى تارانچى- تۇڭگان كومىتېتىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان ۋە ئالمۇتا شەھرىدىكى بىر تۈركۈم مۇسۇلمان سوتسىيالىزمچىلاردىن تەشكىللەنگەن ئالمۇتا مۇسۇلمان ئىشچىلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ دەسلەپكى ئەزالىرى ئىككى تارانچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 17 كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، **1917**-يىلى مايدا يۈز نەچچە كىشىلىك نامايىش ئورۇنلاشتۇرغان. دەسلەپتە روزىباقىيېۋنىڭ سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئۇنىڭ تارانچى-تۇڭگان كومىتېتىدىكى خىزمەتلىرىگە تەسىر كۆرسەتمىگەن. **1918**-يىلى فېۋرالدا ئۆتكۈزۈلگەن ياركەنت-ئالمۇتا بىرلەشمە قۇرۇلتىيىدا ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بولشېۋىكلەر ۋە كازاكلار ئارىسىدا تەرەپسىز بولۇشىنى تەشەببۇس قىلغان. گەرچە ئاۋازغا قويۇلغاندا ئۇنىڭ بۇ تەشەببۇسى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ ئۇ يەنىلا مىللىي قۇرۇلتاي (مىللىي شۇرا) ئىجرائىيە بۆلۈمىدە كاتىپ بولۇپ مۇھىم خىزمىتىنى داۋام قىلغان. ئۇ يەنە شۇ ۋاقىتتا ئالمۇتادا تۇرۇۋاتقان تاتار زىيالىيسى زارىف باشىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ كومىتېتنىڭ ئورگان گېزىتى «سادايى تارانچى» نى چىقارغان. شۇ يىلى مارتتا سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندا تەشكىلات ئاخىرى ئىككىگە ئايرىلغان. روزىباقىيېۋ بولشېۋىك ھاكىمىيىتىنى قوللاپ ئالمۇتا شەھرىدە قالغان. ئۇنىڭ كومپارتىيەگە قاچان كىرگەنلىكى نائېنىق ، ئەمما **1918**-يىلى ئالمۇتادا پارتىيە ئەزالىرى قايتا تىزىملانغاندا ئۇ شۇ ۋاقىتدىكى ئالمۇتادا بار 45 ئەزانىڭ بىرى بولۇپ ،

ئىچىدە پەقەت بەش كىشى سلاۋيان مىللىتىدىن بولمىغان تۈركىستانلىقلار، بۇنىڭ بىرى روزىباقىيېۋ ئىدى. سولچى سوتسىيالىستىك ئىنقىلابچىلار شەھەردىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قوللاشقا ئېرىشكەن ئاساسلىق پارتىيە ئىدى. 1918-يىلى ئاۋغۇستتا ئۇلار ئالمۇتا شەھىرىنىڭ سوۋېتلار كېڭەشىنى قولغا ئالغان بولۇپ روزىباقىيېۋ باش كاتىپ ئىدى.

بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر كۈلۈبىنىڭ پائالىيەتلىرى ئانچە بىلىنمىگەن، بىراق ئۇلارنىڭ ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى جەدىتچى مەدەنىيەت جەمئىيەتلىرى بىلەن كۆپ ئورتاقلىقى بار ئىدى. مەسىلەن، ئۇيغۇر كۈلۈبىنىڭ 1919-يىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا جەدىتچى مەھمۇد بېھبۇدىنىڭ «دادا قاتىلى» دېگەن داڭلىق درامىسىنى سەھنىگە ئېلىپ چىققانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يەرلىك مۇسۇلمانلار مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇندىن باشقا يەنە كۈلۈبنىڭ سىبىرىيەدىكى لاگېرلاردىن كېلىپ يەتتەسۇدىن ئۆتۈۋاتقان ئەسىرگە چۈشكەن تۈرك ئەسكەرلىرىگە قانداق قىلىپ ياتاق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنغان. «سادايى تارانچى» پەقەت ئالتە سان چىقىپ توختاپ قالغان، ئەمما روزىباقىيېۋ ۋە باشقا تارانچى زىيالىيلىرى ئالمۇتادىكى سوتسىيالىزمچى مۇسۇلمان مەتبۇئاتىغا ماقالە ئېلان قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىكى ئەسەرلەر تاتارچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان بولۇپ بۇ پۈتكۈل مۇسۇلمان ئاھالىسىنىڭ چۈشىنىشى ئۈچۈن ئىدى. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ «يەتتەسۇ ئىشچىلىرى خەۋەرچىسى» دېگەن بۇ گېزىتتە «چەنتۇ» دېگەن تەخەللۇس بىلەن تارانچى پاجىئەسى (ئاتۇ پاجىئەسى) ھەققىدە يازغان. بۇ ئەينى دەۋردە مەزكۇر پاجىئە ھەققىدە تارانچى كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان بىردىن-بىر ئاممۇۋى ئىنكاس ئىدى. ئۇ قىرغىنچىلىقنى كازاكلارغا ئارتىپ، ئۇلارنى مۇرايىۋنىڭ يەتتەسۇغا ئەسكەر باشلاپ كېلىشىگە سەۋەب بولغان دەپ ئەيىبلىگەن. ئۇ قىرىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نادان ۋە قالاقلىقىنىڭ قۇربانى بولغانلىقىغا ئېچىنغان ۋە «بولشېۋىكلەرنىڭ پروگراممىسىدا بىگۇناھلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە ئائىت مەزمۇن يوق» دەپ قايغۇرغان.

روزىباقىيېۋنىڭ بولشېۋىكلەر تەرەپتە تۇرۇشى مۇساپىر بولۇپ غۇلجىغا كەتكەن ۋە يەتتەسۇدا قېلىپ قالغان ئۇيغۇرلارغا ياقمايتتى. مۇسۇلمان كوممۇنىستلارنىڭ ئاشۇ دەۋردىكى

بولشېۋىكلەر رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ رۇسپەرەس ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى ئىنكار قىلىشى تەس ئىدى. تۈركىستاندىكى بولشېۋىكلەر روزىباقىيېۋغا ئوخشاش مۇسۇلمان سوتسىيالىزىمچىلارغا دوستانە ئەمەس ئىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمان كوممۇنىستلار ئۆز تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ چىققان ۋە 1919-يىلى مارتتا بۇ تەشكىلاتلار بىرلىشىپ تۈركىستان كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ مۇسۇلمانلار بيۇروسى بولۇپ تەشكىللەنگەن. ئۇلار قازاق رەئىس تۇتار رىسقۇلوۋ (1894-1938) نىڭ رەھبەرلىكىدە بيۇرونىڭ ئالاقىسىنى پۈتۈن تۈركىستان كوممۇنىستىك پارتىيەسى بويىچە كېڭەيتكەن ھەمدە تۈركىستاندىكى باشقا ھەر خىل مۇسۇلمان تەشكىلاتلارنى ئۇلارنىڭ بولشېۋىكلەرگە مايىل رەھبەرلىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەن. روزىباقىيېۋ قىسقا مۇددەت مەۋجۇت بولغان مۇسۇلمانلار بيۇروسىنىڭ يەتتەسۇ تارمىقىغا مۇئاۋىن رەئىس بولغان. ئۇنىڭ ئەسلىمىسىگە كۆرە ، ئالمۇتادىكى باشقا ھەرقايسى مىللىي تەشكىلاتلار قاتارىدا ئۇيغۇر كۇلۇبىمۇ بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان. مۇسۇلمانلار بيۇروسى يەنە تۈركىستانغا قوشنا بولغان رايونلاردىكى ئىنقىلابى ھەرىكەتلەرگىمۇ رەھبەرلىك قىلماقچى بولغان ۋە چەتئەللىك ئەزالارنى قوبۇل قىلغان. بۇ ھەرىكەتلەر موسكۋادىكى بولشېۋىك رەھبەرلىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. بۇ ۋاقىتتا موسكۋا تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقنى قايتا قولغا ئېلىش ۋە تاشكەنتتىكى بولشېۋىكلەرنىڭ مۇستەملىكچە ھاكىمىيىتىنى ئۆزگەرتىش ئويىدا بولۇۋاتقان ئىدى. لېنىننىڭ تۈركىستان كومىتېتى تاشكەنتكە چۈشكەن ۋە تۈركىستاندىكى كونا بولشېۋىكلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ، مۇسۇلمان بولشېۋىكلارغا مەدەت بەرگەن ، بۇ مۇسۇلمان كوممۇنىستلارنىڭ غەيرىتىنى ئاشۇرغان.

مۇسۇلمان كوممۇنىستلارنىڭ ۋاقىتنچە ئۇستۇنلۈكى تېخىچە ئىچكى ئۇرۇشنىڭ قويۇنلىرىغا بەند بولۇۋاتقان يەتتەسۇ تارانچىلىرى ئۈچۈن كەلگەن بىر تەلەي ھەم يوقىتىش ئىدى. مۇسۇلمانلار بيۇروسى باشلىقى تۇتار رىسقۇلوۋنىڭ رەھبەرلىكىدە يۈرگۈزۈلگەن مۇستەملىكچىلىكنى يوقىتىش ھەرىكىتى شىنجاڭدىكى قازاق ۋە قىرغىز چارۋىچىلارنى قايتۇرۇپ كېلىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ بۇ غۇلجىدا پاناھلىنىۋاتقان تارانچى ئۇيغۇرلارنىڭ بەدىلىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولاتتى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتەسۇدا يەنىلا يات كۆرۈلۈۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. 1919-يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۈركىستان مەركىزى ئىجرائىيە كومىتېتى شىنجاڭدىكى رۇس پۇقرالىقىدىكى قازاق ۋە قىرغىزلارغا كەچۈرۈم ئېلان قىلغان. 1920-يىلى فېۋرالدا يەنە يەتتەسۇغا ئۆمەك ئەۋەتىلىپ 1916-يىلدىن كېيىن مۇستەملىكىچىلەرنى ئىگىلىۋالغان يەرلەردىن قوغلاپ چىقىرىش قارار قىلىنىغان. بۇ يەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئەسلى تارانچىلارنىڭ بولسىمۇ، قايتا تەقسىم قىلىش ئەمەلىيەتتە يەرلەرنى قازاقلارغا قايتۇرۇش شوئارى ئاستىدا يولغا قويۇلغان. بىر مەلۇماتقا قارىغاندا ياركەنتتە بۇرۇنقى ئالاش ئوردا پارتىيەسىنىڭ بىر ئەزاسى تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرىگە مەسئۇل بولغان بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىلەن يەرلىك تارانچىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى سوۋۇتقان. تارانچىلارنىڭ نارازىلىقى تەبىئىي، چۈنكى تارانچىلار شىنجاڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «غۇلجاڭغا قايت!» دېگەن سادا بىلەن كۈتۈۋېلىناتتى.

كونا بولشېۋىكلەرنىڭ تازىلىنىشى بىلەن، 1920-يىلىنىڭ باشلىرىدا مۇسۇلمانلار بيۇروسىنىڭ رىسقۇلوۋغا ئوخشاش رەھبەرلىرى سوۋېت تۈركىستانىغا تۈرك مىللەتچىلىكىدىن يول ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇلار بىر مۇسۇلمان قىزىل ئارمىيەسى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان، ھەمدە تۈركىستان كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى «تۈرك كوممۇنىستىك پارتىيەسى» قىلىپ ئۆزگەرتىش قارارىنى ماقۇللىغان. بۇ ھەرىكەت سوۋېتنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى دائىرىسىدىن ھالقىپ مۇسۇلمانلار بيۇروسى بىلەن تۈركىستان كومىتېتىنى زىددىيەتكە سېلىپ قويغان. تۈركىستان كومىتېتى ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئىجرائىيە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ مۇسۇلمانلار بيۇروسىنى تارقىتىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن موسكۋانىڭ تۈركىستانغا بولغان كونتروللۇقى كۈچەيگەن. مۇسۇلمانلار بيۇروسىنىڭ تارقىتىلىشى بەزى رەھبەرلەرنىڭ غۇلىشىغا سەۋەب بولغان، ئەمما روزىباقىيېۋ مەركەزنىڭ كۆرسەتمىسىگە بويسۇنغانلىقى ئۈچۈن ساقلىنىپ قالغان.

روزىباقىيېۋنىڭ بولشېۋىكلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقىدىن خەلقكە سۇندىغان نەتىجىلىرى ئاز ئىدى، شۇڭا ئالمۇتادىكى ئۇيغۇر كۇلۇبىدا ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بۇ كىچىك گۇرۇپپا ئۇيغۇر كوممۇنىستلار يېڭى بىر ئىستراتېگىيەگە موھتاج ئىدى. يەتتەسۇدىكى يەر سىياسىتى تارانچىلارنى

يەرسز قويماقتا ، ئۇلار ختايدىن كەلگەن كۆچمەنلەر دېيىلىپ كۆلپەت تارتماقتا ئىدى. 1920-يىلى سېنتەبىردە 9–نۆۋەتلىك تۈركىستان سوۋېتلار قۇرۇلتىيى قارار ماقۇللاپ سلاۋيانلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان يەرلەرنىڭ ئەسلى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلىشىنى قارار قىلدى. 1921-يىلى تۈركىستان كومىتېتى ئۆزىنىڭ يەر ئىسلاھات سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقتى ، بىراق يەنىلا قازاقلار ئاۋۋال تېرىلغۇ يەرگە ئېرىشتى. تارانچىلار گەرچە ختايغا باغلانغان بىر تەرىپى بولغىنى تۈپەيلى چەتكە قېقىلغىنى بىلەن يەنە ئۇلار پايدىلىنالايدىغان پۇرسەتلەرمۇ بار ئىدى. سوۋېت ئەمەلدارلىرى ئىنقىلابنى چەتئەللەرگە كېڭەيتىشكە ئۇرۇنغان چاغلاردا تارانچىلاردەك چېگرا ھالقىغان مىللەتلەرگە ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلغان. تېررى مارتىنىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە «تاغ ئېتىكى پىرىنسىپى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ خىل سەۋەبتىن تارانچىلارنىڭ مۇھاجىرلىق سالاھىيىتى سوۋېت سىياسىتى سەۋەبلىك ئەۋزەللىككە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. تارانچىلارنى ئىككى ئىمپېرىيە ئارىسىدىكى ختاي مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراش ، ھەمدە تارانچى كوممۇنىستلىرىنى ئاسىيادىكى ئىنقىلابنىڭ ئاۋانگارتلىرى دەپ مۇئامىلە قىلىش بەلكىم سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنىڭ يەتتەسۇدىكى مۇھىم نۇقتىلىرىنى قايتىدىن قاراپ چىقىشىغا تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇيغۇر كۆلۈبى ۋەكىللىك قىلىدىغان ، ختايدىكى مۇسۇلمانلارنى ئىنقىلابقا باغلايدىغان بۇ رومانتىك چاقىرىق ئەمدى ھەقىقىي مەنىگە ئىگە بولغان ، ئۆز نۆۋىتىدە روزىباقىيېۋمۇ چېگرا ئارا خىزمەتكە كىرىشكەن ئىدى.

مۇسۇلمانلار بيۇروسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كېيىن تۈركىستان كومىتېتى چەتئەللەردىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ئۈچۈن بىر يېڭى ئورگان قۇرغان بولۇپ ئىسمى «شەرق خەلقئارالىق تەشۋىقات كېڭىشى» ئىدى. بۇ ئورگاندا چاررۇسىيەنىڭ بۇرۇنقى بېقىندى دۆلەتلىرى بولغان خىۋە ۋە بۇخارا خانلىقلىرىدىن كەلگەن پائالىيەتچىلەر ، تۈرك ۋە ئىران كوممۇنىستلىرى ۋە ھەتتا «ختاي» ۋەكىللىرىمۇ بار ئىدى. ئەزەلدىن ختايغا بېرىپ باقمىغان ، رۇسچە سۆزلىيەلەيدىغان ئابدۇللا روزىباقىيېۋ مەزكۇر ئورگان تەرىپىدىن «ختاي» ۋەكىلى قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇ ئورگانمۇ خۇددى مۇسۇلمان بيۇروسىغا ئوخشاش ئۇزۇن مەۋجۇت بولمىغان بولۇپ ، بىر يىل ئىچىدە

كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا قوشۇۋېتىلگەن. ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ بۇ ئورگاننىڭ ئىچىدە بولۇشىنىڭ ئەھمىيىتى زور بولۇپ، بۇ تارانچى كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتى ساھەسىگە ئارىلىشىشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. نەتىجىدە ئۇزاققا قالماي تارانچى كوممۇنىستلىرى ئالمۇتادىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ ئاكتىپلىرى بىلەن ئۇچراشقان.

## مۇھاجىرەتتىكى قەشقەرلىكلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش

1916-يىلى ئەسكەر ئېلىشقا قارشى ئىسيان بولغاندىن بۇيان رۇسىيە تۇپراقلىرىدىكى خىتاي پۇقرالىرى رۇس قىساسكارلىرى ۋە كۆچمەن قورالliقلارنىڭ زەربىسىگە دۇچ كەلگەن. شىنجاڭلىق سودىگەرلەرنىڭ مېلى ۋە جېنى شەھەر ۋە قىشلاقلاردا قاتتىق ھۇجۇمغا ئۇچرىغان بولۇپ قاراقول شۇنداق يەرلەردىن بىرى ئىدى. قاراقولدىن شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن ئەخمەتباي ئىسىملىك بىرەيلەننىڭ دېيىشىچە ئۇنىڭ ئارتۇچلۇق يۇرتداشلىرى جەمئىي بەش مىليون سەر تەڭگە زىيان تارتقان. ئۇ ئۇرۇمچىدە: «بىز رۇسلارنىڭ قولىدا بەك ئازارلىنىمىز، شۇڭا بىزدىن رۇس پۇقراسى بولۇپ كەتكەنلەر بەك ئاز»-دېگەن. ئۇ يەنە: «بىز خىتاي پۇقرالىقىنى ساقلاپ كەلدۇق، يىلتىزىمىزنى ئۇنتۇمىدۇق، ئەمدى بۇ ھاللاردا قالغاندا كىم بىزگە ئىچ ئاغرىتىدۇ؟» دېگەن. 1917-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ لازىمەتلىكلەرنى تەقسىملەش ۋە باھا كونترول قىلىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئەھۋال تېخىمۇ قىيىنلاشتى. 1918-يىلى ئۆكتەبىردە سوۋېت بۇيرۇق قىلىپ ئالمۇتادىكى بازارنى تاقىدى ۋە شەھەردىكى شەخسىي سودىنى بىكار قىلدى. نەتىجىدە قەشقەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتەسۇدىكى تىجارەتچىلىرى زور زىيانغا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىك سوۋېت دائىرىلىرىمۇ چەتئەللىك سودىگەرلەرنىڭ بايلىقىنى يۇتۇۋېلىشقا قارشى ئەمەس ئىدى. ئوشتىكى سوۋېت قەشقەر كارۋانسارىيىنى كۆيدۈرگەن، بۇ ۋەقەدە ئۆمەر ئاخۇنبايېۋ بىر مىليون رۇبلى زىيان تارتقان. ماللىرىنى شىنجاڭغا يولغا سالغان بايلارنىڭ مېلى چېگرادا مۇسادىرە قىلىنغان، سوۋېت بايلىقلىرىنى خىتايغا يۆتكەۋاتقان باي كىشىلەرنى بەكرەك نازارەت ئاستىغا ئالغان.

ياك زېڭشىن بۇ ئەھۋالنى بېيجىڭدىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە دوكلات قىلغان ، ئەمما ئۇلاردىن سوۋېتتىكى ختاي پۇقرالىقىدىكى تىجارەتچىلەرنى قوغداش ھەققىدە ھېچ ئىش قىلالمايدىغانلىقى ، بۇنىڭ پىردىن-بىر ئۇسۇلى يەرلىك رۇس ئەمەلدارلار بىلەن غەيرى-رەسمى سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئىكەنلىكى ھەققىدە جاۋاب كەلگەن. بۇ ئەھۋال ياڭغا سوۋېتتىكى قەشقەرلىك ئاقساقاللار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشتا تېپىلغۇسىز پۇرسەت ياراتقان. دەل مۇشۇ ئاقساقاللار ختاي پۇقرالىرىدىن بولغان بايلارنىڭ زىيانلىرىنى بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەتتە تۆلىتىۋېلىش ئۈچۈن تەپسىلىي دوكلات قىلغان ئىدى. 1919-يىلى بىر قەشقەر ئۆمىكى ئاقساقال ئىبراھىم ئاخۇننىڭ باشلىشى بىلەن تاشكەنتكە بارغان. يەرلىك مەتبۇئاتلار بۇ زىيارەتنى سوۋېتنىڭ ئېتراپىقا ئېرىشىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى دەپ تونۇپ ، ھېچ بىر دىپلوماتىك سالاھىيىتى بولمىغان ئىبراھىم ئاخۇننىڭ زىيارىتىنى ختاي باش ئەلچىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋەتكەن. بۇ زىيارەتتىن ئېرىشىلگەن بىر نەتىجە ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كارۋانلىرىغا ختاي بايرىقى ئېسىشى ۋە ئىزناك تاقىشى بولغان بولسا كېرەك.

رۇسىيەگە تەۋە تۈركىستاندىكى قەشقەرلىك مۇھاجىرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقى يىراق شەرقتە چېگرا بويلاپ ئورۇنلاشقان ختايلارنىڭ كەچۈرمىشى بىلەن ئوخشاش ئىدى. بىر تەتقىقاتچىنىڭ ھېسابلىشىچە ، 1910-يىلى رۇسىيەنىڭ يىراق شەرقى تەۋەسىدىكى ختاي ئىشلەمچىلەر 200 مىڭدىن 250 مىڭغىچە بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. ئۇلار توختاملىق ئىشچىلار بولۇپ كانلاردا ۋە تۆمۈر يولدا ئىشلىگەن. رۇسىيەدىكى ختاي مۇھاجىرلار ئىچىدە سودىگەر ۋە ئىشلەمچىلەردىن باشقا يەنە مۇساپىرلارمۇ بار بولۇپ بۇلار يۇرتىدىكى تەبىئىي ئاپەتلەردىن قېچىپ چىققانلاردۇر. ئۇلار سەرسان-سەرگەردان بولۇپ پارچە پۇرات ئىشلەپ جان باقاتتى. بەزىدە «قىزىل ساقاللىقلار (خۇنخۇزى)» دەپ ئاتالغان باندىتلارغا ياللىنىپ ئېچكى ئۇرۇش مەيدانلىرىغا ئەۋەتىلەتتى. رۇسىيە ئىنقىلابى مەزگىلىگە كەلگەندە يەنە مىڭلىغان ختايلار غەربى رۇسىيەدىكى ئالدىنقى سەپتە ئەمگەككە سېلىنغان ئىدى. بىر ختاي مۇھاجىر 1917-يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رۇسىيەنىڭ ياۋروپا قىسمىدا 60 مىڭدىن ئارتۇق خىتاينىڭ خەندەك قازغانلىقىنى تەخمىن قىلغان.

رۇسىيەدىكى خىتايلارنىڭ تۇنجى تەشكىلاتى 1917-يىلى ئاپرېلدا سانت پېتربۇرگدا ئوقۇۋېدىغان خىتاي ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان خىتاي پۇقرالىرى ئىتتىپاقى ئىدى. كېيىن بۇ تەشكىلاتنىڭ تارماقلىرى موسكۋا قۇرۇلغاندىن باشقا، ئالدىنقى سەپتە ئىشلەۋاتقان خىتايلاردىن تەشكىللىنىپ ئۇكرائىنادىمۇ قۇرۇلغان. بۇ بىر رادىكال تەشكىلات بولماستىن، بەلكى ئىشلەۋاتقان خىتايلارنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرى ۋە ۋەتىنىگە قايتماقچى بولغان خىتايلارنىڭ ئېھتىياجىغا يار يۆلەك بولۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان بىر ئۇيۇشما ئىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن خىتاي ئەلچىخانىسى رۇسىيەدىن كېتىپ قالغان بولۇپ، خىتاي پۇقرالىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئىشلىرى بۇ ئۇيۇشمىنىڭ قولىغا قالغان. بولشېۋىك ئىنقىلابىدىن كېيىن بۇ ئۇيۇشما يېڭى سىياسىي يۆنىلىشكە مېڭىپ، نامىنى خىتاي ئىشچىلار ئىتتىپاقى دەپ ئۆزگەرتكەن ھەمدە خىتاي خەلقىگە بايانات ئېلان قىلىپ مىللەتارىستلارنىڭ بېيجىڭدىكى سىياسىتىنى رەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى پۇقرالىق ھەققىدىكى ئىنقىلابىي مەيدانى ئاساسىدا تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ 1919-يىلى مارتتا جاكارلىغان پەرمانى بۇ ئۇيۇشمىنىڭ خىتاي پۇقرالىرىنى قوغداش ھەمدە خىتاي پۇقرالىرىغا سوت ۋە باشقا ئەدلىيە ئورگانلىرىدا ۋەكىللىك قىلىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان. ئۇيۇشمىنىڭ باشلىقى لىيۇ زېرۇڭنىڭ دېيىشىچە، لېنىن ئەينى چاغدا شەخسەن ئايرىم خەت يېزىپ خىتايلارنىڭ سوۋېتتىكى ئىشلىرىغا بۇ ئۇيۇشمىنى تولۇق قانۇنلۇق ۋەكىل قىلىپ قويغان. ئەمما خىتاي ئىشچىلار ئىتتىپاقىنىڭ زادى قانداق قانۇنى سالاھىيەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، ئۇندىن باشقا بولشېۋىكلەرنىڭ خەلق ئەدلىيە كومىسسارىياتى چەتئەللىك ئىشچىلار ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىك رولىنى رەت قىلغان.

ئۇزاققا قالماي سوۋېتتىكى خىتاي ئىشچىلار ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى ئۆزلۈكىدىن خىتايغا قايتىشقا باشلىغان. بۇلارنىڭ بەزىلىرى سىبىرىيە بىلەن پويىز ئارقىلىق قايتسا، يەنە بەزىلىرى

رۇسيەگە تەۋە تۈركستان بىلەن قايتىپ شۇ يەردىكى خىتاي پۇقرالىرىنى تەشكىللاتلارغا ئۇيۇشتۇرۇش ئىشلىرىغا قاتناشقان. 1919-يىلى تاشكەنتتىكى قەشقەرلىك ئۇيغۇر ئاقساقال بەش خىتاينىڭ كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى خىتاينىڭ موسكۋادىكى ئەلچىخانىسى ۋەكىللىرى دەپ تونۇشتۇرغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن تۈركستان خىزمەت كومىتېتىنىڭ چەتئەللىكلەرنىڭ ئىنقىلابى ھەرىكەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان سوۋېتتېرپروپ (شەرق خەلقئارالىق تەشۋىقات كېڭىشى) دەپ بىر ئورگان قۇرۇشى تەڭ كېلىپ قالغان. 1920-يىلى ئاپرېلدا بۇ ئىككى ئورگان ھەمكارلىشىپ خىتاي ئىشچىلار ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت شۆبىسىنى قۇرۇپ چىققان ۋە خىتاي ۋە شىنجاڭلىق مۇسۇلمانلاردىن تەشكىل تاپقان ئەزالىرى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە يۈزگە يەتكەن. سوۋېتتېرپروپنىڭ رەھبەرلىكىدە بۇنداق تەشكىلاتلار پەرغانە ۋادىسىدىمۇ قۇرۇلغان بولۇپ بۇلارنىڭ بەزىلىرىدە كوممۇنىستلار پارتىيە ياچېيكىلىرى بار ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇنداق تەشكىلاتلاردا كۆپىيىشى بىلەن بۇرۇنقى «خىتاي ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى» دېگەن نام «قەشقەرىيە-خىتاي ئىشچىلار ئىتتىپاقى» بولۇپ ئۆزگەرگەن. 1921-يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەنجان تارمىقىدا ئەزالارنىڭ سانى 150 بولغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 19 نەپىرى كوممۇنىست بولۇپ، بولغان پائالىيەتلەرنى ۋاقىتدا تاشكەنتتىكى سېكرېتارىياتقا يوللاپ تۇراتتى. دوكلاتقا قارىغاندا تەشكىلاتنىڭ ئوش تارمىقىدا 50، قوقەن تارمىقىدا 30 ئەزاسى بار ئىكەن.

سوۋېت گېزىتلىرى خىتاي پۇقرالىرىنىڭ مۇشۇ قاتارلىق تەشكىلاتلىرى ھەققىدە خەۋەر بېرىپ تۇراتتى. بۇ تەشكىلاتلار ھەققىدىكى خەۋەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىنقىلابى پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى ماقالىلەر قەشقەر ۋە غۇلجا ئارقىلىق ياڭ زېڭشىننىڭ ئۈرۈمچىدىكى شىرەسىگە بېرىپ بولاتتى. ياڭ بۇ ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنىدىكى خىتاي ئەمەلدارلارنى قوغلاپ چىقىرىش، ئەركىنلىك دېگەندەك مەزمۇنلاردىن بىئارام بولغاندىن باشقا بۇ تەشكىلاتلاردا زادى سوۋېت تۇپراقلىرىدىكى خىتاي پۇقرالىرىغا ۋەكىللىك قىلغۇدەك ھوقۇق بارمۇ يوقمۇ دېگەنلەرنىمۇ نەزەرگە ئالاتتى. شىنجاڭدىكى خىتاي ئەمەلدارلىرى تاشكەنتكە تېلېگرامما يوللاپ بۇ تەشكىلاتلارنى خىتاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمىتىنىڭ ئىتراپ قىلمايدىغانلىقىنى ، شۇڭا ئۇلارنىڭ يېڭى سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇئامىلىدە خىتايغا ۋەكىللىك قىلىش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرگەن.

## قادىر ھاجى ۋە ئالمۇتادىكى ئاقساقاللىق رىقابىتى

رۇسىيەگە تەۋە تۈركىستاندىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ ئىچىدە كارۋانپېشىلىرى ۋە بازارچىلار ئىنقىلاب ۋە ئىچكى ئۇرۇشنىڭ زەربىسىگە ئەڭ قاتتىق ئۇچرىدى. بۇ ئۇلارنىڭ سىياسىيغا قاراپ يۈزلىنىشىگە ۋە سوۋېت تەرەپ بىلەن ئالاقە قىلىشىغا تۈرتكە بولغان. قادىر ھاجى (1891-1938؟) دەل شۇلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىنقىلابتىن بۇرۇن قادىر ھاجى دادىسى ھاشىم بىلەن بىرگە مەككىگە ھەجگە بارغان. 1916-يىلى ھەجدىن يېنىشىدا ھاشىم ھاجى سودا تورىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۇنى رۇسىيەدە قويۇپ كەتكەن. قادىر ھاجى ئالمۇتاغا يەرلىشىپ ئوتتۇراھال سودىگەرگە ئايلانغان. ئىنقىلاب ۋە ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇمۇ ئونلىغان قەشقەرلىك ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر قاتارىدا زىيان تارتقان بولۇپ ئاقساقاللارنىڭ خاتىرىلىشىچە زىيىنى 2 يېرىم مىڭ رۇبلى بولغان. داۋاملىق ھۇجۇمغا ئۇچراشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئالمۇتادىكى قەشقەرلىكلەر 1918-يىلدىن باشلاپ «خىتايلىق كەمبەغەللەر كومىتېتى» دېگەن بىر تەشكىلاتنى قۇرغان. تەشكىلات يەرلىك قەشقەرلىكلەر ئارىسىدا بىر قازىخانا قۇرغان ، بولشېۋىكلەرنىڭ ئالمۇتادىكى مۇسۇلمان بيۇروسى بىلەن ئالاقە قىلغان ، شۇنىڭ بىلەن سوۋېت تەشكىلاتلىرىنىڭ يولىغا چۈشكەن. 1920-يىلىنىڭ ئاخىرىدا قادىر ھاجى بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبىرىگە ئايلانغان.

قەشقەرلىك ئۇيغۇرلارنى تەشكىللەشتە خىتايلىق كەمبەغەللەر كومىتېتى ۋە قادىر ھاجى بۇرۇندىن ئاقساقال بولۇپ كەلگەنلەر بىلەن رىقابەتكە چۈشكەن. رۇسىيە تۈركىستانىنىڭ باشقا يەرلىرىدىكى جامائەتلەرگە ئوخشاش ، ئالمۇتادىكى قەشقەرلىكلەرمۇ ئەرز-شىكايەتلىرىنى شىنجاڭدىكى خىتاي دائىرىلىرىگە يەتكۈزۈشتە ئاقساقاللارنىڭ رولىغا سەل قارىمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۇلار يەنە ئاقساقاللارنىڭ مائاشى ئۈچۈن يىغىلغان ھەقنىڭ زىيادە كۆپ

بولۇپ كەتكەنلىكى ، ئاقساقاللارنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئۆزلىرىگە سىياسىي جەھەتتىن بېسىم قىلىۋاتقانلىقىغا نەپرەت بىلەن قارايتتى. مەسىلەن ، ھاپىز ئىمىنوپ دېگەن ئاقساقال يول خېتى ۋە توي ھەم ئاجرىشىش خەتلىرىنى كېسىپ بېرىشكىمۇ پۇل ئالغان. ئۇ ھەتتا قەشقەرلىك سودىگەرلەر تەرىپىدىن ئالمۇتاغا كەلتۈرۈلگەن تاۋارلاردىن ئۆز ئالدىغا ئايرىم باج ئالغان. ئۇنىڭ رەقىبلىرى ئىمىنوپنىڭ ئالمۇتادىكى قەشقەر مەسچىتىگە قىلىنغان سەدىقىنى يەۋالغانلىقى ، "ئالدىنقى سەپكە ياردەم" دېگەن گەپنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ پۇل-مال يىغقانلىقىنى پاش قىلغان. زىددىيەتنىڭ كۆچىيىشى بىلەن ئاقساقاللىق ئورنىنى قولغا ئېلىش قادىر ھاجىنىڭ ئاساسى نىشانىغا ئايلانغان ۋە 1920-يىلى ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى كومىتېت ئەزالىرى كىشىلەرنى ھاپىز ئىمىنوپقا قارشى كۈشكۈرتكەن. شۇنىڭ بىلەن 400 ئەتراپىدا كىشى ئىنقىلابىي ھەربىي كېڭەشنىڭ نازارەتچىلىكىدە ئالمۇتادىكى قەشقەر مەسچىتىگە يىغىلغان. ھەربىي كېڭەش گەرچە بۇنى قوللىمىغان بولسىمۇ ئىجازەت بەرگەن. مەيداندا ئۇلار كەمبەغەللەر كومىتېتى ئىچىدىن يېڭى بىر ئاقساقال سايلىغان ۋە بەش كىشىلىك ھەيئەت قۇرۇپ ئاقساقالنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىدىغان بولغان.

ئەلۋەتتە ، ئىمىنوپ ئاقساقال ھوقۇقىنى سوۋېتنىڭ تەيىنلىشى بىلەن ئەمەس بەلكى ئىلىدىكى خىتاي دوتەي مەھكىمىسىدىن ئالغان بولغاچقا كەمبەغەللەر كومىتېتىنىڭ ئىمىنوپنى ھوقۇقىنى بىكار قىلىشقا مەجبۇرلاش يولى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمىنوپنىڭ ئۈستىدىن ئىلى دوتيىي شۇ گوجېنگە ئەرز خەت يېزىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان. ئۇلار خەتتە شۇنىڭ ئىمىنوپنىڭ ئۇلارنى كوممۇنىست دېگەن گەپلىرىگە ئىشەنمەسلىكنى ئىلتىماس قىلغان. ئۇلار: «بىز ئىمىنوپنىڭ ئۈستىمىزدىن ئۆزلىرىگە شىكايەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىدۇق ، ئۇ بىزنى كوممۇنىست دەپتۇ ، ئۇ بىزنىڭ نېمە بولۇپ كوممۇنىست بولغىنىمىزنى ۋە نەدە كوممۇنىست بولغىنىمىزنى تېپىپ بەرسۇن ؟ ئەگەر بىز بىرەر ئورگانغا كوممۇنىست دەپ تىزىمغا ئالدۇرغان بولساق ، ھەر قانداق جازاغا رازى ، بىزنى ئېتىۋەتسىمۇ بولىدۇ» دەپ يازغان. ئالمۇتادىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرى ئەكسىچە نەتىجە بەرگەن ، نەتىجىدە ئىلى دائىرىلىرى چېگرانىڭ قارشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرىپىدىكى مەۋجۇتلۇقنى كۈچەيتىشكە تىرىشقان. ئىلى دوتيىى شۇ يەنە تەلەپ يېزىپ كەمبەغەللەر كومىتېتى ئەزالىرىنى ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەپ ئۆلارنى



قادىرھاجى ھاشىم ھاجىيىۋ ، 1926-يىلى موسكۋادا.

قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئالمۇتادىكى قەشقەرلىكلەر ئارىسىدا بىرىنى ئىلى تەرەپ بىۋاستە تەيىنلىگەن ، يەنە بىرىنى سوۋېت يۆلىگەن ئىككى ئاقساقال ئوتتۇرىغا چىققان.

ئالمۇتادىكى بۇنداق ھەرە تارتقاندەك داۋام قىلغان زىددىيەت 1920-يىلى مايدىكى ئىلى كېلىشىمنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئىدى. غۇلجىدا سوۋېت سودا

ۋاكالەتخانىسىنىڭ ئىچىلىشىغا رۇخسەت قىلىش بىلەن ئىمزالانغان بۇ كېلىشىمدە خىتايغىمۇ ئالمۇتاغا ۋەكىل ئەۋەتىش ھوقۇقى بېرىلگەن بولۇپ، بۇ تۇنجى قېتىم بۇنداق بىر خىتاي ئەمەلدارىنىڭ شىنجاڭدىن ئەۋەتىلىشى ئىدى. بىرىنچى قېتىم ئەۋەتىلگەن ۋەكىل جاۋ گولىياڭ دېگەن بىر تۇڭگان بولۇپ، ئۇ بىر ناھىيە مەمۇرى ئەمەلدارى ئىدى ۋە بېيجىڭدىكى رۇسچە مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئىدى. جاۋ گولىياڭ ئالمۇتاغا 1920-يىلى سېنتەبىردە بارغان ۋە بۇرۇنقى ئىلىدىن ئەۋەتىلگەن ئاقساقالنىڭ ئورنىنى كۆچەيتكەن. خىتاينىڭ ئالدى-كېيىن ئەۋەتكەن ۋەكىللىرى بۇرۇنقى ئاقساقال ھاپىز ئىمىنوپنى ئۆز ئورنىدا قالدۇرغاندىن سىرت، يەنە شىنجاڭدىكى خىتاي ئەمەلدارلارنىڭ تەسىرىنى شۇ يەردىكى قەشقەرلىكلەر جەمئىيىتىگىچە كېڭەيتكەن. بۇ خىل تەسىر كۆرسىتىشلەر كۆپ ھاللاردا سوۋېتلارنىڭ دىققىتىنى تارتمىغان، ئەمما بەزىدە ئاممىۋى توقۇنۇش پارتلاپ جامائەتنىڭ دىققىتىنى تارتقان. بۇنىڭغا بىر مىسال، 1923-يىلى ئالمۇتادىكى قەشقەر مەسچىتىدە چوڭ بىر غوۋغا چىققان بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبى پائالىيەتچىلەر بۇ مەسچىتنىڭ ئىمامىنى خىتايدىن كەلگەن سودا ئۆمىكى بىلەن ئېغىز بۇرۇن يالاشقان دەپ شىكايەت قىلغانلىقىدىن بولغان. غوۋغا بېسىقىپ قارىسا، ئىمامنىڭ قولىدا ئۇنى «خىتايلىق پۇقرالارنىڭ قارىسى» دەپ بېكىتكەن بىر مۆھۈر تامغا بار ئىكەن ۋە ئۇ ئۆزىنىڭ خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارنى ئىنقىلابى تەشكىلاتلارغا قاتناشماسلىققا دەۋەت قىلغان ئىكەن. دېمەك، گەرچە ئىلى كېلىشىمنامىسى بولشېۋىكلەرنىڭ دىپلوماتىك غەلىبىسى دەپ قارالسىمۇ، ئەمما يەتتەسۇدىكى شىنجاڭلىق كۆچمەنلەرنى ئىنقىلابقا تەشكىللەشتە مەغلۇبىيەتلىك بولغان.

سوۋېت، شىنجاڭدىكى خىتاي دائىرىلىرى بىلەن بولغان مۇنداق مۇناسىۋەت تۈركىستاندىكى خىتاي پۇقرالىرى ئارىسىدا سوۋېت ھاكىمىيىتىنى تىكلەشكە پايدىسىز دەپ قارىغاچقا، ئاقساقاللىق تۈزۈمگە قارشى چىقىش زۆرۈرىيىتىنى تونۇپ يەتكەن. ئەگەر بىۋاسىتە قارشى چىقىلسا دىپلوماتىك مۇناسىۋەتكە زىيان يەتمەسلىك ئۈچۈن ئاقساقاللىققا بىۋاسىتە تەھدىت قىلمىغان ئاساستا رىقابەت قىلالايدىغان مەركەزلەرنى قۇرۇپ چىققان. ئالمۇتادىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەشقەرلىكلەرنى قايتا يېتەكلەش ۋەزىپىسى شەھەردىكى تارانچى كوممۇنىستلارنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن. ئاقساقاللىقنى چۆرىدىگەن رىقابەتتە قادىر ھاجىنىڭ كەمبەغەللەر كومىتېتى سوۋېتپېرپروپ دېگەن ئورگاننىڭ يەرلىك تارمىقى بىلەن ئالاقە باغلىغان. بۇ تارماقنىڭ باشلىقى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ئىدى. نەتىجىدە روزىباقىيېۋ ۋە باشقا تارانچى كوممۇنىستلىرى ئاقساقاللىقنى تالىشىش كۆرۈشىنى «ئىنقىلابىيلاشتۇرۇپ» ئۇنى سەزگۈر دىپلوماتىك مەسىلىلەردىن كوممۇنىستىك نىشان ئۈچۈن قىلىنىدىغان كۈرەشكە ئۆزگەرتكەن. ئۇلار قادىر ھاجىغا ئۆز تەشكىلاتىنىڭ كۈچىنى تۈركىستاندىكى قەشقەرلىكلەرنى سوۋېتپېرپروپ قارمىقىدىكى خىتاي ئىشچىلار ئىتتىپاقىنىڭ بايرىقى ئاستىغا توپلاشقا قارىتىش تەكلىپىنى بەرگەن. شۇ ۋاقىتتا خىتاي ئىشچىلار ئىتتىپاقى پۈتۈن تۈركىستان تەۋەسىدە كېڭەيمەكتە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن 1920-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قادىر ھاجىنىڭ كەمبەغەللەر كومىتېتى تارانچىلاردىن تەشكىللەنگەن ئۇيغۇر كۇلۇبىغا ، توغرىسى كومپارتىيەگە يېقىنلاشقان.

## شەرق قىزىرارمىدى ؟

شىنجاڭدا ئەھۋال قانداق ئىدى ؟ سوۋېتنىڭ خىتاينىڭ غەربىي شىمالىغا قاراتقان سىياسىتى ئىزچىللىقتا ئىگە دەپ قارالسا بەكمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ. لارس-ئېرىك نايمەن شۇنداق قارايدىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇ «شىنجاڭغا سوۋېتنىڭ بىر ئىزچىل سىياسىتى بار ئىدى» دېگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ھەقتە سىياسەت دېگۈدەك بىر نەرسە بولغان ئەمەس. ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مالىمان يىللىرىدا موسكۋا ۋە تۈركىستاندىكى سوۋېت دائىرىلىرى ۋە ھوقۇقلۇق شەخسلەر شىنجاڭغا نىسبەتەن ھەر خىل ئوخشىمىغان مەۋقەدە بولغان بولۇپ ، بۇ ھەقتە كەمدىن-كەم بىر مەسلىھەتتە بولغان ۋە مەيدانى كۆپ ھاللاردا زىددىيەتلىك بولغان. شىنجاڭ سىياسىتىدىكى زىددىيەت تايىنى يوق توقۇنۇشنىڭ ئەمەس ، بەلكى بولشېۋىكلەر چۈشۈپ قالغان تەڭقىسلىقتىكى ھالەتنىڭ ئىنكاسى ئىدى. بۇ تەڭقىسلىق يەنە ئىنقىلابنى كۈچەيتىش ۋە تارقىتىش بىلەن سوۋېت دۆلىتىگە دۈشمەن بولغان كاپىتالىزم دۇنياسىدا

بخەتەرلككە قانداق ئېرىشىش ئارىسىدىكى زىددىيەتتىمۇ ئىپادىلىنەتتى. سوۋېتنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىگە ئىنتېرناتسىئونالىزىم بىلەن ئىچكى مۇقىملىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسى ئىزچىل سايە تاشلاپ كەلگەن. ھەتتا ئىنقىلاب نۇقتىسىدىن بۇ رايونغا قول تىقماقچى بولغانلارمۇ مەزكۇر زېمىندىكى ئىنقىلابى گۇرۇھنىڭ زادى كىملەر ئىكەنلىكى ھەققىدە بىردەكلىككە ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇ رايوننىڭ مۇرەككەپ مىللىي تەركىبى ۋە سوۋېت تۈركىستاندىكى مۇستەملىكچىلىككە قارشى كۈرەش ئۇقۇمىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە، شىنجاڭ مەسىلىسى تۈركىستاننىڭ باشقا ھەممە سىياسىي ئالدىنقى سەپلىرىگە سىڭىشتۇرغاندا بىر-بىرىگە ئەڭ زىددىيەتلىك بولغان مەنپەئەتلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلىغان ئىدى.

1919-يىلى خىتاينىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان 4-ماي نامايىشلىرى بولشېۋىكلارغا شەرقى ئاسىيادا ئىمپېرىئالىزمغا زەربە بېرىش مۇمكىنچىلىكى ھەققىدە سىگنال بەرگەن ۋە سوۋېت ۋەكىل ئەۋەتىپ خىتاي ئىنقىلابچىلار بىلەن ئالاقە قىلغان. سوۋېت دىپلوماتى لېۋ كاراخان ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى سۈپىتىدە بايانات جاكارلاپ، خىتايغا دۈشمەن كۈچلەرگە ياردەم قىلىشنى توختىتىدىغانلىقنى جاكارلىغان. بۇ بايانات نەزەرىيە جەھەتتىن سوۋېتنىڭ خىتاي چېگرا رايونلىرىدىكى خىتايغا قارشى كۈچلەرنى قوللىمايدىغانلىقنى بىلدۈرەتتى، ئۇنداقتا شىنجاڭدىكى ھەر قانداق بىر ئىنقىلاب خىتايغا قارشى بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ مەلۇمكى، 1919-يىلى تۈركىستاندىكى بولشېۋىزم ئاساسەن رۇسلارنىڭ ئىشى ئىدى. تاشكەنتتىكى كونا بولشېۋىكلەر لېنىننىڭ چاررۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ چېگرالىرىدا ياشايدىغان مۇسۇلمان مىللەتلەرگە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بېرىش ھەققىدىكى سوۋېت سىياسىتىنى ئىزچىل كۆرمەسكە سېلىپ كەلمەكتە ئىدى. شۇڭا ئۇلار شىنجاڭدىكى مەسىلىنى مۇستەملىكچى خىتايلار بىلەن زۇلۇمغا ئۇچرىغان يەرلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش دەپ قارايدىغان كۆز قاراشقا ئىگە ئەمەس ئىدى. كونا بولشېۋىكلەر بىلەن مۇسۇلمان كوممۇنىستلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ناچارلىقنى كۆزدە تۇتقاندىمۇ كونا بولشېۋىكلەرنىڭ بۇنداق بىر قاراشقا قارشى چىقىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇڭا دەسلەپىدە تۈركىستان بولشېۋىكلىرىنى ئەڭ قىزىقتۇرغىنى شىنجاڭدىكى يەرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىللەتلەرنىڭ ھېچ بىر جامائىتى ئەمەس، بەلكى خىتاي ئارمىيەسى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن گېلاۋخۇيچىلار بولغان. تۈركىستان بولشېۋىكلىرىنىڭ نەزىرىدە، گېلاۋخۇيچىلار شىنجاڭدىن خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە تۇتىشىدىغان تەييار ئىنقىلابى ئالاقە تورلىرى بىلەن تەمىنلەيتتى.

بولشېۋىكلەرنىڭ ئىلدا بىرەر ئىسيانغا تەييارلىق قىلغانلىقىغا ئائىت بىر پاكىت يوق، ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر شۇنداق بىر ئىشنىڭ چىقىپ قېلىشى مۇمكىنچىلىكىگە ئىشىنەتتى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن يەرلىك پائالىيەتچىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا تەييارلىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. 1919-يىلى مالىنىن سودا ئۆمىكى تۇنجى بولۇپ گېلاۋخۇي بىلەن ئالاقە قىلغان بولسىمۇ قاتتىق مەغلۇپ بولغان. بىر تاتار بولشېۋىك مالىنىننى يەھيا لىيۇ ۋاڭفۇ دېگەن بىر تۇڭگان بىلەن تونۇشتۇرۇپ ئۇنى گېلاۋخۇينىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى دېگەن. ئەمەلىيەتتە يەھيا خېلى بۇرۇندىن تارتىپ كونسۇل لىيۇباغا ئىشلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا مالىنىننىڭ ئۆزى بىلەن ئالاقىلەشكەنلىكىنى دەپ قويىدۇ. لىيۇبا ئۇنى مالىنىن بىلەن ئىشلەشكە ئۈندەيدۇ. يەھيا مالىنىننىڭ تەكلىپى بىلەن ياركەنتكە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ. مالىنىن ئۇنىڭغا بولشېۋىكلەرنىڭ پىلانىنى چۈشەندۈرىدۇ ۋە بولشېۋىكلەرنىڭ قوزغاتقۇچى تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. يەھيا تەشۋىقات ۋارىقىدىن بىرنى ئېلىپ غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن بولشېۋىكلەرنىڭ ئۇنىڭغا بىر قېتىملىق ئىسيان ئۈچۈن پۇل ۋە تەشۋىقاتلارنى بەرگەنلىكىنى دەيدۇ. بۇ تۈزاقتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئىلى ئەمەلدارلىرى چېگرانى تاقاپ قوغدىنىش تەييارلىقىغا چۈشىدۇ. مالىنىن رەھبەرلىرىگە ئۆزىنىڭ يەھيا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە بىخەستەلىك قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان، ئەمما ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئاقلارنىڭ ھىيلىسىگە قۇربان بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ ئېتىراز بىلدۈرگەن. ئالمۇتا ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا قارىتا ھېچ بىر يامان نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى جاكارلىغان. ئىلى تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن جاسۇسلار ياركەنتكە بېرىپ سوۋېتنىڭ تاجاۋۇز قىلىش مۇمكىنچىلىكىدىن ھېچ بىر ئالامەت يوقلۇقىنى دوكلات قىلغاندىن كېيىن چېگرا قاتنىشى ئېچىلغان.

بۇ خىل تەجرىبىلەردىن ساۋاق ئالغان سوۋېت باشقا يۆنىلىشلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ تىڭتىڭلاپ بېقىشقا باشلىغان. پۈتكۈل 1920-يىللاردا ئىلىدا بولشېۋىكلەرنىڭ ماسلاشمىغان، يۇقىرىدىن ئىجازەتسىز ئېلىپ بېرىلغان قۇتراتقۇلۇقلىرى ئاۋۇپ قالغان. تاشقى سودا خەلق كومىسسارىياتىنىڭ خادىملىرى ياركەنت ۋە قاراقولدا جاسۇسلۇق ئۇۋىسى قۇرغان. بولشېۋىكلەرنىڭ 1920-يىلى غۇلجىدا ئىلى تەرەپ بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدە ئاگىدۇللىن ئىسىملىك بىر تاتار جاسۇسى كاتىپ ۋەزىپىسىدە قاتناشقان بولۇپ، كېلىشىمدىن كېيىن ئۇ غۇلجىدا قېلىپ مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرى بىلەن مەخپىي ئالاقە قىلىشقا بۇيرۇلغان. بىراق ئۇ غۇلجىدا ئۆزىدىن بۇرۇن بېرىپ بولغان بىر قانچە خىتاي كوممۇنىستلىرىنى بايقىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنى يەتتەسۇدىكى تۈركىستان فرونتى قوماندانلىقى ئەۋەتكەن بولۇپ مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ چەتئەللىكلەر ئۈچۈن ئىشلەيدىغان شەرق بۆلۈمى دەيدىغان بىر شۆبىسى بار ئىدى. قالغان ئۈچەيلەننىڭ ئىچىدە بىرى مىللەتلەر خەلق كومىسسارىياتى تەرىپىدىن قىسقا مۇددەت تەربىيەلەنگەن، يەنە بىرى بولسا خىتاي ئىشچىلار ئىتتىپاقىنىڭ سامارا شۆبىسىدە مەخسۇس باشقىلارنى قانداق قوزغىتىش بويىچە تەربىيەلەنگەن ئىكەن.

مۇسۇلمانلار بيۇروسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە تۈركىستان كومىتېتىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن تۈركىستاندىكى ئىنقىلابنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى مەزمۇنى روشەنلەشكەن ۋە شىنجاڭ ھەققىدىكى رەسمىي كۆز-قاراشتا ئۆزگىرىش بولغان. موسكۋانىڭ تۈركىستاندىكى كونتروللۇقى دەسلەپتە يەرلىك مۇسۇلمان كوممۇنىستلار بىلەن ھەمكارلىقتا بولغان بولۇپ، بۇ مۇسۇلمان كوممۇنىستلار ئۆزلىرىگە قوشنا رايونلارغىمۇ ئاكتىپ سىياسەت قوللىنىش تەرەپدارلىرى ئىدى. مۇسۇلمان كوممۇنىستلار تۈركىستان كومپارتىيەسىدە بارغانچە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، ۋە ئۇلارنىڭ سوۋېت بيۇروكراتسىيەسىدىكى ئورنى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلار خىتاي تۈركىستانى سىياسىتىنى رۇسىيە تۈركىستاندىكى توقۇنۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان، ھەمدە شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ مەسىلىسىنىمۇ سوۋېت سىياسىي ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى دەپ قارىغان. ئەمما موسكۋا تۈركىستاندىكى ئەمەلىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هوقۇقنى تىزگىندە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق بەك ئالدىغا كەتكەن سىياسىي ھەرىكەت سوۋېت دىپلوماتىيەسىگە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. تۈركىستان چېگرالىرىدا يۈز بېرىدىغان ئىنقىلابىي پارتلاشلاردىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ تۈركىستاندىكى بىر قىسىم ھوقۇقىنى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

شىنجاڭنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىنقىلابىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكى ئويلىشىلغاندا ئۇنىڭ ھىندىستانغا تۇتىشىدىغانلىقى تېخىمۇ دىققەتكە سازاۋەر ئىدى. 1919-يىلى تروتسكى ئىنقىلاب دولقۇنىنىڭ ياۋروپادا چېكىنىۋاتقانلىقىنى، پارىژ ۋە لوندونغا ياسالغان يولنىڭ ئافغانىستان، پەنجاب ۋە بېنگال يېزىلىرىغا بۇرىلىشى كېرەكلىكىنى تەرغىب قىلغان. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ بەزى ئانالىزچىلىرى شىنجاڭنىڭ خىتايغا نىسبەتەن كۆۋرۈك بولۇپلا قالماستىن يەنە برىتانىيە مۇستەملىكىسى بولغان ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىشتىكى پەشتاقلىق رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. 1920-يىلى مارتتا تۈزۈلگەن برىتانىيە بىلەن سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىمگە ئاساسەن، سوۋېت برىتانىيەگە مۇستەملىكە بولغان ھىندىستاندا مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلمايدىغان بولغان، سوۋېت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىمۇ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تۈركىستاندىكى پائالىيەتلىرىگە قەتئىي قارشى چىققان. ئەمما 1920-يىلى ئۆكتەبىردە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يېڭى تۈركىستان بيۇروسى تاشكەنتتە بىر ئىشخانا ئاچقان ۋە سوۋېتىنتېرپروپنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، شەرقىي چېگرالاردا بولۇپمۇ ئىران، ئافغانىستان، ھىندىستان، ۋە شىنجاڭلاردىكى ئىنقىلابقا مەسئۇل بولغان. گەرچە تۈركىستان بيۇروسى 1921-يىلى باھاردا رەسمىي تۈردە تاقالغان بولسىمۇ سوۋېت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىن يوشۇرۇن ھالدا خىزمىتىنى قانۇنسىز داۋام قىلغان. لاتۋىيەلىك بولشېۋىك يانىس رۇدزۇتاكىسنىڭ رەھبەرلىكىدە تۈركىستان بيۇروسى قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيەنى پائالىيەت قىلىدىغان ئايرىم ئىككى رايون قىلىپ بېكىتكەن. بۇ ئىككى رايونغا تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللەرنى تەيىنلەپ شىنجاڭدا ئىش باشلىغان.

تۈركبيۇرونىڭ شىنجاڭغا بولغان تۈركىستان مەركەزلىك قارىشى رۇسىيە تۈركىستانىدىكى ئەھۋالنى مەنبە قىلغان بولۇپ، ئۇ يەردىمۇ جەدىتچى زىيالىيلارنى قۇترىتىپ ئىنقىلابقا باشلىماقچى بولاتتى. بۇنداق قاراشقا مەزكۇر رايوندىن كەلگەن دوكلاتلارمۇ سەۋەب بولغان بولۇپ ئۇنىڭدا شىنجاڭدىكى ئازغىنا جەدىتچى كىشىلەر ئىنقىلابى پارتىيە بولۇپ ئۇيۇشۇۋاتقان بىر توپ سۈپىتىدە بايان قىلىنغان. شىنجاڭ مەسىلىسىنى تۈركبيۇرونىڭ ئۇستىلىگە تۇنجى قويغۇچى ئارتۇچلۇق ياقۇپ ئەلىيېۋ (1928-يىلى ۋاپات بولغان) ئىسىملىك بىر ياش بولۇپ ئۇ ئەخمەت كامالنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى ئىدى. مەكتەپ تاقالغاندىن كېيىن ئۇ غۇلجىغا بېرىپ ئۇ يەردىن 1920-يىلى يەتتەسۇغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇ 1921-يىلى تارباغاتايغا ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇن موسكۋادىكى شەرق ئەمگەكچىلەر كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ قىسقا تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ يۇرتى توغرىسىدا ئېيتقانلىرىدىن قارىغاندا ئىنقىلابنىڭ شارائىتى پىشىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە خوتەندە 200، بايدا 100، قاراشەھەردە 90 ۋە تۇرپاندا 300 كىشىلىك ئەزاسى بولغان چوڭ ئىنقىلابى تەشكىلاتلار بار بولۇپ بۇلارنىڭ ھەممىسى بولشېۋىزمغا مايىل ئىكەن. ئۇنىڭچە غۇلجىدا 400 دىن ئارتۇق ئىنقىلابچى بار بولۇپ خىتاينىڭ مەخپىي ساقچىلىرىنىڭ نازارىتى سەۋەبلىك تەشكىلات قۇرالمىغان. ئۇرۇمچىدە ئەلىيېۋ باشلامچىنى بۇرھان دەپ قارايدۇ. بۇ كىشىنىڭ داڭلىق تاتار سودىگىرى بۇرھان شەھىدى ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىشقا بولىدۇ. تۇرپاندا ئەلىيېۋنىڭ ئاخبارات بىلەن تەمىنلىگۈچىسى ئابدۇخالىق دېگەن بىر كىشى ئىدى. بۇ كىشى بەلكىم 1930-يىللىرى شۆھرەت قازانغان مىللەتپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بولۇشى مۇمكىن.

مەخپىي تەشكىلاتلار ئۆزى ھەققىدە ناھايىتى ئاز ئۇچۇر قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن سوۋېت ئىستىخباراتى شىنجاڭنىڭ بۇ چاغدىكى سىياسىي ئەھۋالنى بىلىشتە يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. بەزى دوكلاتلار بۇ جەدىتچى گۇرۇپپىلارنى ئىتتىھاتچىلار دەيدىغان بولۇپ ئۇلار ياش تۈركلەرنىڭ ئىتتىھات ۋە تەرەققىي تەشكىلاتىنىڭ تارمىقى ياكى شۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇلار شۇ ۋاقىتتا ئاناتولىيەدىن سۈرگۈن قىلىنىپ گېرمانىيە ۋە رۇسىيەدىن ياردەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىلەۋاتقان سابىق ئوسمانلى قوماندانى ئەنۋەر پاشا تەرەپكە يۆنەلگەن. بەزى ئىسپاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، 1920-يىلى ئەنۋەر پاشا موسكۋادىكى چېغىدا ئىتتىھاتچىلار ئەزالىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قەشقەردە ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى ھەققىدە مۇزاكىرىلەشكەن. بۇ مەزگىللەردە ئەنۋەر پاشانىڭ قەشقەردىكى ئالاقىلەشكۈچىسى جەدىتچى ئېلى ھاجى نورۇز ھاجىيېۋ ئىدى. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا 1920-يىلى ئېلى ھاجى غۇلجىدىكى جىرجىس ھاجى بىلەن بىرلىشىپ «شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى» دېگەن بىر تەشكىلاتنى قۇرغان. شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى مەقسەتلىك ھالدا جىرجىس ھاجىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باشقا ئىنقىلابچىلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئەۋەتكەن. بىراق ئۇ بۇخارانىڭ شەرقىدىكى تاغلاردا نەزەربەند قىلىنغان. شەرقى شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار يەنە سىبىرىيەدىكى جازا لاگېرىدىن جەنۇبقا يولغا چىققان تۈرك ئەسىرلىرى بىلەنمۇ ئالاقە قىلغان. بۇلارنىڭ بەزىلىرى شىنجاڭدىن يالغان خىتاي پاسپورتى بىلەن سوۋېت تۈركىستانىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، يەنە بەزىلەر خىتاي تۇپراقلىرىدا تۇرۇپ قالغان. تۈرك ئەسىرلەر خۇددى سوۋېت تۈركىستانىغا ئوخشاشلا شىنجاڭدىمۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى قامدىغان. ئىستانبۇلدا ئىلىم ئالغان مەسئۇد سەبرى 1914-يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندە بۇنداق تۈرك ئەسىرلىرىنى غۇلجىدىكى مەكتىپىدە ئىشلەتكەن.

سوۋېت ئەمەلدارلىرى شىنجاڭغا قارىتىلغان ئىنقىلاب ئىستراتېگىيەسىدە ئىختىلاپ قىلىشسىمۇ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئاقلارنىڭ تەھدىتىگە قارشى كۈرەش ئېھتىياجى سەۋەبلىك بىرلىشەتتى. 1920-يىللىرى شىنجاڭ سوۋېت تۈركىستانىدىكى ئىچكى ئۇرۇشتىن قاچقان ئاقلار ئارمىيەسىنىڭ تۈركوم-تۈركومەلەپ بېسىپ كىرىشلىرىگە شاھىت بولدى. دېڭىز ئارمىيە قوماندانى كولچاكنىڭ سىبىرىيە ئالدىنقى سەپپى مەغلۇپ بولغاندا گېنېرال ئاننېنكوۋ يەتتەسۇ ئارمىيەسىنىڭ قالدۇق قىسمىنى باشلاپ شەمەيدىن شىنجاڭغا كىرگەن. ئاننېنكوۋغا ئەگىشىپ قاراتاغلىق گېنېرال باكىچ (1877-1922) ئالدى بىلەن تارباغاتايىنى ئاندىن ئالتايىنى بېسىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاتامان دۇتوۋ ئۆزىنىڭ قوماندانلىق باش شتابىنى ئىلىنىڭ سۇيدۇڭ دېگەن يېرىگە

ئورۇنلاشتۇرغان. ئاننېنكوۋ شەرقتىكى ختاي زېمنغا قاچقاندا باكچ بىلەن دۇتۇۋ يەتتە سۇدىكى ئورۇشقا قايتا قاتنىشش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدىگەن.

1920-يىلى ئىيۇندا ئالمۇتادىكى قىزىل ئارمىيە گارنىزونىدا ئىسيان بولۇپ، بۇ ئىسيانىنىڭ باستۇرۇلۇشى بولشېۋىكلەرنىڭ كازاكلارغا يېڭىدىن ھۇجۇم قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ مۇقىمسىزلىق ئاق ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدىن ئاخىرقى قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتۈشىگە سەۋەب بولغان. 1920-يىلى نويابىردا ئاننېنكوۋنىڭ غۇلجىدىكى ۋەكىلى پولكوۋنىك سىدوروۋ ھەربىي قىسمنى باشلاپ ئالمۇتانىڭ شەھەر سىرتىغىچە بارغان. ئەمما ئۇلار قىزىل ئارمىيەنىڭ 58- يەتتە سۇ ئاتلىق قىسمى (تۇڭگان ئەسكەرلىرىدىن تەركىب تاپقان قىسىم) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسىملىرى تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاقلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن. ئاننېنكوۋ ئۈرۈمچىدە تۈرمىگە سولانغان. ئۇنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى شىنجاڭ ۋە گەنسۇ ئارىسىدا چېچىلىپ تۈگىگەن. غۇلجىدا باكچىنىڭ پاتمانلاپ توشۇلۇۋاتقان كۆمۈشلەرنى مۇسادىرە قىلىشى سەۋەبى بىلەن دۇتوۋ ۋە باكچىنىڭ ئارىسىغا زىددىيەت چۈشكەن. 1921-يىلى فېۋرالدا تاتار ۋە تارانچىلار سۈيدۈڭدە دۇتوۋنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن.

شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭدىكى ھەربىي مۇھىت موڭغۇلىيەنىڭكىگە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئوخشاش بولۇپ، بۇ يەردىمۇ قىزىل ئارمىيە ئارىلىشىپ ئاق ئارمىيەنى ئۇزۇل-كېسىل تارمار قىلغان. 1919-يىلى لىۋ كاراخان ختايغا بايانات ئېلان قىلغان بولسىمۇ، قىزىل ئارمىيەنىڭ موڭغۇلىيەگە كىرىشى ئۇ يەردە سوۋېتپەرەس بىر مۇستەقىل دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان. بەزى سوۋېت ئىستراتېگىيەچىلىرىنىڭ نەزىرىدە ئاقلارغا پاناھلىق بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن شىنجاڭمۇ بىر ئىچكى ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلانغان ئىدى. دەسلەپتە بولشېۋىكلەر ئۆز ھەرىكىتىنى مانجۇرىيەدىكى ختاي باندىتلار بىلەن بىرلەشكەن قىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاچاق ئاقلارغا قاراتقان. 1921-يىلىنىڭ بېشىدا غۇلجىدىكى كوممۇنىستلار ئاننېنكوۋ كۈچلىرىنىڭ قالدۇق قىسمىغا تەۋە بولغان بىر ختاي ئاق ئوفىتسېر ۋە ئۇنىڭ باتالىيونى بىلەن ئالاقە قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلار سۈيدۈگدە ئىسيان كۆتۈرگەن بولسىمۇ ئەمما ئاقلار تەرىپىدىن بېسىقتۇرۇلغان. بولشېۋىكلەر بۇنىڭلىق بىلەن بوشاشماي ختاي جاسۇسلارنى ئارمىيە ئىچىدە ھەرىكەتلىنىشكە ئەۋەتىپ تۇرغان. ئەڭ ئاخىردا ئۇرۇمچى بىلەن سۆھبەت قىلىش ئارقىلىق 1921-يىلى مايدا بولشېۋىكلەر شىنجاڭدىكى ئاقلارغا قارشى بىۋاستە ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغان. ئۇرۇمچىنىڭ رۇخستى بىلەن قىزىل ئارمىيە شىنجاڭغا كىرىپ باكچىنى موڭغۇلىيەگە كېتىشكە مەجبۇرلىغان. ئۇ موڭغۇلىيەدە تۇتۇلۇپ بولشېۋىكلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

1921-يىلدىكى ھەربىي ھەرىكەت موسكۋانىڭ شىنجاڭغا قاراتقان ئىنقىلابىي ئىستراتېگىيەسى ھەققىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر مۇلاھىزىسىنى ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن تەمىنلىگەن. سوۋېتنىڭ ختاي ھەققىدىكى مۇنازىرىسى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىلەن سوۋېت تاشقى ئىشلا مىنىستىرلىقىنىڭ ئىختىلاپىغا قاراپ تەرەققىي قىلدى. قىزىل ئارمىيەنىڭ موڭغۇلىيەنى ئىشغال قىلىشى موسكۋانىڭ موڭغۇل ئىتتىپاقداشلىرىغا ختايىنى مۇستەملىكچى دەپ ئاتاش جاسارىتىنى بەردى. نەتىجىدە بولشېۋىكلەرنىڭ «ختاي چېگرا رايونى» دېيىلىدىغان مۇنازىرە تېمىسى، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ياقتۇرىدىغان «يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى» غا ئۆزگەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ھەرىكەتلەر چىگىش ھالەتتىكى سوۋېت ختاي مۇناسىۋىتىگە چوڭ تەھدىت بولدى. قىزىل ئارمىيە شىنجاڭغا كىرىپ بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن تۈرك بيۇروسىنىڭ رەئىسى يانىس رۇدزۇتاكىس تاشكەنتتىن موسكۋاغا قايتىپ بولشېۋىك مەركىزىي كومىتېتىغا شىنجاڭدا سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇش تەكلىپىنى سۇندى. تۈركبيۇروسىنىڭ ئىشچىلارنى شىمالى ۋە جەنۇبىي فرونتقا بۆلۈشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، رۇدزۇتاكىس بۇ رايوننىڭ جۇڭغارىيە ۋە قەشقەرىيە سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىگە بۆلۈنۈشىنى تەخمىن قىلغان. بىزدە ئۇنىڭ پىلانلىرىنىڭ تولۇق تېكىستى يوق. ئەمما بۇ پىلان خەلق تاشقى ئىشلار كومىسسارى گېيورگى چىچەرىننىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. سوۋېت دىپلوماتلىرىنىڭ نەزىرىدە شىنجاڭدا قولغا كەلتۈرۈلگەن ھەر قانداق نەتىجە ختايدىكى سوۋېت دىپلوماتىيەسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى: «بىزنىڭ ختاي بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ھەققىدىكى ئومۇمى سىياسىتىمىز ۋە

خىتاي دېموكراتىيەسىگە بولغان قىياسىمىزغا ئاساسلانغاندا ، خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتنى قەتئىي ساقلىشىمىز كېرەك». مەركىزىي كومىتېتنىڭ كۆپ قىسىم ئەزالىرى چىچەرىننىڭ بۇ قارىشىغا قوشۇلغان.

مەركىزىي كومىتېت يىغىنىدىن كېيىنكى ھەپتە ۋە ئايلار ئىچىدە چىچەرىن ۋە سوۋېت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ تۈركىستان ۋە شىنجاڭدىكى ۋەكىللىرى ئارىسىدا جىددىي خەت ئالاقە بولدى. بۇنىڭدا رودزۇتاكىسنىڭ شىنجاڭنى سوۋېتلاشتۇرۇدىغان پىلانىنىڭ بىرەر ئاساسى بار-يوقلۇقى ھەققىدە مۇزاكىرە بولۇندى. چىچەرىن تاپشۇرۇۋالغان دوكلاتلار تۈرك بيۇروسى ھەققىدە پۈتۈنلەي تەنقىدى پوزىتسىيەدە ئىدى. تاشكەنتتە سوۋېت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى: «ئوبيېكتىپ جەھەتتە شىنجاڭدىكى ئەھۋال ھاكىمىيەتتىكى خىتاي مۇستەملىكچىلىرى بىلەن مىللىي ۋە ئىقتىسادىي زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان مۇسۇلمان خەلقىنىڭ مەنپەئەت توقۇنۇشىدىن كېلىپ چىققان ئىنقىلاب ، سۇبيېكتىپ جەھەتتە شىنجاڭدىكى بۇ ئەھۋال ھەرگىزمۇ ئىنقىلاب ئەمەس ، جەمئىيەت ئىنتايىن تەرتىپسىز ، خىتايغا قارشى كۈچلەر تولىمۇ ئاجىز» دېگەن قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. سوۋېت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق بىر ۋەكىلى ، بۇ يەردىكى ھەرقانداق تەشۋىقات ھەرىكىتىنى ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن دەگسەش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئىلىدىكى خىتاي ھۆكۈمرانلىقىنى ئالدىراپ ئۆرۈمەسلىك لازىم» دېگەن. يەنە بىر ئەمەلدار سوۋېت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ كارىدورىدا بارغانچە قوللاشقا ئېرىشىلىۋاتقان تۆۋەندىكى كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان: «ياق زېڭشىن ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارىتا چېچەن سىياسەت ئېلىپ بېرىش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتىگە ئەك ئۇيغۇن. مەنچە خىتاي ئەمەلدارلارغا يۈزلىنىش توغرىسىدىكى يوليورۇقلار شىنجاڭدا ئىنقىلاب قىلىشتىن بەكرەك مەنتىقىگە ئۇيغۇن»- دېگەن.

شۇنىڭ بىلەن بۇ نۇقتىدا ھېچ بولمىغاندا سوۋېت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئىچىدە بىردەكلىك ھاسىل بولغان. ئەمما ھازىرغىچە يۈز بەرگەن مۇلاھىزىلەرگە كۆرە ، سوۋېتتىكى ھېچبىر ئورگان تۈركىستان چېگراسىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى كونترول قىلغان ئەمەس. بۇ شىنجاڭغا

قارىتىلغان سىياسەتتىكى مۇجمەللىكىنىڭ خاتىمىسى بولماستىن بەلكى باشلىنىشى ئىدى. گەرچە خىتايغا قارشى كۈچلەر سوۋېت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋە موسكۋادىكى باشقا بولشېۋىك رەھبەرلىرىگە نىسبەتەن «تەرتىپسىز ۋە ئاجىز» ھالەتتە كۆرۈنگىنى بىلەن چېگرا رايوندىكى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئاكتىپلىرى ۋە مۇھاجىرەتتىكى سىياسىي پائالىيەتچىلەر ئىشلارنى داۋاملىق ئوخشىمىغان نۇقتىدىن كۆزىتەتتى. مەركىزىي كومىتېتتىكى لېنىن ۋە ئۇنىڭ ئىشداشلىرى شىنجاڭدا ئىنقىلابنى كېڭەيتىشكە قارشى بىلەت تاشلاۋاتقان دەل شۇ پەيتتە قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە ئىشچىلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ۋەكىللەر تاشكەنتتە توپلاندى. قۇرۇلتايدا ئۇلار شىنجاڭدىكى ئېزىلگۈچى خەلقنى خىتاي مۇستەملىكىسىدىن ئازاد قىلىش ئارزۇسىنى جاكارلىدى.

## ئالتىنچى باب.

## پارتىيەدىن مىللەتكە قاراپ

خىتاي بىلەن سوۋېتنىڭ سىياسىتى ۋە خىتاي-سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر بىزدىن 1920-يىلدىكى قوزغاتقۇچ ۋاستە بولغان ئۇيغۇر مىراسلىرىنى تالىشىش قىزغىنلىقىنىڭ بىر قانچە باسقۇچنى ئايرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىرىنچى باسقۇچ 1921-يىلدىكى سوۋېت-مۇسۇلمان بىرلىكىدە قوشماق ئېقىن بولغان بولشېۋىزم ۋە تۈركچىلىكنىڭ ۋاقىتلىق بىرلىشىشى. بۇ باسقۇچقا تاشكەنتتىكى ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىش ئارزۇسىدا بولغان كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تۈركبيۇروسى تەرىپىدىن سوۋېت تۈركىستانىدا قۇلايلىق يارىتىلغان ئىدى. بۇ ئۇسۇل ئاخىرىغا بارغاندا تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغاندا ، 1922-1923-يىللىرى تارانچى رادىكاللىرى باش بولۇپ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ خىتاي سىياسىتىدە باش رول ئېلىشقا باشلىدى ، شۇنداقلا موسكۋادىكى سوۋېت تۈركىستانى ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ، 1922-يىلى قۇرۇلغان مەركىزىي ئاسىيا بيۇروسىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلدى. بۇ خىل ئامىللار ئۇلارنى مۇسۇلمان سىياسەتلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ ، شىنجاڭنىڭ تەقدىرىگە قىزىقىۋاتقان موڭغۇل كوممۇنىستلىرى بىلەن ھەمكارلاشتۇرغان. ئاندىن 1924-يىلدىكى خىتاي-سوۋېت دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى خىتاينىڭ غەربىي چېگرا رايونىدىكى ھەر قانداق ئالدىراقسان ھەرىكەتنى تورمۇزلىغان.

سوۋېتنىڭ ئۆز ئىچىدە شۇ يەردە ياشاۋاتقان شىنجاڭلىق مۇھاجىرلارغا بولغان پائالىيەتلەرنىڭ مەقسىتى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئۇلارنى سوۋېت تۈركىستانىدىكى تالىشىش ئىچىدىكى رايونلارغا بولغان تەسىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىشلەتكەنمۇ ، ياكى خىتايغا كىرىشتە پەلەمپەي قىلغانمۇ؟ ئەگەر سوۋېتنىڭ ھەر ئىككىلا مەقسىتى بار دەپ چۈشەنسەك ، بۇلار ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟ سوۋېتتىكى بۇ ئىككىلىنىش شىنجاڭ چېگراسىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماكانلاشقان تارانچىلار ۋە قەشقەرلىكلەردىن ئىبارەت ئىككى ئاچقۇچلۇق گۇرۇپپىنىڭ تەشكىللىنىشىدە ئىپادىسىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان خىتايغا تەۋە تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار ئۇستىدىكى ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار ھەققىدە بىز 4- بابتا توختالغان ئىدۇق. ئەمما مىللىي كىملىك مەسىلىسى دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەشكىللىنىشلەرنى كۆزىتىشتىكى بىردىن بىر ئەينەك ئەمەس. بىز يەنە بۇ ئىككى گۇرۇپپىنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ۋە سىياسىي مەنپەئەتلىرىگىمۇ نەزەر ئاغدۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنداقتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ئۈچ مۇھىم تەرەپتىن كۆرۈلىدۇ. قەشقەرلىكلەر خىتاي پۇقراسى بولسا تارانچىلار رۇسىيەلىك بولۇپ ھازىر سوۋېت كىشىلىرىگە ئايلانغان. بۇ ئىككى جامائەتنىڭ ئىگىلىك شەكلىمۇ كۆپ پەرقلىق بولۇپ، بىرى پەسىللىك ئىشلەمچىلەر ۋە تىجارەتچىلەر يەنە بىرى ئاساسلىقى دېھقانلاردۇر. بۇ پەرقلەر ئۇلارنىڭ سىياسىي رەھبەرلىك قاتلىمىدا ۋە ئىش بېجىرىش ئۇسۇلىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بىرى قەشقەرلىك تىجارەتچىلەرگە تايىنىپ تەسىرىنى كېڭەيتسە، يەنە بىرى پارتىيە ئىستاژى سالاھىيىتى ۋە مەدەنىيەتتە يېڭىلىقنى تەرغىب قىلىش بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان.

بۇرۇن بايان قىلغىنىمىزدەك، ئۇيغۇر ئاممىۋى نەسەبنامە ئىدىيەسى ئىنقىلابتىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئالمۇتادىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۇيغۇر كۇلۇبى نامىدا يىغىلىش قىلىش ئارقىلىق بۇ ئىدىيەدىن پايدىلىنىشنى باشلىغان. ئۇلار سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق خەلقىگە يول كۆرسىتىش ئارزۇسىدا ئىدى. ئىنقىلاب قايناملىرىغا ئايلانغان يەتتەسۇدا داۋام قىلىۋاتقان مۇنداق يىغىلىشلار ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ يەنە بىر مەنىسىنى، يەنى بىرەر پارتىيەگە تەۋەلىكنى يېتىلدۈرمەكتە ئىدى. بۇ ۋاقىتتىن ئېتىقاندا ئۇيغۇر دېگەنلىك ئۇيغۇر كۇلۇبىغا ئەزالىقتىن ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى قوللاشتىن، سوۋېتقا مايىللىقتىن، ھەتتا بەلكىم كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى بولۇش دېگەندىن دېرەك بېرەتتى. بۇ ئۇيغۇرلۇق تەرەپدارلىرى بولغان تارانچىلارغا نىسبەتەن ئۇيغۇرلۇق قۇرۇلمىسىنى كۈچەيتىش ئۇلارنىڭ ئۆز جامائىتىنىڭ خىتايغا بولغان كۆۋرۈكلۈك رولىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەشنىڭ بىر ئۇسۇلى ئىدى. ئەمما

ئۇلارنىڭ بۇ ئىستراتېگىيەسى بىر ئاز خەتەرلىك ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇقنى تەكىتلەپ شىنجاڭنىڭ سىياسىتىگە قانچە باغلانسا قوشنا قازاقلارنىڭ نەزىرىدىكى تارانچىلار سوۋېت تۈركىستانىدىكى چەتئەللىك مۇستەملىكىچىلەر دەيدىغان قاراشنى دەلىللەپ قويغان بولاتتى. يەنە بىر خەتەرلىك ئەھۋال شۇ ئىدىكى، ئۇلار ئەگەر شىنجاڭدا ئىنقىلابنى قانچە تەكىتلىسە، رەھبەر بولۇش خىيالىدا يۈرگەن قەشقەرلىكلەرنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ قالاتتى.

ئەگەر كۆپ سانلىقلارنىڭ نەزىرىدىكى "ئۇيغۇرلۇق بىر پارتىيەگە ئەزا بولماق" دېگەن قاراشنى توغرا دېسەك، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش ئۇنۇمىنىڭ نەتىجىلىك بولۇش بولماسلىقى ئۇيغۇرلۇق پىداكارلىرىنىڭ ئۆز خەلقى ئىچىدىكى سىياسىي رەھبەرلىك جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سوۋېت تۈركىستانىنىڭ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىۋاتقان پارتىيە ۋە مەمۇرى قۇرۇلمىسىدا قانچىلىك ھوقۇقلۇق ئورۇنغا ئېرىشەلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ قۇرۇلمىلاردا 1920-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى مىللەت ئايرىش سىياسىتى نەتىجىسىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۇ سىياسەت سوۋېت تۈركىستانىدا بىر تۈركۈم يېڭى مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى بەرپا قىلغان بولۇپ، ھەر بىر جۇمھۇرىيەتلەردە يەنە كىچىكرەك بولغان ئاپتونومىيەلىك تېررىتورىيەلەر بار ئىدى. بۇنىڭ يەنە سوۋېتتا يۈرگۈزۈلگەن بىرىنچى قېتىملىق نوپۇس ئېنىقلاشتىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان رەسمىي مىللەتلەر كاتېگورىيەسى بەرپا قىلىش جەريانى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بۇ خىل تەشەببۇسلار سوۋېت سىستېمىسىدا ئىش قىلماقچى بولغانلار ئۈچۈن «مىللەت دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا يېڭىچە ئېنىقلىما يارىتىپ بەردى: يەنى، ستالىنچە مىللەت نەزەرىيەسى بولغان ئورتاق تىل، تېررىتورىيە، ئىقتىسادى تۇرمۇش ۋە ئورتاق مەدەنىيەتتە ئەكس ئەتكەن مىجەز ئورتاقلىقى پىرىنسىپى مىللەتلەرنى ئايرىشتا ئاساس قىلىندى. سوۋېتلار يۈرى سلېزكىنېنىڭ ئېيتقىنى بويىچە «مىللىي قىزغىنلىق (ئېتنوفىلىيە)» سىياسىتىنى بارغانچە كۈچەيتىۋاتقان ئاشۇ ۋاقىتتا، ئۇيغۇرىزم رېتورىكىنى ئىشلىتىشنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلغانلارغا نىسبەتەن ئۇيغۇر دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئېنىقلاشقا ئېھتىياج تۇغۇلدى. مۇشۇنداق جەريانلار نەتىجىسىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇرۇن ئۇيغۇر ئۇقۇمىنى پەقەتلا بىر سىياسىي بىرلىك دەپ قارايدىغان كىشىلەر تەدرىجىي ھالدا ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر مىللىتىدىن دەپ تونۇشقا باشلىدى.

## ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ ئۆرلىشى ۋە چۆكۈشى

1921-يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تۈرك بيۇروسى خىتاي ئىشچىلار ئىتتىپاقىنىڭ تۈركىستان قۇرۇلتىيىنى ئېچىشنى جاكارلىغان، بۇ خىتاي پۇقرالىرى تۈركىستاندا قۇرغان پەرقلىق تەشكىلاتلارنىڭ بىرلىك مۇقەددىمىسى ئىدى. بۇنى بىر مۇسۇلمانلار بىرلىكى دېيىشكە بولمايتتى. ھەقىقەتەن، يىغىن تەشكىلى كومىتېتى 1921-يىلى بىرىنچى مارتتا ئۇچراشقان چاغدا نە تارانچى، قەشقەرلىك ۋە تۇڭگان ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلمىغان. تۈرك بيۇروسىنىڭ قەشقەرىيەگە ۋەكىللىك قىلغۇچى تولۇق ھوقۇقلۇق كىشى بىر ئەرمېنىيەلىك بولۇپ ئىسمى نازارباانتس ئىدى. ئۇ ئۈچ كىشىلىك بىر گۇرۇپپىغا باش بولغان بولۇپ ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر خىتاي پائالىيەتچىمۇ بار ئىدى. ھالبۇكى قارارىدا «تۈركىستاندا مۇسۇلمانلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇردۇ، خىتايلارنىڭ تەسىرى ئاز، شۇڭا موسكۋادىكى خىتاي ئىشچىلار ئىتتىپاقى باش شتابىدىن مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىنسا بولىدۇ» دېيىلگەن. بۇ كومىتېتنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق يىغىلىشىدا بولغۇسى قۇرۇلتاينىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىش، «خىتاي ئىشچىلار» دېگەن ئىسمىنىڭ ئورنىغا «قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە ئىشچىلىرى» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىش قارار قىلىنغان. چۈنكى بۇ يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك كېلىپ چىقىشى ۋە ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئېنىقمۇ تولۇق ئىپادىلەپ بېرەتتى. ئۇزاققا قالماي تەشكىلى كومىتېت ئىچىدە ئۆزگىرىش بولغان. تۆتىنچى قېتىملىق يىغىلىشتىن كېيىن بىر خىتاي ۋەكىل ئايرىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا تۈرك بيۇروسىدىكى قەشقەرلىك ئابدۇراخمان ماخمۇدوۋ دېگەن كىشى كەلگەن.

ماخمۇدوۋنىڭ قېتىلىشى ئىتتىپاقنىڭ خاھىشىنى مۇسۇلمانلار تەرەپكە بۇرىغان. ئۇنىڭ كىملىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق بولۇپ، پەقەت رۇسىيە ئىنقىلابى دەۋرىدە ئۇنىڭ كاسپى

دېڭىزى بويىدىكى نېفىت شەھىرى باكۇدا ياشىغان كەچمىشى مەلۇم. ئۇ شۇ يەردە پارتىيە مەكتىپىنى تۈگىتىپ 1919-يىلى كومپارتىيەگە كىرگەن. 1920-يىلى ئېچىلغان ، «باكۇ قۇرۇلتىيى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان بىرىنچى قېتىملىق شەرق خەلقلەر قۇرۇلتىيىغا ئۇمۇ قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن ، ئەمما جەزم قىلىش تەس. بۇ يىغىن ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئېچىلغان بولۇپ ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ مۇسۇلمانلار سىياسىتىنىڭ ھەم ئەك يۈقىرى پەللىسى ھەم بۇ سىياسەتتىكى كرىزىسلارنىڭ بېشارىتى بولغان. قۇرۇلتاي ئالدىراپ-سالدىراپ ئېچىلغان بىر تەشۋىقات پائالىيىتى بولۇپ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشلىرى ھەققىدە ئانچە بەك تەكشۈرۈش بولۇنمىغان. كۆپ مىللەتلىك بۇ قۇرۇلتاي تىل جەھەتتىكى مۇجمەلچىلىك بىلەن تولغان بولۇپ ، كىشىلەرنىڭ قاتناشچىلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز نۇتۇقلارنى سۆزلەشلىرى بىلەن داۋاملاشقان. قۇرۇلتايدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى باشلىقى ئالكساندىر زىنوۋئېۋ ئەزالىرى ئىران ، ئەزەربەيجان ۋە تۈركىيەدىن كەلگەن مۇسۇلمان ۋەكىللەر ئۆمىكىنى جاھانگىرلىككە قارشى جىھاد قىلىشقا سەپەرۋەر قىلغان نۇتقى بىلەن مەشھۇر. ھالبۇكى زىنوۋئېۋ باكۇ يىغىنىغا تەكلىپ قىلىنغان تۈرك ئۇرۇش قەھرىمانى ئەنۋەر پاشا قاتارلىق جىھادقا رەھبەرلىك قىلىشقا ئۇستۇنلۇككە ئىگە دەپ قارالغان كىشىلەر تەرىپىدىن بىر چەتكە قايرىپ قويۇلغان.

باكۇ قۇرۇلتىيى ھەر تۈرلۈك مۇسۇلمان مىللەتچىلەرگە سەھنە ھازىرلاپ بەرگەن ، ئۇلارنىڭ ئارمانلىرى ۋاقتىنچە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىلەن ماسلاشقاندەك قىلسىمۇ ئۇلار بولشېۋىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى خالىمايتتى. ئەنۋەر پاشانىڭ ئىسلامى مىللەتچىلىكى قۇرۇلتاي قاتناشقۇچىلىرىنىڭ كەيپىياتىغا تازا ماس كەلگەن بولۇپ ، ئۇ ھەممە كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ، نەگە بارسا قاتناشقۇچىلارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن. باكۇدىكى بۇنداق كەيپىيات تاشكەنتتە ئېچىلماقچى بولغان قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە ئىشچىلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ كەيپىياتىدىن بېشارەت ئىدى ، چۈنكى ئەنۋەر پاشانىڭ تۈركىستاندىكى «شىنجاڭلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سايلىغۇچىلار» ئارىسىدىمۇ ئەگەشكۈچىلىرى بار ئىدى. ئۇلار قەشقەرلىكلەرنى ۋە تاشكەنت كوچىلىرىدا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان تۈرك ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

باكۇ قۇرۇلتىيى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئاسىيادىكى ھەرىكەتلىرىنىڭ كۈچىيىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى بولۇپ، بۇ ھەرىكەتلەرنى يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان شەرق تەشۋىقات ۋە ھەرىكەت كومىتېتى ئېلىپ بارماقچى ئىدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ كومىتېت ئۆزىنىڭ خىزمەت دائىرىسىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تۈرك بىيۇروسىنىڭ سوۋېت تۈركىستانىدا باشقۇرۇش ھوقۇقى بار بولۇپ، شەرق تەشۋىقات ۋە ھەرىكەت كومىتېتى بولسا قىزىل ئارمىيەنىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن 1920-يىلى قۇرۇلغان بۇخارا خەلق سوۋېت جۇمھۇرىيىتىدە پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇشتا باش رول ئوينايتتى. بۇخارادا بۇ كومىتېت قەشقەرىيە-ختاي ئىشچىلار ئىتتىپاقىنىڭ بىر شۆبىسىنى قۇرۇشقا ياردەملەشكەن، قەشقەرىيە قىزىل ئارمىيەسىمۇ ئامۇ دەريا بويىدىكى كەركى بازىرىدىن ئەسكەر ئالغان بولۇپ بۇلارمۇ يۇقىرىقى جەمئىيەتكە مەنسۇپ ئىدى. بۇخارادىكى بۇ قەشقەرىيەلىك گۇرۇپپىنىڭ دەسلەپتە ئايرىم تەشكىللىنىش پىلانى بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا تاشكەنتتىكى ختاي ئىشچىلار ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىشكە قايىل قىلىنغان. ئابدۇراخمان ماخمۇدوۋنىڭ تەشكىلى كومىتېتقا قوشۇلۇشى بەلكىم مۇشۇ بىرلىشىشنىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن.

كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تاشكەنت قۇرۇلتىيىدىكى نىشانى بەك يۇزەكى ئىدى. ئۇلار پەقەت مائارىپنى تەشكىللەش، ئاياللارنى سىياسىي پائالىيەتكە جەلپ قىلىش، شۇنداقلا ختاي پۇقرالىرى ئىچىدە ئىشچىلار كېڭىشى تەشكىللەپ، ختاي ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ئاقساقاللارنىڭ ھوقۇقىنى تىزگىنلىمەكچى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، يىغىن تەشكىلى كومىتېتى بەزى نۇقتىلاردا بىر قارارغا كېلەلمىگەن ئىدى. ئۇلار يىغىن مەزگىلىدە تېخىچە تۈركىستاندىكى ختاي پۇقرالىرى ئارىسىدا ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن قانداق يولنى تاللاش ھەققىدە پىكىر توپلىماقتا ئىدى. مەسىلەن بۇنىڭدا، ختايلار بىلەن مۇسۇلمانلار بىر ئورگان ئىچىدە ھەرىكەت قىلىشى

كېرەكمۇ ياكى پەرقلىق ئورگاندىمۇ؟ تەشكىلات ئەزالىرىغا سىنىپىي تەركىب چەكلىمىسى قويۇش لازىممۇ ياكى بايلار بىلەن ئىشلەمچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىتاي بىلەن باغلىنىشى بار ھەرقانداق كىشى قاتناشسا بولامدۇ؟ شىنجاڭدا ئىنقىلاب قىلىنامدۇ يوق، قانداق قىلىنىدۇ؟ دېگەندەك زىددىيەتلىك مەسىلىلەر سورالغان ئىدى.

1921- يىلدىكى سىياسىي ۋەزىيەتتە تاشكەنت قۇرۇلتىيىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى قىيىن بولغان. سوۋېتنىڭ كۆچى شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىغا ۋە شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق قاتناش لىنىيەسىگە ئاران ئۈلىشاتتى. بۇ باسمىچىلارنىڭ بولشېۋىكلەرگە بولغان ھۇجۇمى ئەۋج ئېلىۋاتقان بىر مەزگىل بولۇپ، كوممۇنىستلار تەرەپكە قوزغىتىش خەتەرلىك بولغاچقا ئىشتىراكچىلار پەرغانە ۋادىسىدىن ئۆمەك تەشكىللەش ئۇچۇنمۇ قوراللىنىپ بېرىشقا توغرا كەلگەن. قۇرۇلتاي ئاخىرى ئېچىلغاندا يىغىن قاتناشقۇچىلىرى بەزى يەرلەردە يەرلىك ئاقساقاللارنىڭ توسقۇنلۇقى سەۋەبىدىن يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزۈش مۇمكىن بولمىغانلىقى ھەققىدىكى دوكلاتلارنى ئاڭلىغان. ھەر بىر ئۆمەكتىكى بىر ۋەكىل ئون ئەزا ئۇچۇن تەيىنلىنىپ يىغىنغا ئەۋەتىلگەن ۋە قۇرۇلتاينىڭ قارارلىرىدا ئۆزىنىڭ پۈتۈن تۈركىستاندىكى 1500 ئەزاغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان. ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا پەقەت 117 ۋەكىل (بۇنىڭ ئىچىدە 115 ئەر، ئىككى ئايال بار ئىدى) قۇرۇلتايغا قاتنىشىش ئۇچۇن تاشكەنتكە يېتىپ كېلەلىگەن. قارىغاندا ۋەكىللەر يەرلىك تارماق تەشكىلاتلاردىن سايلىنىپ چىقمىغاندەكمۇ قىلاتتى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرىدىن 50 كىشى پارتىيە ئەزاسى بولسىمۇ قالغان 65 كىشى ئەمەس ئىدى. قاتناشقۇچىلار ئىچىدە 83 كىشى، يەنى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن ئۈچ قىسمى قەشقەرلىك بولۇپ قالغانلار 13 تارانچى، 10 تۇڭگان، 3 خىتاي، 3 تاتار، 2 قىرغىز ۋە بىر تۈركتىن تەركىب تاپقان ئىدى. تۈرك كىشى رۇسلارغا ئەسىرگە چۈشكەن لېيتېنانت ئەملىدىكى تۈرك ئەسكىرى بولۇپ ئىسمى سابىر ئەخمەت، قەشقەرلىكلەر ئارىسىدا نوپۇزلۇق بىر كىشى ئىدى. قاتناشقۇچىلارنىڭ 40 پىرسەنتى كەسپىنى ھۈنەرۋەن دېگەن بولسا قالغانلىرى زىيالىي، ئىشچى ۋە دېھقان دېگەن ھەمدە 10 كىشى قىزىل ئارمىيە دىن كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پىلانلاش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ قۇرۇلتاي 15-ئاپرېلدىن 1-ئىيۇنغا كېچىكتۈرۈلگەن ۋە ئاخىرى 3-ئىيۇن ئېچىلغان. قۇرۇلتاينىڭ 1-بۆلىكىدە تۈركىستان كوممۇنىستىك پارتىيەسى، تۈركىستان مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى، سودا ئۇيۇشمىسى كېڭىشى قاتارلىقلارنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ھەممە شەرق تەشۋىقات ۋە ھەرىكەت كېڭىشىگە مەنسۇپ بىر رۇس بولشېۋىكنىڭ سۆزلىرى تىڭشالغان. قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە ئاياللىرىغا ۋاكالىتەن ئىسمائىلوۋا ئىسىملىك بىر ئايال سۆز قىلغان. 58-تۈڭگانلار ئاتلىق قىسمىنىڭ قۇرۇلتايغا بولغان تەبرىكى يەتكۈزۈلگەن. بىر ھەپتە جەريانىدا يىغىندا خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە مۇزاكىرىلەر بولغان، يىغىن تەشكىلى كومىتېتى ۋە يەرلىك شۆبە تەشكىلاتلارنىڭ دوكلاتلىرى ئاڭلاپ ئۆتۈلگەن. ۋەكىللەر ئىتتىپاقنىڭ تەشكىلات قۇرۇلمىسى ۋە ۋەزىپىلىرى ھەققىدىكى تۈرك بيۇروسى تۈزگەن تېزىسنى تەستىقلىغان، ھەممە ئاقساقاللارغا قارشى تۇرۇشنى بىرىنچى ۋەزىپە قىلىپ بېكىتكەن. يىغىندىن بۇرۇن تارقىتىلغان تەشۋىقات ۋارىقىدا ئېنىق قىلىپ ئىتتىپاق سوۋېتنىكى «خىتايلىق كۆچمەنلەرنىڭ قانۇنى ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداشقا مەسئۇل بولىدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەمما ئاقساقاللارنىڭ تەسىرى كۈچى يەنىلا ئۇلارنىڭ يېرىم رەسمىي ھالىتىگە ۋە شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەت بىلەن بولغان باغلىنىشىغا تايىنىدىغان بولۇپ، بۇ ئاقساقاللارنى بىرەر دىپلوماتىك توقۇنۇشلاردىن خالىي ھالدا سىقىپ چىقىرىش قىيىن ئىدى. قۇرۇلتاينىڭ ئاخىرقى باياناتىدا بۇرۇنقى بايان ئاجىزلىتىلىپ: «ئىتتىپاق ھەر قانداق ۋاقىتتا كونسۇلنىڭ خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، ئەمما ئۆز ئەزالىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ» دېيىلگەن. بۇ ئىتتىپاقتىن باشقا يەنە خىتاي پۇقرالىرىنىڭ مېھنەتكەشلەر كېڭىشى تەشكىل قىلىنىپ مەيلى قەيەرنىڭ پۇقراسى بولسۇن قانۇنلۇق قوغدىنىشتا ياردەم بېرىشنى قارار قىلغان. قۇرۇلتايدا ئۇندىن باشقا يەنە شىنجاڭدا دېھقان-ئىشچىلار پارتىيەسى قۇرۇش، بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرى ئىچىدىكى ئىنقىلابى ئامىللار بىلەن ھەمكارلىشىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرمۇ ماقۇللانغان.

قۇرۇلتاينىڭ نىشانلىرىغا قارىغاندا مىللەت ئاساس قىلىنماستىن پۇقرالىق ئاساس قىلىنغاندەك قىلاتتى، ئەمما يىغىن كۈن تەرتىپىدىكى خىتاي پۇقرالىرىنى مۇھىم نۇقتىغا قويۇش

- بۇ يىغىندا رۇسىيە زېمىنىدا تۇغۇلغان، رۇس پۇقرالىرى بولغان نۇرغۇن تارانچىلار ۋە تۇڭگانلارنىڭمۇ بارلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ئىدى. يىغىندا ناھايىتى ياخشى تەشكىللەنگەن، يەتتەسۇ تارانچىلىرىدىن بولغان قاتناشقۇچىلار مۇھىم رول ئوينىغان. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قۇرۇلتايىدا دائىمىي كومىتېتقا رەھبەرلىككە سايلانغان ۋە بىر قانچە نۇتۇق سۆزلەپ شىنجاڭلىق كۆچمەنلەرگە ۋەكىللىك سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان. تۇنجى نۇتقىدا ئۇ: «بىز جاپاكەش خەلقىمىزنى خىتاينىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز» دېگەن بولۇپ، بۇ يىغىندىكى خىتايغا قارشى جەڭگىۋارلىقنىڭ تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بولدى. روزىباقىيېۋنىڭ بۇنداق بىر رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىشى ئۈچۈن ئىتتىپاق پۇقرالىق بىلەن ئانچە چېتىشمايدىغان بىر ھالەتتە بولۇشى كېرەك ئىدى. تارانچىلارنىڭ يىغىنغا ئىشتىراك قىلىشى ئىتتىپاقتا بىر مىللىي ئىسىم بىلەن قايتا ئېنىقلىما بەردى. تارانچىلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئۇيۇشما خىتايدىن كەلگەن تارانچى، قەشقەرلىك ۋە تۇڭگاندىن ئىبارەت ئۈچ گۇرۇھنىڭ مەنپەئەتگە ۋەكىللىك قىلاتتى. تارانچى كوممۇنىستلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئۈچ گۇرۇھنىڭ ئورتاق ئەجدادى تارىختىكى ئۇيغۇرلار بىلەن باغلىناتتى. يىغىننىڭ ئىككىنچى كۈنى تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان تارانچى ئوقۇغۇچىلاردىن كەلگەن «بىز بۇ يەردە تارانچى دەپ ئاتالساقمۇ، ئەمما بىز ئۇيغۇر، بىر ئاتا، بىر ئانىنىڭ بالىلىرىدۇرمىز» دېگەن خەت ئۈنلۈك قىلىپ ئوقۇپ ئۆتۈلگەن. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ كېيىنكى نۇتقىدا ئۆزىنىڭ يەتتەسۇ تارانچىلىرى ئارىسىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر كۇلۇبىنى ئىتتىپاقنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى بىر مىسال قىلىپ: «ئۈچ يىل ئىلگىرى سوتسىيالىزىمچى تارانچى ياشلار تەشكىللىنىپ "ئۇيغۇر" دەپ ئاتالغان (ئەسلى تېكىستتىمۇ قوش تىرناق ئىچىدە) بىر تەشكىلاتقا ئۇيۇشقان ئىدى. بۇ تەشكىلات قەشقەرىيەلىك، تارانچى ۋە تۇڭگانلارنى ئۆز رەھبەرلىكى ئاستىغا توپلاپ ئىنقىلابنى جىددىي قانات يايدۇرغان ئىدى. "ئۇيغۇر" دېگەن بۇ تەشكىلات ھازىر ئۆز مەقسىتىگە يەتتى. ھەممە "ئۇيغۇر" مېھنەتكەشلەر بىرلەشكەن بولغاچقا تارانچىلارنىڭ ئايرىم تەشكىلاتتا بولۇشىغا كېرەك قالمىدى» دېگەن. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ نۇتقىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇر كۇلۇبى بىلەن قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە ئىشچىلار ئىتتىپاقىنى بىرلەشتۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ «قەشقەرىيە خەلقىنىڭ تارىخى نامى بولغان "ئۇيغۇر"نى كۆزدە تۇتۇپ» بۇ يېڭى تەشكىلاتقا «ئالتە شەھەر ۋە جۇڭغارىيە ئىشچىلىرىنىڭ ئىنقىلابى ئىتتىپاقى-ئۇيغۇر» دېگەن نامنى تەۋسىيە قىلغان.

بۇ قارار لايىھەسى ئۇيغۇر مىللەتچىلىك تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان بولسىمۇ ئەمما بۇ ئېنىقكى باشقىلار بايان قىلغاندەك يوقالغىلى ئۇزۇن بولغان مىللىي كىملىكنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن بىلەت تاشلاش ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. روزىباقىيېۋنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنى ھەمكارلىق ئىچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان يەتتەسۇدىكى تارانچى، قەشقەرلىك ۋە تۇڭگانلارنىڭ تەشكىلى بىرلىكى ئىدى. شۇ چاغدا گەرچە بەزى تارانچىلار ئۇيغۇر كىملىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە تىرىشقان بولسىمۇ بۇ روزىباقىيېۋنىڭ تەۋسىيەلىرىدىن ئورۇن ئالمىغان، ئۇنىڭ تەۋسىيەسىدە ئۇيغۇر سۆزىنى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى نامى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ تەشكىلات ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنقىلابى ئىتتىپاقىمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىتتىپاقنىڭ ئەزالىرىنى ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر مىللىتىدىن دەيدىغانلاردىنلا بولسۇن دېمىگەن، ئۇ يەنە ئەزالارنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇرلار دەپمۇ تۇرۇۋالمىغان. بۇ يەردىكى ئۇيغۇر خۇددى بۇرۇن يەتتەسۇدا مەۋجۇت بولغاندەك بىر تەشكىلاتنىڭ ئىسمى ئىدى. شۇڭا شۇ ۋاقىتتىكى نۇرغۇن رەسمىي ھۆججەتلەردە "ئۇيغۇر" سۆزىنى قوش تىرناق ئىچىگە ئالغان.

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ يىغىندىكى تەۋسىيەلىرىدە مىللىي بىرلىك تەسەۋۋۇرىنى تەكىتلەپ كەتمەي، قەشقەرلىكلەر بىلەن تارانچىلارنىڭ پەرقلىرىگە سەزگۈر مۇئامىلە قىلغان. ئۇ قەشقەرلىك دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئورنىغا «ئالتە شەھەرلىك» دېگەن ئۇقۇمنى دەسسىتىشكە كۈچىگەن، شۇڭا تەشكىلات نامىنى ئالتە شەھەر ۋە جۇڭغارىيە ئىشچىلار ئىتتىپاقى دەپ ئاتىغان. بۇ ئۆزگەرتىش ئانچە بىر دىققەتكە سازاۋەر بولمىغاندەك بىلىنەتتى. چۈنكى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ئېڭىدا ئالتە شەھەر دېگەن قەشقەرىيە دېگەن گەپ ئىدى. بىراق روزىباقىيېۋنىڭ نەزىرىدە ئالتە شەھەرلىك كىملىكى مۇھىم ئىدى. چۈنكى بۇ ئارقىلىق بىرى تارانچىلارنىڭ تارىم ۋادىسىدىن كۆچۈپ چىققانلار ئىكەنلىكى مەيدانغا چىقىپ، تارانچىلار بىلەن شىنجاڭنىڭ تارىخى بېغى

ئۇلىناتتى ۋە تارانچىلار قەشقەرلىكلەرنىڭ بىر تارمىقى ئاتىلىپ قېلىشى ۋە بۇ ئارقىلىق قەشقەرلىك رىقابەتچىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولاتتى. ئۇ قۇرۇلتايدا «تارانچىلار ئالتە شەھەردىن غۇلجىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن تارانچى ئاتالغان» دېگەن.

بۇنىڭ بىلەن رۇسىيەدىكى خىتاي پۇقرالىرىدىن بولغان تارانچى، قەشقەرلىك ۋە تۇڭگانلار ئۈچ تەرەپ بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. بۇ ئەھۋال موسكۋادا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئۈچىنچى قۇرۇلتىيىغا سايلانغان ۋەكىللەردىمۇ ئىپادىلەنگەن بولۇپ تۇڭگانلارغا قىزىل ئارمىيە ئوفىتسېرى ماسەنچى (ما سەنچىڭ)، قەشقەرلىكلەرگە ماخمۇدۇۋ، تارانچىلارغا ئىسمائىل تاھىرووۋلار ۋەكىل بولغان. بۇ ئىتتىپاقنىڭ مەركىزى كومىتېت ۋەكىللىرى ئىچىدە باش كاتىپ روزىباقىيېۋدىن باشقا تاتار غالىيېۋ، تۈرك سابىر ئەھمەت، بۇخارالىق جەدىتچى ئوسمان خوجا پولات خوجايېۋ ۋە بىر قىسىم قەشقەرلىكلەر ۋە تارانچىلار بار ئىدى.

كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تۈرك بيۇروسى ئىتتىپاق ئىچىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلمىغان. ئۇلار سۇنغان دوكلاتتا بۇ ئىتتىپاقنىڭ مەركىزى كومىتېتىغا پۈتۈنلەي كوممۇنىستلارنىڭ سايلانغانلىقى (ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمىغان)، ئۇلارنىڭ توغرا يول تۇتۇپ موسكۋاغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقى دېيىلگەن. ئىتتىپاق ئەگەر ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ قولىدا تۇرۇۋەرگەن بولسا، بەلكىم بۇ يولدا داۋاملىق مېڭىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما قۇرۇلتايدىن ئىككى ھەپتە كېيىن ئۇ پارتىيەنىڭ چاقىرىقى بويىچە ئالمۇتاغا قايتىپ ئۆزىنىڭ يەتتەسۇ ئۆلكىلىك ئىنقىلابى كومىتېتىدىكى خىزمىتىنى داۋام قىلغان. باشقىلارمۇ تاشكەنتتىن ئايرىلغان، نەتىجىدە ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىدىكى كوممۇنىستلار ئاز ساندىكى ئورۇندا بولۇپ قالغان. ئىتتىپاقنىڭ خاراكتېرى ۋە مەقسىتى ھەققىدىكى زىددىيەتمۇ ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ سابىر ئەخمەت تەرەپدارلىرى كوممۇنىستلارنى ئىتتىپاقنىڭ رەھبەرلىكىدىن چىقىرىپ تاشلاشنى ئىستىگەن. ئۇلار بولشېۋىكلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇش ئىتتىپاقنىڭ قەشقەرلىكلەر ئارىسىدىكى تەسىرىنى چەكلەپ قويىدۇ، دەپ قارايتتى. ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ بايانىغا قارىغاندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماخمۇدۇۋ: «ئىتتىپاقنىڭ ئەزالىرى كومپارتىيەگە قاتناشماسلىقى كېرەك، بىزنىڭ ئىشىمىز شىنجاڭدا ئىنقىلاب قوزغاش، ئۇ يەردىكى كىشىلەر بولشېۋىكلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ» دېگەن. دېمەك، خىتاي ئىشچىلار ئىتتىپاقى نامىدا باشلانغان بۇ تەشكىلات ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى تەرەپكە قاراپ روشەن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بۇ مۇسۇلمان ئىنقىلابچىلارنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنى ئۆز غايىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغانلىقىنىڭ بىر مىسالى ئىدى.

كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنقىلابى ئىتتىپاق ئاللىقاچان بىر قانۇنسىز تەشكىلات ئىدى. 1921-يىلدىكى سوۋېت-ئەنگلىيە كېلىشىمى نەتىجىسىدە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تاشكەنتتىكى تۈرك بيۇروسى رەسمىي تۈردە ئەمەلدىن قالغان ئىدى. ئەمما سوۋېت دىپلوماتلىرىنىڭ بۇ بيۇرونىڭ داۋاملىق مەۋجۇتلۇقىدىن خەۋىرى بولماسلىقى مۇمكىن ئىدى. ئۆكتەبىردە تۈركىستان كومىسسىيەسى ئەزاسى ئادولف جوففې كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتىغا تۈركىستان بيۇروسىنىڭ قىلىۋاتقان ھەرىكەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىي شىكايەت قىلغان. ئۇ تۈركىستان بيۇروسىنىڭ شىنجاڭلىق مۇھاجىرلار ئارىسىدا قىلىۋاتقان خىزمەتلىرى خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قىيىنلاشتۇرىدۇ دەپ قارىغان. بۇ راست بولۇشى مۇمكىن ئىدى، ئەمما تۈرك كوماندىر سابىر ئەخمەت ئىتتىپاقنى خىتاي دۈشمەنلىكىگە قارىغاندا سوۋېت دۈشمەنلىكى تەرەپكە كۆچلۈكرەك يېتەكلىمەكتە ئىدى. نويابىردا ئەنۋەر پاشا موسكۋادىن بۇخاراغا كەلگەندە ئوسمان خوجا، سابىر ئەخمەت قاتارلىقلار ئۇنىڭغا قوشۇلماق ئۈچۈن ئۇيغۇر ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەنۋەر پاشا بولشېۋىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ، تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان مىللەتچىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ شەرقى بۇخارا ئېگىزلىكىگە قاراپ يولغا چىققان. سابىر ئەخمەتنىڭ ئۇيغۇر ئىتتىپاقداشلىرى ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ۋە سوۋېتقا قارشى باسمىچى پارتىزانلارنىڭ سېپىگە قېتىلغان. ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ پانتۈركىزىملىق قوراللىق ھەرىكەتكە قاراپ تەرەققىي قىلىشى ئىتتىپاق تەنقىدچىلىرىنىڭ گۇمانىنى جەزملەشتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن 1921-

يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۈركىستان كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەت تاشلاپ مەركىزى كومىتېتىنى تارقىتىۋەتكەن.

## ئۈچ ئۇيغۇر خەلقلىرى

ئۇيغۇرپەرۋەرلىك شۇ ۋاقىتقا قەدەر تارانچى كوممۇنىستلىرى ئۈچۈن ياخشى ئۈنۈملەرنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال قۇرۇلتىيىدا ئۇتۇقلۇق ئورۇن ئېلىشىغا ئاساس بولغان ، شۇڭا بەلكىم ئۇلار ئۇيغۇرپەرۋەرلىك رامكىسىنى تاشلىۋېتىشنى خالىمايتتى. بىراق ئالتە شەھەر ۋە جۇڭغارىيە ئىشچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋەيران بولۇشى بۇ ئىتتىپاق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان پارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن قاتتىق بىر زەربىدىن دېرەك بېرەتتى ، شۇنداقلا بۇ ئىش سەۋەبلىك سوۋېت ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشكەن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ياكى  تۈركىستان كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تارانچى ياكى قەشقەرلىك كوممۇنىستلار ۋە شىنجاڭلىق مۇھاجىرلارنىڭ بىرلەشمە فرونتىنى قوللىشىمۇ ئۈمىدلىك ئەمەس ئىدى. پەقەت يەتتەسۇدىلا ئىتتىپاق ئەزالىرى رۇسىيەدە تۇغۇلغان تارانچىلاردىن تەشكىللەنگەن بولغاچقىلا ئىنقىلابى ئىتتىپاققا داۋاملىق مەۋجۇتلۇق پۇرسىتى بېرىلگەن. ئەمما ئىنقىلابى ئىتتىپاق بىر ئورگان بولۇش سۈپىتى بىلەن يەتتەسۇدىكى يەرلىك تارانچى دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجىغا تازا ئۇيغۇن كەلمەيتتى. ئۇ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدىن مەنبەلەنگەن بولغاچقا پەقەت شىنجاڭدا ئىنقىلابى پائالىيەتلەرنى قوزغاشقىلا خىزمەت قىلىدۇ ، دەيدىغان كۆز قاراشلار بار ئىدى. يەرلىك دېھقانچىلىق تارماقلىرى ئىتتىپاقنى يەر ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالمايدىغان چەتئەللىكلەرنىڭ تەشكىلاتى دەپ قارايتتى. ئىتتىپاقمۇ ئەزالىرىغا يەر ئىسلاھاتى جەريانىدا ھېچقانداق ياردەم قىلالمايتتى.

تارانچىلار ، قەشقەرلىكلەر ۋە تۇڭگانلار سوۋېت تۈركىستانى مەمۇرىيەت ئورگانلىرىغا تىزىمغا ئالدۇرۇشتا قىينالماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىنقىلابى ئىتتىپاقنى تاللاشتىن باشقا ئامالىمۇ يوقتەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلالىتى. تۈركىستان مىللەتلەر كومىسسارىياتى ئۇلارنى دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تۈرلىرىگە كىرگۈزمىگەن بولۇپ، دۆلەتنىڭ نەزىرىدە ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئېنىقسىز ئىدى. ئەمما 1921-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئابدۇللا روزىباقىيېۋ تاشكەنتكە تەكلىپ قىلىنىپ تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر بۆلۈمىگە خىزمەتكە چۈشكەندە بىر پۇرسەت كەلگەن. بۇ ئورگان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر تۈرلۈك گۇرۇپپىلار ئارىسىدا سىياسىي خىزمەت ئېلىپ بېرىشقا مەسئۇل بولۇپ ئۇنىڭ تارماقلىرى بەلگىلىك مىللەت بويىچە ئايرىلمىغان ئىدى. بۇلار يەرلىك بۇخارا يەھۇدىيلىرى تارمىقى، ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىن تۈزۈلگەن پولەكلەر ۋە ۋېنگىرىيەلىكلەر تارمىقى، باشقۇرت-تاتارلار تارمىقى ۋە ئىرانلىق-ئەزەرىلەر تارمىقى قاتارلىق تارماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ئۇلار كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال تۈرك بيۇروسىنىڭ بۇ مۇھاجىرلار ئارىسىدىكى قىلغان خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان ئىدى. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر كوممۇنىستلار بۆلۈمى ۋە ئۇيغۇر كوممۇنىستىك ياشلار تەشكىلاتلىرى بۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن.

بۇ ئۇيغۇر بۆلۈملىرى سوۋېت تۈركىستانى كومپارتىيەسىگە تەۋە بولۇپ تارانچى، قەشقەرلىك ۋە تۇڭگانلاردىن ئەزا قوبۇل قىلالىتى. دەسلەپتە بۇ تارماقلارنىڭ باشلىقلىرى يەتتەسۇ ئۆلكىلىك كومىتېت قارمىقىدىكى ئۇيغۇر كوممۇنىست بۆلۈمىگە قارىغان. بۇ تارماقلار يەنىلا سوۋېتقا تەۋە تۈركىستاننىڭ باشقا جايلىرىدىكى كۆچمەنلەر سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىشكە ئۈمىدۋار ئىدى. بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ئالمۇتادا ئۇيغۇر كوممۇنىستىك تارماقلىرىنىڭ تۈركىستان رايونلۇق بيۇروسى قۇرۇشقا ئىجازەت تەلەپ قىلغان. شۇنداق بولغاندا توختاپ قالغان ئىنقىلابى ئىتتىپاقنى قولغا ئېلىپ شىنجاڭدىكى ئىلغار كىشىلەرگە تەسىر كۆرسەتكىلى بولاتتى. ئۇيغۇر كوممۇنىست تارماقلىرىنىڭ رايونلۇق بيۇروسى 1923-يىلى مارتتا رەسمىي قۇرۇلغان. ئۇيغۇر تەشكىلاتىنى يېڭى ئاساسقا ئىگە قىلىنغاندىن كېيىن، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ئىنقىلابى ئىتتىپاقنى تۈركىستاندا نامرات دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن قۇرۇلغان تەشكىلات بولغان قوشچىلار ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1922-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئىنقىلابى ئىتتىپاق

يغىنندا روزىباقىيېۋنىڭ لايىھىسى تەستىقلانغان ، پەقەت قادىرھاجى قارشى پىكىر قىلغان. ئەڭ ئاخىرقى شۆبىسى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن ئالتەشەھەر ۋە جۇڭغارىيە ئىشچىلار ئىتتىپاقى- يەنى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى تولۇق توختىغان.

روزىباقىيېۋنىڭ يېڭى سىياسىي قەدىمى تارانچىلار ئۈچۈن قىسمەن غەلىبىلىك بولغان. تارانچىلارنىڭ ئەرز قىلىشى نەتىجىسىدە قوشچىلار ئىتتىپاقى ئۆلكىلىك قۇرۇلتىيى بۇرۇنقى سىياسەتنى بىكار قىلىپ ، تارانچىلارنىڭ قازاقلارغا ئوخشاش يەر ھوقۇقى بولۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالمۇتادا تارانچىلاردىن بىر دېھقانچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلغان. تارانچىلارنىڭ ئەكسىچە قوشچىلار ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەرلىك ئىشچى ۋە تىجارەتچىلەرگە ئانچە تۆھپىسى بولمىغان. قادىر ھاجى ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ يوق قىلىنىشىنى  ئۆز قوللىغۇچىلىرىغا بولغان بىر چوڭ زەربە دەپ قارىغان. ئەسلىدە ئىنقىلابى ئىتتىپاق يەتتەسۇ شۆبىسىنىڭ رەئىسى بولۇۋاتقان كىشى بىراقلا تۆۋەنلەپ قوشچىلار ئىتتىپاقى قەشقەرلىكلەر بۆلۈمىنىڭ بېشى بولۇپ قالغان.

ئۇيغۇر پارتىيە تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇنازىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ مەنىسىگە بۇراپ بولالمىغان. ئۇيغۇر تارماقلىرىنىڭ رايونلۇق بيۇروسى ئۆزىنى تارانچىلار ، قەشقەرلىكلەر ۋە تۇڭگانلارنىڭ ۋەكىلى دەپ قارايتتى. ئۇلار باشقا ئارقا كۆرۈنۈشتىكى مۇسۇلمانلار بىلەنمۇ يېقىندىن بىرلىكتە ئىشلەيتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالمۇتادىكى زارىف بەشىرى قاتارلىق تاتار ئاكتىپلىرى بار ئىدى. ئۇيغۇر تارماقلىرىنىڭ رايونلۇق بيۇروسى دوكلاتلاردا ئۆزىنى ئۈچ ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ۋەكىلى دەپ تىلغا ئالاتتى. ئەزالىق تىزىملىكىدىن قارىغاندا ئۇيغۇر كوممۇنىست تارماقلىرى خۇددى ئىنقىلابى ئىتتىپاققا ئوخشاش بولۇپ ئەزالار ھەر خىل ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ئىدى. ئەمما مەمۇرىيەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئۇيغۇر تارماقلار بيۇروسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى سەۋەبلىك  ئۇيغۇرلار بىر گەۋدە دەپ قارالغان بولۇپ ، قەشقەرلىك ياكى تارانچى دەپ ئايرىلغان پىلانلارنىڭ ئەكسىچە ئۇيغۇر ئۈچۈن ئايرىم خام چوت ئاجرىتىلغان ئىدى. ئەمما بۇ ئۇزۇنغا قالمايلا زىددىيەتلەر ئۈچۈن ئاساس بولۇپ قالغان. 1923-يىلى ئالمۇتادا ئۇيغۇر تارماقلارنىڭ

يەرلىك بيۇروسى بىر مەكتەپ ئېچىپ ئىسمىنى ئۇيغۇر مەكتىپى دەپ ئاتىغان بولۇپ قەشقەرلىك، تارانچى ۋە باشقا مىللەت بالىلىرىنى قوبۇل قىلغان. ھالبۇكى، قوشچىلار ئىتتىپاقىدىكى قەشقەر گۇرۇپپىسى مەكتەپنىڭ ئەمەلىيەتتە تارانچى مەكتىپى بولۇپ قالغىنى ھەققىدە شىكايەت قىلغان ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن ئايرىم بىر قەشقەرلىكلەر مەكتىپى قۇرۇشنى تەرغىب قىلىشقان. يەرلىكتىكى بۇنداق ماجىرالارنىڭ قەشقەر ۋە تارانچى رەھبەرلىكى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئاجىزلىتىشقا ھېچقانداق پايدىسى بولمىغان.

نۇرغۇن جەھەتلەردىن قارىغاندا ئۇيغۇر كوممۇنىست تارماقلىرى ئەينى چاغدا يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇر كۇلۇبى ۋاقتىدا توختاپ قالغان خىزمەتنى داۋام قىلغان بولۇپ، ئۇلار جەدىتچىلىكتىن كوممۇنىستلىققا ئۆتكەنلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ئىدى. ئۇيغۇر كۇلۇبى ئۇسلۇبىنى ئازراق ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ يەنىلا سىياسىي پائالىيەتلەرنىڭ مەركىزىدە تۇراتتى. شۇ چاغلاردا تۈركىستاننىڭ ھەممىلا يېرىدە ئېچىلغان سوۋېت مەدەنىيەت ئۆيلىرى بىلەن ئوخشاشلا، مەزكۇر كۇلۇبنىڭ پائالىيەتلىرىمۇ ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى رادىكاللار تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان سىياسىي تەرغىبات ۋە مەدەنىيەت-سەنئەتنى بىرلەشتۈرۈش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلاتتى. كالتە چاپان جەدىتچى نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتنىڭ ئەسەرلىرى بۇ چاغلاردا يەنىلا رىغبەتلىك رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇيغۇر كوممۇنىست تارماقلىرىنىڭ ئۆلكىلىك بيۇروسى چەكلىك مەبلەغكە قارىماي ئۇنىڭ ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى جەدىتچى ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان ماقالىلىرىنىڭ جۇغلانمىسى بولغان «تارانچى تۈركلىرىنىڭ تارىخى» دېگەن ئەسىرىنى باستۇرغان. ئۇنىڭ تاجاۋۇزچى چىڭ سۇلالىسى زۇلۇمىغا قارشى ئېلى ۋادىسىدىكى ئايال قەھرىمان نۇزۇگۇمنىڭ ھاياتىنى تەسۋىرلىگەن «نۇزۇگۇم» دېگەن داستانىمۇ نەشر قىلىنغان. بۇ كونا جەدىتچىلەر يەنە «كەمبەغەللەر ئاۋازى» دېگەن گېزىتنىمۇ قايتا تىرىلدۈرمەكچى بولغان بولۇپ، بۇ گېزىتنىڭ بۇرۇنقى تۇنجى سانى 1921-يىلى ئېچىلغان ئىنقىلابى ئىتتىپاقنىڭ تاشكەنت قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە قولدا يېزىلىپ شاپگرافتا كۆپەيتىلگەن ھالدا نەشر قىلىنغان ئىدى. ئۇيغۇر كوممۇنىست تارماقلىرىنىڭ رايونلۇق بيۇروسىنىڭ 1923-يىلى سېنتەبىردىكى بىر يىغىنىدا مەزكۇر گېزىتكە ئابدۇللا روزىباقىيېۋ باش

مۇھەررىر بولۇپ تەيىنلەنگەن ھەمدە نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوۋ، ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق تاتار ھەمكارى بولغان زارىف بەشرى ۋە جەدىتچى مەتبۇئاتلارغا ئەسەر يېزىپ تۇرىدىغان باشقىر ئوقۇتقۇچى سابىرجان شاكىرجانوف قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان تەھرىر ھەيئىتى قۇرۇلغان.

«كەمبەغەللەر ئاۋازى» نىڭ يېڭى تونجى سانى باسمىدىن چىقىۋاتقان شۇ پەيتتە تارانچى كوممۇنىستلىرى يەنە بىر بىرلەشمە فرونت تەشكىللىگەن بولۇپ ئىسمىنى «تەرەققىيپەرۋەر» دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ تونجى يىغىنى 1924-يىلى ئاپرېلدا ئېچىلغان. تەرەققىيپەرۋەر دېگەن بۇ نام 1905-يىلى ئەتراپىدا يەتتەسۇدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە قىسقىغىنە مەۋجۇت بولغان جەدىتچىلەر توپىنىڭ ئىسمىغا خىتاب قىلىنغان ئىدى. ئۇلار خۇددى بۇرۇنقىدەك ئوقۇتۇشنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئېتىقادتىكى خۇراپاتلىقنى تەنقىد قىلىشنى نىشان قىلغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق «بۇرۇن مائارىپنى ياخشىلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان، ئىدىيەسى ئىلغار بولغان جەدىتچىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەدەنىيەتتە ئاقارتىش خىزمىتى يولىدا ھەمكارلىشىش، شەرىئەتنىڭ ئىمانسىز ئىمام ۋە موللىلارنىڭ قولىدا چىرىپ كېتىشىگە قارشى كۈرەش قىلىش» مەقسىتىگە يېتىشنى ئۈمىد قىلاتتى. «تەرەققىيپەرۋەر» نىڭ دەسلەپكى ئەزالار تىزىملىكىدە ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ۋە نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوۋ قاتارلىق 35 كىشى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ پائالىيىتى يەرلىك ئۇيغۇرچە مەكتەپلەر ۋە تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادى ياردەم توپلاش، ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىنى ئېچىش ۋە سوۋېتپەرەس موللىلاردىن روھانىيلار ئىدارىسى قۇرۇش قاتارلىقلار ئىدى. ئەزالار ئايلىق بەدەل پۇلى تاپشۇراتتى ۋە «كەمبەغەللەر ئاۋازى» ئۈچۈن مۇشتەرى بولاتتى. ئۇيغۇر كوممۇنىستلار يەنە ناخشا، مۇزىكا ۋە دىن بىلەن بىرلەشكەن ئەنئەنە ۋە ئەخلاقى تەربىيە سورۇنى بولغان مەشرەپ ئارقىلىق كىشىلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن. سوۋېت دائىرىلىرى مەشرەپنى قۇتراتقۇلۇق خاراكتېرى بار دەپ قاراپ يەتتەسۇدا تاكى 1923-يىلنىڭ ئاخىرلىرىغىچە چەكلىگەن. سوۋېتچە يېڭى مەشرەپكە خىزمەت پىلانلىرىنى ئاشكارىلاش تەلىپى قويۇلغان ۋە ئۇلاردىن تۈركىستان كومپارتىيەسىنىڭ ئورگان گېزىتى بولغان «تۈركىستان» ۋە «كەمبەغەللەر ئاۋازى» دىن ئىبارەت ئىككى گېزىتكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇشتەرى بولۇش تەلەپ قىلىنغان. بۇ قىزىل مەشرەپلەرنىڭ سايلانغان باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى بار بولۇپ ھەر ھەپتىدە بەدەل پۇل تۆلەش تەلەپ قىلىناتتى.

1920-يىللاردا ئەۋج ئالغان ئۇيغۇر كىملىكى ھەققىدىكى قاراش خىتايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تارىختىكى ئۇيغۇرلار بىلەن نەسەب جەھەتتىن باغلىنىشى بار دېگەن ئىدىيەدىن كەلگەن ئىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە شۇنداق پىكىر تېخى كەڭرى ئومۇملاشمىغان بولۇپ، تىل ئامىلى بىرلىك ئۇچۇن ئوخشاشلا مۇھىم ئىدى. 1922-يىلى ئېچىلغان يەتتەسۇ ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ تۇنجى ئۆلكىلىك قۇرۇلتىيىدا «تارانچى، تۇڭگان ۋە قەشقەرىيەلىكلەرنى بىرلەشتۈرۈپ بىر ئۇيغۇر بۆلۈمگە ئەكىرىش مۇۋاپىق ئەمەس دەيدىغان كۆز قاراش خاتا، چۈنكى تارانچىلار ئەسلى قەشقەرىيەلىكلەر (يەنى ئۇيغۇرلار) دۇر. تۇڭگانلارنىڭ گەرچە خىتايچىغا ئوخشايدىغان ئۆز تىلى بولسىمۇ ئۇلارمۇ ئۇيغۇر بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ھەممىسى ئوخشاش بىر ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدۇ.» دەپ مۇنازىرە قىلىنغان. خىتاي تىللىق بولغان تۇڭگانلارنىڭ بۇ ئۇچ تەرەپ ھەمكارلىقىدىكى سالاھىيەت مەسىلىسى بەزى مۇنازىرىلەردە شەكسىزكى ئوتتۇرىغا چىقماي قالمايتتى. بۇ يىغىندىن بىر ئاي كېيىن سابىرجان شاكىرجانوۋ «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىدە «تۇڭگان تۈركلىرى» ۋە باي يەنخۇ ھەققىدە ماقالە ئېلان قىلدى. باي يەنخۇ 1880-يىللاردا ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنى رۇسىيە تەۋەسىگە كۆچۈرۈپ چىققان بىر داڭلىق قوزغىلاڭ رەھبىرى ئىدى. ئۇ تۇڭگانلارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىغا دائىر ھەر خىل مەنبەلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن، گەرچە يۈزەكى جەھەتتىن باشقىچەرەك كۆرۈنسىمۇ ئۇلارنىڭ ئەسلىدە يەنىلا تارانچى ۋە قەشقەرلىكلەرگە قېرىنداش تۈرك نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى خۇلاسە قىلىپ، «ئۇلارنىڭ موڭغۇللاشقان ۋە خىتايلاشقان تۈرك پەرزەنتلىرى ئىكەنلىكىدە ھېچ بىر شەك يوق» دەپ تەكىتلىگەن.

ئۇيغۇرلار خىتايدىكى بارلىق مۇسۇلمان تۈركلەرنى بىر يەرگە ئۇيۇشتۇرىدىغان تارىخى بىر نۇقتا دەپ قارايدىغان بۇ خىل ئىدىيە خىتاينىڭ مۇسۇلمانلار توپلاشقان غەربىي شىمالى رايونى ئۇيغۇرىستان (ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى) دۇر دەيدىغان يېڭى بىر تۈيغۇغا يول ئاچتى. 1924-1925-

يىللىرى ئوتتۇرىغا چىققان مىللەتلەرنى ئايرىش سىياسىتى بويىچە تەھلىل قىلغاندا قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلار قاتارىدا ئۇيغۇرىستانمۇ تىلغا ئېلىنىشى تەبىئىي ئىدى. ئەمما، ئۇيغۇرىستان ھەققىدە تۇنجى قېتىم ئىلتىجا قىلىش مىللەتلەرگە ئايرىش باسقۇچىدىن خېلىلا بۇرۇن ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. بۇ چاغلاردا شىنجاڭ ھەققىدە پەرقلىق ئاتالغۇلار قوللىنىلغان. بىز بۇرۇن كۆرۈپ ئۆتكەندەك، 1921-يىلدىكى تاشكەنت قۇرۇلتىيى ئالتەشەھەر ۋە جۇڭغارىيە دېگەن ئىسمنى قوللانغان، ھالبۇكى بۇ يەر ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان شەرقى تۈركىستان، ختاي تۈركىستانى دېگەن ئومۇملاشقان ئىسملارمۇ بار ئىدى. 1920-يىلى نەشر قىلىنغان بىر قىسقا ماقالىدە ئابدۇللا روزىباقىيېۋ «قەشقەرىستان» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن، بەلكىم ئۇ بۇنىڭدا رۇسلارنىڭ «قەشقەرىيە» دېگەن سۆزىدىن ئىلھام ئالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ چاغدىكى شېئىرلاردا ئۇيغۇرىستان جۇغراپىيە جەھەتتىن شىنجاڭنى كۆرسىتەتتى. مەسىلەن، 1922-يىلى تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان ياش تارانچى ئوقۇغۇچى ئابدۇلھەي مۇھەممىدى ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ياش ئۇيغۇر» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ياش يۈرىكىم» سەرلەۋھىلىك شېئىرىدا: «يۈرەك 'دۆلتىم ئۇيغۇرىستان!' دەپ تىترەيدۇ، يىغلايدۇ، بىراق تار قەپەستىن چىقالمايدۇ، ئۇچالمايدۇ.» دەپ يازغان.

بۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر كىملىكى ھەققىدىكى ئاساسلىق كۆز قاراش بويىچە، ئابدۇلھەي مۇھەممىدىنىڭ قەلىمىدىكى ئۇيغۇرىستاننى ستالىنىنىڭ مىللەت قارىشى بويىچە بىر مىللىي جۇمھۇرىيەت دەپ قاراش ساددىلىق بولاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ تۈركىستان بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىدى. (تۈركىستاننىڭ بىرى رۇسىيەدىكى مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ زېمىنى، يەنە بىرى بولسا ختايدىكى مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ زېمىنى ئىدى.) ئۇيغۇرىستاننىڭ بۇ خىل دەسلەپكى مەنىسى بويىچە ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنى تۈركىستان مىللەتچىلىكىگە يېقىن كېلىدۇ دەپ قارىساق توغرا بولىدۇ. بۇ بىزنى تۈرك ۋە مۇسۇلمان مىللەتچىلىكى ھەمدە سوۋېتچە يەرلىك مىللەتچىلىكنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈستىدە قايتىدىن تەھلىل يۈرگۈزۈشمىزگە دەۋەت قىلىدۇ. سوغۇق ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئىلىم ساھەسى 1920-يىللاردا بۇ ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىللەتچىلىك ئوتتۇرىسىدا ئېغىر توقۇنۇش بولغان دەپ بايان قىلىدۇ. ئەڭ يېڭى تەتقىقاتلار تۈركىستانچە مىللەتچىلىكنىڭ ساپ ۋە ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى ھەمدە سوۋېت دەۋرىدىكى مىللەتلەرگە ئايرىشنى بۆلۈپ ئىدارە قىلىش دەپ قاراشنى رەت قىلىدۇ. ئەمما، سوۋېت ئېتىراپ قىلغان رەسمىي مىللەتلەرنى ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى مىللەتلەردىن كۆپ پەرق قىلىدۇ دەپ قاراش خاھىشى يەنىلا مەۋجۇت. ئۇيغۇرلارنىڭ مىسالى بىزدىن بۇ خىل ئىككى تۈرگىلا ئايرىشتىن ئېھتىيات قىلىشىمىزنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، چۈنكى ئۇيغۇرلۇق مۇسۇلمان مىللەتچىلىكىدىن بىخلىنىپ سوۋېت كاتېگورىيەسى ئاستىدا بىر مىللەتكە ئۆزگەرگەن ئىدى.

بۇ يەردە مىسال قىلىنغان ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ ئەھۋالىدىكى ئوخشاشلىق دىققەتنى تارتىدۇ. ئارنە ھاگېننىڭ كۆرسىتىشىچە، مىللەتلەرگە ئايرىش جەريانىدا تاجىكلارنى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە قىلىپ ئايرىش دەسلەپتە تاجىكلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىمىغان. دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل، پارسچە سۆزلەيدىغان بۇ مۇسۇلمانلارغا تۈركىستاننىڭ ئۆزبېكىستانغا ئايلىنىشى تۈپتىن ئۆزگىرىش بولغاندەك ھېس قىلىنمىغان. ئۆزبېك مىللەتچىلىكى دەسلەپتە ھەم تۈركىستانچىلىقنىڭ داۋامى ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۆزۈلۈش ھالىتىدە بولغان. پەقەت ئۆزبېك دېگەن ئىسىم تۈركلۈك بىلەن باغلىنىشقا باشلىغاندىلا ئاز بىر قىسىم تاجىكلار ئۆزىنىڭمۇ بىر جۇمھۇرىيىتى بولۇش كېرەكلىكى ھەققىدە غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىغان. ئەدىب خالىد (ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتچىسى) كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، نۇرغۇن پارسچە سۆزلەيدىغان كوممۇنىستلار ئۆزبېكىستان قۇرۇشنىڭ ئاساسى بولغان چاغاتايچىلىق ئىدىيەسىنىڭ قىزغىن قاتناشقۇچىلىرى ئىدى. خۇددى ئالمۇتادىكى رادىكال كوممۇنىستلار تۆڭگانلارنى تۈركى تىلدا سۆزلەيدىغان مۇسۇلمانلارغا قوشۇلۇپ كەتمەكتە دەپ قارىغاندەك، چاغاتايچىلارمۇ تاجىكلارنى تۈركى تىللىقلارغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ دەپ ھېس قىلاتتى.

مۇشۇ سەۋەبتىن بەزىلەر ئۇچۇن ئۇيغۇرىستان ئىبارىسىنىڭ خىتايغا تەۋە تۈركىستاننىڭ ئورنىنى ئېلىشى، ئۆزبېكىستان ئاتالغۇسىنىڭ رۇسىيەگە تەۋە تۈركىستاننىڭ ئورنىغا ئالماشقانلىقىغا ئوخشاشلا ھەيران قالارلىق بىر ئىش ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. «تۈركىستان

قايغۇسى» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەلىخان تۆرە (1884-1976) ئەسلىمىسىدە سوۋېتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىنى بايان قىلىپ: «كۆزۈڭنى ئاچ ئۇيغۇرىستان ، ساڭا نېمە بولدى! ئويغان ئەي ئۆزبېكىستان ، ھالىڭ نە بولدى!» دەپ خىتاب قىلغان. ئەلىخان تۆرە مۇرەككەپ بىر شەخس. ئۇ 1920-يىللاردا سوۋېت بىلەن مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ ، شىنجاڭغا قېچىپ كەتكەن بولۇپ ، 1940-يىللاردا غۇلجىدا قۇرۇلغان موسكۋا تەسىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى پرېزىدېنتى بولغان. ئۇ كىتابىدا باشتىن ئاياق ئۇيغۇر بىلەن ئۆزبېكنى ئىككى تۈركىستاندىكى تۈركى تىلدا سۆزلەيدىغان ئىككى مىللەت دەپ تىلغا ئالغان. سوۋېتنىڭ مىللەتلەر كىملىكى نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا ئەلىخان تۆرىنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرى ئۇنىڭ تار دائىرىلىك ئۆزبېك كىملىكىنى ياقلىغانلىقىدەك كۆرۈلسىمۇ مەنچە ئۇنداق ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۆزبېك دېگىنى غەربىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان تۈركلەرنى كۆرسەتسە ، ئۇيغۇر دېگىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركى تىللىق مۇسۇلمانلارنى بىلدۈرەتتى.

## مۇسۇلمانلار، موڭغۇللار ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال

گەرچە پارتىيە تارماقلىرى تەرەپكە يۈزلىنىش 1921-يىلدىكى ئۇمىدۋارلىقتىن چېكىنگەندەك تۇيۇلسىمۇ بۇنى شىنجاڭدىكى خىزمەتلەردىن بىراقلا ۋاز كەچكەنلىك دېيىشكىمۇ بولمايتتى. سوۋېت تۈركىستانىدا قەشقەرلىك ياكى تارانچىلار ئارىسىدىكى خىزمەت تەقسىماتى چېگرا ھالقىيدىغان جامائەتكە قاراپ بېكىتىلەتتى. يەتتەسۇ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى قۇرۇلتىيى 1922-يىلى ئوچۇق قىلىپ: «پارتىيە ئورگانلىرى رەھبەرلىكىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بۆلۈملىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى خىزمەتنىڭ مۇھىملىقى كومپارتىيەنىڭ بۈگۈن ياكى ئەتە قەشقەرىيە مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەكلىكىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.» دېگەن. ئىنقىلابى ئىتتىپاق ئالدىنقى يىلى قىلغاندەك ، ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ يەتتەسۇ تارمىقىمۇ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ 1922-يىلى ئىيۇلدىن ئىيۇلغىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان تۆتىنچى قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئۇچۇن تارانچى ،

قەشقەرلىك ۋە تۇڭگانلاردىن ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ، قادىرھاجى ۋە ما سەنچى دېگەن ئۈچ ۋەكىلنى سايلىغان.

گەرچە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىغا دەستەك بېرىپ خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى مەنپەئەتىگە چېقىلىشقا قارشى چىققانلىقىغا تېخى بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت بولغان بولسىمۇ ، بولشېۋىكلەر تېخى خىتايدىكى دىپلوماتىك مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنى خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئىنقىلابنى قوللاشقا چاقىرىق قىلىش پۇرسىتى يەنىلا بار ئىدى. بۇ مەقسەتنى كۆزلىگەن پۈكۈپ موسكۋاغا قاراپ يولغا چىققانلار بۇ ئۈچ كىشىلا ئەمەس ئىدى. ئالمۇتادىن يولغا چىققان پويىزدا ئۇلارغا بىر موڭغۇلمۇ قوشۇلغان. ئۇنىڭ ئىسمى لاۋارىن دەمبەرەل (1891-1938) بولۇپ ئىلى ۋادىسىدا چوڭ بولغان. ئۇ 1912-يىلى ئىلى جۇمھۇرىيەتچىلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشتىن كېيىن شىنجاڭدىن قېچىپ كەتكەن چاخار موڭغۇللىرىدىن ئىدى. بۇ گورۇپپىا موڭغۇللارنىڭ كۆپ قىسمى ئاخىرىدا شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ ئاكىسى سۇمىيا بىر قىسىم جەمەتنى ئېلىپ موڭغۇلىيەگە كۆچكەن ۋە كىياختا دېگەن يەرنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان. ئۇنىڭ ئاكىسى موڭغۇلىيەنىڭ بوقتخان زامانىدا ئاقسۆڭەكلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ بەيسى بولغان ۋە ئىچكى موڭغۇل چېگرالىرىدا موڭغۇل ئارمىيەسىگە رەھبەرلىك قىلىپ خىتاي ئارمىيەسى بىلەن كۈرەش قىلغان. 1921-يىلدىكى موڭغۇلىيە ئىنقىلابىدا سۇمىيا موڭغۇلىيە خەلق پارتىيەسىنىڭ مۇھىم بىر ئەربابىغا ئايلانغان. دەمبەرەلمۇ غەربىي موڭغۇلىيە ۋە شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي خىزمەتلىرى سەۋەبلىك ئەتىۋارلاشقا ئېرىشكەن.

1911-يىلى موڭغۇلىيە چىڭ سۇلالىسىدىن مۇستەقىل بولغاندا بوقتخان ۋە ئۇنىڭ ئوردىسى ئالتاينى موڭغۇلىيەگە قوشۇۋالماقچى بولغان، ئەمما چار رۇسىيەنىڭ چەكلىشى بىلەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. 1920-يىلىنىڭ بېشىدا ئۇرگا (ھازىرقى ئۇلان باتۇر) دىكى موڭغۇل ئىنقىلابچىلار ئالتايغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇق تەلىپىنى تىرىلدۈرمەكچى بولغان. بۇنىڭدىن بۇرۇن 1918-يىلى ئالتاي شىنجاڭ دائىرىلىرىگە ، ھەتتا ئىلى دائىرىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ

بېرىلگەن ئىدى. 1922-يىلى دەمبەرەل ئىلىغا بېرىپ موڭغۇل سەرخىللىرى ۋە بۇددىست رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشتى، ھەممە بىر بۇتخانىدا تۈنۈق سۆزلىدى. بۇ يەردىكى خىزمەتلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇ يەتتەسۇغا ئۆتۈپ موسكۋاغا ماڭغان ئۇيغۇر كوممۇنىستلار بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار پويىزدا شىنجاڭدىكى سىياسەت ھەققىدە سۆھبەتلىشىپ موڭغۇل ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنقىلابى ھەرىكەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇشقا كېلىشتى. دەمبەرەل يەنە ئىلى موڭغۇللىرىنىڭ موڭغۇلىيەدىكى كوممۇنىست رەھبەرلەرگە يازغان خېتىنى يەتكۈزگەن. خەتتە: «بىز غەربى ئىلى موڭغۇللىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ بىزنى ئۆنتۈماسلىقىنى، بىزگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى ۋە قوغدىشىنى سورايمىز» دېيىلگەن. ئۇرگادىكى بۇرىيات ئىنقىلابچىلىرىدىن بولغان رىنچىنو (1888-1938) موڭغۇلىيە ھەربىي ئىنقىلابى كېڭىشىنىڭ رەئىسى بولۇپ دەمبەرەلنىڭ دوكلاتىغا ئۆز مۇلاھىزىسىنى قوشقان. رىنچىنو ئىنقىلابنى خىتاي چېگرالىرىغا كېڭەيتىشنىڭ تەشەببۇسچىسى بولۇپ ئۇ شىنجاڭدىكى موڭغۇللارنىڭ تىبەت، ئۇيغۇر ۋە موڭغۇل ئارىسىدىكى يېقىن مۇناسىۋىتى سەۋەبلىك سوۋېتنىڭ ئاسىيا سىياسىتىنى چىقىش قىلغاندا مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە موڭغۇللارنىڭ بۇ ئەۋزەللىكىدىن تىبەتتە برىتانىيە پايدىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىكەن، ئەمما ئەگەر سوۋېت بۇنىڭدىن پايدىلىنالىسا تىبەتكە ۋە ھىندىستانغا سىڭىپ كىرىشكىمۇ بولىدىكەن.

تۈركىستان كومپارتىيەسىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال قۇرۇلتىيىدا ئۇيغۇر بۆلۈمى ۋەكىللىرىنى قوللىشى ئانچە رەسمىي ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرىلا مۇزاكىرىلىك بېلەت تاشلاش ھوقۇقىغا ئىگە (بەلكىم روزىباقىيېۋ بولۇشى مۇمكىن) بولغان بىلەن قالغان ئىككىيلەننىڭ سالاھىيىتى مېھمان ئىدى. بۇ تۆتىنچى سانلىق قۇرۇلتايدا «شەرق مەسىلىسى» بەك ئاز مۇزاكىرە قىلىنغان ھەممە شىنجاڭ مەسىلىسى يىغىن كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈلمىگەن. روزىباقىيېۋ قانداقلا بولمىسۇن موسكۋادىكى ۋاقتىدىن ياخشى پايدىلىنىپ ھەر خىل يوللار بىلەن سوۋېتنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنى يېڭىلاشقا تۈرتكە بولماقچى بولغان. ئۇ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى ۋە بولشېۋىكلەر مەركىزى كومىتېتىنىڭ شەرقىي بۆلۈملىرىگە دوكلاتلار

يوللىغان ، شۇنداقلا شۇ چاغدا مىللەتلەر خەلق كومىسسارىياتى رەئىسى ستالىنغا شەخسى خەت يازغان. پارتىيە رەھبەرلىرى روزىباقىيېۋنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغان. مەركىزىي كومىتېت ھەيئىتىلىك گېزىت «كەمبەغەللەر ئاۋازى» نى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىقتىساد ئاجراتقان. روزىباقىيېۋنىڭ باشقا مۇراجىئەتلىرىنى يىغىدىن قۇرۇلغان ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىغا يوللاپ بەرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسى ئۇنى چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارىسىدا خىزمەت قىلىدىغان تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل دەپ بېكىتكەن.

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ 1922-يىلى شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشقا بۇيرۇلغان بىردىن بىر ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۆمەر قارى ئىسلاموۋ ئەخمەت كامالنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەن ياش قەشقەرلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە رۇسىيە تەۋەلىكىگە كىرگەن. ئۇ شەرق ئەمگەكچىلەر كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن تۇنجى قەشقەرلىك ئىدى. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت 1921-يىلى ئاسىيالىق ئىنقىلابچىلارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئىدى. ئۇ يەنە خەلقئارالىق كوممۇنىست ياشلار تەشكىلاتىغىمۇ قاتناشقان بولۇپ ، بۇ تەشكىلات ئۇنى 1922-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. ئۇمۇ ئۆزىدىن بۇرۇن بارغان ياقۇپ ئەلىيېۋغا ئوخشاش بۇ ئۆلكىدىكى بىر بۆلەك جەدىتچىلەرنى ئىنقىلابى پارتىيەنىڭ يادروسى دەپ تەسۋىرلىگەن. ئۇ تۇرپاندىكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ۋە ئۇيغۇرنىڭ مەكتەپ ئىشلىرىغا تاتار ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ ياردەمدە بولغان كارخانىچى مەخسۇت مۇھىتىنى تۇرپاندىكى تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىرى دەپ قارىغان. ئىسلاموۋ 1922-يىلىنىڭ ئاخىرىدا موسكۋادا خەلقئارا كوممۇنىست ياشلار تەشكىلاتىنىڭ 3- قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ ، «قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيەدىكى ياشلار ھەرىكىتىنى خىتاي مۇستەبىت ھاكىمىيىتى ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ بويۇن تۇرقىدىن قۇتۇلۇشنى ئىستەيدىغان بىر مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى دەپ تونۇش كېرەك» دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغان.

نەتىجىدە ، 1923-يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭدىكى ئىنقىلابچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈنگەندەك بىر ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن بولۇپ ، بۇ ئۇلارغا ئىشەنچلىك ھالدا پىكىر بايان قىلىش پۇرسىتىنى

يارىتىپ بەردى. 17-فېۋرال كۈنى زارىف باشىرنىڭ «چىنى تۈركىستاندىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر» دېگەن ماقالىسى تۈركىستاندىكى تۈركچە چىقىدىغان گېزىتنىڭ باش بېتىدە ئېلان قىلىنغان. ئۇ ماقالىسىدە شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقانلىقىنى بايان قىلغان. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ يېڭى ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن بىر پىلاننى ئوتتۇرىغا قويغان. پىلاندا ئۇ شىنجاڭنىڭ ئەڭ يىراق يەرلىرىدىن باشقا ھەممە يەرلىرىدىن ۋەكىللەر بولغان بىر يەر ئاستى ئىنقىلابچىلار يىغىنى ئاچماقچى بولغان. ئۇنىڭ باش نىشانى شىنجاڭلىق ئىنقىلابچىلارغا سوۋېتنىڭ ئاسىيادىكى ئىنقىلاب تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن بولغان كۆز-قاراشلارنى سىڭدۈرۈپ ، بارلىق «ساغلام» كۈچلەرنى بىر پارتىيە ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇش ئىدى. ئۇ ھەتتا بۇ پارتىيە ئۈچۈن پروگراممىا يېزىپ چىققان بولۇپ ، بۇ پروگراممىدا ئۇ ئۆزىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق تەسەۋۋۇرى بىلەن سوۋېتنىڭ شىنجاڭدىكى دىپلوماتىك مەقسىتى ئارىسىدا مۇرەسسە قىلىشقا تىرىشقان ئىدى. ئۇ پارتىيەنىڭ پروگراممىسىدا ۋەزىپىلەرنى تىزىپ كېلىپ «ئاساسلىق مەقسەت خىتاي ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ» شىنجاڭدا بىر سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ چىقىش دەپ يازغان. پروگراممىدا يەنە پارتىيەنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى شىنجاڭنىڭ «رۇسىيە بىلەن داۋاملىق ياخشى دىپلوماتىك ۋە سودا مۇناسىۋىتىدە بولۇشى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ جامائەت پىكرى ھازىرلاش» دەپ يېزىلغان. بۇ پىلاننى يولغا قويۇش ئۈچۈن روزىباقىيېۋ ئۆلكىدىكى جەدىتچىلەردىن پايدىلانماقچى بولغان ھەمدە مەدرىسىلەردە ئوقۇۋاتقان تالىپلارنى جەدىتچە روھ بىلەن تەربىيەلەشنى تەشەببۇس قىلغان. (ئۇ جەدىتچىلەرنىڭ پان-ئىسلامچى خاھىشىدىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن). ئۇنىڭ پروگراممىسىدا ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى پائالىيەتلەردە پۈتمەي قالغان خىزمەتلەر ، يەنى يېڭى جەدىتچە مەكتەپلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە مائارىپنىڭ چىقىمىنى ۋەخپىلەر ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىش گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسى بۇ لايىھىنى تەستىقلاپ ئىيۇلدا قارقارادا يىغىن ئېچىش ئۈچۈن 50 مىڭ رۇبلى ئاجراتقان. قارقارا ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى داڭلىق بىر سودا بازىرى بولۇپ ، يېڭىدىن قايتا ئېچىلغان ئىدى.

www.uyghurkitap.com

روزىباقىيېۋ ئوتتۇرا ئاسىيا بىيۇروسىدا پائالىيەت قىلىۋاتقاندا بۇيراتلاردىن بولغان ئىنقىلابچى رىنچىنومۇ شىنجاڭدىكى موڭغۇللار ئارىسىدا ئىنقىلابنى يېيىشقا بولغان قوللاشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئۇنىڭ بۇ پىلانىنىمۇ تەستىقلاپ شىنجاڭغا يەنە ئىككى كىشىنى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇلارنىڭ بىرى لاۋارىن دەمبەرەل، يەنە بىرى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ غەربىي موڭغۇلىيەدىكى ۋەكىلى بولۇپ ئىشلەۋاتقان بۇيرات ئىنقىلابچىسى سىرېن ئارابدىنوۋىچ ناتسوۋ (1898-1938) ئىدى.

بۇ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللەرنىڭ قايسى دەرىجىدە ھەمكارلىشىپ خىزمەت قىلغانلىقىغا دائىر مەلۇمات يوق. مەن مۇشۇ نۇقتىغا كەلگەندە مەنبەلەر قىسىلىشىپ كەتتى. قارىغاندا سوۋېتنىڭ تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى بۇ پىلانلارنى قوللىمىغاندەك قىلاتتى. بۇ چاغدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال گوۋاڭدۇڭدىكى گومينداڭنى قوللاۋاتقان بولۇپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال يىراق شەرق بىيۇروسىنىڭ خىتاي چېگراسىدا ئىنقىلابىي پائالىيەت قوزغاش قىزغىنلىقى تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىغاندىن باشقا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەخپىي ساقچى ئىدارىسى بولغان دۆلەتلىك بىرلەشمە سىياسىي باشقارمىنىڭمۇ تەكشۈرۈشلىرىگە دۇچ كەلگەن. ناۋادا روزىباقىيېۋنىڭ مەخپىي يىغىنى ئېچىلغان تەقدىردىمۇ خۇددى 1923-يىلى ناتسوۋ بىلەن دەمبەرەلنىڭ شىنجاڭ سەپىرىدىكى ئورۇنلانماي قالغان ۋەزىپىسىدەك ھېچبىر نەتىجىسى بولمايتتى. 1924-يىلى بىر تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى خادىمى يەتتەسۇدىكى سوۋېت مەخپىي ساقچىلىرىغا ئىلىدا ئابدۇللا روزىباقىيېۋ رەھبەرلىكىدىكى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى قوراللىق پارتىزانلىرىنىڭ پات-ئارىدا ئىلىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقى ھەققىدىكى پاراڭلارنىڭ ئېقىپ يۈرگەنلىكىنى مەلۇم قىلغان. ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاجىز ھالىتىنى نەزەردە تۇتقاندا گەرچە بۇ ئىشنى خىتايلار ۋە ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاھانگىر دۈشمەنلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان دەپ قارالغان بولسىمۇ، بۇ ئىش روزىباقىيېۋنىڭ ئورنىدىن مەھرۇم قىلىنىشىغا سەۋەب بولغان. ناتسوۋ 1924-يىلىنىڭ بېشىغا قەدەر شىنجاڭدا

تۇرغان. ئەمما ئۇ يوللىغان دوكلاتلار تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ پان-موڭغۇلچىلىققا بولغان دۈشمەنلىكىگە قارىتا سەزگۈرلۈكنى روشەن ئەكس ئەتتۇرگەن. 1925-يىلى رىنچىنو سۇنغان ئۇزۇن بىر دوكلاتتا 1924-يىلى كۈزدە ئېچىلماقچى بولۇپ كېيىن «مەلۇم بىر سەۋەبتىن» ئېچىلمىغان بىر يىغىن ھەققىدە توختالغان. بۇ ئەسلى شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان ۋە موڭغۇل ئىنقىلابچىلىرى بىرلىكتە ئاچماقچى بولغان بىر يىغىن بولۇپ، شۇندىن كېيىن بۇنداق مۇسۇلمان-موڭغۇل ھەمكارلىقى توختاپ قالغان.

## 1924-يىلدىكى تاشكەنت- بۆلۈنۈش

ئۇيغۇر كوممۇنىستلار سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچىدىمۇ تەستە ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇيغۇر كوممۇنىست تارماقلىرىنىڭ رايونلۇق بيۇروسى يەتتەسۇ ئۆلكىلىك كومىتېتقا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەسرى ۋە خىزمەتلىرى ئالمۇتا دائىرىسىدىن چىقالمايتتى. ئەينى چاغدىكى سوۋېتقا تەۋە تۈركىستاننىڭ سىياسىي مەركىزى تاشكەنت بولۇپ ئۇ ئۈچ ھەپتىلىك يول ئىدى، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى كۆپرەك ياشايدىغان پەرغانە ۋادىسى ئۇنىڭدىنمۇ يىراق ئىدى. 1924-يىلى يانۋاردا ئېچىلغان يىغىندا رايونلۇق بيۇرو پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر ئىشچى ۋە ئەمگەكچىلەر ئارىسىدا پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئىزچىل كەم بولۇۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالغان. يىغىندا يەنە جەنۇبتىكى تاغنىڭ قارشىسىدا ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن داۋاملىق ھالدا قانۇنسىز پائالىيەت قىلىۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان. بىشكەكتە (پىشپەك) ئۇلارنىڭ چەكلەردىن ھالقىپ قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا يەرلەرنى مۇسادىرە قىلىپ قايتا تەقسىم قىلىۋاتقانلىقى ئاڭلانغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پات-ئاردا ئېلىپ بارماقچى بولغان مىللىي چېگرالارنى ئايرىش پىلانىمۇ بىرلىككە تەھدىت سالغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا قازاق كوممۇنىستلار يەتتەسۇنى تۈركىستاندىن ئايرىپ قازاقىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇۋېلىشنى تەشەببۇس قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كوممۇنىستلارنىڭ يەتتەسۇدا چەكلىمىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى تۈركىستاندىكى خىتاي تەيىنلىگەن ئاقساقاللارنىڭ داۋاملىق كۈچلۈك ھالەتتە تۇرغانلىقى ئىدى. ئۇيغۇر كوممۇنىستلار گەرچە «ئاقساقاللارغا قارشى تۇرۇش» نى ئەڭ مۇھىم نىشان دەپ بېكىتكەن بولسىمۇ ئەمما ئۇلار بۇ ئىشتا كۆپ ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلالمىغان. سوۋېت دائىرىلىرى ئاقساقاللارنى ئېتىراپ قىلمايتتى، ئەمما ئۇلارغا بىۋاستە ھۇجۇم قىلىشتىن ساقلىناتتى ۋە بەزىدە ئۇلار بىلەن شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى ئورنىدا سۆھبەت قىلاتتى. بولۇپمۇ تۈركىستانىنىڭ يىراق يەرلىرىدىكى ئاقساقاللار يېگى مۇھىتتا تېخىمۇ كۈچلىنىپ كەتكەن ئىدى. 1921-يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ بىر رازۋېدچىكى قارا قول دېگەن يەردىكى ھاشىم ئىسىملىك بىر ئاقساقالنىڭ يېرىم كونسۇلدەك ھوقۇق يۈرگۈزگەنلىكىگە شاھىت بولغان. بۇ رازۋېدچىك: «ئۇنىڭ ھۆكۈمەت دىپلوماتىيە خادىملىرىغا ئوخشاش بەلگىسى بار ئىكەن، بازاردىكى ئەڭ ياخشى ئورۇنلار شۇنىڭغا قارايدىكەن. ئۇنىڭ ياساۋۇللىرى بار بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن يېرىم دىپلوماتىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىكەن، دىپلوماتىك كەچۈرۈم ھوقۇقى ھەققىدىكى بىر تالاي ھۆججەتلىرى بار ئىكەن ... گەپنىڭ قىسقىسى ئۇ بىر خىتاي جاسۇسى ئىكەن.» دەپ يازغان.

سوۋېت دائىرىلىرى ئاقساقاللارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى خالىمىسىمۇ ئۇرغۇن قەشقەرلىكلەر ئۇلاردىن پايدىلىناتتى. ئاقساقاللار قەشقەرلىكلەرنىڭ چەتئەل تۇپراقلىرىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى قانۇنى ئاساسقا ئىگە قىلىپ ئۇلارنىڭ خىتاي پۇقراسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى، خەتەرلىك شارائىتلاردا ئۇلارنىڭ ھەققىنى قوغدايتتى. 1922-يىلى تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئاقساقاللارنىڭ ئىشلىرىدىن گۇمان قىلىشقا باشلىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىش ھوقۇقىنى ئەتكەس قىلىپ، ئۇلار تارقاتقان ھۆججەتلەرنى قانۇنى جەھەتتىن ئېناۋەتسىز قىلغان. ئۆزىنى «خىتاي پۇقرالىقىدىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ تاشكەنتتىكى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى» دەپ ئاتىۋالغان بەشەيلەن بۇ ئىشقا نارازىلىق بىلدۈرۈپ خەت يازغان. ئۇلار خېتىدە ئۆزىنى ياكى ئۇيغۇر، ۋە ياكى قەشقەرلىك دېمەي، بەلكى خىتايغا تەۋە تۈركىستاندىن

كەلگەن ئۆزبېكلەر دەپ يازغان. بەلكىم ئۇلار شۇنداق دېسە تاشكەنتتىكى ئۆزبېكلەردىن پەرقىمىز بولمايدۇ دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار خېتىدە، ئۇلارغا پاسپورت ئېلىش بەك قىيىن، جامائەت ئىچىدە نۇرغۇنلىرىنىڭ پاسپورتى يوق بولۇپ، ئەگەر چوڭئائاخۇن دېگەن ئاقساقال گۇۋاھلىق بەرمىسە ئۇلارنىڭ ختاي پۇقراسى ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە چوڭ ئاخۇن بولۇۋاتقان سياسيي ئىش — ھەرىكەتلەرنى ئۇلارغا تەرجىمە قىلىپ بېرىشتە چوڭ رول ئوينىغان. ئۇلار: «بىز ھەممىمىز ساۋاتسىز بولغاچقا تۈركستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىك ئورگانلىرىنىڭ قانۇن، قائىدىلىرىنى بىلەلمەيدىكەنمىز، بىرەر ئىش بولسا قەيەرگە ياكى قايسى ئورۇنلارغا بېرىشنى ئۇقمايدىكەنمىز. مۇشۇنداق ئەھۋاللاردا بىز دائىم چوڭئائاخۇندەك ئاقساقاللارغا تايىنىمىز، ئۇلار بىزنى يۆلەيدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ» دېيىشكەن.

ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ رايونلۇق بيۇروسى ئاقساقاللار بىلەن بولغان رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىش ۋە شىنجاڭلىق مۇھاجىرلار ئارىسىدىكى بىپەرۋالىق ۋە قالايمىقانچىلىقنى تۈزەش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بېكىنمە ھالىتىنى ئۆزگەرتىش زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن بيۇرو كېلىشۋاتقان پارتىيە تارماقلىرىنىڭ يىغىنىنى ئالمۇتادا ئەمەس، تاشكەنتتە ئېچىشنى قارار قىلغان ھەمدە يىغىندا رايونلۇق بيۇرونى مەڭگۈلۈككە تۈركستاننىڭ پايتەختى بولغان تاشكەنتكە يۆتكەش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان. تاشكەنتنىڭ خىزمەت بازىسى بولۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇپ، بيۇرو ۋەكىللىك قىلىمىز دېگەن بارلىق گۇرۇپپىلارنىڭ ۋەكىللىرى بۇ يەردە بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 19-ئەسىردە چىڭ سۇلالىسى قولىدىكى شىنجاڭدىن قېچىپ چىققان قەشقەرىيەلىك مۇساپىرلار بۇ يەردە مەھەللە بەرپا قىلغان بولۇپ، شۇندىن كېيىن قاتناپ تۇرىدىغان ختاي پۇقرالىقىدىكى قەشقەرلىك تىجارەتچىلەر بىلەن نوپۇس بارغانچە كۆپەيگەن. بۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئالىي مائارىپ مەركىزىدىن ئىبارەت يېڭى ئوبرازىمۇ نۇرغۇن تارانچى ۋە قەشقەرلىك ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. ئۇلار يەرلىك كومسومۇللار ئىتتىپاقىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر تارمىقىنى قۇرغان ۋە ھەتتا 1921-يىلى بىر مەزگىل «ياش ئۇيغۇر» دەپ بىر ژۇرنالمۇ چىقارغان.

رايونلۇق بيۇرو ئەزالارنىڭ بۆلۈنۈشتىن بىزار بولغانلىقى سەۋەبلىك يىغىن ئېچىپ بىرلىككە دەۋەت قىلغان بولسا، بيۇرونىڭ بەزى ئەزالىرى بۆلۈنۈشنى ئىستەيتتى. قادىر ھاجىنىڭ قارىشىچە، بيۇرونىڭ سوۋېت تۈركىستانىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئەزالاردىن چەتتە قېلىشۋاتقانلىقى، كەڭرەك رايونلارغا تەسىر قىلالمايۋاتقانلىقى ئۇنىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، ئەكسىچە بيۇرودىكى تارانچىلارنىڭ قەشقەرلىكلەر ئارىسىدا خىزمەت قىلىشقا مەبلەغ ۋە كۈچ ئاجراتمىغانلىقىدىن بولغان ئىدى. ئۇ يەنە ئابدۇللا روزىباقىيېۋنى شىنجاڭغا ئالاقىدار خىزمەتلەردە ئۇ يەرنىڭ شارائىتىنى چۈشەنمىگەنلىكى سەۋەبلىك مەغلۇپ بولدى دەپ تەنقىد قىلغان. بۇ خىل تالاش-تارتىشلار بيۇرونى ئەپسىز ھالغا قويغان. قەشقەرلىكلەر ئارىسىدا خىزمەتنى كۈچەيتىش زۆرۈر ئىدى، ئەمما بيۇرو رەھبەرلىكىدە بۇ خىزمەتنى قىلالايدىغان ئەڭ مۇۋاپىق نامزات قادىر ھاجى ئىدى. ئۇ كېلىشۋاتقان يىغىنغا تەييارلىق سۈپىتىدە يەرلىك ئۇيغۇر كوممۇنىستلار تارماقلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن 1924-يىلى بىر قېتىم بىشكەككە، ئىككىنچى قېتىم پەرغانە ۋادىسىغا ئەۋەتىلگەن. ئۇ بۇ ئىككى قېتىملىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ قەشقەرلىكلەر ئارىسىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتكەن ۋە ئۆزىنىڭ تاشكەنتتىكى ئورنىنىڭ كۈچىيىشىگە شارائىت ياراتقان.

1924-يىلى مايدا سەككىزىنچى ۋە ئاخىرقى قېتىملىق تۈركىستان كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلتىيى تاماملانغاندىن كېيىن يەرلىك بيۇرونىڭ يىغىنى ئېچىلغان. يىغىندا رايونلۇق بيۇرونىڭ خىزمەتلىرىدىن دوكلات بەرگەن ۋە ئۇيغۇر كوممۇنىست تارماقلىرىنىڭ ۋەزىيىتى، تەشۋىقات ۋە قوزغىتىش خىزمىتى، مائارىپ ۋە نەشرىياتچىلىق قاتارلىق ئىشلار مۇزاكىرە قىلىنغان، ئەمما بۇلارنىڭ ھېچ بىرى شۇ ۋاقىتتىكى رېئال مەسىلىلەردىن دېرەك بەرگەن ئەمەس. پەرغانە ۋادىسىدىن كەلگەن قەشقەرلىك ۋەكىللەر تارانچىلارنىڭ رەھبەرلىكىنى رەت قىلىپ ئۆزىنىڭ ئالتەشەھەر پارتىيە تارماقلىرىنى قۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. تاشكەنتتىكى ئۇيغۇر

ئوقۇغۇچىلار مۇرەسسە قىلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ بىلەت تاشلاش نۆۋىتى كەلگەندە، تارانچى ۋەكىللەرنىڭ چىشى قېرىشىپ بۆلۈنۈشكە ئاۋاز بەرگەن، پەقەت تاشكەنت ۋەكىللىرىلا بىرلىك ئۈچۈن بىلەت تاشلىغان. قادىرھاجى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى يەتتەسۇلۇقلاردىن مۇستەقىل بولغانلىقنى ئىلان قىلىپ تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىغا قارايدىغان ئالتە شەھەر ۋە جۇڭغارىيە كوممۇنىست بيۇروسىنى قۇرۇپ چىققانلىقنى جاكارلىغان. قادىرھاجى بۇ ھەرىكىتىنى ئاقلاپ: «گەرچە بارلىق مىللەتلەردىن بولغان كوممۇنىستلارنىڭ يولى بىر بولسىمۇ ئەمما تارانچىلار بىلەن ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ مەنپەئەتى تۈپتىن ئايرىلغان بولغاچقا ئۇلار بىر يولدا ماڭالمايدۇ. بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە بىرلىكتە خىزمەت قىلىشقا ھازىرچە تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ» دېگەن. تاشكەنت ۋەكىللىرى ھېچ بىرىگە قېتىلماي ئايرىم بىر بيۇرونى تەشكىل قىلغان، نەتىجىدە ئۈچ ئايرىم بيۇرو شەكىللەنگەن.

تاشكەنتتىكى ۋەقە زىددىيەتلىك گۇرۇھلار ئارىسىدىكى جېدەلنى چوڭايتىۋەتتى: ھەر ئىككى تەرەپ رەسمىي قوللاشقا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى ۋە بۇ جەرياندا ئۇلار بىر بىرىگە كېيىن بالا-قازا ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن بولغان ئەيىبلەشلەر بىلەن ھۇجۇم ۋە زەربە بېرەتتى. روزىباقىيېۋ قادىرھاجىنى ھەقىقىي قەشقەرلىك كوممۇنىستلار بىلەن ئەمەس، بەلكى پارتىيە بىلەن ئالاقىسى بولمىغان نوپۇزلۇق كىشىلەر بىلەن ئىشلەشكە قىزىقىدىغان بىر قۇتراتقۇچى دەپ قارايتتى. ئۇ «قادىر ھاجى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى» نى كونسېرۋاتىپ پانئىسلامىزمچى دەپ مەسخىرە قىلىپ، قادىرھاجىنى شامى داموللامدەك (بۇ كىشى شۇ چاغدا قەشقەردىن كېلىپ تاشكەنتتە ھەدىستىن دەرس بېرەتتى) گۇمانلىق دىنى ئەربابلار بىلەن، ھەتتا باسمىچىلار بىلەن باردى-كەلدى قىلىدۇ دەپ ئەيىبلىگەن. باشقىلار قەشقەرلىكلەرنى خىتاينىڭ ئىشپىيونلىرى دەپ قارايتتى. قەشقەرلىكلەر بولسا روزىباقىيېۋنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بۇرژۇئازىيە سىنىپى بىلەن باغلاپ ئەيىبلەيتتى. قادىرھاجىنىڭ پەرغانىلىك قوللىغۇچىلىرىنىڭ بىر خېتىدە روزىباقىيېۋنى رۇسىيە ئۈچۈن ئىشلەيدىغان كونا جەدىتچىلەر قاتارىغا تىزغان ۋە ئۇنىڭ دادىسىنى چار پادىشاھقا سادىق بىر موللا دەپ شىكايەت قىلغان. ئۇلارنىڭ خېتىدە: «روزىباقىيېۋ خاتىپ دادىسىنىڭ ھارام

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەربىيەسىدە چوڭ بولغان بىر كىشى» دەپ يازغان. ئۇلار روزىباقىيېۋنى «مەقستىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇيغۇرنىڭ تونىغا ئورىنىۋېلىپ رەھبىرىمىز قادىرھاجى ھاشىم ھاجىيېۋنىڭ سىياسەت ۋە ھەرىكەتلىرىگە ئارىلىشىۋاتىدۇ» دەپ تەنقىدلىگەن. 1924-يىلى بۇ شىكايەتلەر شۇ يەردە قالغان بولسىمۇ كېيىنكى يىللاردا ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولغان ئىدى.

1924-يىلدىكى زىددىيەتنىڭ يەنە بىر نەتىجىسى تۇڭگانلارنىڭ ئايرىلىپ چىقىپ ئايرىم بىر مىللەت سۈپىتىدە ئۆز يولىغا داۋام قىلىشى بولدى. تۇڭگان رەھبىرى ماسەنچى 1924-يىلىغىچە ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ رايونلۇق بيۇروسىدا خىزمەت قىلغان بولۇپ، بۆلۈنۈشتىن كېيىن ئۆز ئالدىغا يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. دەل شۇ چاغلاردا 1924-يىلىنىڭ ئاخىرىدا زارىف باشىرى «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىدە ماقالە ئېلان قىلىپ تۇڭگانلارنىڭ «ساپ خىتايلار» ئىكەنلىكىنى يازدى. ئۇ ماقالىسىدە سابىرجان شاكىرجانوۋنى «تۇڭگانلارنى خىتايلاشقان تۈركلەر دەپ يېزىپ ساختا تارىخ بىلەن خەلقنى ئالدىغان» تەنقىد قىلغان. بەلكىم باشىرىنىڭمۇ بۇ بۆلۈنۈشتە بىۋاستە قولى بولۇشى مۇمكىن. شان روبېرتسىنىڭ خاتىرىلىشىچە، 1920-يىللاردا ئالمۇتادىكى تارانچىلار بىر كونسېرتتا تۇڭگانلارنى چىڭ سۇلالىسى تەرەپدارى قىلىپ كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ چىشىغا تەگكەن. بۇ بەلكىم باشىرىنىڭ 1923-يىلى يازغان «سادىر قاچقۇق» دېگەن دراممىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ دراما تارانچىلارنىڭ 19-ئەسىردىكى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلىڭدىكى قەھرىمان سادىر پالۋاننى مەدھىيەلىگەن ھەمدە شۇ يىلى ئالمۇتادا تۇنجى قېتىم ئوينالغان. بۇ ئامىللار خېمىرتۇرۇچ بولسۇن بولمىسۇن بۇ بۆلۈنۈشنىڭ بولۇشى پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى ئىدى. تۇڭگانلار رۇسىيەگە ئۆزى بىلەن بىر ئۆزگىچە تارىخنى يۇدۇپ كەلگەن بولۇپ بۇ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر سانىلىپ كېتىشىنى چەكلەپ تۇراتتى. ھازىر تۇڭگانلارنىڭ 1920-يىلدىكى سوۋېت دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچ تارمىقىنىڭ بىرى سانالغانلىقىنى يا تۇڭگانلار ياكى ئۇيغۇرلار ئەسكە ئالالمايدۇ.

## مىللەتلەرنى ئايرىش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە تەھدىتى

ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللەتلەرنى ئايرىش بولشېۋىكلەرنىڭ تۈركىستاندىكى مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئاساسلىق نۇقتىسى ئىدى. بۇ پىلان ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى: بۇنىڭ بىرى ، 1926-يىلدىكى نوپۇس تىزىملاشقا تەييارلىق سۈپىتىدە مىللەتلەر كاتېگورىيەسىنى قانۇنلاشتۇرۇش ۋە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ؛ ئىككىنچىسى ، تۈركىستاننىڭ مىللەتلەر قۇرۇلمىسىنى ئەڭ مۇۋاپىق ئەكس ئەتتۇرگەن ئاساستا تېررىتورىيەلەرنى بېكىتىپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىدى. تۈركىستاننى كىچىك مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرگە پارچىلاش 1920-يىلى ئاللىقاچان ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ ئىچكى ئۇرۇش سەۋەبلىك كېچىكىپ كەتكەن. 1923-يىلدىن باشلاپ بۇخارا ۋە خارەزىم جۇمھۇرىيەتلىرى ئىچىدىن ئاپتونوم رايونلار ئايرىلىپ چىققان بولسىمۇ بۇ پەقەت كېيىنكى يىلى يۈز بېرىدىغان غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بېشارىتى ئىدى. 1924-يىلى ئۆزبېكىستان ، تۈركمەنىستان ، قازاقىستان سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرى ھەمدە قىرغىز ۋە تاجىك ئاپتونوم ئۆلكىلىرى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مىللەتلەر ۋە چېگرالارنى ئايرىش داۋامىدا بۇ رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ كىملىكى ، چېگراسى ، بىر بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ياكى رەت قىلىدىغانلىقى يىللارچە مۇنازىرە قىلىنغان.

سوۋېت سىياسىتى بويىچە يېڭى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەر پەيدا قىلىنغان. بۇ تارانچى ۋە قەشقەرلىكلەرنىڭ ئالدىغا بۇ ۋەزىيەتتىن ئۆزلىرى ئۈچۈن قانداق قىلغاندا ئەڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى ھەققىدە سوئال قويغان. بۇ سىياسەت بىر جەھەتتىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ ، سانى كۆپ ۋە مۇھىم بولغان بىر مىللەت شەكلىدە مەيدانغا چىقىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلدۇرغان. 1924-يىلى يەتتەسۇدىكى تارانچىلارنىڭ ئۇيغۇر تەشكىلاتىنىڭ مەركىزىنى تاشكەنتكە كۆچۈرۈشىدە تۈركىستاندىكى بارلىق شەرقى تۈركىستان كۆچمەنلىرىگە ۋەكىللىك قىلىشنى كۆزلىگەن. ئۇلار بۇ ئارقىلىق قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارغىلا ۋەكىل بولۇپ قېلىشتىن ساقلانماقچى بولغان. يەنە بىر جەھەتتە ، يەرلىك تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ھەرىكەتلەرنىڭ كۈچىيىشى قەشقەرلىكلەر بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تارانچىلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇرۇندىن بار بولغان زىددىيەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىشى مۇقەررەر ئىدى. چۈنكى ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلە «ئاپتونومىيەمىز نەدە بولىدۇ؟» دېگەن سوئال ئىدى. يەنى، يەتتەسۇدىكى زېمىنى ئانچە چوڭ بولمىغان تارانچىلار رايونىدا بولۇشى كېرەكمۇ ياكى پەرغانە ۋادىسىدىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ مەركىزى رايونىدا بولۇشى لازىممۇ دېگەن سوئال تۇغۇلغان ئىدى.

ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ رايونلۇق بيۇروسىدا پارچىلىنىش يۈز بەرگەندىن كېيىن ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ئارزۇسىدىكى ئاپتونومىيەسى ئۈچۈن ئۆكتىچى بولۇشقان. قادىر ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئالتە شەھەر كوممۇنىستىك بيۇروسى ئۆز ئېنېرگىيەسىنى پەرغانە ۋادىسىغا قاراتقان بولۇپ، ئۇ يەردە ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ 19-ئەسىردىن باشلاپ توپلىشىپ ياشاۋاتقانلىقىنى ئېيتىشاتتى. چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كۆچۈپ كەلگەن بۇ كىشىلەر ئالىلقاچان يەرلىك جامائەت بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ خىل ئۆزلىشىش باشقىلارنىڭ «ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەمدۇ ياكى ئۆزبېك دەمدۇ؟» دەپ سوراش خىيالىغا كېچىشىدىن كۆپ يىل ئىلگىرى يۈز بېرىپ بولغان ئىدى. 1917- يىلدىكى بىر مىللەت تەكشۈرۈشتە « ئۇلارنىڭ (يەنى قەشقەرلىكلەرنىڭ) ياشاش شەكلى، تىلى، مىللىي ئالاھىدىلىكى باشقا پەرغانىدىكى ئۆزبېكلەردىن پەرقلىق ئەمەس» دەپ مۇنازىرە قىلىنغان. بۇ مىللەت تەكشۈرۈش كېيىنكى مىللەتلەرنى ئايرىش پىلانى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. 1925-يىلى «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ بىر مۇخبىرى يەتتەسۇدىن پەرغانە ۋادىسىغا زىيارەتكە كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئىككى مىڭدىن ئارتۇق چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوش شەھىرىنىڭ يېنىدىكى قەشقەر قىشلاق دېگەن يەردە كېۋەز تېرىۋاتقانلىقىنى بايقىغان. ئۇ قەشقەر قىشلاقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ تىلى ۋە ئادىتىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، ئۇيغۇرچە ئادەت ۋە تىلنىڭ پەقەت ياشانغانلاردىلا تېپىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەسرەتلەنگەن.

نوپۇسنىڭ سانى بۇ ۋاقىتتا سىياسىي مەبلەغدىن دېرەك بېرەتتى. قەشقەرلىكلەر مىللەت ئايرىش جەريانىدىكى ئەڭ تالاش تارتىشتا قالغان رايونلاردا ماكانلاشقانلىقى سەۋەبلىك

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونومىيە مەسلىسى قەشقەرلىكلەرنىڭ كىملىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى. ئەمما قەشقەرلىكلەرنى ئۆزىنىڭ قىلمۇقىلىشقا قادىر ھاجىدىن باشقىلارمۇ قىزىقىۋاتقان ئىدى. تېررىتورىيە كومىتېتىنىڭ بىر يىغىنىدا ئۆزبېكىستان بىلەن قىرغىز ئاپتونوم ئۆلكىسى چېگراسىدا ياشاۋاتقان بىر گۇرۇپپا ئۆزبېكلەر ھەققىدە بولۇنغان مۇزاكىرىلەرنىڭ تېز يازما خاتىرىسىگە قارىغاندا ، مۇنداق مۇزاكىرىلەر بولغان:

**ئا XX**: مەن نارىن ۋە پەرغانىدە ياشاۋاتقان قەشقەرلىكلەرنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ئويلىشىلغان ياكى ئويلىشىلمىغانلىقىغا قىزىقىمەن. ئۇلار قاراقول ، نارىن ۋە قوقەندىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ بىر پۈتۈنلۈكنى شەكىللەندۈرگەن.

**رەئىس**: بىز سىزنىڭ تەكلىپىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدۇق.

**ئا XX**: ئەمەلىيەتتە ، مۇزاكىرە قىلىنغان 120 مىڭ ئۆزبېكنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قەشقەرلىك.

1924-يىلى ئاۋغۇستتا قادىر ھاجىنىڭ ئالتە شەھەر رايونلۇق بيۇروسى مىللەتلەرنى ئايرىش سىياستى ھەققىدە يىغىن ئاچقان. يىغىندا ئۇلار قىرغىز ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ پەرغانە ۋادىسىدىكى قەشقەرلىكلەرنى تالىشىپ ئۆزىگە تەۋە قىلىپ تىزىملىۋالغانلىقىنى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىغا يەتكۈزگەن.

قادىر ھاجى ئالتە شەھەر كوممۇنىست بيۇروسىنى قۇرۇپ دەسلىپىدە ئۇيغۇرلۇق ئىدىيەسىگە قارشى يول تۇتقان ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە ئۇيغۇرلۇق خاھىشى تارانچى مىللەتچىلىكىنىڭ يەنە بىر ئوچۇق-ئاشكارا ئىپادىسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالتە شەھەرلىك ۋە قەشقەرلىكلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە ، پەرغانە ۋادىسىدا يېرىم مىليون قەشقەرلىك بار ئىدى. ئەمما بۇ يەردە بىر خەتەر مەۋجۇت ئىدى. سوۋېت مىللەتشۇناسلىرى كىشىلەرنى مىللەتكە ئايرىغاندا ياشاۋاتقان يېرىگە قاراپ ئايرىشنى خاتا كۆرگەن بولۇپ ، ئەكسىچە ئۆزلىرىنى «ئەنجانلىق» ، ياكى «سەمەرقەنتلىك» دېگەن كىشىلەرنىڭ




1920-يىللارنىڭ ئاخىردىكى سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسى ۋە شىنجاڭ.

بەزىلىرىنى ئۆزبېك ۋەبەزىلىرىنى تاجىك دەپ ئايرىغان. دېگەندەك ، مۇشۇنداق بولغاندا «قەشقەرلىك» دېگەن ئۇقۇمغمۇ يۇقىرىدىكىدەك مۇئامىلە قىلىنىپ قالاتتى (يەنى، قەشقەرلىكلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆزبېك ۋە بەزىلىرى ئۇيغۇر دەپ ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى). ئەگەر ئۇيغۇر دېيىلسە ئاسسىمىلياتسىيەگە قارشى تۇرغىلى بولاتتى. ئۇندىن باشقا، ئۇيغۇر مىللىتى پىلانىغا قوشۇلغاندا ھېچنېمىدىن قورۇق قېلىنمايتتى، چۈنكى بۇ پىلاندىكىلەر يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى پەرغانە ۋادىسىدا دەپ بىلەتتى. 1925-يىلىدىكى تاشكەنت ئۇيغۇرلىرى تەييارلىغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا تۈركىستاندا 600 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر بار دېيىلگەن. بۇلارنىڭ 300 مىڭى ئۆزبېكىستاندا، 70مىڭى قىرغىز ئاپتونوم ئۆلكىسىدە، 115مىڭى قازاقىستاندا، قالغان 15مىڭى تۈركمەنىستان ۋە تاجىكىستاندا بولغان. «كەمبەغەللەر ئاۋازى گېزىتى» دە تاشكەنتتىكى بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى: «ئەگەر بىز سوۋېت تۈركىستانىدىكى ئۇيغۇرلارنى توپلىساق بىر مىليوندىن ئاشىدۇ» دەپ يازغان.

پەرغانە ۋادىسىدىكى ئاسسىمىلياتسىيەنىڭ تەھدىتى ئاستىدا قادىر ھاجى ئۇيغۇرلۇق مەيدانىغا ئۆتكەن. ئۇ تارانچىلار تەشەببۇس قىلغان ئۇيغۇرلۇق نەسەبىگە قوشۇلۇپلا قالماي يەنە بىر قەدەم ئالدىغا مېڭىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىم بىر مىللەتلىك ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلغان. ئارىنى خوگېنىنىڭ بايان قىلىشىچە، قادىر ھاجىنىڭ رايونلۇق ئالتە شەھەر كوممۇنىست بيۇروسى ئوشتا يىغىن ئېچىپ بىر قارار ماقۇللىغان. قاراردا ستالىنىنىڭ مىللەتلەر ھەققىدىكى تەبىرى بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق تىل، زېمىن، ئىقتىسادى ھايات ۋە ئورتاق مەنىۋىيەت ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەت ئىكەنلىكى تەكتلىنىپ پەرغانە رايونىدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇپ چىقىش ئىلگىرى سۈرۈلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ قادىر ھاجى ئۇيغۇر (بۇرۇنقى قەشقەرلىكلەر) ۋە تارانچىدىن ئىبارەت ئىككى مىللەت ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىغان. ئۇ يەنە 19-ئەسىردە كۆچۈپ كەلگەن ۋە بۇ يەرنىڭ پۇقرالىقىغا ئۆتكەن قەشقەرلىك مۇھاجىرلارنى يېقىنقى يىللاردا كۆچۈپ چىققان خىتاي پۇقرالىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «كونا ئۇيغۇر» ۋە «يېڭى ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇلارنى ئىجاد قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيەتتە، پەرغانە ۋادىسىدىكى قەشقەرلىك دېيىلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇ يەردىكى قوشنىلىرى ئارىسىدا پەرق ئىنتايىن سۇس ئىدى، مانا شۇ سەۋەبتىن قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆچەپ تەشۋىق قىلدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، يەتتە سۇدا تارانچىلار ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىپ ياشايدىغان بولۇپ ئەتراپىدىكى قازاقلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەسىدىن ئەنسىرىمەيتتى. تارانچى كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرلۇق مىللىي چاقىرىقىدا باشلامچىلىق رول ئوينىغان ۋە ئۇيغۇر پارتىيە تارماقلىرىنى قۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، يەتتە سۇدا مىللەتلەرنى ئايرىش سىياستى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان مىللەتلەر ئارا جىددىيلىك ئۇلارنى تارانچى كىملىكى ۋە تارىخىغا قايتىشقا زورلايتتى. يەتتە سۇدىكى ئاپتونومىيە ھەرىكتى تارانچىلارنىڭ كىملىكىگە چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، ئۇلار بۇ يەردە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان بىر جامائەت ئىدى ۋە يەر ھوقۇقى مەسىلىسىدە تارىختىن قالغان نارازىلىقلىرى بار ئىدى.

1925-يىلى قازاق سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تارانچى كوممۇنىستلىرىنىڭ تارمىقىنىڭ ئالمۇتادىكى يەتتەسۇ بيۇروسى يەرلىك پارتىيە رەھبەرلىكىگە بىر ئۇزۇن دوكلات سۇنغان. ئۇلار دوكلاتتا يەر ئىسلاھاتى جەريانىدا مۇشكۈلاتلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ، ياركەنتنى مەركەز قىلغان، ياركەنت رايوندىكى ۋە ئالمۇتانىڭ شەرقىدىكى بارلىق تارانچى جامائەتلىرىنى بىرلەشتۈرگەن بىر ئاپتونومىيەلىك رايون قۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. ئۇلار سوۋېت يەر ئىسلاھاتى ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن ئونلىغان تارانچى ئائىلىلىرىنىڭ ئۆز زېمىنىدىن قوغلىۋېتىلگەنلىكىنى، بۇرۇن تارانچىلارغا بۆلۈنگەن سۇنىڭ ئەمدى قوشنا قازاقلارنىڭ يېرىگە ئېقىۋاتقانلىقىنى، نەتىجىدە تېرىشقا بولىدىغان يەرلەرنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىنى شىكايەت قىلىشقان. ئۇلار يەنە غالجاتتىكى تارانچى بايلىرىدىن مۇسادىرە قىلىنغان ماللارنىڭ يىراقلارغا ھەيدەپ ئاپىرىلىپ قازاقلارغا بېرىلىپ يەرلىك كەمبەغەللەرگە تارقىتىلمىغانلىقىنى ئەرز قىلىشقان. بۇ كۆلپەتلەر نەتىجىسىدە تارانچىلارنىڭ بېشىغا 1920-يىللاردا قەھەتچىلىك داۋاملىق تەھدىت سالغان. قازاقىستاننىڭ قۇرۇلۇشى پەقەت يېڭى

كۆلپەتلەرنى باشلاپ كەلگەن. يەتتەسۇ باشقۇرۇش كومىتېتى 1925-ئاۋغۇستتا قارار ئېلىپ ھەرقانداق مىللىي كوپېراتسىيەنىڭ بولماسلىقى شەرت دېگەن باھانە بىلەن بىردىن-بىر مەۋجۇت بولغان تارانچى كولخوزىنى تارقىتىۋەتكەن.

تارانچىلارنىڭ ئاپتونومىيە مۇراجىئىتىگە يەرلىك پارتىيە رەھبەرلىكى قوپال جاۋاب قايتۇرغان. 1926-يىل فېۋرالدا يەتتەسۇ باشقۇرۇش كومىتېتى ئاتالمىش «تارانچى مەسىلىسى» نى مۇزاكىرە قىلغان. مۇزاكىرىدە بىر قىسىم تارانچى ئىشچىلىرىنىڭ بۆلۈنمىچىلىك قىلمىۋاتقانلىقى، تارانچىلارنى بىر ئاپتونومىيەلىك بىرلىككە يېتەكلەۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىنغان. تارانچىلار بۇ مەقسەتتە پارتىيەلىك ۋە پارتىيەسىز كىشىلەر ئارىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بارغان ھەمدە بۇ چەت ياقىلاردىكى تارانچىلارغىمۇ تەسىر قىلغان. يىغىندا تارانچى ئاپتونومىيەسىنى قۇرۇش ئاقىلانە بىر ئىش ئەمەس ۋە مۇمكىن ئەمەس دەپ قارالغان، شۇنداقلا ياركەنت ۋە ئالمۇتادىكى تەشكىلاتلارنى مىللەتلەر سىياسىتى بويىچە تەربىيەلەش ۋە بىر قىسىم تارانچىلارنى رەھبەرلىك ئورنىدىن قالدۇرۇش تەشەببۇس قىلىنغان. ھالبۇكى، بۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتىكى قۇتراتقۇلۇق يوقاپ كەتمىگەن. 1927-يىلى ياركەنتتىكى بىر تاتار ئوقۇتقۇچى بىۋاستە سوۋېتلار ئىتتىپاقى پرېزىدېنتى مىخائىل كالىنىنغا خەت يېزىپ تارانچى جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى، پەقەت بولمىسا تارانچى ئۆلكىسى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ خېتىدە: «بىزنىڭ يەرلىك تارانچىلىرىمىز خىتايدىكى تارانچىلار بىلەن بىر ھەم ئۇلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار. بىز تۈرك خەلقلىرىدە قوشنىسىغا سەپ سالىدىغان، قوشنىسىدىن پەخىرلىنىدىغان ۋە تەقلىد قىلىدىغان ئەنئەنە بار. ئەگەر بىزنىڭ يەرلىك تارانچىلار ئۆلكە بولسا خىتايدىكى تارانچىلارمۇ قىزغىنلىق بىلەن ماسلىشىدۇ» دەپ يازغان. ئەڭ ئاخىرىدا 1927-يىلى ياركەنتنىڭ جەنۇبىدا بىر تارانچى مىللىي ناھىيەسى بۆلۈپ بېرىلگەن. ئەمما بۇ پىلان ئەمەلىيلىشىشتىن بۇرۇن رايونلاشتۇرۇش باشلانغان. نەتىجىدە ئالمۇتا رايونىدا چېلەك ۋە ياركەنتتىن ئىبارەت ئىككى تارانچى رايونى قۇرۇلغان.

ئۇيغۇر مەسىلىسىدە قەشقەرلىك ۋە تارانچى رەھبەرلەر ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ئەھۋال 1926-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېلىپ بېرىلىدىغان نوپۇس تەكشۈرۈش ئۇچۇن مىللەتلەرنى تۈرلەرگە ئايرىپ چىقىشقا مەسئۇل بولغان دائىرىلەرگە باش ئاغرىقى تېپىپ بەرگەنلىكى ئېنىق. 1924-يىلى يەتتەسۇدا پارتىيە ئەزالىرىدىن راي سىناشتا ئۇيغۇر دەپ يېزىش ئۇچۇن بىر بوشلۇق قالدۇرۇلغان، ئەمما كېيىنكى سوئالدا تىرناق ئىچىدىكى قەشقەرلىك ۋە تۇڭگان دېگەن تۈرنىڭ بىرىنى تاللاش تەلەپ قىلىنغان. 1925- يىلى رۇسىيە نوپۇسىدىكى قەبىلە تەشكىلىنى تەتقىق قىلىش كومىتېتى شىنجاڭدىن كۆچمەن بولۇپ چىققان خەلق ئارىسىدا ئىككى ئېقىمنىڭ بارلىقىنى بايقىغان. ئۇلار بىر قىسىم قەشقەرلىك ۋە تارانچىلاردا ئۆزىنى ئۇيغۇر دېيىش باشلانغان بولسا، يەنە بەزى رايونلاردا ئۆزىنى قەشقەرلىك دېيىشنىڭ مىللىيلىك جەھەتتە بەكرەك گەۋدىلىك ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغان. شۇڭا بۇ كومىتېت تارانچى ۋە قەشقەرلىكلەرنى ئايرىم مىللەت دەپ قارىغان. نەتىجىدە بۇ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش ئۇيغۇرلارنى باشقا بىر قانچە گۇرۇپپىلار قاتارىدا رەسمىي مىللەتلىك ئۆلچىمىگە توشمايدىغان بىر ئېتنوگرافىيلىك گۇرۇپپا دېيىش يەكۈنىگە كەلگەن. فىرەنسىن ھىرسچىنىڭ بايان قىلىشىچە، تەكشۈرگۈچىلەر تەكشۈرۈلگۈچى ئۆزىنى ئۇيغۇر دېگەندىن كېيىن يەنە بىر قەدەم ئېلىپ سەن زادى قەشقەرلىكمۇ، تۇڭگانمۇ، قالماقمۇ ياكى تارانچىمۇ دېگەن سوئاللارنى سورىغان.

بۇنداق سوئاللارنىڭ سورىلىشى ئۇلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مىللەتلىكىگە بولغان گۇمانىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ نوپۇس تەكشۈرۈش يەنە 1920-يىللاردا يۇقىرىقى ئاتالغۇلارنىڭ قانچىلىك ئاممىۋىلىقتا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەخمىنى ئۆلچەم بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنداقلا بىزنى شۇ مەزگىلدىكى مىللىي كىملىك ۋە سىياسىي چېگرالارنى چۆرىدەپ قىلىنغان قىزغىن مۇنازىرىلەرنىڭ نەتىجىسىگە ئۇلاشتۇرىدۇ. نوپۇس تەكشۈرگۈچىلەر ئۆزبېكىستاندا 31941 ئۇيغۇر ۋە 4421 قەشقەرلىكنى تىزىمغا ئالغان. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى مىگىلىغان قەشقەرلىك كۆچمەنلەر ئۆزبېك دەپ تىزىملىنىپ كەتكەن، بىراق ئۆزىنى ئۆزبېك دېمىگەنلەر ئىچىدە (بۇلارنىڭ كۆپى ختاي پۇقرالىقىدا بولۇشى مۇمكىن) ئۇيغۇر كىملىكىدە چىڭ تۇرغانلار خېلى كۆرۈنەرلىك بولغان. پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيىتى ئەڭ ئاجىز بولغان قىرغىز ئاپتونوم

ئۆلكىسىدە پەقەت 73 كىشىلا ئۇيغۇر دەپ تىزىمغا ئېلىنغان ، ئەكسىچە 7467 كىشى قەشقەرلىك دەپ تىزىملانغان. قازاقىستاندا 10510 كىشى ئۇيغۇر دەپ تىزىملانغان بولۇپ ، 51803 كىشى تارانچى دەپ خەتلەنگەن. يەنە 8455 كىشى تۇڭگان ، 1121 كىشى قەشقەرلىك دەپ خەتلەنگەن. يۇقىرىقى ئۈچ گۇرۇپپىدا پەقەت 15% كىشى ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ تىزىمغا ئالدۇرغان بولۇپ ، تارانچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى يەنىلا ئۆزىنى تارانچى دەپ قارىغان. دېمەك ، قادىر ھاجى گەرچە 19-ئەسىردە كەلگەن قەشقەرلىك كۆچمەنلەرگە (كونا ئۇيغۇرلار) تەسىر قىلالمىغان بولسىمۇ پەرغانە ۋادىسىنى سوۋېت تۈركىستانىدىكى ئەڭ كۆپ ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانى قىلىشتا غەلىبە قىلغان.

ئەمەلىيەتتە سوۋېتتا ئۇيغۇرلارنىڭ رەسمىي بىر مىللەت بولۇپ تىزىملىنىشى بىلەن ئاشۇنداق بىر ئۇيغۇر مىللىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش پەرقلىق ئىدى. پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارغا تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە بېرىشنىڭ ئېھتىماللىقى تۆۋەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەنجان ئەتراپىدا بىر قانچە سوۋېت يېزىلىرىلا بار ئىدى. ئۇيغۇر ئورگانلىرىغا مەبلەغ ئاجرىتىشتا يەنىلا يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئېغىزىغا قارىلاتتى. 1926-يىلدىكى تەكشۈرۈشتە پەرغانە ۋادىسىدىكى يەتتە ئۇيغۇر مەكتەپتە جەمئىي 300ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى بار بولۇپ ، دەرسلىك كىتابلار ۋە ئوقۇتۇش تىلى ئۆزبېك مەكتەپلىرىدىن پەرقسىز ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. دوكلاتتا: «بۇ مەكتەپلەر ئۇيغۇرچە مەكتەپ ئەمەس ، بەلكى مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە مەركىزى بولۇپ قېلىپتۇ. بۇ بىزنىڭ ھەممىگە مەلۇم بولغان مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش شوئارىمىزغا قارشى ئىكەن» دەپ ئىزاھلانغان. دوكلاتتا بۇ بىر مەسىلە دەپ قارالغان بولۇپ: «مېنىڭچە بىز ئۇيغۇرلارغا خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئىنقىلابى ئەھمىيىتى ئەڭ چوڭ بولغان بىر مىللەت سۈپىتىدە ئەڭ كۈچلۈك ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.» دېيىلگەن. ئەمما يەرلىك ئەمەلدارلار ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنا ئۆزبېكلەر بىلەن ئايرىلىشىپ كەتكىنىدىن مەمنۇن ئىدى. «تۈركىستان» نىڭ تەھرىرلىرى 1924-يىلى قۇرۇلغان قاراقولدىكى بىر ئۇيغۇر-ئۆزبەك مەكتىپىنى ئالقىشلىغان بولۇپ: « ئۇيغۇر بىلەن ئۆزبېكنىڭ مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە ھەمكارلىششى ئارزۇلاشقا تېگىشلىك بىر ئىش ،

چۈنكى بۇ ئىككى مىللەتنىڭ تارىخى ۋە تىلى بىر-بىرىگە بەكمۇ يېقىن» دەپ يېزىشقان. قىرغىز ئاپتونوم ئۆلكىسىدىكى بىر ئەمەلدار ئۇيغۇر ئازسانلىق مىللىتى ئارىسىدا خىزمەتلەرنىڭ راۋان بولۇۋاتقانلىقى، چۈنكى «بۇ مىللەت بولۇپمۇ ئوش رايونىدا ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ۋە مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ ئۆزبېكلىشىپ كەتكەن، نەتىجىدە خىزمەتتە كۆپىنچە ئۆزبېكلەرر بىلەن بىرلىكتە» ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.



ياركەنتتىكى قوشچىلار ئىتتىپاقىنىڭ 1-ماي ئەمگەكچىلەر بايرىمى يىغىلىشى. 1927-يىلى.

بۇنداق كەيپىيات ئۆزبېك كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەتراپتىكى تۈرك خەلقلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيتتى. 1928-يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پارتىيەلىك زىيالىيلار ئارىسىدىكى ئۆزبېك مىللەتچىلىكى ھەققىدە تەكشۈرۈش بولۇپ ئۆتكەن. بۇنىڭدا ئۆزبېك دۆلەتلىك

نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇرچە دەرسلىك كىتابلارنى «ئۇيغۇرلار دېگەن ئۆزبېك» دەپ نەشر قىلىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان. ئەمما قادىر ھاجى بۇنداق ئۆزبېك مىللەتچىلىكىگە قارشى چىقمىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. 1927-يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ تىزىمغا ئالدۇرغان كىشىلەرنىڭ ئاران ئۈچتە بىرى ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى ئۇيغۇرچە دېگەن، قالغان ئۈچتە ئىككىسى ئانا تىلىنى ئۆزبېكچە دەپ خەتلەتكەن. گەرچە قادىرھاجى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ستالىنىنىڭ مىللەت نەزەرىيەسىنى يادا بىلىدىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇرلار خىتاي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان تۈرك مىللىتىنىڭ كوممۇنىستچە ئاتىلىشى ئىدى. بۇ ئىدىيە بىلەن ئۆزبېكلەر رۇسىيە تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان تۈرك مىللەت دېگەن پىكىر بىردەك ئىدى. ئۇ چاغلاردا مەيلى ئۇيغۇرلار ياكى ئۆزبېكلەر بولسۇن تارىخى ۋە مەدەنيي جەھەتتە باغلىنىشلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا يۇقىرى مەدەنىيىتىنىڭ ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىنىڭ ۋارىسلىرى دەپ قارايتتى. بولۇپمۇ قەشقەرلىكلەرگە نىسبەتەن ئۇيغۇرلار ئۆزىنى ئۆزبېكتىن مەدەنىيەت جەھەتتە ئايرىشى لازىم دەيدىغان بۇ قاراش ئانچە بەك گەۋدىلىك ئەمەس ئىدى. بۇ خىل قاراش كېيىنكى يىللاردا مۇنازىرىگە سەۋەب بولغان ئىدى.

## ئۇيغۇرپەرۋەرلىكتىن ئۇيغۇرلۇققا

1920-يىللارنىڭ باشلىرىدا نۇرغۇن ھادىسىلەر يۈز بەردى. بۇ ۋاقىتتىكى سىياسىي كۆرەشلەردىكى ئىستراتېگىيەلىك قارارلار كەلگۈسىدىكى ئىشلارغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. شىنجاڭدىن كەلگەن مۇسۇلمانلارنى 1921-يىلى بىلەت تاشلاپ ئۇيغۇر نامىنى ئورتاق مىللىي نام قىلىپ بېكىتتى، دېگەن قاراش توغرا ئەمەس، ئەمما 1926-يىلىغا كەلگەندە ئۇيغۇر مىللىتى توغرىلىق سخېما ئەمەلىيەتكە ئايلاندى. ئۇنداقتا 1921-يىلى تاشكەنتتە نېمە ئىش بولغان ئىدى؟ مەن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بۇ ئالمۇتادىكى بىر تۈركۈم تارانچى كوممۇنىستلارنىڭ خىتاي يۇقراسى بولغانلارغا نىسبەتەن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەشكىللەش خىزمەتلىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇرۇنۇشى بولۇپ، بۇنىڭدا ئاۋۋال قەشقەرلىك (بارلىق شەرقى تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار- تەرجىماندىن) گۇرۇپپىلاردا تەشكىللەش ئېلىپ بېرىلغان بولسا، كېيىنچە ختاي ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى تۈركىستانغا تارقىتىش خىزمىتى بولغان. رۇسىيەدىكى ختاي پۇقرالىرى بولغان كىشىلەرنى بىر يەككە ئورگانغا ئۇيۇشتۇرۇش ئالمۇتا تارانچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرپەرۋەرلىك پىلانىنى كەڭ سىياسىي ئاساسقا ئىگە قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ھېچ بىرى ئۇيغۇرلارنى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بىر مىللەتنى تەشكىل قىلىدۇ، دەپ قارىمىغان. شۇندىن كېيىن سوۋېتنىڭ سىياستىدە بۇرۇلۇش ۋە ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ قادىر ھاجى بىلەن ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ ئۇيغۇرلارنى بىر ئايرىم مىللەت دەپ جاكارلىشىغا توغرا كەلدى. ئەمما بۇ ئىككىيلەننىڭ ئۇيغۇرنىڭ تەركىبى ھەققىدە ئويلىغانلىرى پەرقلىق ئىدى. روزىباقىيېۋ تارانچى ۋە قەشقەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر دەپ قارىسا قادىر ھاجى پەقەت ئالتە شەھەر ۋە جۇڭغارىيەلىك (يەنى قەشقەرىيەلىك) ختاي پۇقرالىرىنى ئۇيغۇر دېيىش تەرەپدارى ئىدى.

گەرچە بۇ مەسىلە سوۋېتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى سىياسىتى مىللەتلەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن شارائىت ياراتقان دېگەن قاراشنى قوللىسىمۇ 1926-يىلدىكى نوپۇس ئېنىقلاش بۇرۇنقى مەۋجۇت بولغان جامائەتلەرنىڭ ھاياتى كۈچىنى كۆرسىتىپ بەردى. نوپۇس ئېنىقلاش نەتىجىلىرىدىن شۇنى خۇلاسىلەشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرپەرۋەرلەرنىڭ چارپادىشاھ دەۋرىدە شەكىللەنگەن جامائەتتىكى باغلىنىشنى بۇزۇپ ياكى يېڭىدىن مىللىي چېگرالارنى بەرپا قىلىشى مۇشكۇل ئىدى. رۇسىيە تەۋەسىگە ماكانلاشقان قەشقەرلىكلەر ئاخىرىدا بىللە ياشىغان ئۆزبېكلەرنىڭ ئارىسىدا سارت دېيىلىپ شۇلار بىلەن بىر كاتېگورىيەگە تىزىملاندى. يەتتەسۇدا يەرلەشكەن تارانچىلار چارپادىشاھ زامانىدا قانۇنى ھالدا ئايرىم بىر مىللەت دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بولۇپ، سوۋېت دەۋرىدىمۇ ئاساسەن مۇشۇ تارانچى دېگەن نامدا ئاتالدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئېتنىك كىملىك ئەمەس، بەلكى پۇقرالىق- ئايرىم بىر ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن ئەڭ كۈچلۈك ئاساس يارىتىپ بەردى. بۇنىڭدا ختاي پۇقرالىقىدىكى قەشقەرلىكلەرنى ئۇيغۇر نامىغا جەملەشتە قادىر ھاجىنىڭ ئاسانراق نەتىجە قازانغانلىقى مەسىلە بولالايدۇ. شۇ چاغدا قادىر ھاجى ھېچ

بولمىغاندا ئۆز پىلانىدىكى ئۇيغۇر دېگەن مىللەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ھەققىدە بەزى ئىسپاتقا ئىگە ئىدى. روزىباقىيېۋ ئەكسىچە ئۆز داۋاسىنى توغرىغا چىقىرىش يولىدا تىرىشىشقا مەجبۇر ئىدى. 1925-يىلى ئۇ موسكۋاغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەندە: «قەشقەرلىكلەر بىلەن تارانچىلارنىڭ مەيلى ئىقتىسادى تۇرمۇش ياكى كۈندىلىك تۇرمۇشتا بولسۇن ، ياكى ئىشلىتىدىغان تىلى ۋە ياكى تارىخى بولسۇن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ھېچقانداق بىر ئالاھىدىلىكى يوق. ئۇنىڭدىن باشقا تارانچىلار ۋە قەشقەرلىكلەر تۇتاش بىر تېررىتورىيەدە ياشايدۇ ، ھەممىسى خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى ئوخشاش بىر ئۆلكىدە. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ بىر مىللەت ئىكەنلىكىگە يەنە قانداق ئىسپاتقا ھاجەت بار ئىكەن ؟» دەپ يازغان.

ئىچكى ئىختىلاپ ۋە تاشقى بېسىم سەۋەبىدىن ، مىللەتلەرنى ئايرىش سىياسىتىنىڭ نائېنىق ھالەتتىكى بۇ خىل نەتىجىسىنى پەقەت ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەيدانغا چىقىشىنىڭ بىر باشلىنىشى ، ئەمما ئاخىرلىششى ئەمەس دېگىلى بولاتتى. چىگرىنىڭ سوۋېت تەرىپىدە مىللەت شەكىللىنىش جەريانى ستالىنچە مىللەتلەر سىياستى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ ، ئەمدى بۇ نەزەرىيە ئارقىلىق بەرپا قىلىنغان سۆڭەككە پەقەت گۆش قوندۇرۇشلا قالغان ئىدى. كىنايىلىك يېرى شۇكى ، ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ تىزىملاتقانلار يېڭىچە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بەرپا قىلىشقا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتى. ئەكسىچە ، يەتتە سۇدىكى تارانچىلار ۋە ئۇلارنىڭ تاتار سەپداشلىرى بۇ ئىشتا ئاۋانگارتلىق رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىتاي تەرەپتە يېڭى خىرىس مەيدانغا كەلمەكتە ئىدى ؛ بولشېۋىكلەرنىڭ نەزىرى بارغانچە قەشقەر ۋە خىتايغا تىكىلمەكتە ئىدى ھەمدە قەشقەرگە بارىدىغان يول ئېچىلغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## يەتتىنچى باب.

## خىتايدىكى ئىنقىلاب ۋە ستالىن ئىنقىلابى ئارىسىدا

1924-يىلى مايدا ، يەنى قادىر ھاجى قەشقەر ۋەكىللىرىنى باشلاپ تاشكەنتتىكى يىغىندىن چىقىپ كەتكەن دەل شۇ ئايدا لېۋ كاراخان بىلەن ۋېللىڭتون كۇ سوۋېت-خىتاي ئۆز-ئارا ئېتىراپ قىلىش شەرتنامىسىنى تۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن سوۋېتلار دۈشمەن جاھانگىر كۈچلەرنىڭ ئالدىدا خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشتا ئاۋانگارتقا ئايلاندى ، نەتىجىدە سوۋېتنىڭ شىنجاڭغا بولغان سىياسىتى تېخىمۇ تارىيىشقا قاراپ يۈزلەندى. قادىر ھاجى باشچىلىقىدىكى ئالتە شەھەر ۋە جۇڭغارىيە كوممۇنىستلىرىنىڭ ئالمۇتا شۆبىسىدە ئېچىلغان بىر يىغىنىدا بۇرۇن خىتاي ئىشلىرىغا قول تىقىشقا تەييار تۇرغان پائالىيەتچىلەر ئەمدى قارار ماقۇللاپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «خىتاينىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق» سىياسىتىنى قوللىدى ۋە گومىنداڭنىڭ رەھبىرى سۇن جۇڭسەنگە تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى. ئەمما خىتاي-سوۋېت دوستلۇقى بۇ شىنجاڭلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ، بولۇپمۇ خىتاي پۇقرالىقىدا تۇرۇۋاتقانلار ئۈچۈن پۈتۈنلەي بىر زەربىمۇ ئەمەس ئىدى. چۈنكى ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنى بېيجىڭدىن مۇستەقىل باشقۇرۇۋاتاتتى ، گومىنداڭنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمايتتى ، گومىنداڭ مىڭلارچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى گۇاڭدۇڭنى بېسىپ ياتاتتى. خىتاينىڭ شىمالىدىكى مىلىتارىستلار ۋە جەنۇبىدىكى مىللەتچىلەر (يەنى گومىنداڭچىلار) نىڭ سوۋېتلار بىلەن ھەمكارلىششتىن ئاساسلىق مەقسىتى دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭدىن قوغلاش ئىدى. شۇ سەۋەبتىن سوۋېت خىتاي دوستلۇقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا چېگرالار ئارا مۇناسىۋەتنى مۇقىملاشتۇرۇش تۈگۈل ، شىنجاڭدا تېخىمۇ ئېغىر مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى.

1924-يىلدىن 1927-يىلغىچە كوممۇنىستلار رەھبەرلىك قىلغان شاڭخەيدىكى ئىشچىلار ئىسيانى ۋە جاڭ جېشىنىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىشى خىتاينى سوۋېتتىكى دۇنياۋى ئىنقىلاب

ئىستراتېگىيەسى مۇزاكىرىسىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇردى. ياكى گومىنداڭ بىلەن بىرلىشىش ۋە ياكى مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق قەشقەرلىكلەر خىتايدىكى ئىنقىلاب قىزغىنلىقىدىن پايدىلىنىشتا ئۆزلىرىنىڭ بىرەر رول ئوينىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ، 1927-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇلار سوۋېتنىكى برىتانىيەگە قارشى كۈچلەرنىڭ ۋە يەرلىك مۇسۇلمان ئىسيانچىلاردىن قورققۇچىلارنىڭ نازارىتىگە ئېلىنىپلا قالماي ستالىننىڭ خىتايدىكى سىياسىتىنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە جاڭ جېشىنىڭ كوممۇنىستلارغا قارشى مەيدانىغا ئۆتكەن بىر ۋەزىيەتكىمۇ دۇچ كەلدى. ئاسىيادا جاھانگىرلىككە قارشى غەلىبىلىك ۋەزىيەت چۆكۈپ ، پارتىيە ئىچىدىكى توقۇنۇش كۈچىيىشكە ئەگىشىپ ، ستالىن نىسپىي ئەركىن ئىقتىسادى سىياسەتتىن كوللېكتىپلاشتۇرۇش ۋە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئىقتىسادى پىلان يۈرگۈزۈشنى نىشان قىلغان يېڭى ئىقتىسادى سىياسەتكە بۇرۇلدى. ئوتتۇرا ئاسىياغا ستالىنچە سوتسىيالىزمنىڭ كىرىپ كېلىشى دىنغا قارشى ۋە جەدىتچىلىككە قارشى تۈس ئالدى ، ھەمدە مىللىي كىملىكلەر ھەققىدىكى مۇنازىرىلەر تېخىمۇ كۈچەيدى. مانا بۇ خىل داۋالغۇشلۇق مۇھىتتا يەتتەسۇ كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنى مەدەنىيەت جەھەتتە قۇرۇپ چىقىشقا يېتەكچىلىك قىلدى.

## سوۋېت كۆلەڭگىسىدىكى شەرقىي تۈركىستان

1920-يىللارنىڭ باشلىرىدىكى سوۋېت تۈركىستانىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا يۈز بەرگەن ئاچارچىلىق شىنجاڭ بىلەن بولغان چېگرا سودىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. گەرچە 1920-يىلى ئىلى ۋادىسى ئېچىۋېتىلگەن بولسىمۇ سودىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە ماللارنىڭ يۆتكىلىشى ئاستا بولدى. سوۋېت پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى دوكلاتلار دەسلەپكى چېكىنىشلەردىن دېرەك بېرەتتى. مىللەتلەر خەلق كومىسسارلىقى: «تاشقى سودا مىنىستىرلىقى خادىملىرى ئەركىن بازار تىجارىتىگە پەقەت ماسلىشالمىدى» دەپ يازغان. ئەمەلىيەتتە ئىلىدىكى ئەھۋال شەرقچە بىر ئەركىن بازارغا زادىلا ئوخشىمايتتى. خىتاي تەرەپتە پەقەت ئەمەلدارلار ۋە ئاخۇنبايېۋ ۋە مۇسابايېۋلارغا ئوخشاش باي مونوپولچىلارنىڭلا سوۋېت بىلەن سودا قىلىشىغا ئىجازەت بېرىلگەن. بۇ يەردىكى ئەمەلىي

مەسىلە پۇلنىڭ بىرلىكى ئىدى. كۆن — خۇرۇم سودىگىرى ھەسەن باباشېف بىلەن بىرىنچى قېتىم تۈزۈلگەن توختامدا يەتتە سۇ ئەمەلدارلىرى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تارقاتقان چار پادىشاھنىڭ ئىناۋەتلىك قەرز ۋە بانكا تالونلىرى بىلەن تۆلەشنى ۋەدە قىلغان. بۇ بانكا چەكلىرىنىڭ قىممىتى 1922-يىلى شىددەت بىلەن چۈشۈپ كەتكەندە ئۇلار باباشېفنىڭ قايتا كېلىشىم قىلىش تەلىپىنى رەت قىلغان. ئىككىنچى قېتىملىق يۇڭ توختامدا ئىلى پۇلىنى ئىشلىتىشكە كېلىشىلگەن. مۇشۇنداق مۇرەككەپلىكلەر ئىچىدە سوۋېت بىلەن سودا قىلىش تەۋەككۈلچىلىك ئىدى. سودىنىڭ مىقدارىمۇ ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى سەۋىيەدىن خېلىلا تۆۋەن ھالەتتە تۇرۇۋاتاتتى. 1923-يىلى پۈتكەن سودا 701000 رۇبلى بولۇپ 1913-يىلدىكى ئىككى يېرىم مىليون رۇبلىغا قارىغاندا كۆپ ئاز ئىدى.

شۇ ۋاقىتتىكى ئانالىزچىلارنىڭ قارىشىچە ، شىنجاڭ چېگراسىنىڭ قايتا ئېچىلىشى سوۋېت تۈركىستانىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا نېگىزلىك رولدا ئىدى. ئۇلار شۇنى بىلەتتىكى ، شىنجاڭنى مەنبە قىلغان ئاشلىق ۋە خام ماتېرىياللار بولمىسا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادى تەرەققىيات پىلانى ، بولۇپمۇ پاختا كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى كەسكىن توسالغۇغا ئۇچرايتتى. ئۇلار يەنە شۇنىمۇ بىلەتتىكى ، ئالدىنقى يىللاردا ئۇلار بۇ يەردىكى سودىنى چەتئەل رىقابەتچىلىرىگە تارتتۇرۇپ قويغان ئىدى. ياۋروپا ۋە ئامېرىكا شىركەتلىرىدىن بەكرەك ھەزەر ئەيلىنەتتى ، ئىراق بىر ئافغانىستان تىجارەت ۋەكىلىنىڭ 1923-يىلى يەكەنگە كېلىشى رىقابەتنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى. ئۇلار يەنە خىتاينىڭ شەرق بىلەن بولغان قاتناش لىنىيەسىنى راۋاجلاندۇرىۋاتقانلىقىدىنمۇ ئەنسىرەيتتى. قۇمۇلدا قۇرۇلۇش پىلانلانغان مۇزلىتىش ئەسلىھەلىرى ھەققىدە باھا بەرگەن سوۋېت شەرقشۇناسى ئافاناسېۋ-كازانىسكى: «پەرغانە ۋادىسىدىكى كېۋەز تېرىقچىلىقى شىنجاڭنىڭ مال-چارۋىسىز تەرەققىي قىلمايدۇ. خىتايدىكى پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ مال-چارۋىلار شەرققە بېرىشى كېرەك ، پەرغانىدىكى سارتلار (يەنى ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇرلار — تەرجىماندىن) گۆشسىز قېلىپ مال-چارۋىلىرىنى پاختا ئېتىزلىرىدا ئوتلىتىدۇ ھەمدە ئۇ يەردە كېۋەزنىڭ ئورنىغا بۇغداي تېرىيدۇ» دەپ يازغان.

تىرىشىشلار نەتىجىسىدە ئەركەشتامدىن قەشقەرگە بارىدىغان يول ئېچىلدى ، ئەمما 1924-يىلى خىتاينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئېتىراپ قىلىشى ھەقىقىي بۆسۈش بولۇپ ، شىنجاڭدىكى سودىنىڭ تولۇق ئەسلىگە كېلىشى ۋە كونسۇل ئەۋەتىشلەرگە يول ئاچتى. ياڭ زېڭشىن بۇ سەۋەبلىك ئۆلكىدە مۇقىمسىزلىق بولۇشىدىن ئەنسىرىسىمۇ سوۋېت تۈركىستانىدا خىتاي دىپلوماتىيەسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنەتتى. 1924-يىلى ئۆكتەبىردە سوۋېتلار ئىتتىپاقى گىراژدانلىق ھوقۇقى ھەققىدە قارار ماقۇللاپ چېگراسىدا ياشاۋاتقان چەتئەللىكلەر ئەگەر چەتئەل گىراژدانلىقى ھەققىدىكى قانۇنلۇق كىملىكنى كۆرسىتەلمىسە سوۋېت پۇقراسى دەپ قارىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. ياڭ زېڭشىن سوۋېت تەۋەسىدە ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان خىتاي پۇقرالىرىنىڭ شىنجاڭغا قايتىش يولىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش سىياسىتىگە بوي سۇندى. 1925-يىلى شىنجاڭدىكى سابىق چاررۇسىيە كونسۇللىرى سوۋېت كونسۇللىرى بولۇپ قايتا ئېچىلغان ، موسكۋامۇ بەش خىتاي كونسۇلىنىڭ تۈركىستاندا تۇرۇشىغا يول قويغان. بۇ كونسۇللار نامدا بېيجىڭدىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىن بەلگىلەنسىمۇ ئەمەلدە ھوقۇق ياڭ زېڭشىنىنىڭ قولىدا ئىدى. 1926-يىلى يانۋاردا ياڭ زېڭشىن خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى جاڭ شاۋبونى تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق كونسۇل قىلىپ بېكىتكەن. ئەنجاندىكى كونسۇل چېن دېلى ئەسلى جەنۇبى شىنجاڭدىكى بىر ناھىيەنىڭ مەمۇرى ئەمەلدارى بولۇپ ، ئۇ تەرجىمانلىققا ئىيسا يۇسۇپ دېگەن بىر كىشىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن (بۇ كىشى كېيىن ئىيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن بولۇپ تونۇلغان). ياڭ يەنە جەمەتچىلىك قىلىپ زايىسانغا ئۆز ئوغلىنى ، شەمەيگە ئوغلىنىڭ قېيناتىسى لىيۇ چاڭبىڭنى كونسۇل قىلىپ ئەۋەتكەن. شىبە ئەمەلدارى ئۇجالا ساراكۇن ( 1885-1960) ئالمۇتاغا ئەۋەتىلگەن. ئۇ ئالمۇتادا 20 يىل ئىلگىرى رۇسچە ئۆگىنىپ قايتىپ كەلگەن بولۇپ ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى چەتئەلدە ئوقۇتۇش پروگراممىسىدىن پايدىلانغانلارنىڭ بىرى ئىدى.

قەشقەرگە 1925-يىلى تەيىنلىنىپ يېتىپ كەلگەن سوۋېت كونسۇلى ماكس دۇمپىس بۇرۇن ئىران ۋە ئافغانىستاندا خىزمەت قىلغان ئىدى. مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتىكى بىر كىشىنىڭ ئەۋەتىلىشى سوۋېتنىڭ شىنجاڭنى يەنىلا خىتاينىڭ ئەمەس ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئۇنىڭ دوكلاتلىرىدىن قارىغاندا دۇمپىسنىڭ دىققىتى دەسلەپتە يەرلىك مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە قارىتىلغان. ئۇ يەردە ئۇ ئىلغار ئۆلىمالار بىلەن دوستلاشقان. ئۇ قەشقەرگە كونسۇل خادىملىرىدىن باشقا يەنە بىر تۈركۈم سوۋېت ۋەكىللىرىنى ئېلىپ كەلگەن. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تىجارەت ئورگانلىرىنىڭ، مەسىلەن، كېۋەز باش كومىتېتىغا ئوخشاش شىنجاڭنىڭ پاختىسىنى سوۋېتقا چىقىرىدىغان ئورگانلارنىڭ ۋەكىللەرمۇ بار ئىدى. شۇنداقلا سوۋېت دۆلەتلىك پاراخوت قاتناش ئورگىنىنىڭ ئادەملىرىمۇ بار بولۇپ ئۇلارنىڭ مەقسىتى شىنجاڭلىق مۇسۇلمانلارنى رۇسىيە يولى ئارقىلىق مەككە ۋە مەدىنىگە بېرىشقا جەلپ قىلىش ئىدى.

دۇمپىسنىڭ دەسلەپكى ۋەزىپىلىرىدىن بىرى شىنجاڭدىكى چار پادىشاھ پۇقرالىرىنى سوۋېت پۇقرالىرى دەپ تىزىملاش بولدى. 1920-يىلدىن 1925 -يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭدىكى بۇ رۇسىيە مۇھاجىرلىرى كونسۇل تەرىپىدىن قوغداشتىن مەھرۇم قالغان ئىدى. خىتاي ئەمەلدارلىرى نۇرغۇن قېتىم ئۇلارنى خىتاي پۇقراسى بولۇشقا ئۈندىگەن ئىدى. دۇمپىس شىنجاڭدىكى سوۋېت پۇقرالىقىنى تەلەپ قىلغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەسلى رۇسىيە تۈركىستانىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر بولماستىن بەلكى ئىقتىسادى مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن بۇرۇن چار رۇسىيەنىڭ رەسمىيەتلەرگە ئېرىشكەن يەرلىك ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇ موسكۋاغا سۇنغان دوكلاتىدا: «قاچانلا بولمىسۇن يېڭى بىر ئاقساقال بىر يەرگە تەيىنلەنسە ئۇنىڭ ئەتراپىدا دەسلەپتە ئىككى ياكى ئۈچ رۇس پۇقراسى بولىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي ئاقساقاللار بۇ سانىنى ئوتتۇز-قىرىق رۇس پۇقراسى بار دەپ يوللايدۇ» دەپ يازغان. دۇمپىسنىڭ تۇتقان يولى بۇرۇنقى چار پادىشاھ كونسۇللىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى، چۈنكى ئۇ: «بىز پۈتۈنلەي سىياسىي سەۋەب بىلەن ئۇلارنى سوۋېت پۇقراسى دەپ ئېتىراپ قىلىشىمىز زۆرۈر، ئۇنداق قىلمىساق سوۋېت ئىتتىپاقى

چېگراسىدىكى خېلى كۆپ مۇسۇلمان ئاممىسىنى نارازى قىلىپ قويىمىز، ئۇنداقتا غەلىبە برىتانىيەنىڭ بولىدۇ» دېگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە يەنە يېڭى بىر تۈركۈم سوۋېت ئاقساقاللىرىمۇ زۆرۈر بولۇپ، بۇلار سوۋېت پۇقرالىرىنى تىزىملاش، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە شىنجاڭ توغرىلىق ئىقتىسادى ۋە ئېتنوگرافىك دوكلاتلارنى تەمىنلەش قاتارلىق ئىشلارنى بېجىرەتتى.

1924-يىلى سوۋېت تاشقى سودا خەلق كومىسسارىياتى ئاسىيادىكى كاپىتالىستلارغا قارىتا بىر يۈرۈش سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىققان بولۇپ، سوۋېتنىڭ نەزىرىدە بۇلار مۇستەملىكە دۇنياسىدا ئىجابىي ئوبراز يارىتىشنىڭ ۋاستىسى ئىدى، شۇڭا ئۇلارغا ئېتىبارلىق تاموژنا سىياسىتى يۈرگۈزۈلگەن. بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئىچىدە خىتاينىڭ غەربىدىن تۈرلۈك خام-ماتېرىياللارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەركىن ئىمپورت قىلىشمۇ بار ئىدى. نەتىجىدە شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى تەدرىجىي ھالدا سوۋېتتىكى يىللىق يەرمەنكىلەرگە ئىنقىلابتىن بۇرۇنقىدەكلا ئىشتىراك قىلىدىغان بولغان. 1918-يىلدىكى نىژنى-نوۋگورود يەرمەنكىسى ئېچىشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن 1922-يىلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قايتا ئېچىلغان، چۈنكى يېڭى ئىقتىسادى سىياسەت خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئۈستىدىكى چەكلىمىلەرنى بىكار قىلغان. 1925-يىلى شىنجاڭ شىركەتلىرى نىژنى-نوۋگورودقا قايتىپ كەلگەن، شۇ چاغدا ئۇلار ئون بىر كىشى ئىدى. يەرمەنكىدە كۆرگەنلىرى ئۇلارنى مەمنۇن قىلغانلىقى ئۈچۈن 1926-يىلى ئۇلارنىڭ سانى 77 گە كۆپەيگەن. 1928-يىلغا كەلگەندە نىژنى-نوۋگورودقا بۇرۇنقى كېلىشىمدىكى سودا پورتلىرى بولغان غۇلجا ۋە تارباغاتايدىنلا ئەمەس شىنجاڭنىڭ كورلا ۋە قۇمۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە شەھەرلىرىدىن تىجارەتچىلەر كەلگەن. شىنجاڭغا يېقىن بولغان تۈنجى يەرمەنكە 1923-يىلى قارقارا بازىرىدا ئېچىلغان بولۇپ، 1925-يىلغا كەلگەندە ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى ھالەتتىن ئېشىپ كەتكەن.

يېڭى ئىقتىسادى سىياسەت سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىنقىلابتىن بۇرۇنقىدەك بەزى تەرەپلەردە گۈللىنىشنى بارلىققا كەلتۈرگەن، شىنجاڭدا بولسا ۋەزىيەتتە چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن. سوۋېت سودا ئورگانلىرى سوۋېت ماللىرىنى ئېكسپورت قىلىش ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىشنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىپ، ئەنجانلىقلارنىڭ ئۆزۈندىن بۇيانقى مونوپوللۇقىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خاتىمە بەرگەن. بۇ يېڭى ئۇسۇلغا بەزىلەر قارشى چىققان، بولۇپمۇ سوۋېت تىجارەت ئورگانلىرى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا قىيىنچىلىقلارغا يولۇققان. مەسىلەن، سوۋېت بانكىسى پاختا سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن كۈمۈشلەر تۇتۇپ قېلىنغان. دۇمپىس خىتاي ئەمەلدارلىرىنى تەنقىد قىلىسمۇ ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆمەر ئاخۇنبايېۋ ئەڭ كۈچلۈك توسالغۇ ئىدى، چۈنكى ئۇ يەنىلا قەشقەردىكى ئەڭ باي كىشى ئىدى. يېڭى ئەسىردىكى خىتاي-سوۋېت دوستلۇقىنىڭ پۇرسىتىگە جاۋابەن ئاخۇنبايېۋ 1926-يىلىنىڭ بېشىدا شىركىتىنى «قەشقەر سودا-سانائەت ئىمپورت ۋە ئېكسپورت شىركىتى» دەپ قايتا تەشكىللەپ ئەڭ يىراق بولغان موسكۋادىمۇ ۋەكىل تۇرغۇزغان. ئاخۇنبايېۋ قەشقەردىكى ئېكسپورت تىجارىتىنى مونوپول قىلىپلا قالماي يەرلىك تاموژنىنىمۇ كونترول قىلغان (ئۇ 1911-1912-يىلدىكى ئىنقىلابتىن بۇرۇندىن تارتىپ شۇنداق قىلغان ئىدى).

دۇمپىس ئاخۇنبايېۋقا زەربە بېرىشنىڭ بىر پىلانىنى تۈزگەن بولۇپ، ئاخۇنبايېۋنىڭ ئېكسپورتىغا ئاخۇنبايېۋ بويسۇنغىچە ئېمبارگو يۈرگۈزمەكچى بولغان. بۇ 1926-يىلىنىڭ باشلىرىدىكى خىتاي پۇقرالىرىنىڭ مال-چارۋا ۋە تېرە ئېكسپورتىغا چەك قويۇلۇشىنىڭ سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ياڭ زېڭشىن بىلەن يېڭى باسقۇچلۇق سۆھبەت ئۆتكۈزۈلگەن. دۇمپىسنىڭ ئىككىنچى ئىستراتېگىيەسى كىچىك تىجارەتچىلەر قاتلىمىنى ئاخۇنبايېۋنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىشقا كۈشكۈرتۈش بولغان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئەنجاندىكى خىتاي ئەلچىخانىسىدا تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەن ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ ئېيتىشىچە، سوۋېت خادىملىرى دېھقان ۋە چارۋىچىلاردىن سوۋېتقا ئېكسپورت قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنى بىۋاستە تۆۋەن باھادا سېتىۋالغان. ئۇلار يەنە يەرلىكلەرنىڭ سوۋېت ماللىرىنى ئۆز كارۋانلىرى ئارقىلىق بىۋاستە ئىمپورت قىلىشىنى ھەق بىلەن تەمىنلىگەن ھەمدە بۇ ماللارنى ساتىدىغان قەشقەر بازارلىرىدىكى يەرلىك دۇكانلارغا تولۇقلىما پۇل بەرگەن. ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن شۇ چاغلارنى ئەسلەپ: «ئۇ چاغدا بىر ئادەمنىڭ بۈگۈنى پۇل ئالماشتۇرىدىغان بازاردىن ۋاز كېچىپ ئەتىسى بىر دۇكان ئېچىپ تىجارەت قىلىشى كۆپ ئۇچرايتتى» دېگەن. سوۋېتتىن ئىمپورت قىلىنىدىغان يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە سودىدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ بولشېۋىكلەرنىڭ پايدىسىغا

قاراپ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇلار يەرلىككە تەسىر كۆرسىتىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى تېپىۋالغان. برىتانىيەلىكلەرنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا سوۋېتلىكلەرنىڭ ئۇسۇللىرىدىن بىرى ئاۋۋال نۇرغۇن مالنى توپ ئالىدىغانلارغا سېتىپ بىر قانچە ئايدىن كېيىن يەنە شۇ مەھسۇلاتنى توپ باھاسىدىن ئەرزان سېتىپ تىجارەتچىلەرنى ۋەيران قىلىش ئىدى.

1925-يىلى شىنجاڭ چېگراسىنىڭ قايتا ئېچىلىشى يېڭى بىر تۈركۈم ئىشلەمچىلەرنىڭ سوۋېتقا ئېقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. خۇددى جاستىن جاكوبز مۇلاھىزە قىلغاندەك، ياڭ زېڭشىن مىگلىغان قەشقەرلىكلەرنىڭ يازنى سوۋېت تۇپراقلىرىدا ئۆتكۈزۈشى نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ كوممۇنىزم ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ياڭ زېڭشىن: «ئەگەر مەن بۇگۈن شىنجاڭلىق چەنتۇلارنى ھېچ بىر چەكلىمىسىز سوۋېتتا ئىشلەشكە يول قويسام بۇگۈنكى ئون مىڭ پەسىللىك ئىشلەمچى، ئەتىسى قۇتراتقۇلاردىن بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ»-دېگەن. ھەقىقەتەن، بۇ ئىشلەمچىلەر سوۋېتتىكى چېغىدا ئۇلارنىڭ سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بەزى ئىشلار ئېلىپ بېرىلغان. ئاتالمىش قىزىل چايخانىلار شىنجاڭدىن كېلىدىغان ئىشلەمچىلەر ئۆتىدىغان يوللارغا، بازارلارغا ۋە ۋە بەزىدە ئۇلار تۇرىدىغان ۋە ئىشلەيدىغان كولخوزلارغا تەسىس قىلىنغان. ئۇ چايخانىلاردا ئۇسسۇلۇق ۋە چاي تارتىلغاندىن باشقا ھەپتىدە بىر قېتىم سىياسەت ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەنگەن. ئەنجاندا مەخسۇس قەشقەرلىك ئىشلەمچىلەر ئۈچۈن قىزىل چايخانىدىن باشقا ئىشلەمچىلەر سارىيى تەسىس قىلىنغان. كارۋان سارايلارمۇ سىياسىي تەربىيە قىلىنىدىغان ئورۇن بولۇپ قالغان. قەشقەرلىكلەر ماڭىدىغان يولدا ئۇلار ئۈچۈن ئىككى قىزىل كارۋان ساراي تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بىرى ئوشتا يەنە بىرى ئۆزگەندە ئىدى، بۇلار مۇساپىر ئىشلەمچىلەرگە ساغلام سىياسىي مۇھىت ۋە ياتاق شارائىتى تەمىن ئېتەتتى.

ئەمما، قەشقەرلىك رادىكال پرولېتارىياتلارنى يېتىشتۈرۈش سوۋېت پىلانچىلىرىغا نىسبەتەن ھېچقانچە مۇھىم ئورۇندا ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى تەرەققىياتنىڭ ئەرزان قەشقەرلىك ئىشلەمچىلەرگە تايانغانلىقىنى، بۇنىڭ كەلگۈسىدىكى پاختا بازىسى بەرپا قىلىشتا ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشقا قۇرۇلۇشلاردا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئىنقىلابتىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا قەشقەرلىك ئىشلەمچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ قالغان بولغاچقا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ئارىسىدا ئىشلەمچى جەلپ قىلىش رىقابىتى شەكىللەنگەن ئىدى. دەسلەپتە قەشقەرلىك ئىشلەمچىلەر ئەركەشتامدىن ئۆتۈپ ئوشقا كېلەتتى، ئۇ يەردە ھەر قايسى سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىدىن ۋە ئايرىم سوۋخوزلاردىن (دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئېكىنزارلاردىن) كەلگەن ئىشقا ياللىغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشاتتى. رىقابەت كەسكىنلەشكەنچە ئادەم ياللايدىغان غوجدارلار دەسلىپىدە ئەركەشتام ئېغىزىغا ئەۋەتىلدى، كېيىن ھەتتا قەشقەرگىچە بېرىپ ئادەم ياللايدىغان بولدى. ھەتتا ئىشچىلار قەشقەردە قوبۇل قىلىنىپ بىۋاستە ئىشلەيدىغان يەرگە توپ توپلارغا بۆلۈنۈپ ئەۋەتىلىدىغان سىستېما بارلىققا كەلگەن. بۇ توپلار چېگرادا ئايرىم «ئوپچە يول خېتى» بىلەن كىرىشكە رۇخسەت قىلىنىدىغان بولۇپ، بۇ ئىشلەمچىلەرنى ئايرىم قوبۇل قىلغاندا ئىشلەمچىلەرنىڭ رەسمىي تەلەپ قىلىدىغان (ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسى شۇنى ئىستەيتتى) يەككە يول خېتىدىن پەرقلىق ئىدى. غوجدارلار ئادەتتە دەللاللارغا تايىنىدىغان بولۇپ، ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن 25 سىنتتىن بىر رۇبلىغىچە پۇل بېرەتتى. بۇ دەللاللار ئىشلەمچىلەرگە قوشۇلۇپ ئىشلەيدىغان يەرلەرگە بىللە باراتتى ۋە ئۇلارنىڭ مائاشىنى تارقىتىش، باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولاتتى. بەزىدە مائاشنىڭ 40 پىرسەنتىگىچە بولغان قىسمى ئۇلارنىڭ چۆنتىكىدە قالاتتى. شۇڭا، بەزى قەشقەرنىڭ چەت ياقىلىرىدىن كەلگەن ئىشلەمچىلەرگە نىسبەتەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىشچىلارنىڭ جەننىتى دېگىلى بولمايتتى. قەشقەردىن پەرغانىگە سوزۇلغان ھەر يىللىق بۇ سەپەر ئۇلارنىڭ قەلبىدە ياشاشنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ھەققىدىكى ئەسلىملەرنى قالدۇرغان. مەسىلەن بىر قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

«كۆرۈپ كەلدىم ئەنجاننى، ئاران ساقلايدىكەن جاننى.»

## ھەر ئاتمش يلدا بىر چوڭ ئىنقلاب

1920-يىللىرى ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېتنىڭ خىتاي ئىستراتېگىيەسى سىياسىي تالاش-تارتىشنىڭ مەركىزى بولۇپ ئاخىرىدا ستالىن بىلەن تروتسكىچى سولچىلارنىڭ ئاساسلىق ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلانغان. سوۋېت بىر تەرەپتىن خىتاي كومپارتىيەسىنى جەنۇبتا گومىنداڭ بىلەن ھەمكارلىشىشقا ئۈندىسە، يەنە بىر تەرەپتىن شىمالدىكى مىلىتارىستلار ئارىسىدىن ئىتتىپاقداش ئىزدىگەن. بۇ مىلىتارىستلارنىڭ چوڭى خىرىستىئان گېنېرال فېڭ يۈشياڭ بولۇپ، ئۇ جىلى مىلىتارىستلىرى ئىچىدىن باش كۆتۈرگەن ئىدى. فېڭ يۈشياڭ 1924-يىلى ئۆكتەبىردە بېيجىڭنى بېسىۋېلىپ شۇ چاغدىكى خىتاي جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتىنى ئورنىدىن بىكار قىلغان ۋە ئىمپېراتور پۇيىنى بېيجىڭدىن قوغلاپ چىقارغان، بۇ ئارقىلىق سىياسىي سەھنىگە كىرىپ كەلگەن ئىدى. بۇ ھەربىي ئۆزگىرىش فېڭ يۈشياڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىش — تىرنىقىغىچە ئۆچ بولغان مانجۇ مىلىتارىست جاڭ زولىننىڭ تىركىشىش ھالىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، ئاخىرى پايتەختتىن چېكىنىپ سىياسەتكە يىراقتا تۇرۇپ ھەيۋە قىلىشنى تاللىشى بىلەن ئاياغلاشقان. سۈن جۇڭسەننىڭ غايىسىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان فېڭ يۈشياڭ ئۇزاق قالماي بىر تۈركۈم سوۋېت مەسلىھەتچىلىرىنى قوبۇل قىلغان. بۇ مەسلىھەتچىلەر گومىنداڭ بىلەن فېڭ يۈشياڭنىڭ ھەمكارلىقى ئۈچۈن ئارىسىدا كېلىشتۈرگۈچى بولغان. گومىنداڭ فېڭنىڭ پۇقرالار ئارمىيەسىدە خىزمەت قىلىشقا پائالىيەتچىلەرنى ئەۋەتكەن.

فېڭ يۈشياڭ پايتەختكە ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن غەربىي شىمالنى مۇداپىئە قىلغۇچى تۇتۇق (دۇبەن) دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ فېڭ يۈشياڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ بۇ تەيىنلىنىشىگە قارشى چىققان ھەمدە شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان ۋە موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەرنى ۋە ئۆلكىلىك مەجلىسنى كۈشكۈرتۈپ بېيجىڭغا نارازىلىق خەتلىرى ئەۋەتكەن. دەسلەپتە فېڭ يۈشياڭ ئۇ ئەمەل-ئاتاقنى ئانچە چوڭ بىلمىگەن، ئەمما 1925-يىلىنىڭ بېشىدا ئۇ چاخار ۋە سۈييۈەن (بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇلىيە) نىڭ ھەربىي ھۆكۈمرانىغا ئايلانغان ۋە ئۆزىنىڭ خەلق ئارمىيەسىنىڭ باش شتابىنى كالگانغا يۆتكىگەن (بۇ

هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جاڭجاكۇ شەھىرى). ئۇ بۇ يەردە بىر قانچە تۈرلۈك ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ھەرىكىتىنى باشلىغان. 1925-يىلى ئاۋغۇستتا فېڭ يۈشياڭ ئۆز تەسىر-دائىرسىنى گەنسۇغا كېڭەيتىپ ئۆزىنى گەنسۇنىڭ تۇتۇقى دەپ ئاتىغان. بۇ ھەرىكەتكە يەرلىك ختاي زوراۋانلار قارشى چىققان. بىراق ئۆلكىنىڭ غەربىدىكى شىنجاڭ چېگراسىدا تۇرۇۋاتقان تۇڭگان مىلىتارىستلار پۇقرالار ئارمىيەسىنىڭ ئۇنۋانلىرىنى قوبۇل قىلغان، بۇنىڭ بەدىلىگە ئاتاقتا مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن.

گەرچە شىنجاڭ فېڭ يۈشياڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولمىسىمۇ، بۇ يەر ئۇنى كىرىم ۋە سوۋېت بىلەن بولغان بىخەتەر ئالاقە مەنبەسى سۈپىتىدە قىزىقتۇرغان ئىدى. ئۇ شىنجاڭغا گومىنداڭ ئىچكى موڭغۇلىيەدە قوللانغان سىياسەتنى قوللانماقچى بولغان بولۇپ، گومىنداڭ ئىچكى موڭغۇلىيەنىڭ ھاكىمىيەت شەكلىنى قايتا تەشكىللەپ مۇستەملىكە سىياستى يۈرگۈزۈپ چېگرادىكى بۇ زېمىننى ختاينىڭ كونتروللۇقىغا مەھكەم كىرگۈزۈۋالغان ئىدى. فېڭ يۈشياڭ ۋە ئۇنىڭ ھەم پىكىرلىرىنىڭ پىلانى بويىچە شىنجاڭ ئۈچ يېڭى ئۆلكىگە پارچىلىناتتى.

فېڭ يۈشياڭنىڭ شىنجاڭغا يېقىنلىشىشى 1924-يىلى قەشقەردىكى باش قوماندان ما فۇشىڭنىڭ ياڭ زېڭشىنغا قارشى چىقىپ باج تالونلىرىنى ئەۋەتمەسلىكى بىلەن ئەكس ئەتتى، بۇنىڭغا جاۋابەن ياڭ ما فۇشىڭنى ئۆلتۈرۈپ، باش قوماندانلىق ئورنىنى بىكار قىلغان، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلىگەن. گەنسۇدىن ھۇجۇم كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئۆسەكلەر ھەممە يەردە تارقىلىپ، بۇنىڭ بىلەن ياڭ ئۆزى تەشكىللىگەن تۇڭگانلار ئارمىيەسىگە ئىشەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇڭگانلار ئارمىيەسىنى بىكار قىلىپ، قارا شەھەردىكى تۇرغۇت موڭغۇللىرىدىن بىر گارنىزون قۇرۇپ گەنسۇ ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتكەن. ئاخىردا، 1925-يىلدىكى فېڭ يۈشياڭ بىلەن جاڭ زولىننىڭ ئۇرۇشى ياڭنى غەمدىن خالاس قىلغان. توقۇنۇشتا كۈچ ئېلىشالمىغان فېڭ غەربى شىمال مۇداپىئەسى تۇتۇقلۇقى ئورنىدىن ئىستېپا بېرىپ موڭغۇلىيەگە چېكىنگەن ۋە ئۇ يەردە يارىسىنى داۋالىغان. ئۇ بۇ يەردىن سۆھبەت ئۈچۈن موسكۋاغا كەتكەن.

ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى بارلىق تىرىشچانلىقلار بىلەن خىتايدا يۈز بېرىۋاتقان مۇرەككەپ ھادىسىلەردىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى. بىراق پەقەت موسكۋالا ئۇلارنىڭ خىتاي سىياسىي پارتىيەلىرى بىلەن ئۇچرىشىدىغان ئورنى بولۇپ قالغان ئىدى. 1924-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ موسكۋادىكى شەرق ئەمگەكچىلەر كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان قەشقەرلىك، تارانچى، تۇڭگان، موڭغۇل ۋە قازاقلاردىن تەركىب تاپقان بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنى ئالتە شەھەر ۋە جۇڭغارىيەنىڭ ئىنقىلابى ئوقۇغۇچىلىرى دەپ ئاتىغان ئىدى. 1925-يىلىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، شەرق ئەمگەكچىلەر كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بۇ گۇرۇپپىغا 12 ئوقۇغۇچى يىغىلغان بولۇپ ئىككىسى شىنجاڭلىق موڭغۇل، قالغانلىرى سوۋېت تۈركىستانىدىن كەلگەنلەر ئىدى. ئۇلار يىغىلىش ئورۇنلاشتۇرۇپ شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيەسى ۋە تارىخى ھەققىدە، شۇنداقلا خىتايدىكى مىللەتلەر مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەتلىشەتتى. بەزىدە بۇلار سوۋېت شەرقشۇناسلىرىنىڭ لېكسىيەلىرىنى ئاڭلايتتى. 1924-يىلدىكى سوۋېت بىلەن گومىنداڭنىڭ ھەمكارلىقى ۋە تاشكەنتتىكى تارانچىلار بىلەن قەشقەرلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۆلۈنۈش بۇ گۇرۇپپىنىڭمۇ بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولغاندەك قىلاتتى. نەتىجىدە 1925-يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر كىچىك تۈركۈمدىكى خىتاي پۇقرالىقىدىكى قەشقەرلىك ئوقۇغۇچىلار شەرق ئەمگەكچىلەر كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى خىتاي ئوقۇغۇچىلار گۇرۇپپىسىغا قېتىلغان. دەسلەپتە بۇ قەشقەرلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ رەھبىرى ئارتۇچلۇق ئابدۇمۆمىن ھەسەن ھاجىيېۋ ئىدى. دەسلەپكى يىغىلىشلارنىڭ بىرىدە ئەزالار خىتايچە ژۇرناللارنى ئوقۇشنى قارار قىلغان، شەرق ئەمگەكچىلەر كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىتاي ھەققىدىكى مۇزاكىرىلىرىگە قاتناشقان ھەمدە خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ژۇرنىلىغا ئەسەر ئەۋەتكەن.

1926-يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا قادىر ھاجى شەرق ئەمگەكچىلەر كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا بىر مەۋسۇملۇق ئۆگىنىشكە بارىدۇ ۋە قەشقەرلىك ئوقۇغۇچىلار گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، بۇ گۇرۇپپىنىڭ خىتاي سىياسىتىگە بولغان يۈزلىنىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. قادىر ھاجى موسكۋاغا بارغاندا فىك يۈشىياڭ كېتىپ قالغان بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرۈشەلمەي قالغان، بىراق ئۇ باشقا خىتاي ئىنقىلابچىلىرى بىلەن كۆرۈشكەن بولۇپ، شۇلارنىڭ ئىچىدە گۇاڭدۇڭلۇق كوممۇنىست، گومىنداڭنىڭ ئىجرائىيە ئەزاسى تەن پىڭشەن بار ئىدى، ئۇ موسكۋاغا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يىغىنى ئۈچۈن كەلگەن ئىكەن. تەن پىڭشەنگە يازغان شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلاتتا قادىر ھاجى ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقىتتا يەنىلا گۇاڭدۇڭنى بازا قىلىۋاتقان خىتاي كوممۇنىستلىرى ياكى مىللەتچىلىرى بىلەن ھەمكارلىششقا شۈبھە بىلەن قارايدىغانلىقىنى يازغان. قادىر ھاجى: «بىز خىتاي كومپارتىيەسى ۋە گومىنداڭ بىلەن قانداق قىلىپ ئالاقە ئورنىتالايمىز؟ بىزنىڭ ئارىمىزدا جاڭ زولىن ۋە ۋۇ پېيفۇدەك دۈشمەنلەر بار، ئارىمىزدا تۆمۈر يول يوق. بىز تېخىچە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قانداق سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئوبيېكتىنى، تاكتىكىسىنى ياكى قۇرۇلتىيىدىكى قارارنى بىلمەيمىز.» دېگەن. فېڭ يۈشياڭنىڭ ئارمىيەسى بىلەن ھەمكارلىشىش قادىر ھاجىغا ئەمەلىيەتكە بەكرەك ئۇيغۇن بىلىنگەن ئىدى. قادىر ھاجى بۇ ھەقتە مۇنداق يازغان: «بۇ يەردە 40 تىن 50 كىچە شەرقىي تۈركىستانلىق ھەر قايسى مىللەتلەردىن بولغان ئوقۇغۇچىلار بار. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن سوۋېتتا ئوخشىمىغان خىزمەتلەرنى قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يۇرتىغا قايتىپ، يېتىپ كېلىش ئالدىدىكى ئىنقىلاب ئۈچۈن تەييارلىق سۈپىتىدە يەرلىك ھەرقايسى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر خەلق پارتىيەسى قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلار فېڭ يۈشياڭنىڭ خەلق ئارمىيەسى بىلەن يانداشماقچى». قادىر ھاجى ئۆزىنىڭ دوكلاتىنى گومىنداڭ ۋە خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ بىر ئېھتىياج ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ خۇلاسىلىگەن. بىراق، ئۇ يەنە: «فېڭ يۈشياڭنىڭ ئارمىيەسى بىزگە يېقىنلاپ كەلدى، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە ئورنىتىش بىزگە كۆڭۈلدىكىدەك ئىش ئەمەسمۇ!؟» دەپ خىتاب قىلغان.

ھالبۇكى، قادىر ھاجى شۇ ۋاقىتتىكى سوۋېتتىكى خىتاي مۇتەخەسسىسلىرى ئارىسىدا بۇ خىل ئالاقىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىش ئەمەس دەپ قارايدىغان قاراشلارنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. فېڭ يۈشياڭ خىتاينىڭ شىمالىدا موسكۋانىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئىدى،

بىراق بولشېۋىكلەرنىڭ مەزكۇر مىللەتارىستىننىڭ ئىلغار خاھىشى ھەققىدىكى دەسلەپكى ھاياجانلىرى پەسلىمەكتە ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئارمىيەسى ئىچىدىكى گومىنداڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئىدى. گەنسۇدىكى ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ سوۋېت تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئەمەلدارلىرى پۇقرالار ئارمىيەسىنىڭ غەربكە سۈرۈلۈشى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىشى بىلەن نەتىجىلەنمەيدۇ. ئەكسىچە ، شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىتاينىڭ غەربىي شىمالى تۇڭگان مىللەتارىستلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن ، دېگەن يەكۈنگە كەلگەن. بۇ كومىسسارىياتنىڭ تاشكەنتتىكى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى ئاندرى ئالېكساندىروۋىچ زىنامېنسكى 1926-يىلىنىڭ بېشىدا گېئورگى چىچەرىنگە خەت يېزىپ: «خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇسۇلمانلار مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەۋاتىدۇ ، بۇ ئۇلارنىڭ فېئىك يۇشياڭنى قوللىشىدىكى بىردىن بىر سەۋەب» دەپ كۆرسەتكەن. چىچەرىن بۇنىڭغا قوشۇلغان ھەمدە: «خىتاينىڭ غەربىدىكى ئىچكى توقۇنۇشنىڭ ئۆلگىيىشىنى خالىمايمىز ، چۈنكى ھازىر ئۇنىڭ ۋاقتى ئەمەس ھەمدە بۇ مۇرەككەپلىك پەيدا قىلىدۇ... ئۇ يەردە بىر مىللىي دۆلەت قۇرىدىغان ھەر قانداق تىرىشچانلىق زىددىيەتلەردىن خالى بولالمايدۇ ، نەتىجىدە بۇ بىزنى خىتايدىكى مىللىي ھەرىكەتلەر ئالدىدا ئەڭ ئوسال بىر ئەھۋالدا قالدۇرىدۇ. بىز ھەرقانداق شارائىتتا تۇڭگانلارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە يول ئاچماسلىقىمىز كېرەك. فېڭنىڭ خىتاينىڭ غەربىگە قول تىقىشى پەۋقۇلئاددە خەتەرلىك» دەپ قارىغان.

چىچەرىننىڭ ئېيتقانلىرى شۇ ۋاقىتتا بىر ئاپتوماتىك جاۋابقا ئايلانغان پوزىتسىيەنى ئەكس ئەتتۈرگەن ، يەنى ، سوۋېت ئىتتىپاقى خىتاي چېگراسىدىكى خىتاي بولمىغانلارنىڭ قوزغاتقۇچىسىدەك كۆرۈنمەسلىكى كېرەك. ئەمما سوۋېت تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ باشقا يېڭى ئەندىشىلىرىمۇ بار ئىدى. 1924-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ سوۋېت-ئەنگلىيە مۇناسىۋىتى شىددەتلىك ھالدا يامانلاپ كەتتى. بىرىتانىيەنىڭ شىنجاڭغا قول تىقىش مۇمكىنچىلىكى شىنجاڭ ھەققىدىكى پىكىرلەرنى رەڭلىدى. 1924-يىلى زىنامېنسكى چىچەرىنگە يازغان خېتىدە بىرىتانىيەنىڭ ياڭ زېڭشىن بىلەن ما فۇ شىڭ ئوتتۇرىسىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زىددىيەتتىن پايدىلانماقچى بولغانلىقىنى يازغان. ھەربىي ئانالىزچىلار بۇنى تېخىمۇ زورايتىپ برىتانىيەنىڭ مافۇشىڭ بىلەن كېلىشىپ تىبەتنىڭ زېمىن دائىرىسىنى غەربى شىمالغا كېڭەيتمەكچى بولغانلىقى، مافۇشىڭ بۇ ھەقتىكى تەكلىپنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ياڭ زېڭشىنغا ياردەملىشىپ ئۇنى يوقاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئەگەر بۇ سېنارىيە راست بولسا، بۇ برىتانىيە كونتروللۇقىدىكى ھىندىستاننىڭ خوتەننىڭ جەنۇبىدىكى تالاش-تارتىشتىكى ئاقسايچىن رايونى ھەققىدىكى باياناتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بەزىلەر تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ برىتانىيە پۈتكۈل خوتەن بوستانلىقىنى تەسىر دائىرىسىگە ئالماقچى دەپ قارىغان. 1924-يىلى پەرەز قىلىنغان «بۈيۈك تىبەت» نىڭ شىنجاڭغىچە كېڭىيىش تەھدىتى تىبەتنىڭ ئۆزىدىن كېلىۋاتقان ئاخباراتلار بىلەن باغلىنىشى بارلىقى مۇقەررەر ئىدى. چۈنكى سوۋېتلار ئۇ يەردە ئەنگلىيەنىڭ دالاي لامانى ئورنىدىن قالدۇرۇپ ئۆزى خالايدىغان كاندىداتنى تەختكە چىقىرىش ئويى بارلىقىغا ئىشىنىشكەن.

بۇ خىل ئەيىبلەشلەرنىڭ راستلىق دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، سوۋېت دىپلوماتلىرىنىڭ فېڭ يۈشياڭ ئەگەر خىتاينىڭ غەربىدە يۈكسەلسە بۇ تۇڭگانلارنىڭ شىنجاڭغا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ، دېگەن قارىشى توغرا ئىدى. 1926-يىلىنىڭ ئاخىرىدا گومىنداڭنىڭ گەنسۇ-شىنجاڭ بۆلۈمى دېگەن تامغا بېسىلغان بىر خەت تاشكەنتكە يەتكەن. بۇ بىر بىلىنمىگەن ئورگان بولۇپ گەنسۇدىكى پۈقرالار ئارمىيەسى ئىچىدە ھەرىكەتلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. خەتتە ئۇرۇمچىدە ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىشىۋاتقانلىقى يېزىلغان ئىدى. رامزان ئاخىرلىشاي دېگەندە ياڭ زېڭشىن ئىسيانىدىن قورقۇپ سېپىلنىڭ تۇڭگان مەسچىتىگە قارايدىغان تەرىپىگە مەسچىتكە قارىتىپ زەمبىرەكلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان. گومىنداڭ پائالىيەتچىلىرى «مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلىش ۋە قۇرۇتۇۋېتىش پاراڭلىرى ھەممە يەردە ئۆچۈپ يۈرىدۇ»- دەپ دوكلات قىلىشقان. بۇ سۆزلەر 1860-يىللاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ قوزغىلىڭىنى ئەسكە سالاتتى. سوۋېتنىڭ يارىدىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلار سوۋېتقا قارشى مىللەتارىست جاڭ زولىنغا ۋە برىتانىيەگە قارشى تۇرىدىغانلىق ئىستراتېگىيەسىنى ئوتتۇرىغا

قويغان ، شۇنداقلا ئۇلار ياك زېڭشىننى يوقىتىشنىڭمۇ كويىدا ئىدى. ئۇلار شەرقتە مائەنلياڭنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بىرى گەنسۇدىكى سالار مۇسۇلمانلىرىغا قوماندانلىق قىلدۇ دەپ چۈشەنچە بەرگەن. غەربتە ئۇلار سوۋېتتىكى تۇڭگان قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ئوفتسېرى ما سەنچىگە تەلپۈنەتتى. ئۇلار ماسەنچىنى « گەنسۇ ۋە شىنجاڭدا زور ھۆرمەتكە ئىگە»-دەپ يازغان. ئۇلار تاشكەنتتىن ما سەنچىنىڭ شىنجاڭغا پاكىت ئىزدەش ئۈچۈن ئەۋەتىلىشىنى تەلەپ قىلغان بولۇپ ، بۇ ئەمەلىيەتتە قوزغىلاڭغا ئۈچقۇن يېقىشتىن دېرەك بېرەتتى.

بۇ ئالاقىلەردىن قارىغاندا ئەگەر قادىرھاجى ۋە ئۇنىڭ قەشقەرلىك سەپداشلىرى فېڭ يۈشياڭنىڭ گەنسۇدىكى پۇقرالار ئارمىيەسى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسا بەلكىم ئۇلار بۇنىڭ نەتىجىسىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. تۇڭگانلارنىڭ پىلانىدا يەرلىك مۇسۇلمان تۈركى مىللەتلەر ئويلىشىلمىغان ئىدى. ئۇلارچە: «قەشقەرلىكلەر ئەنگلىيەگە باغلانغان بولۇپ پەقەت پۇل تېپىشنىلا بىلەتتى ، ئىنقىلابنىڭ نېمە ئىكەنلىكىدىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى». بۇ شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ سوۋېتتا قىيىن كۈندە قالغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. سوۋېت ئۇيغۇرلاردىن ھەرىكەتلىرىنىڭ خىتاي ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. بىراق خىتاي ئىنقىلابىنى گومىنداڭغا ھەمدەم بولۇۋاتقان مىلتارىستلار ۋە تۇڭگانلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن شىنجاڭغا يېيىشتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنى گەۋدىلەندۈرۈلمىگەن ئىدى. بۇ ھالدا ئىككى تاللاش قالغان ئىدى: بىرى ، سوۋېتنىڭ چوڭ پىلانىنى داۋاملىق تەكتلەش بولۇپ بۇ ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ ئەۋزەل كۆرگەن يولى ئىدى. 1926-يىلى ئۇ شىنجاڭدا بىر ئىنقىلابى پارتىيە قۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم سەھنە ھازىرلىغان. ئۇ خۇددى 1923-يىلدىكىگە ئوخشاشلا ئىلغار تىجارەتچىلەر ۋە جەدىتچى مولللاردىن تەركىب تاپقان بىر پارتىيە قۇرۇشنى مۆلچەرلىگەن بولسىمۇ ، ئەمما بۇ قېتىم خىتاي جاھانگىرلىكى دېگەن سۆزدىن ئۆزىنى قاچۇرغان. ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇللا روزىباقىيېۋ خىتاي كومپارتىيەسى ، گومىنداڭ ۋە باشقا خىتاي پرولېتارىيات تەشكىلاتلىرى بىلەن ئىمكانىنىڭ يېتىشىچە ئەڭ يېقىن ئالاقە ساقلاشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭچە بۇنداق بىر پارتىيەنىڭ مەقسىتى شىنجاڭ خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش بولۇپ ، ئۇ بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جۇمھۇرىيەت «ئۇنىڭدىكى بارلىق مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ھەمدە پۈتۈن ختاي خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەنمۇ زىچ باغلىنىدۇ» دەپ قارىغان ئىدى. ئىككىنچى تاللاش بولسا ۋەزىيەتنىڭ چېتىدە تۇرۇپ خىزمەت قىلىپ مۇمكىن بولغاندا سوۋېت مەنبەلىرى ۋە تەسىرىدىن پايدىلىنىش، ئەمما تەدرىجىي ھالدا سوۋېت سىياستى بىلەن قارشىلىشىپ قالىدىغان بىر يولنى تۇتۇش بولۇپ، بۇ قەشقەرلىك كوممۇنىستلارنىڭ تۇتقان يولى ئىدى.

## چېگرا ھالقىغان ئالاقىلەر ۋە 1927-يىلىدىكى باستۇرۇش

شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللىشىشى بىلەن ختاي كونسۇللىرى چىگرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇناسىۋەتلەردە ئاقساقاللارنىڭ ئورنىنى ئالغان بولسىمۇ ئەمما بەزى ئاقساقاللارنىڭ ئورنى ساقلاپ قېلىندى. بەزى ئاقساقاللار كونسۇللاردىن ئۆز ئورنىنى تەستىقلاشنى ئۈمىد قىلغان بولسا يەنە بەزىلىرى كونسۇلخانىدا خادىملارغا ئايلاندى، يەنە بەزىلەر كونسۇلغا ياندىشىپ خىزمىتىنى داۋام قىلدى. كونسۇللارنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا قاتتىق بىر زەربە ئىدى، چۈنكى ئەمدى ختاي پۇقرالىرى سوۋېت تۈركىستانىدا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاشتا بۇ كونسۇللارغا تاييناتتى. ئەمما بۇ شىنجاڭنى كونترول قىلىپ تۇرغان ختاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ئەزالىرىغا بېسىم قىلىشى ئۈچۈن ياخشى بىر پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. بۇ ھەقتە قادىر ھاجى 1925-يىلى «ھۆكۈمەت بارلىق ختاي مۇھاجىرلىرىنى ختاي كونسۇلىدىن پاسپورت ئېلىشقا ئۈندەپتۇ، ئەمما بۇلار پارتىيەنىڭ ۋە قوشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى ئىدى. ھەيران قالارلىق يېرى، بۇ كىشىلەر ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدە مەڭگۈلۈك دۈشمەن ئىدى، ئەمدى بۇلار ختاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ پاسپورت ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. دائىرىلەرنىڭ بۇ خىل بىمەنە سىياستى ئۇيغۇر كوممۇنىست تەشكىلاتلىرىغا قاتتىق بىر زەربە بولىدۇ، ھەمدە ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز پۇقرالىرىنى، بولۇپمۇ ختايدا ياشاۋاتقانلارنى باستۇرۇشى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ» دەپ شىكايەت قىلغان.

گەرچە ئۇيغۇرلارغا بولغان نازارەت كۆچەيگەن بولسىمۇ سوۋېتتىن قەشقەرگىچە بولغان يولنىڭ ئېچىلىشى ۋە مىڭلىغان قەشقەرلىك ئىشلەمچىلەرنىڭ سوۋېت تەۋەسىگە ئېقىپ كىرىشى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىغا يەنە پۇرسەتلەرنىمۇ يارىتىپ بەرگەن ئىدى. 1924-يىلى قادىر ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى يەتتەسۇ تارانچىلىرى بىلەن ئايرىلغاندا قادىر ھاجىنىڭ يېڭى ئالتە شەھەر بيۇروسى ئۈچۈن ئاساسلىق مەقسەتلىرىدىن بىرى سوۋېت ئىنستىتۇتلىرىغا ئوقۇغۇچى ئېلىش ئارقىلىق شىنجاڭدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار ئىچىدىن ئىنقىلابى كادىرلارنى تەشكىللەپ چىقىش ئىدى. قادىر ھاجى بىلەن بۇرۇن كوممۇنىستىك ياشلار ئىنتېرناتسىئونالىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى بولغان ئۆمەر قارى ئىسلاموف رادىكال قەشقەرلىكلەرنى سوۋېتتا ئۆزلىرىگە قوشۇلۇشقا ئۈندىگەن ھەمدە ئۇلارنى ئۆگىنىش ۋە سىياسىي جەھەتتىن تەربىيەلىنىشكە دەۋەت قىلغان. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى كىشى ئۆزىنى چېگرا ھالقىغان ھەركەتلەرنىڭ غەيرىي رەسمىي رەھبەرلىرى دەپ بىلەتتى.

ئەگەر ئەنۋەر پاشانىڭ ئۇرۇشقاق پانتۈركىست ئىدېئولوگىيەسى 1920-يىللاردا شىنجاڭدىكى جەدىتچىلەرنى ئۆزىگە تارتقان بولسا ھازىر ئۇنداق ئەمەس ئىدى. 1921-يىلى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ بۇ قوماندانى بۇخارادا ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ياردەمچىسى ھاجى سامى ئەنۋەر پاشانىڭ ئاجىزلىغان قوشۇنىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. 1922-يىلى ئۇ قەشقەردىكى جەدىتچىلەرنىڭ رەھبىرى ئېلى ھاجىغا كابۇلدىن خەت يازدى. ھاجى سامى مۇستەملىكچىلىككە قارشى خىتاي بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشنى نىشان قىلغان پانتۈركىزملىق ئىدىيەدە مەھكەم ئىدى. ئۇ قەشقەردىكى سەپداشلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «خىتايلار ھەرگىز ئىسلامنىڭ غەربكە ئوخشاش دۈشمىنى ئەمەس. ئىسلام دۇنياسى بىلەن تۈركلەرنىڭ خىتاي بىلەن بىرلىشىش ئېھتىماللىقى داۋاملىق مەۋجۇت»-دېگەن. ئەمما 1924-يىلىغا كەلگەندە ھاجى سامى ۋە ئىلگىرىكى ئوسمان ئىمپېرىيەسى قالدۇق كۈچلىرى ئىنتايىن ئاجىز بىر كۈچ ئىدى ۋە شىنجاڭدا بېسىم كۈچەيگەن ئىدى. دېكابىردا ئىسلاموف بىلەن ئەنجاندىكى ئۇيغۇر كوممۇنىست رەھبەرلىرىدىن ئىبراھىم قۇربانوف ئېلى ھاجى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەكلىپ قىلغان. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەشقەرلىك جەدىتچى ئىسلاموفنىڭ سوۋېت ئەمەلدارلىرى ئۇنى قوللايدۇ دېگەن گېپىگە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلغان. ئېلى ھاجى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا يازغان خېتىدە: «دەسلەپتە بىز بۇ يولداشلىرىمىزنىڭ ئېيتقانلىرىدىن خۇددى بۇرۇنقى ئالاقىلىرىمىزغا ئوخشاشلا ھېچقانداق بىر نەتىجە چىقمايدۇ دەپ ئويلىغان»-دەپ يازغان. ئۇ شۇنداقتىمۇ سىناپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ دەپ قارار قىلغان. 1925-يىلى مارتتا ئۇ سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن قىرغىزىستانغا كىرگەن ، ئەمما سوۋېت چېگرا قاراۋۇللىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. ئۇ ئۆز نىشانىنى يوشۇرۇپ قاراۋۇللارغا ئۆزىنىڭ پەقەت سوۋېتتىكى شىنجاڭلىق مۇھاجىرلارنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتقان ، ئەمما قىسقا مەزگىل تۈرمىگە سولانغان.

1925-يىلدىن باشلاپ شىنجاڭلىق نۇرغۇن ۋەكىللەر ئېلى ھاجىغا ئەگىشىپ سوۋېت تېررىتورىيەسىگە كىرگەن ھەمدە ئۇيغۇر كوممۇنىستلار ئارقىلىق سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان. 1925-يىلى سېنتەبىردە ئۆزىنى تۇران ئىنقىلابى ئىتتىپاقى دەپ ئاتىغان بىر گۇرۇپپا كىشىلەر يەكەندە يىغىن ئاچقان ، ئۇلار ئۈچ ۋەكىلنى تاللاپ بىر خەتنى ئېلىپ چېگرادىن ئاتلاپ سوۋېت تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىدىن ھەمدە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتكەن. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئون بىر ۋەكىلى ئىمزا قويغان بۇ خەت ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا خەتلەرنىڭ سوۋېتتا تەربىيەلەنگەن قەشقەرلىكلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ يېزىلغانلىقىدا ھېچ گۇمان يوق. بۇنداق ھەمكارلىق يېڭى كەلگەنلەرنىڭ تەلەپلىرىنى ئەڭ ياخشى قوبۇل قىلىنىش ھالىتىدە تەييارلاپ قەشقەرلىك كادىرلارنىڭ شىنجاڭلىق بۇ رادىكاللارنىڭ ھەرىكىتىنى سوۋېتنىڭ ئاسىيادىكى نىشانلىرىغا ئۇيغۇن بىر ھالەتتە بايان قىلىشىغا مۇمكىنچىلىك يارىتىپ بەرگەن. تۇران ئىنقىلابى ئىتتىپاقى ئۆز خېتىنى «پۈتۈن دۇنيادىكى ئىشچىلار بىرلىشىڭلار!» دېگەن شوئار بىلەن باشلاپ ئۆزىنى رۇسىيە ئىنقىلابىدىن ئىلھام ئېلىپ رادىكاللاشقان ياش قەشقەرلىكلەر دەپ تەسۋىرلىگەن ھەمدە «1915-يىلدىن 1918-يىلغىچە بىزنىڭ ئىشلىرىمىز تۈركىيە بىزنى ئازاد قىلىدۇ دەپ كۈتۈش بولدى ، بىراق ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن تارالغان قىزىل نۇر ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرىنىڭ كۆز قارىشىدا شىددەتلىك ئۆزگىرىش

پەيدا قىلدى، ھەمدە مۇستەقىللىققا بولغان ئۈمىدىمىزنى كۈچلەندۈردى»- دېگەن. بۇ خەتتىكى يېڭىلىق ئۇيغۇر مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ ماركسىزملىق تارىخى ئانالىز بىلەن بېزەلگىنى ئىدى. خەتتە: «نەچچە ئەسىرلەر ئىلگىرى مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى مەدەنىيەتتە، سىياسەتتە ۋە ئىقتىسادتا دۇنيادا ئەڭ تەرەققىي قىلغان بىر قانچە دۆلەتنىڭ بىرى ئىدى. ئەمما كېيىنكى ئەسىرلەردە ئىجتىمائىي تەرەققىيات چېكىنىپ، ئۇلار تەدرىجىي ئاجىزلىغان ۋە خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ بويۇن تۇرۇقىغا چۈشۈپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن پارلاق دەۋرى تارىخقا ئايلانغان»-دېيىلگەن.

بۇ بىرىنچى قېتىملىق ئەلچىلەر سوۋېت ئەمەلدارلىرىدىن جاۋاب كۈتۈۋاتقاندا تۇران ئىنقىلابى ئىتتىپاقى ئۇچتۇرپاندا يەنە يىغىن ئاچقان. خىتايدا سىياسىي كرىزىس كۈچەيگەنلىكتىن ئۇلار تولۇق ئاۋاز بىلەن قارار ماقۇللاپ پۈتۈن كۈچىنى شىنجاڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىشقا قاراتماقچى بولغان. بۇ گۇرۇپپىنىڭ رەھبەرلىرىدىن قەشقەرلىك ئەخمەت ھاجى سىددىقوۋ ۋە ئۇچتۇرپانلىق مۇھەممەد ئاخۇن سالىھ ئاخۇنوۋ سوۋېت زېمىنىغا كىرىپ ياردەم ۋە يېتەكچىلىك تەلەپ قىلغاندىن باشقا يەنە قەشقەرلىك كوممۇنىستلارنىڭ شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىشى ئۈچۈن تولۇق ھوقۇق بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان. بۇ خۇددى بۆرۈنقى تەلەپلەرگە ئوخشاش قۇلاققا خۇش ياقمىغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىيلەن سوۋېت تېررىتورىيەسىدىكى داۋاملىق كۆپىيىۋاتقان شىنجاڭلىق مۇسۇلمان ئىنقىلابچىلار توپىغا قوشۇلغان.

بۇ ۋاقىتتا  قادىر ھاجى موسكۋادا ئوقۇۋاتقانلىقتىن ئۆمەر ئىسلاموف يېڭىدىن يېتىپ كەلگەن قەشقەرلىكلەرنى تەشكىللەشكە يېتەكچىلىك قىلغان. 1925-يىلىنىڭ بېشىدا ئۇ ئالمۇتادا قەشقەرلىك پائالىيەتچىلەر ئۈچۈن تەربىيەلەش پروگراممىسى تەسىس قىلغان ۋە بۇ پروگراممىنى «شەرق ئازادلىقى» دەپ ئاتىغان. ئۇ كېيىن بىشكەككە يۆتكىلىپ «قۇتۇلۇش» دېگەن بىر ئىنقىلابى كومىتېتنى قۇرغان ھەمدە شۇ نامدا گېزىت چىقارغان. قەشقەرلىك رەھبەرلەر بىلەن يېرىكلىشىپ قالغان بولسىمۇ ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قۇتۇلۇش نامىلىق بۇ ئورگاننىڭ قۇرۇلۇشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئجابىي باھالىغان ۋە ئۇنى قەشقەرلىكلەرنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى بىردىن بىر ساغلام گۇرۇپپا دەپ قارىغان. باشقىلار بۇنداق قارىمىغان. شۇ يىلى سوۋېت تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىغا قانۇنسىز ئورگانلارنىڭ شىنجاڭغا قورال كىرگۈزۈۋاتقانلىقى ھەققىدە شىكايەت قىلغان. نەتىجىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى قۇتراتقۇلۇق مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان. بۇ تەكشۈرۈش قەشقەرلىكلەرنىڭ «قۇتۇلۇش» دېگەن گېزىتىنىڭ نامىنى گۇمانلىق دەپ قارىغان ھەمدە گېزىتنىڭ تارقىتىلىشىنى چەكلىگەن. ئىسلاموۋ پەرغانىگە يۆتكىۋېتىلگەن ، ئەمما سۆز-چۆچەكلەر ئۇنى بوش قويمىغان. 1926-يىلىنىڭ ئاخىرىدا تاشكەنتتىكى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى ئەمەلدارلىرىغا بىر دوكلات يوللانغان بولۇپ ، دوكلاتتا بۇ رايوندا پارتىيەلىك بولمىغان تەشكىلاتلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئەندىشە قىلىنغان ، بولۇپمۇ ئىسلاموفنىڭ قەشقەرلىكلەر ئارىسىدىكى خىزمىتى بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن. ئۇنى ئىنتىزام جەھەتتىن تەكشۈرۈشكە ھاۋالە قىلىنغان.

بۇ مەزگىلدە نۇرغۇن بولشېۋىكلەر برىتانىيە بىلەن دەرھال ئۇرۇش پارتلايدىغانلىقىغا ئىشىنىشكەن. 1926- ۋە 1927-يىللىرىدىكى بۇ ئۇرۇش قورقۇنچى سوۋېتنىڭ ئاسىيادىكى چېگرالىرىنىڭ قاتتىق كونترول قىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئاخىرقى باھانىسى بولغان بىر ۋەقە 1927-يىلى يانۋاردا ئىلىدا پارتلاپ خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قولى ئارقىلىق باستۇرۇلغان قوزغىلاڭ بولۇپ ، بۇ چېگرا ھالقىغان ھەرىكەتلەرنىڭ پۈتۈنلەي باستۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولغان. تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىنىڭ سېكرېتارى ئىساك ئابراموۋىچ زېلېنسكى بېيجىڭدىكى باش ئەلچى كاراخانغا دوكلات يازغان ، كاراخان ئۇزاققا قالماي بولشېۋىكلەر مەركىزى كومىتېتىنى شىنجاڭدىكى پائالىيەتچىلەرگە بولغان ھەرقانداق قوللاشنى توختىتىش ھەققىدە چاقىرىق قىلغان. ئۇ: «شىنجاڭ مەسىلىسى شىنجاڭدىكى كۈچلەر فېڭ يۈشياڭ ياكى گومىنداڭدىن ياردەم ئالماي تۇرۇپ ھەل بولمايدۇ ، بىراق ھازىر بۇنداق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان بىر ۋاقىت ئەمەس.» دېگەن. شۇ يىلى فېۋرالدىكى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش

توغرىسىدا ئېچىلغان يىغىندا ئوتتۇرا ئاسىيا كومىتېتى زېلېنسكى بىلەن كاراخان بىرلىكتە يوللىغان بىر لايىھەنى مۇزاكىرىگە قويغان ھەمدە تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا بىرلىككە كەلگەن:

1-ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە رۇخستى بولماي تۇرۇپ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ شىنجاڭغا خادىم ئەۋەتىشىنى توختىتىش.

2- دۆلەتلىك بىرلەشمە سىياسىي باشقارمىسى (يەنى سوۋېت مەخپىي ساقچى ئىدارىسى) ئۇيغۇر قوراللىقلىرىنىڭ ۋە قوراللارنىڭ چېگرادىن ئۆتۈشىنى چەكلەش.

3-ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسى ۋە قازاق يەرلىك كومىتېتى ئۇيغۇر كوممۇنىست تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىك قۇرۇلمىسىغا قايتا قاراپ چىقىش، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى سىقىپ چىقىرىش.

4-ئوتتۇرا ئاسىيا تەشكىلاتلىرىغا تاشقى سودا خەلق كومىسسارىياتى يېتەكچىلىك قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن كېرەك بولغان ئامىللارنى ئوتتۇرىغا قويۇش.

5-شىنجاڭنى خىتايدىن ئايرىپ چىقىشقا مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق قۇتراتقۇلۇقلارنى پۈتۈنلەي زىيانلىق ۋە يول قويۇشقا بولمايدۇ دەپ تونۇش.

بۇ شىنجاڭنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتىنى ساقلاش ھەققىدىكى كەسكىن ھۆكۈم ئىدى.

مەركەزنىڭ بۇ باياناتى بىلەن بىر ۋاقىتتا چېگرادا كەسكىن باستۇرۇش يۈرگۈزۈلدى. پەرغانە ۋادىسىنىڭ شەرقى ئۇچىدىكى ئەنجان شەھىرى سوۋېتتىكى ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان يەر ئىدى، شۇڭا ئۇ ئىنقىلابى تەشكىلاتلارنىڭ ئەزا قوبۇل قىلىدىغان، شۇنداقلا خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئورنى ئىدى. قەشقەردىن چېگرا ئاتلاپ چىققان خىتاي پۇقرالىرى ئەنجاندا خىتاي ئەمەلدارلىرىغا ئۆزىنى ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى قېتىم مەلۇم قىلىشى كېرەك ئىدى: بىرىنچى قېتىم ۋاقىتلىق كىملىك كىنىشكىسى ئالاتتى؛ ئىككىنچى قېتىم خىتايغا قايتىش ئۈچۈن ۋىزا ئالاتتى. دەسلەپتە ئاقساقال كەرىم پۈچۈق بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋەزىپىنى بېجىرگەن. 1925-يىلى «كەمبەغەللەر ئاۋازى» نىڭ بىر مۇخبىرى بۇ ھەقتە مۇنداق يازغان: «ئىشلەمچىلەر ۋە سودىگەرلەر كەرىم ئاقساقالنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ رۇخستىنى ئېلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلار ھېچقانداق ئىش قىلالمايدۇ.» 1926-يىلى ختاي كونسۇلى چېن دېلى ئەنجانغا كەلگەندە ئۇنىڭ تەرجىمانى ئىيسا يۈسۈپ بولۇپ، ئۇ كەرىم ئاقساقال بىلەن بىرلىشىپ مۇھاجىرلار ئىچىدىكى كوممۇنىستىك پائالىيەتلەرنى پايلىغان ئىدى. ئىيسا يۈسۈپ ئۆز ئەسلىمىسىدە كونسۇل قورۇسىدا بىر چايخانا ئاچقانلىقىنى، ئۇ يەردە پەسىللىك ئىشلەمچىلەرنىڭ قانداق «تومۇرىنى تۇتقان» لىقىنى يازغان.

ئىيسا يۈسۈپ ئەنجاندىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرگەن (يەنى ئۇلار بىلەن ئارىلاشقان) بولۇپ ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىغا ھېسداشلىق قىلغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. جەدىتچى ئېلى ھاجى سوۋېت چېگراسىدا تۇتۇلغاندا ئۇ بېرىپ قۇتقۇزغان ۋە ئۇنى «ئەڭ ياخشى مىللەتچى ئىدى» دەپ ماختىغان. شىنجاڭدىكى ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتىنى پۇرسەت بىلەن تەمىنلەپ بېرىدىغان ئىيسا يۈسۈپكە ئوخشاش كىشىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشنىڭ ئورنىغا ئەنجاندىكى كوممۇنىستلار ئۇلارنى ئىتتىپاقداشقا ئايلاندۇرماقچى بولغان. ئىيسا يۈسۈپ خاتىرىسىدە ئەنجاندىكى قەشقەرلىك كوممۇنىستلارنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولغان ئىبراھىم قۇربانوۋنىڭ ئۆزىنى قانداق قىلىپ يىغىلىشلارغا تەكلىپ قىلغانلىقى ھەمدە ئۇنى «ۋەتەنپەرۋەر» دەپ ماختىغانلىقىنى يازغان. بۇلارنىڭ پەرقى ئۇلارنىڭ ختاينىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش-قارشى تۇرماسلىقىدا ئەمەس، بەلكى سوۋېتنىڭ تۈركىستاندىكى سىياسەتلىرىگە بولغان كۆز قارىشى ۋە شىنجاڭدا سوۋېتچە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى خالاس-خالىماسلىقىنى مەركەز قىلغان ئىدى. ئىيسا يۈسۈپ سوۋېتنىڭ قۇربانوۋغا ئوخشاش يەرلىك ئۇيغۇرلارنى قوراللاندۇرۇپ شەرقىي تۈركىستانغا كىرگۈزمەكچى بولغانلىقى ھەققىدىكى سۆز-چۆچەكلەرنى ئاڭلىغان ھەمدە ختاي كونسۇلىغا مەلۇم قىلغان. ختاي كونسۇلى بۇ ھەقتە سوۋېت تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ يەرلىك ۋەكىللىرىگە شىكايەت قىلغان. بۇنىڭ راست ياكى يالغان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر سوۋېت مەخپىي ساقچىلىرى ھەرىكەتكە ئۆتكەن ۋە قۇربانوۋ قاتارلىق ئون نەچچە

كىشىلەرنى گۇلاگ لاگېرىغا يۆتكىگەن. ئىسا يۇسۇپ يەنە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ جىنايەتچىلەر پويىزىنىڭ ۋاقتىنى خىتاي كونسۇلىنىڭ موسكۋاغا بارىدىغان پويىزىنىڭ ۋاقتىغا توغرىلاش ئارقىلىق خىتاي ئەلچىسى چېن دىلىغا ئەنجاندىكى بېكەتتە جازا لاگېرىغا مېڭىش ئالدىدىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلارنى قانداق كۆرسىتىپ قويغانلىقىنى يازغان.

بۇ ھەرىكەتلەر سوۋېتنىڭ خىتايلارغا بولغان ياخشى كۆڭلىنى ئىپادىلەشتىن دېرەك بېرەتتى، ئەمما خىتاينىڭ ئىچىدە بولسا ستالىنىنىڭ سىياسىتى مەغلۇپ بولماقتا ئىدى. 1927-يىلى ئاپرېلدا جاڭ جېشى شاڭخەيدە كوممۇنىستلارغا قارشى چىقتى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا گومىنداڭنىڭ بارلىق تارماقلىرى موسكۋا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزدى ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرى قېچىشقا مەجبۇر بولدى. خىتايدىكى بۇ مەغلۇبىيەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر يۈرۈش رادىكال ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر بىلەن توغرا كەپ قالغان ئىدى، بۇ ھەرىكەتلەر ئىلگىرىكى بەزى باسمىچىلارنى بولشېۋىكلارغا قارشى يەنە قورال كۆتۈرۈشكە زورلىغان ئىدى. بۇ ئىككى كرىزىس نۇرغۇن سوۋېت ئەمەلدارلىرىنى دۆلەتنىڭ پۈتۈن ئاسىيا بويىچە ئىمپېرىيالىستلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراۋاتقىنىغا ئىشەندۈرۈشكە يېتەرلىك ئىدى. بۇ ئىسيانچىلارنىڭ بىرى بىرىنچى قېتىملىق باسمىچى ئىسيانىغا قاتناشقان جانىبەگ قازى بولۇپ، ئۇ 1922-يىلى تەسلىم بولغان ھەمدە قىزىل ئارمىيەگە ئۆتۈپ پەرغانىنى تىنچلاندۇرۇشقا قاتناشقان. جانىبەگ 1927-يىلى ئاپرېلدا قىرغىزىستانىنىڭ جەنۇبىدا قايتا ئىسيان قىلغان بەك ئاز كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەچكە كۆچى يەتمەي قەشقەرگە قاچقان، ئەمما ئۇنىڭ ئۇششاق تارماقلىرى قىرغىزىستان-شىنجاڭ چېگراسىدا داۋاملىق پائالىيەت قىلغان. دۆلەت بىرلەشمە سىياسىي باشقارمىسىنىڭ دوكلاتىچە جانىبەگكە تەۋە بىر گۇرۇپپا قەشقەرلىكلەر بار بولۇپ ئۇلار ئۆزىنى «تىرىلىش» دەپ ئاتىغان. بۇ خىل ئانالىزچىلارغا كۆرە جانىبەگنىڭ قەشقەرگە چېكىنىشى خەتەرلىك بىر باسمىچى-قەشقەرلىك ھەمكارلىقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دەلىللىگەن. ئوشتىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىغا يازغان دوكلاتىدا ئېيتىلىشىچە، قەشقەردىكى مۇسۇلمانلار ئەگەر جانىبەگ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قارشى كۆرۈشىگە ياردەم بەرسە ئۇنى قوللاپ سوۋېتقا قارشى تۇرۇشقا ۋەدە بېرىشكەن.

سوۋېتنى بۇ جەھەتتە ئوخشاشلا ئەنسىرىتىدىغان يەنە بىر ئىش بولسا قەشقەرلىكلەرنىڭ ئافغانىستان بىلەن بولغان باغلىنىشى ئىدى. باسمىچىلارنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى بۇرۇن ئافغانىستانغا قېچىپ كەتكەن ئىدى. ئافغانىستان ئەمىرى ئامانۇللاخان بىر ئىسلاھاتچى پادىشاھ بولۇپ ئۇ سوۋېتنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى، ئەمما سوۋېت تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئۇنىڭ يەكەندىكى تىجارەت ۋەكىلىگە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بۇ ۋەكىل يەكەنگە 1923-يىلى يېتىپ بارغان ئىدى. 1925-يىلى سوۋېت ئەلچىسى ماكس دۇمپىس بۇ ئۆزخايان كونسۇلنىڭ يەرلىك سىياسىي ھەرىكەتلەرنى سوۋېتتىن كابۇل تەرەپكە مايىل قىلىۋاتقانلىقىنى، ھەمدە پانئىسلامچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى دوكلات قىلغان. 1926-1927-يىللىرى ئارىلىقىدا ئەھمەد كامالنىڭ بۇرۇنقى ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولغان ئىككى قەشقەرلىك جەدىتچى ئافغانىستانغا بېرىپ ئامانۇللاخان بىلەن كۆرۈشكەن. مازارى شەرىفتە ئۇلار سوۋېت كونسۇلىغا ئۆزلىرىنىڭ باسمىچىلار رەھبىرى قۇرشىرمەت (يەنى شىر مۇھەممەت) بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان. بۇ ۋاقىتتا قۇرشىرمەت كابۇلدا تۇرۇۋاتقان ئىدى. ئۇلار ساددىلارچە سوۋېت زېمىنىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە قايتماقچى بولغان ۋە يولدا تۇتۇلۇپ سوراق قىلىنغان. بۇ ئىككى كىشى ئېنىقكى بۇ ئىشلارنى زىيانسىز ھەمدە ئاشكارىلاشقا بولىدۇ دەپ قارىغان، ئەمما تاشكەنتتىكى جىددىيلىكتىكى ئەمەلدارلارغا نىسبەتەن، بولۇپمۇ چېگرا ئاتلىغان بېرىش-كېلىش كۆپەيگەن بىر چاغدا قۇرشىرمەتنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئىچىدە قەشقەرلىكلەرنىڭمۇ بارلىقى كىشىنى بىئارام قىلىدىغان بىر ئەھۋال ئىدى. زىنامېنسكى: «بىز قەشقەردىن كېلىۋاتقانلارنىڭ كابۇلدىكى بۇرۇنقى باسمىچىلار بىلەن ئالاقىسى بار ياكى يوقلىغىنى ھەققەتەن تەكشۈردۇقمۇ؟» -دەپ سورىغان.

1927-يىلى دۆلەت بىرلەشمە سىياسىي باشقارمىسى شىنجاڭلىق مۇھاجىرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۈتۈپ تەكشۈرگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كونا كوممۇنىستلار ۋە يېڭىدىن كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى. قادىر ھاجى بەزى جەھەتلەردىن ئەيىبلەنگەن بولسىمۇ ئۇ موسكۋادىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى

سەمەرقەنتتە ئىشلىگەن بولغاچقا بۇ قېتىمقى تۇتقۇندىن ساقلىنىپ قالغان. ئىسلاموف بولسا تاشكەنتتىكى خىتاي كونسۇلى بىلەن گۇمانلىق مۇناسىۋىتى بار دەپ قارىلىپ سوراق قىلىنغان ۋە پارتىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. ئۇنىڭ شەرق ئازادلىقى گۇرۇپپىسى سوۋېتقا قارشى ئاغدۇرمىچىلىق گۇرۇھى دەپ قارالغان، ھەممە بۇ ۋە باشقا قەشقەرلىكلەر تەشكىلاتلىرىمۇ تازىلانغان ياكى تارقىتىۋېتىلگەن. بەزى پائالىيەتچىلەر، مەسىلەن، بۇرۇنقى موسكۋادىكى ئوقۇغۇچىلار رەھبىرى ئابدۇمۆمىن ھەسەن ھاجىيېۋغا ئوخشاش كىشىلەرمۇ تۇتۇلغان بولسىمۇ قويۇپ بېرىلگەن. ياشلاردىن ھەسەن ھاجىيېۋدەكلەر چېگرادىن ئۆتۈپ شەرقىي تۈركىستانغا قېچىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ھالبۇكى ئاللىقاچان قەشقەردە نامى چىقىپ قالغان ئېلى ھاجىدەكلەر ئۇ يەردە قولغا ئېلىنىش ۋە ئۆلتۈرۈلۈشتىن قورقۇپ قايتىپ كېتەلمىگەن. ئۇلار سوۋېت زېمىنىدا تۇرۇپ قالغان ۋە 1930-يىللارنىڭ باشلىرىدىكى سوۋېت مەخپىي ساقچى ئورگىنىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشىنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلانغان. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم سۈيىقەستىگە نىسبەتەن بارغانچە ئېشىپ بېرىۋاتقان گۇمانخورلۇق سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. ئېلى ھاجى بىرەر مەزگىل تاشكەنتتە كىچىك بىر تاماقخانىنى ماگدۇرۇپ تۇرغان ئەمما 1931-يىلى قايتا تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئاخىردا سوۋېتتىكى ياش قەشقەرلىكلەرنىڭ يولى ئېتىلگەن.

## يەتتەسۇ - مەدەنىيەت فرونتىدىن مەدەنىيەت ئىنقىلابىغىچە

يەتتەسۇدىكى تارانچىلار بولۇۋاتقان بۇ بىر يۈرۈش ۋەقەلەرنى ئاساسەن سىرتتىن كۆزىتىۋاتماقتا ئىدى. قەشقەرلىكلەر ئەمەلىي ۋاستىلەر بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىۋاتاتتى، ئالمۇتادىكىلەر بولسا بۇنىڭ نەزەرىيەسىنى تۈرغۈزماقتا ئىدى. مەدەنىيەت بۇ يەردە مەركىزى نۇقتىدا ئىدى. يەتتەسۇدىكى زىيالىيلار ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى ئەدەبىي تىلىنى، مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىپ سوۋېت مىللەتلەر سىياسىتىگە ئۇيغۇن ئامىللارنى ھازىرلاشقا كىرىشكەن ئىدى. ئەڭ تۈپكى نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېڭى ئەدەبىي ئۆلچەملىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بېكىتىپ چىقىش كېرەك ئىدى. بۇ ئۆلچەم ئۇيغۇرلارنى بىر مۇستەقىل مىللەت سۈپىتىدە ئايرىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە يېتەرلىك دەرىجىدە كەڭرەك دائىرىدە بولۇپ ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ دەپ قارايدىغان ھەر قايسى يۇرت كىشىلىرىنى قايىل قىلالىشى كېرەك ئىدى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىنا قىلىنىشىدىكى دەسلەپكى خىزمەتلەر ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى رۇسىيەلىكلەر ۋە جەدىتچىلەرنىڭ مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. كۆپىنچە مەنبەلەر ۋ. ۋ. رادلوف ۋە يەتتەسۇدا تارانچى ناخشىلىرى ۋە ھېكايىلىرىنى توپلىغان چار پادىشاھ ئەمەلدارى نىكولاي پانتۇسوف قاتارلىقلارغا ئوخشاش تىلشۇناسلار ۋە فولكلور تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا تايىناتتى. گەرچە مىللەتشۇناسلىق (ئېتنوگرافىيە) ۋە تىلشۇناسلىق مىللىي كىملىكنىڭ بەرپا قىلىنىشىدا ۋاستە بولسىمۇ بۇ تەتقىقاتلاردا ئىچكى توقۇنۇشمۇ بار ئىدى: تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا تېخىمۇ كۆپ بۆلۈنۈش پەيدا قىلىش مۇمكىن ئىدى؛ شەكىللەندۈرۈش ئۇسۇلىدىكى مىللىي كىملىك بەرپا قىلىش بولسا بىرلىششنى تەكىتلەيتتى.

دەسلەپتە «كەمبەغەللەر ئاۋازى» مۇھەررىرلىرى ئۇيغۇر تىلى دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەي ئورنىغا بۇ گېزىتنى تارانچى-قەشقەرلىكلەر تىلىدا نەشر قىلىندى، دەپ جاكارلىغان ئىدى. بۇ شىنجاڭدا ئىشلىتىلىۋاتقان ئېغىز تىلىغا تۇنجى قېتىم يازما ھالەتتە ئورۇن بېرىلىشى ئىدى. بەزىدە سوۋېت تىلشۇناسلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى تىللار ئارىسىدا سۈنئىي پەرقلەرنى پەيدا قىلغان دېيىلىدۇ. ئەمما «كەمبەغەللەر ئاۋازى» يېڭى ۋە ئالاھىدە بولغان بىر ئەدەبىي تىل ئۆلچەملىرىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زىيالىيلار ئارىسىدا ئارزۇ قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتەتتى. قولىيازما ئەنئەنىسىدىكى چاغاتاي تۈركچىسى پۈتۈن تۈركىستاندا ئانچە پەرقلەنمەيتتى. تارانچى زىيالىيلار ئىنقىلابتىن بۇرۇن ۋە سوۋېتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئەسەر ئېلان قىلغان مەتبۇئاتلار تۈركى مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان تىل ئەنئەنىسگە ۋارىسلىق قىلغان ئىدى. بۇ بىرلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن «كەمبەغەللەر ئاۋازى» ئامال بار يېزىقتا قوشنىلاردىن ئۆزىنى پەرقلەندۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئۇلار بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا قارىغاندىمۇ بەكرەك رادىكال بولغان ئىملا

قائىدىسىنى ئىشلەتكەن. بۇ گېزىتنىڭ بەزى يېڭىلىقلىرىنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى بۇرۇنقى يېزىق ئىسلاھ قىلغۇچىلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، مەسىلەن، ئۇلار تىلدىكى ئەرەبچە ۋە پارىسچە سۆزلەرنى ئەسلى بويىچە يازماستىن ئۇيغۇرچە تەلەپپۇز بويىچە يازغان. «كەمبەغەللەر ئاۋازى» نىڭ بۇ يېڭى تىرىشچانلىقلىرى شىنجاڭدىكى تەلەپپۇزنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. مەسىلەن، «بولغان» دېگەن سۆزنى «بوغان» دەپ يازغان. «ر» نى چۈشۈرۈپ قويغان. 1923-يىلى سېنتەبىردە بۇ پرىنسىپلار بىر ئىلمى كومىتېت تەرىپىدىن سىستېمىلاشتۇرۇلغان. بۇ كومىتېتنىڭ تەركىبىدە ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، قادىر ھاجى، سابىرجان شاكىرجانوۋ ۋە نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋ قاتارلىقلار بار ئىدى.

1920-يىلدىكى يېرىك سىياسىي ۋەزىيەتتە «كەمبەغەللەر ئاۋازى» ئۇسلۇبىدىكى يېزىق ۋە سۆزلەرنى يەتتەسۇنىڭ سىرتىدا ئومۇملاشتۇرۇش تىرىشچانلىقى تارانچى ئۆلچەملىرىگە قارشى تۇرىدىغان قەشقەرلىكلەر ئارىسىدا نارازىلىق پەيدا قىلغان. 1924-يىلى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ رايونلۇق بيۇروسى ئىككى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇشلۇقىنى نەشر قىلغان. بۇنىڭ بىرىنى لەتىف ئەنسارى تۈزگەن بولۇپ «بىرىنچى بىلىك» دەپ ئاتالغان ۋە ئۇ بۇ كىتابىدا "ئۇيغۇر ئېلىپبەسى" نى تونۇشتۇرغان. زارىف باشرى تاشكەنتتە چىقىدىغان «قىزىل ئۆزبېكىستان» گېزىتىدە بۇ كىتابقا ئىجابىي باھا يېزىپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بىراق قەشقەرلىك تەنقىدچىلەر مەزكۇر كىتابتا شىنجاڭدا قوللىنىلمايدىغان نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى تىلغا ئالغان. «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتى مۇھەررىرلىرى كېچىكتۈرمەستىن 1925-يىلى گېزىتنىڭ باش بېتىنى يېڭىلاپ، بۇ گېزىتنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغانلىقىنى يازغان. شۇ يىلى موسكۋادا بىر كىتاب نەشر قىلىنغان بولۇپ كىتابقا «ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى» دەپ ئىسىم قويۇلغان. بۇ كىتاب ھەم ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى ئۈچۈن بېغىشلانغان ھەم بىر ئەدەبىي ئەسەر ئىدى. بۇ كىتابقا يەتتەسۇ ئاپتورلىرىنىڭ رادلوف ۋە پانتوسوۋنىڭ توپلىغانلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇلار 1922-يىلدىكى تەكشۈرۈشتە توپلىغان قوشاقلار، ناخشىلار، ماقال-تەمسىللەر ۋە تېپىشماقلار ھەمدە تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان قەشقەرلىكلەردىن توپلانغان مۇشۇ خىلدىكى ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى كىرگۈزۈلگەن. بىر

قانچە ناخشىلار پانتوسوۋنىڭ ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى كىتابىدىن ئەينەن كۆچۈرۈپ ئېلىنغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھەممە ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەنئەنىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن بۇ توپلامغا شىنجاڭدىكى بىر تۈركۈم ئىشلەمچىلەرنىڭ ناخشىلىرى، ئارتۇقچىلۇق تاش ئاخۇن بايغا بېغىشلانغان بىر مەدھىيە ۋە قۇمۇل بوستانلىقىدىكى بىر مۇھەببەت داستانىنىڭ تەھرىرلەنگەن نۇسخىسى قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەن.

«ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى» ناملىق بۇ كىتاب ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئەكس ئەتتۈردىغان تۇنجى يېگانە ئەسەر ئىدى. ئەمما بۇ كىتاب ئومۇمىيلىقتا ئەھمىيەت بېرىشكە كۆچگەنلىكى ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆلچەملىك يېزىق شەكلىگە ئەھمىيەت بېرىدىغانلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. بۇ ئەسەر تارانچىلارنىڭ نەشرىيات ئىشلىرىغا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ھەمدەمدە بولۇۋاتقان باشقىرت زىيالىيسى سابىرجان شاكىرجانوۋنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان. ئۇ «كەمبەغەللەر ئاۋازى» دا تەقرىز ئېلان قىلىپ بۇ كىتابنى تەنقىد قىلغان. ئۇ ماقالىسىدە: «مەن بىر كىتابنىڭ ئىچىدە بۇ قەدەر كۆپ خاتالىقلارنى كۆرۈپ باقمىغان» دېگەن. بۇ كىتابنىڭ ئىملاسى ئۆزبېك ۋە تاتار ئامىللىرى بىلەن ئېلىشىپ كەتكەندىن باشقا مۇھەررىرلەر تارانچى ۋە قەشقەر دىئالېكتلىرىنىڭ پەرقىگە سەل قارىغان بولۇپ بۇ ئىككىسىنى سۈنئىي ھالدا بىرلەشتۈرۈپ قويغان. سابىرجان شاكىرجانوۋنىڭ قارىشىچە بىر ناخشىنىڭ يېرىمى قەشقەر دىئالېكتىدا يېرىمى تارانچى شېۋىسىدە بولۇپ قالغان. كىتابتا يەنە بىر ناخشىنىڭ يېرىمى ئۆزبېكچە يېرىمى ئۇيغۇرچە بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ قارىشىچە بۇ ئىككى دىئالېكتنىڭ پەرقى بەك چوڭ بولۇپ يۇغۇرۇپ بىر يازما تىل قىلىش ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇ: «ئۇيغۇرلارنى ئايرىپ تۇرغان ئىككى دىئالېكتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. بۇنىڭ بىرى ئۇيغۇر قەشقەر دىئالېكتى، ئىككىنچىسى ئۇيغۇر تارانچى دىئالېكتى... گەرچە تارانچىلار ئەسلى قەشقەرلىك بولسىمۇ 167 يىلدىن بېرى تارىخ ۋە دىئالېكت جەھەتتىن ئۆزگە خاس پەرقلەرنى شەكىللەندۈرگەن. تارانچىلار بىلەن قەشقەرلىكلەر ياشايدىغان تەبىئىي شارائىت پۈتۈنلەي پەرقلىق... كەلگۈسىدە ئەسەرلەرنى يا قەشقەر دىئالېكتىدا ياكى تارانچى دىئالېكتىدا نەشر قىلىش بەكرەك ئىلمى.» دەپ يازغان.

گەرچە ئۇ گۇمانخورلۇقتا ئەيىبلىنىۋاتقان بولسىمۇ شاكىرجانوۋنىڭ ئىلمىيلىكتە چىڭ تۇرۇشى «كەمبەغەللەر ئاۋازى» نىڭ تىل قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى تۇتقان يولى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئىدى. ئەگەر يېزىق تىلى پەقەت ئاغزاكى تىلنىڭ ئەينىكى بولسا شاكىرجانوۋنىڭ خۇلاسىسى توغرا چىقاتتى: ئەمەلىيەتتە تارانچى ۋە قەشقەر دىئالېكتىغا يۈزدە يۈز ماس كېلىدىغان بىر ئىملا يوق ئىدى، ئۇششاق دېيىلگەندىمۇ ئىككى دىئالېكت ئارىسىدا پەرق بار ئىدى. ئەمما، تەنقىدچىلەر تېزلا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قەشقەر ۋە تارانچى شېۋىسىدىكى پەرقلەرگە ئاساسەن ئىككى ئەدەبىي ئۆلچەم بېكىتىلسە، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى يەرلەردە مەۋجۇت بولغان تەلەپپۇز ۋە گرامماتىكىلىق پەرقلەرنى ئويلاشقاندا بۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىككى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ تارماقلارغا بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى.

نەزەرىيەنى ئويلاشمىغاندىمۇ ئامىباب بولغان بىر ئۇيغۇر تىلى ياكى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتا باشقا توسالغۇلارمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ نېگىزلىك بولغىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئېچىلغان مەكتەپلەرگە بولغان مەبلىغىنىڭ كەمچىل بولۇشى ئىدى. تاشكەنتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 1925-يىلى يېزىشىچە «يەتتەسۇدىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق ئۇيغۇر رايونلىرىدا بىرمۇ نورمال ھالەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ يوق» ئىدى. بەلكىم بۇ يەردە ئۆزبېكىستان ياكى قىرغىزىستاندىكى ئەھۋاللار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى شىنجاڭلىق كۆچمەنلەرنىڭ بالىلىرى ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندا ئۇيغۇرنى ئۆزبېكتىن پەرقلەندۈرمەيدىغان مەكتەپلەرگە باراتتى. ھەتتا يەتتەسۇدىمۇ يېڭى ئىقتىسادى سىياسەت ئېھتىياجى سەۋەبىدىن مەكتەپلەرگە بېرىلىدىغان مەبلەغ ئازلاپ ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىغا يېتىشمەي قالاتتى. شۇڭا بۇ مەدەنىيەت ۋە تىل ھەققىدىكى مۇنازىرىلەر پارتىيە سەرخىللىرى ئارىسىدىلا چەكلىنىپ چوڭ تەسىرى بولمايتتى.

1926-يىلى سوۋېتچە مەكتەپلەر ئازىيىپ مەدرىسلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كۆپەيگەن. مەسىلەن، قورام بازىرىدا 1925-يىلى ئىككى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تارانچى مەكتىپى بار بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1926-يىلى بىرگە چۈشۈپ قالغان. بۇ ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەخمەت ئاخۇن دېگەن كىشى دىنى ئۆيۈشما دېگەن تەشكىلاتنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنىڭ مەدرىسىنى قۇرۇپ چىققان. ئۇزاققا قالماي ئەخمەت ئاخۇننىڭ دىنى ئۆيۈشمىسى قورامدا تۆت مەدرىسە ئاچقان، ھەتتا مەكتەپتىكى كومسومول ئەزالىرى بولغان ئوقۇغۇچىلارنىمۇ تارتىپ كەتكەن. دىنى ئۆيۈشما ئەتراپىغا يىغىلغان ئۆلىمالار ئۆزلىرى بىلەن رىقابەتتىكى ھەر قايسى تەشكىلاتلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىكى ماھىرلىقىنى نامايان قىلغان بولۇپ، ئۇلار ھەتتا قوشچىلار ئىتتىپاقىغا ئوخشاش ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىنمۇ ئادەم يالاپ ئىشلەتكەن  ھەمدە كېلىشۋاتقان سوۋېت سايلىمىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. قىسقىغىنە بىر قانچە ئاي ئىچىدە دىنى ئۆيۈشما يەتتەسۇدىكى پۈتۈن تارانچى يېزىلىرىنى قاپلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئىچىدە ئىنقىلاب ۋاقتىدا غۇلجىغا قېچىپ كەتكەنلەرمۇ بار ئىدى. بۇلارغا قارشىلارنىڭ بايانىچە ئۆيۈشما ئۆزىگە ئەزا بولمىغانلارنى مۇسۇلمان ئەمەس دەپ قارىغان، ھەمدە تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن رىقابەتچىلىرىنى جامائەت ئىچىدە چەتكە قاققان. مەسىلەن، ئەگەر بىر ئادەم دىنى ئۆيۈشمىغا ئەزا بولمىسا ئۇنىڭ نىكاھىغا موللىلار بارمىغان. بۇ ئۆيۈشمىنى تەنقىد قىلىدىغان كىشىلەر ئۇنى تەنقىدلەپ ماقالىلەر يازغان بولسىمۇ، بۇ ماقالىلەر ئۆز ناملىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى «ھەقىقەتچى، ياش ئىشلەمچى» دېگەنگە ئوخشاش تەخەللۇسلار بىلەن ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ تەنقىدچىلەرنىڭ نەقەدەر بېسىمغا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسىتەتتى.

دىنى ئۆيۈشمىنىڭ راۋاجلىنىشى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، تۈركىستاندىكى ئىسلامى قارشىلىق كوممۇنىستلارنىڭ تەسەۋۋۇرى ئەمەس ئىدى. 1923-يىلىدىن بۇيان دىنىغا قارشى تەشۋىقاتلار تەدرىجىي كۈچەيگەن، ئۇ چاغدا يەتتەسۇدىكى شەرئى مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ۋەخپىلەر چەكلەنگەن. 1927-يىلى سوۋېت دائىرىلىرى ئۆلىمالارنى ئېتىبارسىزلاشتۇرۇش ۋە يېنىك ئاتېئىزملىق تەشۋىقاتتىن ئۆزگىرىپ ئىسلامغا قارشى پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتكەن. بۇ ھەرىكەت 1927-يىلى 8-مارت ئاياللار بايرىمى كۈنى ئاياللارنىڭ نىقابلىنىشىغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن رەسمىي باشلانغان. يەتتەسۇدىكى تارانچى كەنتلىرىدە نىقابلىنىش يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇ

يەردىكى دىنغا قارشى ئاممۋى ھەرىكەتلەر خۇراپاتلىققا قارشى ئېقىم تۈسىنى ئالغان بولۇپ، 1927-يىلى پۈتۈن يىل تىغ ئۇچىنى دىنى ئۇيۇشمىغا قارشى تۇرۇشقا قاراتقان ئىدى. ھەرقانداق شەرىئەت مەھكىمىسى، مەدرىسە ۋە ۋەخپىلەر تاقالغان، مەسچىتلەر جەمئىيەت كۇلۇبلىرىغا ئايلاندۇرۇلغان، ئىماملار قاماققا ئېلىنغان. سوۋېت ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرى مەسچىت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى تاشلاپ ھاياتىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچقانلىقىنى ئوقۇرمەنلەرگە تەمىنلىگەن. گېزىتتە بېسىلغان بىر تۆۋەنامىدە: «ئۆتكەن يىلى ئەخمەت ئاخۇن مېنى سۇلتان قورغانغا مۇتىۋەللى قىلىپ تەيىنلىدى، بىراق مەن ئۇنىڭ ئالدامچىلىقىنى بايقىدىم ۋە خىزمەتتىن ۋاز كەچتىم.» دەپ يېزىلغان.

سوۋېتنىڭ دىنغا قارشى ھەرىكەتلىرى دىنى ئۇيۇشمىنى ئاجىزلاشتۇرالىدى، بىراق بۇ خىل رادىكال ئۆزگىرىش باشقىلارنىمۇ قۇربان قىلدى. تارانچى ئۆلىمالار بىلەن بولغان توقۇنۇش بۇرۇنقى سوۋېتپەرەس «ئىلغار ئۆلىمالار» نى تەربىيەلەش تىرىشچانلىقىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرسەتتى. قايتىدىن قۇرۇپ چىقىلغان جەدىتچى تەشكىلات «تەرەققىيپەرۋەر» دىنغا قارشى ھەرىكەت جەريانىدا يەكلەندى. گەرچە «تەرەققىيپەرۋەر» قالاق ئىمام ۋە مولللارنىڭ زىيانلىق تەسىرىنى رەت قىلىسمۇ شەرىئەتكە يەنىلا ئورۇن بار دەپ ئويلايتتى. ئەمما بۇ خىل قاراش ئەمدى سوۋېت سىياسىتىگە قارشى بولۇپ قالغان ئىدى. باشقا ھەمكارلىق ئىستراتېگىيەلىرىمۇ بىكار قىلىندى. مەسىلەن، بىر پائالىيەتچى مەشرەپ ئەنئەنىسىدىن تولۇق ۋاز كېچىشنى تەرغىب قىلغان بولۇپ، ئۇ مەشرەپنىڭ ئورنىغا «بىلىم ئېلىش كېچىسى» دېيىش كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇزاققا قالماي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پارتىيە رەھبەرلىرى جەدىتچىلەرنى بىۋاستە تەنقىد قىلىشقا باشلىغان ھەمدە جەدىتچىلەرنى 1920-يىلىنىڭ باشلىرىدىكى يېڭى ئىقتىسادى سىياسەت دەۋرىدە ۋەزىيەتتىكى بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ دۈشمەنلىك قىلغان ھىيلىگەر كاززاپلارنىڭ يان تايىقى دەپ تەسۋىرلەشكەن.

جەدىتچىلەرگە بولغان ھۇجۇم ئۇيغۇر كوممۇنىستلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى «كونا زىيالىيلار» نى ئايرىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان ۋە نىشان نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوۋغا قارىتىلغان. «ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بالىسى» دېگەن تەخەللۇستا يازغان ئەسەرلىرى بىلەن ئەسلى ئۇيغۇر كۇلۇبىنىڭ ئىلھام مەنبەسى بولۇپ قالغان ۋە تېخى 1923-يىلىغىچە ئەسەرلىرى قايتا بېسىلىپ تۇرغان نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوۋ تەنقىدلەرگە كۆمۈلۈپ كەتكەن. بۇنىڭ كۆپىنچىسى ئابدۇللا روزىباقىيېۋدىن كەلگەن. روزىباقىيېۋنىڭ ئابدۇسەمەتوۋغا ھۇجۇم قىلىشىدا ئىككى مەقسىتى بار ئىدى: بىرى، مەدەنىيەتتە جەدىتچىلەردىن ئادا-جۇدا بولۇشتىن سىگنال بېرىش ئىدى. ئىككىنچىسى، بۇ روزىباقىيېۋنىڭ تارانچى كىملىكىگە بولغان ئۆزگىرىشچان تونۇشىنى ھەمدە تارانچى كىملىكىنى مىللىي كىملىكتىن ئايرىۋېتىش ھەققىدىكى قارىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوۋنىڭ «تارانچى تۈركلىرىنىڭ تارىخى» دېگەن كىتابى ھەققىدە باھا يېزىپ، كىتابتىكى مەنبەلەرنىڭ تارىخى قىممىتىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ ئەمما ئۇنى ئىلمى كىتاب بولۇشقا يارىمايدۇ،- دېگەن. ئۇنىڭچە ئاپتور ئىجتىمائىي كۈچلەرنى تەھلىل قىلىشنىڭ ئورنىغا 19-ئەسىردە تارانچى سۇلتانلىقىنى قۇرغان بەگ ۋە ئاخۇنلارنى مەدھىيەلىگەن، خۇسۇسى دۈشمەنلىكنىڭ سىياسىي بۆلۈنۈشكە سەۋەب بولغانلىقىنى يېزىپ ئىلى ۋادىسىدىكى سىنىپى كۈرەشنى نەزەردىن ساقىت قىلغان. روزىباقىيېۋ نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوۋنىڭ تارانچىلارنىڭ ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى ئەنئەنىلىرىنى مەدھىيەلىگەن بىر شېئىرىنى ئالاھىدە مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن. بۇ پارچىدا بىر جاھىل دېھقاننىڭ تارانچى قائىدىسىگە سادىقلىقى ئىپادىلەنگەن:

«يارەنلەر، تارانچىلىق بىزنىڭ مەسلىكىمىز،

تارانچىلىق بىزنىڭ دىنىمىز ۋە مەزھېپىمىز،

ھەتتا ئۆلۈپ كەتسەكمۇ بۇنىڭدىن تانالمايمىز،

بۇ بىزنىڭ ئادىتىمىز ۋە ئەنئەنىمىز.»

تارانچى قائىدىسىنىڭ بۇنداق ئىجابىي تەرزدە ۋە ياران، مەزھەپ دېگەندەك كونا دىنى سۆزلەر بىلەن تەرىپلىنىشى سوۋېتچە يېڭى ئۇيغۇر مۇھىتىدا قوبۇل كۆرۈلمەيتتى.

نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوۋ بۇنىڭغا جاۋابەن ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى قەيسەرلىك بىلەن قوغدىغان ، بىراق ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ "تارانچى مىللىي كىملىك ئەمەس" دېگەن تەنقىدىگە يول قويىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تارانچىلارنى ئۇيغۇر مىللىي تارىخىنىڭ تۆھپىكارلىرى سۈپىتىدە مۇداپىئە قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى تارانچى سۆزىنى پەقەت دېھقان دېگەن مەنىدە ئىشلەتتىم ،- دەپ ئاقلىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىدىيەسىدىن يىراق ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ تارانچى كىملىكى ھەققىدىكى قاراشلىرى پەقەت ئەمگەكچان دېھقانلارنى مەدھىيەلەش ئۈچۈن قوللىنىلغانلىقىنى ، بۇنىڭ سوۋېتتا گۇناھ ئەمەسلىكىنى يازغان. بۇ ئاقلانە ھەرىكەت پەقەت ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى زىددىيەتلىك مۇھىتنى تاشلاپ غۇلجىغا كېتىشىگە شارائىت ياراتقان. ستالىن قوزغىغان مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە جەدىتچىلىك ئەنئەنىسىگە قىلىنغان ھۇجۇمنىڭ قۇربانى بولغان كىشىلەرنىڭ بىرى بولغان نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوۋنىڭ ئەسلىدىكى ئېتىبارلىق ئورنىدىن غۇلاپ چۈشۈشى ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ھەققىدە بۇرۇن ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشلىرى بىلەن 1920-يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇيغۇر كىملىكى بىلەن ماسلاشقان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ئوتتۇرىسىدا زور ئارىلىق بارلىقىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرەتتى.

## لاتىنلاشتۇرۇش ۋە تىلدىكى ئەنئەنە

1927-يىلى ۋېرنىي ئالمۇتا دەپ ئۆزگەرتىلگەن. (بۇ شەھەر مۇشۇ مەزمۇنغا كەلگۈچە ئەسلى ۋېرنىي دېيىلگەن بولسىمۇ مەزكۇر تەرجىمىدە ئالمۇتا دەپ ئېلىنغان ئىدى- تەرجىماندىن). بۇ يەر يېڭى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لايىھىسى تۈزۈلگەن بىردىن — بىر جاي ئەمەس ئىدى. موسكۋادىمۇ شەرق ئەمگەكچىلەر كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرى ئەرەب يېزىقىنى ئۇيغۇرچە تاۋۇشلارغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقان ئىدى. موسكۋادىكى بۇ كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنىڭ نەتىجىسى 1926-يىلى ئابدۇلھەي مۇھەممىدىنىڭ «ئۇيغۇرچە يېزىق يوللىرى» دېگەن نامدا نەشر قىلىنغان كىتابى ئىدى. مۇھەممىدى كىرىش سۆزىدە ئېيتىپ ئۆتكەنىدەك ، ئىملا مەسىلىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەرچە ئۇزۇن مۇنازىرە قىلىنغان بولسىمۇ تېخى ھەل بولمىغان ئىدى. ئۇ ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان كىتابلار ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىپ «ھەربىر سۆزنىڭ 99 پەرقلىق شەكلى بار» دەپ قايغۇرغان. بىراق ئۇ مەۋجۇت بولغان ئەڭ ياخشى بىر يولنى تاللاشنىڭ ئورنىغا يەنە ئۆزىنىڭ ئايرىم بىر خىل ئۇسۇلنى قوشقان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئىنقىلابى ئىملاسى بۇگۈنكىلەرگە ئىنتايىن غەلىتە كۆرۈنىدۇ. (ئۇ قوللانغان سوزۇق تاۋۇش ئۇستىدىكى بەلگىلەر بۇگۈنكى بەلگىلەرنىڭ دەل تەتۈرىچە ئىدى.) ئۇنىڭ كىتابىدا يەنە ئۇيغۇر تىلىنى ساپلاشتۇرۇش تەشەببۇس قىلىنغان بولۇپ، مەۋجۇت بولغان رۇسچە ۋە خىتايچە ئاتالغۇلارنى ئەمەس، بەلكى قوشنا تۈركى تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى چىقىرىپ تاشلاشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭچە تاتار ئەدەبىي ئەنئەنىسى بۇ خاتالىقلارنىڭ ئاساسى مەنبەسى ئىدى، ئۇندىن باشقا ئۇ ئۆزبېكچە ۋە ئەنئەنىۋى چاغاتاي تىلىنىڭمۇ زىيانلىق تەسىرى بارلىقىنى ئېيتقان.

يېڭى ئىملا ئۆلچىمىنىڭ ئۈچىنچى رىقابەتچىسى 1927-يىلى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ چاغدا قادىر ھاجى موسكۋادىكى ئوقۇشتىن قايتىپ كېلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىدىن «ئالتە شەھەر-جۇڭغار ئۇيغۇرلىرى» تىلىدا چىقىدىغان بىر قەرەللىك مەتبۇئات ئۈچۈن مەبلەغ تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭچە بۇ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئىدى. 1927-يىلى نويابىردا «قۇتۇلۇش» تاشكەنتتە نەشر قىلىنىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئىسمى ئۆمەر قارى ئىسلاموۋنىڭ بىشكەكتە چەكلەنگەن تەشكىلاتىدىن كەلگەن ئىدى. ئەسلى ئىككى ھەپتىدە بىر چىقىدىغان بۇ گېزىت 1929-يىلى ھەپتىلىك بولۇپ ئۆزگەردى، 1930-يىلىغا كەلگەندە ھەپتىدە ئىككى قېتىم چىقىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىرىنچى سانى قادىر ھاجىنىڭ ئون نەچچە يىللىق نەتىجىلەرگە نەزەر سېلىنغان ماقالىسى بىلەن باشلانغان ئىدى. بۇ ماقالىدا قادىر ھاجى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە بولغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇيغۇر دېگەن بۇ نامنىڭ دەسلەپتە ئالتە شەھەردىن كەلگەن ۋە خىتاي ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئەگەشكەن، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندا تۇرۇۋاتقان كۆچمەنلەرگىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ قاراش بويىچە «قۇتۇلۇش» تارانچىلارنى ئۇيغۇر سىياسىي ھەرىكىتىدىن يىراق تۇرۇشقا دەۋەت قىلغان. گېزىتتە «تارانچىلار خىتايدىن كەلگەن

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ، مائارىپى ۋە باشقا ئىشلىرىغا قول تىقماسلىقى كېرەك... ئۇيغۇرىستاننى ئازاد قىلىش چەت دۆلەتتە ياشاۋاتقان كىشىلەرگە باغلىنىپ قالماسلىقى كېرەك » دېيىلگەن ئىدى. شۇنى پەرەز قىلغىلى بولاتتىكى ، ئالمۇتا زىيالىيلىرى بۇ مەتبۇئاتنى ئۆزبېكلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دەپ تەنقىد قىلاتتى ، ئەمما «قۇتۇلۇش» نىڭ يەرلىك ئېغىز تىلىغا بولغان قىزغىنلىقى «كەمبەغەللەر ئاۋازى» غا قارىغاندا ئانچە يۇقىرى ئەمەس ئىدى. بۇ ھەقتە بىرىنىڭ ماقالىسىدە «ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئەدەبىيات ئارقىلىق ئۇيغۇر ئىشلەمچىلەرنى ئۇيغۇر دېگەن نامغا كۆندۈرۈش» دېيىلگەن. بۇ چاغاتاي يېزىقى ئۆلچەم ھېسابلىنىدىغان شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارغا تونۇش بولغان بىر ئىملانىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلاتتى.

ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى لايىھىلىرى كۆپىيىۋاتقان بىر ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لاتىنلاشتۇرۇش ھەرىكىتى قاتمال ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلاشقا يول ئېچىپ بەردى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى لاتىنلاشتۇرۇش خۇددى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا يەرلىرىدىكىگە ئوخشاشلا ھاياجان ۋە داغدۇغا بىلەن جاكارلانغان بولۇپ ، ئۇنىڭ رولى رۇس بولمىغان مىللەتلەرنى تىلدىكى قالاقلىقتىن قۇتقۇزىدۇ دەپ قارالغان. سوۋېتتىكى تۈركى مىللەتلەر ئارىسىدا ئەرەب يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ لاتىنچىغا كۆچۈش ھەرىكىتى 1926-يىلى باكۇدا ئېچىلغان تۇنجى قېتىملىق سوۋېتلار ئارا تۈركولوگىيە قۇرۇلتىيىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇيغۇرغا ۋاكالىتەن يىغىنغا بىرلا ئوقۇغۇچى قاتناشقان ئىدى. ئىملا ھەققىدىكى ئالمۇتا ، موسكۋا ۋە تاشكەنت ئەندىزىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىش لاتىنلاشتۇرۇش ھەرىكىتى نەتىجىسىدە جىمىقىپ ، نەتىجىدە ئۇزۇنغا قالماي بىر يۈرۈش لاتىنچە ئىملا لايىھىلىرى مۇزاكىرىگە قويۇلغان. يەتتەسۇدا لەتىف ئەنسارى 33 ھەرپلىك ئېلىپبە لايىھىسىنى تەكتىلىسە ، قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلار 28 ھەرپلىك لايىھىنى تەقدىم قىلغان. بىراق تاشكەنتتىكىلەر يېزىق ئىسلاھاتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا رەھبەرلىك رولىنى ئوينىغان. 1928-يىلى ئاپرېلدا ئۇلار چەت-ياقىدىكى سەمەرقەنتتە ئۇيغۇر يېزىقىنى لاتىنلاشتۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنىنى ئاچقان. ئالمۇتادىكى باشقا خىزمەتلەر بىلەن

ئالدىراش بولغان پارتىيەلىك زىيالىيلارنىڭ بۇ يىغىنغا قاتنىششى مۇمكىن بولۇشى قىيىن بولغان بىر ئىش ئىدى.

سەمەرقەنتتىكى لاتىنلاشتۇرۇش يىغىنىغا 14 ۋەكىللەر ئۆمكى قاتناشقان بولۇپ كۆپىنچىسى تاشكەنتلىك ئىدى. شۈبھىسىزكى يىغىن «قۇتۇلۇش» نىڭ تۇتقان يولىنى ھاياجان بىلەن ماقۇللاپ ، ئۇنى داغدام يول بىلەن ماڭدى دەپ مەدھىيەلىگەن ھەمدە بۇنىڭغا قارشى ھالدا «كەمبەغەللەر ئاۋازى» نىڭ يۆلىنىشىنى تار يولنىڭ مىسالى دەپ قارشى چىققان. ۋەكىللەر باكۇدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان لاتىنلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى سخېمىسىنى ماقۇللىغان ۋە يېڭى لاتىن ئېلىپبەسىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا بولغان قوللىنىلىشىنىڭ تەپسىلاتىنى ھەل قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇلار تارانچى دىئالېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكەن. مەسىلەن ، ئۇلار بوغۇم بېشىدىكى «ژ» ھەرپىنى ئىشلىتىشكە قارشى چىققان ، چۈنكى ئۇ پەقەت تارانچى شېۋىسىدە «ي» نىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى. مەسىلەن: ژىل ، ژۇرت قاتارلىقلار. ۋەكىللەر يەنە يەتتەسۇ ئۇسلۇبىدىكى ئۇزۇن تاۋۇشلارنى چۈشۈرۈپ قويىدىغان ھادىسىنى رەت قىلىپ ، سۆزنىڭ تومۇرى بىلەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۆزىنىڭ گراماتىكىلىق (ۋە ئەنئەنىۋى) شەكلىنى ساقلىشى كېرەك دەپ قارىغان. مەسىلەن: «بومايدۇ ، بومىيتۇ ، بومىيدۇ ، بوممايدۇ ئەمەس بولمايدۇ دېيىش كېرەك» دەپ قارار قىلىنغان. يىغىنىنىڭ قارارىنى ئوقۇپ ئۆتكەندە ئابدۇلھەي مۇھەممىدى ئالمۇتا زىيالىيلىرىنى سەپتىن چىقىپ كەتمەسلىككە ئاگاھلاندۇرغان. ئۇ «يىغىندا بىر پىلان ماقۇللاندى ھەمدە بۇنىڭ بىلەن پىلانلاش ئاخىرلاشتى. ئەمدى كىشىلەر ھەر تەرەپكە قاتراپ پىلان تۈزۈشنىڭ كويىدا يۈرۈشتىن ۋاز كېچىشى كېرەك. بىز چوقۇم ئېلىنغان قارارنى ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك.» دېگەن. ئەلۋەتتە ، بۇ بىر ئارزۇدىنلا ئىبارەت ئىدى. يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇرلار دەسلەپتە بۇ يىغىنىنىڭ قارارىغا قارىتا قوبۇل قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولغان ھەمدە تاشكەنتتىكى تىلشۇناسلار بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يېڭى ئېلىپبە ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇپ چىققان. ئەمما بىر ئاي ئۆتمەي لاتىف ئەنسارى «قۇتۇلۇش» گۇرۇپپىسىنىڭ تەنقىدىنى مەسخىرە قىلغان

ھەمدە «قۇتۇلۇش» نىڭ تىلى 90 پىرسەنت ئۆزبېكچە ، يەتتەسۇدىكىلەر «قۇتۇلۇشنىڭ تىلىدا سۆزلىمەيدۇ» دېگەن.

لاتىنلاشتۇرۇش ھەرىكىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا مەدەنىيەتكە بولغان يېڭىچە پوزىتسىيەنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى ، بۇنىڭدا جەدىتچىلەرنىڭ تەسىرى سىقىپ چىقىرىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا سىنىپى زىددىيەت نەزەرىيەسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ئىدى. ئىملا قائىدىسى ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلارمۇ بۇ نۇقتىدىن قاراپ چىقىلىپ ، كۆز-قاراشلار سىنىپى چېگرا بويىچە قايتىدىن شەرھلەندى. ئابدۇلھەي مۇھەممەدى 1929-يىلىدىكى «تىل ۋە يېزىق مەسىلىسى» دېگەن ماقالىسىدە بۇ نۇقتىنى ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ ، سولچى ۋە ئوڭچىلارنىڭ يېزىق ئىسلاھاتى مەسىلىسىدىكى ئېغىشلىرىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئۇنىڭ قارىشىچە ، سولچىلاردىن يەتتە سۇدىكى سابىرجان شاكىرجانوۋ ۋە لاتىف ئەنسارى يېزىق تىلى چوقۇم ئىمكان قەدەر ئېغىز تىلىغا يېقىن بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان ، ئۇلار ھەتتا تارانچى بىلەن قەشقەرلىكلەرگە پەرقلىق يېزىق ئۆلچىمى قويۇش كېرەك دەپ قارىغان. ئوڭچىلار بولسا بىز ھەربىر سۆزنى ئۇلارنىڭ تومۇرى بويىچە يېزىشىمىز كېرەك ، ئېغىز تىلىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىشىمىز كېرەك دەپ قارىغان ، بۇنداق قاراشتىكىلەر ئاساسلىقى تاشكەنتتىكى ئۇيغۇر زىيالىيلار ئىدى. بۇ قاراشقا ئابدۇلھەي مۇھەممەدى «ئۇ موللىلارنىڭ تىلى ، خەلقنىڭ ئەدەبىياتىغا ماس كەلمەيدۇ» دەپ قارىغان.

تاشكەنتتىكى تىلشۇناسلار سەمەرقەنتتىكى يىغىندا ئۈستۈنلۈك قازانغان بولسىمۇ بۇ ۋاقىتلىق ئىدى. ئالمۇتادىكىلەر بۇ چاغدا ئۆز زېمىنىدا ئىككىنچى قېتىملىق يىغىننى ئورۇنلاشتۇرغان. 1930-يىلى ئالمۇتادا ئېچىلغان ئىككىنچى قېتىملىق تىل —يېزىق ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىدا سوۋېتلار ئىتتىپاقىدىكى داڭلىق تىلشۇناسلار قوشۇنى تەكلىپ قىلىنغان. مەسىلەن ، شۇ ۋاقىتتىكى سوۋېتلار ئىتتىپاقىدىكى ئىككى مەشھۇر تۈركولوگ - ئالېكساندىر سامويلوۋىچ ۋە سېرگېي مالوۋ بۇ يىغىنغا قاتناشقان. مالوۋ ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ۋە گەنسۇدا ئۇزۇن يىللار ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش — تەتقىقاتلىرى ئاساسىدىكى نوپۇزىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دالا تەكشۈرۈشلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل جەھەتتىكى ئاسارە-ئەتىقىسىنى قېزىپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، بۇنداق قېزىش تىلى «غەربى خىتايدىكى تۈركى دىئالېكت» دەپ ئاتالغان قەشقەر ياكى تارانچىلار ئارىسىدا ئەمەس بەلكى گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. 1926-يىلدىلا باكۇدا ئېچىلغان تۈركولوگىيە قۇرۇلتىيىدا مالوۋ ئۆزىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ھەققىدىكى تەتقىقاتى ئۈستىدە توختالغان، ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئىدى. مالوۋ ئالمۇتا يىغىنىنىڭ تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى ئىناۋەتنى قىسمەن بولسىمۇ ساقلاپ قېلىش نۇقتىسىدىن يىغىندا سېرىق ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختالغان، ئەمما ئۇنىڭ بۇ تېمىسى ھەل قىلىدىغان مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى. «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ سۆز سوۋېت ئىتتىپاقىدا شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تىلى دېگەننى بىلدۈرەتتى. مالوۋ بۇ مەسىلە ھەققىدە 1934-يىلى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە يېڭى «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنى شىنجاڭدىكى تۈركىي مىللەتلەر ۋە مەۋجۇت ئىلمىي ئەنئەنىگە ئۇيغۇنلۇق نۇقتىسىدىن مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بىراق ئۇ تىلغا ئالغان ئىلمى ئەنئەنە ئاجىز ئىدى، شۇ چاغدا ئۇ تىلغا ئالغان ئالىملاردىن پەقەت جۇلىئۇس كىلاپرۇتلا شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرنى ئۇيغۇر دەپ قارايتتى. ئىككى ئالىملىنىڭ ئىچىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىملىكىنى بەرپا قىلغىنى تىل جەھەتتىن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھەرىكىتى بولغان ئىدى. مالوۋ گەرچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى مەسىلىسىدە ھەمكارلاشقۇچى بولسىمۇ كونترول قىلغۇچى ئەمەس ئىدى.

سېرگېي مالوۋنىڭ بۇ ساھەدىكى چوڭقۇر ئىلمى ئاساسى يىغىندىكى ئۇيغۇر شېۋىلىرى ھەققىدىكى مۇزاكىرىنىڭ تارانچى ۋە قەشقەرلىك تار ئايرىمچىلىقىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، شىنجاڭدىكى دىئالېكتلارنىڭ قايسىسى يېڭى ئۆلچەملىك ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسى بولىدۇ، دېگەن يۆنىلىشكە بۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولدى. بەزىلەر تەبىئىي ھالدا تارانچى دىئالېكتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ «ئىلغار» تۈركۈمگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇڭا بۇ ئەڭ ياخشى تاللاش دەپ قارايتتى. باشقىلار تىلنىڭ ساپلىقىنى تەشەببۇس قىلىپ بۇلغانمىغان دىئالېكتلارنىڭ چىگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى شىنجاڭدىن تېپىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزىلەر تۇرپان ئەڭ ياخشى ئۆلگە

دىسە ، يەنە بەزىلەر كۈچا دەيتتى. شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدىكى ، قەشقەر دىئالېكتى ئۆزبېكچىگە بەك يېقىن بولغاچقا تاللانمايتتى. شۇنىڭغا ئوخشاش يەكەن دىئالېكتىمۇ ھىندى تەسىرى سەۋەبلىك رەت قىلىناتتى. بەزىلەر ھەتتا تارىم ئويمانلىقى ۋە لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدا ياشايدىغان دولانلارنىڭ دىئالېكتىنى تاللاشنى تەشەببۇس قىلاتتى ، ئۇلارچە بۇ دىئالېكت چەتئەل ئېلېمېنتلىرىدىن خالىي بولغاچقا ئەڭ مۇۋاپىق مودېل ئىدى.

ئەمەلىيەتتە يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىلەتتىكى ، بۇ يەردىكى ھەقىقىي مەسىلە قەشقەرلىكلەر بىلەن تارانچىلارنىڭ بىرلىشىش مۇمكىنچىلىكى ئىدى. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قازاق دالاسىدىكى قىزىل ئوردا دېگەن يەردىكى خىزمەت ئورنىدىن يىغىنغا خەت يېزىپ: «تارانچىلار بىلەن قەشقەرلىكلەر بىر مىللەتمۇ دېگەن بۇ مەسىلىنى 1930-يىلىمۇ كۆتۈرۈپ چىقىش كۆلكىلىكتۇر.» دەپ يازغان. روزىباقىيېۋنىڭ بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان پىكرىدە پرولېتارىياتنىڭ ئازادلىقى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرمەستىن ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقى ، شۇڭا «ئەدەبىي تىلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كۈرىشى بىر سىنىپى كۈرەشتۇر» دەپ تەكىتلەنگەن. بىرلىكنى چىڭىتىش ئۈچۈن يىغىن ئەھلى سوۋېت تارماقلىرىدىن بۇندىن كېيىن قەشقەرلىك ۋە تارانچى دېگەن سۆزلەرنى بۇيرۇق ۋە نەشر ئەپكارلىرىدا قوللىنىشنى توختىتىشقا ئىلتىماس قىلغان.

يېزىق ۋە ئىملا مەسىلىسىدە ئالمۇتالىق زىيالىيلار ئۇستۇنلۈك قازانغان. مالوۋ «كەمبەغەللەر ئاۋازى» دا ئىشلىتىلىۋاتقان ئىملانى قوللىغان ۋە ئۇ « قۇتۇلۇش» ئىشلىتىۋاتقان ئىملا يەتتەسۇدىكى نەشرىياتلارنىڭ ئىملاسى بىلەن بىرلىشىشى كېرەك دەپ قارىغان. ئاز سانلىق ھالەتتە قالغان «قۇتۇلۇش» نىڭ مۇھەررىرى ئۆزىنى قوغداپ «قۇتۇلۇش» نى ئۆزبېكچە دېيىش تۆھمەتتۇر دېگەن. سوۋېتتىكى يېڭى ئۇيغۇر تىلى ئۆلچىمى گەرچە ئىلمى جەھەتتىن قوللىنىشقا ئېرىشكەن ۋە تەستىقلانغان بولسىمۇ بىراق بۇ ئىلمىيلىكتە چىڭ تۇرۇپ تىل بىرلىكىگە شۇبھىلىك قارايدىغان ئالمۇتالىق بەزى زىيالىيلارنىڭ بەدىلىگە ئەمەلگە ئاشقان ئىدى. بۇ خىل سولچى زىيالىيلاردىن سابىرجان شاكىرجانوۋ ۋە لاتىف ئەنسارى ئۆزىنى ئاشكارا تەنقىد قىلىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەجبۇري بولغان. سابىرجان شاكرجانوۋ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىن ئەھلىگە ئۆز خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىپ: « بۇگۈنگىچە مېنىڭ تىل ھەققىدە ئايرىم قاراشلىرىم بار ئىدى ، ئەمما تۆتىنچى قېتىملىق يىغىن تۈرك ئېلىپبەسى كومىتېتى ۋە ئۇيغۇر تىلى ئىملاسى يىغىنىغا قاتناشقاندىن كېيىن خاتالىقىمنى تونۇدۇم. ھازىردىن باشلاپ خاتالىقىمنى تاشلايمەن ، يېزىق ۋە ئىملا مەسىلىسىگە كەڭ نەزەردە قارايمەن ، ئۇيغۇر تىلشۇناسلار بىلەن ھەمكارلىشىمەن. مەن پۈتۈن كۈچۈمنى ئۇيغۇر پرولېتارىياتلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزەش ئۈچۈن سەرپ قىلىمەن» دېگەن.

رۇسىيە تۈركولوگىيەسى ، جەدىتچە ئەدەبىيات دۇنياسى ۋە سوۋېت ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى ئارىسىدا ئىنتايىن مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان بىر ئادەمگە نىسبەتەن بۇ ھەققەتەنمۇ ئېغىر كېلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ كۈنلەرگە قالغان شاكرجانوۋ ستالىنىنىڭ 1930-يىللاردىكى مۇدھىش باستۇرۇش دەۋرىدە ئامان قېلىپ ، ھاياتىنى ئالمۇتادىكى پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدە ئەرەبچە ئۆگىتىش بىلەن قامدىغان ، بىراق شۇ مەزگىلدىكى قەلب يارىسى تولۇق ئەسلىگە كەلمىگەن. ئۇ بۇ جەرياندا مالوۋ بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرغان. مالوۋمۇ ستالىنىنىڭ ئاكادېمىيەدىكىلەرنى باستۇرۇشىدىن ئامان قالغاندىن كېيىن بىر ئامال قىلىپ ياشاپ كېتىۋاتماقتا ئىدى (شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن يىغىنغا قاتناشقان سامويلوۋىچقا بۇ تەلەي نېسىپ بولمىغان). 1934-يىلدىن 1946-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مالوۋ كىتابلىرىنى نەشر قىلدۇرالمىغان. بىراق ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇنىڭ شىنجاڭدىن خاتىرىلىگەن تىلغا دائىر ماتېرىياللىرىنى تەھرىرلەشكە يول قويۇلغان. 1954-يىلى ئۇ قۇمۇل دىئالېكتى ھەققىدە بىر پارچە كىتاب يېزىپ بىر نۇسخىسىنى ئالمۇتادىكى دوستى سابىرجان شاكرجانوۋغا سوغا سۈپىتىدە ئەۋەتىپ بەرگەن. شۇ چاغدا سابىرجان شاكرجانوۋ 70 ياشلاردا بولۇپ بۇ ھەدىيەدىن ناھايىتى سۆيۈنگەن ھەمدە خىيالى شۇئان 1920-يىللاردىكى مۇنازىرىگە كەتكەن. ئۇ رۇس دوستى مالوۋقا ئۇيغۇرچە يازغان خېتىدە: «1920-يىللىرى مەن ئۇيغۇر تىلىدا تارانچى ۋە قەشقەر دىئالېكتى بار دېگىنىم ئۈچۈن بىر تۈركۈم ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر ماڭا ھۇجۇم قىلىشقان ئىدى. سىزنىڭ قۇمۇل دىئالېكتى ھەققىدىكى تەتقىقاتىڭ مېنىڭ گۇناھسىزلىقىمنى ئىسپاتلىدى. چۈنكى بۇمۇ ئۇيغۇر تىلىدا بىر قانچە

دىئالېكتىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرەتتى» دەپ يازغان. ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىدىن ئايرىلىپ 25 يىل ئۆتكەندە شاكىرجانوۋنىڭ دىئالېكتشۇناسلىق ۋە مىللىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ماسلىششچانلىقى ھەققىدىكى جەدىتچە ئىدىيەسى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان ئىدى.

---

سوۋېتنىڭ مىللەتلەر سىياستى ئۇيغۇرلارنى بىر مىللەت سۈپىتىدە بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئەكسىچە ئۇلارنى قەشقەرلىك ۋە تارانچىلاردىن ئىبارەت ئايرىم ئىككى لىنىيەگە ئايرىپ قويغان ئىدى. گەرچە بۇ ئىككىلا گۇرۇپپا ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىسىمۇ، قەشقەرلىكلەر بۇ ئىدىيەنى شىنجاڭدا ئەمىلى ھەرىكەت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەققىدە ئىزدەنگەن بولسا، تارانچىلار ئۇنى سوۋېت تۇپراقلىرىدا، مىللەت فولكلورى ھەققىدىكى جەدىتچە ئەندىزە ۋە ستالىنچە يېڭى قائىدە بويىچە مىللەت بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئېلىپ باردى. بىز 1930-يىلىغىچە بىر ئۇيغۇر مىللىتى ئەمەس ئىككى ئۇيغۇر مىللىتى بار ئىدى دېيەلەيمىز: بۇنىڭ بىرى پۇقرالىق ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولسا، يەنە بىرى ستالىننىڭ مىللەت ئۆلچىمى بويىچە جەزملەشتۈرۈلگەن ئىدى. سوۋېت دائىرىلىرى بۇنىڭ ھېچ بىرىدە ئۇيغۇر مىللىتىنى قول تىقىپ بەرپا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا مىللەت بولۇش جەريانىغا ھەمدەمدە بولغانمۇ ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى قەشقەرلىكلەر ئىچىدىكى بولشېۋىكلەرنىڭ مىللەتلەر ئازادلىقى غايىسىگە ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئاتىغان بەزى كىشىلەرنىمۇ ئۆلتۈردى ياكى تۈرمىلەرگە تاشلىدى.

تارانچىلارنىڭ ئىچىدىمۇ بەزىلەر ستالىننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان، ئەمما ئۇلاردا قولىغا ئېلىپ كۆرسەتكۈدەك بىر نەرسە بار ئىدى. ئۇلار ئۇيغۇر تىلىنى قانۇنى جەھەتتىن بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاساسىنى كىمنىڭ تەشكىل قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى بەزى مەمۇرىي قالايمىقانچىلىقلارغا خاتىمە بەردى. گەرچە 1926-يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئۇيغۇرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايرىم بىر كاتېگورىيە بولۇشىغا شۈبھىلىك مۇئامىلە قىلىنغان بولسىمۇ، 1937-يىلى ئېتنىك گۇرۇپپا دەپ ئېتىراپ قىلىندى، 1939-يىلى مىللەتلىك گۇرۇپپا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ مىللەت دېيىلىشتىن يەنىلا يىراق ئىدى، بىراق ئەمدى تۈرلۈك گۇمانلاردىن خالىي بولغان ئىدى. ھالبۇكى، بۇ جەرياندا سوۋېتتىكى تارانچىلار سوۋېت تاشقى سىياسىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئۆزلىرىنى شىنجاڭدىكىلەردىن ئايرىم دەپ قاراشقا مەجبۇر بولدى. 1930-يىللاردا سوۋېتچە يېڭى مىللەت بولۇش كۆچلۈك تەكىتلىنىشكە باشلىغان ئىدى. 1937-يىلى قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار ئالمۇتادا بىر يىغىن ئېچىپ سېرگى مالوۋقا قىلغان خىزمىتى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتقان. ئۇلار ئۆزلىرىنى «سوۋېتتىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەكىللىرى» دەپ ئاتىغان بولۇپ، مالوۋنى «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئائىت قىممەتلىك ۋەسىقىلەرنى ۋە يازما مەنبەلەرنى قىدىرىپ توپلاش، ئارخىپلاشتۇرۇش ۋە نەشر قىلىش خىزمەتلىرى، ھەمدە يېڭى سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن قوشقان زور تۆھپىلىرى» بىلەن مەدھىيىلىگەن. «سوۋېت ئۇيغۇرلىرى» كاتېگورىيەسى دەل ستالىنىزم ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ئاشۇ مەزگىلدە شەكىللەنگەن.

ئۇنداقتا، يەنە بىر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟ بولشېۋىك رەھبەرلىرى شىنجاڭدا ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى قوللىماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن ھەمدە 1927-يىلىدىكى تازىلاش قەشقەرلىكلەرگە قاتتىق زەربە بولغان، ئەمما سوۋېتلار شىنجاڭغا تەسىر كۆرسىتىش يولىدىكى ھەرىكەتلەرگە ئۇنچە رەھىمسىز زەربە بەرمىگەن. بولۇپمۇ سوۋېت خىتاي سىياسىتىنىڭ نەتىجىسى شۈبھىلىك بولغان ئەھۋالدا تېخىمۇ شۇنداق بولغان. 1927-يىلى قادىر ھاجىغا تاشكەنتتە «قۇتۇلۇش» نىڭ يېڭى نۇسخىسىنى چىقىرىشىغا يول قويغانلىقتىن ئىبارەت بۇ پاكىتقا ئاساسەن، مەن بۇنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شاڭخەيدىكى مەغلۇبىيىتىنىڭ ئەكس ساداسى دەپ قارايمەن. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى تاغلارغا قاراپ چېكىنگەندە جاڭ جېشى دۆلەتنى كوممۇنىستلارغا قارشى ئاساستا بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئاتلانغان ئاشۇ ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى گومىنداڭغا بەرگەن چېگرادا خىتايغا قارشى

پائالىيەتلەرنى قوللىماسلىق دېگەن ۋەدىسىدە ئەمدى تۇرماسلىق قارارىغا كەلگەن. 1931-يىلى ئەنجاندىكى خىتاي كونسۇلى چېن دېلى تاشكەنتكە ئۆسكەن. ئۇ بىرىپلا قادىر ھاجىنىڭ «قۇتۇلۇش» گېزىتىنىڭ داۋاملىق چىقىۋاتقانلىقىدىن ھەمدە قەشقەرلىكلەرنى ئىنقىلابى پائالىيەتلەرگە قىزىقتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن. ئۇن يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى رۇس ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى كونترول قىلىشتىن كېيىن نۇرغۇن سوئاللار يەنىلا جاۋابسىز قالغان بولۇپ، بۇ جاۋابلار پەقەتلا شىنجاڭدىن تېپىلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## سەككىزىنچى باب.

## شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇر مىللىتى ئۇچۇن كۈرەشلەر

ئۆلكە باشلىقى ياڭ زېڭشىنىنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە شىنجاڭدا خىتاي ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ھەققىدىكى ۋەدىلىرى شۇ دەۋردە ئۇنى دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرگۈچىلەر (گومىنداڭ) بىلەن ئارىلىق ساقلاتقۇزغان. جاڭ جېشى نەنجىڭنى پايتەخت قىلغاندىن كېيىنمۇ ياڭ شىنجاڭنى گومىنداڭنىڭ قولىغا تۇتتۇرۇپ قويۇش خاھىشىدا بولمىغان، ئۇنىڭ مەقسىتى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدا سەۋەبلىرى بار ئىدى، ئەمما ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ شىنجاڭنى باشقۇرۇش جەھەتتە قولىغا كەلتۈرگەن تەجرىبە-ساۋاقلىرىنىڭ ئىچكىرىدىن تارقالغان زامانىۋىلىشىش ھەرىكىتى سەۋەبلىك قولدىن كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئەمما، بۇ خىل يېڭى ۋەزىيەتتە مۇستەقىللىقنى ساقلاش ئاسان ئەمەس ئىدى، شۇڭا ياڭ زېڭشىن ئاخىردا ئۆزىگە نۇرغۇن دۈشمەن تېپىۋالغان. 1928- يىلى ئۇنىڭ ئورنىنى ئالغان جىن شۇرېنمۇ ئۆزىنى گومىنداڭچىلاردىن يىراق تۇتقان، ئەمما گومىنداڭنىڭ چېگرا رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقنى زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىنى قوللىغان. جىن شۇرېنىنىڭ يەرلىك مىللەتلەرنىڭ قىسمەن ساقلىنىپ قالغان ھوقۇقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تىرىشچانلىقى 1931- يىلدىكى قۇمۇل قوزغىلىڭىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ قوزغىلاڭ پۈتۈن ئۆلكىگە كېڭىيىپ بىرىنچى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولغان. 1931- دىن 1933- يىلىغىچە بولغان ئىسيانلار، سوۋېتنىڭ بۇلارغا ئىنكاسى ۋە ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىكى شىنجاڭدىكى تەقدىرى قاتارلىقلار بۇ كىتابنىڭ مۇشۇ ئاخىرقى بابىدا مەركەزلىك بايان قىلىندۇ.

بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار 1930-يىللاردا شىنجاڭدا بولغان ۋەقەلەرنى شىنجاڭدا كۆتۈرۈلگەن مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭىنىڭ تۇنجى ئۇچقۇنىدىن تاكى شىڭ شىسەي (1897-1970) نىڭ يېڭى

سوۋېتپەرەس ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلغىنىغىچە بولغان جەريانغىچە تەۋسىلىي بايان قىلىپ چىققان ئىدى. بۇ ھېكايىلەرنى قايتا سۆزلەشنىڭ ئورنىغا مەن بۇ ۋەقەلەر جەريانىدىكى ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە كۆپرەك سەھىپە ئاجرىتىمەن. نۇرغۇن تەرەپلەردىن قارىغاندا بۇ قوزغىلاڭلار 1920- يىللاردا جۇغلانغان ئۆچمەنلىكنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇ شىنجاڭدىكى خىتاي بولمىغان خەلقلەر (ئاساسلىقى مۇسۇلمانلار ۋە موڭغۇللار) ئوتتۇرىسىدا سوۋېت ھامىيلىقىدىكى كوممۇنىستىك ھەمكارلىقنىڭ مۇمكىنچىلىكى؛ گەنسۇ ۋە چىڭخەيدىكى تۇڭگان رەھبەرلەرنىڭ شىنجاڭنى ئاتاقتىلا گومىنداڭغا تەۋە بىر مۇسۇلمان تېررىتورىيەسى قىلىش تىرىشچانلىقى؛ قەشقەر تىجارەتچىلىرى ئارىسىدىكى توقۇنۇش؛ ۋە سوۋېت دائىرىلىرىنىڭ بۇ بۆلۈنۈشلەرگە جاھانگىرلارنىڭ قول تىقىشىدىن ئالاقزادە بولۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما بۇ ئامىللاردىن باشقا، 1930- يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى يەنە يېڭى شارائىتلارنى ياراتقان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا غەرب جاھانگىرلىكى بىلەن ئۇرۇشقا كىرىپ قېلىشتىن ئەنسىرەش ياپونىيەنىڭ تەھدىتى بىلەن يەنە بىر بالداق يۇكسەلمەكتە ئىدى. قۇمۇلدا قوزغىلاڭ پارتلاپ بىر قانچە ئايدىن كېيىنلا ياپونىيە مانجۇرىيەنى بېسىۋېلىش پىلانىنى باشلىغان ھەمدە قورچاق مانجۇرىيە پادىشاھلىقىنى تىكلەپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا كوللېكتىپلاشتۇرۇش ۋە پاختا ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ كۈچەيتىلىشى قارشىلىق پەيدا قىلغان، نەتىجىدە كىشىلەر شىنجاڭغا قاچقان. بۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇ قېتىمقى توپىلاڭنىڭ كۆلىمىمۇ چوڭ بولۇپ ئۆلكىنىڭ بۆلۈك پۈچقاقلىرىغا قەدەر تەسىر كۆرسەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە كىتابىمىزدا شۇ مەزگىلگىچە بەك ئاز رول ئوينىغان توپلۇقلارمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، خوتەن مۇسۇلمانلىرى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى.

## شىمالغا يۈرۈشنىڭ ئەكسساداسى

1927-يىلى دېكابىردا ئىلى دىڭ شىچېڭ ئىسىملىك بىر ئادەم ئۈچ ئاي بۇرۇن خىتاي جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى دەپ ئېلان قىلىنغان نەنجىڭگە بارغان. ئۇ ئىبراھىم ئىسىملىك

شنجاڭدىكى ئاتا مىراس ئۇچتۇرپان بېگىنىڭ خېتىنى ھەمدە ختاي پۇقرالىرىغا قىلىنغان بىر ختابنامىنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ بارغان. دىڭ ئۆزىنىڭ ئىبراھىم بەگ 1920- يىلى بېيجىڭدىكى دۆلەتلىك پارلامېنتتا شىنجاڭ ۋەكىلى بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ئېيتقان. ئىبراھىم بەگ شىنجاڭغا قايتقاندا ئۇ دىڭنى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ ئۆلكىدىكى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي شارائىتلارنى تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلغان. دىڭ پارلامېنتقا سۇنغان دوكلاتتا ۋە مىللىي ھۆكۈمەت رەئىسى تەن يەنكەي بىلەن بولغان كۆرۈشۈشلەردە شىنجاڭنىڭ قالاق شارائىتىغا ئېچىنغان. ئۇ چىڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ بۇ يەردە ھېچقانچە ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى ئېيتىپ، گومىنداڭ رەھبەرلىرىدىن غەربىي شىمالدىكى ئىنقىلابى ھەرىكەتلەرگە كۆپرەك ئېتىبار بېرىشنى تەلەپ قىلغان.

ختايدىكى ھەربىر مىللىي ئىنقىلاب دولقۇنى بەش مىللەت جۇمھۇرىيىتى دېگەن كونا شوئارغا جان كىرگۈزەتتى. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىدە ختايدىكى مۇسۇلمانلاردىن لى چيەنگە ئوخشاش مۇسۇلمان زىيالىيلار ختاينىڭ غەربىدە چوڭراق ئاپتونومىيەنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇچۇن بۇ شوئاردىن پايدىلىنىشقا تىرىشاتتى. 1927- يىلى جاڭ جېشىنىڭ غەلىبىسى ئاساسى قانۇن ھەققىدىكى مۇنازىرىلەرنى جانلاندۇردى؛ تارىخ يەنە تەكرارلىنىپ مۇسۇلمانلارغا كەڭرەك ئاپتونومىيە بېرىش تەلىپى قايتا ياڭراشقا باشلىدى. دىڭنىڭ ئىبراھىم بەگ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى لىچيەن بىلەن شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ 1914-يىلدىكى مۇناسىۋىتىنى ئەسلىتەتتى. دىڭ بۇ ئىشلارنى بىلەتتى، ئۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرغان خەتتە لىچيەنىنىڭ ئىلگىرىكى ھەرىكىتىنى مىسال كەلتۈرگەن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش چاقىرىقتا بولغان. خۇددى لى بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغاندەك دىڭمۇ ختايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ موڭغۇل ۋە تىبەتلەرگە قارىغاندا بەكرەك كەمسىتىلگەنلىكىنى، بەش مىللەت جۇمھۇرىيىتى ھەققىدىكى ۋەدىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىدا چىڭ تۇرغان. نەنجىڭ مەجلىسى يېڭى موڭغۇل- تىبەت كومىتېتى قۇرۇشنى ئېلان قىلغاندا دىڭ بۇنى كېڭەيتىشنى، بۇنىڭ مۇسۇلمان ۋەكىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلغان.

1928- يىلى فېۋرالدا ۋۇخەندىكى مۇسۇلمان كاتتىلار دىڭنى زىيارەتكە تەكلىپ قىلغان. ئۇ بۇ يەردىن يېنىپ شىمالغا مېڭىپ خېنەننىڭ يېڭى ھۆكۈمدارى فېڭ يۈشياڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان. 1927- يىلى فېڭ بىلەن گەنسۇدىكى تۇڭگان مىللەتارىستلارنىڭ مۇناسىۋىتى ناچارلاشقان بولۇپ، گەنسۇ ۋە چىڭخەيدىكى مۇسۇلمانلار فېڭنىڭ پۇقرالار ئارمىيەسىگە قارشى چىققان ئىدى. بۇ مىلىتارىست فېڭ يۈشياڭنىڭ خىتايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش شوئارىنى يوققا چىقارغان ئىدى. غەربىي شىمالدىن چېكىنگەندىن كېيىن فېڭ ئۆزىنى جاڭ جېشىنىڭ قويىنغا ئاتتى ۋە خېنەننىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى قوبۇل قىلدى. فېڭ بىلەن دىڭنىڭ ئۇچرىشىشى نەتىجىسىدە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىن گەنسۇ تۇڭگانلىرىنىڭ رەھبىرى ما فۇشياڭ (1876-1932) نى شىنجاڭدىكى مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ما فۇشياڭ بۇرۇن شىنجاڭدىكى چىڭ ئارمىيەسىدە خىزمەت قىلغان ۋە فېڭنىڭ گەنسۇدىكى پۇقرالار ئارمىيەسى بىلەن ھەمكارلاشقان. شۇڭا ئۇمۇ 1927- يىلى گەنسۇدىن قوغلاپ چىقىرىلغان بولۇپ، دىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇمۇ گومىنداڭغا قوشۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىڭ شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ بىر شۆبىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق خىزمەتلىرىنى قىلىش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن.

ياڭ زېڭشىن بولسا فېڭ يۈشياڭ، ما فۇشياڭ ۋە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز-ئارا بىرلىشىپ ئۇنى ئورۇمچىدىن يوقاتماقچى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇ ئۆز ھۆكۈمىتىنى گومىنداڭ يولى بىلەن ئۆزگەرتىپ چىقىشقا مايىللىقىنى ھەمدە شىنجاڭدا جۇڭخۇا مىنگونىڭ بايرىقىنى ئېسىشنى خالايدىغانلىقىنى تۇيۇقسىز جاكارلىغان. بۇ مۇرەسسە ئارقىلىق ياڭ ئىچكىرىدىكى دۈشمەنلىرىنى چەكلەشتە غەلىبە قىلالىشى مۇمكىن ئىدى، بىراق ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئىچىدە دۈشمەنلىرىمۇ بار ئىدى. نەنجىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي ياڭ بىر ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا قەستلىنىپ ئوق يەپ ئۆلگەن. ياڭدىن كېيىن چىققان جىن شۇرېن بۇرۇن قەشقەردە ھوقۇق تۇتقان بولۇپ، ئۇ دەرھال ۋەزىيەتنى كونترول قىلىپ، تىغ ئۇچىنى فەن ياۋنەنگە قاراتقان. فەن ياۋنەن ئورۇمچىدە ئۇزاق مەزگىل

چەتئەل ئىشلىرى ئەمەلدارى بولغان كىشى ئىدى. شۈبھىسىزكى، نۇرغۇن كىشىلەر ئۈرۈمچىدىكى بۇ قەستلەشكە فېڭ يۈشياڭنىڭ ئارىلاشقانلىقىنى گۇمان قىلغان. ئەمما فېڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيەت ئۆزى تەرەپكە پايدىلىق شارائىتتا بۇنداق بىر قەستلەشنى پىلانلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۈرۈمچىدە بۇ قاتىللىقنى تەكشۈرۈشنىڭ ئانچە چوڭ ئەھمىيىتى يوق ئىدى، شۇڭا بۇنىڭ سەۋەبى ئېنىقلانمىغان. ياڭ ئۆلۈپ ئۇزاق قالماي دىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئالاقىچىسىدىن ئۇنى شىنجاڭغا دەۋەت قىلغان غەلىتە بىر خەتنى تاپشۇرۇۋالغان، بىراق بۇ خەتتە: «بىز چوقۇم نۆۋەتتىكى ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك، ھېچكىمنىڭ ھازىرقى ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىنماسلىقى لازىم» دېيىلگەن. دىڭ ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا ماڭدۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان، بىراق ئۇ بېيجىڭغا بارغاندا ئىبراھىم بەگ گەپ ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ دىڭنى ۋەكىل قىلىپ بېكىتمىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەر قانداق ھەرىكىتىگە مەسئۇل ئەمەسلىكىنى ئېيتقان.

دىڭنىڭ بۇ ھېكايىسى يەنە كىشىگە لى چىيەننى ئەسلىتىدۇ. 1914- يىلى ياڭ زېڭشىن بېيجىڭدىكى ۋەكىللىرىنى قۇتراتقان (شەكسىزكى شىنجاڭدىمۇ قوزغىتىش بولغان)، نەتىجىدە ئۇزاققا قالماي شاھ مەخسۇت لى چىيەن بىلەن بولغان ھەر قانداق ئالاقىسىنى يوققا چىقارغان. جىن شۇرېنمۇ ئوخشاشلا ئويۇن ئويناپ دىڭغا كۈچ كۆرسەتكەندەك قىلاتتى. زادى نېمە بولغان ئىدى؟ دىڭ ئالدامچىمىدى؟ جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئوبدان مۇستەھكەملىگەچكە ئىبراھىمغا بىۋاستە بېسىم ئىشلەتتىمۇ؟ ئەمەلىيەتتە بۇ ئېھتىماللىقلارنىڭ ھېچ قايسىسى بولمىغاندەك قىلاتتى. بەلكىم ئىبراھىمنى بۇنىڭدىن قول ئۈزۈشكە ئۈندىگەن نەرسە غەربىي شىمال مۇسۇلمانلىرىدىكى فېڭ يۈشياڭغا قارشى كۈچلۈك دۈشمەنلىك بولۇشى مۇمكىن. فېڭنىڭ پۇقرالار ئارمىيەسى گەنسۇدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ئۆلكىدىكى تۇڭگان مىلىتارىستلار فېڭ يۈشياڭنىڭ ئۆزىگە قوشنا شىنجاڭدا ھاكىم بولۇشىنى خالىمايتتى. 1929- يىلىنىڭ ئوتتۇرىدا غەربىي شىمالدىكى مۇسۇلمان مىلىتارىستلاردىن سىرت، شىنجاڭدىكى ئىبراھىم بەگنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇسۇلمان ئاقسۆڭەكلەرمۇ ئىمزا قويغان بىر تېلېگراممىدا فېڭنىڭ گەنسۇدىكى جىنايەتلىرى بىر-بىرلەپ تىزىلىپ قاتتىق ئەيىبلەنگەن بولۇپ: «دۆلەت

مەنپەئەتى ۋە ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن بىز فېڭ يۈشياڭنى ئەيىبلەشتە بىرلەشتۇق. بىز بەش يۈز مىڭ مۇسۇلمان كۆچمىزنى توپلاپ مىلتىقلارغا ، زەمبىرەكلەرگە قارشى گۆش ۋە قېنىمىز بىلەن ئاتلاندۇق» دېيىلگەن.

بۇ فېڭ يۈشياڭغا بولغان كەسكىن نارازىلىق ئىدى. بىراق جىن شۇرېنغا قوشۇلغانلىقىنىمۇ ھەرگىز دېرەك بەرمەيتتى. لى چيەن بىلەن دىڭ شچېڭنىڭ "گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بەش مىللەت بىرلىشىش سىياسىتى ختاينىڭ غەربى شىمالىدا بىر مۇسۇلمان ئاپتونوم رايونى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ" دېگەن بۇ قارىشى ختايچە سۆزلەيدىغان دۆلەت سىياسىتىگە ئەگىشىدىغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەڭرى تارقالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى تېخى مۇمكىن ئەمەستەك تۇرغان شۇ ۋەزىيەتتە يەرلىك تۆڭگان رەھبەرلەر مۇسۇلمانلار ئاپتونومىيەسىنىڭ باشقا قوللىغۇچىلىرىنى ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى. 1930- يىلىنىڭ بېشىدا قەشقەرنىڭ دوتيىي ما شاۋۋۇ سوۋېت كونسۇلىغا يېقىنلىشىپ قەشقەرنى قورشىۋالغان باسمىچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن قورال تەلەپ قىلغان ، شۇنداقلا قەشقەرنى مەركەز قىلغان بىر مۇسۇلمان ئۆلكىسى قۇرۇش ئارزۇسىنىمۇ ئىپادىلىگەن. ئۇ سوۋېتنىڭ تارىم ئويمانلىقىنى ئىگىلىشىنى خۇددى ياپونىيەنىڭ مانجۇرىيەنى ئىگىلىشىدەك مۇمكىن دەپ قارىغان. تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى بۇ لايىھىنى رەت قىلغان ، بىراق بىر ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ماشاۋۇنىڭ ئەمەلدارلىرى تاشكەنتتە قاراڭغۇ بازاردىن قورال سېتىۋالماقچى بولۇپ تۇتۇلغاندا سوۋېت پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان. بۇ تۇتقۇنلۇقنى ئۇرۇمچىدىن يوشۇرۇش ئۈچۈن تاشكەنت يېڭى چېگرا ئېغىزلىرىنى ئېچىش ، سودىدا ئىمتىيازلارغا ئېرىشىش تەلىپىنى قويغان.

بۇ ۋەقە سوۋېتنىڭ شىنجاڭدىكى قايسى ئىشلارنى مۇھىم بىلىدىغانلىقىنى روشەن بىلدۈرەتتى: ئۇلارنىڭ مەقسىتى شىنجاڭ بىلەن بولغان سودىدا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ، بۇ ئارقىلىق ئەنگىلىيە ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن ئۇرۇش يۈز بەرگەندە شىنجاڭنى بىخەتەر ۋە ئىشەنچلىك ماتېرىيال بازىسىغا ئايلاندۇرۇش ئىدى. ماشاۋۇنىڭ ۋەكىللىرى تاشكەنتتە تۇتۇلۇپ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى تۈركىستان-

www.uyghurkitap.com

سىبىرىيە تۆمۈر يولىدا بىر يۈقىرى دەرىجىلىك يىغىن ئېچىپ جىن شۇرېن بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچلەندۈرۈشنى، تىجارەت ھوقۇقىغا ئېرىشىش بەدىلىگە ئۈرۈمچىگە قورال سېتىشقا ئىجازەت بېرىشنى قارار قىلغان. يەنە ئون سەككىز ئاي سەرپ بولغان دىپلوماتىيە ئارقىلىق كېلىشىم تۈزۈلگەن، ھەمدە 1931- يىلى ئۆكتەبىردە جىن شۇرېن «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادى مۇناسىۋەت كېلىشىمى» گە مەخپىي ئىمزا قويغان.

## قۇمۇل قوزغىلىڭى ۋە موڭغۇللار

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنى يەرلىك، خىتاي بولمىغان ئاتا مىراس نويۇزلۇقلار توپىغا تايىنىپ ئېھتىيات بىلەن ئىدارە قىلغان. ئۇ بۇ بىر گۇرۇپپا كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېچ بىرىگە تايىنىپ قالمىغان ئاساستا كونترول قىلغان. رۇسىيەلىك مىستىسىزمچى نىكولاس روىرىچ 1926- يىلى ياڭ بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ يەرلىكلەرنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىدىن ھەيران قالغان، ئۇ :«بەزىدە ياڭ تۇڭگانلارنىڭ ھاياتىغا ئارىلاشسا، بەزىدە ئۇيغۇرلارغا يېقىنچىلىق قىلىدۇ، يەنە بەزىدە قالماق ۋە قىرغىزلارنىمۇ گوللاشنى ئۇنتۇمايدۇ» دېگەن. ئەمما ياڭ ئۆلتۈرۈلگەندە بۇ تەدبىرلەر ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇكسەك ئۇنۇمىنى جارى قىلدۇرۇشتىن قالغان ئىدى. 1920- يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياڭ تۇڭگانلارغا تايىنىشتىن ئېھتىيات قىلىپ موڭغۇللارغا مايىل بولغان ھەمدە شەرقتىكى فرونتىغا قارا شەھەردىكى تورغۇتلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنىنى تۇرغۇزغان. بىراق ئۇزاققا قالماي بۇ موڭغۇل سىياسىتى ئالتايدا موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭ مۇداپىئە قىسىملىرى بىلەن توقۇنۇشقانلىقى سەۋەبلىك مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن. يەرلىك موڭغۇللارنىڭ بۇ ھۇجۇملاردا بىرلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ياڭ ئالتايدىكى قازاقلارغا تايىنىپ ئۇلارنى موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى قوراللاندۇرغان. 1927- يىلى ئامېرىكىلىق سەيياھ ئوۋېن لەتتىمور ئىچكى موڭغۇلىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەندە قوراللىق قازاقلارنىڭ گەنسۇ ۋە چىڭخەيگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. قازاقلارنى قوراللاندۇرۇش

كرەي (قازاقلارنىڭ بىر قەبىلسى) ئاقسۆڭەكلىرى ئىچىدىكى رەقىبلەرنى زىندىيەتكە سالغان، ئۇلارنىڭ ئالتايدىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا سۈرۈلۈش تەھدىتىنى ئېلىپ كەلگەن.

ياڭنىڭ مىللىي نوپۇزلۇقلار بىلەن ھەمتاۋاق بولۇش سىياسىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئۇنىڭ خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ چېگرا رايونلاردا يەرلەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىگە نىسبەتەن كۈچلۈك قارشىلىقى ئىدى. ياڭنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورۇنباسارى مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى لىيۇ ۋېنلوڭ نەنجىڭگە خەت يېزىپ ياڭنىڭ سىياسەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغان ھەمدە خىتاي بولمىغان يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنى قەتئىي نارازى قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرغان. لىيۇ: «ئۇزاق مەزگىل چارۋىچى موڭغۇللار ۋە قازاقلارغا تەۋە يەرلەر يەنىلا ئۇلارغا مەنسۇپ بولسۇن، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مۇسادىرە قىلىنمىسۇن ياكى ئېكىن يەر قىلىپ ئۆزگەرتىلمىسۇن» دېگەن. بىراق ئۆلكە باشلىقى جىن شۇرېن گومىنداڭنىڭ چېگرا رايونلارنى باشقۇرۇشنى خىتايچىلاشتۇرۇش سىياسىتىگە ئەمەل قىلىپ، چېگرا رايوننى خىتاي تەسەررۇپىغا ئۆتكۈزمەكچى بولغان. 1929- يىلدىن 1930- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا جىن شىنجاڭدىكى چارۋىچىلارنىڭ چەك دەۋرىدىن قالغان تۈزۈلمىسىنى بىكار قىلىشقا تۇتۇش قىلىپ، ئىلى ۋادىسىغا خىتاي ئەمەلدار ئەۋەتكەن ۋە ئىلى گارنىزون قوماندانىنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەنلەتكەن. بۇ سىياسەتلەر بۇ رايوندىكى قىرغىز، قازاق ۋە موڭغۇللارنى بىئارام قىلغان. ئالتايدىكى كېرەيلەرنى مىسالغا ئالساق، قازاق ۋاڭى كۈچلۈك بولۇپ ئەۋەتىلگەن خىتايلارنى قوغلاپ چىقارغان، ئەمما قاراشەھەردىكى تورغۇت موڭغۇللىرى ئۆلكە ئەمەلدارلىرىنى تەيىنلەپ ئەۋەتىشنى «تەلەپ» قىلىشقا مەجبۇر بولغان، نەتىجىدە بۇ ھېچقانداق بىر ئاۋارىچىلىكسىز ئەمەلىيلەشكەن. 1930- يىلى جىن بۇ سىياسەتتە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ قۇمۇل ۋاڭلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى ھەمدە يەرلەرنى بۆلۈپ ناھىيەلەرنى قۇردى، خەلقنى يېڭى باجغا زورلاپ گەنسۇدىكى يالاڭتۆش خىتايلارنى قۇمۇل بوستانلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتى. جىننىڭ بۇ قىلغىنى چەكتىن ئېشىپ كەتتى، نەتىجىدە 1931- يىلىنىڭ باشلىرىدا يەرلىك مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلار) قوزغىلىپ قولىغا قورال ئالدى.

قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ سىپىنى كۆزەتكىنىمىزدە پەرقلىق سىياسىي خاھىشتىكى كىشىلەرنىڭ بارلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئەجدادىتىن ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىدىغان قۇمۇللۇق ئاقسۆڭەكلەردىن باشقا جەدىتچىلەر ۋە سوۋېتقا مايىل كىشىلەرمۇ بار ئىدى. بەلكىم ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە سىياسىي پەرقلەرنى بەكرەك تەكىتلەش ئاقىللىق ئەمەس ئىدى. ئىنقىلابتىكى جىددىي مەسىلە ئۇرۇمچىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قورال ۋە ئوق دورىلارغا قانداق ئېرىشىش ئىدى. قوزغىلاڭچىلار دەسلەپتە گەنسۇغا يۈزلىنىپ گومىنداڭچى ختاي ئارمىيەسىنىڭ 36- تۈگگان دېۋىزىيەسىنى تەكلىپ قىلغان. بۇ دېۋىزىيەنىڭ قوماندانى قابىلىيەتلىك ياش ئوفىتسېر ما جوڭيىڭ ئىدى. بۇ ھەمكارلىق 1931- يىلى يازدا ۋە كۈزدە ئۆلكە ئارمىيەسىنى قايتا-قايتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان. ئاخىردا ما جوڭيىڭ جىن شۇرېنغا مەنسۇپ ئاق ئورۇس قىسىملىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يارىلىنىپ گەنسۇغا چېكىنگەن.

قىش كىرگەندە قوزغىلاڭچىلار قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى تاغلارنى ماكان تۇتقان. ئۇ يەر موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە يېقىن بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار ئەمدى موڭغۇلىيەدىن ياردەم تەلەپ قىلغان. بارىكۆللۈك قازاق قاسىم (بەلكىم موڭغۇلىيە دۆلەتلىك ئاز سانلىقلار بيۇروسىنىڭ خادىمى بولۇشى مۇمكىن) قوزغىلاڭچىلار بىلەن موڭغۇلىيەنىڭ مۇناسىۋىتىدە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. نەتىجىدە موڭغۇلىيە قوزغىلاڭچىلارغا بىر پاكىت توپلاش ئۈمكى ئەۋەتكەن، ئۇلار شىنجاڭغا 1931- يىلى دېكابىردا كىرىپ كەلگەن. بۇ گۇرۇپپىدىكى موڭغۇلىيەلىك خادىم كىتابىمىزدا بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان لاۋارىن دەنبەرەل ئىدى. ئۇ ئون يىل بۇرۇن ئىلى ۋادىسىغا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىنقىلابىي مەقسەت بىلەن سەپەر قىلغان ھەمدە ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ۋە قادىر ھاجى بىلەن بىللە 1922- يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ موسكۋادىكى قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ئىدى.

دەنبەرەل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يېتىپ بارغاندا قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى بۇرۇن قۇمۇل ۋاڭغا خىزمەت قىلغان كۆپ جايلارنى كەزگەن خوجىنىياز ئىدى. دەنبەرەل دەسلەپتە ئۆزىنىڭ

مەقستىنى ئېيتمىغان ھەمدە ختاي جاسۇسى دېگەن گۇمانغا قالغان. ئۇنىڭ مەقستى ئاخرى ئاشكارا بولغاندا بەزىلەر موڭغۇللار بىلەن ھەمكارلىششقا قارشى چىققان، چۈنكى ئۇلار كوممۇنىستلار كونتروللۇقىدىكى موڭغۇلىيەنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ھەققىدىكى كىشىنى بىزار قىلىدىغان بايانلارنى ئاڭلىغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ دەنبەرەل خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن ھەم ئەسكىرى ياردەم قىلىش ۋەدىسىنى بەرگەن. يېڭى يىلنىڭ بېشىدا موڭغۇل ۋەكىللىرى ئۇلانباتورغا قايتقان بولۇپ، ئۇلار قۇمۇل، تۇرپان ۋە قەشقەرلىك ئۈچ ئۇيغۇرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ بارغان. ئۇلار 1932- يىلى مارتتا پايتەختكە يېتىپ بارغان ھەمدە قورال ۋە ئەسكىرى مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتىش ھەققىدە خوجىنىياز ھاجى ۋە قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ئىمزا قويغان مۇراجىئەتنى يەتكۈزگەن.

موڭغۇلىيەگە يۈزلىنىش خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوزغىلاڭنى كوممۇنىستلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مايىل بىر ئۇسۇلدا بايان قىلىشىغا مەجبۇر قىلغان. قۇمۇل رەھبەرلىرى قوزغىلاڭنى مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى دېمەي «چەنتۇ خەلقى» نىڭ مىللىي قوزغىلىڭى دەپ ئاتىغان. خوجىنىياز ھاجى ئۆزىنى «چەنتۇ خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى كومىتېت رەئىسى» دەپ تونۇشتۇرغان. دەنبەرەلنىڭ قوزغىلاڭ ھەققىدىكى دوكلاتىدىمۇ قوزغىلاڭچىلار ھەققىدە بىر ئىنقىلابى پارتىيەنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقى ھالىتىدە تىلغا ئېلىنغان. خەتتە قەشقەر ۋە خوتەنگە قەدەر بىر ئالاقە تورىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە قاراشەھەردىكى تورغۇتلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ئىتتىپاقداش ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. خەتتە يەنە 1931- يىلىدىكى ماجوڭيىڭنىڭ كىرىشى قىسقىلا بايان قىلىنىپ، قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى ۋە تۇڭگانلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت مەۋجۇتلۇقى پۈرىتىلغان ۋە ماجوڭيىڭ قۇمۇل پارتىزانلىرىنىڭ قورالىنى ۋە ئوق دورىلىرىنى تارتىۋېلىپ، پارتىزانلارنى جىن شۇرېنغا تاشلاپ بەردى دەپ شىكايەت قىلىنغان.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ موڭغۇلىيەگە يۈزلىنىشى مېۋە بەردى. 1932- يىلى ئاپرېلدا دەنبەرەل ۋە قاسىم ھەمكارلىشىپ قورال، ھەربىي كىيىم ۋە نەق پۇلنى قۇمۇلغا يۆتكىدى. شۈبھىسىزكى نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭدا موسكۋانىڭ بىۋاستە قولى بار دەپ قارايتتى. قارىغاندا قۇمۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋەكىللىرى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشكەندەك قىلسىمۇ بۇ قوزغىلاڭغا موسكۋانىڭ قول تىققانلىقىغا ئائىت ئېنىق پاكىت كەم. گالىنندەۋنىڭ مىگمارسامبۇنىڭ موڭغۇلىيە ئارخىپلىرىغا ئاساسەن بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا پەقەت موڭغۇل خەلق ئىنقىلابى پارتىيەسى سېكرېتارى شىجى ۋە گەندەن قورال ئەۋەتىشنى تەستىقلىغان. بۇنىڭغا قارىغاندا موڭغۇلىيە كومپارتىيەسى مۇستەقىل ھەرىكەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ياردەم ھەققىدىكى سۆھبەت موڭغۇلىيەدە كوممۇنىستلارغا قارشى قوزغىلاڭ دولقۇنى پەيدا بولغان بىر چاغدا يۈز بەرگەن بولۇپ بۇ كېيىنچە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ سولچىل خاتالىقى تۈپەيلىدىن بولغان دەپ تەنقىد قىلىنغان. 1932-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بارلىق كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ۋەكىللىرى موڭغۇلىيەدىن قايتۇرۇپ كېتىلگەن بولۇپ، بۇ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ موڭغۇلىيەدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىغا بېشارەت ئىدى. ئەپسۇسكى موڭغۇلىيەدىكى 1932-يىلدىكى قوزغىلاڭلار سەۋەبىدىن شىنجاڭدىكى ئىنقىلابقا دائىملىق ياردەمنىڭ ئېھتىماللىقى يوق بولغان. موڭغۇلىيەنىڭ ئېھتىياتچان سىياسەت تۇتۇشقا قاراپ يۈزلىنىشى ئۇنىڭ خىتاي زېمىنىدىكى چېگرا ھالقىغان ھەرىكەتلىرىگە ئىمكان قويمىغان.

## جەنۇبى تۈركىستان ئاپتونومىيەسى ۋە شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى

1932- يىلى باھاردا ما جوڭيىڭنىڭ مۇئاۋىنى ما شىمىڭ 36- دېۋىزىيەنىڭ تارماقلىرىنى باشلاپ شىنجاڭغا قايتا كىرگەن ۋە يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ۋاقىتلىق ھەمكارلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. يېڭى كەلگەن قىسىملارنىڭ ياردىمى بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئۆلكە ئارمىيەسىنى قۇمۇلدىن قوغلاپ چىقارغان، بىراق ئۇ غەربكە يۈرۈش قىلىشتىن بۇرۇن قۇمۇلدا ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولغان. بۇ ئۇنىڭ بىلەن ما شىمىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ما شىمىڭ 1932- يىلى دېكابىردا تۇرپانغا قاراپ يولغا چىققان. تۇڭگانلارنىڭ تۇرپانغا كېلىشى بىلەن بۇ رايوندىكى بىر قانچە قوزغىلاڭلار ئۇدۇل كېلىپ قالغان. تۇرپاندىكى قوزغىلاڭغا خوجىنىياز ھاجىنىڭ يارەنلىرىدىن مەخمۇت مۇھىتى رەھبەرلىك قىلغان.

مەخمۇت مۇھىتى تۇرپانلىق باي سودىگەر ئەۋلادى بولۇپ سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن پاختا سودىسى قىلاتتى. ئۇ 20 يىلدىن بىرى جەدىتچى ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ تۇرپاندا مەرىپەت تارقاتقان ئىدى. ما شىمىڭ بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ رەھبەرلىرىنى 36- دىۋىزىيەدە ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن بولۇپ ئۇلار ئاتاقتا گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىقىدا بولغان. تۇرپاندا مەخمۇت مۇھىتى مەخمۇت سىجاڭ ئاتالغان. بۇگۈرنىڭ بېگى تۆمۈر بولسا تۆمۈر لۈجاڭ ئاتالغان. 1933- يىلى يانۋارغا كەلگەندە تۇرپاننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن.

جەنۇبتىكى ئۆزگىرىشلەر پايتەختنىڭ مۇداپىئەسىنى ئۆزگەرتكەن. قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە جىن شۇرېن ئۆلكە قىسىملىرىغا ۋە ئاق ئورۇس ياللانما ئارمىيەسىگە تايانغان ، بىراق 1933- يىلىنىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا مانجۇرىيەدە ياپونلار بىلەن ئۇرۇشۇپ سوۋېت تېررىتورىيەسىگە چېكىنگەن ئون مىڭدەك خىتاي ئەسكەرلىرىنى قايتۇرغان. يەرلىكلەر بۇ يېڭى كەلدىئاخۇنلارنى «قىزىل ساقاللار» دەپ ئاتايتتى ، بۇ ئىسىم ئەسلى رۇسىيە- خىتاي چېگراسىدىكى خىتاي باندىتلىرىغا دېيىلەتتى. قىزىل ساقاللارنىڭ كېلىشى بىلەن ۋەزىيەت ئۇرۇمچىنىڭ پايدىسى تەرەپكە بۇرۇلغان ھەمدە بۇ ما شىمىڭ ۋە تۇرپاندىكى ئىسيانچىلار مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن ئۇدۇل كېلىپ قالغان. قىزىل ساقاللارنىڭ شىڭ شىسەي ئىسىملىك ئوفىتسېرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكىتى نەتىجىسىدە تۇرپاندىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. ئەمما بۇ غەلىبە جىن شۇرېن قىسىملىرىنىڭ ئۇنىڭ ئىسيانچىلارنى يوقىتالايدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىنى تىكلىيەلمىگەن. 1933- يىلى ئاپرېلدا جىن شۇرېننىڭ قىزىل ساقاللار قوللىغان ئاقلار ئارمىيەسى ھەربىي- سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغان. ئۇلار جىن شۇرېننىڭ ئورنىغا ياڭ زېڭشىننىڭ يېقىنى لىيۇ ۋېنلوڭنى مۇۋەققەت ئۆلكە رەئىسى قىلىپ تىكلىگەن ، لېكىن ئەمەلىي ھوقۇق شىڭ شىسەينىڭ قولىغا ئۆتكەن.

تۇرپاندىن قوغلانغاندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ بىر قىسىم ئىتتىپاقداشلىرى جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان. تۆمۈر لۈجاڭنىڭ قوشۇنى ماشىمىڭنىڭ مۇئاۋىنى ماجەنساڭ رەھبەرلىكىدىكى قاراشەھەردە ئەسكەرلىككە ئېلىنغان تۇڭگانلار بىلەن كۈچلەنگەن. نەتىجىدە ماجەنساڭ بىلەن

www.uyghurkitap.com

تۆمۈر قىسملىرى كۈچا ۋە كورلىنى قولغا كەلتۈرۈپ قەشقەرگە يول ئالغان. بۇ ئىككىيلەن شىمالدىن بېسىپ كېلىۋاتقاندا قەشقەرنىڭ دوتىيى ماشاۋۋۇ ئىككى تەدبىر قوللانغان بولۇپ ھەر ئىككىلىسىدە مەغلۇپ بولغان. بۇنىڭ بىرى ، شەھەرنىڭ غەربىدە چېگرا مۇداپىئەسىگە مەسئۇل ئوسمان ئېلى قوماندانلىقىدىكى قىرغىز قىسىملىرىنى ئىشقا سالغان. ئوسمان ئېلى ئەكسىچە تۆمۈر ۋە ماجەنساڭ قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭچىلارغا قېتىلىپ كەتكەن. ئىككىنچىسى ، ما شاۋۋۇ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت ئاساسىنى كېڭەيتكەن. 1933- يىلى ئاپرېلنىڭ ئاخىرىدا ما شاۋۋۇ ئۆمەر ئاخۇنبايېۋ رەھبەرلىكىدە يېڭىدىن شەھەرلىك كېڭەشنى تەشكىللىگەن. (بىر گۇۋاھچىنىڭ ئېيتىشىچە ما شاۋۋۇ ئەمەلىيەتتە ئىستېپا بېرىپ ئۆمەر ئاخۇنبايېۋنى دوتەي قىلماقچى بولغان). شەھەرنى مۇداپىئە قىلىشنىڭ تەدبىرلىرىنى ئېلىشنىڭ ئورنىغا شەھەرلىك كېڭەش كېلىۋاتقان بىرلەشمە قىسىمنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن بىر ئۆمەك ئەۋەتىشنى قارار قىلغان.

قەشقەرنىڭ شۇ چاغدىكى سىياسىي ۋەزىيىتىدە تۆمۈر بەگنىڭ يېتىپ كېلىشى 1932- يىلى باھاردىلا خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئالاقىلەشكەن نورۇز باي باشچىلىقىدىكى ئارتۇچ تەرەپدارلىرىنىڭ غەلىبىسىگە ئايلانغان. تۆمۈر بىلەن نورۇز باي بىر يېڭى پارتىيە قۇرۇپ ئىسمىنى شەرقى تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى دەپ ئاتىغان ھەمدە ئۆمەر ئاخۇنبايېۋ رەھبەرلىكىدىكى شەھەرلىك كېڭەشنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. ئۇلار نورۇز باي رەئىسلىكىدە يېڭى كېڭەش قۇرۇپ ئۇنى قەشقەر مىللىي ئىسلام كېڭىشى دەپ ئاتىغان. قەشقەردىكى كونا كۈچلەرنى چەتلەشتۈرۈش ئۇنچە ئاسانغا توختىمىغان ، شۇنىڭ بىلەن تۆمۈر تەرەپدارلىرى ئۆزۈنىغا قالماي پارچىلانغان. ئۇنىڭ ئورنىغا ئاخۇنبايېۋ تەرەپدارلىرى ئاساس بولغان ، نورۇز باينىڭ قوللىغۇچىلىرىمۇ قاتناشقان ۋە قىرغىز ۋەكىللەرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى قۇرۇلتاي ۋۇجۇدقا چىققان.

قەشقەردىكى ھەر قايسى قورال‌لىق قىسىملار ئارىسىدا جىددىيچىلىك كەسكىن بولغان. ئوسمان ئېلىنىڭ قىرغىز قىسىملىرى شەھەرگە دەسلەپ كىرىپ خىتايلارنىڭ مال- مۈلۈكلىرىنى بۇلىغان. بۇ ھۇجۇملار تۇڭگانلارنى نارازى قىلغان ، بىراق تۆمۈر بەگ ئۇلارغا نىسبەتەن بىتەرەپ ئورۇندا تۇرغان ، نەتىجىدە قەشقەر كونا شەھەردە تۇڭگانلار بىلەن قەشقەرلىكلەر ئوتتۇرىسىدا

توقۇنۇش كېلىپ چىققان. تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا كوچا ئۇرۇشى بولۇۋاتقان شۇ مەزگىلدە ۋاقىتلىق بىر كېلىشىم ئىمزالىنىپ ، تۆمۈر باش قوماندان بولۇپ ئوسمان ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بولغان ؛ يۇنۇس بەگ سەئىدى (1902-1938) ۋە سۇ جىنشۇۋ دوتەي بولغان. يۇنۇس بەگ سەئىدى ئۇرۇمچىدىكى رۇسچە سىياسىي- قانۇن مەكتىپىنى تۈگەتكەن ھەمدە تۇرپانلىق تۆمۈرنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى. سۇ جىنشۇۋ بولسا ما جەنساڭنىڭ شتاب باشلىقى (سەنمۇجاڭى) ئىدى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى رۇسچىغا راۋان بولۇپ قەشقەردە گومىنداڭ سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشنى نىيەت قىلاتتى. يەرلىك جەدىتچىلەردىن قۇتلۇق ھاجى شەۋقى قەشقەردە كۆچلۈك تەسىرگە ئىگە ئىدى. ئۇ 20 يىل بۇرۇن يەرلىك نەشرىياتچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ئىسمائىل غاسپىرالى بىلەن ئالاقىلەشكەن ئىدى. ئۇ شۋېد مىسسىئونېرلارنىڭ باسما ماشىنىسىدىن پايدىلىنىپ «شەرقى تۈركىستان ھاياتى» دېگەن گېزىتنى چىقارغان. بۇ گېزىت تۆمۈرنىڭ ئورگان گېزىتى سۈپىتىدە خوجىنىياز ھاجىغا مايىللىق مەيدانىدا بولۇپ ، ئۇنى ئېتىقاد جەڭچىسى دەپ مەدھىيەلىگەن.

شۇ چاغدا تۇرپاندىكى باستۇرۇشتىن ئامان قالغان مەخمۇت مۇھىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم كىشىلەر قۇمۇلدا خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۇچرۇشۇپ قايتا تەشكىللەنگەن. ئاپرېلدا خوجىنىياز ھاجى قوشۇنىنى باشلاپ تۇرپانغا قايتقان ۋە تېز ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. ئۇ چاغدا ئۇرۇمچىدە ھەربىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ئىدى. بۇ چاغدا ئۆلكىدىكى ئىسيانچىلار ئارىسىدا ۋاقىتىنچە كۆرۈنۈشتىكى بىر بىرلىك شەكىللەنگەن. ئېيۇندا ئۇلار نەنجىڭدىكى مەمۇرىي پالاتاغا خەت يېزىپ ئۆزلىرىنى «شىنجاڭ يۇقرالار ئىنقىلابى ئارمىيەسى» دەپ ئاتاپ ئۆزىنىڭ جىن شۇرېننىڭ زۇلۇمىغا قارشى ھەرىكىتىنى ھەقلىقلەشتۈرگەن. خوجىنىياز ھاجى ۋە قەشقەردىكى يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئىككى دوتەيمۇ خەتكە قول قويغۇچىلارنىڭ قاتارىدا بار ئىدى. ئەمما بۇ خەتنىڭ بېشىدا باش قوماندان ئۇنۋانى بىلەن قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ۋارىسى بىشىر بار ئىدى. يەنە دېۋىزىيە قوماندانى سۈپىتىدە ئۆلكىدىكى ئىككى ئاقسۆڭەكلەرمۇ تىزىلغان بولۇپ ، بۇ ئىنقىلابى ئارمىيەگە بۇرۇنقى تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى بىر تۈسنى بەرگەن ئىدى. بۇ ئىككىيلەن تۇرپاندىكى ۋاڭ ئائىلىسىدىن بولغان ئەمىلدىن ئېلىنغان ئىسكەندەر ۋە كۆچا ۋاڭى ئىدى. كۆچا

ۋاڭنىڭ ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خوجىنىياز ھاجى بۇ ئاقسۆڭەكنىڭ كۈچى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تەسىرىنى ساقلاشقا مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە شەرتلەرگە ئىمزا قويغان.

گەرچە قوزغىلاڭچىلار ئۈرۈمچىگە قىستاپ كەلگەن ۋە ئۇنى قولغا ئېلىشقا ئاز قالغان بولسىمۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇڭگانلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاساسى ئاجىز ئىدى. روشەنكى نەنجىڭگە يوللانغان خەتكە ئىمزا قويمىغىنى ما جوڭيىڭ ئىدى، ئۇ ھازىر ئۆلكە مەركىزىگە تەگرى تېغىنى بويلاپ شەرقتىن باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. تەرەپلەر ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى دەسلەپتە ما جوڭيىڭ بىلەن ئالاقىلەشكەن ھەمدە ئۇنىڭغا تارىم ئويمانلىقىنى ۋەدە قىلغان. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ماجوڭيىڭدىن ئەنسىرەشلىرى قوزغىلاڭچىلارغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان قورال — ياراق ۋە ئوق- دورا توغرىلىق بولغان تالاش- تارتىش سەۋەبلىك كۈچەيگەن. بۇ زىددىيەت ئاخىرى مۇسۇلمان رەھبەرلەرنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولغان. بۇ خىل زىددىيەتتىن پايدىلانغان شىڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجى بىلەن سۆھبەتكە ئولتۇرغان. ئېيۇندا ئارىسىدا شىڭنىڭ قول ئاستىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە چېن دېلى (ئۇ سوۋېت تۈركىستاندىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك دىپلوماتىيە خىزمىتىدىن كېيىن ئەمدى شىڭنىڭ تاشقى ئىشلار باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن ئىدى) مۇ بولغان شىڭنىڭ بىر گۇرۇپپا ۋەكىللىرى خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىدىكى فۇكاڭدا ئۇچراشقان. خوجىنىياز ھاجىنىڭ كاتىپى ھەمدۇللا تۇرپانىنىڭ يازغىنىغا ئاساسلانغاندا، فۇكاڭ كېلىشىمى بويىچە شىنجاڭ جەنۇب ۋە شىمال دەپ ئىككىگە ئايرىلىدىغان بولۇپ، تۇرپان ۋە قۇمۇل جەنۇب دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ مۇسۇلمانلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتىدىغان بولغان. بۇ ئاساستا خوجىنىياز ھاجى توختامغا ئىمزا قويغان ھەمدە سوۋېتتىن قورال ئېلىپ جەنۇبقا قاراپ ماڭغان، شۇنداقلا تاشكەنتكە سۆھبەت ئۈچۈن ۋەكىل ئەۋەتكەن. ئېيۇلدا خوجىنىياز ھاجى ئۆزىنى «جەنۇبى تۈركىستان يەرلىك ھۆكۈمەت باشلىقى» دەپ ئاتىغان.

خوجنىياز ھاجىنىڭ ما جوڭيىڭدىن ئايرىلىش قارارى ئۇنىڭ ئۆلكىدىكى ئاقسۆڭەكلەردىن بولغان ئىتتىپاقداشلىرى ئارىسىدا ئالقىشلانمىغان، ئۇلار ختاي سىياسىتىگە يېقىن بولۇپ تۇڭگانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا مايىل ئىدى. بۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئوردا بېگى يولۋاس (يولبارس) بەگ شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلىمىسىدە يېزىلىشىچە، ئۇ كوممۇنىستلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشتىن قورققان ھەمدە ئۆز ئالدىغا قۇمۇلنى باشقۇرغان. تۇرپان ۋاڭمۇ ما جوڭيىڭنى قوللاشقا مايىل بولغان. شىنجاڭدىكى داڭلىق سوۋېت مۇھاجىرلىرىمۇ تۇڭگانلار تەرەپتە تۇرغان. قوزغىلاڭ پارتلىغاندا غۇلجىدا ياشاۋاتقان ئەلخان تۆرە ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە ما جوڭيىڭنى مەدھىيەلەپ خوجنىياز ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ما جوڭيىڭغا ئىشەنمىگىنىگە ئېچىنغان. بىراق تۇڭگانلارنىڭ شىنجاڭدىكى غايىسى خوجنىياز ھاجى گۇرۇھىدىكى زىيالىيلار ۋە بايلار قاتلىمىدا تەسىرگە ئىگە بولالمىغان. بۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن نۇرغۇن تەرەپلەردە باغلىنىشلىق ئىدى. (كۆپىنچىسى 1920- يىللاردا سوۋېتتا تۇرغان). شۇڭا ئۇلار سوۋېت بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇشنى قارار قىلغان.

شىمالدىكى ۋەقەلەر قەشقەرگە كەسكىن تەسىر كۆرسەتكەن. ھۆكۈمرانلاردىن ئوسمان، تۆمۈر ۋە ما جەنساڭ ئارىسىدا ئايرىلىش كۆرۈلگەن. ئوسمان چېكىنىپ تاغقا چىقىپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى تەدرىجىي ھالدا سوۋېتقا قارشى باسمىچىلار ۋە سوۋېت قىرغىزىستاندىن يېقىندا قېچىپ كەلگەن قىرغىزلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن كۈچەيگەن. ئۇ ۋاقىتتا سوۋېت قىرغىزىستاندىكى كوللېكتىپلاشتۇرۇش سىياسىتى قاتتىق قارشىلىققا دۇچ كەلگەن ئىدى. بۇرۇنقى دوتەي ما شاۋۋۇ ما جەنساڭ بىلەن بىرلىشىۋالغان ھەمدە قەشقەرنىڭ جەنۇبىدىكى يېڭىشەھەرگە ئورۇنلاشقان. ما جەنساڭ تۆمۈرنى قەشقەردىن ئالداپ ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر كوناشەھىرى ھۆكۈمەتسىز ھالدا قالغان.

شۇ ۋاقىتتا قەشقەرنىڭ جەنۇبىدىكى خوتەندە يېڭى ئىنقىلاب پارتلىغان. قوزغىلاڭ ئەمىرلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان بولۇپ ئۇلار مۇستەقىل بىر ئىسلام دۆلىتى قۇرۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇلار 1933- يىلى فېۋرالدا خوتەننى كونترول قىلىپ غەربتىكى يەكەنگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەسكەر چىقارغان ، شۇنداقلا ئۇلار ھۆرمەتكە سازاۋەر دىنى ئۆلىما سابىت داموللامنى قەشقەرگە سۆھبەتكە ئەۋەتكەن. قەشقەردە تۆمۈر بەگنىڭ يۇلتۇزى ئۆچكەندىن كېيىن خوتەن ئەمىرلىرى بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا كىرىشكەن ۋە سابىت داموللامنىڭ ئەتراپىدا بىر يېڭى بىرلىك شەكىللەنگەن. ئۇ تۆمۈر تەرەپدارلىرىنىڭ ۋە بىر بۆلەك قىرغىزلارنىڭ ، شۇنداقلا تۈركىيەدە ئوقۇغان ۋە قەشقەرگە ئىنقىلابقا قاتنىشىش ئۈچۈن يېتىپ كەلگەن بىر يۇرۇش مىللەتچىلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەرلىكلەردىن ئارتۇقچىلۇق مەمتىلى ئەپەندى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا شۇنداقلا تۈركىيەدىن كەلگەن مۇھاجىرلارمۇ بار بولۇپ ، بۇلار «ئىستىقلال» جەمئىيىتىنى قۇرغان ئىدى. نويابىردا ئىستىقلال جەمئىيىتى سابىت داموللا باش مىنىستىرلىقىدىكى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى تەشكىل قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ھەيران قالارلىقى ئۇلار خوجىنىياز ھاجىنى پرېزىدېنت قىلغان ، بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇدا بولۇپ سوۋېتنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى ئۇرۇمچى بىلەن ئىتتىپاقداش ئىدى.

شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىسلامچە خاراكتېرىدە چىڭ تۇرىدىغان ئىستىقلال جەمئىيىتى فۇكاك ئەھدىنامىسىدىكى «جەنۇبى تۈركىستان» ئاپتونومىيەسىدىن خېلىلا ئىلگىرىلەپ كەتكەن ئىدى. ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ كۆپ مىللەتلىك تەركىبى تەتقىقاتچىلارغا شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى پانتۈركىزملىق ۋە پانئىسلامىزملىق سىياسىينىڭ قەشقەردىكى يۈزلىنىشىدەك بىلىنگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تەركىبى ئۆتمۈشتىكى يەرلىك ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىنىڭ داۋامىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. مەسىلەن ، شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مائارىپ مىنىستىرى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم 20 يىل بۇرۇن قەشقەردە جەدىتچە مەكتەپ ئېچىش ئۈچۈن مائارىپنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنى قۇرۇپ چىققان ئىدى. جۇمھۇرىيەتنىڭ مالىيە مىنىستىرىمۇ مۇساباييۇلار جەمەتىدىن ئىدى. ئۇندىن باشقا تۆمۈر بەگنىڭ قىسقا داۋاملاشقان ھاكىمىيىتىدىكىلەرمۇ بار ئىدى. پرېزىدېنتلىق تەكلىپىنى قوبۇل قىلغان خوجىنىياز ھاجى تۆمۈر ۋاقتىدىكى ۋالىي يۇنۇس سەئىدنى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى قىلىشنى تەلەپ قىلغان. مۇشۇلاردىن قارىغاندا خوجىنىياز ھاجىنىڭ نېمە ئۈچۈن پرېزىدېنتلىقنى

قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خوجىنىياز ھاجى خەتەرنى ھېس قىلغان بولسىمۇ ۋەزىيەتنى يەنىلا سوۋېت قوللايدىغان تەرەپكە بۇرىماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەگەر بۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىستراتېگىيەسى بولسا ئۇزاققا قالماي ئۇمىدسىزلىنىشى ئېنىق ئىدى. پرېزىدېنت قەشقەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئەركەشتامغا بېرىپ سوۋېت ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ يەردە سوۋېت ئەمەلدارلىرى خوجىنىياز ھاجىنى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سوۋېتقا قارشى باش مىنىستىرى سابىت داموللامنى تۇتۇپ سوۋېتقا تاپشۇرۇپ بېرىش تەلىپىنى قويغان. ئۆزىنى ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك ھېس قىلىپ قىينالغان خوجىنىياز ھاجى ئۆزىنىڭ باش مىنىستىرىنى قاتىلنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان.

## بۇ بىر ئۇيغۇر ئىسيانىمۇ؟

بۇ ۋاقىتلىق سىياسىي تەشكىللىنىشلەرنىڭ ئانچە كۆپ يازما ماتېرىياللىرى قالدۇرۇلمىغان ھەمدە مەن ئۇلار ھەققىدە چوڭقۇرلاپ بايانمۇ بېرەلمەيمەن. ئەمما، بۇ كىتابنىڭ مەقسىتى ئۇچۇن ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ بۇ ۋەقەلەردە قانچىلىك ۋە قانداق رول ئوينىغانلىقىنى بايان قىلىش زۆرۈر. كۆرگىنىمىزدەك، قوزغىلاڭدا بېرىلگەن تۈنجى سىياسىي باياناتلاردا ئەنئەنىۋى ئاتالغۇلار ئىشلىتىلگەن. قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئۆزىنى «چەنتۇ» لارنىڭ ۋە «چەنتۇ خەلق جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ۋەكىلى دەپ ئاتىغان. «چەنتۇ» چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەيدىغان مۇسۇلمانلارغا قويغان نامى، شۇنداقلا بۇ نام موڭغۇلىيەدە شىنجاڭلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلگەن. بۇ پاكىتلار بەلكىم قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ ئاتالغۇنى تاللىغىنىغا تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى ئۆزلىرىنى شۇنداق ئاتاشقا رازى بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خوجىنىياز ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى قوزغىلاڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەندە ئېنىق بىر ئاتالغۇغا موھتاج ئىدى ، ئەمما «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسى تېخى تولۇق ئۇيۇشتۇرغۇچى نۇقتا ھالىتىگە كەلمىگەن ئىدى. شىنجاڭدا «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدە مىللىيلىكتىن بەكرەك سىياسىيلىق كۈچلۈك ئىدى. بۇ ھەقتىكى جانلىق ئىزاھات 1920- يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نەزەر غوجا ئابدۇسەمەتوۋ يازغان بىر ھېكايىدە تېپىلىدۇ. ھېكايىدە ئىككى مويسىپىتنىڭ قەشقەردىكى بىر بازاردا قىلغان سۆھبىتى تەسەۋۋۇر قىلىنغان. گەرچە بۇ بىر ھېكايە بولسىمۇ ئۇ «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ شىنجاڭدىكى مەنىسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. مەسىلەن:

- دېگىنە ، نېمە خەۋەر بار ؟

- بازاردا مالىمانچىلىق بار !

- نېمىشقا ؟ نېمە بوپتىكەن ؟

- ھازىرچە ھېچ گەپ يوق ، بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغىلىدىغانلىقى ھەققىدە پاراڭلار بولۇۋاتىدۇ.

- ئۇلار نېمىشقا قوزغىلىدىكەن ؟ ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ ؟

- ياق ! شۇنداقتەك قىلىدۇ ئاداش ! يېقىندىن بۇيان كالتە چاپانلار ئاكتىپ ھەرىكەتكە ئۆتتى.

- ئۇ كالتە چاپانلار تېخىچە ئەقلىنى تاپماپتۇ. چارپادىشاھى نىكولاينىڭ دەۋرىدە ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادا خاتىرجەم ئولتۇرالمىغان. بولشېۋىكلەر كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلار يەنىلا جاھىللارچە ھەرىكەتلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار ھەر ئىككىلىسى بىلەن چىقىشالمايدۇ! بولشېۋىكلەر ئۇلارنىڭ دەككىسىنى بەردى ، شۇنداقتىمۇ ئۇلار بۇنى بىردەمدىلا ئۇنتۇپ قېلىپتۇ!

- دېگەنلىرىڭنى چۈشىنىمەن ، ئەمما بۇ «ئۇيغۇرلار» كىملەر ؟

- «ئۇيغۇرلار» دېگەن بىز گېپىنى قىلىۋاتقان كالتە چاپانلار شۇ.

ئابدۇسەمەتوۋنىڭ ھەمكارلاشقۇچىسى زارىف باشىرى يۇقىرىقى ھېكايىنى 1931- يىلى تاتارچىغا تەرجىمە قىلغان بولۇپ ، ئۇ ھېكايىگە يازغان ئىزاھاتتا: «چىنى تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلاردا 'بىز ئۇيغۇر' دېگەن ئىدىيە ئانچە كەڭ تارقالغان ئەمەس ، ئۇلار ئەكسىچە ئۆزلىرىنى

'بىز مۇسۇلمان' دەيدۇ. جەدىتچىلەر ۋە مىللەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلۇق پاكىتلىرىنى ئاۋۋال بايقىغاچقا كىشلەر جەدىتچىلەر ۋە مىللىي ئىنقىلابچىلارنىلا ئۇيغۇرلار دەپ ئاتايدۇ» دېگەن. ئەلۋەتتە ، بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى كالتە چاپانلارنىڭ كۆپىنچىسى كوممۇنىستلار ئىدى. شۇڭا ، 1931- يىلى سوۋېتنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ «شىنجاڭدا 'ئۇيغۇر' دېگەن سۆز بولشېۋىك دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاپ قالىدۇ» دەپ يازغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئەلۋەتتە ، يۇقىرىقىلاردىن ئۇيغۇر مىللىتى ۋە ئۇيغۇرىستان دېگەن ئۇقۇملارنىڭ قوزغىلاڭدا ئورنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. شىنجاڭدىكى سوۋېتتىن ياردەم ئىزدەيدىغان جەدىتچىلەر ئارىسىدا ئۇيغۇر ئەجدادلىرىغا رومانتىك چوقۇنۇش خاھىشى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. ئېيتىلىشىچە ، تۇرپاندىكى جەدىتچى ئابدۇخالىق 1920-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېتتا تۇرغان ۋە نەزەر غوجا ئابدۇسەمەتوۋغا ئوخشىتىپ ئۆزىگە «ئۇيغۇر» دەپ تەخەللۇس قويغان ھەمدە نەزەر غوجا ئابدۇسەمەتوۋنىڭ ئۇيغۇر ئوغلى نامىدا يازغان تېمىلىرىغا ئوخشاش مەزمۇنلاردا شېئىرلار يېزىپ ، ئۇيغۇر دېگەن نامنى ئۆز خەلقىنىڭ تېپىك ئەجدادى نامى سۈپىتىدە چاقىرىق قىلغان. ئابدۇخالىق ئۆزىنىڭ «ئىستىمەس» دېگەن شېئىرىدا ئۆز مىللىتىگە ئېچىنىپ مۇنۇلارنى يازغان:

- ھامىنىڭ ئەۋلادىدىن بىرى قۇللۇقتا قالمىدى ،

ئۇيغۇر ئەۋلادى بۇنى ھەم سېزىشنى ئىستىمەس.

يەپ زەھەر بولدى كېسەل ، ئەلۋىدا! كۆپتۇر خەتەر ،

مىللىتىم جان چىقسا ھەم ، داۋالىنىشنى ئىستىمەس.

(ئىزاھات: ھامىنىڭ ئەۋلادى ياۋروپالىقنى كۆرسىتىدۇ)

بۇنداق شېئىرلار يەرلىكتە تەسىر قوزغىغان بولۇشى مۇمكىن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «ئويغان» دېگەن شېئىرىنى 1932- يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئاق قەغەزلەرگە يېزىپ كوچىلاردا ئېسىپ قويغان دېيىلىدۇ. «ئويغان» دېگەن شېئىر « ئەي پېقىر ئۇيغۇر ئويغان ، ئۇيقۇڭ يېتەر!» دەپ باشلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر دېگەن بۇ ئىسىم سوۋېت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قوللايدىغان بەزى كىشىلەر بۇنىڭغا ئېھتىياتچان مۇئامىلىدە بولغان بولۇشى مۇمكىن. جۇمھۇرىيەتنىڭ باش مىنىستىرى سابىت داموللا ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش نۇتقىدا: «ئاي ۋە يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق پۈتۈن ئۇلۇغ تۈركىستان ئۈچۈن قوبۇل قىلىنىدى» دېگەن. ئەلۋەتتە ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردىكى كۆپلىگەن كىشىلەر، بولۇپمۇ سوۋېت مۇھاجىرلىرى پانتۈركىزمنى ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىشىشىنى قوللايتتى. شۇڭا بۇلارغا نىسبەتەن قىرغىزلار ياكى تۇڭگانلار بىلەن بىرلىشىش قىزىل شىنجاڭدىن ساقلىنىشتا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ «ئىستىقلال» ژۇرنىلىدا مەرغىلانلىق تۇغرۇلبەگ رەھىمى بۆلۈنۈشكە قارشى مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرغان ئىدى:

كىشىلەرنى ھەرگىزمۇ «شەھەرلىك»، «ئەنجانلىق» ۋە ياكى «قىرغىز» دەپ ئاتىمايلى،

بىز ھەممىمىز بىر ئاتىنىڭ بالىلىرى، ھەممىمىز بىر مىللەتنىڭ ئەزاسى.

ئەمما ئەجداد مەنىسىدىكى (يەنى مىللەت مەنىسىنىڭ ئەكسىچە) ئۇيغۇر دېگەن بۇ نام يۇقىرىقى قاراشلار بىلەن قارشى ئەمەس ئىدى. شۇڭا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قوللايدىغانلارمۇ ئۇيغۇر سىمۋولىدىن پايدىلاندى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچىدە دۆلەتنىڭ نامىنى قانداق ئاتاش ھەققىدە مۇجمەللىك باردەك قىلاتتى. مەسىلەن، ئۇنىڭ تەڭگىسىگە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە ياكى ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى دەپ يېزىلغان. شائىر مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندى ئىستانبۇلدىن جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى قۇتلۇقلاش ئۈچۈن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ 1933- يىلى «بىز ئۇيغۇرنىڭ بالىلىرى» دېگەن شېئىرنى يازغان، بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ پىكرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن بىردەك ئىدى:

بىز ئۇيغۇرنىڭ باللىرى كۆڭلىمىز نۇرلۇق،

بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق ھايات يولىمىز ئۇلۇغ.

بۇ ۋەقەلەر يېتىپ كېلىش ئالدىدىكى زىددىيەتلەر نۇقتىئىنەزىرىدىن قايتا ئىزاھلانغان بولغاچقا ئەينى دەۋردىكى قوزغىلاڭچىلار سېپىدە كىملىك ئايرىمچىلىقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ مەسىلىدە شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئون يىل ئارقىدا بولۇپ، 1930-يىللارنىڭ بېشىدىكى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى 1920- يىللارنىڭ بېشىدىكى سوۋېتنىڭ ۋەزىيىتىگە ئوخشايتتى. پەرقلىق گۇرۇپپىلار گەرچە ئۇيغۇر نەسەبنامىسى ۋە ئۇيغۇرىستان ھەققىدىكى رومانتىك ئىدىيەدىن پايدىلانغان بولسىمۇ خوجنىياز ھاجى ياكى خوتەن ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ھېچ بىر سىياسىي تەشەببۇسلىرىدا ئۇيغۇر بىر مىللەت سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنمىغان. تۇڭگانلار، يەرلىكلەر، قىرغىزلار، مۇھاجىرلار ۋە خىتايلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىق ئۆزگىرىپ تۇرغان ئاشۇ ۋەزىيەتتە تۈركلەر ياكى مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى ھەققىدىكى خىتابلار ئۇلارنىڭ ئاساسلىقى سىياسىي پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرۈشى ئۈچۈن قوللىنىلغان دەپ قاراش مۇۋاپىق. بۇ مىللەتلىك چېگراسى ھەققىدىكى نەزەرىيەۋى بىر مەۋقە ئەمەس ئىدى. يەنى، بۇ ۋاقىتتىكى ئۆلكە سىياسىي ۋەزىيىتىدە مىللەتلەرنى ئايرىشنىڭ ۋاقتى تېخى كەلمىگەن ئىدى. ئەمما ئۇ ۋاقىتمۇ يىراق قالمىغان ئىدى. خۇددى 1924- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللەتلەرنى ئايرىش بۇ مەسىلىلەرنى كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كەلگەندەك 1934- يىلى شىنجاڭدىمۇ شۇنداق ۋەزىيەت بارلىققا كەلمەكتە ئىدى.

## چېگرانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى پىكىرلەر

1930- يىللارنىڭ بېشىغىچە كۆرۈلگەن زىددىيەتلىك ئەھۋاللار موسكۋانىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى قاراشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغان ئىدى. بىر تەرەپتىن، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال 1920- يىللاردىكىگە قارىغاندا سوۋېت دۆلەت مەنپەئەتىنىڭ قورالىغا تېخىمۇ بەك ئايلىنىپ قالغان، نەتىجىدە تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى سىياسەت بەلگىلەشتە مۇھىم ئورۇنغا ئۆتكەن ئىدى. شىنجاڭ سىياسىتىدە 1927- يىلى سىياسىي بيۇرو ئۇرۇمچىدە «خىتايغا يۆزلىنىش» دېگەن قارارنى چىقىرىپ ئەنجاندىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنى تۇتقۇن

www.uyghurkitap.com

قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن ، جاڭ جېشى سوۋېت بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن بولۇپ ، بۇ بولشېۋىكلەرنىڭ بۇرۇنقى دىپلوماتىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ساقلىنىلغان سىياسىي لايىھەلەرنى سىناق قىلىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرگەن. سوۋېتنىڭ خىتاي سىياسىتىدىكى بۇ خىل يېڭى جانلىق تەرىپىنىڭ بىر مىسالى 1928-يىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا موسكۋادا ئېچىلغان خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 6- قۇرۇلتىيىدىكى «خىتايدىكى مىللىي مەسىلە ھەققىدە» دېگەن قارارىدا ئىپادىلىنىدۇ. قارارىدا تۇنجى قېتىم خىتايدىكى ئېزىلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بارلىقى ئېتىراپ قىلىنغان. بۇ قارار ئېھتىيات بىلەن بايان قىلىنغان بولۇپ ، 7- قۇرۇلتايدا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇزاكىرە قىلىش تەلەپ قىلىنغان. (1945- يىلىغىچە بۇ قۇرۇلتاي چاقىرىلمىغان). بۇ سەۋەبتىن تەتقىقاتچىلار ئۇنى بىر ئۆلۈك خەت دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن گەرچە خىتاي كوممۇنىستلىرى بۇ مەسىلىگە ئانچە قىزىقمىغان بولسىمۇ ، سوۋېتنىڭ خىتاي مۇتەخەسسىسلىرى بۇنى تەتقىقاتقا ئەرزىيدىغان تېما دەپ قارىغان.

خىتاي كوممۇنىستىك ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ (سۇن ياتسېن ئۇنىۋېرسىتېتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مۇدىرى پاۋېل مىف كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى. ئۇ موسكۋانىڭ كوممۇنىستىك ئاكادېمىيەسىدىكى يەر شارى ئىقتىسادى ۋە سىياسىتى ئىنستىتۇتىدا خىتايغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتقا يېتەكچىلىك قىلاتتى. مىفنىڭ خىتاي ئىلمى تەتقىقات ئىنستىتۇتى 1931- يىلى دەل قۇمۇلدا قوزغىلاڭ پارتلىغان مەزگىلدە قۇرۇلغان بولۇپ ، بۇ تەتقىقات ئورنىنىڭ بىرىنچى يىلدىكى ئىككى تەتقىقات تېمىسىدا شىنجاڭ گەۋدىلىك ئورۇندا تۇراتتى. بۇنىڭ بىرى ، خىتاينىڭ مىللەتلەر قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىش بولۇپ ، خىتايدىكى خىتاي بولمىغان مىللەتلەرنى مۇكەممەل بايان قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى. بۇ تەتقىقات خىتايدىكى ياپونغا قارشى كۈچلەرنىڭ ياپونلارنىڭ ھۇجۇمى نەتىجىسىدە خىتاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى نوپۇسى كۆپ ئەمما ئاز تەتقىق قىلىنغان مىللەتلەر كۆپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا سۈرۈلۈش مۇمكىنچىلىكى سەۋەبىدىن جىددىي ئورۇنغا قويۇلغان. يەنە بىر تەتقىقات ئوتتۇرا

ئاسىياغا جايلاشقان سوۋېت ختاي چېگراسىدىكى ئۇيغۇر كۆچمەن ئاھالىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي خاھىشىنى تەكشۈرۈشنى نىشان قىلاتتى. 1931- يىلى بۇ تەتقىقاتقا مەنسۇپ ئىككى ئۆمەك شىنجاڭ تەرەپكە قاراپ يولغا چىققان ، ئۇلارنىڭ بىرى ئىسسىق كۆل ۋە فرونزا (بىشكەك ) ئەتراپىدىكى تۇڭگانلارنى تەتقىق قىلاتتى ، يەنە بىرى پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر كۆچمەنلەرنى تەتقىق قىلاتتى. تەتقىقات ئۆمىكى كۆچمەنلەرنىڭ سىياسىي -ئىقتىسادى مۇددىئالىرى ، شىنجاڭدىكى سىياسىي ئەھۋال بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدە سوۋېتقا قارشى كەيپىيات قوزغىتىدىغان ئامىللارنى تەكشۈرۈشنى ۋەزىپە قىلغان ئىدى. قەشقەرلىكلەر ئۈستىدىكى بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش 1931- ، 1932- ۋە 1933- يىللىرى شىنجاڭ بىلەن بولغان چېگرا رايونلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئۈچ قېتىملىق تەكشۈرۈشنىڭ تۈنجىسى بولۇپ ، ھەر بىر قېتىملىق تەكشۈرۈش ئوخشاش بولمىغان نەتىجە ۋە تەۋسىيەلەر بىلەن يەكۈنلەنگەن. بۇ ئۈچ تەكشۈرۈش بىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىنىڭ ئۇ قېتىدىكى ۋەقەلەرگە بولغان ئۆزگىرىپ تۇرغان سىياستى ئېنقلاپ چىقىشىمىزغا ئىمكان بېرىدۇ.

بۇ تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىشنىڭ تۈپ سەۋەبى شىنجاڭدىن كەلگەن مۇھاجىرلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى دېگەن پىكىرنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئىدى. بۇ خىل قارشىلىق سوۋېتنىڭ ختاينىڭ غەربىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرستىشىگە توسالغۇ بولاتتى. 1927- يىلىدىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان باستۇرۇش چېگرا بويىدىكى رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتىگە تەسىر كۆرسەتكەندەك قىلاتتى. قەشقەرلىك ئىشلەمچى كۆچمەنلەر ئارىسىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان كۆپلىگەن پائالىيەتچىلەرنىڭ تازىلىنىشى نەتىجىسىدە ئىشلەمچى بىلەن تەمىنلەش پۈتۈنلەي ئاقساقاللار ۋە ختاي ئەلچىلىرىنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. سوۋېت قەشقەردىمۇ ئۆمەر ئاخۇنبايېۋ بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ، ماكس دۇمپىسىنىڭ بازارنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى كىشىلەرنى قوللاش ئىدىيەسىدىن ۋاز كەچتى. 1930-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى موئىسېي ئادولفوۋىچ نېمچېنكو ئىقتىسادى مەنپەئەتنى قوغلىشىش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى كۆز

قارىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «خىتاينىڭ غەربىدىكى سوۋېت تەشكىلاتلىرى يەرلىك ئاممىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالدى. سودا پۈتۈنلەي مۇستەملىكىچى گۇرۇھلار بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ گۇرۇھلار چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان ۋە يەرلىك خىتاي مەمۇرىيىتى تەرىپىدىن سۇنئىي ئۇسۇلدا داۋام قىلىنىدۇ. خىتاي مەمۇرىيىتى بۇ ئارقىلىق سوۋېت تەشكىلاتلىرىنى يەرلىك مىللەتلەردىن ئايرىپ قويىدۇ. نەتىجىدە ، يەرلىك مىللىي گۇرۇپپىلار خىتايلار ۋە مۇستەملىكىچى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيەسىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز نارازىلىقىنى سوۋېت تەشكىلاتلىرىغا ۋە سوۋېت سودا سىستېمىسىغا قارىتىدۇ.» دەپ يازغان.

ئۈرۈمچىدىكى كونسۇللۇق ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ تېخى يېقىندىلا موسكۋاغا قايتىپ كەلگەن نېمچېنكو 1931-يىلىدىكى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولغان ئىدى. ئۆزىنىڭ بىرىنچى سەپىرىدە ئۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ يېزا جەمئىيىتى ۋە سىنىپى قۇرۇلمىسى توغرىسىدا ئېنىق بىر چۈشەنچە ھاسىل قىلىشنى ئاساسى مەقسەت قىلدى. ئەمما بۇ جەرياندا ئۇ قەشقەر ئىشلەمچىلىرىنىڭ سوۋېت زېمىنىدا ئۇچرىغان مۇئامىلىسىدە چوڭ مەسىلىلەر بارلىقىنى بايقىدى. نېمچېنكو بۇ ھەقتە تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىغا دوكلات قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسى قەشقەرلىك كۆچمەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ھەققىدە بىر قاتار قارار قوبۇل قىلىپ ، ئۇلار ماڭىدىغان يوللاردىكى قىزىل چايخانىلار ، تېببىي بېكەتلەر ۋە يېمەكلىك تارقىتىش نۇقتىلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىشنى تەشەببۇس قىلدى. نېمچېنكو موسكۋاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بايقاشلىرىنى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ شەرقى سېكرېتارىياتىغا دوكلات قىلدى ھەمدە پاۋېل مىفنىڭ «خىتايدىكى مەسىلىلەر» دېگەن ژۇرنىلىدا شىنجاڭ ھەققىدە بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇ ماقالىسىدە شىنجاڭدىكى ئۈرۈمچى ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيان بىر خىتايغا قارشى قوزغىلاڭ بولۇپلا قالماستىن ئۇنىڭدا يەنە ئىلغار سىنىپى ھەرىكەتنىڭ ئىزناسىمۇ بار دەپ قارىغان. ئۇ: «نامراتلىق سەۋەبىدىن فېئوداللار ۋە ئەزگۈچىلەرگە قۇل بولۇپ باغلىنىپ قېلىش بارغانچە ئاۋۇماقتا ۋە بۇ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە يانداش ھالدا دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.» دېگەن.

نىمچېنكو قۇمۇل قوزغىلىڭىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى زۆرۈر بولغان بىر مىللىي ئازادلىق كۆرۈشى سۈپىتىدە ئىجابىي جەھەتتىن تەسۋىرلەپ، بۇ جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىنىڭ باشلىقى كارل باۋمان (1892-1937) نى قايىل قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان. سېنتەبىردە باۋمان موسكۋاغا شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىشى ئۈچۈن سوۋېتتا تەربىيەلەنگەن كوممۇنىستلارنى ئەۋەتىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن. ئەمما سىياسىي بيۇرو بۇ پىلاننى مۇزاكىرە قىلغاندا تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىدىكى لېۋ كاراخان بۇنىڭغا قارشى چىققان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پاۋېل مىف نىمچېنكونىڭكىگە زىددىيەتلىك بولغان دوكلاتلارنى تاپشۇرۇپ ئالغان، ھەمدە ئۇ بۇرۇنقى كونسۇلنىڭ (يەنى نىمچېنكونىڭ) ئانالىزلىرىغا ئىشەنمىگەن. مىف بىلەن ئۇنىڭ خىتاي مۇتەخەسسىسلىرى نىمچېنكونى تېخمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈشكە بۇيرۇغان ۋە ئۇنىڭغا خىتاينىڭ غەربىدىكى ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان بىر كومىتېت قۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەن. بۇ كومىتېتنىڭ ئىككىنچى ئەزاسى پ. ئى. فېسېنكو بولۇپ ئۇ شەرق كوممۇنىستىك ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا شىنجاڭ مۇتەخەسسىسى ئىدى. بۇ كىشى ئۇنىۋېرسىتېتتىكى قەشقەرلىك ئوقۇغۇچىلار بىلەن پات- پات شىنجاڭ مەسىلىسى ھەققىدە مۇزاكىرىگە قاتنىشىپ تۇراتتى. باشقا ئىككى ئەزا بولسا ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىدىن ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ۋە ئىسمائىل تاھىروۋ ئىدى. (ئەينى چاغدا تاھىروۋ موسكۋادا، روزىباقىيېۋ قازاقىستاندا ئىدى.)

1932- يىلى نىمچېنكو بىلەن فېسېنكو ئوتتۇرا ئاسىياغا كېيىنكى بىر تۈركۈم پەسىللىك ئىشلەمچىلەر بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندا سىياسىي بيۇرو ئۆزىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدىكى مۇزاكىرىسىنى داۋاملاشتۇرغان. ئىيۇندا پارتىيە رەھبەرلىكى تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىدىن شىنجاڭ خىزمىتىگە ئائىت كۆرسەتمە تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلغان، بۇ كۆرسەتمە ئاۋغۇستتا سۇنۇلغان ۋە تەستىقلانغان. بۇ كۆرسەتمىدە خىتايغا قارشى شوئارلارنى چەكلەش، ئۈرۈمچىدىكى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاش تەلەپ قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆرسەتمىدە يەنە شىنجاڭدا مەركەزنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ كۈچىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى مۇزاكىرە قىلىنغان. بولۇپمۇ شىنجاڭدا «ئەنگلىز ۋە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ غەلىبە قىلىشىدىن تەشۋىشلىنىش ھاجەتسىز» بولغىنى ئۈچۈن بۇ خىل ئاپتونومىيە ئويلىشىلغان.

شۇ يىلى يازدا تەتقىقاتچىلار سوۋېت زېمىنىدىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتلارنى تەكشۈرۈشكە 1931- يىلدىكىدىنمۇ بەكرەك كىرىشتى. ئۇلار قىزىل چايخانا، كارۋانسارايي ۋە يەرلىك ئۇيغۇر كوممۇنىستىك تارماقلىرىنى تەتقىق قىلدى. مەن نېمچېنكو بىلەن فېسېنكونىڭ روزىباقىيېۋ ۋە تاھىيروۋ بىلەن كۆرۈشكەن كۆرۈشمىگەنلىكىگە جەزم قىلالمايمەن، ئەمما بۇ ئىككى رۇس شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭغا نىسبەتەن قوللاش پوزىتسىيەسىدە بولغان. بۇ پوزىتسىيە تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى بېكىتكەن چەكتىن ھالقىپ كەتكەن ئىدى. ئىككىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈشنىڭ ئاخىرىدا نېمچېنكو كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ شەرقى سېكرېتارىياتى باشلىقى گېئورگى سافاروۋغا خەت يېزىپ قوزغىلاڭنى تولۇق قوللاش ۋە بىر ئاممىۋى ئىنقىلابى پارتىيە قۇرۇپ ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ بۇ پارتىيە ھەققىدە بىر يۈرۈش شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ شوئارلاردا جاھانگىرلىكنى ۋە خىتاي بۇرژۇئازىيەسىنى ئەيىبلەيدىغان، شىنجاڭنى مۇستەقىل بىر خەلق جۇمھۇرىيىتى دەپ قارايدىغان مەزمۇنلار بار ئىدى. ئۇنىڭچە بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيەسى بولاتتى، شۇنداقلا تاشقى موڭغۇلىيە ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خىتايدىكى تايانچ بازىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بولاتتى. تۇڭگانلارنىڭ قوراللىق كۈچلىرىدىن تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى بەكرەك ئەندىشە قىلاتتى، شۇڭا نېمچېنكو گەنسۇدىكى ئىنقىلابى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىش مۇمكىنچىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا فېسېنكو يېڭى بىر تۈركۈم قەشقەرلىك ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى شەرق كوممۇنىستىك ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەربىيەلىنىشكە ئېلىپ كەلگەن.

نېمچېنكو شىنجاڭدىكى ھادىسىلەردىن ئۈمىدۋار ئىدى. بىراق ئۇ 1932- يىلى كۆچمەنلەردىن كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان شىكايەتتىن باشقا نەرسىلەرنى ئاڭلىمىغان. ئۇ زۆرۈر

ئەمگەك كۈچلىرى بىلەن تەمىنلىنىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن سوۋېت ئەمەلدارلىرىنىڭ قەشقەرلىك ئىشچىلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشقا كۆز يۇمۇۋاتقانلىقىنى ھەمدە ئەمگەك كۈچلىرى بىلەن تەمىنلەشنى پۈتۈنلەي ئاردىن پايدا ئۈندۈرىدىغان بېدىكلەرنىڭ قولىغا تۇتتۇرۇپ قويغانلىقىنى بايقىغان. نېمىچېنكو كۆچمەنلىك جەريانىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلگەن. كۆچمەنلەرنىڭ تەخمىنەن 90% تى فېۋرال بىلەن مارت ئايلىرىدا سەپەرگە ئاتلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلار سەپەرنى يالاڭئاياق باسقان ۋە ئۇلارنىڭ سەپەرگە كېرەكلىك لازىمەتلىكلىرى يېتەرسىز بولغان. ئۇندىن كېيىن، ماي بىلەن ئىيۇن ئايلىرىدا ئىشلەمچىلەر ئاللىقاچان ئازراق پۇل تېپىپ بولغان مەزگىلدە، ئىككىنچى بىر تۈركۈم «ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار» چېگرادىن كىرىدىغان بولۇپ، ئۇلار قەرز بەرگۈچىلەر، پۇل تېگىشكۈچىلەر، قىمارۋازلار، ئەتكەسچىلەر، كەنت ئاقساقاللىرى، ئىماملار، موللىلار ۋە سوپى شەيخلەردىن ئىبارەت ئىدى. سوۋېت ئورگانلىرى ئىشلەمچىلەرنى قوغداشقا ھېچبىر كۈچ چىقارمىغان، شۇڭا 80% ئىشلەمچىلەر شەخسىي كارۋان سارايلاردا يېتىپ قوپقان، ئۇ يەردە ياتاق قىممەت بولغانىنىڭ ئۈستىگە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ زۇلۇمىغا ۋە سوۋېتقا قارشى قۇتراتقۇلۇقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، نۇرغۇن ئىشلەمچىلەر شىنجاڭدىكى يەرلىك بەگلەر بولغان خوجايىنلىرى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئىشلەمچىلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تاپقان- تەرگەنلىرىنى ئۇلارغا تاپشۇراتتى. بۇ تۈزۈمنى كۈچەيتىش ئۈچۈن سوۋېت كولخوزلىرى قەشقەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ، ھەتتا خىتاي ساقچىلىرىنىڭ بۇ ئىشلەمچىلەرنى نازارەت قىلىشىغا يول قويغان. نېمىچېنكو بۇ خىل قەبىھ ھالەتكە بولغان ئەيىبلەشنىڭ تىغ ئۇچىنى ئەمگەكچىلەرنى قوبۇل قىلغانلارغا قارىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك سىنىپىي دۈشمەنلەر بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىنى قاتتىق قامچىلىغان. ئۇ يەنە يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىشلەمچىلەرنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاش ھەققىدىكى بۇرۇنقى قارارلارنى ئىجرا قىلمىغانلىقىنىمۇ تەنقىد قىلغان.

كۆزدە توپ- توپ قەشقەرلىكلەر تەشكىللىسىز ھالدا شەرقىي تۈركىستانغا قايتقان. بۇ خىتاي ئەمەلدارلىرىنى چۆچۈتۈۋەتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۈمۈش پۇللارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىش

www.uyghurkitap.com

چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن قەشقەرلىكلەر پۈللىرىغا توقۇمچىلىق مەھسۇلاتلىرى، ئاياغ قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇلار ئەركەشتامغا قايتقۇچە يولدا بۇ بۇيۇملارغا نان تېگىشىپ يېگەن. ئەھۋالنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ناچارلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ بىر ئىسپاتى شۇكى، سوۋېتنىڭ نەزىرىدىكى سوۋېتقا قارشى جاھىل ئەكسىيەتچى بولغان قەشقەر دوتىيى ما شاۋۇ ئەمدى قەشقەرلىك پرولېتارىياتلارنى قوغدىغۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ قەشقەرلىكلەر سوۋېتتىكى بىر پەسىللىك ئىش مەزگىلىدىن كېيىن خىتاي تېررىتورىيەسىگە قۇرۇق قول قايتقان ئىدى. ما شاۋۇ سوۋېت كونسۇلىغا يېزىلغان نارازىلىق خېتىدە (گەرچە ئۇ بۇ ھالەتتىن مەمنۇن بولغان بولسىمۇ) بۇ ئەھۋالدىن چۆچۈگەنلىكىنى «سوۋېت ھۆكۈمىتى داۋاملىق ئىشچىلارنىڭ قانداق ئالاھىدە ئىمتىيازلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەرغىب قىلاتتى» دېگەن قۇرلاردا ئىپادىلىگەن. بۇ خەت ئەلۋەتتە تاشكەنتتىكى ئەمەلدارلارنى تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قويغان ئىدى. سوۋېت تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى گارېگىن ئاپرېسوۋ ئىشچى- دېھقانلار تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەردىن پارتىيەنىڭ يول-يورۇقلىرىنى بۇرمىلىغان ۋە قەشقەرلىك ئىشلەمچىلەرگە رەھىمسىز مۇئامىلە قىلغان كىشىلەرنى ھەرقانداق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ پاش قىلىش ۋە جازالاشقا چاقىرغان.

بۇنداق رەددىيەلەر شىنجاڭدىكى سوۋېتقا قارشى كەيپىياتنىڭ قىسمەن بولسىمۇ سوۋېتلارنىڭ سىياسىتىدىكى خاتالىق سەۋەبلىك بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ئىدى. ئەمما بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ ھەققىدىكى رەسمىي بايانلار يەنە بىر يۆنىلىشكە قاراپ يول ئېلىشقا باشلىدى. ماجوڭيىڭ بىلەن ياپونىيە ئارىسىدىكى كېلىشىم ۋە خوتەن ئىنقىلابچىلىرى بىلەن برىتانىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ غۇۋا بېشارەتلىرى سوۋېت ئەمەلدارلىرىنىڭ نېمچېنكونىڭ قەشقەرلىكلەر ئارىسىدا بايقىغان سوۋېتقا قارشى كەيپىياتقا قارىتا ئۆزىنى ئاقلىشىغا ئاساس تېپىپ بېرەتتى. پاكىتنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر گەرچە شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر دۆلەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ياكى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولسىمۇ سوۋېتنىڭ ئانالىزىچە بۇ قوزغىلاڭ جاھانگىرلىكنىڭ ئويۇنى ئىدى. 1933- يىلىنىڭ

ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە سوۋېتتىكى قەشقەرلىكلەر ئارىسىدا ئەۋج ئالغان سوۋېتقا قارشى كەيپىياتنىڭ سەۋەبى ئەمەلدارلارنىڭ خاتالىقىدىن ئەمەس، بەلكى شىنجاڭدىكى ئىسيانچىلار بىلەن بىر سەپتە تۇرغان ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ كۇشكۇرتۇشىدىن بولغان دەپ قارالغان. 1933- يىلى يازدا نېمچېنكو چەتلەشتۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا كوممۇنىستىك ئاكادېمىيەدىكى ئى. ئى. ئاخماتوۋ پەرغانە ۋادىسىغا بىر ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكىنى باشلاپ بارغان. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر ئىلمى تەكشۈرۈش بولماستىن بەلكى بىر سياسىي تەكشۈرۈش بولۇپ، ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئۇيغۇر كومپارتىيە ئەزالىرى تەكشۈرۈلگەن ۋە سوراققا تارتىلغان. بۇ ئىشقا يەرلىك سياسىي ساقچىلار ياردەمدە بولغان.

شۇ ۋاقىتقىچە سوۋېتتىكى ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرى شىنجاڭدىكى ئىنقىلابقا سۈكۈت قىلغان. 1932- يىلى مارتقا كەلگەندە ئاندىن «كەمبەغەللەر ئاۋازى» بۇ ھەقتە خەۋەر ئېلان قىلىپ ئۇنى خۇددى يىراق بىر دۆلەتتىكى دېھقانلار ئىسيانىدەك تەسۋىرلىگەن ھەمدە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى سوۋېت سياستى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىغان. ئىنقىلاب ئاخباراتقا يېپىلمىغان بولسىمۇ مىش- مىش گەپلەر چېگرا ئاتلاپ تارقالغان ئىدى. بولۇۋاتقان ۋەقەلەر سوۋېت تېررىتورىيەسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇنازىرە قىلىنغان. شۇ چاغدا بىرەيلەن ئېيتىپ ئۆتكەندەك، « تۆت- بەش ئۇيغۇر كەچلىكى بىر يەرگە كېلىپ چاي ئىچكەچ ياكى بىر تەخسە لەغمەن يېگەچ پۈتۈن شىنجاڭنى ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگىچە كېزىپ چىقىدۇ» دېگەن ئەھۋال ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى. 1933-يىلى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشى ئۆزگىرىپ سوۋېت ئاخباراتى شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭنى غەرب جاھانگىرلىكىنىڭ ئويۇنى دەپ خەۋەر تارقاتقان بىر مەزگىلدە، چېگرا ئاتلىغان ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى تورى ئۆز ئەزالىرىنى قوزغىلاڭغا نىسبەتەن ھەمدەم بولۇشقا چاقىرغان. تۆۋەندىكى 1933- يىل ئاۋغۇستتىكى سوۋېت سياسىي ساقچىلىرىنىڭ سوئال - سوراق خاتىرىسىمۇ بۇنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ:

**باراتوۋ (ئۇيغۇر):** مەن بۇرۇن ئۇنداق ئارقىدا قالغان دۆلەتتە ئۇ قەدەر كۆپ خەلقنىڭ ئىنقىلابقا ئاتلىنىشىنى ئويلاپ باقمىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**راھماتوۋ (سىياسىي ساقچى):** ئىنقىلابنى قانداق بىلدىڭ ؟

**ب:** گېزىتلەردىن كۆردۇم.

**ر:** گېزىتلەردە نېمىلەرنى يېزىپتىكەن ؟

**ب:** ئىنقىلاب تەرەققىياتىنى ۋە ئۇنى ياپونىيە بىلەن ئەنگلىيەنىڭ يېتەكلەۋاتقانلىقىنى يېزىپتىكەن.

**ر:** سېنىڭچە ئۇنىڭ ئىچكى سىنىپى قۇرۇلمىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ ھەرىكەت ئىنقىلابى قاراشلارغا ئىگىمۇ ؟ ئەگەر ئىگە بولسا ئۇلار نېمە ؟

**ب:** ھازىر ئىنقىلابى قاراشلار ھەققىدە بىر نەرسە دېمەك تەس ، ھەرىكەت تېخى ئەمدى باشلاندى. ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدە بۇرژۇئا دېموكراتىك خاھىشلارمۇ بار ، ئەلۋەتتە سولچىللىقمۇ بار. ئۇلار بۇ يەردىن كەتكەن ، بۇرۇن سوۋېت تېررىتورىيەسىدە ئۇزۇن تۇرغان ئوقۇغۇچىلار ۋە باشقا كىشىلەر تەرىپىدىن يېتەكلىنىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە شەمشىدىنوۋ كوممۇنىستىك شەرق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ھەمدە ئەنجاندا ئوقۇتقۇچى بولغان كىشى. ئۇ قەشقەردىكى بىر قوشۇننىڭ بېشىدا. ئەگەر ئۇ ھازىرچە مەقسىتىگە يېتەلمىسىمۇ شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى كەلگۈسىدە ئۇ چوقۇم پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. شۈبھىسىزكى ، ئىنقىلابتا مىللىي ئازادلىقنىڭ ئىپادىلىرى بار ، بۇ خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ ھوقۇقنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكى بىلەن ئىپادىلىنىۋاتىدۇ.

**ر:** ئەگەر بۇ دېگىنىڭدەك بىر مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت بولسا ئۇ جاھانگىرلىك بىلەن قانداق كۈرەش قىلىدۇ ؟

**ب:** ئىمپېرىئالىزم بىلەن كۈرەش قىلىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى يوق.

**ر:** ئەگەر سەن دېگەندەك بۇ ئىنقىلاب بۇرژۇئا دېموكراتىك خاراكتېرگە ئىگە بولسا زېمىن مەسىلىسىنى قانداق قىلىدۇ ؟

**ب:** بىلىشىمچە زېمىن مەسىلىسى تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىدى.

ر: سەن بۇنى قانداق ھەل قىلماقچى؟ زېمىن مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بىر بۇرژۇئا دېموكراتىك ھەرىكەت، ئىمپېرىيالىزم بىلەن كۈرەش قىلمىغان ھەم سوۋېتقا تايانمىغان بىر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى. مەن سەندىن يەنە سوراپ باقاي، بۇ ئىنقىلابنىڭ خاراكتېرى نېمە؟ ئەكسىيەتچىلىكمۇ؟ ئىنقىلابىيلىقمۇ؟

ب: ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى يەنىلا فېئوداللارغا مەنسۇپ، بىراق ئۇنى ئەكسىيەتچى دېسەك بولمايدۇ، چۈنكى ئىچىدە سولچىلار بار. بۇ سولچىلار ئۆزىنى تېخى كۈچەيتمىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

بۇ سوراق خاتىرىسىدىن مەلۇمكى، سوۋېتتىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلارنى باستۇرۇش نۇرغۇن پائالىيەتچىلەرنىڭ شىنجاڭغا قېچىشىغا سەۋەب بولغان. ئىنقىلابتىن بۇرۇن ئالمۇتادا، كېيىن شەرق كوممۇنىستىك ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان قادىر ئاخۇن شەمشىدىنوۋ ئۆگەنگەنلىرىنى قوزغىلاڭدا ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولۇپ سوۋېتتىن قاچقانلارنىڭ بىردىن-بىرى ئەمەس ئىدى. قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلىنىڭ مەلۇماتىچە، 1930- يىلى خۇدابەردى باقىيېۋ ئىسىملىك بىر كىشى قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، ئۆزىنى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى، كوممۇنىستىك ئورگان قۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ ئەسلىدە بۇرۇن مۇسابايېۋنىڭ قولىدا ئىشلىگەن بولۇپ «ئەرك» ئىسىملىك مەتبۇئاتتا بىر مەزگىل مۇھەررىر بولغان. شىنجاڭدىكى ئاكتىپ ئۇيغۇر ئۆكتىچى كوممۇنىستلارنىڭ ئىچىدە يەنە ئابدۇمۆمىن ھەسەنھاجىيېۋ بولۇپ ئۇ شەرق كوممۇنىستىك ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى تۈگەتكەن، 1927-يىلى پارتىيەدىن تازىلانغان بولۇپ، 1929- يىلى غۇلجا ئارقىلىق قەشقەرگە كەلگەن.

ھالبۇكى، شىنجاڭدىكى بۇ خىل سولچىللىق خاھىشىنىڭ تېز راۋاجلىنىۋاتقان ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتىكى سىناقتا ھېچبىر رولى قالمىغان ئىدى. بۇ سوراق بولۇپ بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن سىياسىي بيۇرو قىزىل ئارمىيەنىڭ ئىككى دېۋىزىيەسىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ ئۈرۈمچىدىكى شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى قوغداشنى قارار قىلغان. سوۋېت دېۋىزىيەلىرى 1934-يىلى يانۋاردا ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغان. ئۇلار ماجوڭيىڭنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان ۋاقتىغا دەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلگۈرۈپ بېرىپ، شەھەر سىرتىدا قارا-قويۇق ئوق ياغدۇرۇش ۋە زەھەرلىك گاز تاشلاش ئارقىلىق ما جوڭيىڭنىڭ ھۇجۇمىنى تارمار قىلغان. ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان ما جوڭيىڭ جەنۇبتىكى قەشقەرگە ۋە خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئاجىز ھالەتتىكى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە قاراپ ئاتلانغان. بۇ چاغدا خوجىنىياز سوۋېتنىڭ ماجوڭيىڭنى توسۇپ قىلىشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەكسىچە ئۇلار تۇڭگان قوشۇنلىرىنى قەشقەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا قويۇۋېتىپ شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خاراب بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان. ما جوڭيىڭ شەھەرنى گومىنداڭنىڭ نامىدا قولغا كىرگۈزگەن. ئاندىن غەلىتە ھادىسىلەر يۈز بەرگەن. ھازىرغىچە تولۇق ئىزاھلانمىغان بىر ۋەقە شۇكى، ما جوڭيىڭ ئەركەشتامغا سوۋېت بىلەن ئۇچرىششقا بېرىپ چېگرادىن ئۆتۈپلا يوقاپ كەتكەن. خوجىنىياز ھاجى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىققان. ئۇ ئۆزىنىڭ قوماندانى مەخمۇت مۇھىتىنى قەشقەر كوناشەھەرگە قالدۇرغان. بۇ چاغدا خىتاي ئەسكەرلىرى يېڭى شەھەرنى بازا قىلىپ شىڭ شىسەيگە ساداقەت بىلدۈرگەن.

## شىڭ شىسەي ۋە ئۇيغۇر مىللىتى

1935- يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم زېمىنىدا ئۈرۈمچىدىكى شىڭ شىسەي ۋە خوجىنىياز ھاجىلارغا نامىدا سادىق بولغان يەرلىك رەھبەرلەر ئوتتۇرىسىدا ئاجىز بىر ئۇرۇش توختىتىش ھالىتى بارلىققا كەلگەن ئىدى. قەشقەردە مەخمۇت مۇھىتى مىللىي مەجلىس نامىدىكى يېڭى بىر ھاكىمىيەتنى بەرپا قىلغان بولۇپ مائارىپ ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىدى. غۇلجىدا يېتەكچى ئۇيغۇر رەھبەرلەردىن تۇردىئاخون ئالماسبەكوۋ بار بولۇپ ئۇ بۇرۇن توقماقتا ئاقساقال بولۇپ سوۋېت بىلەن سودا قىلىپ بېيىغان ئىدى. قۇمۇلدا 1931- يىلىدىكى قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى قاتناشقۇچىلىرىدىن يولۋاسخان بار بولۇپ شۇ يەرنى بېسىپ ياتاتتى. ئۈرۈمچىگە ئوچۇق دۈشمەنلىك قىلىۋاتقانلار خوتەندە بولۇپ، ما جوڭيىڭنىڭ 36- دىۋىزىيەسىدىكى قالدۇق تۇڭگانلار خوتەننى كونترول قىلاتتى. سوۋېت بۇ قوشۇننى ھەربىي كۈچ

ئارقىلىق يوقىتىۋېتىشىنىڭ ئورنىغا ئۇنى گومىنداڭدىن ئايرىپ شىڭ شىسەيگە تەۋە قىلىشىنىڭ كويىدا ئىدى. ماجوڭيىڭنىڭ موسكۋادا گۆرۈگە ئېلىنىشى بەلكىم مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىدى.

شىنجاڭدا بۇ خىل بىرلىكنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقىنى سوۋېتتا تەربىيەلەنگەن رۇسلار، خىتايلار ۋە يەرلىكلەردىن تەشكىل تاپقان كوممۇنىستلار ئىدى. ئۇلار شىڭ شىسەينىڭ مەمۇرى ۋە ئەسكىرى تارماقلىرىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى. بىرىنچى تۈركۈمدىكى 20 كىشى 1933- يىلى سوۋېت بىلەن شىڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى دەسلەپكى كېلىشىمگە ئاساسەن يېتىپ كەلگەن. ئۇلار سىرتتىن قارىغاندا يەرلىك ئەمەلدارلارغا مەسلىهەتچى سۈپىتىدە بولسىمۇ شۈبهىسىزكى هوقۇقلۇق ئورۇندا ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى قازاقىستاندىن كەلگەن مەنسۇر ئەپەندى بولۇپ، ئۇنىڭ هەقىقىي ئىسمى مەشۇر روزىيېۋ ئىدى ۋە ئۇ خوجىنىياز هاجىغا ياردەمگە تەيىنلەنگەن. ئىككىنچى تۈركۈمدە كەلگەنلەر قىزىل ئارمىيەگە هەمراھ بولغان بولۇپ ئۇلار چېگرا ئىشلىرى بيۇروسىنى تەشكىل قىلغان ئىدى. شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇقىملىغاندىن كېيىن يېڭى بىر ساقچى قىسىم تەسىس قىلغان بولۇپ، بۇ قىسىم سوۋېت سىياسىي ساقچىلىرىدىن تەلىم ئالغان ۋە شىنجاڭنىڭ هەرقايسى يېزا قىشلاقلىرىغا ئەۋەتىلگەن. بۇ قىسىم دەسلەپ پاگودىن ئىسىملىك بىر رۇسنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى كىچىك بىر ئىستىخبارات گۇرۇپپىسىدىن تەرەققىي قىلىپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇنىڭدىكى نۇرغۇن ئورۇنلارغا سوۋېتتىن قايتىپ كەلگەنلەر ۋەزىپىگە قويۇلغان. پاگودىن شىنجاڭدىن ئايرىلغاندا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال خىتاي كوممۇنىستلىرىدىن بولغان زېڭ شيۇفۇ (مەخپىي ئىسمى كالاشىنكوۋ) نى مەزكۇر ئىدارىنىڭ مەسئۇلى قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۇ ئىدارىدىكى كىشىلەرنىڭ سانى نائېنىق بولسىمۇ قەشقەردىكىسى ئېنىق ئىدى. ئۇ يەردە سىياسىي ساقچى تۈزۈمىنى يولغا قويغۇچى كىشى قەشقەرلىك كوممۇنىست قادىرهاجى بولۇپ، ئۇ 15 يىللىق سوۋېت هاياتىدىن كېيىن تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا قەدەم باسقان ئىدى. ئۇنىڭغا گەرچە ئۇرۇمچىدىكى خىتاي مىلىتارىستىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەش ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ سوۋېت يوليورۇقلىرىنى ئېلىپ شىنجاڭغا قايتىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىڭ شىسەي ئۇرۇمچىدە ئورنىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن سۇن جۇڭسەننىڭ ئۈچ مەسلىكىنى قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ 1934- يىلىدىكى «سەككىز بۈيۈك خىتابنامە» سى ۋە 1935- يىلىدىكى «توققۇز ۋەزىپە» سىنى تەرغىب قىلدى. ئۇنىڭ بۇ پىكىرلىرى جەملىنىپ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» دەپ ئاتالدى. ئۇلار: جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، تىنچلىق، مىللەتلەر باراۋەرلىكى، ھۆكۈمەت پاكلىقى، قۇرۇلۇش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇقتىن ئىبارەت. بۇ ئالتە سىياسەت شىڭ شىسەي ياساپ چىققان ئۆلكە بايرىقىدىكى ئالتە بۇرجەكلىك شوئاردا ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئىستىخبارات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «ئالتە شوئار جەمئىيىتى» نىڭ نامىدا ئىپادىلەنگەن. ھاكىمىيەتنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى كۈچلەنگەندىن كېيىن 1933-يىلى ئاپرېلدىكى شىڭ شىسەي قوزغىغان ھەربىي ئۆزگىرىش ئىنقىلاب دەپ ئاتىلىپ ھەر يىلى نامايىشلار بىلەن خاتىرىلىنىشكە باشلىدى. 1934-يىلى 1-قېتىملىق يىغىلىشتا ئۇرۇش سەۋەبلىك ئىشتىراكچىلار زىيادە ئاز بولغان. 2-قېتىملىق يىغىلىش ئاۋغۇستنىڭ تۈنجى كۈنى يېڭى ھاكىمىيەتنى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ يىغىلىشتا شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئىتتىپاقى قۇرۇلغان بولۇپ ئۇ شىڭ شىسەينىڭ سىياسىي سەپەرۋەرلىكلىرىنى ئورۇنداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

مىللەتلەر باراۋەرلىكى مەسىلىسىدە شىڭ ۋە ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ھەرقانداق شەكىلدىكى تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايتتى، ئەكسىچە ئۇلار ھەرقايسى مىللەتلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تەشكىلاتلارنى قۇرۇش ئارقىلىق مەدەنىيەت ئاپتونومىيەسى يولغا قويۇش پىلانىدا ئىدى. بۇ تەشكىلاتلار شىڭنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ جاھانگىرلىككە قارشى خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا مەكتەپ ۋە كۇتۇپخانىلارنى ئېچىش، گېزىت-ژۇرناللارنى نەشر قىلدۇرۇش ۋە ئۆلكىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. 1934-يىلى 5-ئاۋغۇستتا جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ قوللىشىدا ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. رەسمىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا 1936-يىلىغىچە ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ 8 رايونلۇق تارمىقى، 41 ناھىيەلىك تارمىقى

ھەمدە 23 يېزىلىق تارمىقى قۇرۇلغان. بۇندىن باشقا تۇڭگان ئۇيۇشمىسى، موڭغۇل ئۇيۇشمىسى (بۇ 1938-يىلى موڭغۇل ۋە شىۋە-سولون-مانجۇ ئۇيۇشمىلىرى بولۇپ ئايرىلغان) ۋە قازاق-قىرغىز، ئۆزبېك، خىتاي ئۇيۇشمىلىرىمۇ قۇرۇلغان، يەنە غۇلجىدا تاتار ۋە رۇس ئۇيۇشمىلىرىمۇ قۇرۇلغان. گەرچە بەزى جەھەتتە بۇ ئۇيۇشمىلاردا ئاۋسترو-ماركسىزىملىق مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ پۇراقلىرى بار بولسىمۇ ئۇلار سوۋېتنىڭ قاتتىق سىياسىي چەكلەر بىلەن تەبىرلەنگەن مىللەتلەر مەدەنىيىتى بەرپا قىلىش نىشانىغا ماسلىشاتتى. شۇنداقلا بۇ ئۇيۇشمىلار ستالىننىڭ «شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك بولۇش» دېگەن يوليورۇقىنىڭ ئەكسىچە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدە شىڭ شىسەينىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىگە ماسلىشاتتى. ئۇيۇشمىلارنىڭ نىزامنامىسىدە مىللىي مەدەنىيەتلەرنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ مەقسىتى ئەڭ ئاخىرىدا مىللىي چېگرالاردىن ھالقىش، يەنى «مىللەتلەر ۋە مىللىي مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى پاسىللارنى يوقىتىپ ئورتاق مەدەنىيەت بەرپا قىلىش» دەپ يېزىلغان ئىدى. بۇ ئېنىقكى زىددىيەتلىك سوۋېتچە مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ تەسىرىدىن ئىدى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۆلكىدىكى باشقا مىللەتلەرنى ئايرىپ بېكىتىشتىدىن بۇرۇن بولغان ئىدى. گەرچە ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى دېگەن بۇ ئۇقۇم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ «ئۇيغۇر» نامى بىلەن ئاتىلىشى ئۈرۈمچىدىكى زىيالىيلارنىڭ ئىجادىيىتى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يۇنۇس سەئىدى تۇرپانلىق بولۇپ ئۇ شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدە ئىشلىگەن ۋە شۇ چاغدا شىڭ ھاكىمىيىتىدە خىزمەت قىلاتتى. بۇرھان شەھىدى ئىسىملىك تاتار تىجارەتچى جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىدا رەھبەرلىك رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇ يۇنۇس سەئىدى بىلەن شىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايلار ئىشلىتىۋاتقان «چەنتۇ» دېگەن سۆزنى «ئۇيغۇر» غا ئۆزگەرتىش لازىملىقى ھەققىدىكى مۇزاكىرىلىرىنى خاتىرىلىگەن. ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى شىڭ شىسەيگە بۇ ھەقتە ئىلتىماس يوللىغان ۋە سۇنۇلغان لايىھە جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ بىر يىغىنىدا تەستىقتىن ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن تارىختا تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھاكىمىيىتى شىنجاڭدا  بىر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بارلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىدىيەنى رەسمىي ئېتىراپ قىلغان.



سولدىن ئوڭغا: ئۆلكە رەئىسى لى روڭ ؛ ئۆلكىلىك بانكا باشلىقى شۈ لىيەن ؛ شىڭ شىسەي ؛ دىپلوماتىيە ئىشخانىسى ۋە مالىيە نازارىتىنىڭ باشلىقى چېن دېلى قاتارلىقلار 2-قېتىملىق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا. 1935-يىلى ئاپرېل ، ئۈرۈمچى.

«ئۇيغۇر» دېگەن نام ئېتىراپ قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنى خىتايچە قانداق يېزىش مەسىلىسى تۇغۇلغان. ئۆلچەملىك يېزىلىشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىر قانچە خىل يېزىلىش شەكلى ئېقىپ يۈرگەن (مەسىلەن: 维兀尔, 威吾儿, 威吾尔). بۇ بىر سەزگۈر مەسىلە بولۇپ

تىلشۇناسلارلا كۆگۈل بۆلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. خىتاي تارىخىدا مىللەتلەرنىڭ نامىنى خىتايچە يېزىشتا ئۇنىڭغا ئىچكى مەنە قوشۇش ئادىتى بار ئىدى. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ يىغىنىدا بەزىلەر ئۇيغۇر دېگەن سۆزنى 威武尔 دېگەن خىتايچە خەت بىلەن يېزىشنى تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى ئالدىنقى ئىككى خەت قۇدرەتلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. شىڭ شىسەي بۇ خىل يېزىلىشقا شەخسەن قارشى چىققان بولۇپ، «بۇنىڭدا مىللىي غۇرۇر كۆپتۈرۈلگەن» دەپ قارىغان. يىغىندىكى يەنە بىر خىتاي قاتناشقۇچى ھازىرقى ئومۇملاشقان 维吾尔 دېگەن خىتايچە يېزىلىشنى تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەتەننى ۋە كوللېكتىپنى قوغداش دېگەن مەنىسى بار دېگەن. ئۇ بۇ ئۈچ خەتتە «بىز بىر ئائىلە، شىنجاڭدىكى بارلىق مىللەتلەر بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ شىنجاڭنى قوغدايدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ھەمدە جاھانگىرلارنى قوغلاپ چىقىرىپ خىتاينى ئازاد قىلىدۇ» دېگەن مەنە بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ تىلشۇناسلىققا ماس تەسەۋۋۇردىن ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرى چەك بېسىپ ئۇيغۇر سۆزىنىڭ خىتايچە يېزىلىشى بېكىتىلگەن.

مىللەتلەرنىڭ يېڭى ئايرىلغان كاتېگورىيەسى 1934-يىلى دېكابىردا قوبۇل قىلىنىپ پەرمان چىقىرىلغان ھەمدە 1935-يىلى ئاپرېلدا ئۆرۈمچىدە چاقىرىلغان شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىن كەلگەن ئۆمەكلەردىن تەركىب تاپقان 2-قېتىملىق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا جاكارلانغان. قەشقەرنىڭ باش قازىسى ئابدۇغوپۇر داموللا سەھنىدە سۆز ئېلىپ قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆرۈمچى بىلەن ئىتتىپاق بولۇشنى ھەقلىق قىلىپ كۆرسەتكەن. شۇ ۋاقىتتىكى شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى تىپىك ئەھۋال بويىچە، ئۇ مىللەتلەرنى ئېتىراپ قىلىش ھەتتا تەبرىكلەشنىمۇ مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى «ئۇياق-بۇياقلاردا پالانى ئۇيغۇر، پوكۇنى موڭغۇل ۋە پالانى خىتاي دەپ چاتاق تېرىمايلى» دېگەنگە ئوخشاش قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشلار بىلەن بىللە ئېلىپ بارغان. گەرچە شىنجاڭدىكى يېڭى مىللەتلەر سىياستىدە سوۋېتلارنىڭ تەسىرى ئېنىق بولسىمۇ، ئابدۇغوپۇر دامولла ۋەكىللەرگە شىڭ شىسەينىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلكىلىك ھاكىمىيەتنى يەرلىكلەشتۈرۈش سىياسىتىنى ئېلىپ بارمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ: «بىز نوپۇسىنىڭ 90 پىرسەنتىنى ئىگىلەيمىز دەپ ھوقۇق تەمەسىدە بولمايلى، ھوقۇق دېگەن ئوقۇغان، ھۆكۈمەتكە خىزمەت قىلىشقا قابىل ئىقتىدارلىقلارنىڭ قولىدا بولىدۇ» دېگەن.



خوجىنىياز ھاجى 2-قېتىملىق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا. 1935-يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

قۇرۇلتاي شىنجاڭنى 14 مىللەتنىڭ ماكانى دەپ جاكارلىغان، بۇ گومىنداڭ ئوتتۇرىغا قويغان پۈتۈن خىتايدىكى بەش مىللەت تەشەببۇسىغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش ئىدى. شۇ چاغدا تۆڭگۈس تىللىرىدا سۆزلەيدىغان نوپۇسى ئاز سولون ۋە شىۋەلەرمۇ مىللەت دەپ ئايرىلغان. ئۆلكىدىكى موڭغۇللار بىر مىللەت دەپ قارالغان بولۇپ ئىلىدىكى داغۇرلار بۇنىڭ ئىچىگە

كىرگۈزۈلمىگەن. ئۆلكىدىكى كۆچمەن تاتار، ئۆزبېك ۋە رۇسلار ھەممە خىتايلارمۇ ئايرىم مىللەتلەرگە ئايرىلغان. مۇسۇلمانلارنى مىللەتلەرگە ئايرىشتا خىتاي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مۇسۇلمانلار تۇڭگانلار؛ ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان پامىردىكىلەر تاجىكلار ۋە تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغانلىرى قىرغىز، قازاق ۋە ئۇيغۇر دەپ ئايرىلغان. بۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەت تۈرلىرىگە ئايرىش بىلەن ئوخشاش بولغان. ئەمما بىر ئوخشىمايدىغان يېرى، تارانچىلار ئۇ چاغدا شىنجاڭدىكى 14- مىللەت دەپ ئايرىلغان.

تارانچى نامىنىڭ ساقلاپ قېلىنىشى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر سىياستىنىڭ سوۋېتچە مىللەتلەرنى تۈرگە ئايرىش سىياستىنىڭ ئاددىي كۆچۈرۈلمىسى ئەمەسلىكىنى خاتىرىلىتىدۇ. ھازىرغىچە تارانچى مىللىتى ئۇقۇمى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلار تەرىپىدىن تەلتۆكۈس تەنقىد قىلىندى. ئۇلار شىڭ شىسەينىڭ تارانچىلارنى ئايرىم بىر مىللەت دەپ ئېتىراپ قىلىش قارارىنى ئۇنىڭ بۆلۈپ باشقۇرۇش سىياستىنىڭ ئىسپاتى دەپ قاراپ كەلدى. ئەمما بۇ يەردە باشقا ئامىللارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدا بۇ مۇجمەللىك تېخىچە مەۋجۇت بولۇپ، پەقەت 1937- يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتىلا ئاندىن تارانچى ۋە قەشقەرلىكلەر ئۇيغۇر دېگەن كاتېگورىيەگە ئايرىلغان ئىدى. سوۋېتلارنىڭ قولىدىكى شىنجاڭغا ئائىت ئېتنوگرافىيەلىك بايانلار سوۋېتنى قادىرھاجىغا ئوخشاش قەشقەرلىكلەرگە ئەگىشىپ جەنۇبتىكىلەرنى ئۇيغۇر، شىمالدىكىلەرنى تارانچى دەپ ئىككى ئايرىم گۇرۇپپا ھالىتىدە قاراشقا مايىل قىلغان. مەسىلەن، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 1930-يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا يازغان دوكلاتىدا تارانچىلارنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «مىللەت جەھەتتىن ئۇلار ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ، بىراق ئىلىدا يۈز نەچچە يىل باشقا خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىنى ئايرىم تارانچى مىللىتى دەپ قارايدۇ».

تارانچىلارنىڭ ئايرىم مىللەت دەپ ئايرىلىشىدا غۇلجىدىكى سەرخىللارنىڭ تەسىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. رۇسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن غۇلجا يەتتەسۇدىكى دەسلەپكى تارانچى تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا كۈچ چىقارغانلارغا قۇچاق ئاچقان. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىقى تارانچى-تۇڭگان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كومتېتىدۇر. ئۇلارنىڭ رەھبىرى ھۈسەيىن بەگ يۇنۇسوۋ غۇلجىدىكى تارانچى مۇساپىرلىرى ئىچىدە ئەڭ داڭلىق ئىجتىمائىي ئوبزورچى ۋە سىياسەتچى ئىدى. يۇنۇسوۋ ئىككىنچى قېتىملىق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا غۇلجا ۋەكىللىرىنىڭ ئىچىدە بار ئىدى ھەمدە تارانچى مىللىتى تەرغىباتى سەۋەبلىك «ھۈسەيىن تاران» دەپ ئاتالغان ئىدى. غۇلجا ۋەكىللىرى ئىچىدە يەنە ھېكىم بەگ غوجمۇ بار ئىدى. ئۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بىرى بولۇپ ئۇنىڭ جەمەتى 1880- يىلى رۇسىيە چېكىنگەندىن باشلاپ غۇلجىدا ياشاپ كېلىۋاتقان ئىدى. ھېكىم بەگ غوجىغا ئوخشاش كىشىلەر ئۇيغۇر مىللىتى دېگەن ئىدىيەنىڭ كەيىندىكى سىياسىي مۇددىئادىن ھەمدە بۇ ئىدىيەنىڭ مەنبەسى بولغان سوۋېت ھاكىمىيىتىدىن بەكمۇ دەرگۇماندا ئىدى. ئەگەر تارانچىلار ئۆلكىنىڭ ئۇيغۇر نوپۇسىغا قوشۇلۇپ كەتسە ئۇلار ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيتتى. 1931- 1933- يىللىرى ئىسيان سەۋەبلىك ئوتتۇرىغا چىققان سىياسىي مەسىلىلەر ھازىر شىڭنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن شەكىلدە ھەل قىلىندى، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈرىدىغان ھەرقانداق ئامىل غايىب بولدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ بىر خىتاي مىلىتارىستىنىڭ قولىدا قالدىغانلىقى مۇقەررەرلىشىپ قالدى. شىڭ شىسەي مىللەتلەر ۋەكىللىرىدىن قۇرۇپ چىقىلغان پىرامىداغا رەھبەرلىك قىلاتتى ۋە بايلىقنى تەقسىم قىلاتتى. غۇلجا تەرەپ ئۇچۇن تارانچى كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۇرۇمچىدىكى شىڭنىڭ سۆھبەت شىرەسىدە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئېرىشىپ يەرلىك مەنپەئەتلىرىنى ياقلاشنىڭ بىر ئامالى ئىدى، بۇ شىنجاڭنىڭ باشقا يېرىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن رىقابەتكە چۈشۈشتىن ئەۋزەل ئىدى.

ھالبۇكى، شۇ چاغدا گەرچە تارانچى مىللىتى مەۋجۇت بولغان بىلەن تارانچى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بولمىغان. شىنجاڭدىكى ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى سوۋېتقا مايىل زىيالىيلارنىڭ يىغىلىدىغان نۇقتىسى بولۇپ، تارانچى ئايرىمچىلىقىغا ھېچ بىر ھېسداشلىقى يوق ئىدى. 1934- يىلى دېكابىردا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ يىڭى بىر تارمىقى غۇلجىدا قۇرۇلغان ھەمدە ئۇيغۇرنىڭ بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى ياقلايدىغان ئۇيغۇرپەرۋەرلىك تەرەپدارلىرى ۋە ۋەتەنگە قايتقانلار بىلەن ئۇيغۇرچە سىياسىي رەڭ ئالغان. (ئۇيغۇر يازغۇچىسى زىيا سەمەدىنىڭ بۇ مەزگىلنى تەسۋىرلىگەن

رومانندا بۇنداق كىشىلەر «روزىباقىيېۋچىلار» دەپ ئاتالغان). 1940-يىللاردا ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ غۇلجا تارمىقى گومىنداڭغا قارشى كۈچلەرنىڭ يىغىلىش نۇقتىسىغا ئايلانغاندىن باشقا 1944-يىلدىكى ئىككىنچى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىققان ئىنقىلابنىڭ بىر تەشكىلى مەركىزى بولغان ئىدى.

## ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى ۋە قىزىل تېررورلۇق

شىنجاڭدىكى يېڭى مىللەتلەر سىياسىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتراپ قىلىنىشى سوۋېت ۋە شىڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلارغا بېرىلگەن بىر مۇرەسسە بولۇپ، بۇ يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە كىشىلەرنى كونترول قىلىش ياكى تۈركى خەلقلەرنىڭ مەۋجۇت بىرلىكىنى پارچىلاشنىڭ ۋاستىسى ئەمەس ئىدى. سوۋېتتىكى كۆپلىگەن شىنجاڭ مۇتەخەسسىسلىرى، بولۇپمۇ سوۋېت سىياسىي ساقچىلىرى ۋە قىزىل ئارمىيەدىكى مۇتەخەسسىسلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قىزغىن قوللىغۇچىلىرى بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇيغۇر مىللىتى ئىدىيەسىگە ۋە بۇ ئىدىيە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئارزۇ-ئۈمىدلەرگە چوڭقۇر دۈشمەنلىك قىلاتتى. 1933-يىلى ئاخماتوۋ ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى بىلەن قىلغان مۇلاقاتىدا سوۋېتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا ئارىلاشقان شىنجاڭلىق كۆچمەنلەرگە سوغۇق نەزەردە قارىغان، بىراق يېڭى كۆچمەنلەر ئارىسىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى قول تىقمىغان سىياسىي خىزمەتلەرنىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن قىزغىن بولغان. ئۇ بۇ ھەقتە چۈشەندۈرۈپ: «تەلىيىمىزگە ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى بىر ئۇيغۇرچە گېزىتنىڭ ۋە ئۇنىڭ تاشكەنتتىكى مۇھەررىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلمەيدۇ. بەزىلىرى «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىمۇ توغرا تەلەپپۇز قىلالمايدۇ، ئۇلار ئۆز مىللىتىنى تۇغۇلغان يېرى بىلەن قەشقەرلىك، خوتەنلىك دېگەندەك ئاتايدۇ»- دېگەن. دېمەك، ئون يىل ئىچىدە سوۋېتنىڭ يۇرت كىملىكى ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرى 180 گرادۇس ئۆزگەرگەن. گەرچە بىر مەزگىل يۇرتۋازلىق قالاقلىقنىڭ ئىپادىسى، مىللىي بىرلىكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن تۈزىتىلىشى كېرەك دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە بۇ سوۋېت مەخپىي سىياسىي ساقچىلىرىنىڭ نەزىرىدە ياخشى بىر ئىش دەپ قارالغان.

قەشقەردە ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەزگىلىدە گۈللەنگەن ۋە بۇرۇنقى جەدىتچى جەمئىيەتلەرگە ۋارىسلىق قىلغان «مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش جەمئىيىتى» ئاساسىدا قۇرۇلغان ئىدى. شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مائارىپ مىنىستىرى بولغان ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم مەخمۇت مۇھىتىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى قەشقەر ھۆكۈمىتىدە مائارىپتا داۋاملىق يېتەكچى رول ئوينىغان. ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قەشقەردە 1935- يىلى ئاپرېلدا ئىش باشلىغان بولۇپ نەشرىياتچىلىق ۋە مەكتەپ ئېچىش بىلەن شۇغۇللانغان، بولۇپمۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ سانىنى زور دەرىجىدە كۆپەيتكەن. مەكتەپلەرنىڭ كېڭىيىشىگە كەتكەن مەبلەغنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قەشقەردىكى زاكات ۋە ۋەخپىلەرنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئېلىپ، داڭلىق مازارلارنىڭ كىرىمىنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتابلىرىغا ئىشلەتكەن. شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىدىكى ئۇيغۇر باشچىلارنىڭ ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن يېڭى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دەرسلىك كىتابىدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ رەسمى بولغان، سىنىپلارنىڭ تاملىرىغىمۇ شۇ رەسىم ئېسىلغان. قەشقەر كوناشەھەرنىڭ ساقچى ئىدارىسى باشلىقى قادىرھاجىمۇ مەخمۇت مۇھىتىنىڭ مائارىپ تەشەببۇسىغا ئاۋاز قوشقان. ئۇ قەشقەردە ئىشلەۋاتقان چېغىدا مەبلەغ توپلاپ قەشقەرنىڭ سىرتىدىكى ئۆزى تۇغۇلغان قازىرىق كەنتىگە مەكتەپ سالغان. مەزكۇر مەكتەپ خىتاي كومپارتىيەسى ھاكىمىيەتكە چىققانغا قەدەر «قادىر ھاجى مەكتىپى» دەپ مەشھۇر بولغان.

ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئەزالىرى چىقىرىۋاتقان قەشقەردىكى بىردىن بىر گېزىت بولغان «يېڭى ھايات» گېزىتى 1934-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ مىللىي كىملىك مەسىلىسىدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى. 1934-يىلى ۋە 1935-يىلى ئارىلىقىدا يېڭى ھاياتتا يۈرۈشلۈك ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ مۇھىملىقى ئوقۇرمەنلەرگە چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ ماقالىلەر ئۇيغۇر نامىغا نىسبەتەن خەۋەرسىزلىك نۇقتىئىنەزىرىدە تۇرۇپ يېزىلغان بولۇپ، «ئۇيغۇرنىڭ مەنىسى نېمە؟» دېگەن ماۋزۇدىكى ئەڭ تۈپكى سوئاللار بىلەن باشلانغان. بۇ چاغدا ئۇيغۇر مىللىتى ھەققىدىكى ئۇقۇم سوۋېتنىلا مەنبە قىلماستىن بەلكى ئوسمانىيلار ۋە تۈركلەرنىڭ ئۇيغۇرنى

مەدەنىيەتلىك تۈركلەر دەپ قارايدىغان كۆز قارىشىنىمۇ ئاساس قىلغان ئىدى. ( مەدەنىيەت دېگەن سۆز ئەرەبچە شەھەر دېگەن مەنىدە بولۇپ مەدەنىيەتلەشكەن دېگەن سۆزنىڭ شەھەرلەشكەن دېگەن مەنىسى مەلۇم. ئۇيغۇرلار تۈرك خەلقلىرى ئىچىدە تۇنجى شەھەرلەشكەن مىللەت بولغىنى ئۈچۈن تۈركچىدىكى ئۇيغار سۆزى ئۇيغۇر سۆزىنى ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلىشىنىڭ مەھسۇلى. - تەرجىماندىن ) قۇدرەتلىك ئۇيغۇر مىللىتىنى تىرىلدۈرۈش 1934-يىلى ئاباس ئەپەندى يازغان «ئۇيغۇرنىڭ مەنىسى نېمە ؟» دېگەن ماقالىنىڭ تېمىسى ئىدى. ماقالىدا مۇنداق دېيىلگەن: «'ئۇيغۇر' دېگەنلىك شەھەرلەشكەن مەدەنىيەتلىك خەلق دېگەنلىكتۇر. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز مەدەنىي ياشىغان، بىراق كېيىنكى يىللاردا داۋام قىلغان ئىستىبدات ھاكىمىيەتلەر بىزنىڭ نامىمىزنى ئۇنتۇلدۇرغان، شۇنىڭ بىلەن نامىمىز ئىنسانىيەت قاتارىدىن قالغان. ھازىر بىز ئىسمىمىزنى قايتا تېپىۋالدۇق، شۇڭا تەرەققىياتىمىزنى ۋە مەدەنىيىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بىز بۈرۈنقى شارائىتلاردا يوقالغان ئۇيغۇر ساداسىنى ياڭرىتىپ ئۇيغۇر سۆزىنى تىرىلدۈرۈشىمىز كېرەك. مۇمكىنقەدەر نۇتۇقلىرىمىز ئۇيغۇرچە بولسۇن، بولۇپمۇ يېڭى ئېچىلغان مەكتەپلىرىمىز ئانا تىلىمىز بولغان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتسۇن. بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز ۋە كۈيلىرىمىز ئىمكانقەدەر ئۇيغۇرچە بولسۇن. شۇندىلا يوقالغان ئۇيغۇر تىلىمىز ۋە سادايىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز.» بۇ ماقالىدىن كېيىن تەھرىر: «بىزنىڭ مىللىي ۋە توغرا نامىمىز ئۇيغۇر!» دەپ قىستۇرغان.

ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قەشقەردىكى پائالىيەتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىك تورىدا گۇمان قوزغىغان. گەرچە سوۋېت تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى "شىنجاڭ پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمنىڭ توزىقىدا ياكى ئېنىق بولمىغان جاھانگىرلارنىڭ تەھدىتىدە" دېگەن قاراشنى ئاشكارا قوللىغان بولسىمۇ، سەزگۈر ھەربىي ئانالىزچىلار ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ كۈچلىنىشىدىن تېخىمۇ بەكرەك ئەنسىرىگەن. ئۇلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتراپ قىلىنىشى مىللەتچىلىك كەيپىياتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى دەپ قارىغان. 1935- يىلى دېكابىرنىڭ بېشىدا بىر ئىستىخبارات دوكلاتى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەربىي قوماندانلىقىنىڭ

شرەسگە كەلگەن. ئۇنڭدا شىڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىمۇ كۆچىيىۋاتىدۇ دېيىلگەن. ئۇنڭدا: «مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان قۇرۇش نۇرغۇن ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنىڭ خىيالىنى چىرمىغان بولۇپ شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى قوللاۋاتقانلار ئىچىدىمۇ بۇنداق كىشىلەر بار» دېيىلگەن.

قەشقەردە ۋەزىيەت جىددىيلەشكەن بولۇپ، مەخمۇت مۇھىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى قادىر ھاجىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوۋېت تەرەپدارلىرى بىلەن زىددىيەتكە چۈشكەن ئىدى. مەخمۇت مۇھىتىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنىڭ ئەۋزەل ئۇسۇلى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنى تاشكەنتكە ياكى ئۈرۈمچىگە ھەربىي تەلىم ئېلىشقا ئەۋەتىش ئىدى. 1935-يىلىنىڭ ئاخىرىدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ سوۋېتتىن ئەۋەتىلگەن سايىسى مەنسۇر ئەپەندى قەشقەرنى زىيارەت قىلغان ۋە ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىقتىسادىنى كونترول قىلماقچى بولغان. بۇ ئىشتا ئۇ مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ بىر خىتاي كوممۇنىستىنى «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ تەھرىراتىغا كىرگۈزۈشتە غەلىبە قىلغان. نەتىجىدە ئۇ شىڭ شىسەيگە قارشى بىر ئورگاننى مۆتىدىللەشتۈرگەن. مەخمۇت مۇھىتى بىلەن شىڭ ۋە شىڭنى يۆلەۋاتقان سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتا زەخمەت يېگىنى قەشقەرنىڭ باش قازىسى ئابدۇغوپۇر داموللا بولۇپ، ئۇ قادىرھاجى ۋە سوۋېت كوممۇنىستلىرىغا يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن 1936-يىلى مايدا قەستكە ئۇچرىغان. 1936-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلى ئاپرېسوۋ قەشقەرگە بېرىپ  مەخمۇت مۇھىتى بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە ئۇنى ياپونىيەدىن ياردەم ئىزدىدى دەپ ئەيىبلىگەن. 1937-يىلى شىڭ شىسەي 3-قېتىملىق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى چاقىرماقچى بولۇپ مەخمۇت مۇھىتىنى يىغىنغا  تەكلىپ قىلغان. مەخمۇت مۇھىتى ھىندىستانغا چىقىپ كېتىشنى تاللىغان. مەخمۇت مۇھىتىنىڭ ئايرىلىشى بىلەن شىڭ شىسەي ۋە خوجىنىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق بۇزۇلغان، قەشقەردە ئىسيان كۆتۈرۈلگەن. ئىسياننى باشلىغۇچى مەخمۇت مۇھىتىنىڭ ئىككى مۇئاۋىنلىرى  بولۇپ ما خۇسەننىڭ رەھبەرلىكىدىكى 36-دىۋىزىيەدىكى تۇڭگانلار بىلەن بىرلەشكەن.

1937-يىلدىكى قوزغىلاڭ سوۋېتتىن كىرگەن قىرغىز ۋە رۇسلاردىن بولغان ئىككى دىۋىزىيە تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. تانكىلار ۋە بومباردىمانلار تاكى خوتەنگىچە يېتىپ بارغان. قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن يۈزلىگەن ئۇيغۇرلار ۋە تۇڭگانلار قىرغىن قىلىنغان. شۇندىن كېيىن پۈتۈن شىنجاڭنى قىزىل تېررورلۇق قاپلاپ كوممۇنىستلار قەشقەردە كەڭرى ھوقۇقا ئېرىشىپ ئاتالمىش جاھانگىرلارنىڭ ئىشپىيونى ۋە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ پېيىغا چۈشكەن. سوۋېت مەخپىي سياسىي ساقچىسى ۋىلادىمىر پېتروۋ ئۆز ئەسلىمىسىدە خوتەننى زىيارەت قىلغاندىكى قاباھەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى تەسۋىرلىگەن. ئۇ يەردە ئومۇميۈزلۈك قىرغىنچىلىق كۆندىلىك ۋەقەگە ئايلىنىپ قالغان. بىۋاستە باستۇرۇشتىن باشقا تازىلاشتىمۇ دەسلەپتە شىڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلاشقان ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قۇرۇپ چىقىشقا ياردەملەشكەن يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرمۇ يوقىتىلغان. ئۈرۈمچىدە خوجىنىياز ھاجى قاماققا ئېلىنغان ھەمدە جىنايىتىگە ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. غۇلجىدا ئوخشاش تەقدىر تۇردى ئاخۇن ئالماس بىكوۋنىڭمۇ بېشىغا كەلگەن. بۇ تازىلاشلار خىتاي كوممۇنىستلىرى كاڭ شىڭ ۋە ۋاڭ مىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇدۇل كېلىپ قالغان. ئۇلار 1933- 1934-يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن بىر ئوچۇم خىتاي تروتسكىچىلىرىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن جاھانگىرلىكنىڭ تەھدىتىگە قارشى تۇرۇش بىلەن پارتىيە ئىچىدىكى تروتسكىچىلارنى تۇتۇش بىرلىشىپ كەتكەن. كونسۇل ئاپرېسوۋ خەلقئارا سوۋېتقا قارشى سۇيىقەستنىڭ بىر پارچىسى دەپ قارىلىپ تۈنجى قېتىم تارتىپ چىقىرىلغان ۋە رۇسىيەگە قايتۇرۇلغان.

قەشقەردە قادىرھاجىنىڭ ئەسلى مەقسىتىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ قوزغىلاڭ مەزگىلىدە شىڭغا ۋە سوۋېتقا ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلغان. قوزغىلاڭچىلار قەشقەردە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن مەزگىلدە قادىر ھاجى تۈرمىگە ئېلىنغان ۋە برىتانىيە كونسۇلىنىڭ ئېيتىشىچە تۇڭگان ۋە تۈركلەرنىڭ قولىدا بىرئاز ھەرەج تارتقان. شۇ ھالەتتىمۇ ئۇ ھايات قالغان. 1938- يىلىنىڭ بېشىدا برىتانىيە كونسۇلى ئۇنى يەنىلا جەنۇبى شىنجاڭدىكى ئەڭ كۈچلۈك بىر ئادەم دەپ قارىغان. قادىر ھاجىنىڭ قوزغىلاڭنى قانلىق باستۇرۇشتا قولى بولغاچقا ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تارىخچىلار ئۇنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزگەن. بىر ھېكايىگە ئاساسلانغاندا ، قوزغىلاڭ مەزگىلىدە ئۇ مەشھۇر مىللەتچى شائىر مەمتىلى ئەپەندى قامالغان بىر تۈرمىگە ئوت قويدۇرغان ۋە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان. قادىرھاجى گەرچە سوۋېت ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بولسىمۇ 1920-يىللارنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلغان ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر كىشى تازىلاشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. بۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدا چوڭ تازىلاش يۇقىرى پەللىگە چىققان بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر ئادەتتە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ياكى گېرمان فاشىستلىرىنىڭ جاسۇسى دەپ قارىلىپ تازىلىناتتى. 1934-يىلدىن بۇيان سوۋېت قەشقەردە يەرلىكلەردىن ئادەم تاللاپ سىياسىي جەھەتتە تەربىيەلىگەن، بۇ شىڭ شىسەينى قادىرھاجىدەك كىشىلەرگە ئانچە موھتاج بولمايدىغان قىلىپ قويغان. 1938-يىلى ئۇلار تازىلاشقا قاتناشقانلارنى يوقىتىشنى قارار قىلغان. قادىرھاجىمۇ سوۋېتقا چاقىرىپ كېتىلگەن. ھەممە ئىشنى يېڭىدىن باشلىغان شىڭ ۋە ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقداشلىرى 1920-يىللاردىكى جەدىتچىلەر ۋە ئۇيغۇر كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلغان يېڭى بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى ۋە ئەمەلدارلارنى تەربىيەلەپ چىقىشقا تۇتۇش قىلغان.

---

1916-يىلى مەككىدە ھەج قىلىپ سوۋېتنىكى قەشقەرلىكلەر ئارىسىدا رەھبەرلىك ئورنىغا چىققان قادىر ھاجى 1938-يىلى تۇيۇقسىز قەشقەردىن چاقىرىلغان. قادىرھاجىنىڭ ھېكايىسى ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ زىددىيەتلىك ۋە كۆپ قىرلىق سىياسىي ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. 1920-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرپەرۋەرلىكنىڭ قوللىغۇچىسى بولغان قادىرھاجى شىنجاڭلىق مۇسۇلمانلار ئىچىدە سوۋېت بىلەن ھەمكارلاشقان ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئاكتىپ ھەرىكەت قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن چاغدا سوۋېت بۇ خىل سىياسىي غايىگە گۇمان بىلەن قارىغان ، ھەتتا دۈشمەنلىكتە بولغان. ئۇنىڭچە بولغاندا ئۇ شىنجاڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى بولۇشى كېرەكلىكىنى ئارزۇ قىلغان ھەمدە ئۇ

ئۆزىنى سادىدا يەرلىك مىللەتچىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ پىشقان سىياسىي رولچى دەپ قارىغانلىقى شۇبھىسىز. بىراق ئاخىرىدا ئۇمۇ 1930- يىللاردا يۈكسەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئارزۇسىنى تۇنجۇقتۇرۇشقا قاتناشقان. قادىر ھاجىنىڭ سوۋېتقا قايتقاندىن كېيىنكى تەقدىرىنىڭ نېمە بولغانلىقى نامەلۇم. بىراق ئۇنىڭ ئىسمى 1927-يىلدىكى ئەنجان باستۇرۇشىدا ۋە 1933- يىلدىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ سوۋېت مەخپىي ساقچىلىرى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈشىدە قايتا- قايتا تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ چېگرا ھالقىغان ئۇيۇشمىلاردىكى تارىخى سەۋەبلىك 1938-يىلى سوراقچىلار ئۇنىڭغا گۇناھ ئارتىشتا قىينالمىغان بولۇشى مۇمكىن. نىملا دېگەن بىلەن ، مۇشۇنداق ئەيىبلەشلەرگە ئۇچراشتىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ساقلىنىپ كەلگەن كىشىلەرمۇ ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا قۇتۇلالمىغان. 1937-يىلى سېنتەبىردە ئابدۇللا روزىباقىيېۋ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئاغدۇرۇش سۇيىقەستى بىلەن ئەيىبلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. يىراقتىكى موڭغۇلىيەدە لاۋارىن دەمبىرەلمۇ ئوخشاش ئاقىۋەتكە دۇچ كەلگەن. ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا قىلغان خىزمىتى غەربى موڭغۇلىيە بۆلگۈنچىلىك پىلانى دەپ چۈشەندۈرۈلگەن ، ئۇنى ياپونىيەنىڭ قوللىشى بىلەن ئەكسىلئىنقىلابىي بازا قۇرغان دەپ ئەيىبلىگەن. 1938- يىلى مايدا ئۇ تۈرمىدە ئۆلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## خاتىمە

1930-يىللاردىكى چوڭ تازىلاش ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭ ۋە موڭغۇلىيەدىكى شاۋقۇن- سۈرەنلىرى 1920-يىللاردا شىنجاڭ ئۇچۇن قىلىنغان ئۇيغۇرلۇق داۋاسىغا ئەڭ يېقىن ئىشتىراك قىلغان كىشىلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئاياغلاشتۇردى. بىراق ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ تارىخى ئەلۋەتتە مۇشۇ يەردىلا تۈگىمەيدۇ. شىڭ شىسەي قوللانغان سوۋېتچە مىللەتلەر سىياستى خىتاي تارىخىدىكى تۇنجى مىسال بولۇپ، ئۇ شىنجاڭدىكى سىياسەتنىڭ بۇ كىتابتا بايان قىلىنغانىغا ئوخشاش كۈرەش ۋە مۇنازىرە بىلەن ئىزچىللىقنى نامايان قىلدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ رەسمىي ئورگانلارغا ئىگە بولۇشى خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۇلارنىڭ مەدەنىي مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلىشىنى ۋە سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنى كونترول قىلدىغان ۋاستە بىلەن تەمىنلىگەن. شۇنداقلا ئۇ يەنە خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى سىياستىگە قارىتا داۋاملىق رىقابەتلىشىش ئۇچۇن بىر ئاساس تىكلەپ بەرگەن. شۇڭا مەن تەكىتلەيمەنكى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بۇ توقۇنۇشنى چۇشەندۈرەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلارغا دۆلەتكە ساداقەتمەن بولۇش بەدىلىگە ھەر خىل مەدەنىي ۋە سىياسىي ئاپتونومىيە بېرىش ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار بىلەن سودىلاشقان بولۇپ، بۇ سودىنىڭ نەتىجىسى ئالدىن قارار قىلىنمىغان. 1930-يىللاردىن باشلانغان مىللەتچىلەرنىڭ قوزغىتۇشلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ كەنت ۋە بازارلىرىغا قانچىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ياكى خىتاي سىياستىنىڭ بۇ قارشىلىقلارنى قانچىلىك دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك توسۇپ قالالىغانلىقىغا پەقەت پەرقلىق تارىخى تەتقىقاتلار ئارقىلىقلا ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن. باشقا ھەرقانداق بىر مىللىي توقۇنۇشقا ئوخشاشلا، ھەرقانداق مىللەتچىلىك سىياستىنىڭ ئىچكى جەلپكارلىقى ھەققىدە يەكۈن چىقىرىشتىن بۇرۇن سىنىپ ۋە جىنس مەسىلىسى نەزەرگە ئېلىنىشى كېرەك. بۇ كىتاب شۇنداق تەتقىقاتلار ئۇچۇن ئاساس بولسا دېگەن ئۈمىدتىمەن. ئەلۋەتتە، شىنجاڭدىكى شارائىتلار بۇنىڭغا يول قويغان ئەھۋالدا.

## ئازادلىق ھارپىسىدىكى تارىخ ئۆرۈشلىرى

خاتىمە سۆپىتىدە 1940-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا نەزەر سېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ يېڭى مىللەتلەر سىياسىتىدىكى بەزى ئامىللار ھەققىدە سوئاللار قويۇلغان ئىدى. شىڭ شىسەينىڭ سوۋېتقا بېقىنغان ھۆكۈمرانلىقى ئاران 1940-يىللارغىچە داۋام قىلغان ھەمدە 1949- يىلى شىنجاڭ ئەڭ ئاخىرىدا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇۋېلىنىشتىن بۇرۇن بۇرۇلۇشلار بولۇپ ئۆرغان. سوۋېتنىڭ كونتروللۇقىدىن بىزار بولغان شىڭ شىسەي 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىنى پۇرسەت بىلىپ گومىنداڭ تەرەپكە ئۆزىنى ئاتقان. بۇ يېڭى بىر قېتىملىق تۈرمىگە سېلىش ۋە قەتلە قىلىش دولقۇنىنى پەيدا قىلغان. نەتىجىدە ئۆلكىدىكى خىتاي بولمىغان سىياسىي ۋە ئىلمى ساھەدىكى سەرخىللار تېخىمۇ ۋەيران قىلىنغان. شىڭ شىسەينىڭ زۇلۇمىغا تۈنجى قارشىلىق ئالتايدىن كەلگەن بولۇپ ، قوزغىلاڭ قازاقلار ئارىسىدا كۆتۈرۈلگەن. ئاندىن 1944-يىلى سوۋېت ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغان شىڭ شىسەيگە قارشى ئىلى ۋادىسىدىكى قوزغىلاڭغا مەدەت بەرگەن ۋە يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەن. سوۋېت 1945-يىلى يانۋاردا ئىككىنچى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يول ئاچقان. (شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى 1944- يىلى 11- ئاينىڭ 12- كۈنى قۇرۇلغان. ئاپتور نېمە ئۈچۈن 1945- يىلى يانۋار دەپ يازغانلىقىغا مەنبە كۆرسەتمىگەن- تەرجىماندىن). ئەھۋالنىڭ يامانلاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن جاڭ جېشى 1944-يىلى شىڭ شىسەينى ئىستېپاغا قول قويدۇرغان ھەمدە ۋۇ جوڭشىننى شىنجاڭغا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تۈنجى تەيىنلىگەن رەئىس قىلىپ بېكىتكەن. 1945- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىككى تەرەپ ئۇرۇش توختىتىپ سۆھبەت باشلىغان. سوۋېت قوللىغان ئىلى ئىنقىلابچىلىرى بىلەن مىللەتچى خىتاي ھاكىمىيىتى شىنجاڭنى كونترول قىلىش ئۈچۈن سوغۇق ئۇرۇشقا كىرىشكەن. ئىككىلا تەرەپ تۈركى تىلدا سۆزلەيدىغان ۋەكىللىرىنى ئۆلكە خەلقىگە خىتاب قىلدۇرۇپ ، مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ تارىخى ۋە كىملىكىگە بولغان سىمۋوللۇق رىقابىتىنى قايتا قوزغاتقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سوۋېت قوللىغان ئىلىدىكى جۇمھۇرىيەت 1949- يىلىغىچە مەۋجۇت بولغان. بۇ جۇمھۇرىيەتنى قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ ئۈچ ئېلىشى دەپ قاراش مۇمكىن، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئەڭ ئاخىرى رادىكاللاشقان كۆچمەنلەردىن تەشكىللەنگەن زاپاس ئارمىيەسىنى شىنجاڭدا ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەن ئىدى. ئەمما، ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىن قارىغاندا بۇ باشقىچە بولۇپ، ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئالىلقاچان بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنى يوقىتىپ يېڭى بىر ئەۋلاد چېگرا ھالقىغان سەرخىللارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان ئىدى. جۇمھۇرىيەت ئۆزىنى كۆچلەندۈرگەندە بۇرۇن ئاقساقال بولغان بىر قىسىم كىشىلەر يۇقىرى ئورۇنغا چىققان. مەسىلەن، ئۇيغۇر پارتىزانلار رەھبىرى ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت تەۋەسىدە ئىشلىگەن ھاشىم ئاقساقالنىڭ ئوغلى بولۇپ، ھاشىم ئاخۇن قارا قولدىكى ئۇيغۇر كۆچمەنلەرگە 1929-يىلىغىچە ئىگىدارلىق قىلغان ۋە شۇ يىلى ئۇنىڭ ئىشخانا تامغىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئىدى. مائارىپ مىنىستىرى ھەبىب يۈنىچ چار پادىشاھنىڭ ئاقساقىلى فازىلجاننىڭ ئوغلى بولۇپ، فازىلجان 1917- يىلى سوۋېتقا قايتىشتىن قورقۇپ خىتاي پۇقرالىقىغا ئىلتىماس سۇنغان ئىدى. شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرىنچى رەئىسى ئەلىخان تۆرە سوۋېتقا قارشى مۇھاجىر بولۇپ ئۇنىڭ دىنى نوپۇزى يەرلىكتە مۇھىم رول ئوينىغان. ئاخىرىدا ئۇ ھوقۇقتىن قالدۇرۇلۇپ ئورنىغا سوۋېتتا تەربىيەلەنگەن ئۇيغۇر ئەخمەتجان قاسىمى قويۇلغان. غۇلجىدا شەھەر باشلىقى بولغان ھېكىمبەگ غوجا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بەرپا قىلىنغان ھاكىمبەگلەرنىڭ ئەۋلادى ئىدى.

ھېكىمبەگ خوجىغا ئوخشاش كىشىلەر بولغىنى سەۋەبىدىن قوزغىلاڭ ھەققىدىكى دەسلەپكى چاقىرىقلاردا تارانچىلار شىنجاڭدىكى خەلقلەرنىڭ بىرىدۇر دېيىلگەن. بىراق سوۋېتتا ئوقۇغان شەرقى تۈركىستان رەھبەرلىرى رەسمىي تەشۋىقاتلاردا سوۋېتچە ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنى تەشەببۇس قىلىپ تارانچىلىق پىكىر ئېقىمىنى يوقاتقان. سوۋېتنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەرگە بولغان ئېپتىدائىي مىللەتچىلىك پوزىتسىيەسى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇش مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا چىققان، بۇ خىل مىللەتچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركلەر ئائىلىسىگە بولغان باغلىنىشىنى

ئاجىزلاشتۇرغان ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كۆچۈشىنىڭ ئەھمىيىتىنى كىچىكلەتكەن. ئەخمەتجان قاسىمى 1946- يىلى سېنتەبىردىكى بىر نۇتۇقتا: «شەرقى تۈركىستان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى قەدىمدىن بىرى جايلاشقان ماكان. شەرقى تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچ-تۆت مىڭ يىللاردىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىغا دائىر پاكىتلار تېپىلدۇ» دېگەن.

شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەزگىلىدىكى تارىخى بايانلاردا شۇ چاغدىكى گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلاب مۇستەملىكىچىلىككە قارشى ئىنقىلاب دەپ قارىلىپ 19-ئەسىردىكى غوجىلار باشچىلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭغا ئوخشىتىلغان. شۇ چاغدىكى ژۇرناللاردىن «كۈرەش» تە بۇ خىل قاراشلار شەرھلىنىپ ، قوقەنلىك كۆچمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزى بايان قىلىنغان ۋە شۇ چاغدىكى شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلار ئىرقى قىرغىنچىلىق بىلەن ئەيىبلىنىپ «مانجۇلار ۋە خىتايلار ئۇيغۇر خەلقىنى خۇددى جۇڭگارلارغا ئوخشاش يوقىتىۋەتمەكچى بولغان» دەپ يېزىلغان. شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشقا تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن بولغان «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا سوۋېت تۈركولوگىيەسىدىكى تەتقىقاتلارنى مەنبە قىلىپ شەرقى تۈركىستاندىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ تارىخى ۋە كىملىكى ھەققىدە ماقالىلەر ئېلان قىلىنغان. بۇ خىل سىياسي كىلىمات تاشكەنت ۋە ئالمۇتا ئاكادېمىيەلىرىگىمۇ سىڭىپ كىرگەن ۋە تەتقىقاتچىلار شىنجاڭدىكى ئۇزۇندىن سوزۇلغان مىللىي ئازادلىق كۈرىشى ئىدىيەلىرىنى ئىلمى جەھەتتىن قوللىغان.

شەرقىتىكى ئۈرۈمچىدە يېڭى گومىنداڭ مەمۇرىيىتىنىڭ ئاممىۋى ئوبرازىنى يارىتىپ بەرگەن ئۇيغۇرلار بىز بۇ كىتابنىڭ ئوخشىمىغان بۆلەكلىرىدە ئۇچرىشىپ ئۆتكەن شەخسلەر بولۇپ، ھەممىسىنىڭ پەرقلىق ھېكايىلىرى بار. مەسئۇد سەبرى، ئىيسا يۇسۇپ ۋە مۇھەممەت ئىمىن بۇغرالار ئەينى ۋاقىتتا «ئۈچ ئەپەندى» دەپ ئاتالغان. مەسئۇد ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زىيالىي بولۇپ، ئۇ غۇلجىدىكى تۇنجى جەدىتچە مەكتەپنىڭ مەھسۇلى ئىدى ۋە كېيىن ئىستانبۇلدا دوختۇرلۇق ئوقۇغان. ئۇ 1- دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە غۇلجىغا قايتىپ تۈرك ئۇرۇش ئەسىرلىرى بىلەن بىرلىشىپ مەكتەپ ئاچقان، ئەمما دائىرىلەر تەرىپىدىن تاقالغان. ئىيسا يۇسۇپ ھاياتىنىڭ

بىر قىسمىنى سوۋېتتا ئۆتكۈزگەن ، ئەنجان ۋە تاشكەنتتىكى خىتاي كونسۇللىرىغا تەرجىمانلىق قىلغان. ئۇ يەردىن خىتاينىڭ ئىچكى شەھەرلىرىگە بارغان ھەمدە نەنجىڭدە 1937-يىلىغىچە ئانا يۇرت ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان، ئۇندىن كېيىن چوڭچىڭغا يۆتكەلگەن. ئاخىرقىسى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا بولۇپ 1930- يىللاردىكى خوتەن قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىدى. بىرىنچى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئاغدۇرۇلغاندا مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئافغانىستانغا چىقىپ كەتكەن. ئوخشىمىغان يوللاردىن كەلگەن بۇ ئۈچ كىشى چوڭچىڭغا كېلىپ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىشىغا كۆچ چىقارغان. 1940-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭدا ئەھۋال خارابلاشقاندا بۇ ئۈچەيلەن لەنجۇدا بولۇپ ،  راھەتبەخش سىياسىي شامالنىڭ ئۆزلىرىنى ئۇرۇمچىگە ئۇچۇرۇپ ئاپىرىشىنى كۈتۈۋاتاتتى.

شىنجاڭدىن ئايرىلغان سۈرگۈندە ھاياتىدا ئۈچ ئەپەندى شىڭ شىسەينىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى تەنقىد قىلغان. ئۇلار شىنجاڭدىكى خەلقنىڭ تۈركلىكى بىرىنچى، ئۇيغۇر ، قازاق ۋە قىرغىزلىقى ئىككىنچى ئۇرۇندا دېگەن قاراشنى تەرغىب قىلغان. گومىنداڭچىلارغا ئۇلار شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ئاھالىنى 14 مىللەتكە بۆلۈشىنى خىتايدىكى گومىنداڭچىلار تەشەببۇس قىلىۋاتقان بەش مىللەتلىك نەزەرىيەسىگە ئاشكارا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق دېگەن. ئۈچ ئەپەندى يەنە سۇن جۇڭسەننىڭ ئۈچ مەسلىكىدە  تىلغا ئېلىنغان بەش مىللەتنىڭ بىرى بولغان مۇسۇلمانلار ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركلەرنى كۆرسىتىدۇ دېگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، تۈركى تىللىق ئوقۇرمەنلىرىگە قارىتا ئۈچ ئەپەندى كامالچىلارنىڭ تۈركلۈك ئىدىيەسى ئاساسىدا  ئەرەبچە مىللەت دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا «ئۇلۇس» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن. ئۇلارچە ئاناتولىيەدىن شىنجاڭغىچە بولغان خەلقلەر بىر ئۇلۇس ھېسابلىناتتى. ئۇلار مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ تۈرك جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈركچە ئىسىملارنى تەشەببۇس قىلىشىغا ھەۋەس قىلاتتى ، ئىيسا يۇسۇپ شۇ سەۋەبتىن ئۆزىگە ئالپتېكىن (قەھرىمان شاھزادە) دەپ فامىلە ئىشلەتكەن. 1944-يىلى شىنجاڭ ئانا يۇرت ئۇيۇشمىسى خىتاي جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسى قانۇنىغا شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرنى تۈرك دەپ يېزىش ، ئۆلكىنىڭ نامىنى

تۈركستان دەپ ئاتاش ھەققدە تەلەپ قويغان. بۇ پوزىتسىيە ئۇلارنى گومىنداڭچى زىيالىيلار بىلەن زىددىيەتكە ئېلىپ بارغان. گومىنداڭچى زىيالىيلار ئۆلكىدىكى خەلقنىڭ تۈركلىك كىملىكىگە قايىل بولمىغان.

ئۈچ ئەپەندى خۇددى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرىگە ئوخشاشلا خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆچ ئىدى. ئۇلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتىش ئۇرۇمچىدىكى گومىنداڭ ۋەكىللىرىنى بىئارام قىلغان ئىدى. ھالبۇكى، شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۈچلۈك ئېتنىك مىللەتچىلىكىگە قارشى گومىنداڭنىڭ بۇ پانتۈركىستلەرنى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. بۇ ئۈچەيلەن گومىنداڭ ئىچىدە ئۆلكىنىڭ ئىسمىنى ۋە خەلقنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىپ شىنجاڭ دېگەن نامنى شەرقى تۈركىستانغا، ھەر قايسى تۈركى مىللەتلەرنىڭ نامىنى ئاددىيلا قىلىپ «تۈرك» كە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان. گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدىكى مەسئۇلى جاڭ جىجوڭ بۇ لايىھىگە ھېسداشلىق قىلغاندەك تۇيۇلسىمۇ شەرقى تۈركىستان دەپ ئاتاشنى قوللىمىغان. ئۇ مۇستەملىكە قىلىنغان زېمىندەك تەسىرات بېرىدىغان «يېڭى چېگرا» دېگەن مەنىدىكى شىنجاڭ دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا تيانشان ئۆلكىسى ياكى قورۇم (كۇئېنلۇن) ئۆلكىسى دەپ ئاتاشقا مايىل بولغان. ئاخىرىدا شىنجاڭ يەنىلا شىنجاڭ دەپ ئاتالغان. بىراق ئۇيغۇر تىلىدا ئۈچ ئەپەندىنىڭ ئۇنى «چىنى تۈركىستان (خىتايغا تەۋە تۈركىستان)» دەپ ئاتىشىغا رۇخسەت قىلىنغان.

1946- يىلى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن گومىنداڭنىڭ يەرلىك تارمىقى شىنجاڭدا جاڭ جىجوڭ رەھبەرلىكىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرغان. 1947-يىلى مەسئۇد سەبرى جاڭ جىجوڭنىڭ ئورنىغا رەئىس بولغان، بۇ ئۈچ ئەپەندىگە ئىلى تەرەپدارلىرىدىن مۇستەسنا ئۆزىنىڭ تۈركچىلىك مەدەنىيەت غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پۇرسەت بەرگەن. ئۈچ ئەپەندىنىڭ نەزىرىدە بۇ غايە يولىدىكى توسالغۇ پۈتۈن ئۆلكىگە يېيىلغان شىڭ شىسەي دەۋرىدە قۇرۇلغان ۋە مىللەتلەر بويىچە ئايرىلغان ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئىدى. بۇلار شىڭ شىسەينىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ مىراسى ئىدى. بۇ ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئېتىراپ قىلىنغان ھەر قايسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

مىللەتلەرنىڭ تەشكىلى ئاپپاراتلىرى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا ئىدى. گومىنداڭنىڭ نەزىرىدە بۇ ئۇيۇشمىلار سولچىلار ۋە سوۋېتپەرەسلەرنىڭ ئۇۋىسى ئىدى. ئۇرۇمچىدە ئۈچ ئەپەندى بىۋاستە ھەرىكەتكە ئۆتكەن: بىر كېچىسى بىر گۇرۇپپا لۈكچەكلەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ بىناسىغا ھۇجۇم قىلغان ھەمدە بىناغا ئوت قويۇۋەتكەن ، نەتىجىدە ئۇيۇشما ئەزالىرى تامدىن ئاتلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولغان. بۇنداق تاقابىل تۇرۇشلار ئۇيۇشمىنى ۋەيران قىلىشقا تاس قالغان بولۇپ ، ئاخىرىدا ئۈچ ئەپەندى ئۇنى «تۈرك-ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» نامىدا تىرىلدۈرگەن. يېڭى ئۇيۇشما «چىنى تۈركىستان» دېگەن گېرىبنى ئىشلەتكەن. تۈرك-ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئۈچ ئەپەندىنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولۇپ ئۇن نەچچە يىل قاھىرەدە تۇرغان چىڭگىزخان داموللا ئىدى. تاتارلارمۇ بۇ ئېقىمغا ماسلىشىپ تاتار ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى تۈرك-تاتار ئۇيۇشمىسى قىلىپ ئۆزگەرتكەن.

لەنجۇدىكى چېغىدا ئۈچ ئەپەندى «ئەرك» ژۇرنىلىنى چىقارغان. بۇ گومىنداڭ چىقىرىۋاتقان «شىنجاڭ گېزىتى» گە قارىغاندا ئوچۇقتىن ئوچۇق تۈركچىلىكنى تەرغىب قىلىدىغان ژۇرنال ئىدى. ئۇلار ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن كېيىن «ئەرك» ژۇرنىلى ئۇلارنىڭ تەشۋىقات ۋاستىسىغا ئايلانغان ھەمدە يېڭى قۇرۇلغان ئالتاي نەشرىياتىدا بېسىلغان. «ئەرك» تۈرك دۇنياسىدىكى تىل بىرلىكىنى تەشەببۇس قىلىپ ئوقۇرمەنلەرگە تۈركچىلىكنى تونۇشتۇرغان. گېزىت جۇمھۇرىيەتچى تۈركلەردىن فۇئات كۆپرۈلۈنىڭ تۈرك ئەدەبىيات تارىخىنى قايتا بېسىپلا قالماي ، 19-ئەسىردىكى ئوسمان ئىمپېرىيەسىدىكى ھۆرىيەتپەرۋەر زىيالىي نامىق كامالنىڭ ماقالىلىرىنىمۇ چىقارغان. نەشرىياتچىلىقتىن باشقا ئۈچ ئەپەندى 1948-يىلى دەرنەك قۇرغان. بۇ يەردە دېيىلگەن دەرنەك بىر مەدەنىيەت كۇلۇبى بولۇپ ، بىرىنچى دەرنەك ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە 1908-يىلى ياش تۈركلەرنىڭ ئاممىۋى ئەركىنلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى نەتىجىسىدە قۇرۇلغان ئىدى. ئۇرۇمچىدىكى دەرنەك دائىم يىغىن ئۇيۇشتۇرۇپ لېكسىيە سۆزلەش ، شېئىر ئوقۇش ، كومېدىيە ئورۇنلاش ۋە ئەركىن مۇنازىرە ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغان. لېكسىيەنىڭ تېمىلىرى سەھىيە ۋە ئەمەلەشنىڭ مۇھىملىقىدىن تارتىپ ، يەرلىك تارىخ ، تۈركولوگىيە قاتارلىقلارنى ئۆز

ئىچىگە ئالاتتى. مەسىلەن، چىڭگىزخان داموللا «تۈركىستان» سۆزىنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىگەن؛ بۇرھان شەھىدى ئۆزىنىڭ سىبىرىيە دېگەن سۆزنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى چۈشەندۈرگەن. ئۇلار دەرنەكچىلەر دەپ تونۇلغان بولۇپ تۈركولوگىيە مەستانىلىرى ئىدى.

بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەزگىلىدە ئۈرۈمچى تەرەپ بىلەن غۇلجا تەرەپ تارىخ ۋە كىملىك مەسىلىسى ھەققىدە ماقالىلەر يېزىپ مۇنازىرىلىشىپ تۇرغان. شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەرەپدارلىرى كۆپ ھاللاردا گومىنداڭچى ئۇيغۇرلارنى پانتۈركىستلەر دەپ ئاتايتتى، سوۋېتتا بۇ سۆز فاشىست دېگەنگە ئوخشاش مەنىدە ئىدى. ئۇلار يەنە گومىنداڭچىلارنى خىتاينىڭ قورچاقلىرى دەپ ئاتاپ، ئۇلارنىڭ چىنى تۈركىستان دېگەن سۆزىنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىكىگە باش ئەگكەنلىك دەپ مەسخىرە قىلاتتى. گومىنداڭچى ئۇيغۇرلار بولسا شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەرغىب قىلىۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتى ئۇقۇمىنى تولىمۇ ئاددىي ئىپتىدائىي خاتا قاراش دەيتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تۈركچىلىك مەيدانىنىڭ تارىخقا ئۇيغۇنلۇقىدا چىڭ تۇراتتى. شىنجاڭ گېزىتى بىر سوۋېت تۈركولوگىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاھالىنى تۈرك دېيىشكە رەددىيە سۈپىتىدە يازغان ماقالىسىنى باسقان ئىدى. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا بۇنىڭغا جاۋابەن ئۇيغۇرلار ئۆلكىدىكى تۈركلىك مىراسىنىڭ بىر پارچىسى، ئەمما ھەممىسى ئەمەس دېگەنلەرنى يازغان، ئۇ: «ئالتە شەھەر مەدەنىيىتىنى ئۇيغۇرلارغا باغلاش ئىلمى ساھەدىكى بىر چوڭ خاتالىق، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى ئۇ يەرگە يېتىپ باقمىغان» دېگەن.

بۇ مۇنازىرىلەر بىزگە بىر مىللەت ھەققىدىكى پەرقلىق مەنبەگە ئىگە ئىككى كۆز قاراش ئارىسىدىكى ئېغىر توقۇنۇشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: بۇنىڭ بىرى سوۋېتتا يېتىلگەن ھەمدە سوۋېت ئىدىيەسىگە ئۇيغۇنلاشقان ئۇيغۇر مىللىتى؛ يەنە بىرى ئۆزگىچە تۈرك مىللەتچىلىكىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى قوللانغان بولۇپ ئۇ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارغا پۈتۈنلەي پەرقلىق يوللار بىلەن كىرىپ كەلگەن. ئەمما بۇ ئىككىسى بىر-بىرىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىقمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇچ ئەپەندى ئۇيغۇر قەبىلىسىنى تۈرك مىللىتىگە تەۋە دەپ قارايدىغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇ شەرقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈركىستانچىلارنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ دېگەن قارىشىغا ئوخشايتتى. مەن بۇ كىتابتا كۆرستىپ ئۆتكەندەك ، سوۋېتتا ھەرخىل پائالىيەتچىلەر ئۇيغۇر سىمۋولىنى قوللانغان بولۇپ ، ئۇنى قوللانغانلارنىڭ ھەممىسىلا سوۋېتپەرەس ئەمەس ئىدى. 1940- يىللاردا شىنجاڭدىكى ئەھۋال نۇرغۇن جەھەتلەردە 1920-يىللىرى سوۋېتقا تەۋە تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ئەھۋالنىڭ قايتىلىنىشىدىن ئىبارەت ئىدى. شۇ چاغلاردا تۈرك-ئىسلام ئۆتمۈشىگە ئىگە ، ئۇيغۇر دەپ شەرھلىنىۋاتقان شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىك جەھەتتىكى ئۇيغۇرلۇقىغا مۇشتاق كىشىلەر ئارىسىدىكى ھاڭ بارغانچە چوڭىيىپ بارماقتا ئىدى. بۇ يەردىكى پەرق شۇ ئىدىكى ، ئۇيغۇرپەرۋەرلىككە قارشى ئۆكتىچىلەر ھازىر گومىنداڭغا ئىشلەۋاتقان بولۇپ ، سوۋېتنىڭ ياردىمىنى ئىزدەۋاتقان ئۇيغۇرلار ئەمەس ئىدى. شۇڭا ، 1920-يىللاردىكى قەشقەرلىك كوممۇنىستلار بىلەن 1940-يىللاردىكى ئۈچ ئەپەندىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىزچىللىقنىڭ ئىپادىلىرىدىن ھەيران قېلىش بىھاجەت ئىدى.

1948- يىلى ئىيۇلدا ئۈرۈمچىدە ئالتاي نەشرىياتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئىككى يىللىقى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بىر يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن (ئەينى ۋاقىتتا ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا بولۇپ ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن باش كاتىپ ئىدى. - تەرجىماندىن) نۇتۇق سۆزلەپ ، ئۆزىنىڭ نەشرىياتچىلىق ھاياتى ھەققىدە توختالغان. ئۇ نەنجىڭدە بىرىنچى ژۇرنالنى نەشر قىلغاندىن باشلاپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ئالتاي نەشرىياتى قورۇلغىچە بولغان ئەھۋالنى بايان قىلغان. ئۇ نۇتقىنى ئۆزىنىڭ ئەنجاندا كونسۇلدا ئىشلىگەن چاغلىرىدا تۇنجى قېتىم نەشرىياتچىلىقنىڭ سىياسىي پائالىيەتلەردىكى مۇھىملىقىنى قانداق تونۇپ يەتكەنلىكىدىن باشلىغان. ئۇ سۆزلەۋېتىپ بىر كونا گېزىتنى ئېلىپ كۆپچىلىككە كۆرسەتكەن. ئۇ «بۇ يەردە بىر گېزىت بار ، ئۇنىڭ ئىسمى ئازادلىق» دەپ چۈشەندۈرگەن: «بۇ مېنىڭ قولۇمغا 1928-يىلى چۈشكەن ئىدى ، شۇندىن كېيىن مەن ئۇنى ساقلاپ كەلدىم». بۇ چاغدا يىغىن ھەققىدە يېزىلغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا جامائەت گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتقان. «بۇنىڭدا بىر پارچە ماقالە بار ،

ماقالىدە ۋەتىنىمىزدىكى ئاياللارنىڭ كۆلپەتلىرىگە ئېچىنغان. ئۇنىڭدا يەنە ئاياللارنىڭ قاباھەتلىك بىر ھالەتتە قالغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ رېئاللىق ھەققىدە نالە قىلىنغان ھەمدە باي تىجارەتچىلەرگە ھۇجۇم قىلىنغان.» ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن پەخىرلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتقان بۇ گېزىت قادىرھاجى چىقارغان «ئازادلىق» گېزىتى بولۇپ، تاشكەنتتە نەشىر قىلىنغان ۋە قەشقەرلىك كۆچمەنلەر ئارىسىدا تارقىتىلغان ئىدى. گەرچە ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ئۆزىنى سوغۇق ئۇرۇش ھارپىسىدىكى كوممۇنىزمغا قارشى بىر جەڭچى دەپ ئويلايدىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ مىللىي ئويغىنىشىنى پەرغانە ۋادىسىدىكى قەشقەرلىك كوممۇنىستلارنىڭ ھەرىكىتى نەتىجىسىدىن بولغان دەپ قارىغان. بۇنى يىغىندىكىلەر ھېس قىلمىغان تەقدىردىمۇ بۇ بىر مۇھىم نۇقتىنى چۈشەندۈردۇ، يەنى ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ بەرپا بولۇشىدا سوۋېتنىڭ سىناقلىرى باشلانغۇچ رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇ يەنە بۇ سىياسەتنىڭ تەنقىدچىلىرى ئۈچۈنمۇ شەكىللەندۈرگۈچ رولنى ئوينىغان ئىدى.

## ئايرىلغان ھالەت ۋە نارازىلىقلار

1940- يىللاردا ئاخىرقى نەتىجە سوۋېت يۆلىگەن ئۇيغۇرىستانمۇ ئەمەس، ياكى گومىنداڭ قوللىغان چىنى تۈركىستانمۇ ئەمەس بولۇپ چىقتى. 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىدا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ئەپەندى يەنە سۈرگۈنگە مەھكۇم بولدى. ئۇلار ئاۋۋال ئافغانىستانغا ئاندىن تۈركىيەگە كەتتى. (ئۈچ ئەپەندىنىڭ بىرى مەسئۇد سەبرى ھىجرەتنى رەت قىلغان بولۇپ تۈرمىدە ھاياتىدىن ئايرىلغان - تەرجىماندىن). شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ دەل شۇ ۋاقىتلاردا ئايروپىلان ۋەقەسى بىلەن بېيجىڭغا ئۇچۇش يولىدا ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇ ۋەقە تاكى ھازىرغىچە بۇ بىر سۇيىقەست بولۇشى مۇمكىن دېگەن گۇماننى قوزغايدۇ. سوۋېت بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى شىنجاڭ سودىسى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرىنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلغان بولۇشى ناتايىن. چۈنكى بۇ جۇمھۇرىيەت شۇ ۋاقىتقىچە موسكۋانىڭ سىزغان سىزىقىدىن

www.uyghurkitap.com

چىقمىغان ئىدى. ئەمما ، كوممۇنىستلار شىنجاڭنى بېسىۋالغان دەسلەپكى يىللاردا ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش خاھىشى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى ، بولۇپمۇ غۇلجىدا شۇنداق ئىدى. بۇ چاقىرىققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن 1955-يىلى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چۈمپەردىسىنى ئاچتى. شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخى خىتاي كومپارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابنىڭ بىر قىسمى قىلىپ قايتا يېزىلدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى «پۈتكۈل خىتاي خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» ئىدى. بۇ ئۇيغۇرىستان قۇرۇش ئىنتىلىشىنى دەماللىققا جىمىقتۇرالمىدى. بۇ قىزغىنلىق 1950-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا «يەرلىك مىللەتچىلىك» كە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ نىشانىغا ئايلاندى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە خىتايدىكى ئاز سانلىقلارنىڭ مىللەتلىك مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنغاندا ، ئادەتتە ئىككى قۇتۇپنىڭ بىرىگە قاراپ ئېغىش كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىرى دۆلەت نۇقتىئىنەزىرى بولۇپ ، دۆلەت ئۆزىنىڭ پۈتۈن ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ شۇ جايدىكى خەلقنى تۈرلەرگە ئايرىيدۇ ، ئۇلارغا ئېنىقلىما بېرىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ دۆلەت ئەۋزەل كۆرىدىغان كىملىك تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇ كۆپ قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ سوۋېتتىكى يېڭى مىللەتلەرگە ، شۇنداقلا خىتاينىڭ 1950-يىللاردىكى مىللەتلەرنى تۈرلەرگە ئايرىش پىلانىدا رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان خىتايدىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە بولغان كۆز قارىشىدۇر. يەنە بىر قاراش بولسا ، ئىمپېرىيەنىڭ مىراسى سۈپىتىدە ھۆلى سېلىنغان مىللىي كىملىكنى ئاساس قىلىپ دۆلەتكە قارشى كۆرەش قىلىش جەريانىدىن ئىبارەت. بۇ يەردە بىز موڭغۇللارنىڭ چىڭ ئىمپېرىيەسى خاراب بولغاندا مۇستەقىل بولغانلىقى ھەمدە تىبەتلەرنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان مەدەنىيەت ۋە سىياسىي ئاپتونومىيەسىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنى ئەسكە ئېلىشىمىز مۇمكىن. بۇ ئىككىلا مىساللارنىڭ ھېچقايسىسى خىتاي ۋە رۇسىيەدىكى تۈركى تىلدا سۆزلەيدىغان مىللەتلەرگە تازا ماس كەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس تاتارلارغا ئوخشاش باشقا گۇرۇپپىلارنىڭمۇ ئىمپېرىيە مەزگىلىدە مۇجمەل ۋە مۇرەسسەلىك مىللىي كىملىكى بولغان. ئەمما بۇ ئىككى قۇتۇپ ، يەنى دۆلەتنىڭ يۇقىرىدىن

تىكلىپ تۇرۇشى بىلەن پۇقرالارنىڭ كەيپىياتى، يەنىلا بۇ تەتقىقاتتا بىزنى يېتەكلەيدۇ. بىز بۇ ئىككى قۇتۇپ ئارىسىدىكى داۋاملىشىۋاتقان دىئالېكتىكنى ئېتىراپ قىلىشىمىز ھەمدە مىللەتلەرنى بەرپا قىلىشتىكى ھەل قىلغۇچ پەيتلەرنى ئىزدەشنى ئازلىتىشىمىز كېرەك.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ غۇلىشىدىن تارتىپ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانغا قەدەر بۇ جەرياندا ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ مەيدانغا چىقىشى بەلكىم خىتايدىكى ئېتنىك مىللەتچىلىك ساھەسىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئەڭ كۆرۈنەرلىك بىر ھادىسە بولۇشى مۇمكىن. بۇ كىتابنىڭ ھېچبىر يېرىدە بىز بىرەر شەخسنىڭ ئەسلىدە مەۋجۇت بولغان كوللېكتىپ كىملىكىنىڭ ئەندىزىلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغىنىنى ئۇچرىتىپ باقمىدۇق. بىز پەقەت بۇ تارىخنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن تۈگەنچە نۇقتىسىنى سېلىشتۇرغىنىمىزدىلا ئاندىن ئۇ بىزگە ئاشقۇن بىر بەرپاچىلىقنىڭ مەيدانغا چىققىنىدەك كۆرۈنىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بەرپا بولۇش جەريانى نۇرغۇن كىچىك قەدەملەردىن شەكىللەنگەن. ھەربىر قەدەمگە سىياسىي شارائىتلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ خىرىس ۋە پۇرسەتلەر ھەمدەم بولغان ھەمدە شۇ دەۋردىكى شارائىتتىن قارىغاندا ھەممىسى لوگىكا ۋە چۈشەنچىگە ئۇيغۇن بولغان.

چىڭ ئىمپېرىيەسىنى تەشكىل قىلغۇچى پۇقرالار بۇ كىتابتا مەلۇم رولالارنى ئوينىدى. خىتايدىكى مۇسۇلمان ئۇقۇمى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوخشىمىغان شەكىلدە ئىشلىتىلگەن ئىدى. بۇلار مەزكۇر كىتابتا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى. شۇنى جەزملەشتۈرۈش كېرەككى، تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكى، پەرقلىق ئۆلكىلەرگە ماكانلاشقانلىقى ئۈچۈن 1912-يىلى چىڭ سۇلالىسى خاراب بولغاندا بۇ مۇسۇلمانلار كوللېكتىپ بىر مەيدان ئىپادىلىيەلمىگەن. ئەمما بەش مىللەت ئىتتىپاقى ئۇقۇمى قۇرۇق بىر شوئار بولماسلىقىمۇ مۇمكىن ئىدى. بېيجىڭغا مايىل بولغان مۇسۇلمانلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى تارىخى سىياستىنى خىتاي جۇمھۇرىيىتىدىن ئاپتونومىيە ئېلىشنىڭ ئاساسى قىلغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرپەرۋەرلەرنىڭ ئۆزىنى دەسلەپتە خىتايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەكىلى دەپ قارىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت بىزنى چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئىپادىلەيدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«خۇي» ئۇقۇمىغا جىددىي نەزەر ئاغدۇرۇشمىزغا مەجبۇر قىلىدۇ. ئەگەر خىتاي جۇمھۇرىيىتى مىلىتارىستلار كونتروللۇقىدىكى رايونلارغا بۆلۈنمىگەن ھەمدە ئاساسى قانۇنغا ئۇيغۇن داۋالارغا يول قويۇلغان بولسا بەلكى بىرلىككە كەلگەن مۇسۇلمانلار خىتاي سىياسىتىدە ئۆزىنىڭ كۈچىگە ئېرىشكەن بولاتتى.

چەتئەللەردە، بولۇپمۇ رۇسىيە ۋە ئوسمان ئىمپېرىيەسىدە بىز كىشىلەرنىڭ كۆپ ھاللاردا ئۆزىنى خىتاي مۇسۇلمانلىرىغا مەنسۇپ دەپ قارايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. مىللەتلەرنى ئايرىش پىكرى ئەمەلگە ئېشىش يولىدا ئىمپېرىيەلەرنىڭ شارائىتلىرى ھەققەتەن پەرقلىق ئىدى. ئوسمان ئىمپېرىيەسى ۋە چار رۇسىيە ئىمپېرىيەسىدە ئۇيغۇر تارىخى دەسلەپ ئورتاق تۈرك تارىخىنىڭ بىر پارچىسى دەپ قارىلاتتى. بۇ ھەرقايسى گۇرۇپپىلار چىڭ تۇرىدىغان بىر پانتۈركىزملىق سىمۋول ئىدى. ئەمما، رۇسىيەدىكى بىرلىككە كەلگەن تۈرك مىللىتىنى تەشەببۇس قىلىدىغان زىيالىيلار ئىمپېرىيەدىكى تۈركى تىلدا سۆزلەيدىغان خەلقلەر ئۈچۈن كەڭ مەنىدىكى تۈركى خەلقلەر نەسەبنامىسى ئاساسىدا خاس تارىخ بەرپا قىلىدىغانلارغا ئۇتتۇرۇپ قويىدى. ئۇيغۇر سىمۋولى دەل مۇشۇنداق جەدىتچىلىك ھەرىكىتىگە ئىنكاس سۈپىتىدە، تۈرك نەسەبىگە مەنسۇپ خىتايدىكى مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ قوبۇل قىلىنغان ئىدى. بۇ نۇرغۇن جەھەتتە ئەنئەنىۋى ئومۇمى كىملىكنىڭ داۋاملىششى ئىدى. نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋنىڭ ئۆزىنى تۈركلەرنىڭ ئۇيغۇر ئوغلىنىڭ تارانچى ئوغلى دەپ ئاتىشى شۇ دەۋر تارانچى زىيالىيلىرىدىكى ئىپادىلەش شەكلى بولۇپ، بۇ كلاسسىك تۈرك-موڭغۇل ئۇسلۇبىدىكى ئېتنىك كېلىپ چىقىشنى قەبىلە شەجەرىسى ئارقىلىق بايان قىلىدىغان ئۇسۇلغا ماس كېلەتتى. بۇ ئاساسلىقى تارانچىلارنىڭ رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى چەمبىرىكىدە ئۆزلىرىگە بىر ئورۇن ھازىرلاش يولى بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەنە ئۇلارنىڭ خىتايدا ياشايدىغان قەشقەرلىك (ئۇيغۇر) ياكى تۇڭگانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان باغلىنىشنى كۈچەيتەتتى.

1917-يىلى تارانچى زىيالىيلىرى جامائەتتە رەھبەرلىك ئورنىغا چىققاندا ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرپەرۋەرلىك مەيدانى ئۇلارنىڭ سوۋېتتا ۋە خىتايدا ياشايدىغان قېرىنداشلىرى ئارىسىدا

سىياسىي خىزمەتنى قولغا ئېلىشقا تۈرتكە بولغان. ئۇيغۇر كىملىكى ئىنقىلابى ئىتتىپاق مەزگىلىدە ساقلانغان. ئۇ بىر مۇقىمسىز كاتېگورىيە بولۇپ، ئۆز ئىچىدە مىللىي پەرقلەرنىڭ بولۇشىغا يول قويغان (مەسىلەن، تۇڭگانلارمۇ بۇ كاتېگورىيەدە بولغان). ئىتتىپاق ۋەيران بولغاندىمۇ ئۇيغۇر كىملىكى يەنىلا شۇ شەكىلدە ساقلانغان. تارانچىلار ئۆزىنى قوشنا دۆلەت خىتايدا ياشايدىغان مىليونلىغان خەلقنىڭ بايانچىسى دەپ ھېس قىلىدىغان بولغاچقا ئۇيغۇرلۇق كىملىكىدىن ئۇنچە ئاسانلا ۋاز كەچمەيتتى. خىتايدىكى تارانچى، قەشقەرلىك ۋە تۇڭگانلارنى ئۇيغۇر دەپ ئاتايدىغان بۇ كۆز قاراش كېيىنچە سوۋېت تۈركىستانىنىڭ پارتىيە قۇرۇش جەريانلىرىدا بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئېرىشكەن. 1920- يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇ ئاساس تەۋرەپ قالغان. پائالىيەتچىلەردىن بۇ ئىتتىپاقنى ياكى ئېنىق بىر مىللىي گۇرۇپپىغا ئايلاندۇرۇش ياكى ۋاز كېچىش تەلەپ قىلىنغان. دەسلەپتە تارانچىلار بىرىنچى تاللاشنى قوللانغان، قەشقەرلىكلەر ئىككىنچىسىگە مايىل بولغان. بىراق مىللەتلەرنى ئايرىش جەريانىدا قەشقەرلىكلەر ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلۇق مەيدانىغا يىغىلغان. بۇنى بىر پۇرسەتپەرەسلىك دېيىشكىمۇ بولىدۇ، ئەمما نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دەل مۇشۇ قەشقەرلىكلەر ستالىنىنىڭ نەزەرىيەسى بويىچە ئۇيغۇرلارنى تەشكىل قىلغان دەسلەپكى كۈچلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلار ئۇيغۇر نامىنى شىنجاڭنىڭ سىياسىيسىغا ئېلىپ كىرگۈچىلەردۇر.

ئۇيغۇرنىڭ مىللەت بولۇپ مەيدانغا چىقىشى بىرەر دۆلەتنىڭ ياكى شۇ دۆلەتتىكى ئەمەلدارلارنىڭ ۋە ياكى پۇختا تەشكىللەنگەن بىر مىللىي ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، بەلكى كىچىك، ئاجىز بىر توپ پائالىيەتچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ مەھسۇلى. ئۇلار ئۆز ئىچىدە بۆلۈنگەن بولسىمۇ ئەمما ئەتراپىدىكى ئۆزلىرى كونترول قىلالمايدىغان سىياسىي مۇھىتتىن ئەڭ ياخشى بىر نەتىجىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان. بۇ كىتابتا كۆرۈپ ئۆتكۈنىمىزدەك، ئۇلارنىڭ ھېچ بىرى ئەمىلى كۈچكە ئىگە بولمىغان. پەقەت ئاندا- ساندا پۇرسەتلەردە ئۇيغۇر كىملىكىنى شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارغا ۋاكالىتەن تەشەببۇس قىلىپ تۇرغان. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بۇ روشەن مەقسىتىنى رەسمىي ئورگانلارغا سىڭدۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان ھەمدە خىتاي خەلق

www.uyghurkitap.com

جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىياسىي مۇزاكىرىلىرىدە ئۇيغۇرلارنى بىر مىللەت سۈپىتىدە تونۇشقا كاپالەتلىك قىلغان. ئەگەر 20-ئەسىردىكى ئۇيغۇر تارىخىدا بىر غەلىبە بار دەپ قارالسا ، ئۇ 1920-يىللاردا باشلانغان تارانچى ۋە قەشقەرلىكلەرنى ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا تۇرپانلىق ۋە يەكەنلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن شىنجاڭدىكى بوستانلىقلاردا ياشايدىغان ئاھالىنىڭ ئۆزلىرىنى بىر مىللەت ، يەنى ئۇيغۇر مىللىتى دەپ ئاتىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتىدۇر. بۇ ھەرىكەت نىشانىغا يەتكەن ئىدى.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1950-يىللاردا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى مىللەتلەرنى ئايرىپ چىققاندا 56 مىللەت تىزىمغا ئېلىنغان. بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدا بۇ ھەقتە ئانچە كۆپ خىزمەت قالمىغان ئىدى. غۇلجىدىكى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تارانچى مىللەت نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئۆلكىدىكى 14 مىللەت دېگەن ئاتالمىنى 13 مىللەت دەپ ئۆزگەرتكەن. خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا مىللەتلەرنى بەرپا قىلىشنىڭ ئورنىغا ئەسلىدە مەۋجۇت بولغان مىللەتلەرنى ئېتىراپ قىلغان. خۇددى 1930-يىللاردىكىگە ئوخشاشلا 1950-يىللاردىكى رەسمىي ئېتىراپ قىلىنىشمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلكىدىكى تۈركى تىللىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش مەقسىتىگە پۇرسەت ياراتقان. بۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان چاغلاردا تېخى ئەمەلىيەتتىن يىراق ئىدى.

گەرچە خىتاينىڭ مىللەت (خىتايچە مىنزۇ 民族) ئەندىزىسى مىللەتلەرنىڭ كاتېگورىيەگە بۆلۈنۈشى ھەققىدە چىڭ ۋە ئۆزگەرمەس قېلىپلارنى تۈزۈپ چىققان بولسىمۇ ، كىتابىمدا ئۇيغۇر مىللىتى دېگەن پىكىرنىڭ قاتلاملىق ۋە كۆپ قىرلىق سۈپەتلىرىنى بايان قىلدىم. مەن كىتابىمدا بايان قىلغان ئۆزگىرىش جەريانلىرى ، يەنى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى خىتايدىكى مۇسۇلمان جامائىتى دەپ قاراشتىن ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللىنىش جەريانلىرىنىڭ ھېچ قايسىسى ئۇيغۇر نامىنىڭ دەسلەپكى مەنىلىرىنى يوقاتمىغان ئىدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر مىللىتى ئىسلامىۋى ، تۈركى ۋە سوۋېتچە مىللىي تارىخ ۋە كىملىك چۈشەنچىلىرى بويىچە كۆپ قىرلىق بىر ھالەتتە مەيدانغا چىقتى ۋە بۇ خىل پەرقلىق شەرھلەرنىڭ ساقلىنىغۇچىسى ھالىتىدە قالدى. بۇ خىتاينىڭ مىللەتلەرنى

ئايرش ھەققىدىكى قاراشلىرى قوبۇل قىلالمايدىغان بىر پاكىت ئىدى. خىتاي ئۆز تەۋەلىكىدىكى مىللەتلەرنى پۈتۈنلەي ئايرىم بىر گەۋدە بولغان ، تارىخ ، مەدەنىيەت ، دىن ۋە ئىرق جەھەتتە خىتاي چېگرا سىرتىدىكى ھەر قانداق مىللەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتتى بولمىغان ھالەتتە مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشاتتى. بۇ سەۋەبتىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنۇمسىز جاپالارنى تارتىپ شىنجاڭدىكى مىللەتلەرگە ئائىت پىكىرلەرنى تەقىب قىلاتتى ، ئۇيغۇر كىملىكى ھەققىدىكى ئىجابىي ئىپادىلەرنى ئۆلارنىڭ نەزىرىدىكى پانتۈركىزملىق ۋە پانئىسلامىزملىق ئالامەتلەردىن يىراقلاشتۇرۇشنى ئىستەيتتى. خىتاينىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ نەتىجىسى ئارىدىكى چەك-چېگرانىڭ نەقەدەر غۇۋالىقىنى تېخىمۇ تەكىتلەپ ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنى پائالىيەتلەرگە قارشى سىياسەتلىرىنىڭ كۆپ ھاللاردا ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ سىمۋوللىرىنى قانۇنسىزلاشتۇرىدىغان ھەرىكەتلەرگە ئايلىنىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى.

ئون نەچچە يىللار بۇرۇن مەن بۇ كىتابنى يېزىش ئۈچۈن تەتقىقاتىمنى باشلىغاندا ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ سىياسىي ئالامەتلىرى شىنجاڭدىكى توقۇنۇشلارنىڭ تۈگۈندەك كۆرۈنگەن ئىدى. ھالبۇكى ، كىتابنىڭ خۇلاسىسى يېزىلغاندا بۇنداق دەپ كېسىپ ئېيتقىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تەشەببۇسچىلىرى ئىچىدە كىشىلەرنىڭ مىللىي ھوقۇق ھەققىدىكى ئورتاق سۆزلەردىن يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىلىرى كۆرۈلمەكتە. شىنجاڭنىڭ ئۆزىنى ئالساق ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتىنى مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى دائىرىسىدە قوغداشنى تەشەببۇس قىلىشىنىڭ ئەمدى يوقفا چىققانلىقى ھەققىدىكى كەيپىيات بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ. 2003-يىلى ئۇرۇمچىدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا كىشىلەرنىڭ كوچىدا ئۆچرەتتە تۇرۇپ پارتىيە ئۈچۈن ئۇزاق خىزمەت قىلغان ئەمەلدار سەيپىدىننىڭ مېيىتى سېلىنغان ماشىنىنى ئۇزىتىپ قويغانلىقىنى كۆردۈم. سەيپىدىننىڭ ئۆلۈمى بىلەن 1940-يىللاردىكى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن باغلانغان ، سۈلھچىلىك قىلغان دەپ قارالغان ، ئەمما يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى دېيىشكە بولىدىغان بىر تۈركۈم مەسىلەكداش ئۇيغۇر رەھبەرلەر سىياسىي سەھنىدىن ئايرىلدى. خىتاينىڭ سىرتىدا سۈرگۈندە ھالەتتىكى ئۇيغۇر مىللەتچىلەر دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئچىدە زور دەرىجىدە قوللاشقا ئىگە. ئۇلار شىنجاڭدا ئوتتۇراھال دەرىجىدە قوللاشقا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى خەلقئارادا ھېچقانچە قوللاشنى قولغا كەلتۈرگىنى يوق. خىتاينىڭ ئاسسىمىلاتسىيەچىلىك بىلەن تولغان مەدەنىيەت سىياستى، خىتاي نوپۇسىنى كۆچۈرۈش، ئىقتىسادىي ساھەدىكى مىللىي كەمسىتىش قاتارلىقلار ھەققىدىكى يىللاردىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان مىللىي نارازىلىقلار تېخىمۇ كۈچىيىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، شىنجاڭدىكى يېقىنقى يىللاردا يۈز بەرگەن زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئىچكى زىددىيەتنى مەنبە قىلغان بولۇپ، چەتئەللەردىكى داۋا بىلەن ئالاقىسىز ئىدى.

ھازىر شىنجاڭدىكى دىنىي ئويغىنىش دېيىلىۋاتقان ئەھۋاللاردا نۇرغۇن ئامىللارنىڭ تۆھپىسى بار. بەزىسى پۈتۈن دۆلەت تەۋەسىدىكى يۈزلىنىشكە ئەگەشكەنلىك بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي ياردەملەرنى بېرىشنى توختىتىپ قويۇشى نەتىجىسىدە كىشىلەرنىڭ دىنىي ئەخلاققا مايىل بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەمما كۆپىنچىسى يەرلىك شارائىتلارنىڭ ئىنكاسى، ئەلۋەتتە. بۇ شارائىتتا نۇرغۇن كىشىلەر «بىزنىڭ ئەمدى پەقەت دىنىمىزلا قالدى» دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالغان. بۇ خىل ئەھۋالدا زۇلۇمكار دىنىي سىياسەت مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭدىكى قارشىلىقلارنى جىھاد دەپ قايتا تەبىرلەشنىڭ زۆرۈر شەرتىنى ھازىرلىدى. مەسچىتلەرنىڭ قاتتىق نازارەت قىلىنىشى، دىنى مۇراسىملارنىڭ چەكلىنىشى، ئىسلامى كىيىملەرنىڭ تەقىب قىلىنىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يېقىنقى ئۆچمەنلىكنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالدى ھەمدە ئاممىۋى قارشىلىققا يول ئاچتى. خۇددى سوۋېت مائارىپ خەلق كومىسسارى ئاناتولى لۇناچارىسكى ئېيتقاندەك «دىن خۇددى مىخقا ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇنى بېشىدىن قاقساڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلايدۇ.»

شىنجاڭنىڭ دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرى بىلەن پەقەت پەرقى يوق. ئەگەر ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ مىللەتچى رەھبەرلىرىنىڭ قولىدا مەغلۇپ بولغانلىقىنى ھېس قىلسا باشقا ياققا يۈزلىنىپ قارشىلىق ۋاستىسىنى تاللايدۇ. شۈبھىسىزكى، شىنجاڭدىكى خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن دىنى ئېتىقادنى تەكىتلەش بىلەن مىللىي دەۋانى تەكىتلەش زىددىيەتلىك ئەمەس. بىراق بەزى

جەھەتلەردە بۇ چەك ئايرىلىۋاتىدۇ. ئىسلامچى ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى تەشۋىقاتلىرىدا ئۇيغۇرلۇق سىياسىي كىملىكىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ ئۆزىنى ئۇممەتنىڭ بىر قىسمى، تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى دەپ ئاتاۋاتىدۇ. بۇ يۈزلىنىش داۋاملاشسا بىز بەزى جەھەتلەردە بىر ئەسىر بۇرۇن مەۋجۇت بولغان ھالەتكە قايتقان بولىمىز. ئۇ چاغدا ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ۋە رۇسىيە تۈركىستانىدىكى ئاپتونومىيە تەلپىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى نەتىجىسىدە بىر قىسقا مۇددەتلىك ئىسلامنى ئاساس قىلغان ھەربىي ئىتتىپاق كۆرۈلگەن. ئۆتمۈشنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئەگەر شۇنداق ئەھۋال قايتا يۈز بەرسە بۇگۈنكى خىتاي ئەمەلدارلىرى ئاشۇ يىللاردا شىنجاڭنى خىتاينىڭ قوينىدا تۇتۇپ تۇرغان ياڭ زېڭشىننىڭ ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى ئوبدان ئويلانسا بولىدۇ. ياڭ زېڭشىن ئىسلامچى قۇتراتقۇلارنىڭ ئۆلكە بوسۇغىسىغا كەلگەنلىكىنى بايقىغاندا بېيجىڭغا مۇنداق يازغان ئىدى: «بۇ خىل يۈزلىنىش پەقەت مىللىي مەسىلە ۋە دىنى مەسىلىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ... ئەگەر بىز بۇ يۈزلىنىشنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇھىملىقىنى تەكشۈرسەك، ئۇلارنىڭ ھوقۇق مەسىلىسى ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ... ئەڭ ھالقىلىق ئىش باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، تۇڭگانلار ۋە چەنتۇلارنى ئەزمەسلىك. شۇنداق بولغاندا ئاپتونومىيەگە قارىغاندا خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇش تۇڭگانلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مايىللىقىغا ئايلىنىدۇ». نۆۋەتتىكى تېررورلۇققا قارشى باستۇرۇش كۈچىيىۋاتقان شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىننىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ خۇددى "ئەكسىيەتچى" مەنىسى باردەك ئاڭلىنىدۇ.

خىتاي تەرەپتىمۇ مىللىي ئاپتونومىيە تۈزۈمىدىن ئۈمىدسىزلىنىش باش كۆتۈرمەكتە. سوۋېت يىمىرىلگەندىن كېيىن نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار ۋە ئەمەلدارلار سوۋېتچە مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ مىللىي زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. بۇ يىمىرىلىش خىتاينى توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىشتا يېڭى يول تېپىش ئەركىنلىكىگە ئىگە قىلغان ئىدى. بۇ ئۇقۇمدىكى تەدرىجىي ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، خىتاينىڭ ئۆزىنى كۆپ مىللەتلىك دۆلەت دەپ ئاتاشتىن تەدرىجىي ھالدا كۆپ ئېتنىك گۇرۇپپىلىق دۆلەت دەپ ئېنىقلىما بېرىشكە ئۆزگىرىپ، ئاخىردا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يەككە خىتاي مىللىتى (يەنى جۇڭخۇا مىللىتى) نى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەكتلشگە ئىلىپ بارغان. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ شى جىنپىڭنىڭ «جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قايتا گۈللىنىشى» شوئارىغا ئاۋاز قوشۇش مەجبۇرىيىتىنى ھېس قىلغۇاتقان مۇشۇ پەيتتە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ۋە ئەمەلدارلار قانداق قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشاش جىدەلخور بىر مىللىي كىملىكنى سۇسلاشتۇرۇش ۋە سىياسىي ھوقۇقتىن چەتلەشتۈرۈش ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشقا باشلىغان. «ئىككىنچى ئەۋلاد مىللەتلەر سىياستى» دەپ ئاتالغان بۇ ۋاقىتلىق تەكلىپلەر تېخى پارتىيەنىڭ ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ تەستىقىغا ئېرىشكىنى يوق (گەرچە بۇ كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسى يېزىلىۋاتقان ۋاقىتلاردا بۇ تېخى ئېنىق بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما كىتاب بېسىلىپ چىققان 2016-يىلى چېن چۈەنگو شەرقىي تۈركىستاندا ختاي پارتىيە سېكرېتارى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن بۇ سىياسەت رەسمىي تۈردە ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى — تەھرىردىن). ختاي كومپارتىيەسى ئۇچۇن كۆپ كۆككە كۆتۈرۈلگەن ھازىرقى مىللەتلەر سىياستىنىڭ مىللىي مەسىلەرنى ھەل قىلالمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا خېلى ۋاقىت بار. بىراق بۇ يۈزلىنىش بۇ ئەسىردىكى سىياسىي مۇنازىرىلەرنى تەبرىلشى مۇمكىن. ختاي ئەمەلدارلىرى ئۇيغۇر سەرخىللىرى بىلەن ئەمەلگە ئاشماس مىللىي ئاپتونومىيە ھەققىدە تالىشىشنىڭ ئورنىغا كەلگۈسىدە مىللىي توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىدىغان ئىستراتېگىيە تۈزۈش جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ ھوقۇققا ئېرىششى مۇمكىن. بۇ خىل مىللىي توقۇنۇشلار ماركسىزمنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش نەزەرىيەسىدە بىرەر ئاساسقا ئىگە ئەمەس ئىدى.

## پاراللېل تارىخلار

سوۋېتنىڭ 1930- يىللاردا شىنجاڭغا قول تىقىشى ھەققىدىكى بىردىن — بىر ئاممۋى خاتىرە 2011-يىلى ئۈرۈمچىدىكى بىر باغچىغا ئورنىتىلغان «نامسىز سوۋېت جەڭچىسى» گە بېغىشلانغان بىر ئابىدە ئىدى. بەلگىسىز فورما كىيگەن، كىملىكلىرى شىنجاڭغا كىرىشتىن بۇرۇنلا تاپشۇرۇۋېتىلگەن بۇ سوۋېت ئىشچى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئەسكەرلىرى مەڭگۈ نامسىز قالىدۇ. تارىخنىڭ بۇ خىل غۇۋالىقى كوممۇنىستچە زامانىۋىلىقنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ كېلىشىنى

شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن تارىخنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە بايان قىلىشقا يول ئاچىدۇ. بۇ تارىخ قەھرىمان خىتاي ئاۋانگارتلىرىنىڭ ياۋايى غەربىي شىمالدا يېڭى بىر يول ئاچقانلىق ھېكايىسىدىن ئىبارەت. ئۈرۈمچىنىڭ غالىبىيەت يولىدىكى ئىككى قەۋەتلىك بىر خىش بىنا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن شەھەر مەركىزىگە بارىدىغان قايناق يولدا كۆزگە تاشلىنىپ بۇ تارىخقا شاھىت بولۇپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغلاردا بۇ بىنا 1938-يىلى يەنئەندىكى قىزىل ئارمىيە بازىسىدىن ئەۋەتىلگەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىغا ماكان بولغان ئىدى. ھازىر بۇ بىر مۇزېي ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسىدۇر. بۇ يەردە ماۋ زېدوڭنىڭ ئىنىسى ماۋ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاشۇ خىتاي كوممۇنىستلارنىڭ تۆھپىسى خاتىرىلىنىدۇ. ئۇلار بۇ يەردە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شىنجاڭنى «ئازاد قىلىش» ھېكايىسىنىڭ كىرىش سۆزىنى يېزىپ چىققانلار قاتارىدا تەبرىكلىنىدۇ.

بۇ يەردە دېيىلمەي قالغان گەپ شۇكى ، بۇ خىتاي كوممۇنىستلىرى يېڭى ئىنقىلابى ئىدىيەنى شىنجاڭدا ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان تۇنجى كىشىلەر بولۇشتىن تولىمۇ ئۇزاقتا ئىدى. ئۇلار شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەندە ئۇيغۇر ، قازاق ، موڭغۇل ، تاتار ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرى ئاللىقاچان بەرپا قىلغان يولغا ئەگەشكەن. ئۇلار سوۋېت كومپارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى بولۇپ پېشقەدەملەر دېيىشكە بولاتتى. بۇلار سوۋېت تۈركىستانىدا ياشىغان يۈزمىڭلىغان شىنجاڭلىق مۇساپىرلار ئىچىدىكى ساناقلىقلا كىشىلەر بولۇپ ، رۇسىيە ئىنقىلابى ۋە سوۋېت تۈزۈمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە كىملىكىمۇ مەن بۇ كىتابتا تەسۋىرلەپ ئۆتكەندەك يېڭىلانغان ئىدى.

ئىككى سائەت غەربكە ئۇچۇپ ئالمۇتاغا كەلگىنىمىزدە ، ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ يېرىم بەدەن ھەيكىلىنىڭ شەھەر مەركىزىدىكى غازاڭلار بىلەن تولغان بىر باغچە يولىدا كېتىۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ يەردە ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قازاقىستان سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر قاتار مەشھۇر سىياسىيونلىرى قاتارىدا ئەسلىنىدۇ. يېقىن ئەتراپتا ، شەھەرنىڭ شىمالىدىن جەنۇبىغا سوزۇلغان ، روزىباقىيېۋ كوچىسى دەپ نام بېرىلگەن بىر چوڭ يول بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1920-يىللاردا ھەرىكەت باشلىغان روزىباقىيېۋ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى 1938-يىلى ئېتىۋېتىلگەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ نامى قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى ھەققىدىكى سوۋېتتا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغان ئىلمى ئەسەرلەردە كۆرۈلمەيدۇ. 1957-يىلى ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلگەن. ھازىر ئۇنىڭ قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا يېتەكچى رول ئوينىغانلىقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ رولىنى بۇ كىتابىمۇ جەزملەشتۈردۇق.

قادىرھاجى گەرچە ئۆز دەۋرىدە سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى قەشقەرلىكلەر ئارىسىدا خۇددى روزىباقىيېۋ تارانچىلار ئارىسىدا ئېرىشكەندەك سالاھىيەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ھەققىدە ھېچقانداق بىر ئابىدە يوق. مېنىڭ بىلىشىمچە ، سوۋېت يىمىرىلگەندىن كېيىنكى قازاقىستان ، قىرغىزىستان ياكى ئۆزبېكىستاندىكى ھېچبىر تەتقىقاتچى ئۇنىڭ تارىخىنى 1920-1930- يىللاردىكى سوۋېت ئۇيغۇرلىرى تارىخىغا كىرگۈزۈشكە قىزىقمىغان. سوۋېت يىمىرىلگەندىن كېيىن ئېيتىلغان ئۇيغۇر كوممۇنىزمى ھەققىدىكى ھېكايىلەر شىنجاڭغا بېرىپ باقمىغان ئابدۇللا روزىباقىيېۋقا ئوخشاش بىر ئادەمنى چۆرىدەپ يۈرىدۇ ھەمدە بۇ ئادەم قادىرھاجىغا ئوخشاش ئەيىبلىنىشلەردىن خالى. بۇ ئادەم ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن سوۋېتتىكى تېرمىنلار بويىچە يول ئىزدىگەن بولۇپ ، ئۆز خەلقىنى ئاخىردا تۇيۇق يولغا باشلىغان ئىدى. بىزنىڭ شۇنى سورىغىمىز كېلىدۇ: ئەگەر قەشقەرگە ئەۋەتىلگىنى قادىرھاجى ئەمەس بەلكى روزىباقىيېۋ بولغان بولسا بۇ ھېكايىلەر قانداق ئېيتىلار بولغىيدى ؟

ئۇيغۇر تارىخى خۇددى ئەينەككە ئوخشاش ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ئارىسىدا ئايرىلىپ كەتكەن بۇ خەلق باشقا خەلقلەرنىڭ دۆلەت چېگرالىرىغا مەھكۇم بولۇپ ئۇچراشماس پاراللېل سىزىقلاردا مېڭىشقا مەجبۇر. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئىككى چېگرا ئارىلىقىدىكى بىسمى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان بەزى قاراڭغۇ نۇقتىلارنى ئۇتتۇقلۇق يورۇتۇپ بەردى. بۇ ئارقىلىق بۇ كىتاب بىر مىللىي جامائەت سۈپىتىدىكى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ تېخىمۇ تولۇق كۆرۈنۈشىنى بايان قىلىشقا يول ئاچىدۇ. بۇ ئەۋزەل نۇقتىغا يەتكەندىن كېيىن ئۇيغۇر ھېكايىسىنىڭ قانداق ئۆزگىچە ئىكەنلىكىنى كۆرۈش

ئىمكانىيىتى تۈگۈلۈپلا قالماي بەلكى ئۇنىڭ قەيەردە باشقا ھېكايىلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدىغانلىقى ھەمدە پاراللېللىق شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنىمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ. ئېنىقكى، بۇ يەردە باشقا سوۋېت مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئوخشايدىغان قانداش يېقىنلىقمۇ بار - بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇر ھېكايىسىگە سېلىشتۇرۇشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا خىتاي مىللەتچىلىكىنىڭ ئۆزىدۇر. خىتاي مىللەتچىلىكىدىمۇ ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ چەتئەلگە ئىشلەشكە ۋە ئوقۇشقا چىققانلىقى ھەمدە ئۇ يەردە مىللەت ھەققىدىكى يېڭى پىكىرلەر بىلەن ئۇچراشقانلىق ھېكايىلىرى مۇھىم رول ئوينايدۇ. مىللەت ھەققىدىكى بۇ يېڭى پىكىرلەردە بەزىدە مىللىي بىرلىك، يەنە بەزىدە سىنىپى بىرلىك تەكىتلەنگەن. خۇددى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا، چەتئەلدىكى خىتاي جامائەتلىرى ئۆزۈن تۇرۇپ قالغان، دىئاسپورانى ئۆز سىياسىي پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزى قىلغان كۆچمەنلەر بىلەن خىتايغا قايتىپ ئۆزگىرىشكە تۆرتكە بولۇشنى نىشان قىلىدىغان يېڭى كۆچمەنلەرنىڭ ئارىلاشمىسىدىن تەركىب تاپقان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ مەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن نۇرغۇن ئامىللىرى خىتاينىڭ سىياسىي تارىخىنى ئوبدان بىلىدىغانلار ئۈچۈن ناتونۇش ئەمەس. ئۇيغۇر ۋە خىتاي تارىخى بايانلىرىنى يېقىن ئارىدا بىر-بىرىگە ياراشتۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ، بىراق بۇنداق بىر يارىشىش شىنجاڭدىكى ھەرقانداق دائىملىق تىنچلىقنىڭ زۆرۈر پارچىسى بولالايدۇ. ئاخىردا، ئەگەر بۇ كىتاب بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بىرەر تەۋسىيە سۇنالايدۇ دېيىلسە، ئۇ مۇنداق بىر نۇقتىنى تونۇپ يېتىش بولۇشى مۇمكىن: يەنى، شىنجاڭنىڭ تارىخى سالاھىيىتى ھەققىدە گەرچە قاراشلار ئوخشىمىسىمۇ ئۇيغۇرلار ۋە خىتايلارنىڭ يېقىنقى كەچمىشلىرى نۇرغۇن ئورتاقلىقلارغا ئىگە.


ۋەلباي
ئابدۇللا روزباقىيۋ
باھاۋۇددىن مۇسابايۋ
خوجىنىياز ھاجى
سابىت داموللام